ئالېكساندر ديۇما

گراف مونتې-كرىستو

2

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

186419
I512.05
U-19

ئالېكساندر ديۇما

گراف مونتې - كرىستو

2

تەرجىمە قىلغۇچى: پەرھات جىلان
مەسئۇل مۇھەررىرى: مەھەممەترېھىم كېرىمى

755155719

新疆大学图书馆藏书

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

كىتابنى تۆۋەندە يېزىلغان ۋاقىت ئىچىدە قايتۇرۇش لازىم
下列最后之日期本书必须归还

مۇددىتىدە قايتۇرايلى كىتابنى ئاسراپ
爱护图书 · 按期交还

مۇندەرىجە

بىرىنچى باب ئىتالىيە: سىندباد ـ ساياھەتچى ………… 1

ئىككىنچى باب ئويغىنىش ………… 44

ئۈچىنچى باب رىم قاراقچىلىرى ………… 54

تۆتىنچى باب ئۇچرىشىش ………… 109

بەشىنچى باب ماززولاتا ………… 150

ئالتىنچى باب رىمدا كارناۋال ………… 176

يەتتىنچى باب سان ـ سېباستيانو لەخمىسى ………… 210

سەككىزىنچى باب كېلىشىش ………… 238

توققۇزىنچى باب ئالبېرىنىڭ مېھمانلىرى ………… 251

ئونىنچى باب زىياپەت ………… 290

ئون بىرىنچى باب دەسلەپكى كۆرۈشۈش ………… 313

ئون ئىككىنچى باب بېرتۇچچو ئەپەندى ………… 336

ئون ئۈچىنچى باب ئوتېيلدىكى ئۆي ………… 345

ئون تۆتىنچى باب ۋەندېتتا ………… 358

ئون بەشىنچى باب قانلىق يامغۇر ………… 397

ئون ئالتىنچى باب چەكسىز قەرز ………… 417

ئون يەتتىنچى باب ئاق تەڭگىلىك كۆل رەڭ بىر جۈپ ئات … 439

ئون سەككىزىنچى باب پەلسەپە ………… 459

ئون توققۇزىنچى باب گايدە ………… 479

يىگىرمىنچى باب موررېل ئائىلىسى ………… 486

يىگىرمە بىرىنچى باب پىرام ۋە فىسبا ………… 503

يىگىرمە ئىككىنچى باب زەھەرشۇناسلىق ………… 521

يىگىرمە ئۈچىنچى باب روبېرت مۇشتۇمزور ………… 548

بىرىنچى باب

ئىتالىيە: سىندباد ـ ساياھەتچى

1838 - يىلىنىڭ باشلىرىدا، پارىژنىڭ يۇقىرى تەبىقىلىرىگە مەنسۇپ بولغان ئىككى نەپەر ياش يىگىت فلورېنسىيىگە كېلىپ تۇرغانىدى. بۇلارنىڭ بىرى ۋىكونت① ئالبېر مورسېر، يەنە بىرى بارون فرانس ئەپىنە ئىدى. ئۇلار ئىككىسى يېقىندا رىمدا ئۆتكۈزۈلىدىغان كارناۋالغا② بىرلىكتە قاتنىشىش توغرىسىدا كېلىشىۋالغانىدى. ھالبۇكى، فرانس تۆت يىلدىن بۇيان ئىتالىيىدە تۇرۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن ئالبېرغا باشلامچىلىق قىلىشى لازىم ئىدى. ئەگەر كىمدە - كىم پىياتسا - پوپولو ياكى كامپو ۋاچچىنو مەيدانلىرىدا داق يەردە يېتىپ تۈنەشنى خالىمىسا، بۇنداق كىشىلەر ئۈچۈن رىمدىكى كارناۋالدا تاماشا قىلىش ئانچە ئاسان ئىش ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئىككىسى پىياتسا سپانىيا مەيدانىدىكى «لوندون» ناملىق مېھمانخانىنىڭ خوجايىنى پاسترىنى ئەپەندىگە مەكتۇپ يېزىپ، ئۇلارغا تۈزۈكرەك ياتاق ئاجرىتىپ قويۇشنى ئۆتۈنىدى. پاسترىنى ئەپەندىنىڭ جاۋاب خېتىدە، ئۇلارغا پەقەت ئىككىنچى قەۋەتتىكى ئىككى ئېغىز ھۇجرا

---

① ۋىكونت — فېئوداللىق بەش دەرىجىلىك پەخرىي ئۇنۋانىنىڭ تۆتىنچىسى.

② كارناۋال — تۈرلۈك نىقاب تارتىپ كۆڭۈل ئېچىش قىلىدىغان ئومۇمىي خەلق ئويۇنى.

بىلەن بىر قوبۇلخانىنى بېرەلەيدىغانلىقى ھەمدە بۇنىڭ باھاسى ئوتتۇرا دەرىجىلىك بولۇپ، كۈنگە بىر لۇيىدورغا توختايدىغانلىقى يېزىلغانىدى. ئىككى يىگىت بۇنىڭغا ماقۇل بولۇشتى. ئالبېر كارناۋال ھارپىسىدىكى ۋاقىتنى قولدىن بەرمەسلىك ئۈچۈن نېئاپولغا يۈرۈپ كەتتى، فرانس فلورېنسىيەدە قالدى. ئۇ، شۆھرەتلىك مېدىچىلارنىڭ شەھىرىدىكى تۇرمۇشىنىڭ ھۇزۇر-ھالاۋىتىنى تېتىپ بولدى، كاشىنى دەپ ئاتالغان جەننەتنىڭ ئەيش - ئىشرەتلىرىنى كۆرۈپ بولدى، فلورېنسىيىنىڭ ھۆكۈمدارلىرى بولغان قۇدرەتلىك تۆرىلەرنىڭ مېھماندوستلۇقىدىن بەھرىمەن بولدى. بوناپارتىنىڭ يۇرتى بولغان كورسىكانى كۆرۈپ كەلدى. شۇڭا ئۇ ئەمدى ناپالېئوننىڭ سۈرگۈن قىلىنغان جايى — ئېلبا ئارىلىنى بىر كۆرۈپ كېلىشكە نىيەت باغلىدى.

شۇنىڭ بىلەن، بىر كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى يەلكەنلىك قېيىقتىن بىرىنى ياللىدى ۋە بۇ قېيىقنى لىۋورنو پىرىستانىغا باغلاپ تۇرغان تۆمۈر ھالقىدىن يېشىشنى بۇيرۇدى. ئۆزى پىلاشقا يۆگىنىپ، قېيىقتا ياتتى - دە، ماتروسلارغا: «ئېلبا ئارىلىغا» دەپلا قويدى. قېيىق خۇددى ئۇۋىسىدىن ئۇچۇپ چىققان دېڭىز قۇشىدەك ئوچۇق دېڭىزغا يۈزلىنىپ، ئەتىسى فرانسنى پورتو — فېررايئوغا يەتكۈزدى. فرانس گىگانت ئادەمنىڭ قەدەملىرى ئىز باسقان بۇ ئىمپېراتور ئارىلىنى باشتىن - ئاياغ كېزىپ چىقتى ۋە مارچانىغا كەلگەندىن كېيىن يەنە دېڭىزغا راۋان بولدى. ئىككى سائەتتىن كېيىن ئۇ پىئانوزا ئارىلىغا كېلىپ قۇرۇقلۇققا چىقتى. چۈنكى ئۇ، بۇ ئارالدا قىزىل كەكلىكلەر ناھايىتى كۆپ دەپ ئاڭلىغانىدى. بىراق، ئۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولالماي قالدى. ئۇ ئاران دېگەندە بىرنەچچە ئورۇق كەكلىكنى ئاتالىدى. شۇڭا، ئۆز ۋاقتىنى ھەم كۈچ - مادارىنى بىھۇدە سەرپ قىلغان ھەرقانداق ئوۋچىغا ئوخشاش قاپاقلىرى سېلىنغان ھالدا قايتىپ كېلىپ قېيىققا ئولتۇردى.

— ئەگەر جانابىڭىز مۇۋاپىق كۆرسىڭىز، — دېدى قېيىقنىڭ ئىگىسى، — باشقا بىر جايدا يامان ئەمەس ئوۋ قىلىشقا بولاتتى.

— قايسى جايدا؟

— ئەنە ئاۋۇ ئارالنى كۆردىڭىزمۇ؟ — دەپ سۆزىنى داۋام ئەتتۈردى قېيىق ئىگىسى قولى بىلەن جەنۇب تەرەپتىكى قارا-كۆك دېڭىز يۈزىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ تۇرغان كونۇس شەكلىدىكى ھەيۋەتلىك گرانىت چوققىلارنى كۆرسىتىپ.

— بۇ قايسى ئارال؟ — دەپ سورىدى فرانس.

— مونتې - كرىستو ئارىلى، — دەپ جاۋاب بەردى قېيىق ئىگىسى.

— بىراق، مەن بۇ ئارالدا ئوۋ قىلىشقا رۇخسەت ئالمىغان.

— رۇخسەت ئېلىش ھاجەت ئەمەس، بۇ ئارالدا ئاھالە ياشىمايدۇ.

— ۋاھ، بۇ ئاجايىپ گەپ بولدىغۇ! — دېدى فرانس. — ئوتتۇرا دېڭىزدا ئاھالە ياشىمايدىغان ئارالمۇ بار دەڭا! بۇ بىر قىزىقارلىق ئەھۋال ئىكەن.

— بۇنىڭ ھېچقانچە ئەجەبلىنەرلىكى يوق، جاناب. پۈتۈن ئارال بىر تۇتاش تاشلىق بولۇپ، ئالقانچىلىكمۇ مۇنبەت يېرى يوق.

— بۇ ئارال قايسى مەملىكەتكە تەۋە؟

— توسكانىغا.

— ئۇ يەردە قانداق ھايۋانلار بار؟

— تاغ تېكىلىرىنىڭ ھەددى - ھېسابى يوق.

— بۇ تاغ تېكىلىرى تاشلارنى يالاپ جېنىنى باقىدىكەن - دە، — دەپ قويدى فرانس ئىشەنمىگەن قىياپەتتە كۈلۈمسىرەپ.

— ياق، ئۇلار تاشلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆسىدىغان ئارچىگۈللەرنى، مىرتا ۋە ماستىكا دەرەخلىرىنى غاجايدۇ.

— مەن قەيەردە ئۇخلايمەن؟

— ئارالدىكى غارلارنىڭ بىرىدە ياكى بولمىسا، پىلاشقا يۆگىنىپ قېيىقتا ياتسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئەگەر خالىسىڭىز ئوۋ قىلىپ بولغاندىن كېيىنلا قايتساقمۇ بولىدۇ. ئۆزىڭىز كۆرگەندەك، بىز كېچىسىمۇ، كۈندۈزىمۇ يەلكەننى يېيىپ يۈرەلەيمىز. زۆرۈر تېپىلسا، قېيىقنى پالاق بىلەن ھەيدەپمۇ ماڭالايمىز.

فرانسىنىڭ ئۆز بۇرادىرى بىلەن بەلگىلىگەن ئۇچرىشىش كۈنىگىچە يەنە تېخى يېتەرلىك ۋاقتى بولغاچقا ۋە رىمدىكى ياتاق مەسىلىسىمۇ ھەل قىلىنغان بولغاچقا، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىغان ئوۋنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋېلىش قارارىغا كەلدى. فرانس مونتې - كرىستو ئارىلىغا بېرىش پىكرىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندە ماتروسلار ئۆزئارا پىچىرلىشىشقا باشلىدى.

— ھە، نېمە گەپ؟ — دەپ سورىدى ئۇ، — بىرەر توسقۇنلۇق بارمۇ؟

— ھېچقانداق توسقۇنلۇق يوق، — دەپ جاۋاب بەردى قېيىق ئىگىسى، — لېكىن، بىز جانابىڭىزغا ئالدىنئالا ئېيتىپ قويۇشىمىز لازىمكى، بۇ ئارال نازارەت ئاستىغا ئېلىنغان.

— بۇ قانداق گەپ؟

— گەپ شۇنىڭدىكى، مونتې - كرىستونىڭ ئاھالىسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بەزەن چاغلاردا كورسىكا، ساردىنىيە ۋە ئافرىقىدىن چىققان ئەتكەسچىلەر ھەم دېڭىز قاراقچىلىرى بۇ ئارالغا كېلىپ يوشۇرۇنىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. ئەگەر بىزنىڭ ئۇ يەرگە بارغانلىقىمىز مەلۇم بولۇپ قالسا، لىۋورنودا بىزنى ئالتە كۈنگىچە كارانتىن پونكىتىدا سولاپ قويۇشىدۇ.

— ۋاي كاساپەت! ئۇنداق بولسا، قارارىمىزنى ئۆزگەرتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئالتە كۈن! بۇ، تەڭرىنىڭ دۇنيانى يارىتىشقا كەتكەن ۋاقىت بىلەن باراۋەر. بۇ ئارتۇقچە بولىدۇ، دوستلىرىم.

— جانابىڭىزنىڭ مونتې - كرىستوغا بارغانلىقىڭىزنى كىم ئېيتىپ قوياتتى.

— ھەر ھالدا مەن گەپ قىلمايمەن، — دەپ خىتاب قىلدى فرانس.

— بىزمۇ گەپ قىلمايمىز، — دېيىشتى ماتروسلار.

— ئۇنداق بولسا، كەتتۇق مونتې - كرىستوغا!

قېيىق ئىگىسى بۇيرۇق بەردى. قېيىق مونتې - كرىستونى نىشانغا ئېلىپ تېزلىك بىلەن ئۈزۈپ كەتتى. قېيىق ئەگىلىپ، يېڭى يۆنىلىش بويىچە يولغا چۈشكۈچە ۋە شامال يەلكەنگە ئۇرغاندىن كېيىن تۆت ماتروس ئۆز جايلىرىنى ئىگىلەپ، ئۈچى قېيىقنىڭ تۇمشۇق قىسمىدا، بىرى رولىنى باشقۇرۇشتا ئولتۇرۇپ ئورۇنلىشىۋالغۇچە فرانس كۈتۈپ تۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەنە گەپنى باشلىدى.

— ھۆرمەتلىك گائېتانو، — دەپ مۇراجىئەت قىلدى ئۇ قېيىق ئىگىسىگە، — سىز بايا مونتې - كرىستو قاراقچىلارنىڭ پاناھ جايى دېگەندەك بىر گەپ قىلغانىدىڭىز. مېنىڭچە، دېڭىز قاراقچىلىرى ئوۋ قىلىشقا بولىدىغان تاغ تېكىلىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدۇ.

— شۇنداق، جاناب، بۇ توغرا گەپ.

— مەن ئەتكەسچىلەرنىڭ بار ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم. ئەمما، ئالجىرىيە ئىشغال قىلىنغان، بەربەر مۇۋەققەت ھۆكۈمىتى تەسلىم بولغاندىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە دېڭىز قاراقچىلىرى پەقەت كۇپېرنىڭ ۋە كاپىتان ماررىئېتنىڭ رومانلىرىدىلا مەۋجۇت دەپ ئويلاپ يۈرگەنىكەنمەن.

— جانابىڭىز خاتا ئويلاپسىز. گەرچە پاپا لېئو XII دېڭىزدىكى ھەم قۇرۇقلۇقتىكى ھەممە قاراقچىلارنى قىرىپ تۈگىتىۋەتتىم دەپ يۈرگەن بولسىمۇ، يەنىلا رىمنىڭ شەھەر دەرۋازىلىرى ئالدىدا يولۇچىلار كۈندە دېگۈدەك بۇلاڭ - تالاڭغا ئۇچراپ تۇرۇۋاتىدۇ. يېرىم يىل بۇرۇن مۇقەددەس پادىشاھلىققا ئەۋەتىلگەن فرانسىيە ئەلچىسىنى ۋېللېتىرىغا 500 قەدەمچە قالغان جايدىلا بۇلاپ كېتىشكەنلىكىدىن جانابىڭىزنىڭ خەۋىرى يوقمۇ؟

— ھە، بۇ گەپنى ئاڭلىغانىدىم.

— ئەگەر جانابىڭىزمۇ بىزگە ئوخشاش لىۋورنودا ياشىغان بولسىڭىز، قانداقتۇر بىر مال بېسىلغان كېمە ياكى بولمىسا باستىيىگە، پورتو - فېررايئوغا ۋە ياكى چىۋىتا - ۋىككىيىغا كېتىۋاتقان بىر ھەشەمەتلىك ئەنگلىيە كېمىسى ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كېتىپتۇ، ئېھتىمال، خادا تاشلارغا سوقۇلۇپ ھالاك بولغان ئوخشايدۇ، دېگەندەك مىش - مىش گەپلەرنى پات - پات ئاڭلاپ تۇرغان بولاتتىڭىز. بۇ خادا تاش، ئەمەلىيەتتە پاكار ۋە تار كەلگەن ئەپچىل كېمىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭدا ئالتە ياكى سەككىز ئادەم ئولتۇرغان بولىدۇ. ئەسلىدە شۇ ئادەملەر، خۇددى قۇرۇقلۇقتىكى قاراقچىلار ئورمان ياقىسىدا بىر پوچتا پەيتونىنى توختىتىۋېلىپ بۇلاپ كەتكەنگە ئوخشاش، جۇدۇنلۇق قاراڭغۇ تۈندە قانداقتۇر بىر چۆل ئارالنىڭ يېنىدا كېمىنى توختىتىۋېلىپ بۇلاپ كەتكەن.

— ئۇنداقتا، — دېدى فرانس ئۆزىنىڭ پىلاشىنى پۈركىنىۋېلىپ، — بۇلاڭچىلىققا يولۇققانلار نېمە ئۈچۈن ئەرز قىلىشمايدۇ؟ فرانسىيە ياكى ساردىنىيە ۋە ياكى توسكانىيە ھۆكۈمەتلىرىنىڭ دېڭىز قاراقچىلىرىغا جازا بېرىشنى نېمە ئۈچۈن تەلەپ قىلىشمايدۇ؟

— نېمە ئۈچۈن؟ — كۈلۈپ تۇرۇپ سورىدى گائېتانو.

— ھە، نېمە ئۈچۈن؟

— شۇنىڭ ئۈچۈنكى، قاراقچىلار ئەڭ ئالدى بىلەن قولغا چۈشكەن كېمىدىكى بارلىق مالنى ئۆزلىرىنىڭ كېمىسىگە چۈشۈرۈۋالىدۇ، ئاندىن ئادەملەرنىڭ پۇت - قوللىرىنى باغلايدۇ، ھەربىر كىشىنىڭ بوينىغا 24 فۇنتلۇق چويۇن ئاسىدۇ، كېمىنىڭ تېگىدىن يوغان بىر تۈڭ سىغىپ كەتكۈدەك تۆشۈك ئېچىپ قويىدۇ - دە، كېمىنىڭ ئۈستىگە قايتىپ چىقىدۇ ۋە ھەممە چىقىش ئېغىزلىرىنى بېكىتىۋېتىپ، ئۆزلىرىنىڭ كېمىسىگە چىقىۋالىدۇ. ئون مىنۇت ئۆتەر - ئۆتمەستىن كېمە خۇددى يىغلىغاندەك ھەرخىل تاۋۇشلارنى چىقىرىپ غىچىرلاپ، پالاقلاپ ئاستا - ئاستا سۇغا چۆكۈشكە باشلايدۇ. بىردەم ئۇيانغا، بىردەم بۇيانغا قىشىيىدۇ. بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر چۆكۈپ، بارغانسېرى سۇغا كىرىپ كەتكىلى تۇرىدۇ. تۇيۇقسىزدىن كېمىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى ھاۋانىڭ بېسىمى بىلەن يېرىلىپ، گوياكى زەمبىرەك ئاتقاندەك بىر ئاۋاز چىقىدۇ. كېمە خۇددى سۇغا چۆكۈپ كېتىۋاتقان ئادەمدەك تېپىرلاپ، ھەرىكەت قىلغانسېرى دەرمانى خورايدۇ. كېمىنىڭ ئىچكى قىسمىدا سۇ ئۆتۈشكىدەك يول بولمىغانلىقى ئۈچۈن، كۆپ ئۆتمەستىن خۇددى بىر يېتىلگەن كىتنىڭ بۇرۇن تۆشۈكىدىن فونتان ئېتىلغاندەك، كېمىنىڭ يوچۇقلىرىدىن سۇ ئېتىلىپ چىقىشقا باشلايدۇ. ئاخىرى، كېمە بەئەينى جان ئۈزۈش ئالدىدا خىرقىرىغاندەك بىر سادا چىقىرىدۇ - دە، يەنە بىر قېتىم بىر يېنىغا ئۆرۈلىدۇ ۋە غايەت زور بىر قاينام ھاسىل قىلىپ، دېڭىز قەھرىگە پۈتۈنلەي غەرق بولىدۇ. شۇندىن كېيىن بىردەمگىچە سۇ ئۈستىدىكى دائىرىلەر كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، ئاندىن دېڭىز يۈزى تەكشىلىنىدۇ ۋە ھېچنەرسە قالمايدۇ. بەش مىنۇتتىن كېيىن، دېڭىزنىڭ تەكتىگە چۆكۈپ غايىب بولغان كېمىنى پەقەت خۇدانىڭ كۆزىلا كۆرەلەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، — دەپ قوشۇپ قويدى قې-

يەنى ئىگىسى كۈلۈپ تۇرۇپ، — نېمە ئۈچۈن كېمە پورتقا قايتىپ بارمايدىغانلىقى ۋە نېمە ئۈچۈن ئۇ كېمىدىكى ئادەملەر ئەرز قىلمايدىغانلىقى چۈشىنىشلىك بولدىغۇ دەيمەن؟

ئەگەر گائېتانو مونتې -كرىستوغا بېرىپ ئوۋ قىلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئاۋۋال بۇ گەپلەرنى قىلغان بولسا، فرانس ئېھتىمال بۇنداق ساياھەتكە بېرىش - بارماسلىقنى راۋۇرۇس ئويلىشىپ كۆرگەن بولار ئىدى. بىراق ئۇلار ئاللىقاچان سەپەر ئۈستىدە ئىدى. شۇڭا، ئەمدى ئارقىغا چېكىنىش قورقۇنچاقلىقنىڭ ئىپادىسى بولۇپ قالىدۇ. فرانس شۇنداق ئادەملەردىن ئىدىكى، ئۇ خەتەرلىكنى ئۆز مەيلى بىلەن ئىزدىمەيتتى، لېكىن تاسادىپىي خەتەرگە دۇچ كېلىپ قالسا، ئۇنىڭغا مەردانىلىك بىلەن تاقابىل تۇرالايتتى. ئۇ، شۇنداق ئادەملەردىن ئىدىكى، ھەرقانداق خەتەرلىكنى ئۆزىگە قارشى دۇئېلغا چىققان رەقىب دەپ قارايتتى. بۇنداق كىشىلەر رەقىبىنىڭ ھەرىكەتلىرىنى ئالدىن پەرەز قىلالايدۇ، ئۇنىڭ كۈچىنى مۆلچەرلىيەلەيدۇ. بۇنداق كىشىلەر پەقەت قورقۇنچاقتەك كۆرۈنۈپ قالماسلىق ئۈچۈنلا، دېمىنى چىقىرىۋېلىشقا يەتكۈدەكلا ۋاقىت ئىچىدە بىر توختاپ تۇرىدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ بارلىق ئارتۇقچىلىقلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، رەقىبىنى بىرىنچى زەربە بىلەنلا ئۈجۈقتۇرۇپ تاشلىيالايدۇ.

— مەن سىجىلىيە بىلەن كالابرىيىنى باشتىن - ئاياغ كېزىپ چىقتىم، — دېدى ئۇ، — تاقىم ئاراللارنى ئارىلاپ ئىككى قېتىم ساياھەت قىلدىم. لېكىن، بىرەر بۇلاڭچى ياكى دېڭىز قاراقچىسىنىڭ ھەتتا كۆلەڭگىسىنىمۇ كۆرمىدىم.

— مەن بۇ گەپلەرنى جانابىڭىزنىڭ يولىنى توسۇش ئۈچۈن قىلمىدىم، — دېدى گائېتانو، — ئۆزىڭىز گەپ سورىدىڭىز، مەن جاۋاب بەردىم. بۇنىڭدا باشقىچە مەقسەت يوق.

— دۇرۇس، ھۆرمەتلىك گائېتانو، سىزنىڭ سۆزلىگەنلىرىڭىز مېنى ئىنتايىن قىزىقتۇردى. سىزنىڭ گەپلىرىڭىزنى يەنە ئاڭلىغىم كېلىۋاتىدۇ. شۇڭا، مونتې - كرىستوغا بارايلى.

بۇ ئارىدا ئۇلار تېزلىك بىلەن مەنزىلگە يېقىنلاشماقتا ئىدى. سەلكىن شامال سوقۇپ تۇرغاچقا، قېيىق سائىتىگە ئالتە - يەتتە مىل بېسىش سۈرئىتى بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. قېيىق ئارالغا يېقىنلاشقانسېرى ئۇ گويا دېڭىزدىن ئۆرلەپ چىقىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. كەچكى شەپەقنىڭ جۇلاسىدا تاغلارنىڭ گىرەلىشىپ تۇرغان تاشلىق چوققىلىرى ئېنىق سۈرەتلىنىپ تۇراتتى. ماتروسلار گەرچە قورققاندەك كۆرۈنمىسىمۇ، ھوشيارلىقى بارغانسېرى ئاشماقتا ئىدى. ئۇلار دېڭىزنىڭ ئەينەكتەك پارقىراق تۇرغان يۈزىگە زېرەكلىك بىلەن كۆز تىكەتتى ۋە ئۇپۇققا سەپسېلىپ قارايتتى. ئۇپۇقتا بېلىقچىلىق قولۋاقلىرىنىڭ خۇددى دولقۇنلارنى باغىرلاپ شۇڭغۇپ يۈرگەن بېلىق ئالغۇچلارغا ئوخشاش ئاپئاق يەلكەنلىرى غىل - پال كۆرۈنۈپ قالاتتى. قۇياش، ئوڭ تەرەپتە پەلەككە بوي تارتىپ قەد كۆتۈرگەن كورسىكا تاغلىرىنىڭ سۈرلۈك چوققىلىرى كەينىگە ئولتۇرۇشقا باشلىغان مەزگىلدە مونتې - كرىستو ئارىلىغا 15 مىلچە مۇساپە قالغانىدى. گىگانت ئاداماستورنى ئەسلىتىدىغان بۇ ئۇيۇلتاش تاغلار قېيىقنىڭ ئالدى تەرىپىدىن ھەيۋەت بىلەن كۆتۈرۈلۈپ، قۇياشنى پەيدىنپەي توسۇشقا باشلىدى. زاۋاللىققا يۈزلەنگەن كۈننىڭ يورۇقلۇقىنى قوغلاپ، دېڭىز يۈزىگە ئاستا - ئاستا گۇگۇم چۈشۈشكە باشلىدى. يورۇقلۇقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نۇرلىرى كونۇسسىمان تاغنىڭ چوققىسىغا يەتكەندىن كېيىن بىردەمگە توختاپ قالدى - دە، خۇددى ۋولقاننىڭ يالقۇن شولىسىدەك قىزىرىپ كەتتى. ئاخىرى، قاراڭغۇلۇق بارا - بارا يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈپ، ئەڭ ئېگىز چوققىنىمۇ ئۆز ئىلكىگە ئالدى ۋە ئارال ئۆزلۈكسىز قارىداپ كېتىۋاتقان دۆڭلۈككە ئوخشاپ قالدى. يېرىم سائەت ئۆتكەندىن كېيىن ئەتراپنى تۇم قاراڭغۇلۇق باستى.

بەختكە يارىشا، ماتروسلارغا بۇ يول تونۇشلۇق ئىدى. ئۇلار توسكان تاقىم ئاراللىرىنىڭ ئورۇنلىشىش ئەھۋالىنى ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە بىلەتتى. شۇڭا، فرانسمۇ قېيىقنى ئۆز قوينىغا ئالغان قاراڭغۇلۇقتا تەشۋىشلەنمەستىن قاراپ ئولتۇردى. كورسىكا غايىب بولدى، ھەتتا مونتې - كرىستومۇ كۆرۈنمەي قالدى. لېكىن ماتروسلار خۇددى ئىلپىزلارغا ئوخشاش قاراڭغۇدىمۇ كۆرەلەيتتى ۋە رولنى باشقۇرغۇچى قېيىقنى ئىشەنچلىك ھالدا ئېغىشماستىن ئالغا قاراپ ھەيدىمەكتە ئىدى. كۈن پاتقاندىن كېيىن بىر سائەتكە يېقىن ۋاقىت ئۆتتى. توساتتىن فرانس سول تەرەپتىكى چارەك مىل كەلگۈدەك يەردە چوقچىيىپ تۇرغان بىر دۆۋە قاپقارا نەرسىنى كۆرۈپ قالدى. لېكىن ئۇنىڭ شەكلىنى ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. شۇڭا، ئۇ، بۇلۇتنى يەر دەپ قېلىپ، ماتروسلارنىڭ كۈلكىسىگە قالماسلىق ئۈچۈن ئۈنچىقمىدى. تۇيۇقسىزدىن، قىرغاقتا يوپيورۇق ئوتنىڭ شولىسى كۆرۈندى. يەرنىغۇ بۇلۇتقا ئوخشىتىشقا بولار، ئەمما بۇ ئوتنى ئاقار يۇلتۇز دېيىشكە بولمايدۇ.

— بۇ نېمە ئوت؟ — دەپ سورىدى فرانس.

— جىم بولۇڭلار، — دېدى قېيىق ئىگىسى، — بۇ گۈلخان.

— سىز بايا بۇ ئارالدا ئادەم يوق دېگەنتىڭىزغۇ!

— مەن بۇ ئارالنىڭ تۇراقلىق ئاھالىسى يوق دېدىم. لېكىن، مەن يەنە بۇ جاي ئەتكەسچىلەرنىڭ ماكانى دېدىمغۇ.

— ھەم دېڭىز قاراقچىلىرىنىڭمۇ ماكانى دەڭ!

— دېڭىز قاراقچىلىرىنىڭمۇ ماكانى، — دەپ تەكرارلىدى گائېتانو، — شۇڭا مەن بۇ جايدىن چەتنەپ ئۆتۈشنى بۇيرۇدۇم. كۆردىڭىزمۇ، ھازىر گۈلخان بىزنىڭ ئارقا تەرىپىمىزدە قالدى.

— مېنىڭچە، — دېدى فرانس، — بىز بۇ گۈلخاننى كۆرگەندىن كېيىن تەشۋىشلەنمىشتىن كۆرە، خاتىرجەم بولۇشىمىز كېرەك. ئەگەر ئۇ يەردىكى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ سېزىلىپ قېلىشىدىن قورققان بولسا گۈلخان ياقمىغان بولاتتى.

— ئۇنداق دېيىشكە بولمايدۇ، — دېدى گائېتانو، — سىز قاراڭغۇدا ئارالنىڭ تۈزۈلۈشىنى كۆرەلمەيۋاتىسىز. بولمىسا، بۇ گۈلخاننىڭ قىرغاقتىنمۇ، پىيانوزدىنمۇ كۆرۈنمەيدىغانلىقىنى، پەقەت ئوچۇق دېڭىزدىنلا كۆرۈنىدىغانلىقىنى بايقىغان بولاتتىڭىز.

— دېمەك، سىزنىڭ پىكرىڭىزچە، بۇ گۈلخاننى ياققۇچىلار يامان ئادەملەر بولۇشى مۇمكىن ئىكەن - دە؟

— بىز بۇنى ھازىر ئېنىقلايمىز، — دېدى گائېتانو قۇرۇقلۇقتىكى بۇ ئوتقاشتىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇرۇپ.

— قانداق قىلىپ ئېنىقلايسىز؟

— ھازىر ئۆزىڭىز كۆرىسىز.

گائېتانو ئۆزىنىڭ بۇرادەرلىرى بىلەن پىچىرلىشىشقا باشلىدى ۋە بەش مىنۇتلۇق مەسلىھەتتىن كېيىن قېيىق يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ، قايتىدىن كەينىگە بۇرۇلۇپ ماڭدى. بىردەمدىن كېيىن گۈلخان بىر دۆڭلۈكنىڭ ئارقىسىدا قېلىپ كۆزدىن غايىب بولدى. شۇ چاغدا قېيىق ھەيدىگۈچى رولنى ئايلاندۇردى ۋە كىچىككىنە كېمىچاق ئارالغا خېلىلا يېقىنلىشىپ كەلدى. كۆپ ئۆتمەي، ئارالغا بارى - يوقى 50 قەدەمچە ئارىلىقلا قالدى. گائېتانو يەلكەننى چۈشۈردى ۋە قېيىق توختىدى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى جىمجىتلىق ئىچىدە بېجىرىلدى. قېيىق بۇياققا ماڭغاندىن تارتىپ ھېچكىم بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى.

بۇنداق ساياھەتكە باشلامچىلىق قىلغان گائېتانو ئەمدى بارلىق مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. تۆت ماتروس ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئالماي قاراپ ئولتۇراتتى ۋە مۇبادا بىرەر ئەھۋال يۈز بېرىپ قالسا، قاراڭغۇدىن پايدىلىنىپ ئۆز ۋاقتىدا قېچىپ كېتىش مەقسىتى بىلەن پالاقلارنى تەييار ھالەتكە كەلتۈرۈشتى.

فرانس بولسا، ئۆزىنىڭ بىزگە مەلۇم بولغان تەمكىنلىكى بىلەن يېنىدىكى قوراللىرىنى تەكشۈرۈپ كۆردى. ئۇنىڭ ئىككى دانە قوش ئاتار مىلتىقى ۋە بىر دانە ئاتلىق ئەسكەر مىلتىقى بار ئىدى. ئۇ ئاشۇ مىلتىقلارنىڭ ھەممىسىنى بەتلەپ، تەپكىلىرىنى سىناپ كۆرۈپ كۈتۈپ ئولتۇردى. بۇ ئارىدا گائېتانو ئۆزىنىڭ ئۇچىسىدىكى ماتروسچە كالتە چاپىنى بىلەن كۆڭلىكىنى سېلىۋەتتى، شىمىنىڭ تاسمىسىنى چىڭ تارتىپ بوغدى؛ ئۇ يالىڭاياق بولغانلىقى ئۈچۈن ئاياغ سېلىش ئاۋارىگەرچىلىكى بولمىدى. ئۇ «ئۈنىڭلارنى چىقارماڭلار» دېگەندەك قىلىپ بىر بارمىقىنى كالپۇكلىرىنىڭ ئۈستىگە قويدى - دە، ئۇچىسىدا قالغان كىيىمى بىلەن ياكى توغرىسىنى ئېيتقاندا، كىيىمسىز ھالدا سۇغا سەكرەپ چۈشتى ۋە بىر ئازمۇ شىرىقلىغان تاۋۇش چىقارماستىن قىرغاق تەرەپكە قاراپ ئېھتىيات بىلەن ئۈزۈپ كەتتى. سۇ يۈزىدە ئۇنىڭ كەينىدىن سوزۇلۇپ كېتىۋاتقان كۆپۈكتەك بىر ئاقۇش يول كۆرۈنۈپ تۇراتتى. كۆپ ئۆتمەي بۇ ئاق ئىزمۇ يوقالدى. ئېھتىمال، گائېتانو قىرغاققا يېتىپ بارغان بولسا كېرەك. قېيىقتىكىلەر ساقمۇساق يېرىم سائەتكىچە قىمىر قىلماي ئولتۇرۇشتى. كېيىن، قىرغاق تەرەپتىن يەنە شۇ ئاقۇش يول سوزۇلۇپ كېلىشكە باشلىدى ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي گائېتانو غۇلاچ تاشلاپ ئۈزۈپ كېلىپ قېيىققا چىقتى.

— ھە، قانداق؟ — دەپ بىر ئېغىزدىن سوراشتى فرانس بىلەن ماتروسلار.

— بۇ، ئىسپانىيىلىك ئەتكەسچىلەر ئىكەن. ئۇلار بىلەن يەنە ئىككى نەپەر كورسىكانلىق قاراقچىمۇ بار ئىكەن.

— بۇ كورسىكانلىق قاراقچىلار قانداق قىلىپ ئىسپانىيىلىك ئەتكەسچىلەر بىلەن بىر بولۇپ قالىدۇ؟

— ۋاي، جاناب، — دېدى گائېتانو ھەقىقىي خرىستىئانچە رەھىمدىللىك بىلەن، — ئۆزئارا ياردەملىشىش كېرەك - دە!

قاراقچىلار بەزى چاغلاردا ساقچى ۋە ئەسكەرلەرنىڭ دەستىدىن قۇرۇقلۇقتا كۈن ئالالماي قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دېڭىز بويىغا كېلىپ بىرەر قېيىقنى تاپىدۇ، قېيىقنىڭ ئىچىدە بولسا بىزگە ئوخشاش ئاق كۆڭۈل ئادەملەر ئولتۇرغان بولىدۇ. ئۇلار بىزنىڭ دېڭىزدا ئۈزۈپ يۈرگۈچى ئۆيلىرىمىزدىن پاناھ تىلەيدۇ. بۇنداق سەرسان بولۇپ يۈرگەن دەردمەنلەرگە ياردەم قىلماي بولامدۇ؟ بىز ئۇلارنى قوبۇل قىلىمىز ۋە تېخىمۇ بىخەتەر بولسۇن دەپ دېڭىزغا چىقىپ كېتىمىز. بۇ بىز ئۈچۈن ھېچقانچە گەپ ئەمەس. شۇنداق قىلىپ، بىز ئۇلارنىڭ ھاياتىنى ۋە ئەركىنلىكىنى ساقلاپ قالىمىز. نۆۋىتى كەلگەندە ئۇلارمۇ بىزنىڭ ياخشىلىقىمىزنى يەردە قويمايدۇ. ئۇلار بىز توشۇپ كەلگەن چەكلەنگەن ماللارنى يوشۇرۇشقا ئىشەنچلىك خالى جايلارنى تېپىپ بېرىدۇ.

— مۇنداق دەڭ، بۇرادەر گائېتانو! — دېدى فرانس، — دېمەك، سىزمۇ ئەتكەسچىلىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىكەنسىز - دە؟

— ئىلاجىمىز قانچە، — دېدى گائېتانو ئاجايىپ بىرخىل كۈلۈمسىرەش بىلەن، — ھەر خىل ئىشلارنى قىلىپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ. جان بېقىشنىڭ يولىنى تېپىش كېرەك - دە.

— ئۇنداق بولسا، مونتې - كرىستودىكى ئۇ كىشىلەر سىزگە تونۇش ئىكەن - دە؟

— شۇنداق بولۇپ چىقتى. بىز دېڭىزچىلار خۇددى ماسونلاردەك① بىر - بىرىمىز بىلەن شەرتلىك بەلگىلەر ئارقىلىق تونۇشىۋالىمىز.

— ئەمىسە، سىزنىڭ پىكرىڭىزچە، بىز بىمالال ھالدا قىرغاققا چىقساق بولامدۇ؟

---

① ماسونلار — XVIII ئەسىردە پەيدا بولغان مەخپىي دىنىي - پەلسەپىۋى جەمئىيەتنىڭ ئەزالىرى.

— ئەلۋەتتە بولىدۇ. ئەتكەسچىلەر توغرى ئەمەس.

— كورسىكانلىق قاراقچىلارچۇ؟ — دەپ سورىدى فرانس، ئېھتىمالى بولغان ھەممە خەتەرلىكلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ.

— قاراقچى بولۇپ قالغانلىقى ئۇلارنىڭ گۇناھى ئەمەس، — دېدى گائېتانو، — بۇ، ھۆكۈمەتنىڭ كاساپىتى.

— نېمە ئۈچۈن؟

— شۇنداق بولمايچۇ؟ ئۇلارنى تايىنى يوق بىر ئىش بىلەنلا قولغا ئېلىشىۋېرىدۇ، خۇددى كورسىكانلىقلار ئىنتىقام ئېلىشنى بىلمەيدىغاندەك.

— سىزنىڭ تايىنى يوق ئىش دېگىنىڭىز قانداق ئىش؟ قاتىللىق قىلىشمۇ؟

— دۈشمەننى يوقىتىش قاتىللىق ھېسابلانمايدۇ، — دېدى قېيىق ئىگىسى.

— ھە، مەيلى، — دېدى فرانس، — ئۇنداق بولسا، ئەتكەسچىلەر بىلەن قاراقچىلارغا مېھمان بولايلى. بىراق، ئۇلار بىزنى قارشى ئالامدۇ؟

— ئەلۋەتتە.

— ئۇلار قانچە ئادەم ئىكەن؟

— تۆت كىشى، يەنە ئىككى قاراقچى بار. ھەممىسى بولۇپ ئالتە ئادەم.

— بىزمۇ ئالتە ئادەم. ئەگەر بۇ جانابلار بىرەر يامان غەرەزدە بولسا، ئۇلارنىڭ دەككىسىنى بېرەلەيمىز. ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، مونتې-كرىستوغا بارايلى.

— بولىدۇ، جاناب، لېكىن بەزىبىر ئېھتىيات چارىلىرىنى كۆرۈپ قويۇشقا ئىجازەت قىلامسىز؟

— ئەلۋەتتە، دوستۇم! نېستوردەك دانىشمەن ۋە ئۇلىسسەستەك تەدبىرلىك بولۇڭ. مەن سىزگە ئىجازەت بېرىش ئەمەس، بەلكى شۇنداق قىلىشىڭىزنى ئۆتۈنۈپ سورايمەن.

— ماقۇل. ئۇنداق بولسا جەم بولۇڭلار! — دېدى گائېتانو.

ھەممەيلەن جەم بولۇشتى. فرانستەك، مەسىلىنى ھەمىشە چېچەنلىك بىلەن تەھلىل قىلىدىغان ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەھۋال خەتەرلىك بولمىغان تەقدىردىمۇ، ھەرھالدا بۇ خېلىلا قاراملىق ئىدى. ئۇ، ئوچۇق دېڭىزدا، تۈن قاراڭغۇدا، ناتونۇش ماتروسلار بىلەن تۇرماقتا ئىدى. بۇ ماتروسلاردىن ۋاپالىق كۈتۈشكە ھېچقانداق ئاساس يوق ئىدى. ئۇلار فرانسنىڭ كەمرىگە تۈگۈلگەن بىر نەچچە مىڭ فرانك پۇلى بار ئىكەنلىكىنى بىلەتتى ھەمدە ئۇنىڭ ئېسىل قورال-جابدۇقلىرىنى يامان نىيەتتە بولمىسىمۇ، بىر نەچچە قېتىم قىزىقسىنغان ھالدا قوللىرىغا ئېلىپ كۆرۈشكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ مۇشۇ كىشىلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا بارماقچى بولۇپ تۇرغان بۇ ئارالنىڭ نامى ئىنتايىن ئۇلۇغ بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەردە ئەتكەسچىلەر بىلەن قاراقچىلار بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى خۇددى ئەيسانىڭ گولگوفتا كۆرگەن كۈنىدەك ئاقىۋەت كۈتۈپ تۇرغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. شۇنداقلا، سۇغا چۆكتۈرۈۋېتىلگەن كېمىلەر ھەققىدىكى ھېكايە كۈندۈزى ئۇنىڭغا مۇبالىغىدەك تۇيۇلغان بولسا، ئەمدى كەچكىرگەندە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇپ كۆرۈنۈشكە باشلىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئېھتىمالى بولغان قوش خەتەرلىك ئىچىدە تۇرۇپ، قولىدىن مىلتىقىنى چۈشۈرمەستىن ماتروسلارغا سەپسېلىپ قاراپ قوياتتى.

بۇ ئارىدا دېڭىزچىلار قايتىدىن يەلكەننى كۆتۈرۈشتى ۋە قېيىق ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. فرانس قاراڭغۇغا كۆنۈكۈپ قالغاچقا، قېيىقنىڭ تۇتۇق گەۋدىلىنىپ تۇرغان ھەيۋەتلىك ئۇيۇل تاشنى يانداپ كېتىۋاتقانلىقىنى پەرق ئەتتى. ئاخىرى، قېيىق بىر چوڭ قىيانىنى ئەگىپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ بۇرۇنقىدىنمۇ يارقىن بولۇپ كۆيۈۋاتقان گۈلخاننى ۋە ئۇنىڭ چۆرىسىدە

ئولتۇرغان بىرنەچچە ئادەمنى كۆردى. ئوت يالقۇنى دېڭىز يۈزىدىكى 100 قەدەمچە ئارىلىقتا شولا تاشلاپ تۇراتتى. گائېتانو يورۇقلۇق دائىرىسىگە كىرىپ قالماسلىقتا تىرىشىپ، قېيىقنى ئوتنىڭ شولىسى چۈشۈپ تۇرغان جايدىن چەتنىتىپ ئۆتكۈزدى. ئاندىن، قېيىق گۈلخاننىڭ ئۇدۇلىغا توغرىلانغاندا، دەل شۇ ئوتقا قاراپ يول ئالدى. گائېتانو قېيىقنى يۈرەكلىك هالدا يورۇتۇلغان دائىرىگە هەيدەپ كىرىپ، جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن بېلىقچىلار ناخشىسىنى توۋلاشقا باشلىدى. ماتروسلار خور بولۇپ ناخشىنىڭ قايتارمىسىغا قوشۇلدى. ناخشا ئاۋازى ئاڭلىنىشى بىلەنلا گۈلخان ئەتراپىدىكى كىشىلەر ئورنىدىن تۇرۇشتى ۋە سۇ بويىغا كېلىپ، قېيىقنى دىققەت بىلەن كۆزىتىشكە باشلىدى. ئۇلار قېيىقنىڭ چوڭلۇقىنى ۋە ئۇنىڭ مۇددىئاسىنى ئېنىقلىماقچى بولۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. بىردەمدىن كېيىن ئۇلار كۆزىتىشتىن قانائەت هاسىل قىلىشتى بولغاي، بىرەيلەن سۇ بويىدا قالدى، قالغانلىرى پۈتۈن بىر ئوغلاقنىڭ گۆشى كاۋاپ قىلىنىۋاتقان گۈلخاننىڭ يېنىغا قايتىپ كېتىشتى. قېيىق قىرغاققا 20 قەدەم يېقىنلاپ كەلگەندە، سۇ بويىدا تۇرغان ئادەم خۇددى پاترۇلغا يولۇققان جېسەكچىدەك مىلتىقنى يەلكىسىدىن قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ، ساردىن شىۋىسىدە ۋارقىرىدى:

— كىم سىلەر؟

فرانس تەمكىنلىك بىلەن مىلتىقنىڭ تەپكىسىنى قايرىپ قويدى. گائېتانو بۇ ئادەم بىلەن بىرنەچچە ئېغىز گەپ ئالماشتۇردى. فرانس گەرچە ئۇلارنىڭ گېپىنى چۈشىنەلمىگەن بولسىمۇ، سۆز ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئۈستىدىن بولغانلىقىنى پەملىدى.

— جانابىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئېيتىشنى مۇۋاپىق كۆرمىسىز ياكى ئىسمىڭىزنى ئاشكارا قىلماسلىقنى خالامسىز؟ — دەپ سورىدى گائېتانو.

— بۇ يەردە مېنىڭ ئىسمىمنىڭ هېچقانداق ئەهمىيىتى يوق، — دېدى فرانس، — سىز ئۇلارغا مېنىڭ فرانسۇز ئىكەنلىكىمنى ۋە بۇ يەرگە شەخسىي هەۋىسىم بىلەن ساياهەت قىلىپ كەلگەنلىكىمنى چۈشەندۈرۈپ قويۇڭ.

گائېتانو ئۇنىڭ جاۋابىنى تەرجىمە قىلىپ بەرگەندىن كېيىن، جېسەكچى گۈلخان يېنىدا ئولتۇرغان بىرەيلەنگە قانداقتۇر بىر بۇيرۇق بەردى ۋە ئۇ كىشى دەرهال ئورنىدىن تۇردى-دە، نېرىدىكى قىيالارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كېتىپ غايىب بولدى. هەممەيلەن جىم بولۇشتى. هەرقايسىسى ئۆز هەلەكچىلىكى بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتقاندەك، يەنى فرانس ئارالغا چىقىش خىيالى بىلەن، ماتروسلار يەلكەننى يىغىشتۇرۇش بىلەن، ئەتكەسچىلەر ئوغلاقنى كاۋاپ قىلىش بىلەن بەنت بولۇپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. لېكىن، تاشقى كۆرۈنۈشتىكى بۇ بىپەرۋالىق بىلەن بىرلىكتە ئۇلار ئاستىرتىن بىر-بىرىنى نازارەت قىلىشىپ تۇراتتى. گۈلخاننىڭ يېنىدىن تۇرۇپ كېتىپ قالغان هېلىقى كىشى يەنە قايتىپ كەلدى ۋە جېسەكچىگە قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. جېسەكچى قېيىق تەرەپكە بۇرۇلدى ۋە بىر ئېغىز سۆزنىلا جاكا قىلدى.

— ساككومودى.

ئىتالىيانچە ساككومودى دېگەن سۆزنى تەرجىمە قىلىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ سۆز بىر ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا «مەرھەمەت قىلىڭ، قەدەم تەشرىپ قىلىڭ، خۇش كېلىپسىز، بۇ يەرنى ئۆز ئۆيىڭىزدەك كۆرۈپ بەھۇزۇر مېھمان بولۇڭ، سىز بۇ يەرنىڭ ئىگىسى» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. بۇ، خۇددى موليېر ئېيتقان تۈركچە ئىبارىگە ئوخشايدۇ. بۇ ئىبارە شۇنچە كۆپ ئۇقۇملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى بىلەن، ئاقسۆڭەكلەر ئارىسىغا كىرىپ قالغان بىر ئاددىي پۇقرانى تەئەججۈپكە سالغا-

ىدى. ماتروسلارغا قوش تەكلىپىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ئۇلار پالاقلارنى سۇغا تۆت قېتىم ئۇرۇشى بىلەنلا، قېيىق قىرغاققا تاقاشتى. گائېتانو يەرگە سەكرەپ چۈشۈپ، جىسەكچى بىلەن پەس ئاۋازدا گەپ قىلىشىۋالدى. ماتروسلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى تىزىلىپ چۈشتى. ئەڭ ئاخىرىدا نۆۋەت فرانسقا كەلدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ بىر مىلتىقىنى يەلكىسىگە ئېسىۋالدى. يەنە بىر مىلتىقىنى گائېتانو ئالغان، ئاتلىق ئەسكەر مىلتىقىنى بىر ماتروس كۆتۈرۈۋالغانىدى. ئۇ، قىسمەن بايۋەچچىدەك، قىسمەن سەنئەتچىدەك ياسىنىپ كىيىنگەن بولۇپ، ئارال ئىگىلىرىنىڭ ھېچقانداق گۇمانىنى قوزغىمىدى. شۇڭا، ئۇلار ھېچقانداق خاتىرجەمسىزلىك ھېس قىلمىدى.

قېيىقنى قىرغاققا چېتىپ باغلاشتى ۋە ئەپلىكرەك بىر قونالغۇ جاي ئىزدەپ نېرىغا مېڭىشتى. بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ تۇرغان جىسەكچى گائېتانوغا ۋارقىرىدى:

— توختاڭلار، ئۇياققا بېرىشقا بولمايدۇ!

گائېتانو ھودۇققان ھالدا ئەپۇ سورىدى ۋە تاكاللاشماستىن ئارقىغا يېنىپ قارشى تەرەپكە ماڭدى. بۇ ئارىدا ئىككى ماتروس گۈلخاننىڭ يالقۇنىدىن ئوت تۇتاشتۇرۇپ مەشئەل ياقتى. 30 قەدەمچە ماڭغاندىن كېيىن ئۇلار قىيا تاشلار ئارىسىدىكى بىر كىچىك مەيدانچىگە كېلىپ توختاشتى. ئەتراپتىكى قىيالار ئارىسىدا بەلدەم-بەلدەم تۇرغان تۇپراقلاردا پاكار دۇب دەرەخلىرى ۋە قويۇق ئۆسۈپ كەتكەن چىمەنزارلىقلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى. فرانس مەشئەلنى تۆۋەن قىلدى ۋە يەردە چېچىلىپ ياتقان كۈلنى كۆرۈپ، بۇ ئورۇننىڭ پاناھلىقىدىن بەھرىمەن بولغان يالغۇز ئۆزى ئەمەس ئىكەنلىكىنى، بەلكى بۇ يەر مونتې-كرىستو ئارىلىنىڭ كۆچمەنچى مېھمانلىرى ئۈچۈن بۇندىن بۇرۇنمۇ تۇراق جاي بولۇپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندى. ئەمدى ئۇ بىرەر پەۋقۇلئاددە ھادىسىنىڭ سادىر بولۇشىدىن ئەندىشە قىلمىدى. ئۇ،

قۇرۇقلۇققا چىققاندىن كېيىن بۇ ساھىبخانلارنىڭ مۇئامىلىسى دوستانە بولمىسىمۇ، ھەر ھالدا قەدىرئەھۋال بولغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ بىئاراملىقى تارقالدى ۋە گۈلخاندا كاۋاپ قىلىنىۋاتقان ئوغلاق گۆشىنىڭ ھىدى ئۇنىڭ قورسىقى ئاچقانلىقىنى ئەسلەتتى. ئۇ گائېتانوغا بۇ ھەقتە سۆز ئاچتى. گائېتانو بۇنىڭغا جاۋابەن تائام ھازىرلاشنىڭ ناھايىتىمۇ ئاسان ئىش ئىكەنلىكىنى، چۈنكى قېيىقتا ئۇلارنىڭ نان، شاراب ۋە ئالتە دانە كەكلىكى بار ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

— ئەگەر جانابىڭىز ئوغلاق گۆشىنى شۇنچە ياقتۇرۇپ قالغان بولسىڭىز، — دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ، — مەن بۇ قوشنىلىرىمىزدىن ئىككى دانە كەكلىككە بىرئاز كاۋاپ تېگىشىپ كېلىشىم مۇمكىن.

— بارىكاللا، گائېتانو، — دېدى فرانس. — سىزنىڭ مۇناسىۋەت باغلاشتا ھەقىقەتەنمۇ تەبىئىي تالانتىڭىز بار ئىكەن.

بۇ ئارىدا ماتروسلار يۆگۈمەچلەرنى يۇلۇپ، مىرتا ۋە دۇب شاخلىرىنى سۇندۇرۇپ كېلىپ، خېلى چوڭ بىر گۈلخان ياقتى. فرانس ئوغلاق كاۋىپىنىڭ پۇرىقىدىن لەززەتلىنىپ، گائېتانونىڭ قايتىپ كېلىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈپ تۇراتتى. لېكىن، گائېتانو ئۇنىڭ يېنىغا ئىنتايىن ھودۇققان ھالدا قايتىپ كەلدى.

— قانداق بولدى؟ — دەپ سورىدى فرانس، — بەرمىدىمۇ؟

— ئەكسىچە، — دەپ جاۋاب بەردى گائېتانو، — ئۇلارنىڭ باشلىقى سىزنىڭ فرانسۇز ئىكەنلىكىڭىزنى ئاڭلاپ، سىزنى چايغا تەكلىپ قىلىپتۇ.

— ئۇ ئەجەبمۇ مېھماندوست ئىكەن، — دېدى فرانس، — مېنىڭچە، ئۇنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىشقا ئاساس يوق. يەنە كېلىپ مەنمۇ ئۇنىڭ ئالدىغا قۇرۇق بارمايمەن.

— مەسىلە ئۇنىڭدا ئەمەس. سىز قۇرۇق بارسىڭىزمۇ ئۇنىڭ

نېمەتلىرى يېتەرلىك. بىراق، ئۇ سىزنى ئۆز ھۇزۇرىدا غەلىتە بىر شەرت بىلەن قوبۇل قىلماقچىكەن.

— ئۆز ھۇزۇرىدا؟ — دەپ تەكرارلىدى فرانس، — ئۇنىڭ بۇ يەردە ئۆيى بارمىكىن؟

— ياق. لېكىن، ئۇنىڭ بەكمۇ قولايلىق بىر تۇرار جايى بار ئىكەن. ئىش قىلىپ، مەن شۇنداق دەپ ئاڭلىغان.

— دېمەك، سىز بۇ باشلىقنى تونۇيدىكەنسىز - دە؟

— باشقىلاردىن ئاڭلىغان.

— ياخشى گېپىنى ئاڭلىغانمۇ، يامان گېپىنىمۇ؟

— ياخشى دېيىشكىمۇ بولىدۇ، يامان دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

— ئەمسە، ئۇنىڭ شەرتى قانداق ئىكەن؟

— ئۇلار سىزنىڭ كۆزىڭىزنى باغلايدىكەن ۋە پەقەت باشلىقنىڭ ئۆزى رۇخسەت قىلغاندىلا كۆزىڭىزنى ئېچىشقا بولىدىكەن.

فرانس بۇ گەپنىڭ تېگى - تەكتىگە يېتىشكە تىرىشىپ، گائېتانونىڭ كۆزلىرىگە سىنچىلاپ قارىدى.

— شۇنداق، شۇنداق، — دېدى گائېتانو، فرانسنىڭ نىيەتلىرىنى ئويلاۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ، — بۇ تازا باش قاتۇرۇشقا تېگىشلىك گەپ بولغانلىقىنى مەن ئۆزۈممۇ بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن.

— ئەگەر مېنىڭ ئورنۇمدا سىز بولسىڭىز قانداق قىلاتتىڭىز؟

— مېنىڭغۇ زىيان تارتقۇدەك ھېچنېمەم يوق، شۇڭا، مەن بارغان بولاتتىم.

— سىز بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلاتتىڭىزمۇ؟

— ھەئە. ھەۋەس قىلىپ بولسىمۇ، بېرىپ كۆرۈپ باقاتتىم.

— بۇنىڭ ھەۋەس قىلغۇدەك نېمىسى بار؟

— ماڭا قاراڭ، — دېدى گائېتانو ئاۋازىنى تۆۋەنلىتىپ، — بۇ گەپلەرنىڭ راست - يالغىنى قانچىلىك، بىلمەيمەن. لېكىن، مەن شۇنداق بىر گەپلەرنى ئاڭلىغان...

ئۇ، ئەتراپىغا ئېھتىيات قىلىپ قاراپ قويدى.

— قانداق گەپلەر ئۇ؟

— ئاڭلىشىمچە، ئۇ شۇنداق بىر يەر ئاستى ماكاندا ياشايدىكەنكى، ئۇنىڭ ئالدىدا پىتتى① سارىيى بىر [illegible] ئەرزىمەيدىكەن.

— سىز چۈشلۈۋاتامسىز؟ — دېدى فرانس يەرگە ئولتۇرۇپ.

— يوقسۇ، مەن چۈشلۈۋاتمايمەن، — دەپ تەكىتلىدى گائېتانو، — بۇ راست گەپ. «مۇقەددەس فېرناند» كېمىسىنىڭ رولچىسى كاما بىر قېتىم شۇ جايغا كىرىپ قالغانىكەن، ئۇ يەردىن پۈتۈنلەي ئەس - ھوشىنى يوقاتقان ھالدا قايتىپ چىقىپتۇ. ئۇنىڭ گېپىگە قارىغاندا، ئۇ يەردىكى زىبۇ - زىننەتلەر پەقەت ئەپسانىۋى چۆچەكلەردىلا بولارمىش.

— مۇنداق گەپلەرمۇ باردەك! سىز بۇ گەپلىرىڭىز بىلەن مېنى ئەلى بابا غارىغا ② كىرگۈزۈپ قويماڭ يەنە؟

— مەن سىزگە ئۆزۈم ئاڭلىغان گەپلەرنى ئېيتىپ بەردىم.

— دېمەك، گېپىڭىزگە قارىغاندا، مەن ئۇ يەرگە بارسام بولىدىكەن - دە؟

— ئۇنداق دېيەلمەيمەن. ئۇ، جانابىڭىزنىڭ ئۆز ئىختىيارى. بۇنداق ئەھۋالدا مەن بىر نېمە دېيەلمەيمەن.

فرانس ئۆز ئىچىدە مۇلاھىزە قىلىپ، بۇنداق چوڭ باي بولغان ئادەم ئۇنىڭ يېنىدىكى بىر نەچچە مىڭ فرانكىنى دەپ نىيىتىنى بۇزماس دېگەن پىكىرگە كەلدى ۋە كۆڭۈلدىكىدەك مېھماندارچىلىققا ئىشتىھا باغلاپ، بۇ سىرلىق ساھىبخانىنىڭ ئالدىغا بېرىشنى قارار قىلدى. گائېتانو ئۇنىڭ جاۋابىنى يەتكۈزۈپ قويۇش ئۈچۈن كېتىپ قالدى. فرانس ئېھتىياتچان ئادەم بولغانلىقتىن،

---

① فلورېنسىيەدىكى دۆلەتمەن پىتتى جەمەتى ياساتقان ھەشەمەتلىك خانىدان.

② ئەلى بابا غارى — ئەرەب چۆچەكلىرىدىكى سېھىرلىك غار.

بۇ ئاجايىپ ۋە غەلىتە ساھىبخان ھەققىدە تېخىمۇ كۆپرەك مەلۇماتقا ئىگە بولۇشنى ئويلىدى. ئۇ، گائېتانو بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندا، بىر چەتتە ئولتۇرۇپ، ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشى بىلەن پەخىرلىنىدىغان ئادەملەرنىڭ قىياپىتىدە جىددىيلىك بىلەن كەكلىكنى يۇڭزىلاۋاتقان ماتروسقا بۇرۇلدى ۋە ئۇنىڭدىن، يېقىن ئەتراپتا بىرەر قولۋاق ياكى كېمە يوق تۇرسا، بۇ كىشىلەرنىڭ بۇ يەرگە قانداق كەلگەنلىكىنى سورىدى.

— مەن ئۈچۈن بۇ ھەيران بولغۇدەك ئىش ئەمەس، — دەپ جاۋاب بەردى ماتروس، — مەن بىلىمەن، ئۇلارنىڭ كېمىسى بار.

— كېمىسى ياخشىمۇ؟

— جانابىڭىز جاھاننى ئايلىنىپ چىقىشنى ئارزۇ قىلسىڭىز، ئاشۇنداق كېمىگە ئىگە بولۇۋالسىڭىز بولىدۇ.

— ئۇ كېمىنىڭ چوڭلۇقى قانچىلىك؟

— 100 توننا ئۆپچۆرىسىدە. كېمە ھەۋەسكارلىرىنىڭ تىلى بويىچە ئېيتقاندا، بۇ خۇددى ئىنگلىزلارنىڭ بىر يەلكەنلىك كىچىك كېمىسىگە ئوخشايدۇ. ئەمما، ئۇ شۇنداق پۇختا ياسالغانكى، ھەرقانداق بوران - چاپقۇنغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ.

— ئۇ كېمە قەيەردە ياسالغانىكەن؟

— بىلمەيمەن. قارىغاندا گېنويادا ياسالغاندەك قىلىدۇ.

— ئەتكەسچىلەرنىڭ باشلىقى بولغان بىر ئادەم گېنويا پورتىغا بېرىپ كېمە ياستىشتىن قورقمامدۇ؟ — دەپ يەنە سورىدى فرانس.

— مەن سىزگە بۇ كېمە ئىگىسى ئەتكەسچى دېگەن گەپنى قىلمىدىم، — دەپ جاۋاب بەردى ماتروس.

— گائېتانو شۇنداق دېگەنىدىغۇ.

— گائېتانو ئۇ كېمىنى يىراقتىن كۆرگەن ۋە كېمىدىكى ئادەملەردىن بىرى بىلەنمۇ سۆزلىشىپ باقمىغان.

— ئەتكەسچىلەرنىڭ باشلىقى بولمىسا، ئەمىسە نېمە قىلىدىغان ئادەم ئۇ؟

— بىر باي مۆتىۋەر. ئۇ ئۆز ھەۋىسى بىلەن ساياھەت قىلىپ يۈرىدۇ.

«ئۇنىڭ ئۈستىدىكى گەپ - سۆزلەر شۇنچە خىلمۇ خىل بولغىنىغا قارىغاندا، — دەپ ئويلىدى فرانس، — بۇ ناھايىتى سىرلىق شەخسىي بولسا كېرەك».

— ئۇنىڭ ئىسمى كىم ئىكەن؟

— ئۇنىڭ ئىسمىنى سورىغانلارغا ئۇ ئۆزىنى سىندباد - ساياھەتچى، دەپ ئاتايدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ماتروس، — مېنىڭچە، بۇ ئۇنىڭ ھەقىقىي ئىسمى بولۇشى ناتايىن.

— سىندباد - ساياھەتچى؟

— ھەئە.

— ئەمىسە، بۇ مۆتىۋەرنىڭ تۇرىدىغان جايى نەدە؟

— دېڭىزدا.

— ئۇنىڭ يۇرتى نەدە؟

— بىلمەيمەن.

— سىز ئۇنى كۆرگەنمۇ؟

— كۆرگەن.

— ئۇنىڭ چىرايى - تۇرقى قانداقراق؟

— ھازىر ئۆزىڭىز كۆرىسىز.

— ئۇ مېنى قەيەردە قوبۇل قىلار؟

— گائېتانو ئېيتقان ئاشۇ يەر ئاستى سارايىدا بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلايمەن.

— سىلەر بۇ تىلسىم قەسىرگە كىرىپ بېقىشقا ھەرىكەت قىلىپ باقمىغانمۇ؟

— ۋاي، جاناب، — دەپ جاۋاب بەردى ماتروس، —

تالاي قېتىملار ئۇرۇنۇپ باقتۇق، لېكىن ھېچقانداق نەتىجىسى بولمىدى. بىز پۈتۈن ئەتراپنى قىدىرىپ چىقتۇق، بىراق يەر ئاستىغا كىرىدىغانغا ھەتتا بىر يوچۇقنىمۇ تاپالمىدۇق. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ يەرنىڭ ئىشىكى ئاچقۇچ بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەپسۇن ئوقۇش بىلەن ئېچىلارمىش.

— ئەجەبا، — دەپ پىچىرلىدى فرانس، — مەن راستىنلا «مىڭ بىر كېچە» دىكى ئەپسانىلەر دۇنياسىغا كېلىپ قالدىممۇ نېمە!

بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىدىن:

— جانابىمىز سىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ، — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. فرانس بۇ بايىقى جېسەكچىنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى پەرق ئەتتى.

جېسەكچىنىڭ يېنىدا يەنە ئىككى ماتروس تۇراتتى. فرانس جاۋابىنىڭ ئورنىغا يانچۇقىدىن قول ياغلىقىنى چىقىرىپ جېسەكچىگە بەردى. ئۇلار ئۇنىڭ كۆزلىرىنى باغلىدى، باغلىغاندىمۇ ناھايىتى پۇختىلاپ باغلىدى. بۇ كىشىلەر ئۇنىڭ ھېيلە ئىشلىتىپ، يولنى كۆرۈۋېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىشىۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. شۇندىن كېيىن، ئۇنى تېڭىقنى يېشىۋېتىشكە ئۇرۇنمايدىغانلىقىغا قەسەم ئىچكۈزدى. فرانس قەسەم قىلدى. ئاندىن، ماتروسلار ئۇنىڭ ئىككى قولىدىن تۇتۇپ، يېتىلەپ مېڭىشتى. جېسەكچى ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ يول باشلاپ ماڭدى. 30 قەدەمچە ماڭغاندىن كېيىن، دىماغقا ئۇرۇلغان كاۋاپنىڭ مەززىلىك پۇرىقىدىن فرانس گۈلخاننىڭ يېنىدىن ئۆتۈۋاتقانلىقىنى بىلدى. ئۇنى يەنە 50 قەدەمچە يېتىلەپ مېڭىشتى. فرانس ئۆزىنىڭ بايا گائېتانونىڭ مېڭىشىغا رۇخسەت قىلىنمىغان تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقىنى پەملىدى. بۇ تەرەپكە مېڭىشنىڭ نېمە ئۈچۈن چەكلەنگەنلىكىنى ئۇ ئەمدى چۈشەندى. بىردەمدىن كېيىن فرانس ھاۋانىڭ ئۆزگىرىپ قالغانلىقىغا قاراپ، بىر غارنىڭ ئىچىگە كىرگەنلىكىنى چۈشەندى. بىرنەچچە سېكۇنت يۈرگەندىن كېيىن ئۇ يېنىككىنە شىرىقلىغان تاۋۇشنى ئاڭلىدى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭغا خۇش پۇراقلىق ئىللىق ھاۋا ئۇرۇلدى. ئاخىرى، ئۇ ئۆزىنىڭ پۇتلىرى يۇمشاق گىلەمگە دەسسەپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى. يول باشلىغۇچىلار ئۇنىڭ قوللىرىنى قويۇپ بەردى. ئەنە شۇ چاغدا جىمجىتلىق ئىچىدىن كىمدۇ بىرىنىڭ ساپ فرانسۇز تىلىدا ئېيتقان سۆزلىرىنى ئاڭلىدى:

— مەرھەمەت قىلىڭ، ئەمدى كۆزىڭىزنى ئېچىۋەتسىڭىز بولىدۇ.

فرانس بۇ گەپنى ئاڭلاپ، كۆزلىرى تېڭىلغان ياغلىقنى دەرھال يېشىپ ئېلىۋەتتى ۋە ئۆزىنىڭ ئالدىدا تۇرغان 40 ياشلار چامىسىدىكى بىر ئادەمنى كۆردى. بۇ ئادەم باشتىن-ئاياغ تۇنىسچە كىيىنگەن بولۇپ، بېشىدا زەڭگەر پوپۇكلۇك قىزىل دوپپا بار ئىدى؛ ئۇچىسىغا ئالا قويماي زەر بېسىلغان قارا سوكنا كەمزۇل، قىپقىزىل ئازادە شىم كىيگەن؛ پاقالچاقلىرىغا خۇددى شۇنداقلا قىزىل رەڭلىك ھەم كەمزۇلگە ئوخشاش زەر بېسىلغان يۆگەك تارتىلغان؛ ئاياغلىرىغا سېرىق بەتىنكە كىيىلگەنىدى. بېلىنى كەمەرنىڭ ئورنىغا قىممەت باھالىق كەشمىرى رومال بىلەن باغلىغان ۋە يېنىغا كىچىك ئەگرى خەنجەر ئېسىۋالغانىدى: ئۇنىڭ تاتىرىپ تۇرغان چىرايى غەيرى تەبىئىي ھالدا ئاپئاق بولغانلىقىغا قارىماستىن، قاراپ ئولتۇرغىدەك چىرايلىق ئىدى. كۆزلىرى چېچەن ۋە ئۆتكۈر؛ ماڭلىيىدىن تۇتىشىپ كېلىپ ئېقىپ چۈشكەندەك تۈپتۈز بۇرنى ساپ گرېك نەسلىگە خاس ئىدى. قۇندۇزدەك قاپقارا بۇرۇتلىرىنىڭ ئاستىدىن يالتىراپ تۇرغان چىشلىرى بەئەينى ئۈنچە-مەرۋايىتتەك ئاپئاق ئىدى.

ھالبۇكى، ئۇنىڭ چىرايىدىكى بۇنداق ئاقلىق غەيرىي تەبىئىي ئىدى. بۇ ھال، گوياكى بۇ كىشى ئۇزۇن يىللار داۋامىدا گۆر

ئىچىدە ياتقان بولۇپ، ھاياتلىقنىڭ رەڭگى تېخى ئەسلىگە كەلمەيۋاتقاندەك تەسىرات پەيدا قىلاتتى. ئۇنىڭ بوي - تۇرقى ئانچە ئېگىز بولمىسىمۇ، قەددى - قامىتى كېلىشكەنىدى ۋە خۇددى ھەممە جەنۇبلۇقلارغا ئوخشاش ئۇنىڭمۇ پۇت - قوللىرى كىچىككىرەك كەلگەنىدى. لېكىن، گائېتانونىڭ ئېيتقانلىرىنى ئويدۇرما گەپلەر دەپ ھېسابلىغان فرانسىنى ئەمدىلىكتە ھەممىدىن بەكرەك ھەيرەتتە قالدۇرغىنى بۇ جاينىڭ سەلتەنەتلىك زىبۇ - زىننەتلىرى بولدى. پۈتۈن خانا ئىچىنى بويلاپ تۈركىيىنىڭ ئالتۇن رەڭلىك گۈل چېكىلگەن قىرمىزى تاۋارلىرى تارتىلغانىدى. خانىنىڭ ئىچكىرىسىگە كەڭ سافا قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ كەينىدىكى تامغا ئەرەب ئەللىرىنىڭ ئالتۇن غىلاپلارغا سېلىنغان ۋە دەستىلىرىگە ھەرخىل ئېسىل تاشلار ئورنىتىلغان تۈرلۈك قورال - ياراقلىرى ئېسىلغانىدى. تورۇستا، ۋېنېتسىيە ئەينىكىدىن نەپىس ئىشلەنگەن چىراغ ساڭگىلاپ تۇراتتى. ھەممە ئادەمنىڭ پۇتلىرى ھەر بىر قەدەم باسقاندا تۈركىيىنىڭ گىلەملىرىگە پېتىپ تۇراتتى. فرانس كىرىپ كەلگەن ئىشىكنى، شۇنداقلا ئىچكىرىكى خانىنىڭ ئىشىكىنى ئازادە پەردىلەر يېپىپ تۇراتتى.

ساھىبخان فرانسنىڭ ھەيران بولۇپ تۇرۇشىغا دەخلى يەتكۈزمىدى، لېكىن ئۇ ئۆزىمۇ ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى.

— مۇھتەرەم ئەپەندى، — دېدى ئۇ ئاخىرى، — سىزنى مېنىڭ ئالدىمغا باشلاپ كىرىشتە قوللىنىلغان ئېھتىياتلىق تەدبىرىگە خاپا بولماسلىقىڭىزنى سورايمەن. بىراق، بۇ ئارالدا كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئادەم بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن، مۇبادا بىر كىشى مېنىڭ بۇ ماكانىمنىڭ سىرىنى ئاشكارىلاپ قويسا، مەن كېيىنكى نۆۋەتتە بۇ يەرگە قايتىپ كەلگەندە روزىخارىمنى تولىمۇ ئېچىنىشلىق ھالەتتە كۆرگەن بولار ئىدىم. ۋەھالەنكى، بۇ مەن ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە زور يوقىتىش بولىدۇ، چۈنكى بۇ تالاپەتنىڭ دەردى ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەڭ مۇھىمى، مەن ئۆز مەيلىمچە خىلۋەتلىكتە ھۇزۇر قىلىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم بولىمەن. مانا مەن ئەمدى، سىزنىڭ كەچلىكىڭىزگە سىز بۇ يەردە كۆرۈشنى ئويلىمىغان ياخشى تائام ۋە يۇمشاق تۆشەك تەقدىم قىلىش بىلەن بۇ كىچىككىنە بىھۆرمەتلىكنى يۇيۇپ تاشلاشقا تىرىشىمەن.

— ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، — دېدى فرانس، — ئەپۇ سوراشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ھېكمەتلىك قەسىرلەرنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلاشتا كىشىلەرنىڭ كۆزى باغلىنىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. «گۈگېنوتاخ» تىكى رائۇلمۇ شۇنداق بولغان ئەمەسمۇ. مەن ھەرگىز رەنجىمەيمەن. سىزنىڭ بۇ يەردە ماڭا كۆرسىتىۋاتقانلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى ھەقىقەتەنمۇ «مىڭ بىر كېچە» نىڭ كارامەتلىرىدىن قېلىشمايدۇ.

— ئەپسۇسكى! لۇكۇللىنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىنى دېگۈم كېلىۋاتىدۇ: سىزنىڭ قەدەم تەشرىپ قىلىشىڭىزدىن ئالدىن خەۋەر تاپقان بولسام، تۈزۈكرەك تەييارلىق قىلىپ قويغان بولار ئىدىم. ئەمما، خانىمىز ھەرقانچە ئاددىي بولسىمۇ، ئۆز ئۆيىمىزدەك كۆرگەيسىز، داستىخىنىمىز ھەرقانچە ناباب بولسىمۇ، تائامغا ئېغىز تېگىپ كۆرگەيسىز. ئەلى، داستىخان تەييار بولدىمۇ؟

شۇ ھامان ئىشىككە تارتىلغان پەردىلەر قايرىلدى ۋە ئۇزۇن كۆڭلەك كىيگەن ھەمدە خۇددى قارىياغاچتەك قاپقارا بىر قول چىقىپ كەلدى - دە، خوجايىنىنى ئىشارەت بىلەن تاماقخانىغا كىرىشكە تەكلىپ قىلدى.

— سىزنىڭ كۆز قارىشىڭىز قانداقكىن، مەن بىلمەيمەن، — دېدى ناتونۇش ساھىبخان، — لېكىن ئۆز كۆڭلۈمدىكىنى ئېيتسام، بىر ئادەم بىلەن داستىخان ئۈستىدە سائەتلەپ ئولتۇرۇپ، ھۆكىش-

نىڭ نامى - شەرىپىنى بىلمەسلىك تولىمۇ قاملاشمىغان ئىش بولىدۇ. ھالبۇكى، مېھماندارچىلىقنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرىغا رىئايە قىلىش يۈزىسىدىن مەن سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى ۋە مەرتىۋىڭىزنى سۈرۈشتە قىلمايمەن. مەن پەقەت سىزنى قانداق دەپ ئاتىسا بولىدىغانلىقىنى بىلمەكچى. ئەمدى، ئۆز نۆۋىتىمدە سىزنى خىجالەت قىلماسلىق ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇشۇم كېرەك. كىشىلەر ئادەتتە مېنى سىندباد - ساياھەتچى دەپ ئاتىشىدۇ.

— ئۇنداق بولسا، — دەپ جاۋاب بەردى فرانس، — مېنىڭ ئالادىن بولۇشۇم ئۈچۈن پەقەت ئۇنىڭ مەشھۇر پانۇسىلا يېتىشمەيدىكەن. شۇنداق بولسىمۇ، مەن بۈگۈن ئۆزۈمنى ئالادىن دەپ ئاتىسام ھېچقانچە ئەجەبلىنەرلىك بولمايدۇ دەپ ئويلايمەن. شۇنداق قىلساق، بىز ئىككىمىز، قانداقتۇر بىر پەرىنىڭ ھېكمىتى مېنى ئېلىپ كەلگەن بۇ ئەپسانىۋى شەرق دۇنياسىدا ئولتۇرغان بولىمىز.

— ماقۇل، ھۆرمەتلىك ئالادىن، — دېدى سىرلىق ساھىبخان، — غىزانىڭ ھازىرلانغانلىقىنى ئۆزىڭىزمۇ ئاڭلىدىڭىز. شۇڭا، تاماقخانىغا مەرھەمەت قىلىشىڭىزنى سورايمەن. كەمىنىڭىز سىزگە يول باشلاش ئۈچۈن ئالدىڭىزغا ئۆتۈپ ماڭىدۇ.

سىندباد پەردىنى قايرىپ، مېھماننىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ماڭدى. فرانسىنىڭ زوقلىنىشى بارغانسېرى ئۇلغايماقتا ئىدى: داستىخانغا ئەڭ ئېسىل نازۇ - نېمەتلەر تارتىلغانىدى. ئەڭ زورۇر بولغان بۇ لازىمەتلىكلەرنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇ ئەتراپىغا قاراشقا باشلىدى. تاماقخانىمۇ بىرتېخى ھېلى كۆرگەن ئالدىنقى بۆلمىدىن قېلىشمايدىغان دەرىجىدە كۆركەم ياسالغانىدى. بۇ ئۆيدە قەدىمكى گرېتسىيىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك ئاسارە - ئەتىقىلىرى نۇسخىسىدا نەقىش سېلىنغان مەرمەر بۇيۇملار تولۇپ

تۇراتتى. سوزۇنچاق كەلگەن بۇ خانىنىڭ ئىككى چېتىدە باشلىرىغا سېۋەت قويۇپ تۇرغان ئاياللارنىڭ سەنئەتلىك ھەيكەللىرى تىزىلىپ تۇراتتى. بۇ سېۋەتلەرگە ئەڭ داڭلىق مېۋىلەر، يەنى: سىجىلىيىنىڭ ئاناناسلىرى، مالاگانىڭ ئانارلىرى، بالېئارنىڭ ئاپېلسىنلىرى، فرانسىيىنىڭ شاپتۇللىرى ۋە تونىسنىڭ خورمىلىرى دۆۋىلەپ تىزىپ قويۇلغانىدى.

تائامنىڭ تۈرلىرى — كورسىكا بۆدۈنىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشتۇرۇلغان قورۇما قىرغاۋۇل، ئۈستىگە خام قايماق قۇيۇلغان قاۋان گۆشى، پۈتۈن كاۋاپ قىلىنغان ئوغلاق، كەم ئۇچرايدىغان بىمەز بېلىقلىرى ۋە يوغان قىسقۇچپاقلاردىن ئىبارەت ئىدى. بۇ چوڭ تاۋاقلارنىڭ ئارا - ئارىسىغا يەنە تۈرلۈك سەيلەر سېلىنغان تەخسىلەر تىزىلغان بولۇپ، تاۋاقلار كۈمۈشتىن، تەخسىلەر ياپون چىنىسىدىن ئىدى.

فرانس ھەدەپ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ قوياتتى — بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇ گويا چۈشىدە كۆرۈۋاتقاندەك تەسىراتقا كەلمەكتە ئىدى. ئەلى ئۆزى يالغۇز كۈتكۈچىلىك قىلىپ، بۇ ۋەزىپىنى ئەلا دەرىجىدە بېجىرمەكتە ئىدى. مېھمان قايىل بولۇپ، ئۇنى ماختىدى.

— شۇنداق، — دەپ جاۋاب بەردى ساھىبخان، ئۆزىنى ئاقسۆڭەكلەرچە ئەركىن تۇتقان ھالدا فرانسنى مېھمان قىلىپ ئولتۇرۇپ، — بۇ بىچارە ماڭا بەكمۇ سادىق ۋە بەجانىدىللىق بىلەن ئىشلەيدۇ، مەن ئۇنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالغانلىقىمنى ئۇ ئېسىدىن چىقارمايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ كاللىسىنىڭ ئېلىنىشىنى خالىمايدىغان بولغاچقا، مېنى قەدىرلەيدۇ، چۈنكى مەن ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغان.

ئەلى ئۆز خوجايىنىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ بىر قولىنى ئالقانلىرىغا ئېلىپ تۇتتى - دە، ئېگىلىپ تۇرۇپ سۆيۈپ قويدى.

— ئەگەر مەن سىزنىڭ بۇ ياخشى ئىشنى قانداق شارائىت ئاستىدا قىلغانلىقىڭىزنى سوراپ باقسام بىئەدەبلىك بولۇپ قالماس؟ — دېدى فرانس.

— بۇ ناھايىتى ئاددىيلا بىر ئىش، — دەپ جاۋاب بەردى ساھىبخان، — بۇ ھاكۋاقتى تۇنىس بېگىنىڭ ھەرەم بېغى ئەتراپىدىكى قارا تەنلىكلەرنىڭ مېڭىشى مەنئى قىلىنغان جايلارغا بېرىپ قالغانىكەن، شۇ سەۋەبتىن بەگ ئۇنىڭ تىلىنى، قولىنى ۋە بېشىنى كېسىشكە پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. بىرىنچى كۈنى تىلىنى، ئىككىنچى كۈنى قولىنى كېسىش ۋە ئۈچىنچى كۈنى كاللىسىنى ئېلىش كېرەك ئىدى. مەن ئۇزۇندىن بۇيان ئۆزۈمگە بىر تىلسىز چاكار تاپالماي يۈرەتتىم. مەن ئۇنىڭ تىلىنى كېسىۋەتكۈچە كۈتۈپ تۇردۇم ۋە شۇندىن كېيىن بەگنىڭ ئالدىغا بېرىپ بۇنى بىر ئېسىل قوشئاتار مىلتىققا تېگىشىپ بېرىشىنى سورىدىم. چۈنكى بۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى مەن ئۇنىڭ بۇ مىلتىققا كۆزى چۈشۈپ قالغانلىقىنى سەزگەنىدىم. بەگ ئىككىلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ بۇ بىتەلەينى ئۆلتۈرۈش نىيىتىدىن زادىلا يانغۇسى كەلمەيتتى. لېكىن، مەن مىلتىققا يەنە ئەنگلىيىدە ئىشلەنگەن ئوۋ پىچىقىنىمۇ قوشتۇم ۋە بۇ ئالىي ھۆكۈمدارنىڭ ئەگرى قىلىچىنىڭ بىسىغا پىچاقنىڭ بىسىنى ئۇرغان ئىدىم، قىلىچنىڭ بىسى ئۈچۈپ كەتتى، شۇنىڭدىن كېيىن بەگ بۇ بىچارىنىڭ پۇتلىرى بۇندىن كېيىن تۇنىسقا قەدەم باسماسلىق شەرتى بىلەن ئۇنىڭ قوللىرى ۋە كاللىسىنى چاپماسلىققا ماقۇل بولدى. مۇنداق شەرت ئارتۇقچە ئىدى. بۇ قورقۇنچاق ئافرىقا قىرغاقلىرىنى كۆرگەن ھامان كېمىنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىدىكى ئەڭ ئىچكىرىكى بۇلۇڭغا كىرىپ مۆكۈنۈۋالىدۇ ھەمدە دۇنيانىڭ ئۈچىنچى قىتئەسى كۆزدىن يوقالمىغۇچە ئۇنى ھېچقانداق قىلىپمۇ ئۇ يەردىن چىقىرىشقا بولمايدۇ.

فرانس ساھىبخاننىڭ بۇ دەھشەتلىك ۋەقەنى شۇنچە پە-

سەنئەت قىلمىغان قىياپەتتە سۆزلەپ ئولتۇرغانلىقىغا قاراپ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدى.

— دېمەك، سىزمۇ ئىسمىنى ئۆزىڭىزگە ئۆزلەشتۈرۈۋالغان داڭدار دېڭىزچىغا ئوخشاش ساياھەت ئىچىدە كۈن كەچۈرىدىكەنسىز - دە؟ — دېدى فرانس بۇ گەپنى يۆتكىۋېتىش مەقسىتىدە.

— ھەئە. بۇ، مېنىڭ ئۆز كۆڭلۈمگە پۈككەن ئىشلارنى قىلالايمەن دەپ ئويلىمىغان بىر چاغلاردىلا نىيەت قىلغان ئەھدى قارارىم ئىدى، — دەپ جاۋاب بەردى ساھىبخان كۈلۈپ تۇرۇپ. — مېنىڭ يەنە شۇنداق نىيەت قىلغان بىرنەچچە ئىشلىرىم بار. ۋاقتى كەلگەندە شۇ نىيەتلىرىمنىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىمەن.

سىندباد بۇ گەپلەرنى گەرچە ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋېلىپ ئېيتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە كۆچلۈك نەپرەت ئۇچقۇنلىرى چاقناپ كەتتى.

— سىز بۇرۇن كۆپ جاپا تارتقانغۇ دەيمەن؟ — دەپ سورىدى فرانس.

سىندباد چۆچۈپ كەتتى ۋە ئۇنىڭغا تىك بېقىپ قارىدى.

— نېمىگە قاراپ شۇنداق دەپ ئويلايسىز؟ — سورىدى ئۇ.

— ھەممىگە قاراپ، — دەپ جاۋاب بەردى فرانس، — سىزنىڭ ئاۋازىڭىز، كۆزلىرىڭىزنىڭ قاراشلىرى، چىرايىڭىزنىڭ غەيرىي تەبىئىي ئاقلىقى ۋە ئومۇمەن سىزنىڭ مۇشۇنداق تۇرمۇشىڭىز مېنى شۇنداق ئويغا كەلتۈردى.

— مېنىڭ تۇرمۇشۇم؟ مېنىڭ تۇرمۇشۇم دۇنيادىكى ئەڭ بەختسىز تۇرمۇش، پادىشاھنىڭ تۇرمۇشى! مەن جاھاننىڭ غوجىسى. مەن قايسى جاينى ياقتۇرسام، شۇ جايدا تۇرۇپ قالىمەن،

زىرىكسەم كېتىۋېرىمەن. مەن خۇددى ئۇچار قۇشلاردەك ئەركىن، ئاشۇ قۇشلاردەك قاناتلىرىم بار، مېنىڭ قول ئاستىمدىكى ئادەملىرىم ئاغزىمدىن چىققان ھەرقانداق گەپكە شەرتسىز ئىتائەت قىلىدۇ. بەزى چاغلاردا مەن ھۆكۈمەتلەرنىڭ قانۇنلىرىنى ئەخمەق قىلىپ، قولغا چۈشۈپ قالغان قاراقچىلارنى ۋە قېچىپ يۈرگەن جىنايەتچىلەرنى قۇتۇلدۇرۇش بىلەن كۆڭۈل ئاچىمەن. ئۇنىڭدىن باشقا، مېنىڭ ئۆزۈمنىڭ جازالايدىغان ۋە قوغدايدىغان شەخسىي قانۇنىم بار. مېنىڭ بۇ قانۇنىمغا ھېچقانداق ئادەم ئارىلىشالمايدۇ. ئەگەر سىز مېنىڭ ھاياتىمنىڭ تەمىنى تېتىپ قالسىڭىز باشقىچە ھاياتنى خالىمايسىز، جەمئىيەت ئىچىگىمۇ قايتىپ بارمايسىز. مۇبادا جەمئىيەتكە قايتسىڭىز، بۇ پەقەت دىلىڭىزغا پۈكۈپ قويغان بەزى بىر يوشۇرۇن مەقسەتلىرىڭىز ئۈچۈنلا بولىدۇ.

— مەسىلەن، ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن! — دېدى فرانس.

ناتونۇش كىشى فرانسقا شۇنداق بىر قارىدىكى، بۇ — ئادەمنىڭ ئەقىل-ئىدرىكى ۋە يۈرەك-باغرىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغىچە سىڭىپ كىرىدىغان قاراش ئىدى.

— نېمىشقا ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن دەيسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— شۇنىڭ ئۈچۈنكى، — دېدى فرانس، — سىز جەمئىيەت تەرىپىدىن چەتكە قېقىلغان ۋە ئەمدى جەمئىيەتتىن قانداقتۇر بىر دەھشەتلىك ھېساب ئېلىشقا تەييارلىنىۋاتقان ئادەمگە ئوخشايسىز.

— خاتالىشىۋاتىسىز، — دېدى سىندباد ۋە ئۆتكۈر ئاق چىشلىرىنى چىقىرىپ، ئاجايىپ بىر خىل چۈشەنگىلى بولمايدىغان كۈلكىسى بىلەن كۈلۈپ كەتتى، — مەنمۇ ئۆزۈمچە بىر پەيلاسوپ. شۇڭا، كونىلەرنىڭ بىرىدە جانابىي ئاپپىر ۋە كۆك چاپانلىق ئادەم① بىلەن بەس-مۇنازىرىدە بولۇش ئۈچۈن پارىژغا بېرىپ قېلىشىم مۇمكىن.

— شۇ چاغدىكىسى سىزنىڭ پارىژغا تۇنجى قېتىم بېرىشىڭىز بولامدۇ؟

— ھەئە، شۇنداق! مېنى شەھەر كۆرۈشكە ئانچە ھەۋەس قىلمايدىكەن دەپ ئويلاۋاتقانسىز؟ لېكىن، ئىشىنىڭ، بۇ مېنىڭ گۇناھىم ئەمەس. بۇنىڭمۇ پەيتى كېلىدۇ.

— پارىژغا قاچان بېرىشنى ئويلاۋاتىسىز؟

— ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. بۇ، ۋەزىيەت ئەھۋالىغا باغلىق.

— مەنمۇ سىز بىلەن بىر ۋاقىتتا پارىژغا بېرىپ، سىزنىڭ ماڭا مونتې-كرىستودا ئىلتىپات قىلغان بۇ باياشات مېھماندارچىلىقىڭىزغا قولۇمدىن كېلىشىچە جاۋاب ياندۇرۇشنى ئارزۇ قىلىمەن.

— سىزنىڭ تەكلىپىڭىزنى ئىنتايىن مەمنۇنىيەت بىلەن قوبۇل قىلار ئىدىم، — دېدى ساھىبخان، — ئەپسۇسكى، مەن پارىژغا بارسام خۇپىيانە نام بىلەن بېرىشقا توغرا كېلىشى مۇمكىن.

بۇ جەرياندا مېھماندارچىلىق داۋاملاشماقتا ئىدى. لېكىن، تائام بىر فرانسقىلا ئاتالغاندەك كۆرۈنەتتى، چۈنكى ناتونۇش كىشى نازۇ-نېمەتلەرگە ئانچە-مۇنچىلا ئېغىز تېگىپ قويۇپ، بۇ كۈتۈلمىگەن مېھمانغا زو قىلىپ ئولتۇراتتى. مېھمان تۈزۈت قىلماي بەھۇزۇر غىزالاندى. ئاخىرى، ئەلى تاماقتىن كېيىنكى سوغۇق يېمەكلىكلەرنى، توغرىسىنى ئېيتقاندا، ھەيكەللەرنىڭ بېشىغا قويۇلغان سېۋەتلەرنى ئېلىپ، داستىخان ئۈستىگە قويدى. سېۋەتلەرنىڭ ئارىسىغا ئۇ ئالتۇن يالىتىلغان قاپقاقلىق پىيالىنى ئەكىلىپ قويدى. ئەلىنىڭ بۇ پىيالىنى ئالاھىدە بىر خىل قەدىرلىگەندەك ئېلىپ كەلگەنلىكى فرانسنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلدى. فرانس پىيالىنىڭ قاپقىقىنى ئاچتى ۋە رەڭگىدىن ئېزىل-

---

① كۆك چاپانلىق ئادەم — ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىش بىلەن داڭق چىقارغان ئېدىم شامپىيوننىڭ لەقىمى.

گەن ئۈزۈمنى ئەسلىتىدىغان بىرخىل قارامتۇل- يېشىل جىسىمسىمان ماددىنى كۆردى. بۇنداق نەرسىنى ئۇ بۇرۇن زىنھار كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇ، پىيالىنى يەنە يېپىپ قويدى ۋە چۈشەنمىگەن نەزەرى بىلەن ساھىبخانغا قاراپ، ئۇنىڭ مىيىقىدا كۈلۈپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى.

— بۇ پىيالىدىكىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي ھەيران بولۇۋاتامسىز؟

— ھەئە. ئىقرار بولۇشۇم كېرەك، بىلمەيدىكەنمەن.

— بۇ يېشىل شەربەت دەل پەرىشتە گېبا ئىلاھى يۇپىتېرنىڭ داستىخىنىغا كەلتۈرگەن بېھىشنىڭ ئابىھايات يېمىشى.

— بىراق، بۇ بېھىش يېمىشى، — دېدى فرانس، — بەندىلەرنىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئەرشتىكى نامىنى زېمىندىكى ئاتالغۇسىغا ئالماشتۇرغاندۇر؟ بۇ ئاجايىپ يېمىش ئادەمزات تىلىدا نېمىدەپ ئاتىلىدۇ؟ گەرچە بۇنى ئىستېمال قىلىشقا ئانچە كۆڭلۈم تارتمىسىمۇ سوراپ باقاي.

— مانا بۇ گەپلىرىڭىز بىزنىڭ ماتېرىيالىستىك نۇقسانلىرىمىزنىڭ جانلىق ئىسپاتى! — دەپ خىتاب قىلدى سىندباد، — بىز تولا ۋاقىتلاردا ئالدىمىزغا كېلىپ قالغان ئامەتنى كۆرمەستىن، ئۇنىڭغا قاراپ قويماستىن ئۆتۈپ كېتىمىز؛ ئەگەر قاراپ قويساقمۇ ئۇنى تونۇيالمايمىز. ئەگەر سىز مەۋجۇدىيەتكە بېرىلگەن ئادەم بولۇپ، ھاياتىي ئىستىكىڭىز ئالتۇن بولسا، بۇ مەلھەمنى يەپ كۆرۈڭ ۋە سىزنىڭ ئالدىڭىزدا پېرۇنىڭ، گۈزىراتنىڭ، گولكوندىنىڭ ئالتۇن تاغلىرى بىنا بولىدۇ. ئەگەر سىز تەپەككۇر ئىگىسى شائىر بولسىڭىز، بۇ مەلھەمنى يەپ كۆرۈڭ ۋە سىزنىڭ ئالدىڭىزدا مەۋجۇدىيەتنىڭ چەكلىمىسى قالمايدۇ، سىزنىڭ ئالدىڭىزدا پايانسىز ئىلھاملار مۇھىتى قۇچاق ئاچىدۇ، سىز قەلبىڭىز نۇرلانغان، دىلىڭىز يورۇغان ھالدا چەكسىز شېرىن

ئارزۇلار دۇنياسىدا سەييارە بولىسىز. ئەگەر سىز بۇ دۇنيالىقىڭىزنى كۆزلىگەن ھوقۇقدارلىق مەستانىسى بولسىڭىز، بۇ يېمىشنى يەپ كۆرۈڭ ۋە بىر سائەتتىن كېيىنلا سىز ياۋروپانىڭ بىر بۆلۈكىدىكى ئەنگلىيە، فرانسىيە ياكى ئىسپانىيىگە ئوخشاش بىرەر كىچىك دۆلەتنىڭ ئەمەس، بەلكى يەر-جاھاننىڭ ھۆكۈمرانى بولىسىز، پۈتۈن دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى بولىسىز، ئالەمنىڭ ھۆكۈمرانى بولىسىز. سىزنىڭ شاھانە تەختىڭىز ئەيسانى شەيتان ئېلىپ چىققان تاغنىڭ ئۈستىدە بولىدۇ ھەمدە سىز ئۇ شەيتانغا باش ئۇرماي، ئۇنىڭ تىرناقلىرىنى سۆيمەي تۇرۇپلا يەر يۈزىدىكى ھەممە پادىشاھلىقلارنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمدارى بولىسىز. قانداق، بۇ ئادەم ھەۋەس قىلغۇدەك نەرسىمىكەن؟ يەنە كېلىپ، بۇنىڭدىن كىچىككىنە بىر پارچىسىنى يۇتۇۋەتسىڭىزلا كۇپايە قىلىدۇ. مانا قاراڭ.

شۇ گەپلەر بىلەن ئۇ ئالتۇن يالىتىلغان پىيالىنىڭ ئاغزىنى ئاچتى ۋە بۇ بېھىشنىڭ يېمىشىدىن قەھۋە قوشۇقى بىلەن كىچىك بىر پارچىنى ئالدى- دە، ئېغىزىغا سالدى ھەمدە بېشىنى كەينىگە تاشلاپ ۋە كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ ئولتۇرۇپ ئالدىرىماي يۇتۇۋەتتى.

ساھىبخان ئۆزىنىڭ بۇ قەدىرلىك يېمەكلىكىنىڭ لەززىتىنى ھۇزۇر قىلىۋالغۇچە فرانس كۈتۈپ تۇردى ۋە ئۇ بىر قەدەر ئۆزىگە كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن يەنە سورىدى:

— بۇ ھېكمەتلىك يېمىش زادى قانداق نەرسە؟

— سىز، فىلىپ ئاۋگۇستنى① ئۆلتۈرمەكچى بولغان تاغلىق②

---

① فىلىپ ئاۋگۇست — (1165—1223) 1180 - يىلدىن باشلاپ فرانسىيىگە پادىشاھ بولغان.

② تاغلىق بوۋاي — ئۇنىڭ ئۆز ئىسمى ھەسەن ئىبنى سەببە بولۇپ، ئۇ مۇرىتلىرىنى مەجۇن بىلەن مەست قىلىپ جەڭگە كىرگۈزەتتى.

بۇۋاي ھەققىدىكى ھېكايىنى ئاڭلىغانمۇ؟ — دەپ سورىدى ساھىبخان.

— ئەلۋەتتە.

— شۇ ئاقساقال تاغ ئېتىكىدىكى بىر مەنزىرىلىك ۋادىغا ئىگىدارچىلىق قىلغانلىقى ۋە شۇ ۋادىغا ئۇ شەخسەن ئۆزى ئاجايىپ شائىرانە نام بەرگەنلىكى سىزگە مەلۇممۇ؟ بۇ ۋادىغا ھەسەن ئىبنى سەببە ئۆز قولى بىلەن يېتىشتۈرگەن بۆك-باراقسان باغلار يېيىلغان بولۇپ، بۇ باغلارنىڭ خىلۋەت جايلىرىدا يازلىق راۋاقلار يوشۇرۇنۇپ تۇراتتى. ماركو پولونىڭ① ئېيتىشىچە، بۇ ئاقساقال ئۆزىنىڭ مۇرىتلىرىنى يىغىپ ئاشۇ راۋاقلاردا زىياپەت ئۆتكۈزەتتى ۋە ئۇلارغا قانداقتۇر بىرخىل ئۇسۇللۇق دورىسىنى يېگۈزەتتى. مۇرىتلار بۇ دورىنى يېگەندىن كېيىن، ئۇلارغا قۇچاق ئېچىپ تۇرغان مەڭگۈ سولماس گۈلزارلىقلار، مەڭگۈ شېرىن يەل-يېمىشلەر، مەڭگۈ نازىنىن ھۆرقىزلار ماكانى بولمىش پانى ئالەم جەننىتىگە كىرىپ قالاتتى. بۇ بەختىيار يىگىتلەرنى شەيدا قىلغان بۇنداق كۆرۈنۈشلەر ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ كەيىپ ئەۋجىدىن جانلانغان ئىشقىي ئارزۇلىرى ئىدى. بۇ ئارزۇلار شۇنچە شېرىن، شۇنچە لەززەتلىك، شۇنچە ھېرىسلىك ئىدىكى، ئۇلار ئۆزلىرىگە بۇنداق ھەۋەسلىك كەيىپ-ساپالارنى ئاتا قىلغۇچىغا جېنىنى پىدا قىلاتتى، ئۇنى ئىلاھىيلاشتۇرۇپ سېغىناتتى ۋە ئۇ باشلىغان جەڭگە شىردەك ئېتىلىپ كىرىپ شېھىت بولاتتى. ھالبۇكى، ھەسەن ئىبنى سەببەنىڭ مۇرىتلىرى ئۆلۈم ھەلقۇمىدا جان تالىشىپ تارتقان ئازابلىرىنى پەقەت ئاشۇ قۇتلۇق يېمىش بەخش ئەتكۈسى بولغان مەڭگۈلۈك راھەت-پاراغەتنىڭ ئۆتكۈنچى باسقۇچى دەپ ھېسابلايتتى.

— دېمەك، بۇ مەجۇن ئىكەن — دە! — دەپ خىتاب قىلدى فرانس، — مەن بۇنى ئاڭلىغان، ئەمما كۆرمىگەنىكەنمەن.

---

① ماركو پولو — (1254 — 1324) ئىتالىيىلىك سەيياھ.

— دەل شۇنىڭ ئۆزى، ھۆرمەتلىك ئالادىن، بۇ مەجۇن. تەڭداشسىز دورىگەر. ئۇلۇغ ئىنسان ئەبۇغورنىڭ قولىدىن چىققان ئەڭ ئېسىل، ئەڭ سۈپەتلىك ئىسكەندىرىيە مەجۇنى. مېنىڭ خاھىشىمچە بولسا، بۇ دورىگەرنىڭ شەرىپىگە بىر شاھانە ساراي قۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە: «بەخت-سائادەت ساتىدىغان كىشىگە — مەمنۇن بولغان ئىنسانىيەتتىن» دېگەن خەتلەرنى چېكىپ قويۇش لازىم.

— سىزنىڭ بۇنداق ماختاشلىرىڭىزغا قاراپ، مېنىڭمۇ بۇ مەجۇننى بىر تېتىپ باققۇم كېلىۋاتىدۇ، — دېدى فرانس.

— ئۆز مەيلىڭىز، قەدىرلىك مېھمان، ئۆز مەيلىڭىز. لېكىن، بىر قېتىملىق تەجرىبە بىلەن چەكلىنىپ قالماڭ. ئادىم ئۆزىنىڭ ئاڭ سېزىمىنى ھەرقانداق يېڭى تۇيغۇلارغا كۆندۈرۈشى كېرەك؛ يېقىملىق ۋە يىرگىنىشلىك، قايغۇلۇق ۋە خۇشاللىق تۇيغۇلىرىنىڭ ھەممىسىگە كۆنۈش كېرەك. تەبىئەت بۇ مۇقەددەس يېمىشكە قارشى ئۈزلۈكسىز كۈرەش قىلىپ تۇرىدۇ، چۈنكى تەبىئەت خۇشاللىق ئۈچۈن يارىتىلغان ئەمەس. بەلكى ئازاب-ئوقۇبەت بىلەن چىرمىشىپ كەتكەن. بۇ كۈرەشتە تەبىئەتنى يېڭىپ تەسلىم قىلىش كېرەك، غايىنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇش كېرەك. ئەنە شۇ چاغدا بىزنىڭ غايىمىز ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىدۇ؛ غايىمىز ھاياتقا، ھايات غايىگە ئۆزگىرىدۇ. بىراق، بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ پەرقى نەقەدەر زور! سىز مەۋجۇت ھاياتنىڭ غەم-غۇسسىلىرىنى غايىۋى ھاياتنىڭ ھۇزۇر-ھالاۋىتىگە سېلىشتۇرۇپ كۆرسىڭىز، ھاياتتىن ۋاز كېچىپ مەڭگۈلۈك غايىگە ئاشىق بولىسىز. كېيىن، ئۆزىڭىزنىڭ روھىي دۇنيايىڭىزدىن ئايرىلىپ ئىنسانلار دۇنياسىغا قايتقاندا بەجايىكى نېئاپول باھارىدىن ئايرىلىپ لاپلاندىيە زىمىستانىغا دۇچار بولغاندەك تەسىراتقا كېلىسىز. سىز ئۆزىڭىزنى خۇددى جەننەتتىن زېمىنغا چۈشۈپ قالغاندەك ئەرشئەلادىن دوزاخقا چۈشۈپ قالغاندەك ھېس قىلىسىز. قېنى، مەجۇننى تېتىپ كۆرۈڭ، قەدىرلىك مېھمان، تېتىپ كۆرۈڭ.

فرانس گەپ قىلماستىن قولىغا قوشۇقنى ئالدى ۋە بۇ ئاجايىپ يېمىشتىن خۇددى ساھىبخانىغا ئوخشاشلا كىچىك بىر پارچىنى ئالدى ـ دە، ئاغزىغا سالدى.

— پاھ! — دېدى ئۇ، بېھىشنىڭ يېمىشىنى يۇتۇۋېتىپ، — بۇنىڭ كېيىنكى تەسىرى قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمىدىم، لېكىن تەمى سىز ئېيتقانچە مەززىلىك ئەمەس ئىكەن.

— سىزنىڭ تاڭلىيىڭىز بۇ ماددىنىڭ تەمىنى تېخى ئۆزلەشتۈرمىگەنلىكتىن شۇنداق تۇيۇلىدۇ. ئېيتىڭا، سىز كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئىستېمال قىلىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن قۇلۇلە، چاي، پىۋا، موگۇغا ئوخشاش تۈرلۈك نەرسىلەرنى تۇنجى قېتىم ئېغىزىڭىزغا ئالغاندا تەملىك تۇيۇلغانمىدى؟ سىز قىرغاۋۇلنىڭ قارنىغا پاخال تىقىپ پىشۇرىدىغان رىملىقلارنىڭ ۋە قارلىغاچ چاڭگىسىنى يەيدىغان جۇڭگولۇقلارنىڭ دىتىنى تەسەۋۋۇر قىلالامسىز؟ ئەلۋەتتە تەسەۋۋۇر قىلالمايسىز. مەجۇنمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش. بۈگۈن سىزگە بۇ مەجۇن ھەرقانچە تەمسىز، لاۋزا تېتىسىمۇ، لېكىن يەنە بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن سىز بۇنى جاھاندا ھېچ نەرسىگە تەڭ قىلمايدىغان بولىسىز. ھە، ئەمدى باشقا ئۆيگە چىقايلى، سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە چىقايلى. ئەلى بىزگە غاڭزا ۋە قەھۋە تەييارلاپ بېرىدۇ.

ئۇلار ئورنىدىن تۇرۇشتى. ئۆزىنى سىندىباد دەپ ئاتىغان ۋە بىزمۇ ئۇنى قانداقلا بولمىسۇن بىر ئىسىم بىلەن ئاتاش ئۈچۈن ئارىلاپ ـ ئارىلاپ شۇ ئىسىم بىلەن ئاتىغان كىشى مالايغا بۇيرۇق بېرىپ تۇرغۇچە فرانس قوشنا بۆلمىگە كىردى. بۇ ئۆيدىكى نەرسىلەرنىڭ كۆركەملىكى ئاددىراق بولسىمۇ، يەنىلا قىممەت باھالىق ئىدى. بۇ ئۆي تامامەن دۈپىدۈگىلەك بولۇپ، دىۋارلىرىنى تولۇق ئىگىلەپ تۇرغان بىرلا سافا قويۇلغانىدى. لېكىن سافا، تاملار، تورۇس ۋە يەر گويا ئەڭ يۇمشاق گىلەمگە

ئوخشاش قىممەتلىك موينىلار بىلەن قاپلانغان بولۇپ، بۇلار ئۇزۇن يالىلىق ئافرىقا شىرلىرىنىڭ، ئالا ـ بالداق بېنگال يولۋاسلىرىنىڭ تېرىلىرى ئىدى ۋە يەنە ئۆز ۋاقتىدا دانتېغا ئۇچراقان ئالا ـ چىپار كاپ قاپلانلىرىنىڭ تېرىسى، سىبىرىيە ئېيىقلىنىڭ ۋە نورۋېگىيە تۈلكىسىنىڭ تېرىلىرى بار ئىدى. بۇ تېرىلەر باياشاتچىلىقتا ئۈستى ـ ئۈستىگە تاشلانغان بولۇپ، ئادەمگە خۇددى قېلىن چىملىقتا كېتىۋاتقاندەك ياكى ماموق تۆشەكتە ياتقاندەك تۇيۇلاتتى.

مېھمان بىلەن ساھىبخان سافاغا چىقىپ يانپاشلىدى. بىر غاڭزىغا قايتىلاپ تاماكا سېلىپ ئاۋارە بولماسلىق ئۈچۈن، يەسمەن ياغىچىدىن ياسالغان، ئۇچىغا كەھرىۋا مۇشتەك ئورنىتىلغان غاڭزىلار تاماكا سېلىنغان ھالەتتە تەييار قىلىپ قويۇلغانىدى. ئىككىلەن بىردىن غاڭزىنى قولىغا ئېلىشتى. ئەلى ئۇلارنىڭ تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ بېرىپ، قەھۋە ئەكىرىش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى. ھەر ئىككىسى جىم بولۇشتى. سىندىباد ئۆزىنىڭ ھەتتا سۆھبەت جەريانىدىمۇ خالى بولمىغان چوڭقۇر خىياللىرىغا چۆكۈپ كەتتى. فرانس بولسا، خۇددى تاماكىنىڭ ئىسى بىلەن بارلىق غەملىرى كۆتۈرۈلۈپ ئاجايىپ ـ غارايىپ چۈشلەرنى كۆرۈۋاتقان بەڭگىدەك شېرىن خىياللارغا بېرىلىپ كەتتى.

ئەلى قەھۋە ئېلىپ كىردى.

— سىز قاندىقىنى خالايسىز؟ — دەپ سورىدى ساھىبخان، — فرانسۇزچىسىنىمۇ ياكى تۈركچىسىنىمۇ؟ قويۇق دەملەنگىنىنىمۇ ياكى سۇيۇقىنىمۇ؟ قەنت سالغىنىنىمۇ ياكى قەنت سالمىغىنىنىمۇ؟ سوۋۇتۇلغىنىنىمۇ ياكى ئىسسىغىنىمۇ؟ ئۆزىڭىز تاللاڭ، قاندىقىنى خالىسىڭىز شۇندىقى بار.

— مەن تۈركچىسىنى ئىچىمەن، — دېدى فرانس.

— مانا بۇ ناھايىتى دۇرۇس گەپ بولدى، — دېدى ساھىب

خان، — بۇ، سىزنىڭ شەرق تۇرمۇشىغا مايىللىقىڭىزنى ئىسپاتلايدۇ. ئاھ! پەقەت شەرق ئەللىرىدىلا كىشىلەر ھاياتنىڭ قەدرىنى بىلىدۇ. ئەمدى مەن ئۆزۈمنى ئېيتسام، — دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ غەلىتە بىر خىل كۈلۈمسىرەش بىلەن. بۇ كۈلۈمسىرەش فرانسنىڭ نەزىرىدىن ساقىت بولمىدى، — مەن ئۆزۈمنىڭ پارىژدىكى ئىشلىرىمنى بىر تەرەپ قىلىۋالغاندىن كېيىن، ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىنى شەرق مەملىكەتلىرىگە بېرىپ ئۆتكۈزىمەن. ئەگەر سىز مېنى يوقلىماقچى بولسىڭىز، مېنى قاھىرەدىن، باغداتتىن ياكى ئىسپاھاندىن ئىزدىسىڭىز بولىدۇ.

— بۇ ناھايىتى ئاسان ئىش، — دېدى فرانس، — چۈنكى ھازىر گويا ماڭا بۈركۈتنىڭ قاناتلىرى چىقىۋاتقاندەك تۇيۇلۇۋاتىدۇ. شۇ قاناتلار بىلەن مەن پۈتۈن دۇنيانى بىر كۈندىلا ئايلىنىپ چىقىمەن.

— ھە! بۇ مەجنۇننىڭ تەسىرى! ئەمىسە، قاناتلىرىڭىزنى كەڭ يېيىپ كۆككە پەرۋاز قىلىپ چىقىپ كېتىۋېرىڭ. ئەگەر سىزنىڭ قاناتلىرىڭىز ئىكارنىڭ قاناتلىرىدەك قۇياشنىڭ قىزدۇرۇشى بىلەن كۆيۈپ كەتسە، بىز قۇچىقىمىزنى كەڭ ئېچىپ سىزنى ئۆز باغرىمىزغا ئالىمىز.

ئۇ، ئەلىگە ئەرەب تىلىدا بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلدى. ئەلى تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

فرانس ئۆزىدە ئاجايىپ بىر خىل ئۆزگىرىش بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى. كۈندۈزدىكى ھارغىنلىق ۋە كەچكى ۋەقەلەردىن كېلىپ چىققان تەشۋىشلەر خۇددى ئارام ئېلىپ ياتقاندا يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان ئۇيقۇنى سېزىۋاتقان يېرىم ئۇيقۇلۇق ھالەتتىكىگە ئوخشاش تارقىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ بەدىنى خۇددى زىنجىرلىقىنى يوقاتقاندەك يەڭگىللەشمەكتە ئىدى، ئوي - پىكرى مىسلىسىز يورۇپ كەتتى، ھېس - تۇيغۇلىرى ھەسسىلەپ ئۆتكۈرلەشتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئۇپۇق بارغانسېرى كېڭىيىمەكتە ئىدى. لېكىن بۇ، ئۆزى ئويغاق ۋاقىتتا كۆرگەن ۋە ئۇنىڭ كۆڭلىدە قانداقتۇر نامەلۇم تەھلىكە تۇيغۇسىنى قوزغاتقان ھېلىقى قاپقاراڭغۇ ئۇپۇق ئەمەس ئىدى، بەلكى دېڭىز يۈزىدە سۈرەتلىنىپ، نۇرغا تولغان، خۇشبۇي شامال سوقۇپ تۇرغان كۆپكۆك، سۈزۈك، پايانسىز ئۇپۇق ئىدى. كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ ماتروسلىرىنىڭ ناخشا ساداسى ئاستىدا (بۇ ناخشا ساداسى شۇنچە جاراڭلىق ھەم يېقىملىق ئىدىكى، ئەگەر ئۇنى نوتىغا ئېلىۋېلىش ئىمكانىيىتى بولسا، بىر ئىلاھىي كۈينى ھاسىل قىلار ئىدى) مونتې — كرىستو ئاراللىنىڭ ئۆرلەپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردى. لېكىن بۇ ئارال ئەمدى دولقۇنلارنى يېرىپ چىقىۋاتقان سۈرلۈك ئۇيۇل تاش بولماستىن، بەلكى دەشت-باياۋاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر بوستانلىق ئىدى. قېيىق ئارالغا يېقىنلاشقانسېرى ناخشا ساداسى شۇنچە جانلانماقتا ئىدى، چۈنكى بۇ ئارالدىن بەجايىكى ئاللىقانداق بىر لورېلېيە① بېلىقچى يىگىتنى گولداپ قىچقىرىۋاتقاندەك ياكى كارامەت كۆرسەتكۈچى ئامفىئون② بىر شەھەر بىنا قىلماقچى بولۇۋاتقاندەك، سىرلىق، سېھىرلىك بىر مۇزىكا ساداسى كۆككە كۆتۈرۈلۈپ چىقماقتا ئىدى.

ئاخىرى قېيىق ئارالغا يېقىنلاپ كېلىپ قىرغاققا تاقاشتى. لېكىن، قېيىقنىڭ قىرغاققا چېتىلىشى، بەئەينى سۆيۈشكەندە لەۋلەرگە لەۋلەر قوشۇلغاندەك شۇنچە يەڭگىل، شۇنچە يۇمشاق بولدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ غار ئىچىگە كىردى. دىلنى ئېزىتقۇچى

---

① لورېلېيە — گېرمانىيە رىۋايەتلىرىدىكى ئالۋاستى. ئۇ رېيىن دەرياسى بويىدىكى تاشلار ئارىسىدا يورۇپ، بېلىقچىلارنى ئازدۇرۇپ خادا تاشلارغا باشلاپ بېرىپ غەرق قىلىدۇ.

② ئامفىئون — يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى زېۋسنىڭ ئوغلى. ئۇ نەي چېلىش ئارقىلىق رېس شەھىرىنى قۇرۇپ چىققانىمىش. ئۇ نەي چالغاندا تاشلار ھەرىكەتكە كېلىپ ئۆزلىكىدىن تام قوپۇرۇلىدىكەن.

نەغمە ئېنىقچە ياڭراپ تۇراتتى. ئۇ، خۇشبۇي ھاۋادىن نەپەس ئېلىپ، پەلەمپەيدىن تۆۋەنگە چۈشۈشكە باشلىدى، ياكى توغرىسىنى ئېيتقاندا، تۆۋەنگە چۈشۈۋاتقاندەك بولدى. بۇ يەردىكى ھاۋا خۇددى تىنىرسىيە غارىنىڭ ئەتراپلىرىدىن سىزىقۇپ تۇرىدىغان سابادەك خۇشپۇراقلىق ئىدى، شۇنداق خۇشپۇراقلىق ئىدىكى، ئۇنىڭدىن ئادەمنىڭ قەلبى شېرىن ھەۋەسلەرگە غەرق بولىدۇ، شۇنداق ئىلھامبەخش ئىدىكى، ئادەمنىڭ ئىشتىياقى ئوت ئالغاندەك بولۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئوڭىدا بولغان ھەممە ئىشلارنى سىرلىق ساھىبخان سىندىبادتىن تارتىپ تىلسىز چاكار ئەلىگىچە بولغان ھەممە ئىشلارنى قايتىدىن كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەممە نەرسە قالايمىقان ئارىلىشىپ، خۇددى ئۆچۈشكە باشلىغان ھېكمەتلىك چىراغنىڭ ئاخىرقى يورۇقلۇق نۇرلىرىدەك كۆزدىن غايىپ بولدى. ئەمدى ئۇ، قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ تۈن قاراڭغۇسىدىكى دىل ئارامىغا ھەمراھ بولغان خۇنۇك قارا چىراغنىڭ ئوتى پىلىلداپ تۇرغان خانىدىكى ھەيكەللەرنىڭ ئارىسىدا تەنھا ئۆزى قالدى.

بۇ ھەيكەللەر يەنە شۇ بايىقى ئاياللارنىڭ ھەيكەللىرى بولۇپ، بوي - تۇرقى كارامەت قاملاشقان، ئەرلىككە بولغان تەشنالىقى جۇش ئۇرۇپ تۇرغانىدى. ئۇلار شۇنچە ھېسسىياتلىق قاراشلىرى بىلەن يۈرەكنى ئوينىتىپ، شۇنچە يېقىملىق تەبەسسۇم بىلەن ئادەمنى شەيدا قىلاتتى، ئۇلارنىڭ شۇنچە كۆركەم بۇدرە چاچلىرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى. بۇلار — فىرنا، كلېئوپاترا، مىسالىنادىن ئىبارەت ئۈچ نەپەر داڭلىق ئىشرەتۋاز قىزلار ئىدى. بۇ ھاياسىز كۆرۈنۈشلەرنىڭ ئىچىدىن خۇددى يوپيورۇق نۇرغا ئوخشاش، مەجۇسلەرنىڭ ئولىمپ تېغىدىكى① پەرىشتىگە ئوخشاش بىر ئىپپەتلىك قىزنىڭ تېنى، بىر نۇرلۇق

---

① ئولىمپ — قەدىمكى يۇنان ئەپسانىلىرىدا تەڭرىلەر تۇرىدىغان تاغ.

گەۋدە پەيدا بولدى. ئۇ، شەھۋەتپەرەس مەرمەر قىزلاردىن ئىزا تارتىپ، ئۆزىنىڭ پاك چېھرىسىنى يوشۇرۇپ، ئۆزىنى چەتكە ئالدى.

مانا، بۇ ئۈچ ھەيكەل ئۆزلىرىنىڭ ئىشقىۋازلىقىدا بىر ئادەمگە ئاشىق بولۇشتى. بۇ بىر ئادەم شۇ فرانس ئۆزى ئىدى. ئۇزۇن ئاق ئىچ كۆڭلەك كىيگەن ھەيكەللەر يالىڭاچ كۆكسىنى ۋە دولقۇنلىنىپ، چېچىلىپ تۇرغان چاچلىرىنى ئوينىتىپ بىر - بىر بېسىپ ئۇنىڭ ياتقان ئورنىغا يېقىن كېلىشتى. ئۇلار شۇنچىلىك ھەۋەسلىك ناز بىلەن كېلىشتىكى، بۇنداق نازلىنىشلار تەڭرىلەرنىمۇ يولدىن ئازدۇرۇۋەتكەن، لېكىن مۇقەددەس ئەۋلىيالار ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى تۇتۇپ قالالىغانىدى. ئۇلار خۇددى قارلىغاچقا خىرىس قىلغان چار يىلاندەك رەھىمسىز ۋە يالقۇنلۇق كۆزلىرى بىلەن فرانسقا قارىشىپ تۇراتتى. فرانس بۇ كۆزلەرنىڭ خۇددى باغرىغا بېسىپ قۇچاقلىغاندەك ئادەمنى قىينايدىغان قاراشلىرىغا ۋە خۇددى ئەركىلىتىۋاتقاندەك شېرىن، لەززەتلىك قاراشلىرىغا تاقابىل تۇرۇشقا قادىر ئەمەس ئىدى.

فرانس كۆزلىرىنى يۇمدى ۋە ئۆز ئەتراپىغا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بىر نەزەر تاشلاپ، كىمخابتا پۈركىنىۋالغان ئۇياتلىق ھەيكەلنىڭ غۇۋا گەۋدىلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئەمەلدىكى جۈپلىشىشنى كۆرۈش ئۈچۈن يۇمۇلدى. ئۇنىڭ ھېسسىياتى ئەقىلگە سىغمايدىغان راھەتلىنىش سېزىمىگە قۇچاق ئاچتى.

ئەنە شۇ چاغدا، پەيغەمبەر ئۆز ئۈممەتلىرىگە ۋەدە قىلغان چەكسىز راھەت - پاراغەت، مىسلىسىز ئىشق - مۇھەببەت فرانسنى ئۆز ئىلكىگە ئالدى. مەرمەر لەۋلەرگە جان كىردى، يالىڭاچ ئەمچەكلەردىن ھارارەت كەلدى. بۇ چاغدا، مەجۇسنىڭ

تەسىرگە تۇنجى قېتىم بېرىلگەن فرانس ئۈچۈن ئىشق ـ ھەۋەس ئازابقا ئايلاندى، راھەتلىنىش سېزىمى جەبىر ـ جاپاغا ئايلاندى. ئۇ، ئۆزىنىڭ ئىنتىزارلىق لەۋلىرىگە خۇددى يىلاننىڭ قاسىرقىدەك يىرىك ۋە مۇزدەك مەرمەر لەۋلەرنىڭ يېپىشقانلىقىنى سەزدى. ۋەھالەنكى، ئۇنىڭ قوللىرى بۇ قورقۇنچلۇق ھاۋايى ـ ھەۋەسنى ئىتتىرىۋېتىشكە ئۇرۇنۇۋاتقان پەيتتە، ئۇنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرى تاتلىق ئۇيقۇنىڭ تەسىرىگە تەسلىم بولماقتا ئىدى. ئاخىرى، ئۇ، دەھشەتلىك ۋە لەززەتلىك چېلىشىشتىن كېيىن ھالسىرىغان، مادارىدىن كەتكەن، ھوزۇرلىنىشتىن بوشىشىپ كەتكەن ھالدا مەرمەر ئاشنىلىرىنىڭ سۆيۈشلىرى بىلەن ۋە بۇ ھاياجانلىق چۈشلەرنىڭ ئېزىتقۇسى بىلەن تەلۋىلىنىپ، تۆشەك ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلىۋەتتى.

ئىككىنچى باب

ئويغىنىش

فرانس ئۇيقۇدىن كۆزىنى ئاچقاندا ئەتراپتىكى نەرسىلەر گويا ئۇنىڭ چۈشىنىڭ داۋامىدەك بىلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭغا خۇددى ئۆزى بىر گۆر ئىچىدە ياتقاندەك ھەممە بۇ يەرگە ئاران چۈشۈپ تۇرغان كۈن نۇرى گوياكى بىر كېمىنىڭ ئىچىنى ئاغرىتىپ قاراۋاتقان كۆزلىرىدەك تۇيۇلدى. ئۇ، قولىنى سوزغانىدى، قولى بىر تاقىر تاشقا تەگدى. ئۇ، ئورنىدىن تۇردى ۋە ناھايىتى يۇمشاق ھەم پۇراقلىق ۋېرىسكا شاخلىرى ئۈستىگە سېلىنغان يېپىنچىسىنىڭ ئۈستىدە ياتقانلىقىنى كۆردى. ئېزىتقۇلۇق

كۆرۈنۈشلەر غايىب بولدى، ئۇ ئۇخلاۋاتقاندا گوياكى گۆردىن چىققان ئەرۋاھلاردەك كۆرۈنگەن ھېلىقى ھەيكەللەر ئەمدى ئۇ ئويغانغۇچە يوقىلىپ كېتىشكەنىدى.

ئۇ، كۈن نۇرى كۆرۈنۈۋاتقان تەرەپكە بىرنەچچە قەدەم تاشلىدى. جۇشقۇنلۇق چۈشلەر، تىپتىنچ ئەمەلىيەتكە ئايلاندى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆڭكۈر ئىچىدە ياتقانلىقىنى چۈشەندى ۋە يېرىم چەمبەر شەكلىدىكى چىقىش ئېغىزىغا كېلىپ، تىنىق ئاسماننى ۋە كۆپكۆك دېڭىزنى كۆردى. تاڭ قۇياشى نۇر چېچىپ، دېڭىزدىكى دولقۇنلارنى ۋە ساپ ھاۋانى يورۇتماقتا ئىدى. دېڭىز ياقىسىدا ماتروسلار ئولتۇراتتى، ئۇلار ئۆزئارا پاراڭ سېلىپ، كۈلۈشمەكتە ئىدى. قىرغاقتىن ئون قەدەمچە نېرىدا قېيىق ئاستا چايقىلىپ تۇراتتى. فرانس ئۆزىنىڭ ماڭلىيىغا ئۇرۇلۇۋاتقان سالقىن شامالدىن ھوزۇرلىنىپ، بىرنەچچە مىنۇت سۈكۈتتە تۇردى. ئۇ، قىرغاققا سوقۇلۇپ، قىيالار ئۈستىدە كۈمۈشتەك ئاپئاق كۆپۈكچىلەرنى ھاسىل قىلىۋاتقان دولقۇنلارنىڭ يۇمشاق ساداسىغا قۇلاق سالدى؛ ئۇ، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا، ھېچنېمىنى ئويلىماستىن گۈزەل تاڭنىڭ پەيزىگە مەھلىيا بولدى؛ بولۇپمۇ كىشى ئاجايىپ غەلىتە چۈشلەرنى كۆرۈپ ئويغانغاندا تاڭ پەيتىنىڭ بۇنداق گۈزەللىكىنى ئالاھىدە ھېس قىلىدۇ. ئۇ، كۆز ئالدىدا نامايان بولغان كائىناتنىڭ شۇنچە تىنچ، كۆركەم، ھەيۋەتلىك مەنزىرىسىگە قاراپ، ئۆزىنىڭ كۆرگەن چۈشىدىكى قايمۇقۇشلىرىنى ئېسىگە ئالدى ۋە ئۇنىڭ پىكىر ـ خىيالى ئاستا ـ ئاستا ئەمەلىيەتكە ئويغۇنلاشتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئارالغا قانداق كەلگەنلىكىنى، ئەتكەسچىلەرنىڭ باشلىقى بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى، سەلتەنەتلىك بېزەلگەن يەر ئاستى سارىيىنى، ھەشەمەتلىك زىياپەتنى ۋە ئۆزى ئىستېمال قىلغان بىر قوشۇق مەجۇننى بىر ـ بىرلەپ يادىغا كەلتۈردى.

لېكىن، يوپيورۇق كۈن نۇرى ئۆكۈلۈپ تۇرغان شۇ مەزگىلدە، بۇ ۋەقەلەرنىڭ بولۇپ ئۆتكىنىگە ئاز دېگەندىمۇ بىر يىل بولغاندەك تۇيۇلۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چۈشىدە كۆرگەنلىرى ئېسىدە ئەينەن ساقلىنىپ، پىكىر - خىيالىنى چۇلغىۋالغانىدى. تۇرۇپ - تۇرۇپلا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئاخشام تۈن بويى ئۇنىڭ بىلەن لەززەتلىك ئويناشقان ھېلىقى قىزلارنىڭ كۆرۈنۈشلىرى گەۋدىلىنىپ قالاتتى. ئۇلار گويا كى ماتروسلارنىڭ ئارىسىدا تۇرغاندەك، ياكى قىيالار ئۈستىدە كېتىۋاتقاندەك ۋە ياكى دولقۇندا چايقىلىپ تۇرغان قولۋاقتا ئولتۇرغاندەك كۆرۈنۈپ كېتەتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنىڭ مېڭىسى سەگەك، بەدىنى ئوبدان ھاردۇق ئالغانىدى. ئۇنىڭ مىجەزىدە قىلچە بىتاپلىق بولماستىن، ئەكسىچە روھىي كەيپىياتى كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. ئۇ ھۇزۇرلانغان ھالدا ساپ ھاۋانى سۈمۈرۈپ چوڭقۇر نەپەس ئالدى ۋە قۇياشنىڭ ئىللىق نۇرىغا يۈزىنى قارىتىپ زوق ئەيلىدى.

ئۇ تېتىك قەدەملەر بىلەن ماتروسلارنىڭ ئالدىغا باردى. ئۇنى كۆرۈپ ماتروسلار ئورنىدىن تۇرۇشتى، قېيىق ئىگىسى ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— مۆھتەرەم سىندباد - ساياھەتچى جانابىڭىزغا سالام ئېيتتى، — دېدى ئۇ، — ئۇ ئۆزىنىڭ سىز بىلەن خوشلىشالماي كېتىپ قالغانلىقىغا ئىنتايىن ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىنى سىزگە يەتكۈزۈپ قويۇشۇمنى تاپىلىدى. ئۇ، بىر مۇھىم ئىش بىلەن مالاگاغا كېتىشكە مەجبۇر بولغانلىقى ئۈچۈن سىزنىڭ خاپا بولماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— دېمەك، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى راستمۇ، دوستۇم گائېتانو؟ — دېدى فرانس، — بۇ ئارالدا مېنى پادىشاھدەك مېھمان قىلىپ، مەن ئويغانغۇچە كېتىپ قالغان شۇ ئادەم راستىنلا مەۋجۇتمۇ؟

— مەۋجۇت. ئەنە ئۇنىڭ كېمىسى ھەممە يەلكەنلىرىنى يايغان ھالدا كېتىپ بارىدۇ. ئەگەر سىز دۈربۈنىڭىز بىلەن قاراپ باقسىڭىز، ئېھتىمال كېمە ئۈستىدە ئۇنى كۆرۈشىڭىز مۇمكىن.

گائېتانو كورسىكا ئارىلىنىڭ جەنۇبىي تۇمشۇقىغا قاراپ يول ئالغان كىچىك بىر كېمىنى قولى بىلەن كۆرسەتتى. فرانس دۈربۈنىنى چىقىرىپ توغرىلىدى ۋە ئۆزىگە كۆرسىتىلگەن تەرەپكە قارىدى. گائېتانو توغرا ئېيتقانىدى. كېمە ئۈستىدە ئاشۇ سىرلىق ئادەم ئارال تەرەپكە قاراپ تۇراتتى. ئۇمۇ خۇددى فرانسقا ئوخشاشلا قولىدا دۈربۈنىنى تۇتۇپ قارىماقتا ئىدى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدا يەنىلا ئاخشامقى كىيىملىرى بار ئىدى ۋە ئۇ خوشلىشىش ئىشارىسى قىلىپ قولياغلىقىنى سىلكىپ تۇراتتى. فرانسمۇ جاۋابەن قول ياغلىقىنى چىقىرىپ پۇلاڭلاتتى. بىردەمدىن كېيىن كېمە ئۈستىدە يېنىككىنە ئاق ئىس پەيدا بولدى. بۇ ئىس كېمىدىن چىرايلىق ئاجرىلىپ چىقىپ، ئاسمانغا ئاستا كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. فرانس يىراقلىق بىلەن ئاجىزلاشقان توپ ئاۋازىنى ئاڭلىدى.

— ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى گائېتانو، — ئۇ سىز بىلەن خوشلىشىۋاتىدۇ.

فرانس مىلتىقىنى قولىغا ئالدى ۋە ئۇنىڭ ئوق ئاۋازى كېمىگە يېتىپ بېرىشىغا ئىشەنچ قىلالمىسىمۇ، ئاسمانغا قارىتىپ بىر پاي ئوق ئاتتى.

— جانابىڭىز ئەمدى نېمە قىلىشنى بۇيرۇيسىز؟ — دەپ سورىدى گائېتانو.

— ئەڭ ئالدى بىلەن مەشئەلنى يېقىڭ.

— ھە، چۈشەندىم، — دېدى قېيىق ئىگىسى، — سىز ھېكمەتلىك سارايىنىڭ كىرىش ئېغىزىنى تاپماقچى. خاھىشىڭىز شۇنداق بولسا سىزگە ئۇتۇق تىلەيمەن، تەقسىر. مەشئەلنى مەن

ھازىر تەييار قىلىمەن. مەن ئۆزۈممۇ دائىم شۇ خىيالدا يۈرەتتىم، مەن بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۈچ - تۆت قېتىم مۇشۇنداق ئىزدەش بىلەن ئاۋارە بولغانىدىم، لېكىن ئاخىرى بۇ ئىشتىن يالتايدىم. جوۋاننى، — دەپ قىچقاردى ئۇ، — جانابلىرىغا مەشئەل يېقىپ بەرگىسىن.

جوۋاننى بۇيرۇقنى ئورۇندىدى. فرانس مەشئەلنى كۆتۈرۈپ ئۆڭكۈرگە كىردى، گائېتانومۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە باردى. فرانس ئۆزىنىڭ بايىقى ۋىرىسكا شاخلىرى ئۈستىدە ياتقان يېرىنى كۆردى. لېكىن ئۇ، ئۆڭكۈرنىڭ دىۋارلىرىنى مەشئەل بىلەن يورۇتۇپ بىھۇدە ئاۋارە بولدى. ئۇ، ئىسلىشىپ كەتكەن جايلارنى كۆرۈپ، بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ كۆپ كىشىلەر مۇشۇنداق ئىزدەش بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى چۈشەندى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ، كەلگۈسى دۇنيادەك سىرلىق گىرانىت دىۋارنىڭ ئالقانچىلىك يېرىنى قويماي تەكشۈرۈپ چىقتى. كىچىككىنە يوچۇقنى كۆرسە، پىچىقىنىڭ ئۇچىنى تىقىپ كولاپ باقتى، سىرتقا چىقىپ قالغان ھەر بىر تاشنى مىدىرلىتىشقا ئۇرۇنۇپ ئىتتىرىپ باقتى. لېكىن، ھەممە ئۇرۇنۇشلار بىھۇدە ئىدى. ئۇ ئىككى سائەت ۋاقتىنى بىكارغا ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئاخىرى ئۆزىنىڭ بۇ مۇددىئاسىدىن ۋاز كەچتى. گائېتانونىڭ ئېيتقىنى توغرا بولۇپ چىقتى.

فرانس دېڭىز ياقىسىغا قايتىپ كەلگەندە، ئۇزاپ كەتكەن ھېلىقى كېمە ئۇپۇقتىكى بىر ئاق چېكىتتەك بولۇپ قالغانىدى. ئۇ يەنە دۇربۇن بىلەن قارىدى. لېكىن، دۇربۇن بىلەنمۇ ھېچنېمىنى پەرق ئېتىشكە بولمايتتى. گائېتانو ئۇنىڭ بۇ يەرگە تاغ تېكىلىرىگە ئوۋ قىلىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئەسلىتىپ قويدى. فرانس بۇنى پۈتۈنلەي ئېسىدىن چىقىرىپ قويغانىدى. ئۇ، قولىغا مىلتىقىنى ئالدى - دە، ئارالنى ئاختۇرۇپ مېڭىپ

كەتتى. ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى ئوۋ قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ئادەمگە ئوخشىمايتتى، بەلكى ئۆزىگە يۈكلەنگەن ۋەزىپىنى ئورۇنداۋاتقان ئادەمدەك كۆرۈنەتتى. چارەك سائەتكە قالمايلا ئۇ بىر تېكە بىلەن ئىككى ئوغلاقنى ئېتىۋالدى. بىراق، بۇ تاغ ئۆچكىلىرى كېيىكلەرگە ئوخشاشلا ياۋايى ھەم چاققان بولۇشىغا باقماي، ئادەتتىكى ئۆي ئۆچكىلىرىگە شۇنداق ئوخشايتتىكى، فرانس بۇنى ئوۋغا ھېساب قىلمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ مېڭىسىنى تامامەن باشقا خىياللار چۇلغىۋالغانىدى. ئاخشامقى ۋەقەدىن باشلاپ ئۇ «مىڭ بىر كېچە» چۆچەكلىرىنىڭ بىر قەھرىمانى بولۇپ قالغانىدى ۋە ھېلىقى غار ئۇنىڭ ئوي - پىكرىنى ئىگىلەپ تۇرماقتا ئىدى. دەسلەپكى ئىزدەشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتسىز بولغانلىقىغا قارىماي، ئۇ يەنە بىر قېتىم ئىزدەشكە كىرىشتى ۋە بۇ ئارىدا گائېتانوغا ئوغلاقلاردىن بىرىنى پىشۇرۇپ تۇرۇشنى تاپشۇردى. ئىككىنچى قېتىملىق قىدىرىش شۇنچىلىك ئۇزاق داۋاملاشتىكى، فرانس قايتىپ كەلگەندە ئوغلاق گۆشى ئاللىقاچان پىشۇرۇلۇپ غىزا تەييار قىلىنغانىدى.

فرانس تۈنۈگۈن كەچتە ئۆزىنىڭ سىرلىق ساھىبخانىنىڭ زىياپىتىگە تەكلىپ قىلىنغان ۋاقتىدا ئولتۇرغان جايىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە كورسىكانى نىشانلاپ، خۇددى دولقۇنلار ئارىسىدا شۇڭغۇپ يۈرگەن بېلىق ئالغۇچتەك يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان بايىقى كېمىنى كۆردى.

— بۇ قانداق بولغىنى؟ — دېدى ئۇ گائېتانوغا مۇراجىئەت قىلىپ، — سىز جانابىي سىندبادنى مالاگاغا بارىدۇ دېگەنىدىڭىزغۇ، لېكىن مېنىڭچە، ئۇ ھازىر توپتوغرا پورتو-ۋېككىئوغا قاراپ كېتىۋاتىدۇ.

— ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟ — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى قېيىق ئىگىسى، — ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىككى نەپەر كورسىكانلىق قاراقچى بار ئەمەسمۇ.

— ھە راست! دېمەك، ئۇ، قاراقچىلارنى ئۆز يۇرتىغا يەتكۈزۈپ قويماقچىكەن - دە؟ — دېدى فرانس.

— ئەلۋەتتە شۇنداق. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ ئادەم ھەر قانداق بالا - قازادىن قورقمايدىكەن ۋە بېشىغا كۈن چۈشكەن ئادەمگە ياخشىلىق قىلىش ئۈچۈن 50 مىل مۇساپىنى ئارتۇق مېڭىشقىمۇ تەييار ئىكەن!

— لېكىن، ئۇ قايسى مەملىكەتتە بۇ خىلدىكى خەيرىخاھلىق پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارسا، شۇ مەملىكەت ھۆكۈمىتىنىڭ نارازىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن، — دېدى فرانس.

— ھۆكۈمەت نارازى بولسا بولۇۋەرمەمدۇ! — دېدى گائېتانو كۈلۈپ قويۇپ، — ئۇنىڭ ھۆكۈمەت بىلەن چاتىقى نېمە؟ ئۇ، ھۆكۈمەت دېگەننى بىر تىيىنگىمۇ ئالمايدۇ! قېنى، ئۇنى قوغلاپ تۇتۇپ بېقىشسۇنچۇ! بىرىنچىدىن، ئۇنىڭ كېمىسى كېمە ئەمەس، بىر ئۇچار قۇش؛ ئىككىنچىدىن، ئۇ قۇرۇقلۇققا چىقسىلا ھەممە يەردە ئۇنىڭ دوستلىرى بار.

بۇ گەپلەردىن قارىغاندا، فرانسىنىڭ مېھماندوست ئۈلپىتى بولغان سىندباد ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ ئەتراپىدىكى ھەممە مەملىكەتلەرنىڭ ئەتكەسچىلىرى ۋە قاراقچىلىرى بىلەن ئالاقىدار بولغانلىقى ئايان ئىدى. بۇ ھال بىرئاز ئەجەبلىنەرلىك تۇيۇلاتتى.

فرانسىنىڭ ئەمدى مونتې - كرىستودا ھېچقانداق ئىشى قالمىغانىدى. ھېلىقى غارنىڭ سىرىنى ئېچىشقا ئۇنىڭ قىلچىلىكمۇ ئۈمىدى قالمىدى. شۇڭا، ئۇ غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن ماتروسلارغا قېيىقنى تەييار قىلىشنى بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن، يېرىم سائەتتىن كېيىن ئۇ قېيىققا ئولتۇردى. ئۇ، يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان كېمىگە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بىر نەزەر تاشلىدى. كېمە پورتو - ۋېككيو بوغۇزىغا كىرىپ غايىب بولۇشقا

باشلىغانىدى. فرانس قېيىقنى ھەيدەشكە ئىشارەت قىلدى. قېيىق ئورنىدىن قوزغالغان پەيتتە كېمە كۆزدىن غايىب بولدى. كېمە بىلەن بىرلىكتە ئۆتكەن كېچىنىڭ ئەسلىمىلىرى: زىياپەت، سىندباد، مەجۇن ۋە ھەيكەللەر گوياكى فرانسىنىڭ ئۇخلاپ كۆرگەن بىر ئاجايىپ چۈشىدەك خاتىرىسىدىن كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. قېيىق تولۇق بىر كېچە - كۈندۈز دېڭىزدا ئۈزگەندىن كېيىن ئەتىسى تاڭ سەھەردە، قۇياش كۆتۈرۈلگەن مەھەلدە مونتې - كرىستو ئارىلىمۇ كۆزدىن غايىب بولدى.

فرانس قۇرۇقلۇققا چىقىشى بىلەنلا ئۆزىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى بىرقەدەر ئۇنتۇغاندەك بولدى ۋە فلورېنسىيەدىكى كىشىلىك قائىدە - يوسۇنلىرىنى تاماملاپ، ئۆزىنى ئالبېر مورسېر كۈتۈپ تۇرغان رىم شەھىرىگە راۋان بولۇشقا ئالدىرىدى. شۇندىن كېيىن ئۇ يولغا چىقتى ۋە كىرا پەيتونىغا ئولتۇرۇپ، شەنبە كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى رىمنىڭ تاموژنا مەيدانىغا يېتىپ كەلدى. سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇلارغا ئاتالغان ئۆيلەر تەييار ئىدى. ئەمدى پاسترىنى ئەپەندىنىڭ مېھمانخانىسىغا يېتىپ بېرىش لازىم ئىدى. لېكىن، بۇ ئانچە ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى، چۈنكى كوچىلارغا ئادەملەر تولۇپ كەتكەن بولۇپ، رىم شەھىرى بۈيۈك مەرىكە تەنتەنىسىدىن دالالەت بېرىپ جىددىي، ھاياجانلىق كەيپىياتقا تولغان. رىمدا ھەر يىلى تۆت خىل مەرىكە تەنتەنىسى ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇلار: كارناۋال، ئىشىق ھەپتىلىكى، تەڭرى بايرىمى ۋە مۇقەددەس پېتىر بايرىمىدىن ئىبارەت. يىلنىڭ باشقا ۋاقىتلىرىدا شەھەر ئۇيقۇغا چۆمگەندەك بولۇپ، گويا ھايات بىلەن ماماتنىڭ ئارىلىقىدا تۇرغاندەك ھالەت شەكىللىنىدۇ ۋە ئۇ دۇنيا بىلەن بۇ دۇنيانىڭ ئارىلىقىدىكى بىر ئۆتەڭگە ئوخشاپ قالىدۇ. بۇ ئۆتەڭ شۇنچە گۈزەل.

شائىرانە ۋە ئۆزگىچە ئىدىكى، فرانس بۇ يەرگە ئالتە قېتىم كەلگەن بولۇپ، ھەر قېتىم كەلگەندە بۇ ماكان ئۇنىڭغا يەنىمۇ ھېكمەتلىك ۋە مەپتۇن قىلارلىق تۇيۇلاتتى.

ئاخىرى ئۇ، بارغانسېرى تىقما - تىقماق بولۇپ كېلىۋاتقان ۋە غۇلغۇلىسى ئەۋج ئېلىپ كېتىۋاتقان كىشىلەر توپى ئارىسىدىن مىڭ بىر تەسلىكتە قىستىلىپ ئۆتۈپ، مېھمانخانىنىڭ ئىشىك ئالدىغا باردى. ئۇنىڭ دەسلەپكى سوئالىغا مېھمانخانا خىزمەتكارلىرى بازدىرى چىققان ھارۋىكەشلەرگە ۋە خانىملىرى تىرشىپ كەتكەن مېھمانخانا ئىگىلىرىگە خاس تۇپالىلىق بىلەن، «لوندون» مېھمانخانىسىدا ئۇنىڭغا ئورۇن يوق، دەپ جاۋاب بېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ نام - ئەمەل كارتوچكىسىنى مېھمانخانا ئىگىسى پاسترىنىگە كىرگۈزدى ۋە ئالبېر مۇرسېرنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالدى. بۇ دەۋا ئاقتى. پاسترىنى ئەپەندى شەخسەن ئۆزى ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقتى ۋە ھۆرمەتلىك جانابنى ساقلىتىپ قويغانلىقىغا ئەپۇ سورىدى، خىزمەتكارلارغا ئاچچىق قىلىپ تەنبىھ بەردى، مېھمانىنى ئىچكىرىگە باشلاۋاتقان كۆتكۈچىنىڭ قولىدىن شامدانىنى تارتىۋالدى - دە، ئۇنى شەخسەن ئۆزى ئالبېرنىڭ يېنىغا باشلاپ كىرەي دەپ تۇرغاندا ئالبېر ئۆزى چىقىپ كەلدى.

ئۇلارغا ئاجرىتىلغان ئۆي كىچىك - كىچىك ئىككى بۆلمە ۋە بىر دالاندىن ئىبارەت ئىدى. بۆلمىلەرنىڭ دېرىزىلىرى كوچىغا قارايتتى. بۇنى پاسترىنى ئەپەندى تەڭداشسىز ئەۋزەللىك دەپ تەرىپلىدى. مېھمانخانىنىڭ بۇ قەۋىتىدىكى باشقا ھەممە ئۆيلەرنى قانداقتۇر بىر چوڭ باي ئىگىلىگەن بولۇپ، ئۇ، سىتسىلىيىلىكمۇ ياكى مالتالىقمۇ، ئەيتاۋۇر پاسترىنى ئەپەندى ئۆزىمۇ ئېنىق بىلمەيتتى.

— بۇ ئىشلىرىمىزغۇ ناھايىتى ياخشى بولدى، پاسترىنى

ئەپەندى، — دېدى فرانس، — ئەمدى ئەڭ ئالدى بىلەن قورسىقىمىزنى تويغۇزۇۋېلىشىمىز كېرەك. ئاندىن، بىزگە ئەتىسكى ۋە كېيىنكى كۈنلەردە ئىشلىتىش ئۈچۈن بىر پەيتۇن لازىم بولىدۇ.

— قورساق تويغۇزۇش دېسەڭلار، — دەپ جاۋاب بەردى مېھمانخانا ئىگىسى، — غىزا ھازىر كەلتۈرۈلىدۇ. بىراق، پەيتۇن...

— ھە! — دەپ خىتاب قىلدى ئالبېر، — توختاڭ، توختاڭ، پاسترىنى ئەپەندى، سىز چاقچاق قىلىۋاتامسىز؟

— جانابلىرى، — دېدى مېھمانخانا ئىگىسى، — پەيتۇن تېپىش ئۈچۈن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئىزدىنىپ كۆرىمىز. بۇنىڭدىن ئارتۇق گەپنى ھۆددىگە ئالغىلى بولمايدۇ.

— بۇنىڭ جاۋابىنى قاچان ئاڭلايمىز؟ — دەپ سورىدى فرانس.

— ئەتە ئەتىگەندە، — دەپ جاۋاب بەردى خوجايىن.

— نەدىكى گەپنى قىلىۋاتىسىز! — دېدى ئالبېر، — پۇلنى جىقراق بەرسەكلا ئىش پۈتمەمدۇ. بۇ ھەممىگە ئايان گەپ: درېك ۋە ئاروندا ئادەتتىكى كۈنلەردە 25 فرانكتىن، يەكشەنبە ۋە بايراملاردا 30 ياكى 35 فرانكتىن ئېلىنىدۇ. بۇنىڭغا يەنە بەش فرانك چاي پۇلىنى قوشساق 40 فرانك بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىش تامام.

— مېنىڭچە، جانابلىرى ئۇنىڭدىن ئىككى ھەسسە ئارتۇق ھەق تۆلىگەن تەقدىردىمۇ بىرەر پەيتۇننىڭ تېپىلىشى ناتايىن.

— ئۇنداق بولسا، مېنىڭ ئۆزۈن يوللۇق ھارۋامغا ئات قوشۇپ بېرىشسۇن. بۇ ھارۋا يولدا بىر ئاز ئىسكەتتىدىن كەتكەن بولسىمۇ، كارغا كېلىدۇ.

— ئاتلارنى تاپقىلى بولمايدۇ.

ئالبېر خۇددى ئۇنىڭغا نېمىدەۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەيۋاتقان ئادەمدەك ئەلپازى بىلەن فرانسقا قارىدى.

— بۇ قانداق گەپ، فرانس؟ — دېدى ئۇ، — پوچتا ئاتلىرىنىمۇ تاپقىلى بولماسمۇ؟

— پوچتا ئاتلىرىنى ئىككى ھەپتە بۇرۇنلا كىشىلەر ئېلىپ

كېتىشكەن. ئەمدى پوچتا ئىشلىرىغا لازىم بولىدىغانلىرىلا قالدى.

— سىز بۇ گەپكە نېمە دەيسىز؟ — دېدى فرانس.

— شۇنداق دەيمەنكى، ئەگەر مەن ئەقلىم يەتمەيدىغان مەسىلىگە دۇچ كەلسەم، بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئارتۇقچە باش قاتۇرماستىن، باشقا مەسىلىگە ئۆتۈپ كېتىمەن. غىزانىڭ ئىشى قانداقراق، پاسترىنى ئەپەندى؟

— غىزا تەييار، جانابلىرى.

— ئۇنداق بولسا، ئىشنى غىزادىن باشلايلى.

— پەيتۇن بىلەن ئاتنىمچۇ؟ — دەپ سورىدى فرانس.

— مالال بولماڭ، دوستۇم. پۇلنىڭ كۆزىگە قارىمىساقلا ئات - ھارۋىمۇ تېپىلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن، مورسېر يانچۇقىدا پۇل بولسىلا ھەممە ئىشنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ، دەيدىغان ئادەملەرنىڭ ئاجايىپ مەنتىقىسى بويىچە بىپەرۋالىق بىلەن تاماق يەپ بولۇپ يوتقانغا كىرىپ ياتتى ۋە تاڭ ئاتقۇچە سۇغۇردەك ئۇخلاپ، چۈشىدە ئۆزىنىڭ ئالتە ئات قوشقان پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ كارناۋالدا تاماشا قىلىپ يۈرگەنلىكىنى كۆردى.

ئۈچىنچى باب

رىم قاراقچىلىرى

ئەتىسى فرانس بالدۇر ئويغاندى ۋە دەرھال قوڭغۇراقنى جىرىڭلاتتى. قوڭغۇراقنىڭ جىرىڭلىشى تېخى بېسىقماي تۇرۇپلا پاسترىنى ئەپەندى ئۆزى كىرىپ كەلدى.

— مانا كۆردىڭىزمۇ، — خوجايىن فرانسنىڭ گەپ قىلىشىنىمۇ كۈتمەستىن مەغرۇر سۆزلىدى، — تۈنۈگۈن مېنىڭ ئېيتقانلىرىم توغرا بولۇپ چىقتى، تەقسىر. سىلەر بۇ ئىشقا بەك كېچىكىپ قاپسىلەر، ھازىر پۈتۈن رىمدا كارناۋالنىڭ ئاخىرقى ئۈچ كۈنىگە بېرىلىدىغان بىرمۇ پەيتۇن قالماپتۇ.

— مۇنداق دەڭ! — دېدى فرانس، — بۇ، پەيتۇنغا ئەڭ ئېھتىياجلىق بولىدىغان كۈنلەر.

— نېمە دېيىشىۋاتىسىلەر؟ — دەپ سورىدى بۇ ئارىدا ئۇلارنىڭ يېنىغا كىرىپ كەلگەن ئالبېر، — پەيتۇن يوقمىكەن؟

— شۇ گەپ، دوستۇم، — دېدى فرانس.

— بەللى، قالتىس شەھەر ئىكەن - دە، مەڭگۈلۈك شەھەرمىش تېخى.

— مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، جانابلىرى، — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى پاسترىنى ئەپەندى بۇ ئەجنەبىيلەرنىڭ كۆز ئالدىدا خرىستىئان دۇنياسىنىڭ پايتەختى بولغان شەھەرنىڭ ئىززەت - ئابرويىنى قوغدىماقچى بولۇپ، — دېمەكچى بولغىنىم، يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەندىن تارتىپ سەيشەنبە كۈنى كەچكىچە بولغان ۋاقىتتا بېرىلىدىغان پەيتۇن تېپىلمايدۇ. ئەمما، يەكشەنبىگىچە ئەگەر خالىسىڭىزلەر 50 پەيتۇن لازىم بولسىمۇ تېپىلىدۇ.

— ھە، بۇ بىرئاز تۈزۈك گەپ بولدى! — دېدى ئالبېر، — بۈگۈن پەيشەنبە، يەكشەنبىگىچە يەنە نېمە ئىشلار بولىدۇ، كىم بىلسۇن؟

— ئۇنىڭغىچە بۇ شەھەرگە يەنە 10—12 مىڭ ئادەم كېلىپ قوشۇلىدۇ، — دېدى فرانس، — شۇنىڭ بىلەن ئەھۋال تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىدۇ.

— قەدىرلىك دوستۇم، — دېدى ئۇنىڭغا مورسېر، — ھازىرقىسىنى ھازىر كۆرەيلى، كېيىنكىسىگە كېيىنچە بىر گەپ بولار.

— ھېچبولمىغاندا بىرەر دېرىزىگە ئىگە بولالامدۇق؟ — دەپ سورىدى فرانس.

— دېرىزە؟ قانداق دېرىزە؟

— ئەلۋەتتە، كورسو كوچىسىنى كۆرۈشكە بولىدىغان دېرىزىنى دەيمەن - دە.

— چاقچاق قىلىۋاتامسىز! دېرىزە! — دەپ خىتاب قىلدى پاسترىنى ئەپەندى، — مۇمكىن ئەمەس! پۈتۈنلەي مۇمكىن ئەمەس! دورىيا مېھمانخانىسىنىڭ ئالتىنچى قەۋىتىدە بوش قالغان بىر دېرىزە بار ئىدى، لېكىن ئۇنىمۇ تېخى تۈنۈگۈن بىر رۇس كىنەز كۈنىگە 20 سىخىن① ھەق تۆلەش شەرتى بىلەن ئىجارىگە ئېلىۋالدى.

يىگىتلەر ھەيران بولۇپ بىر - بىرىگە قاراشتى.

— ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك، قەدىرلىك دوستۇم؟ — دېدى فرانس ئالبېرغا، — مېنىڭچە، بىز ئەمدى ۋېنېتسىيىدىكى كارناۋالغا قاتنىشايلى. ئۇ يەردە پەيتۇنلار تېپىلمىغان تەقدىردىمۇ، بىرەر قېيىق تېپىلىدۇ.

— ياق، بولمايدۇ! — دەپ خىتاب قىلدى ئالبېر، — مەن رىم كارناۋالىنى كۆرۈش ئۈچۈن كەلدىم. قانداق قىلىپ بولمىسۇن بۇ يەردىكى كارناۋالنى كۆرمەي تۇرۇپ باشقا يەرگە كەتمەيمەن.

— ياخشى گەپ، — ئۇنىڭغا قوشۇلدى فرانس، — بولۇپمۇ شام ئۆچۈرۈش ئويۇنىنى بىر كۆرمەي بولمايدۇ. بىز قىزىقچى، ۋامپىر② ياكى لاندا پادىچىلىرىدەك ياسىنىۋېلىپ ئاجايىپ ئالقىشقا ئېرىشەلەيمىز.

— جانابلار يەكشەنبىگىچە بولسىمۇ ئىشلىتىپ تۇرۇشقا بولىدىغان ھارۋىلارغا ئىگە بولۇشنى خالىشامدۇ؟

---

① سىخىن — XIX—XIII ئەسىرلەردە ئىتالىيىنىڭ ۋېنېتسىيە شەھەرىدە قويۇلغان بىر خىل ئالتۇن پۇل.

② ۋامپىر — قەدىمكى رىم ئەپسانىلىرىدا گۇردىن چىقىپ، ئۇخلاۋاتقان ئادەملەرنىڭ قېنىنى شورايدىغان مۇردا.

— ئەلۋەتتە! — دېدى ئالبېر، — سىز بىزنى ئادەتتىكى بىر خەتتاتلاردەك رىم كوچىلىرىنى پىيادە مېڭىپ ئايلىنىدۇ دەپ ئويلامسىز؟

— جانابلىرىنىڭ ئەمرى بەجا كەلتۈرۈلىدۇ، — دېدى پاسترىنى ئەپەندى، — لېكىن مەن ئالدىن ئېيتىپ قويۇشۇم لازىمكى، ھارۋىنىڭ كىرا ھەققى كۈنىگە ئالتە پىئاستىردىن كەم بولمايدۇ.

ھۆرمەتلىك پاسترىنى ئەپەندى، — دېدى فرانس، — مەن بىزگە قوشنا بولۇپ ئولتۇرغان ھېلىقى مىلليونېر ئەمەسمەن. مەنمۇ سىزگە ئېيتىپ قويايكى، بۇ مېنىڭ رىمغا تۆتىنچى قېتىم كېلىشىم. شۇڭا، كىرا ھەققىنىڭ ئادەتتىكى كۈنلىرى، بايرام ياكى يەكشەنبىگە بېقىپ بولىدىغان ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى ناھايىتىمۇ ياخشى بىلىمەن. بىز سىزگە ئۈچ كۈنلۈك كىرا ھەققىمىز ئۈچۈن 12 پىئاستىر بېرىمىز. شۇنىڭدىمۇ سىز بۇنىڭدىن خېلى كۆپ پايدا ئالىسىز.

— ئۇنداق دېگەنلىرى بىلەن، جانابلىرى... — دەپ پاسترىنى گەپ ياساشقا ئۇرۇندى.

— ئۆزىڭىزنىڭ ئىختىيارىڭىز، قەدىرلىك خوجايىن، ئىختىيارىڭىز، — دېدى فرانس، — بولمىسا مەن ئۆزۈم بېرىپ شېرىكىڭىز بىلەن سودىلىشىپ كېلىمەن. مەن ئۇنى ئوبدان تونۇيمەن، ئۇ مېنىڭ كونا دوستۇم. ئۆز ۋاقتىدا ئۇ مېنىڭدىن خېلى كۆپ نەپ ئالغان، ھېلىمۇ شۇنداق نەپ ئېلىشنىڭ كويىدا يۈرىدۇ. ئۇ، مەن سىزگە بەرمەكچى بولغاندىن ئاز ئالىدۇ. سىز بۇنىڭدىن قۇرۇق قالىسىز ئۆزىڭىزدىن كۆرۈڭ.

— ئۆزلىرىگە ئاۋارە بولۇشنىڭ نېمە ھاجىتى، جانابلىرى؟ —

دېدى پاسترىنى، ئۆزىنىڭ يېڭىلگەنلىكىگە تەن بەرگەن ئىتاليان جازانىخورلىرىغا خاس كۈلكىسى بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ. — ئامالنىڭ بارىچە ئىشنى ئۆزۈم توغرىلاپ جانابلىرىنى رازى قىلىمەن.

— مانا بۇ گېپىڭىز يارايدۇ! باشتىلا شۇنداق دېسىڭىز بولاتتى.

— ئۆزلىرىگە پەيتۇن قاچان لازىم بولىدىكىن؟

— بىر سائەتتىن كېيىن.

— خوپ، بىر سائەتتىن كېيىن پەيتۇن ئىشىك ئالدىدا هازىر بولىدۇ.

دەرۋەقە، بىر سائەتتىن كېيىن هارۋا هازىر بولۇپ، يىگىتلەرنى كۈتۈپ ئىشىك ئالدىدا توختىدى. بۇ، ئادەتتىكى بىر كىرا هارۋىسى بولۇپ، مەرىكە مۇناسىۋىتى بىلەن پەيتۇن دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى. بۇ هارۋىنىڭ تۇرقى شۇنچە كۆرۈمسىز بولسىمۇ، يىگىتلەر ئەگەر ئۇنى كارناۋالنىڭ ئاخىرقى ئۈچ كۈنىدە ئىشلىتەلىگەن بولسا ئۆزلىرىنى بەختلىك هېس قىلغان بولاتتى.

— جانابلىرى! — دەپ توۋلىدى يول باشلىغۇچى خىزمەتكار دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ قارىغان فرانسقا، — پەيتۇن سارايغا كىرسۇنمۇ؟

فرانس گەرچە ئىتالىيانلارنىڭ دەبدەبىلىك ئىبارىلىرىگە كۆنۈكۈپ قالغان بولسىمۇ، هەرهالدا ئۆپچۆرىسىگە بىر قاراپ قويدى، لېكىن يول باشلىغۇچىنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭ ئۆزىگە قارىتىلغانلىقى روشەن ئىدى. جانابلىرى دېگىنى ئۇنىڭ ئۆزى ئىدى، پەيتۇن دېگىنى هېلىقى كۆرۈمسىز هارۋا ئىدى، ساراي دېگىنى بولسا، «لوندون» مېهمانخانىسى ئىدى. ئىتاليانلارنىڭ مۇبالىغىلاشتۇرۇش ئادىتى مۇشۇ بىر جۈملە سۆزدە مەركەزلىك ئىپادىلەندى.

فرانس بىلەن ئالبېر تۆۋەنگە چۈشتى. پەيتۇن سارايىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئىككى جاناب پەيتۇنغا ئولتۇرۇشتى، يول باشلىغۇچى ئارقىدىكى ئورۇنغا سەكرەپ چىقىۋالدى.

— جانابلىرى قەيەرگە بارماقچىكىن؟

— ئاۋۋال مۇقەددەس پېتر ئىبادەتخانىسىغا، ئاندىن كولىزېيغا①، — دېدى ئالبېر، ئۆزىنىڭ جىك پارىژلىق ئىكەنلىكىنى چاندۇرۇپ.

لېكىن ئالبېر، مۇقەددەس پېتر ئىبادەتخانىسىنى كۆرۈپ چىقىش ئۈچۈن پۈتۈن بىر كۈن، ئۇنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن تولۇق بىر ئاي كېتىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. مۇقەددەس پېتر ئىبادەتخانىسىنى كۆرۈپ چىقىش بىلەنلا پۈتۈن بىر كۈن ئۆتۈپ كەتتى. شۇ ئەسنادا دوستلار گۇگۇم چۈشۈپ قېلىۋاتقانلىقىنى بايقىدى. فرانس سائىتىگە قارىدى، سائەت تۆت يېرىم بولۇپ قالغانىدى. قايتىشقا توغرا كەلدى. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن فرانس هارۋىدىن چۈشۈپ، هارۋىكەشكە سائەت سەككىزدە يەنە كېلىشنى بۇيرۇدى. ئۇ، ئالبېرغا خۇددى مۇقەددەس پېتر ئىبادەتخانىسىنى كۈندۈزكى يورۇقلۇقتا كۆرسەتكىنىگە ئوخشاش، ئەمدى كولىزېينى ئۇنىڭغا ئاي يورۇقىدا كۆرسەتمەكچىدى. ئاغىنەڭگە ئۆزۈك بۇرۇن تاماشا قىلغان شەهەرنى كۆرسىتىشمۇ خۇددى بىر چاغلاردا ئۆزۈڭ ئاشنا ئوينىغان ئايالنى شۇ ئاغىنەڭگە تونۇشتۇرۇشتەك بىر ئىش بولۇپ، ئالاهىدە نازاكەتلىك تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن فرانس هارۋىكەشكە مېڭىش يولىنى ئۆزى بەلگىلەپ بەردى. هارۋا، دېل - پوپولو دەرۋازىسىدىن چىقىپ، تاشقارقى سېپىلنى بويلاپ مېڭىشى ۋە سان - جوۋاننى دەرۋازىسىدىن كىرىپ كېلىشى كېرەك ئىدى. شۇنداق قىلغاندا، كولىزېي ئۇلار-

---

① كولىزېي — قەدىمكى رىمدىكى سېرك ئويۇنى قويۇلىدىغان ئىمارەت. مىلادى 75 - يىلى قۇرۇلۇشقا باشلاپ، 80 - يىلى پۈتكەن. ئۇنىڭ خارابىسى مەشهۇر ئاسار ئەتىقە سۈپىتىدە زىيارەت قىلىنىدۇ.

ىلىق كۆز ئالدىدا بىراقلا گەۋدىلىنىپ چىقتى. ھەممە كاپىتولىيى، فورۇم، شىمالىي سىپىتىمىيە دەرۋازىسى، ۋىئا ساكرادىكى ئانتونىنا ۋە فائۇستىنا ئىبادەتخانىسىنىڭ ھېچقايسىسى كولىزېينىڭ ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشىگە تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ. ۋەھالەنكى، ئۇلار ئۇدۇل يول بىلەن ماڭسا، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى.

تاماق يېيىشكە ئولتۇرۇشتى. پاستىرنى ئەپەندى ئالىي دەرىجىلىك غىزا تەييارلاپ قويۇشنى ھۆددىگە ئالغانىدى. ھەقىقەتەن غىزا يامان ئەمەس بولۇپ، نۇقسان تاپقىلى بولمايتتى. ئۇلار غىزانى يەپ بولۇپ ئولتۇرۇشقا خوجايىن كىرىپ كەلدى. فرانس ئۇنى غىزاغا بېرىلىدىغان ياخشى باھانى ئاڭلاش ئۈچۈن كەلدى دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ كۆڭلىگە يارىشا سۆز باشلىغانىدى، لېكىن پاستىرنى دەسلەپكى سۆزلەرنى ئاڭلاش بىلەنلا ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى.

— جانابلىرى، — دېدى ئۇ، — ماختاشلىرىغا ناھايىتى خۇرسەن بولدۇم، بىراق، مېنىڭ كېلىشىم بۇنىڭ ئۈچۈن ئەمەس.

— ئەمىسە بىزگە ھارۋا تاپقانلىقىڭىزنى ئېيتىپ قويۇش ئۈچۈن كەلدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى ئالبېر تاماكا چېكىپ ئولتۇرۇپ.

— يوقسۇ. مەن جانابلىرىغا بۇ ھەقتە باش قاتۇرماي تەقدىرگە تەن بېرىشلىرىنى مەسلىھەت قىلىمەن. رىمدا بولىدىغان ئىش بولىدۇ، بولمايدىغان ئىش بولمايدۇ. ئۆزلىرىگە بولمايدۇ دېگەندىن كېيىن، ئىش پۈتتى.

— پارىژدا بۇنداق ئىشلار خېلىلا ئاسان. ئەگەر سىز بولمايدۇ دېگەن گەپنى ئاڭلىسىڭىز، قوش باھاسى بىلەن پۇل تۆلەيسىز-دە، نېمىنى خالىسىڭىز شۇنىڭغا ئېرىشەلەيسىز.

— ھەممە فرانسۇزلار مۇشۇنداق گەپ قىلىشىدۇ، — دېدى

خاپا بولۇپ قالغان پاستىرنى، — راستىنى ئېيتسام، مەن، ئۇلار نېمە ئۈچۈن ساياھەت قىلىدىغانلىقىنى زادىلا چۈشىنەلمەيمەن.

— شۇنىڭ ئۈچۈن، — دېدى ئالبېر، ئۇنىڭ سۆزلىرىگە پىسەن قىلمىغان قىياپەتتە تاماكىسىنىڭ ئىسىنى پۈرقىرىتىپ چىقىرىپ، — شۇنىڭ ئۈچۈن، پەقەت بىزگە ئوخشاش ھاماقەت ساراڭلار ساياھەت قىلىدۇ. ئەقىللىق كىشىلەر ئېلدېر كوچىسىدىكى ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي ئۆيىنى، گانت دەرەخزارلىقىنى ۋە قەھۋەخانىلارنى ئەۋزەل كۆرىدۇ.

بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈش ھاجەتسىز. ئالبېر ئۆزى ئاشۇ تىلغا ئېلىنغان كوچىدا ئولتۇراتتى، كۆركەم دەرەخزارلىقتا ھەر كۈنى سەيلە قىلاتتى ۋە ئاش - تامىقى بولغان ئاشۇ يېگانە قەھۋەخانىدا غىزالىناتتى. ئۇ يەردە پەقەت قەھۋەخانا خادىملىرى بىلەن ياخشى مۇناسىۋەتتە بولغان كىشىلەرلا غىزالىنالايدۇ. پاستىرنى ئالبېرنىڭ ئانچە چۈشىنىشلىك بولمىغان جاۋابىغا نېمە دېيىشىم بولىدىكىن، دەپ ئىككىلىنىپ قالدى بولغاي، گەپ قىلمىدى.

— شۇنداق بولسىمۇ، — دېدى فرانس، خوجايىنىنىڭ مۇلاھىزىلىرىنى بۆلۈپ، — سىزنىڭ بىزگە ئېيتىدىغان گېپىڭىز بارمىدى؟

— ناھايىتى دۇرۇس گەپ قىلدىڭىز. گەپ مانا شۇنىڭدا: ھارۋىنى سائەت سەككىزدە كېلىشكە بۇيرۇدىڭىزمۇ؟

— ھەئە.

— كولوسسېئونى كۆرۈپ كەلمەكچىمۇ؟

— كولىزېينى دېمەكچىمۇ سىز؟

— بۇنىڭ ئىككىسى بىر گەپ.

— شۇنداق.

— ھارۋىكەشكە دېل - پوپولو دەرۋازىسىدىن چىقىپ، تاشقىرقى سېپىلنى بويلاپ مېڭىپ، سان - جوۋاننى دەرۋازىسى ئارقىلىق يەنە شەھەرگە قايتىپ كىرىشنى بۇيرۇغانمۇ؟

— تامامەن توغرا.

— ئۇ يول بىلەن مېڭىشقا بولمايدۇ.

— بولمايدۇ؟

— ھەر ھالدا ئۇ يول بەك خەتەرلىك.

— خەتەرلىك؟ نېمە ئۈچۈن؟

— مەشھۇر لۇيىدژى ۋامپانىڭ بولغانلىقى ئۈچۈن.

— ئىككى ئېغىز سۆز قىلىشىمغا ئىجازەت قىلغايسىز، مۆھتەرەم خوجايىن، — دېدى ئالبېر، — سىزنىڭ مەشھۇر لۇيىدژى ۋامپا دېگىنىڭىز ئۆزى كىم بولىدۇ؟ ئۇ، رىمدا شۇنچە مەشھۇر بولسىمۇ، بەلكىم شۇنداقتۇر، لېكىن مەن سىزگە ئېيتىپ قويايكى، پارىژدا ئۇ توغرۇلۇق ھېچقانداق گەپ يوق.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ سىز راستىنلا ئۇنى بىلمەمسىز؟

— ئۇنداق شەرەپكە تېخى مۇيەسسەر بولالمىدىم.

— ئۇنىڭ ئىسمىنى ھېچقاچان ئاڭلاپ باقمىغانمىدىڭىز؟

— ھېچقاچان.

— ئۇنداق بولسا، بىلىپ قويۇڭ. ئۇ شۇنداق بىر قاراقچى، ئۇنىڭ ئالدىدا دېچېزارس ۋە گاسپارونىلار بىر گۆدەك بالىدەك بولۇپ قالىدۇ.

— دىققەت، ئالبېر! — دەپ خىتاب قىلدى. فرانس. — ئاخىر سەھنىدە يەنە قاراقچى پەيدا بولۇشقا باشلاۋاتىدۇ.

— مۆھتەرەم خوجايىن، ئاگاھلاندۇرۇپ قويايكى، مەن بۇنداق گەپلەرگە ھەرگىز ئىشەنمەيمەن. شۇنداق بولسىمۇ، خالىغىنىڭىزچە سۆزلەۋېرىڭ، ئاڭلاپ باقاي. بۇمۇ خۇددى «بۇرۇنقى زاماندا ...»دېگەندەك بىر گەپ. قېنى سۆزلەۋېرىڭ.

پاسترىنى ئەپەندى بۇ ئىككىيلەندىن فرانسنى ئاقىلانىراق چاغلاپ ئۇنىڭغا قارىدى. بۇ مۆمىن كىشى توغرىسىدىمۇ

ھەقىقانىي گەپ قىلىشىڭىز لازىم. ھازىرغا قەدەر ئۇنىڭ مېھمانخانىسىغا كۆپلىگەن فرانسۇزلار كېلىپ كەتتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ بەزى بىر خىل پىكىر قىلىش ئالاھىدىلىكلىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر تېپىشماق بولۇپ قالدى.

— جاناب، — دېدى ئىنتايىن جىددىي قىياپەتتە، باپا ئېيتقىنىمىزدەك، فرانسىغا قاراپ، — ئەگەر سىلەر مېنى يالغانچى دېسەڭلار، مېنىڭ گەپ قىلىشىم پايدىسىز. لېكىن مەن سىلەرگە ياخشىلىق قىلىشنى ئويلاپ بۇنى ئېيتىپ قويماقچىدىم.

— ئالبېر سىزنى يالغانچى دېمىدى، ھۆرمەتلىك پاسترىنى ئەپەندى، — دېدى فرانس، — ئۇ، سىزنىڭ ئېيتقانلىرىڭىزغا ئىشەنمەيمەن، دېگەن سۆزنىلا ئېيتتى. لېكىن، مەن سىزگە ئىشىنىمەن خاتىرجەم بولۇڭ، قېنى سۆزلەڭ.

— شۇنداق بولسىمۇ، مېنىڭ راستچىللىقىمدىن گۇمانلانساڭلار ...

— قەدىرلىكىم، —دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى فرانس، — سىز كاسساندرادىنمۇ قىيىمدىغاق ئىكەنسىز. ئۇ بىر ھۆكۈما ئايال بولغاچقا، ئۇنىڭ گېپىنى ھېچكىم ئاڭلىمايتتى. لېكىن، ھازىر سىزنىڭ گېپىڭىزنى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ يېرىمىنىڭ دىققىتى سىزگە قارىتىلدى. ئولتۇرۇڭ، جانابىي ۋامپا دېگەن كىم بولىدۇ؟ سۆزلەپ بېرىڭا.

— جانابلىرىغا باپا ئېيتقىنىمىزدەك، بۇ، ماسترىلىي زامانىسىدىن تارتىپ كۆرۈلۈپ باقمىغان مەشھۇر قاراقچى.

— بۇ قاراقچى بىلەن مېنىڭ ھارۋىكەشكە دېل - پوپولو دەرۋازىسىدىن چىقىپ، سان - جوۋاننى دەرۋازىسى ئارقىلىق قايتىپ كىرىش توغرىسىدا بەرگەن بۇيرۇقۇمنىڭ نېمە مۇناسەۋىتى بار؟

— مەسىلە شۇنىڭدىكى، — دېدى پاستېرنى ئەپەندى، — سىز بىر دەرۋازا ئارقىلىق بىمالال چىقىپ كېتىۋېرىسىز، لېكىن يەنە بىر دەرۋازا ئارقىلىق كىرەلىشىڭىزنى چوقۇم دېگىلى بولمايدۇ.

— نېمىشقا؟ — دەپ سورىدى فرانس.

— چۈنكى، قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن شەھەر دەرۋازىسىدىن 50 چامدام نېرىغا چىقىشمۇ خەتەرلىك.

— شۇنداقمۇ تېخى؟ — دەپ سوراپ قويدى ئالبېر.

— جانابىي ۋىكونت، — دېدى پاستېرنى ئەپەندى، ئالبېرنىڭ ئىشەنمەسلىكىگە يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن رەنجىپ تۇرغان ھالدا، — مەن بۇ گەپلەرنى سىزگە ئەمەس، بەلكى سىزنىڭ ھەمراھىڭىزغا سۆزلەۋاتىمەن. ئۇ، بۇندىن بۇرۇنمۇ رىمغا كېلىپ تۇرغان، شۇڭلاشقا بۇ گەپنىڭ چاقچاق ئەمەسلىكىنى بىلىدۇ.

— دوستۇم، — دېدى ئالبېر فرانسقا، — بىزنى ئاجايىپ قىزىقارلىق بىر سەرگۈزەشتە كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. بىز ھارۋىمىزغا تاپانچا، بىرئاتار ۋە قوشئاتار مىلتىقلارنى سېلىۋالايلى. لۇيىجى ۋامپا كەلگەندە ئۇ بىزنى ئەمەس، بەلكى بىز ئۇنى تۇتۇۋالىمىز. بىز ئۇنى رىمغا ئېلىپ كېلىمىز، بۇ داڭدار قاراقچىنى پاپا ھەزرەتلىرى ئالىيلىرىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىمىز. ئۇ، بىزنىڭ مۇنداق خىزمەت كۆرسەتكەنلىكىمىز ئۈچۈن قانداق مۇكاپات تەقدىم قىلىشنى سورايدۇ. بىز ئارتۇقچە تۈزۈت قىلماستىن، بىر پەيتۇن ۋە پاپانىڭ ئاتخانىسىدىكى ئاتلاردىن ئىككىنى سورايمىز. شۇنىڭ بىلەن، كارناۋالنى پەيتۇندا ئولتۇرۇپ كۆرىمىز. مەمنۇن بولغان رىم خەلقى كاپىتولىيدە بىزگە زەپەر تاجى كىيگۈزىدۇ ھەمدە بىزنى خۇددى كۇرتىيسى ۋە گوراتسىي كوكلېسقا ئوخشاش ۋەتەننى قۇتقۇزغۇچى دەپ ئېلان قىلىدۇ.

ئالبېرنىڭ بۇ دەبدەبىلىك سۆزى ئاياغلاشقىچە پاستېرنى ئەپەندىنىڭ چىرايى رەسساملارنىڭ موي قەلىمىنى ئىشقا سالغۇدەك دەرىجىدە قېتىپ قالدى.

— بىرىنچىدىن، — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى فرانس، — سىز، پەيتۇنىمىزغا سېلىۋالماقچى بولغان تاپانچا، بىرئاتار ۋە قوشئاتار مىلتىقلارنى نەدىن تاپىسىز؟

— مەندە ئۇنداق قوراللار يوق، ئەلۋەتتە. تېرراجىنىدا ھەتتا مېنىڭ خەنجىرىمنىمۇ تارتىۋېلىشتى. سىزنىڭچۇ؟

— ئاكۋا - پېندېنتتا مەنمۇ شۇنداق ئىشقا يولۇقتۇم.

— بىلەمسىز، مۆھتەرەم خوجايىن، — دېدى ئالبېر، تاماكىسىنىڭ قالدۇقىدىن يەنە بىر تاماكىنى تۇتاشتۇرۇپ چېكىۋالغاندىن كېيىن، — بۇنداق قىلىش بۇلاڭچىلارغا ناھايىتى پايدىلىق. بۇ ئىش ماڭا خۇددى بۇلاڭچىلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋېلىپ قەستەن يولغا قويۇلغاندەك تۇيۇلۇۋاتىدۇ.

بۇنداق چاقچاق خوجايىنغا خەتەرلىك تۇيۇلغان بولسا كېرەك. شۇڭا ئۇ فرانسقا قاراپ چۈشىنىكسىز بىر نېمىدەپ غۇدۇڭشۇپ قويدى، چۈنكى بىر فرانسلار ئۇنىڭغا سۆزلىشىشكە مۇمكىن بولغان ئاقىلانە ئادەملەردەك كۆرۈنەتتى.

جانابىڭىزغا ئايان بولسا كېرەك، ئەلۋەتتە. قاراقچىلارنىڭ ھۇجۇمىغا دۇچ كەلگەندە قارشىلىق كۆرسىتىشكە بولمايدۇ.

— نېمە! — دەپ خىتاب قىلدى ئالبېر. بۇلاڭچىلىققا ئۇچرىغاندا گەپ قىلماي تۇرۇش كېرەك دېگەن گەپنى ئاڭلىغاندا ئۇنىڭ باتۇرلۇقى قايناپ كەتتى. — «قارشىلىق كۆرسىتىشكە بولمايدۇ» دېگەن قانداق گەپ!

— شۇنداق. ھەرقانداق قارشىلىق كۆرسىتىشنىڭ پايدىسى يوق. ئونلىغان باندىتلار بىر ئازگالدىن ياكى بىرەر كەپە ئىچىدىن ياكى ئۈستى يېپىق ئۈستەڭدىن بىراقلا ئېتىلىپ

چىقىپ سىزگە قورال تەڭلىسە، سىز ئۇنىڭغا قانداق قارشىلىق كۆرسىتەلەيسىز؟

— شۇمۇ گەپ بولدىمۇ! مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىمۇ مەيلى! — دەپ خىتاب قىلدى ئالبېر.

پاستېرنى ئەپەندى فرانسقا قاراپ قويدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن «ئەپەندىم، سىزنىڭ بۇ دوستىڭىز راستىنلا ئەقلىدىن ئېزىپ قاپتۇ» دېمەكچى بولغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— قەدىرلىك ئالبېر، — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى فرانس، — سىزنىڭ گېپىڭىز خۇددى كورنېلنىڭ ① «ئۆلۈشكە رازىمەن» دېگىنىگە ئوخشاش ئۇلۇغۋار گەپ بولدى. بىراق، كورنېل ئۇ گەپنى رىمنى قۇتۇلدۇرۇش ئىشى ئۈستىدە ئېيتقان. رىم ئۈچۈن شۇنداق دېيىش ئورۇنلۇق ئىدى. بىز بولساق، ئادەتتىكى بىر كۆڭۈل ئېچىش ئۈستىدە گەپ قىلىۋاتىمىز. كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن هاياتنى قۇربان قىلىش كۈلكىلىك ئىش.

— خۇدا هەققى! — دەپ خىتاب قىلدى پاستېرنى ئەپەندى! — مانا بۇ ئالتۇندەك گەپ بولدى!

ئالبېر ئۆزىگە بىر ئىستاكان مۇسەللەس قۇيۇۋالدى ۋە نېمىدۇر بىر نېمىلەرنى دەپ غۇدۇڭشۇپ قويۇپ، ئالدىرىماي ئىچىشكە باشلىدى.

— خوش، پاستېرنى ئەپەندى، — دېدى فرانس، — ئاغىنەم ئەمدى گەپ قىلمايدۇ، مېنىڭ سىزگە مايىللىقىمنى ئۆزىڭىز كۆرۈۋاتىسىز. ئەمدى، جانابىي لۇيىدۇرى ۋامپانىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىڭ. ئۇ زادى كىم، پادىچىمۇ ياكى بىر مۆتىۋەرمۇ؟ ياشمۇ، قېرىمۇ؟ پاكارمۇ، ئېگىزمۇ؟ ئۇنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىنى تەسۋىرلەپ بېرىڭ. بىز، سىبوگار ياكى لار② بىلەن كۆرۈشۈپ قالغاندەك، كىشىلەر ئارىسىدا توساتتىن ئۇنى ئۇچرىتىپ قالساق تونۇۋالايلى.

— باشقا هېچقانداق ئادەم ئۇ توغرۇلۇق مەندەك سۆزلەپ بېرەلمەيدۇ، چۈنكى، مەن لۇيىدۇرى ۋامپانى تېخى كىچىك بالا ۋاقتىدىنلا تونۇيتتىم. بىر قېتىم مەن فېرېنتىنودىن ئالاترىغا كېتىۋېتىپ، يول ئۈستىدە ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغاندا، ئۇ، بەختىمگە يارىشا، بىزنىڭ كونا تونۇشلۇقىمىزنى ئېسىگە ئېلىپ، مېنى قويۇۋەتتى هەمدە مېنىڭدىن گۆرە هەققى ئېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى ماڭا بىر ئېسىل سائەتنى تەقدىم قىلدى ۋە ماڭا ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشىنى سۆزلەپ بەردى.

— قېنى، شۇ سائەتنى كۆرسىتىپ بېقىڭا، — دېدى ئالبېر.

پاستېرنى ئۆزىنىڭ قويۇن يانچۇقىدىن ئالىي سۈپەتلىك بىرېگېت سائەتنى چىقىرىپ كۆرسەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سائەتنى ياسىغان ئۇستىنىڭ ئىسمى ۋە گرافلىق تاجىنىڭ شەكلى چېكىلگەنىدى.

— مانا شۇ سائەت.

— پاھ! — دېدى ئالبېر، — مۇبارەك بولسۇن! مېنىڭ سائىتىممۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دېگۈدەكلا، — ئۇمۇ كەنجارىنىڭ يانچۇقىدىن سائىتىنى چىقاردى، — مەن بۇنى 3000 فرانكقا سېتىۋالغانىدىم.

— ئەمدى ئۇنىڭ تارىخىنى سۆزلەپ بېرىڭ، — دېدى فرانس ۋە بىر كرېسلونى يېقىنراق سۈرۈپ قويۇپ پاستېرنى ئەپەندىنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

— ئىجازەت قىلامسىز؟ — دەپ سورىدى خوجايىن.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز، قەدىرلىكىم، — دېدى ئالبېر، — سىز ئۆرە تۇرۇپ سۆزلەيدىغان دىن تەرغىباتچىسى ئەمەسقۇ.

خوجايىن ئۆزىنىڭ بۇ ئىككى سۆھبەتدىشىغا ئېھتىرام

---

① كورنېل — XVII ئەسىردە ياشىغان فرانسۇز يازغۇچىسى.

② — ئەنگلىيە شائىرى بايروننىڭ شۇ ناملىق ئەسىردىكى شەخس.

بىلدۈرۈپ. ھەر بىرىگە ئايرىم ـ ئايرىم تەزىم قىلغاندىن كېيىن ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئەپتىدىن قارىغاندا، لۇيىدژى ۋامپا توغرىسىدىكى ھەممە مەلۇماتلارنى سۆزلەپ بېرىشكە ھازىرلانغانلىقىنى كۆرۈشكە بولاتتى.

— توختاپ تۇرۇڭ، — دېدى فرانس، سۆزلەش ئۈچۈن ئېغىز ئاچقان پاسترىننى توختىتىۋېلىپ، — سىز ۋامپانى بالا چېغىدىنلا بىلىمەن دېگەنىدىڭىز. بۇ گەپكە قارىغاندا ۋامپا تېخى ناھايىتى ياش ئىكەن ـ دە؟

— ياشمۇ دەمسىز؟ ئەلۋەتتە ياش! ئۇ تېخى ئەمدىلا 22 ياشقا كىردى. ۋاھ، قاراپ تۇرۇڭلار، بۇ بالا تېخى نى ـ نى ئىشلارنى قىلىدۇ!

— قانداق، ئالبېر؟ — 22 ياشتا داڭ چىقىرىش ئادەتتىكى گەپ ئەمەس! — دېدى فرانس.

— شۇنداق، ئالېكساندىر، تسېزار، ناپالېئونلارمۇ 22 يېشىدا بۇنچىلىك شۆھرەت قازىنالمىغان، لېكىن كېيىنكى كۈنلەردە كىشىلەر ئۇلارنى ھەددىدىن ئارتۇق مۇبالىغىلاشتۇرۇۋېتىشكەن.

شۇنداق قىلىپ، — دېدى فرانس خوجايىنغا قاراپ، — سىزنىڭ بۇ ھېكايىڭىزنىڭ قەھرىمانى ئاران 22 ياش ئىكەن ـ دە؟

— بايا ئېيتقىنىمدەك، ئەمدىلا 22 ياشقا كىردى.

— ئۇنىڭ بوي تۇرقى قانداق؟ ئېگىزمۇ، پاكارمۇ؟

— ئوتتۇرا بويلۇق. تەخمىنەن بۇ جاناب بىلەن ئوخشاش كېلىدۇ، — دېدى خوجايىن ئالبېرنى كۆرسىتىپ.

— بۇنداق ئوخشاتقانلىقىڭىزغا ھەشقاللا، — دېدى ئالبېر ئۇنىڭغا ئېگىلىپ قويۇپ.

— سۆزلەۋېرىڭ، پاسترىنى ئەپەندى، — دېدى فرانس،

دوستىنىڭ رەنجىشىگە كۈلۈپ قويۇپ، — ئۇ ئۆزى جەمئىيەتنىڭ قانداق سىنىپىدىن كېلىپ چىققان؟

— ئۇ، گراف سان ـ فېلىچېنىڭ پالېسترىن بىلەن گابرى كۆلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زېمىنىدە تۇرىدىغان بىر ئاددىي پادىچى ئىدى. ئۇ، پامپىناردا تۇغۇلۇپ، بەش يېشىدىن باشلاپ گرافنىڭ خىزمىتىدە بولغان. ئۇنىڭ ئاتىسىمۇ پادىچى بولۇپ، ئانانىدا ئۆزىگە قاراشلىق بىرئاز قويى بار ئىدى. ئۇ، رىمغا قوي يۇڭى ۋە پىشلاق ئاپىرىپ سېتىش بىلەن كۈن كەچۈرەتتى. كىچىك ۋامپا تېخى گۆدەك چېغىدىلا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلاتتى. ئۇ، يەتتە ياشلىق ۋاقتىدا بىر كۈنى پالېسترىنىدىكى روھانىينىڭ قېشىغا باردى ۋە ئۇنىڭدىن ئۆزىگە خەت ئۆگىتىپ قويۇشنى سورىدى. بۇ، ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى، چۈنكى كىچىك پادىچى ئۆزى بېقىۋاتقان قويلارنى تاشلاپ كېتەلمەيتتى.

ئاق كۆڭۈل روھانىي ھەر كۈنى بىر كىچىك كەنتكە ئىمامەتچىلىك قىلىش ئۈچۈن بېرىپ تۇراتتى. بۇ كەنت بەك نامرات بولغاچقا، دائىملىق تۇرىدىغان بىرەر روھانىينى تەمىنلەپ كېتەلمەيتتى، بۇ كەنتنىڭ ھەتتا ئۆز نامىمۇ يوق ئىدى. شۇڭا، كىشىلەر ئادەتتە ئۇ يەرنى «بورگو» ① دەپ ئاتىشاتتى. روھانىي ۋامپاغا ھەر كۈنى ئۇنىڭ يول ئۈستىدە كۈتۈپ تۇرۇشنى ۋە شۇ يول بويىدا ئولتۇرۇپلا دەرس ئوقۇشنى مەسلىھەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ، دەرس ئۆتۈش ۋاقتىنىڭ ناھايىتى قىسقا بولىدىغانلىقىنى ھەمدە ئوقۇغۇچىغا ناھايىتى تىرىشچان بولۇشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ قويدى. پادىچى بالا خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولدى. لۇيىدژى قويلىرىنى ھەر كۈنى پالېسترىنىدىن بورگوغا بارىدىغان يول بويىغا ھەيدەپ باراتتى. روھانىي ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت توققۇزدا مۇشۇ يولدىن

---

① بورگو — ئىتاليانچە «كىچىك جاي»، «كىچىك كەنت» دېگەن مەنىدە.

تۆتەتتى. ئۇ، ۋامپا بىلەن بىرلىكتە يولنىڭ قىرىغا ئولتۇراتتى. شۇنداق قىلىپ، كىچىككىنە پادىچى دىنىي كىتابتىن ساۋادىنى چىقىرىشقا باشلىدى. ئۈچ ئاي بولغاندا ئۇ خەت ئوقۇشنى ئۆگىنىۋالدى. لېكىن، ئۇ، بۇنىڭ بىلەن قانائەت قىلمىدى: ئۇ يەنە يېزىشنىمۇ ئۆگەنمەكچى بولدى. روھانىي رىمدىكى بىر ھۆسنىخەت ئوقۇتقۇچىسىغا ئۈچ خىل خەت نۇسخىسىنى ئەۋەتىپ بېرىشنى زاكاز قىلدى. بۇ خەت نۇسخىلىرىنىڭ بىر خىلى چوڭ ھەرپلەر بىلەن، يەنە بىر خىلى ئوتتۇرا ھال ھەرپلەر بىلەن، ئۈچىنچى خىلى ئۇششاق ھەرپلەر بىلەن يېزىلغانىدى. روھانىي پادىچى بالىغا بۇ خەتلەرنى ئۈچلۈك تۆمۈر بىلەن تاشتاختىتا ئۈستىگە كۆچۈرۈپ يېزىشنى ئۆگەتتى. شۇ كۈنى كەچتە ۋامپا قويلىرىنى قوتانغا سولىۋېتىپ يۈگۈرگەن پېتىچە پالېسترىندىكى تۆمۈرچىنىڭ قېشىغا باردى ۋە يوغان بىر مىخنى ئوتقا قىزدۇرۇپ سوقۇپ، سىلىقلاپ، قەدىمكى زامانلاردىكى تۆمۈر قەلەمگە ئوخشايدىغان بىر نەمىنى ياساپ چىقتى. ئەتىسى ئۇ تاشتاختىلارنى يىغىپ كېلىپ ئىشقا كىرىشتى. يەنە ئۈچ ئايدا ئۇ يېزىشنىمۇ ئۆگەندى. روھانىي ئۇنىڭ زېھنىگە ھەيران بولۇپ ۋە ئۇنىڭ تىرىشچانلىقىدىن تەسىرلىنىپ، ئۇنىڭغا بىرنەچچە دەپتەر، بىر تۇتام پەي قەلەم ۋە بىر دانە قەلەمتىراچنى تەقدىم قىلدى. پادىچى بالىغا ئەمدى يەنە يېڭىدىن ئۆگىنىدىغان ئىش چىقتى، لېكىن بۇ ئۆگىنىش ئاۋۋالقىسىغا قارىغاندا ئوڭاي ئىدى. بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۇ قەلەمنى خۇددى ئۈچلۈك تۆمۈرگە ئوخشاشلا ياخشى ئىشلىتەلەيدىغان بولدى.

روھانىي بۇ ئىشنى گراف سان - فىلىچىگە سۆزلەپ بەردى. گراف بۇ پادىچى بالىنى كۆرۈشكە قىزىقتى ھەمدە ئۇنى چاقىرتىپ ئەكىلىپ، ئۇنىڭ ئوقۇشى بىلەن يېزىشىنى سىناپ كۆرگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ باش خىزمەتكارىغا بۇ بالىغا باشقا

خىزمەتكارلار قاتارىدا تاماق بېرىشنى بۇيرۇدى ۋە ھەر ئايدا ئىككى پىئاستىر مائاش بېرىشنى بەلگىلىدى. بۇ پۇلغا لۇيىدژى كىتاب ۋە قېرىنداشلارنى سېتىۋالاتتى. ئۇ يۈكسەك دەرىجىدىكى تەقلىد قىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، خۇددى جوتتونىڭ ① ياش ۋاقتىدىكىگە ئوخشاش تاشتاختىلارغا ئۆزىنىڭ قويلىرىنى، ئۆيلەرنى ۋە دەرەخلەرنى سىزاتتى. ئاندىن كېيىن ئۇ، قەلەمتىراچ بىلەن ياغاچنى يونۇپ، تۈرلۈك شەكىلدىكى نەرسىلەرنى ياسايدىغان بولدى. ئاتاقلىق ھەيكەلتىراش پىنېللىمۇ ئۆزىنىڭ كەسپىي يولىنى مۇشۇنداق باشلىغانىدى.

شۇ چاغلاردا، ئالتە ياشلاردىكى، يەنى لۇيىدژىدىن بىر ئاز كىچىك بولغان بىر قىز بالا خۇددى شۇنداقلا پالېسترىن ئەتراپىدىكى جايلاردا قوي باقاتتى. بۇ بىر يېتىم قىز ئىدى. ئۇ ۋالمونتونىدا تۇغۇلغان بولۇپ، ئىسمى تېرېزا ئىدى. بۇ ئىككى بالا ئۇچرىشىپ بىر - بىرىگە يېقىن ئولتۇراتتى ۋە ئۇلارنىڭ قويلىرى ئارىلىشىپ ئوتلاپ يۈرگەچكە ئۇلار قۇرۇق پاراڭ سوقاتتى، كۈلەتتى ۋە بىللە ئوينايتتى. كەچ كىرگەندە ئۇلار ئەتە ئەتىگەندە يەنە ئۇچرىشىشقا ۋەدىلىشىپ، گراف سان - فىلىچىنىڭ قويلىرى بىلەن بارون چىيوۋېتىرىنىڭ قويلىرىنى ئايرىۋېلىشاتتى - دە، ھەر قايسىسى ئۆز يولىغا كېتەتتى. ئۇلار ئۆز ۋەدىسىگە ھېچقاچان خىلاپلىق قىلىشمايتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار بىللە ئۆسۈپ چوڭ بولۇشقا باشلىدى. شۇ تەرىقىدە لۇيىدژى 12 ياشقا، تېرېزا 11 ياشقا كىردى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلارنىڭ تەبىئىي خىسلەتلىرىمۇ راۋاجلىنىپ باردى.

لۇيىدژى يالغۇز چاغلىرىدا يەنە بۇرۇنقىدەكلا ھۈنەر - سەنئەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇنىڭ خۇلق - مىجەزى بىر خىل

---

① جوتتو — (1266 — 1337) ئىتالىيىلىك رەسسام.

ئەمەس ئىدى. ئۇ بەزى چاغلاردا تۇرۇپلا سەۋەبسىز پەرىشان بولۇپ قالاتتى، بەزى چاغلاردا تۇرۇپلا كەسكىن، غەزەپلىك ۋە تەرسا بولۇپ كېتەتتى ۋە ھەر دائىم ئۆزىنى مەغرۇر تۇتاتتى. پامپىنار، پالېستىردىن ۋە ۋالمونتوندىكى ئوغۇللاردىن بىرەرسىمۇ ئۇنىڭغا ئۆز تەسىرىنى ئۆتكۈزۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئۇنىڭغا ئادەتتىكىچە دوستمۇ بولالمايتتى. ئۇنىڭ ئۆز سۆزلىكى، تەلەپچانلىقى ۋە ھېچقانداق ئىشتا باشقىلارغا يول قويمايدىغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئۇنىڭغا قارىتا ھېچكىمنىڭ مېھرىبانلىقى ۋە ھەتتا خەيرىخاھلىق تۇيغۇسىمۇ قوزغالمايتتى. پەقەت تېرېزالا بىر قاراش بىلەن، بىر ئېغىز سۆز بىلەن، بىر ئىشارەت بىلەن ئۇنىڭ تەرسالىقىنى بويسۇندۇرالايتتى. ئۇ، ئايال كىشىنىڭ قول شىلتىپ قويۇشىغا ئىتائەت قىلاتتى، لېكىن ئەر كىشىنىڭ قولى، قانداق كىشىنىڭ قولى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنى سۇندۇرسا سۇندۇراتتى، ھەرگىزمۇ ئېگىلدۈرەلمەيتتى.

تېرېزا ئەكسىچە ئىنتايىن شوخ، تېتىك ۋە كۈلگۈنچەك قىز ئىدى. لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ يەنە ناھايىتىمۇ ئابرويپەرەست بىر قىز بولۇپ ئۆستى. لۇيىدژى، گراف سان-فىلىچېنىڭ باش خىزمەتكارىدىن ئالىدىغان ئىككى پىئاستىر مائاشىنى ۋە ئۆزى ياسىغان ئۇششاق-چۈششەك نەرسىلەرنى رىمدىكى ئويۇنچۇق سودىگەرلىرىگە سېتىپ تاپقان ھەممە پۇللىرىنى سۈنئىي مەرۋايىتتىن ياسالغان ھالقىلار، ئەينەك مارجانلار ۋە ئالتۇن بۇلاپكىلارنى سېتىۋېلىشقا سەرپ قىلاتتى. تېرېزا ئۆزىنىڭ ياش دوستىنىڭ مەردلىكى بىلەن رىم ئەتراپىدىكى يېزىلار بويىچە ئەڭ چىرايلىق ۋە ئەڭ ياسانچۇق دېھقان قىزى بولۇپ قالدى.

بۇ ئىككى ئوغۇل-قىز گۇناھسىز پاك قەلبلىرىنىڭ جۇشقۇنلۇق ئىنتىلىشىدە ھەر كۈنى ئەتىدىن كەچكىچە خۇشال-خۇراملىق بىلەن بىللە ئويناپ چوڭ بولۇشقا باشلىدى. ئۇلار ئۆزئارا سۆزلەشكەندە، ئارزۇ ۋە ئۈمىدلىرىنى ئورتاقلاشقاندا ۋامپا ھەمىشە ئۆزىنى كېمىنىڭ كاپىتانى، قوشۇننىڭ قوماندانى ياكى بىرەر ئۆلكىنىڭ باشلىقى سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلاتتى. تېرېزا ئۆزىنى باي، چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىپ ياسانغان، ياخشى كىيىنگەن چاكارلارنىڭ ھەمراھلىقىدا كېلىۋاتقان تەرىقىدە كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. ئۇلارنىڭ كەلگۈسى باياشاتچىلىقى توغرىسىدىكى ئاجايىپ خىياللار بىلەن پۈتۈن بىر كۈننى ئۆتكۈزۈۋەتكەندىن كېيىن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قويلىرىنى قوتانغا سولاش ئۈچۈن ئايرىلىشاتتى ۋە ئارزۇ-ئارمانلار ئېگىزلىكىدىن نامراتلىق ئەمەلىيىتىگە قايتىپ چۈشەتتى.

بىر كۈنى ياش پادىچى گرافنىڭ باش خىزمەتكارىغا يولۇقۇپ، سابىن تاغلىرىدىن بىر بۆرە چىقىپ قويلارنى ماراپ يۈرگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. باش خىزمەتكار ئۇنىڭغا بىر مىلتىق بەردى. ۋامپانىڭ مەقسىتىمۇ شۇ ئىدى. بۇ مىلتىق بىرېشىيدىكى بىر ئاتاقلىق ھۈنەرۋەننىڭ قولىدىن چىققان بولۇپ، ئوقىنىڭ دەللىكىدە ئەنگلىيىنىڭ بەش ئاتار مىلتىقىدىن قېلىشمايتتى. لېكىن بىر قېتىم گراف باردار بولغان تۈلكىنى ئۇرىمەن دەپ مىلتىقنىڭ قوندىقىنى سۇندۇرۇۋېپ قويغان ۋە شۇنىڭ بىلەن، بۇ مىلتىق ئىشلىتىلمەي تاشلاپ قويۇلغانىدى. ۋامپادەك ئۇستا ئويمىكەش ئۈچۈن بۇ ھېچقانچە ئىش ئەمەس ئىدى. ئۇ، كونا قونداقنى ئۆلچەپ كۆردى ۋە مىلتىق ئۇنىڭ ئۆزىگە لايىق بولۇش ئۈچۈن قانچىلىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش لازىم ئىكەنلىكىنى ھېسابلاپ چىقتى-دە، يېڭى قونداق ياسىۋالدى. قونداققا شۇنداق چىرايلىق نەقىش ئويۇپ چىقتىكى، ئەگەر ئۇ مۇشۇ قونداقنىڭ ئۆزىنىلا شەھەرگە ئاپىرىپ ساتىدىغان بولسا 15 — 20 پىئاستىر تاپقان بولاتتى. لېكىن ئۇ ھەرگىز بۇنداق قىلىشنى ئويلىمايتتى. مىلتىققا ئىگە بولۇش ئۇنىڭ

يوشۇرۇن ئارزۇسى ئىدى. ئادەمنىڭ ئەركىنلىكى، مۇستەقىللىقىنى شەرت قىلغان ھەرقانداق مەملىكەتتە ھەرقانداق جىگەرلىك ئادەمنىڭ ھەرقانداق قۇدرەتلىك ئىتتىپاقنىڭ بىرىنچى ئېھتىياجى قورالدىن ئىبارەت. قورال بولسا ھۇجۇم قىلىشقىمۇ، مۇداپىئە كۆرۈشكىمۇ بولىدۇ. قوراللىق ئادەم ئەمەلىي كۈچكە ئىگە بولۇپ، باشقىلارنىڭ ئۆزىنى بوزەك قىلىشىغا يول قويمايدۇ.

شۇندىن باشلاپ ۋامپا ئۆزىنىڭ ھەممە بوش ۋاقىتلىرىنى مىلتىق ئېتىشنى مەشىق قىلىش بىلەن ئۆتكۈزىدىغان بولدى. ئۇ، مىلتىق دورىسى ۋە ئوقلارنى سېتىۋالدى. ئالدىغا ئۇچرىغان ھەممە نەرسە، يەنى: سابىن تېغىنىڭ قاپتىلىدا ئۆسىدىغان زەيتۇن دەرىخىنىڭ ئىنچىكە كۆل رەڭ شېخى، كەچقۇرۇنلۇقى ئوزۇق ئىزدەپ ئۇۋىسىدىن چىققان تۈلكە، ھاۋادا پەرۋاز قىلىۋاتقان بۈركۈت — ئۇنىڭ ئېتىش نىشانى بولۇپ قالدى. كۆپ ئۆتمەي ئۇ مىلتىق ئېتىشقا شۇنداق ئۇستا بولۇپ كەتتىكى، دەسلەپكى چاغلاردا ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپ قورقۇپ كېتىدىغان تېرېزا ئەمدى قورقماستىن، ئۆزىنىڭ ياش دوستى مىلتىق ئاتقاندا ئوقنى خالىغان جايغا خۇددى قولى بىلەن سېلىپ قويغاندەك دەل تەككۈزۈشىگە قاراپ زوقلىنىدىغان بولدى.

بىر كۈنى كەچتە ۋامپا بىلەن تېرېزا ئادەتتىكىدەك پاراڭ سېلىپ ئولتۇرغان يەرنىڭ يېنىدىكى جاڭگالدىن ھەقىقەتەنمۇ بىر بۆرە يۈگۈرۈپ چىقتى. لېكىن بۆرە تېخى ئون قەدەممۇ يەتمەي تۇرۇپ يىقىلىپ ئۆلدى. ۋامپا بۆرىنى مەغرۇرلۇق بىلەن ئۆشنىسىگە ئارتىپ جاڭگالغا ئەكەتتى. بۇنداق ئىشلار لۇيىدژى ۋامپانىڭ بەلگىلىك داڭقىنى چىقىرىشقا باشلىدى. باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان كىشى، قانداق يەردە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزىگە ئىخلاس قىلىدىغان كىشىلەرنى ھامان تاپالايدۇ. بۇ ياش پادىچىنىڭ ئون لى دائىرىسىدىكى جايلار بويىچە ئەڭ قابىل، كۈچلۈك ۋە جاسارەتلىك يىگىت ئىكەنلىكى توغرىسىدا گەپ-چۆچەكلەر تارقىلىشقا باشلىدى. تېرېزا ساربىن قىزلىرى ئىچىدە گەرچە ئەڭ گۈزەل قىز دەپ تونۇلغان بولسىمۇ، ھېچقانداق ئادەم ئۇنىڭغا مۇھەببەت سۆزىنى ئىزھار قىلىشقا پېتىنالمايتتى. چۈنكى ئۇنى ۋامپا ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ھەممە كىشى بىلەتتى. لېكىن، لۇيىدژى بىلەن تېرېزا ئىككىيلەن ئۆزئارا مۇھەببەت ھەققىدە تېخى بىر ئېغىزمۇ سۆز ئېچىشمىغانىدى. ئۇلار بەئەينى بىر-بىرىگە يېقىن تۇرغان ئىككى دەرەخقە ئوخشاش بىللە ئۆسۈپ چوڭ بولدى. بۇ بىر جۈپ دەرەخنىڭ يەر ئاستىدىكى يىلتىزلىرى، يەر ئۈستىدە شاخلىرى، ھاۋادا خۇش پۇراقلىرى بىر-بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ بىردىنبىر ئىستىكى — ھەمىشە بىللە بولۇشتىنلا ئىبارەت ئىدى. بۇ ئىستەك زۆرۈرىيەتكە ئايلاندى. شۇڭا ئۇلار بىر كۈنگە بولسىمۇ ئايرىلىشتىن كۆرە، ئۆلۈشكە رازى ئىدى. شۇ تەرىقىدە تېرېزا 16 ياشقا، لۇيىدژى 17 ياشقا كىردى.

بۇ چاغدا، لېپىن تاغلىرىدا پەيدا بولغان قاراقچىلار توغرۇلۇق مىش-مىش گەپلەر تارقىلىشقا باشلىدى. رىم ئەتراپىدىكى جايلاردا بۇلاڭچىلىق ئىشلىرى داۋاملىق يۈز بېرىپ تۇراتتى. بەزى چاغلاردا باشلامچىلىق قىلىدىغان بىر ئادەم يېتىشمەي قالىدۇ، لېكىن ئۇنداق ئادەم چىقىپلا قالسا، ئۇنىڭ ئەتراپىغا دەرھال بىر توپ ئاتارمەن-چاپارمەنلەر يىغىلىدۇ.

ئەنە شۇنداق بىر ۋەزىيەتتە مەشھۇر كۇكۇمېتتو ئابرۇس تېغىدىن چېكىنىپ چىقتى، ئۆزى ھەققىي ئۇرۇش ئېلىپ بارغان نېئاپول دىيارىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى ۋە مانفرېدقا ① ئوخشاش، گارىلىيانو داۋانلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، سوننىنو بىلەن پىپېر-

---

① مانفرېد — ئەنگلىيە شائىرى بايروننىڭ شۇ ناملىق سەھنە ئەسىرىدىكى باش قەھرىمان بولۇپ، رېئال تۇرمۇشتىن قاچىدىغان سىرلىق شەخس.

نونىڭ ئارىلىقىدىكى ئامازونو ۋادىسىدا پاناھ تاپتى. ئەمدى ئۇ دېچېزارس ۋە گاسپارونلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ ۋە يات ئارىلاردا ئۇلاردىنمۇ ئۆتۈپ كېتىشنى كۆزلەپ، ئۆز ئەتراپىغا گۇرۇھ ئۇيۇشتۇرماقچى ئىدى. پالېسترىن، فراسكات ۋە پامپېناردىن بىرنەچچە يىگىت يوقىلىپ كەتتى. دەسلەپتە كىشىلەر ئۇلارنىڭ غېمىنى قىلىشتى، كېيىن ئۇلارنىڭ كۇكۇمېتتونىڭ شايكىسىغا قوشۇلغانلىقىدىن خەۋەر تېپىشتى. ئۇزۇن ئۆتمەي كۇكۇمېتتو كۆپچىلىكنىڭ دىققەت مەركىزىگە ئايلىنىپ قالدى. ئەل ئىچىدە ئۇنىڭ ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان باتۇرلۇقى ھەم ۋەھشىيانە زالىملىقى توغرىسىدا گەپ تارقالدى.

بىر كۈنى ئۇ فروزىنونىدىكى بىر يەر ئۆلچىگۈچىنىڭ قىزىنى ئوغرىلاپ كەتتى. قاراقچىلار قانۇنى ئۆزگەرمەستۇر: قىز ئالدى بىلەن ئوغرىلاپ كەلگۈچىنىڭ بولىدۇ، ئاندىن باشقىلارغا چەك تاشلىنىدۇ ۋە بىچارە قىز شايكىدىكى ھەممە قاراقچىلارغا ئويۇنچۇق بولۇپ قالىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ قىز، قاراقچىلار ئۇنى ئويناپ زېرىككەندە ياكى ئۆلۈپ تۈگەشكەندىلا بۇ ئىشتىن قۇتۇلالايدۇ. ئەگەر قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى پۇل تۆلەپ قىزىنى قايتۇرۇۋالالىغۇدەك باي بولسا، ئۇلارغا ئەلچى ئەۋەتىلىدۇ. ئەلچىنىڭ بىخەتەرلىكىگە تۇتقۇن قىز كاللىسى بىلەن جاۋاب قىلىدۇ. ئەگەر پۇل تۆلەنمىسە، تۇتقۇن قىزنىڭ تەقدىرىنى قاراقچىلار ئۆزلىرى بىلگەنچە بىر تەرەپ قىلىشىدۇ.

بۇ ئوغرىلانغان قىزنىڭ قاراقچىلار ئىچىدە سۆيگەن يىگىتى بار ئىدى. ئۇ يىگىتنىڭ ئىسمى كارلىنى ئىدى. قىز ئۇنى كۆرۈپ قۇتۇلدۇم دەپ ئويلىدى - دە، ئۇنىڭغا قاراپ قولىنى سوزدى. لېكىن، بىچارە كارلىنى ئۇنى كۆرگەندىن كېيىن يۈرەكلىرى پارە - پارە بولۇپ كەتتى: بۇ قىزنىڭ ئەمدى قانداق ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقىنى ئۇ چۈشىنەتتى. كارلىنى كۇكۇمېتتونىڭ

كۆڭلى يېقىن ئادىمى ئىدى. ئۇ ئۈچ يىل جەريانىدا كۇكۇمېتتو بىلەن ھەممە خەتەرلىك ئىشلاردا بىللە بولدى. ھەتتا بىر قېتىملىق جەڭدە كۇكۇمېتتونىڭ بېشى ئۈستىدىن قىلىچ كۆتۈرگەن ئەسكەرنى ئېتىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ھاياتىنى قوغداپ قالغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ كۇكۇمېتتونىڭ ئۆزىگە ئېتىبار قىلىشىغا ئۈمىد باغلىدى. ئۇ، قاراقچىلار ئاتامانىنى چەتكىرەك چاقىرىپ ئەكەلدى. بۇ چاغدا قىزچاق قاراقچىلارنىڭ ھاياسىز كۆزلىرىدىن يۈزىنى يوشۇرۇپ، رىمنىڭ دېھقان قىزلىرى ئارتىدىغان گۈللۈك ياغلىق بىلەن يۈزىنى يېپىۋالغان ھالدا ئورمان ئىچىدىكى بىر ئوچۇقچىلىقتا ئۆسكەن ئېگىز قارىغاينىڭ تۈۋىدە ئولتۇراتتى. كارلىنى ئاتامانغا ھەممىنى، يەنى: ئۆزلىرىنىڭ مۇھەببىتىنى، ساداقەتلىك ئەھدىنى ۋە قاراقچىلار مۇشۇ جايغا كېلىپ ئورۇنلاشقاندىن بۇيان ھەر كۈنى ئاخشىمى كونا خارابىلەر ئارىسىدا ئۇچرىشىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىرمۇ بىر سۆزلەپ بەردى.

دەل شۇ كۈنى ئاخشىمى كارلىنى قوشنا يېزىغا ئەۋەتىلگەن بولغاچقا، كۆرۈشۈشكە بارالمىغانىدى. لېكىن، كۇكۇمېتتو گوياكى تاسادىپىي بولغاندەك شۇ يەرگە بېرىپ، قىزنى ئوغرىلاپ كەلدى. كارلىنى ئاتامانغا يېلىنىپ - يالۋۇرۇپ، ئۆزىگە رەھىم قىلىشنى ۋە رىتاغا چېقىلماسلىقنى ئۆتۈنۈپ سورىدى ھەمدە رىتانىڭ دادىسى باي ئادەم بولغاچقا، قىزىنىڭ بەدىلىگە جىق پۇل تۆلىيەلەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئىشەندۈردى. كۇكۇمېتتو ئۆز دوستىنىڭ بۇ يالۋۇرۇشىغا ماقۇل بولغان قىياپەتكە كىرىۋالدى ۋە ئۇنىڭغا فروزىنونىدىكى رىتانىڭ دادىسىغا ئەۋەتىش ئۈچۈن بىر پادىچىنى ئىزدەپ تېپىشنى تاپشۇردى. كارلىنى خۇشاللىقتا قىزنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۇنىڭ قۇتۇلغانلىقىنى ئېيتتى ھەمدە دادىسىغا يۈز بەرگەن ۋەقەنى ۋە 300 پىئاستر نەق پۇل تۆلەش لازىملىقىنى ئۇقتۇرۇپ خەت يېزىپ بېرىشنى سورىدى. قىزنىڭ

دادىسىغا ئەتە ئەتىگەن سائەت توققۇزغىچە بولغان 12 سائەتلىك مۆھلەت بېرىلگەنىدى. كارلىنى خەتنى ئالدى ۋە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىش ئۈچۈن ئادەم ئىزدەپ ئالدىراشلىق بىلەن ئورماندىن چىقىپ كەتتى. ئۇ، قويلىرىنى قوتانغا سولاۋاتقان بىر ياش پادىچىنى ئىزدەپ تاپتى. شەھەر بىلەن تاغنىڭ ئارىسىدا، ئىپتىدائىي تۇرمۇش بىلەن مەدەنىيەتلىك تۇرمۇشنىڭ پاسىلىدا تىرىكچىلىك قىلىدىغان بۇ پادىچىلارنىڭ تولىسى قاراقچىلارنىڭ چاپارمەنلىرى ئىدى. پادىچى بىر سائەتتىن كېيىن فروزىنونغا يېتىپ بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، سەپەرگە ئاتلاندى.

كارلىنى ئۆزىنىڭ سۆيگەن قىزىغا بۇ خۇش خەۋەرنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن خۇشال - خورام قايتىپ كەلدى. ئۇ، قاراقچىلارنىڭ ئورمانلىقتىكى مەيدانچىدا غىزا ئۈستىدە ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇلار دېھقانلاردىن سېلىق سۈپىتىدە يىغىۋېلىنغان يېمەكلىكلەرنى يېيىشىۋاتاتتى. لېكىن ئۇ تەقەززالىق بىلەن كۆز يۈگۈرتۈپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كۇكۇمېتتو بىلەن رىتانى تاپالمىدى. كارلىنى ئۇلارنى سورىدى. باندىتلار قاقاقلاپ كۈلۈش بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشتى. كارلىنىنىڭ پېشانىسىدىن سوغۇق تەر چىقىپ كەتتى، ئۇنىڭ چاچلىرى تىك تۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ سوئالىنى قايتىلاپ سورىدى. ھەمتاۋاقلاردىن بىرەيلەن ئىستاكانغا ئورۋېت شارابىنى تولدۇرۇپ كارلىنىغا ئۇزارتتى.

«كۇكۇمېتتو باتۇر بىلەن گۈزەل رىتانىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن!»

دەل شۇ چاغدا كارلىنى ئايال كىشىنىڭ چىرقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى. ئۇ ھەممىنى چۈشەندى. ئۇ، ئىستاكانىنى سىقىملاپ ئالدى - دە، شاراب قۇيغۇچىنىڭ يۈزىگە قارىتىپ ئاتتى ۋە چىرقىرىغان ئاۋاز تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. 100 قەدەمچە يۈگۈرۈپ بارغاندىن كېيىن ئۇ، كۆكاتلار ئارىسىدا، ھوشسىزلانغان رىتانى

قۇچاقلاپ ياتقان كۇكۇمېتتونى كۆردى. كارلىنىنى كۆرۈپ كۇكۇمېتتو ئورنىدىن تۇردى ۋە ئۇنىڭغا ئىككى تاپانچىنى بىراقلا تەڭلىدى. ئىككى قاراقچى بىر - بىرىگە تىكىلىپ قارىدى: بىرى شەھۋەتپەرەستلىك بىلەن ھىجىيىپ تۇراتتى، يەنە بىرى مۇردىدەك تاتىرىپ كەتكەنىدى. بۇ ئىككى ئادەم ھازىر دەھشەتلىك تۇتۇشۇپ كېتىدۇ، دەپ قىياس قىلىشقا بولاتتى. لېكىن، كارلىنىنىڭ ئەپتى ئاستا - ئاستا ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى، ئۇنىڭ كەمىرىگە قىستۇرۇلغان تاپانچىسىنى تۇتقان قولى بوشىشىپ پەسكە ساڭگىلىدى. رىتا بۇ ئىككىيلەننىڭ ئوتتۇرىسىدا ياتاتتى. ئاي نۇرى بۇ مەنزىرىنى يورۇتۇپ تۇراتتى.

«ھە، قانداق؟ — دېدى كۇكۇمېتتو، — مېنىڭ تاپشۇرۇقۇمنى ئورۇندىدىڭمۇ؟»

«ئورۇندىدىم، ئاتامان، — دەپ جاۋاب بەردى كارلىنى، — ئەتە سائەت توققۇزدا رىتانىڭ دادىسى پۇلنى ئەكېلىدۇ.»

«ناھايىتى ياخشى، ئۇنىڭغىچە بىز بىر كۆڭۈللۈك كېچە ئۆتكۈزۈۋالىمىز. بۇ قىز قالتىس پەيزى ئىكەن. سېنىڭ دىتىڭ بار ئىكەن، كارلىنى. ئەمما، مەنمۇ شەخسىيەتچى ئەمەس. شۇڭا، بىز ھازىر بۇرادەرلەرنىڭ قېشىغا قايتىپ بېرىپ، بۇ قىزنى ئەمدى كىم ئوينايدىغانلىقىغا چەك تاشلايلى.»

«دېمەك، سىز بۇ قىزغىمۇ ئادەتتىكى بويىچە ئىش تۇتماقچى ئىكەنسىز - دە؟» — دەپ سورىدى كارلىنى.

«ئەمىسە بۇنىڭغا كەلگەندە قائىدىنى بۇزسام بولامتى؟»

«مەن ئويلاپتىمەن، مېنىڭ سىزگە قىلغان ئىلتىماسىمنى ئېتىبارغا ئېلىپ...»

«سېنىڭ باشقىلاردىن نېمەڭ ئارتۇق؟»

«توغرا ئېيتتىڭىز».

«لېكىن، سەن كۆڭلۈڭنى بۇزمىغىن، — دېدى يەنە كۇكۇ-

مىتتو كۈلۈپ تۇرۇپ، — چەك تاشلاشتا ھامان ساڭىمۇ نەۋۋەت كېلىدۇ».

كارلىننىڭ چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى.

«ھە، قايتايلىمۇ؟» دېدى كۇكۇمىتتو، بۇرادەرلىرى تەرەپكە قەدەم بېسىپ.

«مەن كەينىڭىزدىن بارىمەن».

كۇكۇمىتتو كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ كەينىدىن كارلىننىڭ ھۇجۇم قىلىپ قېلىشىدىن گۇمانسىراپ، ئارقىسىغا قاراپ - قاراپ ماڭدى. ئەمما، ياش قاراقچىنىڭ قىياپىتىدە ھېچقانداق دۈشمەنلىك غەرەزلىرى سېزىلمەيتتى. ئۇ، تېخىچە ھوشىغا كەلمەي ياتقان رىتانىڭ يېنىدا قوللىرىنى كۆكرىكىنىڭ ئۈستىدىن قوشتۇرۇپ تۇتقان ھالدا قاراپ تۇراتتى. كۇكۇمىتتونىڭ كاللىسىغا، كارلىنى قىزنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ قاچماقچى بولسا كېرەك، دېگەن خىيال كەلدى. لېكىن ئۇ، بۇنىڭغا پەرۋا قىلمىدى، چۈنكى ئۇ رىتاغا بولغان خۇمارىنى قاندۇرۇپ بولغانىدى. پۇلنى دېسە، 300 پىئاسترنى ھەممە قاراقچىلارغا تۆلەشتۈرۈپ بەرگەندە ئۇنىڭ ئۆزىگە تېگىدىغىنى چاغلىق بولغاچقا، ئۇ پۇلغىمۇ ئانچە قىزىقمايتتى. ئۇ، قاراقچىلار ئولتۇرۇشقان مەيدانچىغا قاراپ كېتىۋەردى. بۇ چاغدا ئۇنى ھەيرانلىقتا قالدۇرۇپ كارلىنمۇ ئۇنىڭ كەينىدىنلا ئىز بېسىپ يېتىپ كەلدى.

«چەك تاشلايلى! چەك تاشلايلى!» دەپ چۇقان كۆتۈرۈشتى قاراقچىلار ئاتامانىنى كۆرۈپ. بۇ ئادەملەرنىڭ كۆزلىرى شەھۋانىي ھەۋەستىن چاقناپ كېتىشتى، يالقۇنلاپ تۇرغان گۈلخاننىڭ قىزغۇچ شولىسىدا ئۇلار بەئەينى بىر ئالۋاستىلارغا ئوخشاپ تۇراتتى.

ئۇلارنىڭ تەلىپى ھەققانىي ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتامان رازىلىق بىلدۈرۈپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. ھەممە قاراقچىلارنىڭ

ئىسمى يېزىلغان ھەم شۇ قاتاردا كارلىننىڭمۇ ئىسمى يېزىلغان باغاقچىلارنى بىر شلەپىنىڭ ئىچىگە سېلىشتى. قاراقچىلارنىڭ ئىچىدىن ياشتا ئەڭ كىچىك بولغان بىرى شلەپىدىكى باغاقچىلاردىن بىرىنى قولىغا ئالدى. بۇ باغاقچىدا دياۋولاچچونىڭ ئىسمى پۈتۈلگەنىدى. بۇ، دەل كارلىننى ئاتامانىنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن شاراب ئىچىشكە تەكلىپ قىلغان ۋە ئۇنىڭغا جاۋابەن كارلىنى ئۇنىڭ يۈزىگە قارىتىپ ئىستاكاننى ئاتقان ھېلىقى قاراقچى شۇ ئىدى. ئۇنىڭ يۈزى چېكىسىدىن ئېڭىكىگىچە تىلىنىپ كەتكەن بولۇپ، كەڭ ئېچىلىپ قالغان يارىسىدىن قان ئېقىپ تۇراتتى. باغاقچىغا پۈتۈلگەن ئۇنىڭ ئىسمى ئېلان قىلىنغاندا ئۇ قاتتىق قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

«ئاتامان، — دېدى ئۇ، — كارلىنى بايا سىزنىڭ سالامەتلىكىڭىز ئۈچۈن شاراب ئىچىشنى رەت قىلغانىدى، ئەمدى سىز ئۇنى مېنىڭ سالامەتلىكىم ئۈچۈن ئىچىۋېتىشكە تەكلىپ قىلىپ قويارسىز. بەلكىم ئۇ مېنىڭ تەكلىپىمگە قارىغاندا سىزنىڭ تەكلىپىڭىزگە ئەھمىيەت بېرەر».

ھەممەيلەن كارلىننىڭ غەزەپكە كېلىشىنى تەخمىن قىلىپ تۇرۇشاتتى. لېكىن ئۇ ھەممەيلەننى ئەجەبلەندۈرگەن ھالدا بىر قولىغا ئىستاكاننى، يەنە بىر قولىغا شاراب قاچىسىنى ئالدى ۋە ئۆزىگە ئۆزى شاراب قۇيدى.

«سېنىڭ سالامەتلىكىڭ ئۈچۈن، دياۋولاچچو» — دېدى ئۇ ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن.

ئۇ، ئىستاكاننى كۆتۈرۈپ تامچا قالدۇرماي ئىچىۋەتتى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ قولى ھەتتا بىر ئازمۇ تىترەپ قويمىدى. ئاندىن ئۇ گۈلخاننىڭ يېنىغا ئولتۇرۇپ:

«ماڭا تېگىشلىك غىزانى بېرىڭلار! ئۇزۇن يول يۈرۈپ قورسىقىم ئېچىپ كەتتى» — دېدى.

«ياشا كارلىنى!» — دەپ ۋارقىراشتى قاراقچىلار.

«مانا بۇ ئىشنىڭ يارايدۇ! ئاغىنىدارچىلىق دېگەن شۇنداق بولىدۇ».

ھەممەيلەن قايتىدىن گۈلخان ئەتراپىغا ئولىشىپ ئولتۇرۇشتى. دياۋولاچچو كەتتى. كارلىنى خۇددى ھېچنېمە بولمىغاندەك، يەيدىغىنىنى يەپ، ئىچىدىغىنىنى ئىچىپ ئولتۇردى. قاراقچىلار ئۇنىڭ بۇنداق بىپەرۋالىقىنى چۈشىنەلمەستىن ھەيران بولغان ھالدا ئۇنىڭغا كۆز تاشلىشىپ ئولتۇرغاندا، ئۇشتۇمتۇت ئارقا تەرەپتىن ئېغىر قەدەملەرنىڭ شەپىسى كەلدى... ئۇلار شۇ تەرەپكە قاراشتى: دياۋولاچچو تۇتقۇن قىزنى قولىغا ئېلىپ كۆتۈرگەن بويىچە گۈلخانغا يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. قىزنىڭ بېشى ئارقىغا تاشلانغان بولۇپ، ئۇزۇن چاچلىرى يەرگە تېگىپ تۇراتتى. دياۋولاچچو گۈلخان يورۇتۇلغان دائىرىگە يېقىنلاشقانسېرى قىزنىڭ چىرايىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى ئاقىرىپ كەتكەنلىكى ھەم قاراقچىنىڭ چىرايىنىڭمۇ ئادەتتىن تاشقىرى ئاقىرىپ كەتكەنلىكى روشەن كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بۇ مەنزىرە شۇنچە سۈرلۈك ۋە شۇنچە مۇدھىش ئىدىكى، ھەممەيلەن ئىختىيارسىز رەۋىشتە ئورنىدىن تۇرۇشتى. پەقەت بىر كارلىنىلا مالال بولماي ئولتۇرۇۋەردى ۋە خۇددى ھېچنېمە بولمىغاندەك يەيدىغىنىنى يەپ، ئىچىدىغىنىنى ئىچىشنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. دياۋولاچچو جىمجىتلىق ئىچىدە يېقىنلاپ كېلىشۋەردى ۋە ئاخىرى كېلىپ رىتانى ئاتامانىنىڭ ئاياغلىرى يېنىغا ياتقۇزۇپ قويدى. ئەنە شۇ چاغدا نېمە ئۈچۈن قاراقچىنىڭ چىرايى بىلەن قىزنىڭ چىرايىنىڭ مۇنچىۋالا ئاقىرىپ كەتكەنلىكى ھەممىگە ئايان بولدى: قىزنىڭ سول كۆكسىنىڭ ئاستىدىن پىچاقنىڭ دەستىسى چىقىپ تۇراتتى. ھەممەيلەننىڭ كۆزلىرى كارلىنىغا قارىتىلدى: ئۇنىڭ كەمىرىدە بوش قالغان غىلاپ ساڭگىلاپ تۇراتتى.

«ھىم، — دېدى ئاتامان، — كارلىنى نېمە ئۈچۈن مېنىڭ كەينىمدە قالغانلىقىنى ئەمدى چۈشەندىم».

تەبىئىتىدىن قارام بولغان كىشىلەر شىجائەتلىك ئىش - ھەرىكەتكە قايىل بولۇشنى بىلىدۇ. بەلكىم قاراقچىلاردىن ھېچكىم كارلىنى قىلغاندەك بۇنداق ئىشنى قىلالماس ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ھەممەيلەن ئۇنىڭ قەلبىنى چۈشەندى. كارلىنىمۇ ئولتۇرغان يېرىدىن تۇردى، ۋە بىر قولىنى تاپانچىسىنىڭ تۇتقۇچىغا قويۇپ تۇرۇپ جەسەتنىڭ يېنىغا كەلدى.

«ئەمدى، — دېدى ئۇ، — بۇ قىزنى مەندىن يەنە تالىشىدىغانلار بارمۇ؟»

«يوق، — دەپ جاۋاب بەردى ئاتامان، — ئۇ سېنىڭ!»

كارلىنى قىزنى قولىغا ئېلىپ كۆتۈردى ۋە گۈلخاننىڭ يالقۇنلىرى شولا تاشلاپ تۇرغان يورۇق دائىرىدىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

كۇكۇمېتتو ئادەتتىكىچە قاراۋۇللارنى جاي - جايلىرىغا تۇرغۇزۇپ چىقتى ۋە قاراقچىلار يېپىنچىلىرىنى يېپىنىپ گۈلخاننىڭ چۆرىسىدە ئۇخلاشقا ياتتى. يېرىم كېچە بولغاندا قاراۋۇللار ئاگاھ بولۇشقا چاقىردى.

ئاتامان بىلەن قاراقچىلار دەرھال دەس تۇرۇشتى. قارىغۇدەك بولسا، رىتانىڭ ئاتىسى قىزىنىڭ بەدىلىگە تۆلەش ئۈچۈن پۇل ئەكەلگەنىكەن.

«مانا، ئالغىن، — دېدى ئۇ، ئاتامانغا كۈمۈش تەڭگىلەر سېلىنغان خالتىنى ئۇزىتىپ، — مانا 300 پىئاستىر. ئەمدى قىزىمنى قايتۇرۇپ بەرگىن».

لېكىن، ئاتامان پۇلنى ئالمىدى ۋە ئۆزىنىڭ كەينىدىن مېڭىشنى بۇيرۇپ، ئۇنىڭغا قول ئىشارىسى قىلدى. بوۋاي ئىتائەت قىلدى. ئۇلار شاخلىرى ئارىسىدىن ئاي نۇرى تۆكۈلۈپ تۇرغان دەرەخلەرنى ئارىلاپ ماڭدى. ئاخىرى، كۇكۇمېتتو توختىدى ۋە قولىنى سوزۇپ، بوۋايغا بىر دەرەخنىڭ تۈۋىدىكى ئىككى ئادەمنىڭ گەۋدىسىنى كۆرسەتتى.

«ئەنە، — دېدى ئۇ، — قىزىڭنى كارلىنىدىن سورا، ئۇ ساڭا جاۋاب قىلىدۇ».

شۇ گەپ بىلەنلا ئۇ بۇرادەرلىرىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەتتى. بوۋاي تۇرغان جايىدا قېتىپ قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بېشىغا قانداقتۇر بىر ئۆزىگە نامەلۇم بولغان غايەت زور، تارتىپ تۈگەتكۈسىز دەرد كەلگەنلىكىنى ھېس قىلماقتا ئىدى. ئاخىرى، ئۇ، دەرەخ تۈۋىدە نېمە ۋەقە بولۇۋاتقانلىقىنى پەرق ئېتىشكە تىرىشىپ، بىر نەچچە قەدەم ئالغا باستى. يېقىنلاپ كېلىۋاتقان قەدەملەرنىڭ شەپىسىنى ئاڭلاپ كارلىنى بېشىنى كۆتۈردى ۋە بوۋاينىڭ كۆزلىرى ئالدىدا ئىككى ئادەمنىڭ قىياپىتى روشەنلىك بىلەن نامايان بولدى. يەردە بىر ئايال كىشى ياتاتتى. ئايالنىڭ بېشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېگىلىپ ئولتۇرغان بىر ئەر كىشىنىڭ قۇچىقىغا قويۇلغانىدى. بۇ ئەر كىشى ئايالنىڭ بېشىنى ئۆزىنىڭ باغرىغا بېسىپ قۇچاقلىۋالغانىدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرگەندە ئايالنىڭ يۈزى ئېچىلدى. بوۋاي ئۆزىنىڭ قىزىنى تونۇدى، كارلىنى بوۋاينى تونۇدى.

«مەن سېنى كۈتۈپ ئولتۇرغانىدىم» — دېدى قاراقچى رىتانىڭ ئاتىسىغا.

«ھەي مۇناپىق! — دەپ ۋارقىرىدى بوۋاي، — نېمە قىلغىنىڭ بۇ؟»

ئۇنىڭ گويا جېنى چىقىپ كەتكەندەك بولدى ۋە تىنىقسىز، قانغا مىلەنگەن، كۆكسىگە پىچاق سانجىلغان رىتاغا قارىدى. ئاي نۇرى قىزنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ، ئۇنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى.

«كۆكۈمېتتو قىزىڭنىڭ نومۇسىغا تەگدى، — دېدى كارلىنى، — مەن سېنىڭ قىزىڭنى ياخشى كۆرەتتىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم. مەن بۇنداق قىلمىغان بولسام، ئۇ يەنە ھەممە قاراقچىلارغا ئويۇنچۇق بولۇپ قالاتتى».

بوۋاي زۇۋان سۈرمىدى، ئەمما ئۇ بەدىنى ئەرۋاھدەك تاتىرىپ كەتتى.

«ئەگەر مەن گۇناھ قىلغان بولسام، — دېدى يەنە كارلىنى، — ئەمدى سەن مېنى ئۆلتۈرگىن».

ئۇ، ياش قىزنىڭ كۆكسىدىن پىچاقنى سۇغۇرۇۋالدى ۋە بىر قولى بىلەن پىچاقنى بوۋايغا ئۇزاتتى، يەنە بىر قولى بىلەن ئۆزىنىڭ كۆكرىكىنى ياڭاچلىدى.

«سەن ياخشى قىپسەن، — دېدى بوۋاي بوغۇق ئاۋازى بىلەن، — مېنى قۇچاقلىغىن، ئوغلۇم!»

كارلىنى ھۆكرەپ يىغلىغان بويىچە ئۆزىنىڭ سۆيگەن قىزىنىڭ ئاتىسىنى قۇچاقلىدى. بۇ، قان تۆكۈشتىن قورقمايدىغان شۇ ئادەمنىڭ ئۆز ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم كۆزىدىن ياش چىقىشى ئىدى.

«ئەمدى، — دېدى بوۋاي، — قىزىمنى يەرلىكىگە قويۇۋېلىشىمغا ياردەم قىلغىن».

كارلىنى ئىككى گۈرجەكنى ئەكەلدى ۋە قىزنىڭ ئاتىسى بىلەن ئاشىق يىگىت ئىككىيلەن بىرلىكتە 100 يىللىق دۇب دەرىخىنىڭ تۈۋىگە گۆر كولاشقا كىرىشتى. گۆر كولىنىپ پۈتكەندىن كېيىن، ئالدى بىلەن بوۋاي ئۆلتۈرۈلگەن قىزىنى سۆيدى، ئاندىن ئاشىق يىگىتمۇ سۆيۈپ قويدى. شۇندىن كېيىن، بىرەيلەن قىزنىڭ پۇتلىرىدىن، يەنە بىرەيلەن ئۇنىڭ يەلكىلىرىدىن ئېلىپ گۆرگە ياتقۇزۇشتى. ئىككىيلەن گۆرنىڭ ئىككى چېتىدە تىزلىنىپ تۇرۇپ، مەرھۇمنىڭ روھىغا ئاتاپ قىرائەت ئوقۇشتى. ئاندىن كېيىن ئۇلار يەنە گۈرجەكلەرنى ئېلىپ، گۆرنى كۆمۈۋەتتى. بوۋاي كارلىنىغا قولىنى بەردى.

«رەھمەت ساڭا، ئوغلۇم، — دېدى ئۇ، — ئەمدى مېنى يالغۇز قالدۇرغىن».

«بىراق، بۇ...».

«مېنى يالغۇز قويغىن، مەن شۇنى خالايمەن».

كارلىنى ئىتائەت بىلدۈرۈپ، قاراقچىلارنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى ۋە يېپىنچىسىغا يۆگىنىپ ياتتى. كۆپ ئۆتمەي ئۇ باشقىلارغا ئوخشاشلا قاتتىق ئۇيقۇغا كەتتى.

تېخى تۈنۈگۈنلا بۇ يەردىن كۆچۈپ كېتىش قارار قىلىنغانىدى. تاڭ يورۇشتىن بىر سائەت بۇرۇن كۇكۇمېتتو پۈتۈن شايكىنى سەپكە تۇرغۇزدى ۋە سەپەرگە ئاتلىنىشقا بۇيرۇق بەردى. لېكىن، كارلىنى رىتانىڭ دادىسىنى كۆرمەي تۇرۇپ ئورماندىن كېتەلمەيتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بوۋاي بىلەن خوشلاشقان جايىغا باردى. بوۋاي ئۆزىنىڭ قىزىنىڭ قەبرىسى ئۈستىدە سايىۋەن بولغان دۇب دەرىخىنىڭ بىر شېخىغا سىرتماق سېلىپ ئېسىلىۋالغانىدى. كارلىنى، بوۋاينىڭ جەسىتى ئالدىدا ۋە قىزنىڭ قەبرىسى ئۈستىدە تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىشقا قەسەميات قىلدى. بىراق، ئۇ، بۇ قەسەمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمىدى. ئىككى كۈن ئۆتۈپ، رىم ئەسكەرلىرى بىلەن بولغان بىر توقۇنۇشتا ئۇ ئۆلتۈرۈلدى. كۆپچىلىك شۇنىڭغا ھەيران بولۇشتىكى، گەرچە ئۇ دۈشمەنگە يۈزلىنىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئوق ئۇنىڭ دۈمبىسىگە تەگكەنىدى. لېكىن، قاراقچىلاردىن بىرى، دەل كارلىنى يىقىلغان پەيتتە كۇكۇمېتتو ئون چامدامچە ئۇنىڭ ئارقىسىدا تۇرغانلىقىنى ئەسلىگەندىن كېيىن، بۇ ئىشقا ھېچكىم ئەجەبلەنمەيدىغان بولدى. قاراقچىلار شايكىسى فروزىنون ئورمانلىقىدىن چىقىپ كېتىۋاتقان كۈنى سۇبھىدەم مەزگىلىدە كۇكۇمېتتو قاراڭغۇدا كارلىنىنىڭ ئارقىدىن پايلاپ يۈرۈپ، ئۇنىڭ قىلغان قەسىمىنى ئاڭلىغانىدى. شۇڭا، ئۇ ھوشيار ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، كارلىنىدىن چاققان چىقتى.

بۇ ياۋۇز ئاتامان ھەققىدە يەنە تۈرلۈك ئاجايىپ ھېكايىلەر

تارقىلىپ يۈرەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، فونددىن پېرۇدژىغىچە بولغان ھەممە جايلاردا كۇكۇمېتتونىڭ ئىسمىنى ئاڭلاش بىلەن كىشىلەر ۋەھىمىگە چۈشەتتى.

لۇيىدژى ۋامپا بىلەن تېرېزا ئىككىسىمۇ پات - پات شۇ ھەقتە گەپ قىلىشىدىغان بولۇپ قالدى. تېرېزا بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىغاندا قورقۇپ تىترەپ كېتەتتى، لېكىن ۋامپا كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا تەسەللى بېرەتتى ۋە نىشانغا شۇنچە دەل تېگىدىغان مىلتىقىنى قولىغا ئېلىپ كۆرسىتىپ قوياتتى. تېرېزا شۇنىڭدىنمۇ يەنە خاتىرجەم بولالمىسا، ۋامپا ئۇنىڭغا 100 قەدەمچە نېرىدىكى بىر قۇرۇق شاخقا قونۇپ ئولتۇرغان قاغىنى قولى بىلەن كۆرسىتەتتى ھەمدە قارىغا ئېلىپ مىلتىقىنىڭ تەپكىسىنى بېسىشىغىلا، قاغا جان بېرىپ موللاقلاپ چۈشەتتى.

بۇ ئارىدا ۋاقىت ئۆتۈۋەردى. بۇ ئىككى ياش، لۇيىدژى 20 ياشقا، تېرېزا 19 ياشقا توشقاندا توي قىلىشقا كېلىشتى. ئۇلار ئىككىلىسى يېتىم بولغاچقا، توي قىلىش ئۈچۈن پەقەت ئۆزلىرىنىڭ خوجايىنلىرىدىن رۇخسەت ئالسىلا بولاتتى. ئۇلار خوجايىنلىرىغا بۇ ھەقتە ئىلتىماس قىلدى ۋە ھەر ئىككى خوجايىن رازىلىق بېرىشتى.

بىر كۈنى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇشى ئۈستىدە مۇڭدىشىپ ئولتۇرغاندا، تۇساتتىن ئېتىلغان ئوق ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. شۇندىن كېيىن، ئۇلار ئادەتتىكىدەك قويلارنى ئوتلاشقا قويۇپ بەرگەن يايلاقنىڭ يېنىدىكى ئورماندىن بىر ئادەم ئېتىلىپ چىقتى - دە، ئۇلار تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. يېقىن كەلگەندىن كېيىن ئۇ:

«مېنى قوغلاپ كېلىشىۋاتىدۇ! مېنى يوشۇرۇپ قويۇڭلار!» — دەپ ۋارقىرىدى.

ياشلار دەرھال بۇنىڭ قاراقچى ئىكەنلىكىنى چۈشەندى.

ۋەھالەنكى، رىم دېھقانلىرى بىلەن رىم قاراقچىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر خىل تۇغما يېقىنچىلىق بار بولۇپ، ئالدىنقىلىرى كېيىنكىلىرىگە ياردەم كۆرسىتىشكە ھامان تەييار تۇرىدۇ. ۋامپا گەپ قىلماستىن يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۆڭكۈرىنىڭ ئېغىزىنى يېپىپ تۇرغان تاشنى ئىتتىرىۋەتتى ۋە ھېچكىم بىلمەيدىغان بۇ پاناھ جايىنى قاچقۇنغا كۆرسەتتى. شۇندىن كېيىن ئۇ ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزىنى قايتىدىن تاش بىلەن بېكىتىپ قويدى-دە، يەنە تېرېزانىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. شۇ ھامانلا دېگەندەك، ئورمان ياقىسىدا تۆت نەپەر ئاتلىق ئەسكەر پەيدا بولدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇلاردىن ئۈچەيلەن قاچقۇننى قوغلاپ كېلىشكەندى. تۆتىنچىسى بولسا، قولغا چۈشكەن بىر قاراقچىنىڭ بوينىدىن باغلاپ سۆرەپ كەلمەكتە ئىدى. ئاتلىق ئەسكەرلەر ئالمان-تالمان تۆت ئەتراپقا نەزەر تاشلاپ، نېرىدا ئولتۇرغان ياشلارنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئات چاپتۇرۇپ كەلدى-دە، ئۇلارنى سوراق قىلىشقا باشلىدى. ياشلار ھېچكىمنى كۆرمىگەنلىكىنى ئېيتىشتى.

«ھەي، ئىسست، — دېدى پاترۇل باشلىقى، — بىزنىڭ ئىزدەپ يۈرگىنىمىز ئاتامان ئىدى».

«كۇكۇمېتتومۇ؟» — ۋامپا بىلەن تېرېزا ئىختىيارسىز تۇردە بىر ئېغىزدىن خىتاب قىلىشتى.

«ھەئە، — دەپ جاۋاب بەردى پاترۇل باشلىقى، — ئۇنىڭ كاللىسىغا 1000 رىم سكۇدوسى نەرقىدىكى مۇكاپات پۇلى بەلگىلەنگەنىدى. ئەگەر سىلەر بىزنىڭ ئۇنى تۇتۇشىمىزغا ياردەم قىلساڭلار، 500 سكۇدو سىلەرنىڭ بولاتتى».

ياشلار بىر-بىرىگە قارىشىپ قويدى. ئاتلىق ئەسكەرنىڭ ئۈمىدى قوزغالدى. 500 رىم سكۇدوسى دېگەن 3000 فرانكقا باراۋەر. 3000 فرانك دېگىنىمىز، توي قىلىش ئالدىدا تۇرغان ئىككي يېتىمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، چوڭ بايلىق،

«ھەي، ئىسست، — دەپ جاۋاب بەردى ۋامپا، — لېكىن، بىز ئۇنى كۆرمىدۇق».

ئاتلىق ئەسكەرلەر ھەر تەرەپكە چېپىپ كېتىشتى، ئەمما ھېچكىمنى تاپالمىدى. ئاندىن ئۇلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى قايتىپ كېتىشتى. شۇندىن كېيىن ۋامپا تاشنى نېرىغا سۈرۈۋەتتى ۋە كۇكۇمېتتو ئۆڭكۈردىن چىقتى. ئۇ، ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزىنى ئېتىپ تۇرغان تاشنىڭ يوچۇقىدىن يىگىت-قىز ئىككىسىنىڭ ئەسكەرلەر بىلەن سۆزلەشكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرغانىدى. ئۇ، ئۇلارنىڭ نېمىلەرنى دېيىشكەنلىكىنى چۈشەندى. لۇيىدژى بىلەن تېرېزانىڭ چىرايىدىن ئۇنى تۇتۇپ بەرمەسلىككە قەتئىي نىيەت باغلىغانلىقىنى كۆردى. ئۇ، يانچۇقىدىن تىللا بىلەن توشقۇزۇلغان ھەميانىنى چىقىرىپ ئۇلارغا ئۇزاتتى. ۋامپا بۇنى ئېلىشنى رەت قىلىپ مەغرۇرلۇق بىلەن بېشىنى كۆتۈردى. لېكىن، تېرېزا بۇ تىللالارغا قانچىلىك زىبۇ-زىننەت ۋە كىيىم-كېچەكلەرنى سېتىۋېلىشقا بولىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەندە، ئۇنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى.

كۇكۇمېتتو قاراقچى قىياپىتىگە كىرىۋالغان ئەشەددىي مەلئۇن، زەھەرلىك چايان ئىدى. ئۇ، تېرېزانىڭ كۆزلىرىگە قارىدى ۋە ئۇنىڭ يېۋا قىزىدىن قېلىشمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، ئورمانلىقتا كىرىپ كېتىشتىن ئاۋۋال گوياكى ئۆزىنىڭ بۇ قۇتقۇزغۇچىلىرى بىلەن خەيرلەشكەندەك بولۇپ بىرنەچچە قېتىم ئارقىغا بۇرۇلۇپ قاراپ قويدى.

ئاردىن بىرنەچچە كۈن ئۆتتى. كۇكۇمېتتو ئىككىنچىلەپ كۆرۈنمىدى ۋە ئۇنىڭ ھېچقانداق دېرىكىمۇ بولمىدى. كارناۋال كۈنلىرى يېقىنلاشماقتا ئىدى. گراف سان-فېلىچى، رىم جامائەتچىلىكىنىڭ ئەڭ يۇقىرى تائىپىلىرىدىن مېھمان چىللاپ، مەخسۇس تانسا كىيىمى بىلەن ئوينىلىدىغان كاتتا بەزمە ئۆتكۈزمەكچى

بولدى. تېرېزا بۇ بايرامغا قاتنىشىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى. لۇيىدژى ئۆزىنىڭ تېرېزا بىلەن بىرلىكتە خىزمەتكارلار قاتارىدا تۇرۇپ بەزمىگە قاتنىشىشقا غوجىدارىدىن رۇخسەت ئالدى. گراف بۇ ئويۇن - تاماشىنى ئۆزىنىڭ جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرىدىغان قىزى كارمېلانىڭ كۆڭلىنى ئېچىش مەقسىتى بىلەن ئويۇشتۇرغانىدى. كارمېلا تېرېزا بىلەن تەڭتۇش ئىدى. ۋەھالەنكى، تېرېزانىڭ گۈزەللىكى گراف قىزىدىن قېلىشماس ئىدى. بەزمە بولىدىغان ئاخشىمى تېرېزا ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى كىيىملىرىنى كىيدى، چېچىغا ئۆزىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك چازىلىرىنى قىستۇردى، بوينىغا ئەڭ يالتىراق مارجانلىرىنى ئاستى. ئۇ، فىراسكاتىنىڭ دېھقان قىزلىرىدەك ياسانغانىدى. لۇيىدژى بولسا، توسكان دېھقانلىرىنىڭ رەڭدار كىيىملىرىنى كىيدى. ئۇلار ئىككىسى، ئالدىن شەرت قىلىنغىنىدەك، خىزمەتكار ۋە دېھقانلار توپىغا قوشۇلۇپ تۇرۇشتى.

بەزمىنىڭ باياشاتچىلىقى ھەددىدىن زىيادە ئىدى. يالغۇز گرافنىڭ ئۆيىلا سان - ساناقسىز چىراغلار بىلەن يورۇتۇلغان بولماستىن، بەلكى باغچىدىكى ھەممە دەرەخلەرگىمۇ رەڭگا رەڭ ئەينەك چىراغلار ئېسىلغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مىغىلداپ تۇرغان مېھمانلار ھايال بولماستىن، ھەشەمەتلىك خانىلاردىن ئايۋانلارغا، ئايۋانلاردىن باغچا يوللىرىغا چىقىشتى. ھەر بىر دوقمۇشتا ئوركېستىر ياڭراپ تۇراتتى، نازۇ - نېمەتلەر ۋە مەي - شارابلار تويۇلغان ئۈستەللەر تىزىلغانىدى. تاماشا قىلغۇچىلار ھەر جايلاردا توپلىشىپ كادرىلغا ① سەپ تۈزۈشەتتى ۋە قەيەرنى مۇۋاپىق كۆرسە، شۇ يەردە تانسا ئوينىشاتتى.

كارمېلا سونىنودىكى دېھقان قىزلىرىغا تەقلىد قىلىپ كىيىنگەنىدى. ئۇنىڭ بۆكى مەرۋايىت بىلەن كەشتىلەنگەن، ئالتۇن چازىلىرىغا گۆھەر كۆزلەر ئورنىتىلغانىدى. ئۇنىڭ بېلىگە تۈركىيىنىڭ گۈللۈك شايىسىدىن تىكىلگەن بەلباغ باغلانغانىدى. كۆڭلەك ۋە يوپكىسى كەشمىر تاۋاردىن، كىچىككىنە پەرتۇقى ھىندىستاننىڭ نېپىز گەزلىمىسىدىن ئىدى. جىلتىكىسىنىڭ ھەممە تۈگمىلىرى قىممەتلىك تاشلاردىن ياسالغانىدى. ئۇنىڭ يېنىدىكى ئىككى دوستىنىڭ بىرى نېتتۇنوچە، يەنە بىرى رىچچىئاچە كىيىنگەنىدى. رىمدىكى ئەڭ باي ۋە ئەڭ ئېناۋەتلىك ئائىلىلەردىن كېلىپ چىققان تۆت يىگىت ئۇلارغا ھەمراھ بولغانىدى. ئۇلارنىڭ مۇئامىلىسى شۇنداق ئەركىن ئىدىكى، بۇنداق ئەركىنلىك پەقەت ئىتالىيىدىلا بار، باشقا ھېچقانداق ئەلدە يوق. ئۇلارنىڭ كىيىملىرى — ئالبانو، ۋېللېترى، چىۋىتا - كاستېللان ۋە سورا دېھقانلىرىنىڭ تەقلىدىدە ئىدى. بۇ ئەرەنچە كىيىملەرمۇ خۇددى قىزلارنىڭ كىيىملىرىگە ئوخشاشلا ئالتۇن، گۆھەرلەر بىلەن يالتىراپ تۇراتتى.

كارمېلا بىر خىلدىكى كىيىملەر بويىچە كادرىل تانسىسىنى ئويۇشتۇرماقچى بولدى. لېكىن بۇنىڭغا يەنە بىر قىز يېتىشمەي تۇراتتى. كارمېلا مېھمانلار توپىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتى، لېكىن ئۆزىنىڭ ئويلىغىنىدەك كىيىنگەن بىرمۇ ئايالنى تاپالمىدى. گراف سان - فىلىچى ئۇنىڭغا تېرېزانى كۆرسەتتى. تېرېزا دېھقانلارنىڭ ئارىسىدا لۇيىدژىنىڭ قولىغا تايىنىپ تۇراتتى.

«رۇخسەت قىلامسىز، دادا؟» — دەپ سورىدى كارمېلا.

«ئەلۋەتتە، — دېدى گراف، — ھازىر كارناۋال ئەمەسمۇ».

كارمېلا ئۆزىگە ھەمراھ بولغان يىگىت تەرەپكە سەل ئېگىلىپ، ئۇنىڭغا بىرنەچچە ئېغىز سۆزنى پىچىرلىدى ۋە قولى بىلەن ياش قىزنى كۆرسەتتى. ياش يىگىت بۇ چىرايلىق قول كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدى ۋە ئىتائەت بىلدۈرۈپ تەزىم قىلدى - دە، گراف قىزى ئويۇشتۇرغان كادرىلغا تېرېزانى تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن باردى. تېرېزانىڭ مەڭزىلىرى ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتتى.

---

① كادرىل — تانسىنىڭ بىر تۈرى. تۆت جۈپ بولۇپ ئوينىلىدۇ.

ئۇ، لۇيدژىغا سوراش نەزەرى بىلەن قارىدى. تەكلىپنى رەت قىلىشقا بولمايتتى. لۇيدژى ئۇنىڭ قولىنى ئاستا قويۇپ بەردى. تىبرىزا پۈتۈن ئەزايى - بەدىنى تىترەپ تۇرغان ھالدا ئۆزىنى بۇ چىرايلىق يىگىتنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇپ، ئەزىزانە كادرىلدىن ئورۇن ئالدى. روشەنكى، شۇ تاپتا ئۇلارنى بىر رەسسام كۆرگەن بولسا، كارمىلا ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىنىڭ كىيىملىرىگە قارىغاندا، تىبرىزانىڭ ئۆزىگە ياراشقان ئاددىي كىيىمىنى ياقتۇرغان بولاتتى. ئەمما، تىبرىزا خۇلق - مىجەزى يېنىك ۋە سۆلەتكە ھەۋەس قىلىدىغان قىز ئىدى. ھىندىستاننىڭ كەشتە تىكىلگەن رەختلىرى، تۈركىستاننىڭ گۈللۈك بەلباغلىرى، رەڭدار كەشمىر تاۋارلىرى ئۇنىڭ كۆزلىرىنى قاماشتۇراتتى، قىممەتلىك زىبۇ - زىننەتلەر ۋە گۆھەرلەر ئۇنىڭ ئەقلى - ھوشىنى قاچۇراتتى.

لۇيدژىنىڭ قەلبىدە شۇنىڭغىچە مەلۇم بولمىغان بىر خىل يېڭى تۇيغۇ پەيدا بولدى: ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇرۇپ باشلانغان بىر ئاغرىق، كېيىن ئۇنىڭ قان تومۇرلىرىغا تارقالدى ۋە پۈتۈن بەدىنىنى چىرمىۋالدى. ئۇ، تىبرىزا بىلەن ئۇنىڭ جۈپى بولغان يىگىتنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ تۇراتتى. ئۇلار قول تۇتۇشقاندا ئۇنىڭ بېشى ئايلىنىپ، چېكىلىرىگە قان تولۇپ زىڭىلداپ كېتەتتى، قۇلاقلىرىنىڭ تۈۋىدە گوياكى قوڭغۇراق جاراڭلاۋاتقاندەك بولاتتى. ئۇلار سۆزلەشكەندە ۋە تىبرىزا ئەيمىنىش بىلەن تۆۋەن قاراپ، ئۆزىگە جۈپ بولغان يىگىتنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالغاندا، لۇيدژى چىرايلىق يىگىتنىڭ زوق ئەيلىگەن كۆزلىرىدىن ئۇنىڭ سۆزلەۋاتقىنىنى ماختاش ئىكەنلىكىنى كۆرەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ ئاياغ ئاستىدىكى يەر گويا ئويۇلۇپ چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك، گويا دوزاختىن چىقىۋاتقان كۆرەڭ سادالار ئۇنى ئۆلۈمگە ۋە ئۆلتۈرۈشكە كۈشكۈرتۈۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇ، تەلۋىلىككە بېرىلىپ كېتىشتىن قورقۇپ، بىر قولى بىلەن ئۆزىنىڭ يېنىدىكى كۆك شاخلاردىن ياسالغان توسۇقنى تۇتۇۋالاتتى. يەنە بىر قولى بىلەن كەمىرىگە قىستۇرۇلغان خەنجەرنىڭ ئويما نەقىشلىك دەستىسىنى قاتتىق سىقاتتى ھەمدە خەنجەرنى غىلاپىدىن پۈتۈنلەي دېگۈدەك چىقىرىۋالغانلىقىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالاتتى. لۇيدژى كۈنلەمەكتە ئىدى! ئۇ، سۆلەتكە بېرىلگەن ۋە ئۆز ۆزلۈك تىبرىزادىن ئايرىلىپ قېلىش ئېھتىمالىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى.

ۋەھالەنكى، باشتا جۈرئەتسىز بولۇپ، ھودۇقۇپ قالغان تىبرىزا ئاستا - ئاستا خىجالەتچىلىكىنى بېسىۋالدى. بىز ئۇنىڭ چىرايىنىڭ گۈزەللىكىنى تىلغا ئالغانىدۇق. بۇنى ئېيتىش كۇپايە قىلمايدۇ. ئۇنىڭ پۈتۈن تەققى - تۇرقى شۇنداق گۈزەللىككە، شۇنداق تەبىئىي گۈزەللىككە تولغانىدىكى، بۇنداق گۈزەللىك بىزنىڭ ئارىمىزدىكى سۈنئىي، ياسالما گۈزەللىكلەردىن مىڭ ھەسسە مەپتۇن قىلارلىقتۇر. ئۇ، بۇ قېتىمقى كادرىلنىڭ چولپانى بولۇپ قالدى. ئەگەر ئۇ گراف سان - فېلىپچىنىڭ قىزىغا زوقلانغان بولسا، شۇنىڭ بىلەن بىللە بىز كارمىلانىڭ ئۇنىڭغا ھەۋىسى كەلمىدى دەپ ئېيتالمايمىز.

كادرىل تامام بولغاندا چىرايلىق يىگىت گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ئىچىدە تىبرىزانى قولتۇقلاپ، لۇيدژى كۈتۈپ تۇرغان ئاۋۋالقى جايىغا ئاپىرىپ قويدى. كادرىل ئوينىلىۋاتقان جەرياندا تىبرىزا بىرنەچچە قېتىم لۇيدژىغا قاراپ، ئۇنىڭ تاتىرىپ كەتكەن، ئازابلانغان چىرايىنى كۆرگەنىدى. ھەتتا بىر قېتىم ئۇنىڭ كۆزلىرىگە يالىڭاچلانغان خەنجەر قورقۇنچلۇق تۈردە يالت - يۇلت قىلىپ كۆرۈنۈپ قالغانىدى. شۇڭا، ئۇ بىرئاز سۇر باسقان ھالدا كېلىپ، سۆيۈملۈك يىگىتنىڭ بىلىكىدىن تۇتتى. بۇ كادرىل ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، بارلىق مېھمانلار

ئۇلارنىڭ يەنە بىر قېتىم ئويناپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىشتى. پەقەت كارمېلا بىر كىشىلا ئۇنىمىدى. لېكىن گراف سان - فېلىچى ئۇنىڭغا يېلىنىپ تۇرۇۋالغاچقا، ئاخىرى ئۇمۇ ئۆزىنىڭ رازىلىقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن، يىگىتلەردىن بىرى تېرېزانى تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن دەرھال يۈگۈرۈپ كەتتى، چۈنكى ئۇ بولمىسا كادرىلغا سەپ تۈزۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بىراق، ئۇ قىز ھېچيەردە كۆرۈنمىدى. لۇيىدژى ئىككىنچى قېتىملىق ئازابقا ئەمدى تاقەت قىلالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، تېرېزاغا بىر تەرەپتىن يالۋۇرۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنى مەجبۇرى سۆرەپ دېگۈدەك باغچىنىڭ باشقا بىر جايىغا ئېلىپ كەتتى. تېرېزا خۇش ياقماستىن ماقۇل بولدى. لېكىن ئۇ لۇيىدژىنىڭ ئۆڭۈپ كەتكەن چىرايىدىن، ئۇنىڭ گەپ قىلماي تۇرۇشىدىن، قوللىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز تىترەپ تۇرۇشىدىن ئۇنىڭ كۆڭلىدە نېمىلەرنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندى. تېرېزا ئۆزىمۇ ھاياجانلىنىپ تۇراتتى. گەرچە ئۇ ھېچقانداق يامان ئىش قىلمىغان بولسىمۇ، لۇيىدژىنىڭ ئۇنى ئەيىبلەشكە ھەقلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلاتتى. ئۇ نېمە ئۈچۈن ئەيىبلىك؟ بۇنى تېرېزا بىلمەيتتى. شۇنداقتىمۇ، بۇنداق ئەيىبلەشنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى چۈشىنەتتى. ئەمما، تېرېزا شۇنىڭغا ھەيران بولدىكى، لۇيىدژى ئۈنچىقمىدى ۋە پۈتۈن بەزمە داۋامىدا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. ئاخىرى، كەچكى ھاۋا سالقىنلاپ كەتكەنلىكتىن، مېھمانلار تانسىنىڭ داۋامىنى ئۆيدە ئويناش ئۈچۈن باغچىدىن چىقىپ خانىلارغا كىرىپ كېتىشتى. شۇندىن كېيىن لۇيىدژى تېرېزانى ئۇزىتىپ ماڭدى.

تېرېزانىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگەندىن كېيىن ئۇ سورىدى:

«تېرېزا، سەن گراف قىزى بىلەن بىر قاتاردا تانسا ئوينىغان ۋاقتىڭدا نېمىلەرنى ئويلىدىڭ؟»

«مەن شۇنى ئويلىدىمكى، — دېدى قىزچاق ساددىلىق

بىلەن، — ئۇنىڭ كېيگىنىدەك كىيىملەرگە ئىگە بولالىسام ئۆمرۈمنىڭ يېرىمىنى قۇربان قىلىۋېتىشكىمۇ رازى بولاتتىم.»

«تانسا ئوينىغاندىكى جوراڭ ساڭا نېمە دېدى؟»

«ئۇ ماڭا، بۇنداق كىيىملەرگە ئىگە بولۇش ئۆزىڭىزگە باغلىق، سىز ماقۇل دېگەن سۆزنى ئېيتسىڭىزلا بۇنىڭغا ئىگە بولالايسىز، دېدى».

«ئۇ توغرا گەپ قىلىپتۇ، — دېدى لۇيىدژى، — دېمەك، سەن شۇنداق كىيىملەرگە ئىگە بولۇشنى خالامسەن؟»

«ھەئە».

«ئۇنداق بولسا، سەن شۇنداق كىيىملەرگە چوقۇم ئىگە بولىسەن!»

تېرېزا ھەيران بولۇپ بېشىنى كۆتۈردى ۋە بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى سورىماقچى بولدى. لېكىن، يىگىتنىڭ چىرايى شۇنچە سۈرلۈك، شۇنچە دەھشەتلىك تۈس ئالغانىدىكى، قىزنىڭ دېمەكچى بولغان سۆزلىرى ئۆزىنىڭ لەۋلىرىدە توختاپ قالدى.

لۇيىدژى شۇ گەپنى قىلىپلا كېتىپ قالدى. تېرېزا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدى. لۇيىدژى قاراڭغۇلۇقتا كۆزدىن غايىب بولغاندىن كېيىن ئۇ بىر نەپەس ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋېلىپ، ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

شۇ كېچىسىلا بىر ھادىسە يۈز بەردى: ئېھتىمال، ئوتلارنى ئۆچۈرۈشنى ئۇنتۇپ قالغان مالايلارنىڭ دىققەتسىزلىكىدىن بولسا كېرەك، سان - فېلىچىنىڭ ئىمارەتلىرى ئىچىدىكى گۈزەل كارمېلانىڭ ئۆيلىرى جايلاشقان بىناغا ئوت كەتتى. كارمېلا تۈندە ئويغىنىپ، لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتنى كۆردى - دە، يوتقان ئىچىدىن سەكرەپ چىقىپ ئۇچىسىغا خالاتنى ئارتتى ۋە ئېتىلىپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى. لېكىن، ئۇ بۆسۈپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدىغان كارىدورنى ئوت يالقۇنى قاپلاپ كەتكەنىدى. بۇنى كۆ-

رۇپ ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا قايتىپ كىردى ۋە ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ ياردەمگە چاقىرىشقا باشلىدى. تۇساتتىن بۇ ئۆينىڭ يەردىن 20 فۇت ئېگىزلىكتە بولغان دېرىزىسى ئۇلۇغ ئېچىلدى. ھۇجرا ئىچىگە بىر ياش دېھقان يىگىت سەكرەپ چۈشتى – دە، قىزنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ، تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز كۈچ ۋە ئەپچىللىك بىلەن ئۇنى تاشقىرىدىكى چىمەنلىككە ئېلىپ چىقتى. كارمېلا ھوشىدىن كەتتى. ئۇ ھوشىغا كەلگەندە ئۇنىڭ يېنىدا ئۆزىنىڭ دادىسى تۇراتتى. خىزمەتكارلار قىزغا ئۆزلىرىنىڭ ياردىمىنى كۆرسىتىشكە تىرىشىپ، ئەتراپتا قىستىلىپ تۇرۇشاتتى. پۈتۈن بىر بىنا كۆيۈپ تۈگىدى. لېكىن، كارمېلا ئامان - ئېسەن ۋە ساق - سالامەت قۇتۇلۇپ قالغان يەردە بۇ ئۆي كىمنىڭ خىيالىغا كىرسۇن؟ كارمېلانىڭ قۇتقۇزغۇچىسىنى تەرەپ - تەرەپتىن ئىزدەشتى. بىراق، قۇتقۇزغۇچى ھېچيەردىن تېپىلمىدى. ھەممە كىشىلەردىن سۈرۈشتە قىلىندى، لېكىن ئۇنى ھېچكىم كۆرمىگەنىدى. كارمېلا ئۆزى بولسا، شۇنداق قورقۇپ كەتكەنىدىكى، ئۇنىڭ چىرايىنىمۇ تونۇۋالالمىغانىدى. گراف مىسلىسىز باي ئىدى، شۇڭا كارمېلا دۇچار بولغان خەتەرلىكنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئوت ئاپىتى ئۇنىڭغا ھېچقانچە ئېغىر تالاپەت يەتكۈزمىدى.

ئىككىنچى كۈنى تېرېزا بىلەن لۇيىدژى ھەر دائىمقىدەك ئورمان ياقىسىغا كېلىپ ئۇچرىشىشتى. بىرىنچى بولۇپ لۇيىدژى كەلدى. ئۇ تېرېزانى خۇشال - خۇرام قارشى ئالدى. ئۇ تۈنۈگۈنكى ئىشنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. تېرېزانىڭ كۆرۈنۈشى ئويچانىدى. لېكىن لۇيىدژىنىڭ خۇش مۇئامىلىسىنى ۋە غەمسىزلىكىنى كۆرۈپ، ئۇمۇ شوخلىشىپ كەتتى. ئومۇمەن، بىرەر كۈچلۈك ئارزۇ - ئارمان ئۇنىڭ دىل ئارامىنى بۇزمىسىلا ئۇ ھەمىشە مۇشۇنداق ئىدى. لۇيىدژى ئۇنى قولتۇقلىدى ۋە ئۆڭكۈرنىڭ قېشىغا باشلاپ كېلىپ توختىدى. قىزچاق قانداقتۇر بىر ئالاھىدە ۋەقە بولغانلىقىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قارىدى.

«تېرېزا، – دېدى لۇيىدژى، – تۈنۈگۈن سەن، ئەگەر گراف قىزى كىيگەندەك كىيىم - كېچەكلەرگە ئىگە بولالىساڭ ھېچنېمەڭنى ئايىمايدىغانلىقىڭنى ئېيتقانىدىڭ - ھە؟»

«ھەئە، – دەپ جاۋاب بەردى ئەجەبلەنگەن تېرېزا، – لېكىن، بۇ بىر خام خىيال».

«مەن شۇ چاغدا ساڭا: ماقۇل، سەن شۇنداق كىيىملەرگە ئىگە بولسەن، دېگەنىدىمغۇ».

«ھەئە، – دېدى قىزچاق. لۇيىدژىنىڭ ھەر بىر سۆزى ئۇنىڭ ئەجەبلىنىشىنى بارغانسېرى ئۇلغايتماقتا ئىدى، – لېكىن سەن بۇ گەپنى مېنىڭ كۆڭلۈمنى ياساپ دەپ قويغانسەن».

«مەن ساڭا ھېچقاچان يالغان ۋەدە قىلغان ئەمەس. تېرېزا، – دېدى لۇيىدژى مەغرۇرلۇق بىلەن. – ماڭ، ئۆڭكۈرگە كىرىپ كىيىنىپ چىق».

شۇ گەپ بىلەن ئۇ تاشنى نېرىغا ئىتتىرىۋەتتى ۋە تېرېزاغا قولى بىلەن ئۆڭكۈرنى كۆرسەتتى. ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە قويۇلغان بىر زىننەتلىك تاش ئەينەكنىڭ ئىككى يېنىغا شام يېقىلغانىدى. لۇيىدژى ئۆزى ياسىغان قوپال شىرەنىڭ ئۈستىدە يىپقا ئۆتكۈزۈلگەن مەرۋايىتلار، گۆھەر كۆزلۈك چازىلار دۆۋىلىنىپ ياتاتتى. ئۇنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقتا ھەرخىل كىيىم - كېچەكلەر تۇراتتى.

تېرېزا خۇشاللىقىدىن ۋارقىراپ تاشلىدى ۋە بۇ كىيىم - كېچەكلەرنىڭ نەدىن پەيدا بولغانلىقىنى سوراپمۇ قويماستىن، لۇيىدژىغا رەھمەتمۇ ئېيتماستىن، ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە ئۆزىنى ئاتتى.

لۇيىدژى ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزىنى دەرھال قايتىدىن تاش بىلەن بېكىتىپ قويدى. چۈنكى، بۇ چاغدا ئۇ، يالبېتىرىن بو-

لىنى توسۇپ تۇرغان دۆڭلۈكنىڭ ئۈستىدە كۆرۈلۈشىدىن، يول تاپالماي توختاپ قالغاندەك تۇرغان بىر ئاتلىق ئادەمنى كۆرۈپ قالدى. ئاتلىق ئادەم كۆك ئاسماننىڭ تەسۋىرىدە شۇنداق ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتىكى، پەقەت جەنۇبىي ئەللەردىكى ئۇپۇقلاردىلا نەرسىلەر مۇشۇنداق ئېنىق سۈرەتلىنىدۇ. ئاتلىق ئادەم لۇيىدژىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئېتىنى چاپتۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. لۇيىدژىنىڭ پەرىزى توغرا بولۇپ چىقتى. پالېسترىندىن تىۋولىغا كېتىۋاتقان بۇ ئاتلىق كىشى يولدىن ئازغىنىپ قالغانىكەن. لۇيىدژى ئۇنىڭغا يولنى كۆرسىتىپ بەردى. لېكىن ئالدى تەرەپتە يول بۆلۈنۈپ كەتكەن بولغاچقا، ئاتلىق ئادەم يەنە ئازغىنىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن، لۇيىدژىنىڭ يول باشلاپ بېرىشىنى سورىدى. لۇيىدژى يېپىنچىسىنى سېلىپ يەرگە قويدى ۋە مىلتىقىنى يەلكىسىگە ئارتىپ، تاغلىقلارنىڭ ئات بىلەن بەسلىشىدىغان ئىتتىك قەدەملىرى بىلەن ئاتلىق ئادەمگە يول باشلاپ ماڭدى. ئون مىنۇت يۈرگەندىن كېيىن لۇيىدژى بىلەن ئاتلىق ئادەم ئاچا يولغا يېتىپ كېلىشتى. ئەنە شۇ چاغدا يىگىت بىر قولىنى سۆلەتمەنلىك بىلەن شىلتىپ، ئۈچ يولدىن بىرىنى كۆرسەتتى.

«مانا سىزنىڭ يولىڭىز، — دېدى ئۇ، — ئەمدى جانابىڭىز ئېزىپ كەتمەيسىز».

«مانا ساڭا مۇكاپات»، — دېدى ئاتلىق ئادەم پادىچى يىگىتكە بىرنەچچە ئۇششاق تەڭگىنى تەڭلەپ.

«ھەشقاللا، — دېدى لۇيىدژى قولىنى تارتىۋېلىپ! — مەن كىشىلەرگە ياردەم قىلىمەن، لېكىن ياردەملىرىمنى ساتمايمەن».

«ھەق ئېلىشنى خالىمىساڭ، — ئەمىسە يالدامىنغۇ قوبۇل قىلارسەن؟» — دېدى ئاتلىق ئادەم. ئېھتىمال، ئۇ، شەھەرلىكلەرنىڭ خۇشامەتگويلۇقى بىلەن سەھرالىقلارنىڭ غۇرۇرىنى پەرقلەندۈرۈشنى بىلىدىغان بولسا كېرەك.

«ھە، بۇ باشقا گەپ!»

«ئۇنداق بولسا، مانا بىر ئىككى دانە ۋېنېتسىيە تىللاسىنى ئېلىپ، مەشۇقۇڭغا ھالقا سوقتۇرۇپ بەرگىن».

«ئۇنداق بولسا، سىزمۇ مەندىن مانا بۇ خەنجەرنى قوبۇل قىلىڭ، — دېدى پادىچى يىگىت، — ئالبانودىن تارتىپ چىۋىتا - كاستېللاغىچە ھېچقانداق يەردە بۇنىڭدىن ياخشىراق ئويما نەقىشى بولغان خەنجەر دەستىسىنى تاپالمايسىز».

«بۇ يالداماڭنى قوبۇل قىلىمەن، — دېدى ئاتلىق ئادەم، — لېكىن، مەن ئەمدى ساڭا قەرزدار بولۇپ قالدىم، چۈنكى بۇ خەنجەر ئىككى تىللادىن قىممەتكە توختايدۇ».

«سېتىۋېلىشقا توغرا كەلسە شۇنداق بولار. لېكىن بۇنى مەن ئۆزۈم ياسىغان. شۇڭا ئۇنىڭ نەرقى ماڭا بىر پىئاستىردىن ئارتۇق ئەمەس».

«سېنىڭ ئىسمىڭ كىم بولىدۇ؟» — دەپ سورىدى ئاتلىق ئادەم.

«لۇيىدژى ۋامپا، — دەپ جاۋاب بەردى پادىچى، بەجايىكى ئۆزىنى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن دەپ تونۇشتۇرغاندەك قىياپەت بىلەن، — ئۆزىڭىزنىڭ ئىسمىچۇ؟»

«مېنىڭ ئىسمىم سىندباد - ساياھەتچى،» — دەپ جاۋاب بەردى ئاتلىق ئادەم.

فرانس ئەپىنە ھەيرەت ئىچىدە چۆچۈپ كەتتى.

— سىندباد - ساياھەتچى؟ — دەپ قايتۇرۇپ سورىدى ئۇ.

— شۇنداق، دەپ جاۋاب بەردى ھېكايىچى، — ئۇ ئۆزىنىڭ ئىسمىنى شۇنداق دەپ ئاتىغان.

— ھە، نېمە بولدى؟ بۇ ئىسمىنىڭ سىزگە نېمىسى ياقماي قالدى؟ — دەپ سۆزگە ئارىلاشتى ئالبېر، — بۇ ناھايىتى قاملاشقان ئىسىم. راستىنى ئېيتسام، ھەقىقىي سىندبادنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى بىر چاغلاردا مېنى بەكمۇ قىزىقتۇرغان.

فرانس ئۈنچىقمىدى. سىندباد - ساياھەتچىنىڭ ئىسمى ناھايىتىمۇ ياخشى چۈشىنىشلىك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۇنىڭ مېڭىسىدىكى بىر قاتار ئەسلىمىلەرنى قوزغىتىۋەتتى.

— داۋاملاشتۇرۇڭ، — دېدى ئۇ خوجايىنغا.

— ۋامپا ئىككى ئىللانى مەنسىتمىگەن ھالدا يانچۇقىغا سېلىپ قويدى ۋە ئالدىرىماستىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ماڭدى. ئۇ، ئۆڭكۈرگە بارى - يوقى 300 قەدەمچە قالغاندا كىمدۇر بىرىنىڭ ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلاندى. ئۇ، قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ، تۇرغان جايىدا قېتىپ قالدى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ قىچقىرىلغانلىقىنى ئېنىق ئاڭلىدى. بۇ ئاۋاز ئۆڭكۈر تەرەپتىن كەلمەكتە ئىدى. ئۇ، خۇددى تاغ ئېچكىسىدەك سەكرەپ ئالغا ئېتىلدى ۋە يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ مىلتىقىنى بەتلىدى - دە، دۆڭلۈكنىڭ تۆپىسىگە ئېتىلىپ چىقتى. بۇ يەردىن ۋارقىراش تېخىمۇ ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇ تۆۋەن تەرەپكە قارىدى. خۇددى نېسسنىڭ دېيانىرانى بۇلاپ كەتكىنىگە① ئوخشاش، قانداقتۇر بىر ئەر كىشى تېرېزانى كۆتۈرۈپ قاچماقتا ئىدى. قىز ئوغرىسى ئورمانغا قاراپ قېچىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ، ئورمان بىلەن ئۆڭكۈرنىڭ ئارىلىقىدىكى مۇساپىنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمىدىن ئۆتۈپ بولغانىدى. ۋامپا بۇ ئارىلىقنى كۆز مۆلچەرى بىلەن ئۆلچەپ قارىدى. ئۇ تۇرغان جايىدىن بۆلاكچى كېتىۋاتقان جايغىچە بولغان ئارىلىق كەم دېگەندە 200 چامدام چىقاتتى. ۋامپا، ئۇنى قوغلاپ يەتكۈچە بۆلاكچى تېرېزانى كۆتۈرگەن بويىچە ئورمانلىققا كىرىپ كېتەلەيدىغانلىقىنى چۈشەندى. ياش پادىچى گويا ئىز جايىغا مىخلىنىپ قالغاندەك تۇراتتى. ئۇ مىلتىقنى مۆرىسىگە تىرەپ، مىلتىق ئۇچىنى تەمكىنلىك بىلەن نىشانغا توغرىلىدى ۋە قارىغا ئېلىپ تۇرۇپ، تەپكىسىنى باستى. بۆلاكچى بىراقلا توختاپ قالدى؛ ئۇنىڭ تىزلىرى پۈكلەندى ۋە تېرېزانى قويۇپ بەرمەستىن يىقىلىپ چۈشتى. تېرېزا دەرھال ئورنىدىن ئىرغىپ تۇردى. قىز ئوغرىسى جان تالىشىپ تىپىرلىغان ھالدا يېتىپ قالدى.

ۋامپا تېرېزاغا قاراپ ئۆزىنى ئاتتى. قىز جان تالىشىۋاتقان ئادەمدىن ئون قەدەمچە نېرىدا يۈگۈرۈپ بارغاندىن كېيىن يەرگە يىقىلىپ تىزلىنىپ قالدى. لۇيىدژىنىڭ دۈشمىنىگە قازا يەتكۈزگەن ئوق ئۆزىنىڭ سۆيگەن قىزىغىمۇ تېگىپ كەتكەنمۇ، دەپ ئويلاپ قورقۇپ كەتتى. بەختكە يارىشا، ئۇنداق ئەھۋال بولمىغانىدى. پەقەت تېرېزا بەك قورقۇپ كەتكەنلىكتىن ھالىدىن كېتىپ قالغانىكەن. ۋامپا، قىزنىڭ ساق - سالامەت ئىكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن، يارىدار بولۇپ ياتقان ئادەمنىڭ يېنىغا باردى. يارىدارنىڭ ئاللىقاچان جېنى چىقىپ بولغانىدى. ئۇنىڭ مۇشتلىرى جان ئاچچىقىدا قاتتىق تۈگۈلگەن، ئاغزى قىشىيىپ كەتكەنىدى؛ چاچلىرى چۇۋۇلغان ۋە ئۆلۈم ھالقۇمىدا چىققان سوغۇق تەر بىلەن نەملىشىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئوچۇق بولۇپ، تېخىچىلا ھەيۋە قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ۋامپا ئۆلۈكنىڭ كۇكۇمېتتو ئىكەنلىكىنى تونۇدى.

يېگىت - قىز ئىككىسى بۇ قاراقچىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغان كۈندىن باشلاپ ئۇنىڭ تېرېزاغا كۆزى چۈشۈپ قالغان ۋە بۇ قىزنى قولغا چۈشۈرىمەن دەپ نىيىتىنى بۇزغانىدى. ئۇ ھارماي-تالماي بۇ قىزنى پايلاپ يۈردى. لۇيىدژىنىڭ ئاتلىق ئادەمگە

---

① يۇنان ئەپسانىلىرىدا نېس — يېرىم ئادەم، يېرىم ئات قىياپىتىدىكى بىر خىل مەخلۇق بولۇپ. ئۇ پالۋان گوكلېسنىڭ ئايالىنى بۇلاپ كەتمەكچى بولغاندا، پالۋان تەرىپىدىن زەھەرلىك ئوقيا بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

يول كۆرسىتىش ئۈچۈن قىزنى يالغۇز قويۇپ كېتىپ قالغان پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇ قىزنى ئوغرىلاپ قاچتى ھەمدە ئۇنى قولغا چۈشۈرۈپ بولدۇم دەپ تۇرغاندا، ۋامپانىڭ مەرگەنلىك بىلەن ئاتقان ئوقى ئۇنىڭ يۈرىكىنى تېشىپ ئۆتتى. ۋامپا ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغاندا، چىرايىدا بىرئازمۇ ھاياجانلىنىش ئالامىتى سېزىلمىدى. تېخىچە تىترەپ تۇرغان تېرېزا جەسەتنىڭ يېنىغا كېلىشكە جۈرئەت قىلالماي، ئۇنىڭغا ئۆز يىگىتىنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ تۇراتتى. ۋامپا تېرېزاغا بۇرۇلۇپ قارىدى:

«ھە، سەن كىيىنىپ بوپسەن، — دېدى ئۇ، — ئەمدى مەنمۇ كىيىنىۋالاي».

دەرۋەقە تېرېزا باشتىن- ئاياغقىچە گراف سان- فېلىچېنىڭ قىزىنىڭ كىيىملىرىنى كىيىۋالغانىدى.

ۋامپا كۇكۇمېتتونىڭ جەسىتىنى كۆتۈرۈپ، ئۆڭكۈرگە ئەكىرىپ كەتتى، لېكىن بۇ نۆۋەتتە تېرېزا كىرمىدى. ئەگەر شۇ تاپتا يەنە بىر ئاتلىق كىشى ئۆتۈپ قالغان بولسا، ئاجايىپ بىر مەنزىرىنى، يەنى: كەشمىر تاۋاردىن كۆينەك كىيگەن، قۇلاقلىرىغا ھالقا، بويىنىغا مەرۋايىت ئاسقان، چاچلىرىغا گۆھەر كۆزلۈك چازىلارنى قىستۇرغان ۋە جىلىتكىسىگە ياقۇت تۈگمىلەر قادالغان بىر قىزنىڭ قوي بېقىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگەن بولاتتى. ئۇ، چوقۇم، فلورىئاننىڭ① زامانىسىغا كېتىپ قاپتىمەن. دەپ ئويلاپ قالغان بولاتتى ھەمدە پارىژغا بارغاندىن كېيىن، سابىن تاغلىرىنىڭ ئېتىكىدە ئالپىيىدىكى پادىچى قىزنى كۆرگەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەن بولاتتى.

چارەك سائەت ئۆتكەندە ۋامپا ئۆڭكۈردىن قايتىپ چىقتى. ئۇ، تېرېزادىن قېلىشمايدىغان دەرىجىدە ياسىنىۋالغانىدى. ئۇنىڭ كىيگەنلىرى شۇنداق ئىدىكى، ئالتۇن تۈگمىلىك توق قىزىل دۇخاۋا گەمزۇل، كەشتىلەنگەن تاۋار جىلىتكە، رىمنىڭ بويۇن ياغلىقى، زەر تۇتۇلغان قىزىل يوللۇق يېشىل تاۋار بەلباغ، تىزىغىچە چۈشىدىغان، گۆھەرلەر قادالغان ھاۋا رەڭ مەخمەل شىم، يۇمشاق بۇغا تېرىسىدىن تىكىلگەن گۈللۈك گېتر① ۋە رەڭگا رەڭ لېنتىلىرى يەلپۈنۈپ تۇرغان شىلەپە. بەلبېغىنىڭ ئۈستى تەرىپىگە كەلتۈرۈپ ئىككى سائەت ئېسىلغان، بەلبېغىغا قىممەت باھالىق خەنجەر قىستۇرۇلغانىدى. تېرېزا زوقلىنىپ ۋارقىراپ تاشلىدى. كۇكۇمېتتونىڭ كىيىمىنى كىيىۋالغان ۋامپا شۇ تاپتا لېوپولد روبېر② ياكى شنېتس③ تەرىپىدىن سىزىلغان رەسىملەرنى ئەسلىتەتتى. ئۇ، تېرېزانى قانداق ھەيرەتتە قالدۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، مەغرۇرلۇق بىلەن كۈلۈپ قويدى.

«بۇندىن كېيىن بىزنىڭ تەقدىرىمىزنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆز تەقدىرىڭنى ماڭا باغلىيالامسەن؟» — دەپ سورىدى ئۇ تېرېزادىن.

«ھەئە!» — دەپ خىتاب قىلدى تېرېزا.

«مەن نەگە بارسام شۇ يەرگە مەن بىلەن كېتەلەمسەن؟»

«ئالەمنىڭ ئۇ قېتىغا دېسەڭمۇ بارىمەن!»

«ئۇنداق بولسا، ئەكەل قولۇڭنى، بۇ يەردىن تېزرەك كېتەيلى، ۋاقىتنى قولدىن بېرىشكە بولمايدۇ».

قىز يىگىتكە قولىنى بەردى ۋە ھەتتا ئۇنىڭ ئۆزىنى نەگە ئېلىپ كەتمەكچى ئىكەنلىكىنى سوراپمۇ قويمىدى. شۇ مەزگىلدە ۋامپا ئۇنىڭغا ئەۋلىيادەك گۈزەل، مەغرۇر ۋە قۇدرەتلىك بولۇپ كۆرۈنمەكتە ئىدى. ئۇلار ئورمانلىققا قاراپ يول ئالدى ۋە بىر-

---

① فلورىئان (1755 — 1794) فرانسىيىنىڭ مەسەل يازغۇچىسى.

① گېتر — ئاياغ ئۈستىدىن تىزغىچە كىيىلىدىغان ئاياغ كىيىم.

② روبېر (1755 — 1794) فرانسىيىلىك رەسسام.

③ شنېتس (1787 — 1870) فرانسىيىلىك رەسسام.

ئەچچە مىنۇتتىن كېيىن دەرەخلەر ئارىسىغا كىرىپ كۆزدىن غايىب بولدى. ۋامپانىڭ ھەممە تاغ يوللىرىنى بىلىدىغانلىقى ھەقىقەتتە سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ئورمان ئىچىدە ئادەم ئايىغى ئىز باسمىغان بىرمۇ چىغىر يول يوق ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئورمانغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ كېتىۋەردى. ۋامپا كۆكات ۋە دەرەخلەرگە قاراپ يول تاپالايتتى. شۇ تەرىقىدە ئۇلار بىرىبىرىم سائەتچە ماڭدى. ئاخىرى، ئۇلار ئورماننىڭ ئەڭ قېلىن جايىغا بېرىپ يەتتى. قۇرۇپ كەتكەن بىر ساي قاراڭغۇ جىلغىغا ئېلىپ باراتتى. ۋامپا قارىغايلارنىڭ قويۇق شاخلىرى سايە تاشلاپ تۇرغان چوڭقۇر سايغا چۈشۈپ، ئىككى قىرغاقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى شۇ خىلۋەت يولنى بويلاپ ماڭدى. ئەگەر بۇ يولنىڭ ئويۇلۇپ چۈشكەن چوڭقۇرلۇقى بولمىغان بولسا، ئۇنى ۋىرگىلىينىڭ تەسۋىرىدىكى ئاۋېرنغا باردىغان چىغىر يولغا ئوخشىتىشقا بولاتتى. تېرېزا بۇ ئادەمزاتسىز خىلۋەتلىكتە يەنە قورقۇشقا باشلىغانلىقتىن، ئۈن چىقارماي ئۆزىنىڭ يول باشلىغۇچىسىغا يېپىشىۋالدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ، ۋامپانىڭ مەزمۇت قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ چىرايىنىڭ خاتىرجەم ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ تەشۋىشىنى بېسىۋالالىدى. ئۇشتۇمتۇت، ئۇلاردىن ئون چامداچە نېرىدىكى بىر دەرەخنىڭ كەينىدىن بىر ئادەم چىقىپ لۇيىدژىغا مىلتىقىنى تەڭلىدى.

«قىمىر قىلىشما، — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ، — بولمىسا ئېتىپ تاشلايمەن!»

«قوي بۇ گەپنى! — دېدى ۋامپا، پەرۋا قىلمىغان قىياپەتتە بىر قولىنى كۆتۈرۈپ. ھالبۇكى، تېرېزا ئەمدى قورقۇنچىسىنى يوشۇرالماستىن، غال-غال تىترەپ ئۇنىڭغا چىڭ يېپىشىۋالدى، — بۆرىنى بۆرە تالىغان نەدە بار؟»

«سەن كىم بولىسەن؟» — دەپ سورىدى جېسەكچى.

«مەن لۇيىدژى ۋامپا، سان-فېلىچىنىڭ جاڭگىلىدىكى پادىچى»

«بۇيەرگە نېمىدەپ كەلدىڭ؟»

«روكا-بىئانكا يايلىقىدىكى سىنىڭ بۇرادەرلىرىڭگە ئىشىم بار».

«ئۇنداق بولسا، مېنىڭ كەينىمدىن ماڭغىن، — دېدى جېسەكچى، — ياق، ئەڭ ياخشىسى، يولنى بىلسەڭ ئۆزۈڭ ئالدىمغا ئۆتۈپ ماڭ».

ۋامپا مەنسىتمىگەن ھالدا كۈلۈمسىرەپ قويۇپ، تېرېزا بىلەن بىللە ئالدى تەرەپكە ئۆتتى ۋە يەنە شۇنداقلا پۇختا قەدەملەر بىلەن بىمالال مېڭىپ، يولنى داۋاملاشتۇردى. بەش مىنۇتچە ماڭغاندىن كېيىن قاراقچى ئۇلارغا توختاشقا بۇيرۇق قىلدى. ئۇلار توختىدى. قاراقچى قاغىغا تەقلىد قىلىپ ئۈچ قېتىم قىچقاردى. جاۋابەن خۇددى شۇنداقلا قاغىنىڭ قاقىلدىشى ئاڭلاندى.

«ھە، — دېدى قاراقچى، — ئەمدى يەنە ماڭساڭلار بولىدۇ».

لۇيىدژى بىلەن تېرېزا يەنە ماڭدى. ئۇلار ئالغا قاراپ ماڭغانسېرى تېرېزا ئۆزىنىڭ يىگىتىگە بەكرەك يېپىشماقتا ئىدى، چۈنكى دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى ئارىسىدىن مىلتىقلارنىڭ ستۋوللىرى غىل-پال كۆرۈنۈپ تۇراتتى. روكا-بىئانكا يايلىقى ئانچە چوڭ بولمىغان بىر تاغنىڭ چوققىسىدا ئىدى. بۇ ئېھتىمال بىر زامانلاردا يانار تاغ بولغان بولسا كېرەك. ھەمدە رومۇل① بىلەن رېم② ئالبادىن كېتىپ، رىمنى بىنا قىلىشتىن خېلى بۇرۇنلا ئۆچۈپ بولغان بولسا كېرەك. تېرېزا بىلەن لۇيىدژى تاغ چوققىسىغا چىقىشتى ۋە 20 چە قاراقچىغا روبىرو يۈزلىنىپ قالدى.

---

① رومۇل — ئەپسانىلاردا ئېيتىلىشىچە، رىمنى بەرپا قىلغۇچى ۋە رىمنىڭ بىرىنچى پادىشاھى.

② رېم — رومۇلنىڭ ئىنىسى؛ ئەپسانىلاردا ئېيتىلىشىچە، ئاكا-ئۇكا ئىككىسىنى بىر چىشى بۆرە ئېمىتىپ چوڭ قىلغان. رىمنى بەرپا قىلىش جەريانىدا (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 754، 753 -يىللىرى) رېم ئۆز ئاكىسى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

«بۈگۈن سىلەرنى ئىزلەپ كەپتۇ، ئۇنىڭ سىلەرگە دەيدىغان گېپى بار ئىكەن» — دېدى جېسەكچى.

«ئۇنىڭ بىزگە دەيدىغان نېمە گېپى بار ئىكەن؟» — دەپ سورىدى، ئاتامان يوق ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئورنىنى ۋاقىتىنچە ئىگەللەپ تۇرغان قاراقچى.

«سىلەرگە شۇنى ئېيتماقچىمەنكى، مەن قوي بېقىشتىن زېرىكتىم»، — دېدى ۋامپا.

«ھە، چۈشەندىم، — دېدى ئاتامانىنىڭ ئورۇن باسارى، — سەن بىزگە قوشۇلماقچى بولۇپ كەپسەن-دە؟»

لۇيىدژىنى تونۇيدىغان فىروزىنولىق، پامپىنارلىق ۋە ئانانىلىق قاراقچىلار:

«قارشى ئالىمىز!» — دەپ ۋارقىراشتى.

«شۇنداق. بىراق، مەن سىلەرگە ئادەتتىكى سەپداش بولۇش ئۈچۈنلا كەلمىدىم».

«ھە، ئەمىسە نېمە قىلىشقا كەلدىڭ؟» — دەپ سوراشتى ھەيران بولغان قاراقچىلار.

«مەن سىلەرگە ئاتامان بولۇش ئۈچۈن كەلدىم» — دېدى لۇيىدژى ۋامپا.

قاراقچىلار پاراقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

«سەن بۇنداق شەرەپكە سازاۋەر بولغۇدەك شۇنچە نېمە ئىشلارنى قىلىۋەتتىڭ؟» — دەپ سورىدى ئاتامانىنىڭ ئورۇن باسارى.

«مەن كۇكۇمېتتونى ئۆلتۈردۈم. مانا، ئۇنىڭ كىيىمى مېنىڭ ئۇچامدا. مەن يەنە ئۆزۈم ئالماقچى بولغان قىزغا تويلۇق كىيىم تەقدىم قىلىش ئۈچۈن سان - فېلىچېنىڭ ئىمارىتىگە ئوت قويۇۋەتتىم».

بىر سائەتتىن كېيىن لۇيىدژى ۋامپا كۇكۇمېتتونىڭ ئورنىغا ئاتامان بولۇپ سايلاندى.

— قەدىرلىك ئالبېر، — دېدى فرانس ئۆزىنىڭ دوستىغا مۇراجىئەت قىلىپ. — سىز ئەمدى جانابىي لۇيىدژى ۋامپا توغرۇلۇق قانداق پىكىرگە كەلدىڭىز؟

— مېنىڭچە، بۇ بىر ئەپسانە، — دېدى ئالبېر، — ئۇ ھېچقاچان ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولغان ئەمەس.

— ئەپسانە دېگەن نېمە؟ — دەپ سورىدى پاسترىنى.

— بۇنى چۈشەندۈرۈش بەك ئۇزۇن گەپ بولىدۇ، ھۆرمەتلىك خوجايىن، — دەپ جاۋاب بەردى فرانس، — دېمەك، سىزنىڭ گېپىڭىزگە قارىغاندا، جانابىي ۋامپا ھازىر رىمنىڭ ئەتراپلىرىدا ھەرىكەت قىلىۋېتىپتۇ - دە؟

— ۋاھ، يەنە كېلىپ شۇنداق يۈرەكلىك ئىش قىلىۋاتىدۇكى، تېخى ھېچقانداق قاراقچى ئۇنداق ئىشلارنى قىلىپ باققان ئەمەس.

— ساقچىلارمۇ ئۇنى تۇتۇشقا ھېچقانداق چارە تاپالمىدىمۇ؟

— بۇنىڭغا نېمە چارە بار دەيسىز! ئۇ، ۋادىلاردىكى پادىچىلار بىلەنمۇ، تىبىرلىق بېلىقچىلار بىلەنمۇ، دېڭىز ياقىسىدىكى ئەتكەسچىلەر بىلەنمۇ ياخشى مۇناسىۋەت ئورنىتىۋالغان. ئۇنى تاغقا چىقىپ ئىزلەشسە ئۇ دەرياغا چىقىۋالىدۇ؛ ئۇنى دەريادا قوغلاشسا ئۇ دېڭىزغا چىقىپ كېتىدۇ. ئاندىن، ئۇنى جىلىئو، جاننۇترى ياكى مونتې - كرىستو ئاراللىرىنىڭ بىرىگە قېچىپ كەتتى دەپ ئويلاپ تۇرۇشقاندا، ئۇ تۇيۇقسىزدىن يەنە ئالبانودا، تىۋولىدا ياكى رىچچىدا پەيدا بولۇپ قالىدۇ.

— ئۇنىڭ يولۇچىلارغا بولغان مۇئامىلىسى قانداق؟

— ناھايىتى ئاددىي، شەھەردىن قانچىلىك يىراقلىقتا ئىكەنلىكىگە قاراپ، بەدەل ھەققىنى يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن سەككىز سائەت، 12 سائەت ياكى بىر سوتكا ۋاقىت

بېرىدۇ. بەلگىلەنگەن ۋاقىت توشۇپ كەتسە، يەنە بىر سائەتلىك ۋاقىتنى ئۇزارتىپ بېرىدۇ. بۇ بىر سائەتنىڭ 60 - مىنۇتى توشقاندا، ئەگەر بەدەل ھەققى تۆلەنمىگەن بولسا، تۇتقۇننىڭ ماڭلىيىغا بىر پاي ئوق ئاتىدۇ ياكى ئۇنىڭ كۆكرىكىگە خەنجەر تىقىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىش تامام!

— ھە، قانداق، ئالبېر، — دەپ سورىدى فرانس، — سىز بەنىلا كولىزېيغا شەھەر سىرتىدىكى يول بىلەن بېرىشنى خالامسىز؟

— ئەلۋەتتە، — دەپ جاۋاب بەردى ئالبېر، — ئەگەر ئۇ يول مەنزىرىلىك بولسا، چوقۇم شۇ يول بىلەن مېڭىش كېرەك.

بۇ چاغدا سائەت توققۇزغا جاڭ ئۇردى. ئىشىك ئېچىلىپ، ھارۋىكەش كىرىپ كەلدى.

— ھارۋا تەييار بولدى، جانابلىرى، — دېدى ئۇ.

— ئۇنداق بولسا، كولىزېيغا بارايلى، — دېدى فرانس.

— دېل - پوپولو دەرۋازىسى ئارقىلىقمۇ ياكى چوڭ كوچا بىلەنمۇ، جانابلىرى؟

— كوچا بىلەن، ئەلۋەتتە كوچا بىلەن! — دەپ خىتاب قىلدى فرانس.

— دوستۇم! — دېدى ئالبېر ئورنىدىن تۇرۇپ ۋە مۇشۇنىڭ بىلەن ئۈچىنچى تاماكىنى تۇتاشتۇرۇپ، — راستىنى ئېيتسام، مەن سىزنى خېلىلا يۈرەكلىك ئادەم دەپ ئويلاپ يۈرۈپتىكەنمەن.

يىگىتلەر پەلەمپەيدىن چۈشۈپ، ھارۋىغا ئولتۇرۇشتى.

تۆتىنچى باب

ئۇچرىتىش

قانداقلا بولمىسۇن، فرانس قەدىمكى يادىكارلىقلارنىڭ يېنىدىن ئۆتمەي تۇرۇپمۇ گىگانت قۇرۇلۇشلارنىڭ تەسىراتىنى كېمەيتمىگەن ھالدا ئالبېرنى كولىزېيغا ئېلىپ بېرىشنىڭ ئامالىنى تاپتى، بۇنىڭ ئۈچۈن، ۋىئا - سىستىنا كوچىسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، سانت - مارىيا - مادژورنىڭ ئالدىدىن توغرا بۇلۇڭ ھاسىل قىلىپ، ۋىئا - ئۇربان ۋە سان - پېترو - ئىن - ۋىنكولى كوچىلىرى ئارقىلىق ۋىئا - دېل - كولوسسوغا چىقىش كېرەك ئىدى. بۇ يولنىڭ يەنە مۇنداق بىر ئەۋزەللىكى بار ئىدى. بۇ يول بىلەن ماڭغاندا، پاستىرىنى ئەپەندى سۆزلەپ بەرگەن ۋە مونتې - كرىستو ئارىلىدىكى سىرلىق ساھىبخان تىلغا ئېلىنغان ھېكايىدىن فرانسنىڭ خىياللىرى بۆلۈنۈپ كەتمەيتتى. ئۇ، ھارۋىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، چوڭقۇر خىيالغا چۆكتى ۋە ئۆزىگە ئۆزى تۈرلۈك سوئاللارنى قويۇپ، بۇ سوئاللارنىڭ ھېچبىرىگە قانائەتلەنگۈدەك جاۋاب تاپالمىدى. بۇ ھېكايىدىكى مۇنداق بىر ئەھۋال، يەنى قاراقچىلار بىلەن دېڭىزچىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەخپىي ئالاقە، ئۇنىڭغا سىندباد - ساياھەتچىنى ئەسلەتتى. پاستىرىنى ئەپەندى ۋامپانىڭ بېلىقچىلارنىڭ قولۋاقلىرىدىمۇ، ئەتكەسچىلەرنىڭ ئارىسىدىمۇ پاناھ تاپالايدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، فرانس ھېلىقى كىچىك كېمىنىڭ ماتروسلىرى بىلەن بىرلىكتە غىزالىنىپ ئولتۇرغان كورسىكالىق باندىتلارنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ كېمە پەقەت شۇ باندىتلارنى قۇرۇقلۇققا يەتكۈزۈپ قويۇش ئۈچۈنلا ئۆزىنىڭ مەنزى-

لىنى ئۆزگەرتىپ، پورتو - ۋېككىئوغا كەتكەنىدى. مونتې - كرىستو ئارىلىدا فرانسقا ساھىبخان بولغان كىشىنىڭ ئىسمىنى «لوندون» مېھمانخانىسىنىڭ ئىگىسىمۇ تىلغا ئالغانلىقىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشكە بولاتتىكى، بۇ ئىسىم بىلەن ئاتالغان كىشى پىئومبىنو، چىۋىتاۋېككىي، ئوستى ۋە گائېتا بويلىرىدا، شۇنداقلا كورسىكا، توسكان ۋە ئىسپانىيە قىرغاقلىرىدا شاپائەت قىلغۇچى سۈپىتىدە گەۋدىلەنمەكتە ئىدى. ۋەھالەنكى، فرانسنىڭ يادىدا قېلىشىچە، ئۇ تونىس ۋە پالېرمو ھەققىدىمۇ گەپ قىلغانىدى. شۇنداق بولغاندا، ئۇنىڭ تونۇشلۇق دائىرىسى خېلىلا كەڭرى بولسا كېرەك.

لېكىن، بۇ خىياللار فرانسنى ھەرقانچە بەنت قىلسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا كولىزېينىڭ قاراڭغۇدا تۇتۇق سۈرەتلىنىپ تۇرغان ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشى گەۋدىلىنىپ چىقىشى بىلەنلا ئۇ ھەممىنى ئۇنتۇتتى. كولىزېينىڭ تاملىرىدىكى ھەر خىل تۆشۈكلەردىن ئاينىڭ ئۇزۇن سوزۇلغان ئاقۇش نۇرلىرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى. بۇ نۇرلار بەئەينى ئەپسانىۋى ئەرۋاھلارنىڭ كۆزلىرىدىن چىقىدىغان يورۇقلۇققا ئوخشايتتى. ھارۋا، مېتا - سۇدانسقا① بىرنەچچە چامدام قالغاندا توختىدى. ھارۋىكەش ئىشىكنى ئاچتى. يىگىتلەر ھارۋىدىن چۈشتى ۋە خۇددى يەرنىڭ تېگىدىن چىققاندەك ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولغان يول باشلىغۇچى خادىمغا دۇچ كېلىشتى.

ئۇلار بىلەن مېھمانخانىنىڭ يول باشلىغۇچىسى بىللە كەلگەن بولغاچقا، ئەمدى يول باشلىغۇچىلار ئىككى بولۇپ قالدى. رىمدا، قەدەمدە بىر ئۇچرايدىغان يول باشلىغۇچىلاردىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس. مېھمانخانىنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ كىرىشىڭىز بىلەنلا سىزگە ئەگىشىپ يۈرىدىغان بىر ئاساسلىق يول باشلىغۇچى بولىدۇ. سىز پەقەت بۇ شەھەردىن كەتكەندىلا ئۇنىڭدىن قۇتۇلالايسىز.

---

① مېتا — سۇدانس — قەدىمكى رىمدىكى بىر فونتاننىڭ نامى.

بۇنىڭدىن باشقا، يەنە ھەر بىر يادىكارلىقنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغان ئالاھىدە يول باشلىغۇچىلار بولىدۇ، ھەتتا ھەر بىر يادىكارلىقنىڭ ھەر بىر قىسمىدا بىردىن يول باشلىغۇچى بار دېگۈم كېلىدۇ. شۇڭا، يادىكارلىقلار ئىچىدىكى كولىزېيدەك يادىكارلىقتا يول باشلىغۇچىلارنىڭ قانچىلىك كۆپ ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ، چۈنكى مېرتسىيال① كولىزېي ھەققىدە مۇنداق دېگەن ئىدى: «بىزنىڭ ئالدىمىزدا مىسىرلىقلار ئۆزىنىڭ مەدەنىيەتتىن خالى بولغان پىرامىدالىرىنىڭ ھېكمەتلىرىنى ئېيتىپ ماختانمىسۇن، ۋاۋىلونىنىڭ كارامەتلىرىنى مەدھىيىلەشمىسۇن. بۇلارنىڭ ھەممىسى تىسېزارلار قۇرغان تەڭداشسىز تىياتىرخانىنىڭ ئالدىدا باش ئېگىشى لازىم، بارلىق مەدھىيە سادالىرى مۇشۇ يادىكارلىقنىڭ شەرىپىنى كۈيلەش ئۈچۈن بىرلىككە كەلتۈرۈلۈشى لازىم».

فرانس بىلەن ئالبېر رىم يول باشلىغۇچىلىرىنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلۇشقا ھەرىكەت قىلمىدى، چۈنكى كولىزېيدا مەشئەل كۆتۈرۈپ يۈرۈشكە پەقەت يول باشلىغۇچىلارنىڭلا ھوقۇقى بار. شۇڭا ئۇلار قارشىلىق قىلمىدى، بەلكى ئۆزلىرىنى يول باشلىغۇچىلارنىڭ تولۇق ئىختىيارىغا تاپشۇردى. فرانسقا بۇ زىيارەت تونۇشلۇق ئىدى، چۈنكى ئۇ بۇ يەرنى ئون قېتىملارچە كۆرۈپ بولغانىدى. لېكىن، ئۇنىڭغا قارىغاندا ئانچە كۆپنى كۆرمىگەن ئالبېرنىڭ فىلاۋىي ۋېسپاسىيان② تەرىپىدىن بەرپا قىلىنغان بۇ ئىمارەتنى زىيارەت قىلىشى تۇنجى قېتىم ئىدى. بۇ ئىمارەتنىڭ شەرىپىگە شۇنى ئېيتىش كېرەككى، تونۇشتۇرغۇچىلارنىڭ ساۋاتسىزلارچە ۋالاقلاشلىرىغا قارىماستىن، ئۇنىڭ ئالبېردا قالدۇرغان تەسىراتى زور بولدى. دەرۋەقە، بۇ قۇرۇلۇشنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمەي تۇرۇپ، قەدىمكى

---

① مېرتسىيال — (40 — 104) — مىلادى I ئەسىردە ئۆتكەن رىملىق يازغۇچى.

② فىلاۋىي ۋېسپاسىيان — (7 — 79) رىمنىڭ پادىشاھى.

خارابىلارنىڭ شۇ قەدەر ھەشەمەتلىك ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىش قىيىن، بۇنداق خارابىلار جەنۇبىنىڭ، غەرب ئەللىرىدىكى كەچكى شەپەقتىن قېلىشمايدىغان سىرلىق ئاي نۇرىدا تېخىمۇ ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدۇ. فرانس ئىچكى ئايۋانلارنىڭ ئاستى بىلەن 100 قەدەمچە يۈرگەندىن كېيىن ئالىبىرنى يول باشلىغۇچىلارغا تاپشۇردى. يول باشلىغۇچىلار ئالىبىرغا شىر ئۇۋىسىنى، گىلادىئاتورلار ياتاقخانىسىنى ۋە تسېزارلار جەمەتىنىڭ ئويۇن كۆرۈش راۋىقىنى تەپسىلىي كۆرسىتىشكە پەقەت ئۆزىنىڭلا ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بىر-بىرى بىلەن گەپ تالىشىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئۇچەيلەن ئۇزاپ كەتكەچكە فرانس قىسمەن ۋەيران بولغان پەلەمپەي ئارقىلىق يۇقىرىغا چىقىپ، بۇ ھەيۋەتلىك قۇرۇلۇشنىڭ ئومۇمىي شەكلىنى كۆرۈشكە بولىدىغان بىر تامدىكى تۆشۈكنىڭ قارشى ئۇدۇلىغا كېلىپ، تاشتىن قوپۇرۇلغان بىر تۈۋرۈكنىڭ تۈۋىدە ھاردۇق ئېلىپ ئولتۇردى.

فرانس يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان ئالىبىر ۋە مەشئەل كۆتۈرگەن يول باشلىغۇچىلارنىڭ كەينىدىن قاراپ، تۈۋرۈكنىڭ سايىسىدا چارەك سائەتچە تەنھا ئولتۇردى. ئۇلار ئۇچەيلەن كولىزېينىڭ ئۇ قېتىمىدىكى چوڭ ئىشىكتىن چىقىپ، پەلەمپەيلەردىن تۆۋەنگە چۈشۈپ، ئايال مۇناخلارنىڭ ھۇجرىلىرى تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتاتتى. بۇ چاغدا ئۇلار خۇددى پىل - پىل كۆيۈپ بىراقلىشىپ كېتىۋاتقان ئوتنىڭ ئارقىسىدىكى شولىلارغا ئوخشاپ تۇراتتى. تۇيۇقسىزدىن، ئۇ ئۆزى چىقىپ كەلگەن پەلەمپەينىڭ نېرىسىدىكى يەنە بىر پەلەمپەيدىن كولىزېينىڭ ئىچكىرىسىگە بىر داڭگالنىڭ دومىلاپ چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ قالدى. ئەلۋەتتە، بىرەر داڭگالنىڭ زامانلار قەدەملىرى ئاستىدا يىمىرىلىپ، چوڭقۇرلۇققا چۈشۈپ كېتىشى دائىم بولۇپ تۇرىدىغان ئىش، ئەمما بۇ قېتىم چۈشۈپ كەتكەن داڭگال فرانسقا ئادەمنىڭ قەدەملىرى ئاستىدىن چۈشكەندەك بولۇپ تۇيۇلدى. ئۇ، ھەتتا قەدەملەرنىڭ شىرىقلىغان تاۋۇشلىرىنى ئاڭلىدى، قانداقتۇر بىر كىشى ئىمكان قەدەر تاۋۇش چىقارماسلىققا تىرىشىپ نېرىقى پەلەمپەيدىن ئاستا مېڭىپ چىقىۋاتقانلىقى روشەن ئىدى. دەرۋەقە، ھايال بولماستىن قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن پەلەمپەينى بويلاپ يۇقىرىغا چىقىپ كېلىۋاتقان بىر ئادەمنىڭ گەۋدىسى كۆرۈندى. پەلەمپەينىڭ ئۈستۈنكى باسقۇچى ئاي نۇرى بىلەن يورۇتۇلغانىدى. ئاستىنقى باسقۇچلىرى بولسا، تۆۋەنگە چۈشكەنسېرى تۇم قاراڭغۇلۇققا چۆكۈپ كېتەتتى. بۇ كىشىمۇ خۇددى فرانسقا ئوخشاش، يول باشلىغۇچىلارنىڭ بىمەنە ۋالاقلاشلىرىدىن قېچىپ، تەنھالىق ئىستىكى بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ قالغان بىر ساياھەتچى بولۇشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ بۇ يەردە پەيدا بولۇپ قېلىشى ھېچقانچە ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ ئۈستۈنكى باسقۇچلارغا قانداق ئېھتىياتچانلىق بىلەن چىققانلىقى ۋە يۇقىرىدىكى مەيدانچىغا چىقىپ ئەتراپقا قانداق قۇلاق سېلىپ توختاپ قالغانلىقىغا قاراپ، فرانس ئۇنىڭ بۇ يەرگە قانداقتۇر بىر مەقسەت بىلەن كەلگەنلىكىنى ھەم يەنە كىمنىدۇ بىرىنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى پەملىدى.

فرانس ئىختىيارسىز ھالدا ئۆزىنى تۈۋرۈكنىڭ دالدىسىغا ئالدى. يەردىن ئون فۇتچە ئېگىزلىكتە تۇيۇلۇپ چۈشكەن بىر تۆشۈك بولۇپ، ئۇنىڭدىن يۇلتۇزلۇق ئاسمان كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئېھتىمال، بىرنەچچە ئەسىردىن بۇيان ئاي نۇرى تۆكۈلۈپ تۇرغان بۇ تۆشۈكنىڭ چۆرىسىدە ئۇششاق گىياھلار ئۆسكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ نەپىس يېشىل يوپۇرماقلىرى ئاقۇش كۆك ئاسماندا ئېنىق سۈرەتلىنىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ تۆپىسىدىكى جايدىن خۇددى شامالدا چايقىلىپ تۇرغان ئارغامچىلارغا ئوخشاش يوغان پۆپۈك يىلتىزلار ۋە مۇستەھكەم يۆگۈمەچلەر ساڭگىلاپ تۇراتتى.

ئۆزىنىڭ تاسادىپىي پەيدا بولۇشى بىلەن فرانسىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلغان ھېلىقى كىشى چالا قاراڭغۇدا تۇرغاچقا، ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرگىلى بولمايتتى. شۇنداقتىمۇ، ھەرھالدا ئۇنىڭ كىيىمىنى پەرق ئېتىشكە بولاتتى. ئۇ، كەڭ قارا يېپىنچىغا پۈركىنىۋالغانىدى. يېپىنچىنىڭ سول مۈرىدىن ئارتىلدۇرۇلغان بىر پېشى ئۇنىڭ يۈزىنىڭ تۆۋەنكى قىسمىنى يېپىپ تۇراتتى. ماڭلاي ۋە كۆزلىرى شلەپىسىنىڭ كەڭ گىرۋەكلىرى ئاستىدا يوشۇرۇلغانىدى. تۆشۈكتىن قىيپاش چۈشۈپ تۇرغان ئاي نۇرىدا لاكلانغان ئاياغ كىيىملىرىنىڭ ئۈستىگىچە چۈشۈپ تۇرغان قارا شىملىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ كىشى ئاقسۆڭەكلەر تائىپىسىدىن بولمىغان تەقدىردىمۇ، ھەر ھالدا يۇقىرى تەبىقىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ئۇ يەنە بىرنەچچە مىنۇتقىچە جىم تۇردى ۋە ئەمدىلا ئۇنىڭ تاقەتسىزلىكى ئىپادىلىنىشكە باشلىغاندا، تۇيۇقسىزدىن ھېلىقى تۆشۈكنىڭ تۆپىسىدىن ئاڭلىنار - ئاڭلانماس شىرىقلىغان سادا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە تۆشۈكتىن تۆكۈلۈپ تۇرغان ئاي نۇرىنى توسۇپ بىر ئادەمنىڭ گەۋدىسى كۆرۈندى. ئۇ قاراڭغۇلۇقتا زەڭ سېلىپ قارىدى ۋە يېپىنچىغا ئورىنىۋالغان كىشىنى كۆردى بولغاي، ساڭگىلاپ تۇرغان پۆپۈك يىلتىزلارغا ئېسىلىپ پەسكە سىيرىلدى ۋە يەرگە ئۈچ فۇتچە قالغاندا ئەپچىللىك بىلەن سەكرەپ چۈشتى. ئۇ، تولۇق تىرانستېۋېرچە① كىيىنگەنىدى.

— جانابىڭىزنى ساقلىتىپ قويغانلىقىم ئۈچۈن ئەپۇ قىلىشىڭىزنى سورايمەن، — دېدى ئۇ رىم شېۋىسىدە، — لېكىن، مەن بىرنەچچە مىنۇتقىلا كېچىكتىم. سان - جوۋاننى - لاتېرانو مۇنارىسىنىڭ قوڭغۇرىقى تېخى ھازىرلا سائەت ئونغا جاڭ ئۇردى.

— سىز كېچىكمىدىڭىز، مەن ئۆزۈم بالدۇر كېلىۋاپتىمەن، — دېدى ناتونۇش كىشى ساپ توسكان شېۋىسىدە، — شۇنىڭ ئۈچۈن خىجالەت بولماڭ. مۇبادا كېچىكىپ كەلگەن بولسىڭىزمۇ سىزنى ئەيىبكە بۇيرۇشقا بولمايدۇ، مەن ئەھۋالنى چۈشىنىمەن.

— جانابىڭىزنىڭ ئېيتقىنى ھەق. مەن ھازىر قۇتلۇق پەرىشتە قەلئەسىدىن كەلدىم، بېپپو بىلەن ناھايىتى تەستە كۆرۈشەلىدىم.

— بېپپو دېگەن كىم ئۇ؟

— ئۇ تۈرمە نازارەتچىسى. مەن ئۇنىڭغا ئانچە - مۇنچە پۇل بېرىپ تۇرىمەن، ئۇ ماڭا ھەزرىتى ئالىيلىرىنىڭ قەلئەسى ئىچىدە بولۇۋاتقان ئىشلاردىن خەۋەر يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ.

— ئاقىلانە ئادەم ئىكەنسىز!

— ئۇنداق قىلماي بولامدۇ، جانابىلىرى! يەنە نېمە ئىشلارنىڭ بولۇشىنى كىم بىلسۇن؟ بەلكىم مەن ئۆزۈممۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىچارە پېپىنوغا ئوخشاش قولغا چۈشۈپ قالارمەن. ئەنە شۇ چاغدا مېنىڭ قوللىرىم باغلانغان ئارغامچىنى قىرقىپ تاشلاشقا ئاشۇنداق بىر چاشقان لازىم بولىدۇ - دە.

— شۇنداق قىلىپ، سىز ئۇنىڭدىن نېمە خەۋەر ئالدىڭىز؟

— رىمدا چوڭ بايراملارنى باشلاش قائىدىسى بويىچە سەيشەنبە كۈنى سائەت ئىككىدە ئىككى تۈرلۈك ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنىدىكەن. بۇنىڭ بىرى ماززولاتو①. بۇ جازاغا

---

① تىرانستېۋېر — تىبىر دەرياسى بويىدا ياشىغۇچىلار شۇنداق دەپ ئاتىلىدۇ.

① ماززولاتو — ئىتاليانچە: توقماق بىلەن ئۆلتۈرۈش، دېگەن مەنىدە.

ھۆكۈم قىلىنغىنى ئۆزىنى بېقىپ ئۆستۈرگەن بىر روھانىيىنى ئۆلتۈرگەن مۇناپىق. ئۇ توغرۇلۇق گەپ قىلىشىنىڭ ھاجىتى يوق. جازانىڭ يەنە بىر تۈرى دېكاپىتاتو①. بىزنىڭ بىچارە پېپىنومىز ئەنە شۇ جازاغا تارتىلماقچى.

— قانداق قىلىمىز، قەدىرلىكىم! سىز پاپا② ھاكىمىيىتىگىلا ئەمەس، بەلكى فوشىنا دۆلەتلىرىگىمۇ شۇنداق ۋەھىمە سېلىۋەتتىڭىزكى، ئەمدى ھۆكۈمەت مەمۇرلىرى ئۇنى باشقىلارغا ئىبرەت بولغۇدەك بىر جازاغا تارتىشنى ئويلاشقان - دە.

— بىراق، پېپىنو مېنىڭ قول ئاستىمدىكى ئادەم ئەمەسقۇ. ئۇ بىر كەمبەغەل پادىچى. ئۇنىڭ پەقەت بىزگە ئوزۇق - تۈلۈك توشۇپ بەرگەنلا بىر گۇناھى بار.

— شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ سىزنىڭ شېرىكىڭىز دەپ قارالغان. شۇنداقتىمۇ، ئۆزىڭىز كۆرۈپ تۇرۇپسىزكى، ئۇنىڭغا ئېتىبار قىلىشقان. ئەگەر سىز ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسىڭىز، بېشىڭىزنى يانجىپ تاشلىشىدۇ، ئۇنى بولسا، پەقەت كاللىسىنى كېسىش بىلەنلا چەكلەنمەكچىكەن. ۋەھالەنكى، بۇ جازا شۇنچە كۆڭۈللۈك بايرام ئويۇنلىرىنىڭ بىر تۈرىنى كۆپەيتىدۇ ھەمدە تاماشىبىنلارنىڭ تۈرلۈك ھەۋەسلىرىنى قانائەتلەندۈرىدۇ.

— لېكىن، مەن جامائەتكە، ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمايدىغان شۇنداق بىر ئويۇن كۆرسىتىمەنكى، بۇ ئويۇن ئۇلارنىڭ قىلماقچى بولۇۋاتقان ئىشىدىن خېلىلا قىزىق بولىدۇ. — دېدى تىرانستېۋېرنىق.

---

① دېكاپىتاتو — كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىش، دېگەن مەنىدە.

② پاپا — كاتولىك مەزھىپىنىڭ ئەڭ ئالىي روھانىيسى.

— قەدىردان دوستۇم، — دېدى ئۇنىڭغا جاۋابەن پېپىنوغا پۈركىنىۋالغان كىشى، — سۆز قېتىشىمغا ئىجازەت قىلغايسىز. ئەھۋالدىن قارىغاندا، سىز بىر ئەخمىقانە ئىشقا بەل باغلىغاندەك تۇرىسىز.

— مەن ماڭا خىزمەت قىلغانلىقى ئۈچۈن بالاغا قالغان پېپىنونى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشقىمۇ بەل باغلايمەن. ئەزبىرايى خۇدا، ئەگەر مەن بۇ مەرد يىگىتنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ھېچقانداق ھەرىكەت قىلالمىسام، ئۆزۈمنى نامەرد دەپ ھېسابلايمەن.

— ئەمىسە قانداق قىلماقچى بولۇۋاتىسىز؟

— مويتۇڭزىنىڭ يېنىدا 20چە ئادەمنى تۇرغۇزۇپ قويىمەن. پېپىنونى ئېلىپ كېلىشكەندە بىز ھەممىمىز قاراۋۇللارغا خەنجەر بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، پېپىنونى ئېلىپ قاچىمىز.

— بۇ بەكمۇ خەتەرلىك ئۇسۇل. ئويلىشىمچە، مېنىڭ پىلانىم سىزنىڭكىدىن تۈزۈكرەك.

— ئەمىسە، جانابىڭىزنىڭ پىلانى قانداقكىن؟

— مەن بىر ئىنسانغا 2000 پىئاستىر پۇل بېرىمەن. ئۇ، پېپىنونىڭ جازا ھۆكۈمىنى كېلەركى يىلغا قالدۇرۇشقا ئامال قىلىدۇ. ئۇنىڭغىچە مەن يەنە باشقا بىر شەخسكە 1000 پىئاستىر بېرىمەن ۋە ئۇ پېپىنونىڭ تۈرمىدىن قېچىشىغا ياردەم قىلىدۇ.

— سىز بۇنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا ئىشىنەمسىز؟

— پاردىئۇ① دېدى پېپىنچىغا پۈركىنىۋالغان كىشى.

— نېمە دېدىڭىز؟ — دەپ سورىدى ترانستېۋېرلىق.

---

① پاردىئۇ — فرانسۇزچە: ئەلۋەتتە، شۇنداق بولمايچۇ، دېگەن مەنىدىكى سۆز.

— دېمەكچى بولغىنىم شۇكى، دوستۇم، مەن ئۆزۈمنىڭ ئالتۇنۇمنىڭ كۈچى بىلەن يالغۇز ئۆزۈملا سىز ۋە سىزنىڭ بارلىق ئادەملىرىڭىز خەنجەر، تاپانچا، بەشئاتار ۋە بىرئاتار مىلتىقلار بىلەن قوراللانسىمۇ قىلالمايدىغان ئىشلارنى قىلالايمەن. شۇڭا، بۇ ئىشنى ماڭا قويۇپ بېرىڭ.

— مەرھەمەت. ئەگەر سىزنىڭ ئىشىڭىز ئەپلەشمەي قالسا، بىز يەنىلا تەييار بولۇپ تۇرىمىز.

— مەيلى، خالىساڭلار تەييار بولۇپ تۇرۇۋېرىڭلار. لېكىن، مېنىڭ كەچۈرۈم قىلىشنى قولغا كەلتۈرەلەيدىغانلىقىمغا شەكلەنمەڭلار.

— ئېسىڭىزدىن چىقىرىپ قويماڭ، ئۆگۈنلۈككە سەيشەنبە. سىزنىڭ ئىختىيارىڭىزدا پەقەت بىر كۈنلا قالدى.

— ھە، نېمە بوپتۇ؟ بىر كۈن 24 سائەتتىن تەركىب تاپقان، بىر سائەت 60 مىنۇتتىن، بىر مىنۇت 60 سېكۇنتتىن تەركىب تاپقان. 86 مىڭ 400 سېكۇنت ئىچىدە نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىۋەتكىلى بولىدۇ.

— ئەگەر جانابىڭىز ھەممە ئىشنى توغرىلاپ بولسىڭىز بىز بۇنىڭدىن قانداق قىلىپ خەۋەر تاپىمىز؟

— بۇ ئاسان ئىش. روسپولى قەھۋەخانىسىنىڭ چەتتىكى ئۈچ دېرىزىسى ماڭا قاراشلىق. ئەگەر مەن كەچۈرۈم قىلىشنى قولغا كەلتۈرەلىسەم ئىككى چەتتىكى دېرىزىگە سېرىق پەردە، ئوتتۇرىسىدىكىگە قىزىل كىرىستلىق ئاق پەردە تارتىلغان بولىدۇ.

— ناھايىتى ياخشى. ئەمدى يەنە بىر مەسىلە، كەچۈرۈم قىلىش قەغىزىنى سىز قانداق قىلىپ جاللاتقا تاپشۇرىسىز؟

— سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئادەملىرىڭىزدىن بىرىنى موناخچە ياساندۇرۇپ ماڭا ئەۋەتىڭ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇنداق سالاھىيىتى بىلەن مويتۇڭزىنىڭ ئالدىغا بارالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ، يارلىقنى مەسئۇل خادىمغا تاپشۇرىدۇ. خادىم يارلىقنى ئېلىپ جاللاتقا بېرىدۇ. ئۇنىڭغىچە سىلەر پېپىنوغا خەۋەر بېرىپ قويۇڭلار، ئۇ يەنە قورقۇپ كېتىپ ئۆلۈپ قالمىسۇن ياكى ساراڭ بولۇپ قالمىسۇن. ئۇنداق بولغاندا، بىزنىڭ ئۇنى دەپ ئاۋارە بولغىنىمىز بىكارغا كېتىدۇ.

— ھۆرمەتلىك ئەپەندىم، مېنىڭ سىزگە جان - دىلىم بىلەن سادىق ئىكەنلىكىمنى ئۆزىڭىز بىلىسىز.

— شۇنداقتۇر دەپ ئويلايمەن.

— ئەگەر سىز پېپىنونى قۇتۇلدۇرۇپ قالسىڭىز مېنىڭ سادىقلىقىم سىزگە بولغان قۇلچىلىققا ئايلىنىدۇ.

— ئويلاپ گەپ قىلغىن، دوستۇم. كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەن سېنىڭ مۇشۇ گەپلىرىڭنى ئۆزۈڭگە ياندۇرۇپ ئەسلىتىپ قويۇشۇم مۇمكىن. چۈنكى پەيتى كەلگەندە مېنىڭمۇ ساڭا ھاجىتىم چۈشۈپ قالىدۇ.

— ھۆرمەتلىك ئەپەندىم، مېنى قاچان چاقىرتسىڭىز، خۇددى بۈگۈن سىزنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىڭىزگە ئوخشاشلا مەنمۇ سىزنىڭ ئالدىڭىزدا تەييار بولىمەن. ھەتتا جاھاننىڭ ئۇ قېتىدا بولسىڭىزمۇ، ماڭا پەقەت بىر پارچە خەت يېزىپ «مۇنداق، مۇنداق ئىشنى قىلىۋەتكىن» دەپ قويسىڭىزلا بولدى، مەن سىز تاپشۇرغان ھەر قانداق ئىشنى...

— توختاڭ! — دەپ پىچىرلىدى يېپىنچىغا پۈركىنىۋالغان كىشى؛ — بىرى كېلىۋاتىدۇ...

— بۇ، مەشئەل كۆتۈرۈپ كولىزېينى زىيارەت قىلىۋاتقان ساياھەتچىلەر.

— ئۇلار بىز ئىككىمىزنىڭ بىر يەردە تۇرغانلىقىمىزنى كۆرۈپ قالسا بولمايدۇ. بۇ يول باشلىغۇچى دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى پايلاقچى. ئۇلار سىزنى تونۇۋېلىشى مۇمكىن. قەدىردان دوستۇم، بىزنىڭ دوستلۇقىمىز گەرچە ماڭا شۇنچە يېقىملىق بولسىمۇ، لېكىن

ئۇلار بىزنىڭ بۇنداق يېقىن تونۇش ئىكەنلىكىمىزنى بىلىپ قالسا، ئۆزۈمنىڭ شەخسىي نوپۇزىمنىڭ يوققا چىقىشىدىن ئەنسىرەيمەن.

— ماقۇل. شۇنداق قىلىپ، ئەگەر سىز جازانىڭ ئىجرا قىلىنىش ۋاقتىنى كېيىنگە قالدۇرۇش ئىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرالىسىڭىز...

— ئوتتۇرىدىكى دېرىزىگە قىزىل كىرېستلىق ئاق پەردە تارتىلىدۇ.

— ئەگەر بۇ ئىشىڭىز ئەمەلگە ئاشماي قالسىچۇ؟

— ئۈچ دېرىزىنىڭ ھەممىسىدە سېرىق پەردە بولىدۇ.

— ئۇنداق بولغاندا...

— ئۇنداق بولغاندا، قەدىردان دوستۇم، خەنجەرلىرىڭىزنى ئىشقا سېلىۋېرىڭ. ئۇ چاغدا مەن ئۆزۈممۇ سىزنىڭ بۇنداق جاسارەتلىك تەدبىرىڭىزنى كۆرگىلى بارىمەن.

— خوپ. خەيرى - خوش، جاناب. مەن سىزگە ئىشىنىمەن، سىزمۇ ماڭا ئىشىنىڭ.

شۇ گەپلەر بىلەن تىرانستىۋېرالىق كىشى پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كېتىپ قالدى. يېپىنچىغا پۈركىنىۋالغان كىشى شلەپىسىنى پېشانىسىغا تېخىمۇ تۆۋەنرەك چۈشۈرۈۋېلىپ، فرانسىنىڭ يېنىدىنلا ئۆتۈپ كەتتى ۋە سالماقلىق قەدەملەر بىلەن كولىزېي سەھنىسىگە چۈشتى. كۆپ ئۆتمەي قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن فرانسىنىڭ ئىسمى چاقىرىلدى: ئۇنى ئالبېر قىچقارماقتا ئىدى. فرانس بۇ ناتونۇش كىشىلەرنىڭ ھەر ئىككىسى ئۇزاپ كەتكۈچە ئالبېرغا جاۋاب قايتۇرماستىن كۈتۈپ تۇردى. ئۇ، گەرچە بۇ كىشىلەرنىڭ چىرايىنى كۆرەلمىگەن بولسىمۇ، ئوتتۇرىدا بولۇپ ئۆتكەن بىر سۆزنىمۇ ئۆتكۈزۈۋەتمەي ئاڭلىغانىدى ھەمدە ئۇلارنىڭ سۆھبىتىگە غايىبتىن بىر گۇۋاھچى داخىل بولغانلىقىنى ئاشكارىلىماسلىقنى ئىزدەيتتى.

ئون مىنۇتتىن كېيىن فرانس ھارۋىغا ئولتۇردى. مېھمانخانىسىغا قايتىش يولىدا ئۇ ھەر قانداق ئەدەب - قائىدىلەرنى ئۇنتۇپ، ئالبېرنىڭ كولىزېي ھەققىدە سۆزلەۋاتقان ئىلمىي مۇلاھىزىلىرىگە ئارانلا قۇلاق سېلىپ ئولتۇردى. ئالبېر پىلىنىي بىلەن كالپۇرنىينىڭ① ئەسەرلىرىگە ئاساسلىنىپ، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تاماشىبىنلارغا ئېتىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ئۇچلۇق تۆمۈر سېتكىلار خۇسۇسىدا پىكىر يۈرگۈزدى. فرانس ئۇنىڭغا قارشى سۆز قىلمىدى. ئۇ چاققانراق مېھمانخانىغا يېتىپ بېرىپ، ئۆزى يالغۇز قېلىشنى ۋە دىققىتىنى باشقا ئىشلارغا بۆلمەستىن، بايا ئاڭلىغان گەپلەرنى مۇھاكىمە قىلىپ بېقىشنى خالايتتى. ئۇ، ئۆزى كۆرگەن ئاشۇ ئىككى كىشىنىڭ بىرى ئۇنىڭغا مۇتلەق تونۇش ئەمەس ئىدى. لېكىن، يەنە بىر كىشىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئەھۋال باشقىچە ئىدى. گەرچە فرانس ئۇنىڭ قاراڭغۇدا تۇرغان ۋە يېپىنچىنىڭ دالدىسىغا ئېلىنغان يۈزىنى كۆرەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاۋازىنى تونۇيالماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇ، بۇ ئاۋازنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىغان چېغىدىلا ئۇنىڭدىن ئاجايىپ بىر خىل غەيرىي تەسىر ئالغانىدى. بولۇپمۇ بۇ ئاۋازنىڭ كىنايىلىق ئاھاڭلىرىدا قانداقتۇر بىر خىل كەسكىنلىك ۋە گويا پولات - تۆمۈرنىڭ ساداسى جاراڭلاپ تۇراتتىكى، فرانس بۇ ئاۋازنى كولىزېيدا ئاڭلىغان ۋاقتىدا، خۇددى بۇنىڭدىن بۇرۇن مونتې - كرىستو ئارىلىدىكى غارنىڭ ئىچىدە تۇرغان ۋاقتىدىكىگە ئوخشاش تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى. فرانسىنىڭ ئىشەنچىسى كامىل ئىدىكى، بۇ ئادەم نەق سىندباد - ساياھەتچىنىڭ ئۆزى ئىدى.

ئەگەر فرانس ئۇنىڭ بىلەن باشقىچە شارائىتتا ئۇچرىشىپ قالغان بولسا، ئۆزىدە شۇنچە ھەۋەسلىك تەسىرات قالدۇرغان بۇ كىشىگە تونۇشلۇق بېرەر ئىدى. بىراق، ئۇنىڭ ئاڭلىغان گەپ

---

① پىلىنىي، كالپۇرنىي — قەدىمكى رىمدا ئۆتكەن يازغۇچىلار.

لىرى شۇ قەدەر مەخپىيەتلىك تۈسكە ئىگە ئىدىكى، ئۇنىڭ پەيدا بولۇپ قېلىشى بۇ ئىككى ئادەمنى ھەرگىز خۇرسەن قىلماس ئىدى. شۇڭا ئۇ، سىندىبادقا ئۆزىنى مەلۇم قىلمىدى، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن يەنە بىر قېتىم ئۇچرىشىپ قالغاندا پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىككە قەتئىي قارار قىلدى.

فرانس ئۆزىنىڭ خىياللىرىغا بېرىلىپ كەتكەچكە ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئۇ، ھېلىقى غار ئىگىسى بىلەن كولىزېيدىكى ناتونۇش كىشىنىڭ بىر شەخس ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان تۈرلۈك خىياللارنى سۈرۈپ، تۈن بويى ئۇخلىيالمىدى. ئۇ، ئويلىغانسېرى ئۆز پىكرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە ئىشەنچىسى ئاشتى. ئۇ سەھەرگە يېقىن ئۇخلاپ قالدى ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن ئورنىدىن ۋاقچە تۇردى. ئۇنىڭغىچە ئالبېر ھەقىقىي پارىژلىققا مۇناسىپ ھالدا كەچكى تاماشىنىڭ غېمىنى قىلىپ، ئارجېنتىنا تىياتىرخانىسىدىن ئورۇن ئېلىپ قويۇشقا ئادەم ئەۋەتتى. فرانسنىڭ پارىژغا خەت يازىدىغان ئىشلىرى بار ئىدى، شۇڭا ئۇ ھارۋىنى كۈن بويى ئالبېرنىڭ ئىختىيارىغا قالدۇردى.

سائەت بەش بولغاندا ئالبېر قايتىپ كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تونۇشتۇرۇش قەغەزلىرىنى تارقىتىپ چىقتى، ھەممە كەچكى بەزمىلەرنىڭ تەكلىپلىرىنى قوبۇل قىلدى ھەمدە رىم شەھرىنىڭ مەشھۇر بولغان جايلىرىنى كۆرۈپ ئايلىنىپ كەلدى. ئالبېر مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىر كۈننىڭ ئىچىدە پۈتتۈرەلىدى. ئۇ ھەتتا تىياتىرخانىدا بۈگۈن نېمە ئويۇن قويۇلىدىغانلىقىنى ۋە قايسى ئارتىستلار ئويۇن كۆرسىتىدىغانلىقىنىمۇ بىلىپ كېلىشكە ئۈلگۈرگەنىدى.

كوزىلىلى، مورىئانى ۋە شىپىخ خانىمنىڭ ئورۇندىشىدا «پارىزىنا» ئوپېراسى قويۇلغۇسى ئىدى. يىگىتلەرنىڭ تەلىيى چىقتى. ئۇلار ئىتالىيىنىڭ ئاتاقلىق ئۈچ ئارتىسىنىڭ ئورۇندىشىدا، «لىيۇچى لاممېرمۇرە»نىڭ مۇئەللىپى ئەرېپەدىن يېزىلغان داڭلىق ئوپېرالارنىڭ بىرىنى كۆرۈش ئالدىدا تۇرماقتا ئىدى. ئالبېر بۇففادا① ئۆزىنىڭ خاس كرېسلوسىغا ئىگە بولغانلىقتىن ۋە ئوپېرانىڭ② ئالدىنقى قاتارىدا مەخسۇس لوژاسى③ بولغانلىقتىن، بۇ يەردىكى ئوركېستىرغا يېقىن ئولتۇرۇش مەنئى قىلىنغان ھەمدە يا بالكونلىرى، يا ئوچۇق لوژالىرى بولمىغان ئىتاليان تىياتىرخانىلىرىغا زادىلا كۆنەلمىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ ھەر قېتىم فرانس بىلەن تىياتىرغا بارغاندا كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك ياسىنىپ چىقاتتى. ئەمما، بۇنداق ئاۋارىگەرچىلىكلەرنىڭ ھەممىسى بىھۇدە ئىدى. ھالبۇكى، پارىژ ئاقسۆڭەكلىرى تائىپىسىگە تەئەللۇق بولغان ئەڭ ئىناۋەتلىك ياشلاردىن بىرىنىڭ شەنىگە ئويات بولسىمۇ، شۇنى ئىقرار قىلىشىمىز لازىمكى، تۆت ئايغىچە ئىتالىيىدە جاھانكەشتىلىك قىلىپ يۈرگەن ئالبېر تېخىچە ھېچقانداق بىر ئىشقى باغلىنىشلارغا ئېرىشەلمىگەنىدى.

ئالبېر ئىشنىڭ بۇنداق بولۇپ چىققانلىقىغا قارىتا بەزىدە چاقچاق قىلىپ كۈلۈشكە تىرىشىپ باقاتتى. لېكىن ئۇ ئۆز ئىچىدە چوڭقۇر پەرىشانلىق ھېس قىلاتتى. دەرۋەقە، ئالبېر مورسېردەك بىر ئېسىلزادە يىگىتنىڭ تېخىچە چەتتە قېلىۋاتقانلىقى ئەلەم قىلىدىغان ئىش ئەمەسمۇ. بۇ مۇۋەپپەقىيەتسىزلىك يەنە شۇ سەۋەبتىن ئېغىر كېلەتتىكى، بىزنىڭ قەدىردان ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ ساددىلىقى تۈپەيلىدىن، ئالبېر ئىتالىيىدە غايەت زور ئابروي قازىنىدىغانلىقىغا ۋە پارىژغا قايتقاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئۇتۇقلىرىنى سۆزلەپ، پۈتۈن گانت مەھەللىسىنى تاڭ قالدۇرىدىغانلىقىغا قىلچە شەكلەنمەيتتى. ئەپسۇسكى، ئەمەلىيەت ئۇنىڭ

---

① بۇففا — پارىژدىكى كومېدىيە ئوينىلىدىغان تىياتىرخانىنىڭ نامى.

② پارىژدىكى ئوپېرا ئوينىلىدىغان تىياتىرخانىنىڭ نامى.

③ لوژا — تىياتىرخانىلاردا ئويۇن كۆرگۈچىلەرگە تەييارلانغان مەخسۇس بۆلمە.

تويلىغىنىدەك بولۇپ چىقمىدى. گېنۇيا، فلورېنسىيە ۋە رىمنىڭ گۈزەل خانىملىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەرلىرىگە بولغان سادىقلىقىنى ساقلىيالمىغان تەقدىردىمۇ، ئاشىنىلىرىغا بولغان سادىقلىقىنى تەۋرەنمەس ئىرادە بىلەن مۇھاپىزەت قىلاتتى. ئالبىر شۇنداق بىر ئاچچىق ساۋاق ئالدىكى، ئىتالىيان ئاياللىرىنىڭ فرانسۇز ئاياللىرىغا نىسبەتەن بىر ئارتۇقچىلىقى — ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ۋاپاسىزلىقىغا ۋاپادار ئىدى. شۇنداقتىمۇ، باشقا ھەرقانداق جايدىكىگە ئوخشاش، ئىتالىيىدىمۇ ئۇنىڭدىن باشقىچە ئەھۋاللار يوق دېيىش قىيىن، ئەلۋەتتە.

ۋەھالەنكى، ئالبىر ئىنتايىن كېلىشكەن يىگىت بولۇش بىلەن بىللە يەنە ئىنتايىن پاراسەتلىك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ۋىكونت ئىدى. توغرا، ئۇ يېقىندىن كېلىپ چىققان ۋىكونت ئىدى. لېكىن، زامانىمىزدا كىشىلەرنىڭ شان - شەرىپىنى ئىسپاتلاش تەلەپ قىلىنمايدىغان بولغاچقا. گرافلىق نەسەبىنىڭ 1399 - يىلىدىن ياكى 1815 - يىلىدىن باشلانغانلىقى ئوخشاش ئەمەسمۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە. ئالبىرنىڭ يىلىغا 50 مىڭ لىۋردىن كېلىدىغان كىرىمى بار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ پارىژ جامائەتچىلىكى ئىچىدە يايراپ يۈرۈشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ھەممە ئىمكانىيەتلىرى ئېشىپ - تېشىپ تۇراتتى. شۇڭا، ئۇ ئۆزى بارغان شەھەرلەرنىڭ بىرىدىمۇ ئۇنىڭغا يېتەرلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىلمىگەنلىكىنى ئويلىغانىدا، بىر ئاز خىجىل بولاتتى.

شۇنداق بولسىمۇ، ئالبىر رىمدا ئۆز مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئۈمىد باغلىدى. چۈنكى، كارناۋالدىن ئىبارەت بۇ ماختاشقا لايىق ئۆرپ - ئادەتنى ساقلاپ قالغان ھەممە دۆلەتلەرگە كارناۋال كۈنلىرى بىر ئەركىنلىك مەۋسۇمى بولۇپ، ھەتتا ئەڭ ئىنتىزامچان كىشىلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ ھەر خىل

ساراڭلىقلارنى قىلىشىغا يول قويىدۇ. دېمەك، كارناۋال ئەتىكى كۈندە باشلىنىدىغان بولغاچقا، ئالبىر ئەل ئىچىدە ئالدىنالا ئۆزىنى تونۇتۇپ قويۇشى زۆرۈر ئىدى. شۇ مەقسەت بىلەن ئۇ، تىياتىرخانىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى لوژىلىرىدىن بىرىنى ئىگىلىدى ۋە ئالاھىدە دىققەت بىلەن كىيىنىپ ياساندى. شۇنىسى ئېيتىش لازىمكى، ئالدىنقى قاتار خۇددى پەستىكى لوژا ۋە سەھنىگە يېقىن ئورۇنلارغا ئوخشاشلا ئاقسۆڭەكلەرگە خاس بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، 12 كىشى كەڭ - كۇشادە ئولتۇرغۇدەك ئازادە بولغان بۇ لوژا دوستلارغا ئامبىگيۇ تىياتىرخانىسىنىڭ تۆت كىشىلىك لوژاسىدىنمۇ ئەرزانغا توختىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئالبىرنىڭ كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان يەنە بىر ئۈمىدىمۇ بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ، ئەگەر ئۇ بىرەر رىملىق نازىنىننىڭ قەلبىنى خۇشتار قىلىشقا مۇۋەپپەق بولسا، روشەنكى، ئۇنىڭغا پەيتۇندىن ئورۇن چىقىدۇ ۋە شۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇ ئاقسۆڭەكلەر ئولپەتچىلىكىدە پەيتۇندا ئولتۇرۇپ ياكى بىرەر كىنەز ھۇزۇرىنىڭ بالكونىدا تۇرۇپ كارناۋالنى تاماشا قىلىش ئىمكانىيىتىگە مۇيەسسەر بولىدۇ.

ئەنە شۇنداق مۇلاھىزىلەرنىڭ ئىلھامى بىلەن ئالبىر بۇ كېچىسى تولىمۇ روھلانغانىدى. ئۇ سەھنىگە كەينىنى قىلىپ ئولتۇرۇۋالدى ۋە ھە دېگەندىلا لوژادىن گەۋدىسىنى بېلىگىچە چىقىرىۋېلىپ، ئالتە دىيۇيملىق دۇربۇن بىلەن ھەممە ئوماق ئاياللارغا قاراشقا باشلىدى. لېكىن، ئالبىرنىڭ شۇنچە پايپېتەك بولۇشىغا باقماي، بىرەر ئايالمۇ، ھېچبولمىغاندا قىزىقسىنىپ بولسىمۇ، ئۇنىڭغا نەزەر سالمىدى.

ھەممە تاماشىبىنلار ئۆز غېمى بىلەن بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىش - كۈشلىرى، ئىشقى كەچۈرمىشلىرى، مېھماندارچىلىقلىرى ھەققىدە ۋە ئەتىكى كارناۋال ھەققىدە ئۆزئارا پاراڭ سېلىشىپ، يا ناخشىچىلارغا، يا قويۇلۇۋاتقان ئويۇنغا ھېچقانداق ئەھمىيەت

بېرىشمەيتتى. ئۇلار پەقەت ئايرىم چاغلاردىلا سەھنە تەرەپكە بۇرۇلۇپ، كوزىللىنىڭ قىستۇرما بايانلىرىنى ئاڭلاپ قوياتتى ياكى مورئاننى ئالقىشلاپ چاۋاك چېلىپ قويۇشاتتى، ياكى ناخشىچى شېپېخقا «ياشا» دەپ توۋلاپ قويۇشاتتى - دە، يەنە ئۆزلىرىنىڭ گېپىگە چۈشۈپ كېتىشەتتى.

بىرىنچى پەردە ئاياغلىشاي دەپ قالغاندا، شۇ چاغقىچە بوش تۇرغان بىر لوژانىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ فرانسقا تونۇش بولغان بىر خانىم كىرىپ ئولتۇردى. فرانس ئۇنىڭ بىلەن پارىژدا تونۇشۇش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولغانىدى ھەمدە ئۇنى ھېلىمۇ فرانسىيىدە دەپ ئويلاپ يۈرەتتى. ئالبېر ئۆز دوستىنىڭ ئولتۇرغان يېرىدىن ئىختىيارسىز قوزغىلىپ قالغانلىقىنى كۆردى ۋە ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ سورىدى.

— سىز بۇ ئايالنى تونۇمسىز؟

— ھەئە. ئۇ سىزگە ياردىمۇ؟

— كىشىنى مەپتۇن قىلغۇدەك گۈزەل ئىكەن، ئەزىزىم. يەنە كېلىپ، تېنىنىڭ ئاقلىقىنى قاراڭ! چاچلىرى خۇددى بوستاندەك! ئۇ فرانسىيىلىكمۇ؟

— ياق، ۋېنېتسىيىلىك.

— ئۇنىڭ ئىسمى نېمە؟

— گراف خانىم گ.

— مەن ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغان، — دېدى ئالبېر، — ئاڭلىشىمچە، ئۇ گۈزەل بولۇپلا قالماستىن، يەنە ناھايىتى ئەقىللىق ئىكەن. ھەي، ئىست. ئەگەر مەن ۋىلفور خانىمنىڭ ئاخىرقى زىياپىتىگە بارغان بولسام ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇۋالىدىكەنمەن! ھەي، شۇ زىياپەتكە بارماي بىر ئەخمەقلىق قىلىپتىمەن - دە!

— سىزنىڭ شۇ كەمچىلىكىڭىزنى مەن تۈزىتىپ قويايمۇ؟ — دەپ سورىدى فرانس.

— مېنى ئۇنىڭ لوژاسىغا باشلاپ بارغۇدەك سىز ئۇنىڭ بىلەن شۇنچە يېقىنمۇ؟

— مەن ئۇنىڭ بىلەن ئۈچ قېتىمچە ھەمسۆھبەت بولۇش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولغانىدىم. شۇنچىلىك تونۇشلۇق مۇناسىۋىتى بىلەن بىز ئۇنىڭ ئالدىغا بارساق بىئەدەبلىك بولمايدىغانلىقى ئۆزىڭىزگە چۈشىنىشلىكتۇ دەيمەن.

بۇ چاغدا گ. خانىم ئۆزى فرانسىنى كۆرۈپ قالدى ۋە ئۇنىڭغا قاراپ ئۇچۇق چىراي بىلەن قولىنى سىلكىتىپ قويدى.

— پەملىشىمچە، سىز ئۇنىڭ بىلەن ئەڭ يېقىن مۇناسىۋەتتە بولسىڭىز كېرەك، — دېدى ئالبېر.

— مانا بۇ گېپىڭىز توغرا بولمىدى. فرانسۇزلار ھەممە ئىشقا ئۆزلىرىنىڭ پارىژدىكى ئۆلچىمى بويىچە تۇش قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن چەت ئەللەرگە چىققاندا مىڭبىر پالاكەتچىلىكلەرنى قىلىپ رەسۋا بولۇشىدۇ. سىز ئىسپانىيىدە تۇرغاندا، بولۇپمۇ ئىتالىيىدە تۇرغاندا ئادەملەرنىڭ مۇئامىلىدىكى ئەركىنلىكىگە قاراپ، ئۇلارنىڭ يېقىنلىقىغا باھا بەرمەڭ. بىز گ. خانىم بىلەن ئىككىمىز ئوتتۇرىمىزدا بىرخىل مايىللىقنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلىمىز.

— يۈرەكلەرنىڭ مايىللىقىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئالبېر كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ياق، ئەقىلنىڭ مايىللىقى، پىكىر بىرلىكى، پەقەت شۇلا، — دەپ جاۋاب بەردى فرانس جىددىيلىك بىلەن.

— شۇنداق ئىكەنلىكىنى قانداق بىلدىڭىز؟

— كولىزېينى زىيارەت قىلىش مەزگىلىدە بىلدىم. بىز ئىككىمىزمۇ ئۇ يەرگە بارغانىدۇققۇ.

— سىلەرمۇ ئايدىڭدا بارغانىمۇ؟

— ھەئە.

— ئىككىڭلار يالغۇز؟

— يالغۇز دېگۈدەك.
— سىلەرنىڭ قىلىشقان گەپلىرىڭلار ...
— ئۆلۈكلەرھەققىدە بولدى.
— بۇ، ئەلۋەتتە، ناھايىتى قىزىقارلىق گەپ، — دېدى ئالبېر، — لېكىن مەن بۇ چىرايلىق خانىمغا ئاشۇنداق سەيلىدە ھەمراھ بولۇش بەختىگە ئېرىشەلىسەم ئۇنىڭ بىلەن پەقەت تىرىكلەرھەققىدىلا سۆزلىشەمەن!
— ئۇنداق قىلسىڭىز، كېيىن پۇشايمان قىلىشىڭىز مۇمكىن.
— ھە، شۇنداق قىلىپ، ئۆزىڭىز ۋەدە قىلغاندەك، مېنى ئۇ خانىم بىلەن تونۇشتۇرۇپ قويامسىز؟
— ھەئە، پەردە چۈشۈرۈلگەندە.
— بۇ لەنىتى بىرىنچى پەردە قاچانمۇ تامام بولار!
— خاتىمە ناخشىسىنى ئاڭلاپ بېقىڭا، بۇ ناھايىتى تەسىرلىك. كوزىلىلى بۇ ناخشىنى بەك ياخشى ئېيتىدۇ.
— شۇنداق. بىراق، ئۇنىڭ بەدەن تۈزۈلۈشى نەقەدەر قامالاشمىغان!
— شېئىرنىڭ ئاۋازى ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئويىنىتىۋېتىدۇ...
— بىلەمسىز، زونتاگ ۋە مولىبرانلارنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىغانىدىن كېيىن...
— كۆردىڭىزمۇ، موردىئانىنىڭ سەنئەت سەۋىيىسى نېمىدېگەن ئۈستۈن —ھە؟
—مەن بۇنداي ئۆلۈك كىشىلەرنىڭ ئاق تەنلىكلەرگە تەقلىد قىلىپ ناخشا ئېيتىشىنى ياقتۇرمايمەن.
— بەللى، قەدىرلىكىم، — دېدى فىرانس ۋە تېخىچە گراف خانىمنىڭ لوژاسىغا دۈربۇن بىلەن قاراپ ئولتۇرغان ئالبېردىن ئۆزىنى چەتكە ئالدى، — سىزنى رازى قىلغىلى بولمايدىكەن!
ئاخىرى، ۋېكونت ئالبېر مورسېرنىڭ تىلىكى ئىجاۋەت بولۇپ،

پەردە چۈشۈرۈلدى. ئالبېر شلەپىسىنى قولىغا ئالدى، چاچلىرىنى، گالستۇكىنى، يەڭلىرىنى تۈزەپ قويدى ۋە فرانسقا ئۆزىنىڭ تەييار ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. بۇ چاغدا گ. خانىم فرانسنىڭ سوراق نەزەرىگە جاۋابەن ئۇنى چاقىرىپ ئىشارەت قىلدى. شۇڭا، فرانس تاقەتسىزلىنىپ تۇرغان ئالبېرنىڭ ئارزۇسىنى قانائەتلەندۈرۈشنى ئارقىغا سۈرمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ دوستىنى باشلاپ ماڭدى. ئالبېر كىيىۋېتىپ، كۆڭلىكىنىڭ قاتلاقلىرىنى ۋە چاپىنىنىڭ ياقىسىنى تۈزەشتۈرۈپ ماڭدى. ئۇلار ئىككىيلەن يېرىم چەمبەر شەكلىدە تىزىلغان ئورۇندۇقلارنى ئەگىپ ئۆتۈپ، گ. خانىم ئىگىلىگەن تۆتىنچى نومۇرلۇق لوژانىڭ ئىشىكىنى چەكتى. ئۇلار كىرگەندە، گراف خانىمنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ياش يىگىت ئورنىدىن تۇردى ۋە ئىتالىيانلارنىڭ ئادىتىگە ئاساسەن ئۆزىنىڭ ئورنىنى يېڭى كەلگەن مېھمانغا بوشىتىپ بەردى. قائىدە بويىچە يېڭى مېھمانمۇ، مۇبادا ئۆزىدىن كېيىن يەنە بىر كىشى كېلىپ قالسا، ئورنىنى شۇنىڭغا بوشىتىپ بېرىشى كېرەك.

فرانس ئالبېرنى ئىجتىمائىي ئورنى ۋە قابىلىيىتى جەھەتتە ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ياشلارنىڭ بىرى سۈپىتىدە تەرىپلەپ تونۇشتۇردى. بۇنداق تەرىپلەش تامامەن ئورۇنلۇق ئىدى. چۈنكى ئالبېر پارىژدىكى ئۆزى ئارىلىشىدىغان كىشىلەر ئىچىدە ئەڭ مەشھۇر ئارسلان بولۇپ تونۇلغانىدى. فرانس يەنە، ئالبېرنىڭ گ. خانىم بىلەن پارىژدا تونۇشۇش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويغانلىقىغا ئىنتايىن قاتتىق پۇشايمان قىلىۋاتقانلىقىنى، ئەمدى شۇ خاتالىقنى تۈزىتىپ قويۇشنى فرانسنىڭ ئۆزىدىن ئۆتۈنۈپ سورىغانلىقىنى ۋە ئۆزىنىڭ بۇنداق جۈرئەتچانلىقىنى گراف خانىمنىڭ ئەپۇ قىلىشىنى ئۈمىد قىلىۋاتقانلىقىنى ئىزھار قىلدى. بۇنىڭغا جاۋابەن گ. خانىم ئالبېرغا قاراپ خۇش تەبەسۇم بىلەن ئېگىلىپ قويدى ۋە فرانسنىڭ قولىنى قىسىپ كۆرۈشتى. ئالبېر

گراف خانىمنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۇنىڭ يېنىدىكى بوش ئورۇنغا ئولتۇردى. فرانس ئىككىنچى رەتكە ئۆتۈپ گراف خانىمنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ئورۇن ئالدى. ئالبېر سۆھبەت ئۈچۈن ناھايىتى مۇۋاپىق تېما تاللىدى. ئۇ پارىژ توغرۇلۇق ۋە ھەر ئىككىسىگە تونۇشلۇق بولغان كىشىلەر توغرۇلۇق سۆز باشلىدى. فرانس ئۆز دوستىنىڭ دۇرۇس يولغا چۈشكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ قولىدىن دۇربۇنىنى ئالدى ۋە ئۆز نۆۋىتىدە تىياتىرخانا ئىچىنى كۆزىتىشكە باشلىدى.

ئالدىنقى قاتاردىكى بىر لوژانىڭ تۇسۇقى يېنىدا شەرقچە كىيىنگەن ئاجايىپ گۈزەل بىر ئايال ئولتۇراتتى. ئۇ، ئۆزىنىڭ بۇ كىيىملىرى بىلەن شۇنچە بىمالال ئولتۇراتتىكى، پەقەت ئۆزلىرىنىڭ كۈندىلىك كىيىمىنى كىيگەن كىشىلەرلا شۇنداق بولىدۇ. ئۇنىڭ كەينىدىكى ئورۇندا بىر ئەر كىشى ئولتۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئولتۇرغان يېرى غۇۋا قاراڭغۇ بولغاچقا، چىرايىنى كۆرگىلى بولمايتتى.

فرانس ئالبېرنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى ۋە گراف خانىمدىن ئاشۇ گۈزەل ئالبان قىزىنى تونۇيدىغان - تونۇمايدىغانلىقىنى سورىدى. ۋەھالەنكى، ئۇ ئەرلەرنىڭلا ئەمەس، بەلكى ئاياللارنىڭمۇ دىققىتىنى جەلىپ قىلىشقا مۇناسىپ ئىدى.

— تونۇمايمەن، — دېدى گ. خانىم، — مەن پەقەت ئۇنىڭ مۇشۇ پەسىلنىڭ بېشىدىن باشلاپ رىمدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلىمەن. بۇ تىياتىرخانا ئېچىلغان كۈنى مەن ئۇنىڭ ئاشۇ لوژىدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگەنىدىم. شۇندىن بۇيانقى بىر ئاي جەريانىدا ئۇ قويۇلغان ئويۇنلارنىڭ بىرىنىمۇ ئۆتكۈزۈۋەتمەي كېلىۋاتىدۇ. بەزىدە ئۇ، ھازىر ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئاشۇ كىشى بىلەن بىللە كېلىدۇ، بەزىدە بىر نېگىر چاكارنى ئېلىپ كېلىدۇ.

— قانداق، ئۇ سىزگە يارامدۇ، گراف خانىم؟

— ئۇ ناھايىتى ئوماق ئىكەن. ئېھتىمال، مېدورا شۇنىڭغا ئوخشاش بولغان بولسا كېرەك.

فرانس بىلەن گراف خانىم بىر - بىرىگە قاراپ كۈلۈشۈپ قويدى. شۇندىن كېيىن گراف خانىم يەنە ئالبېر بىلەن سۆزلىشىشنى داۋاملاشتۇردى. فرانس دۇربۇن بىلەن يەنە شۇ ئالبان گۈزىلىگە قاراشقا كىرىشىپ كەتتى.

بالېت ئۇسسۇلى باشلاندى. كۆچمە تىياتىرلار ئاستىدا خاراب بولغان زور شەرەپنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئىتالىيىدە داڭق چىقارغان مەشھۇر ئانرى تەرىپىدىن باشقۇرۇلغان تەڭداشسىز ئىتاليان بالېتى باشلاندى. بۇ شۇنداق بالېتلارنىڭ بىرى ئىدىكى، بۇنىڭدا ئاساسلىق ئۇسسۇلچىلاردىن تارتىپ قوشۇمچە ئارتىسلارغىچە ھەممىسى پائال ھەرىكەتكە كېلىدۇ ھەمدە 150 ئادەم بىراقلا ئوخشاش بىر خىل ھەرىكەت قىلىپ، ھەممىسى بىر قولىنى ياكى بىر پۇتىنى بىراقلا كۆتۈرىدۇ. بۇ «پولىسكا» بالېتى ئىدى.

فرانس ناتونۇش گۈزەلگە شۇ قەدەر بېرىلىپ كەتكەنىدىكى، بۇ بالېت ھەرقانچە ياخشى بولسىمۇ، سەھنىگە قاراپ قويمىدى. ئۇ گۈزەل خانىم بولسا، روشەن ئىپادىلىنىپ تۇرغان زوقلىنىش بىلەن سەھنىگە قاراپ ئولتۇراتتى. ئەمما، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولغان كىشى بۇنىڭ ئەكسىچە، بۇ بىرلەشمە سەنئەتنىڭ كارامەتلىرى نامايان بولۇۋاتقان جەريانىدا، كاناي، چاڭ ۋە تۈركىيە قوڭغۇراقلىرىنىڭ قۇلاقنى يېرىۋەتكۈدەك جاراڭلاشلىرىغا قارىماي، بىر قېتىم بولسىمۇ ئورنىدىن قوزغىلىپ قويمىدى. ئۇ گوياكى ساماۋى شېرىن چۈشلەرنىڭ لەززىتىدىن ھۇزۇرلىنىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

ئاخىرى، بالېت تامام بولدى ۋە ئويۇن كۆرگۈچىلەرنىڭ گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ئىچىدە پەردە چۈشۈرۈلدى.

ئىتالىيىدە ئوپېراغا بالېتنى ئارىلاشتۇرۇشتەك ياخشى ئادەت بولغاچقا، پەردىلەر ئارىلىقىدىكى تەنەپپۇسلار ئۇزاققا سوزۇلمايدۇ. ئۇسسۇلچىلار بىر پۇتىنىڭ ئۇچىدا تۇرۇپ پىرقىراش ۋە ھەر تەرەپكە

ئېگىلىش ـ قايرىلىش ھەرىكەتلىرىنى ئوينىپ تۇرغىچە ناخشىچىلار ئارام ئېلىۋېلىشقا ۋە كېيىملىرىنى يەڭگۈشلىۋېلىشقا ئۈلگۈرىدۇ.

ئىككىنچى پەردىنىڭ باشلىنىش مۇزىكىسى چېلىندى. ئىسكىرىپكا ساداسى ياڭراش بىلەنلا ھېلىقى ئالبان قىزى بىلەن ئولتۇرغان ئېرىزلەڭگۈ كىشى ئورنىدىن ئاستا قوزغىلىپ، قىزغا يېقىنراق كېلىپ ئولتۇردى. قىز كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا قارىدى ـ دە، بىر نەچچە ئېغىز سۆز قىلدى ۋە يەنە لوژىنىڭ توسۇقىغا تايىنىپ ئولتۇرۇۋالدى. ئەر كىشىنىڭ يۈزى بۇرۇنقىدەكلا كۆلەڭگىدە تۇراتتى. شۇڭا، فرانس ئۇنىڭ چىرايىنى يەنىلا كۆرەلمىدى.

پەردە كۆتۈرۈلدى. فرانسنىڭ دىققىتى ئىختىيارسىز ھالدا ئارتىسلارغا تارتىلدى ۋە ئۇنىڭ كۆزلىرى بىردەملىككە ناتونۇش خانىمنىڭ لوژىسىدىن يۆتكىلىپ سەھنىگە قارىتىلدى. ئىككىنچى پەردىنىڭ قانداق باشلىنىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم: پارىزىنا ئۇيقۇلۇقتا جۆيلۈپ ئۆزىنىڭ ئۇگونى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئاتسوغا سۆزلەپ قويىدۇ. ئالدانغان ئەر كۈنچىلىكنىڭ ھەممە ئازابلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزىدۇ ۋە ئاخىرى ئايالىنىڭ خىيانىتىنى چۈشىنىپ، ئۇنى ئويغىتىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ جازاسىنى ھۆكۈم قىلىدۇ. بۇ، دونىتسېتتىنىڭ سەمەرىلىك قەلىمى بىلەن يېزىلغان ئەڭ كۆركەم، ئەڭ تەسىرلىك، ئەڭ ھاياجانلىق لەپەرلەرنىڭ بىرى. فرانسنىڭ بۇ ئويۇننى مۇشۇنىڭ بىلەن ئۈچىنچى قېتىم كۆرۈشى ئىدى. گەرچە ئۇ سەنئەت مەستانىسى بولمىسىمۇ، ئوينالغان لەپەر ئۇنىڭغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ، ئويۇن كۆرگۈچىلەرنىڭ گۈلدۈراس ئالقىشلىرىغا قوشۇلۇپ چاۋاك چالماقچى بولۇۋىدى، لېكىن ئۇنىڭ كۆتۈرۈلگەن قوللىرى توساتتىن قېتىپ قالدى ۋە ئۇرغۇپ چىقىشقا تەييار بولغان «ياشا» دېگەن ئۈندەش ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقماي توختاپ قالدى.

لوژىدا ئولتۇرغان ھېلىقى ئادەم ئۆرە تۇردى، ئۇنىڭ يۈزى ئەمدى يورۇقلۇق دائىرىسىگە توغرىلىنىپ قالدى ۋە فرانس ئۆزىنىڭ كۆز ئالدىدا مونتې ـ كرىستو ئارىلىدىكى سىرلىق شەخسنى كۆردى. ئۇ تېخى تۈنۈگۈنلا كولىزېينىڭ خارابىلىرى ئارىسىدا ئۇنىڭ ئاۋازىنى تونۇغاندەك قىلغانىدى. دېمەك، بۇ غەلىتە ساياھەتچى ھازىر رىمدا تۇرۇۋاتقانلىقى شەكسىز ئىدى.

ئېھتىمال، فرانسنىڭ بۇ ناتونۇش كىشىنى كۆرگەندىكى ئەجەبلىنىشى ئۇنىڭ چىرايىدا ئەكس ئەتكەن بولۇشى كېرەك، چۈنكى گراف خانىم ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ كەتتى ۋە ئۇنىڭ نېمە بولغانلىقىنى سورىدى.

— خانىم، — دېدى فرانس ئۇنىڭغا جاۋابەن، — مەن بايا سىزدىن ئاۋۇ ئالبانىيىلىك خانىمنى تونۇمسىز دەپ سورىغانىدىم. ئەمدى ئۇنىڭ ئېرىنى تونۇمسىز دەپ سورىغۇم كېلىۋاتىدۇ.

— ئۇ ئايالنى قانچىلىك تونۇسام، ئېرىنى تونۇشۇممۇ شۇنچىلىكلا، — دەپ جاۋاب بەردى گراف خانىم.

— سىز ئۇنىڭغا دىققەت قىلدىڭىزمۇ؟

— مانا بۇ ھەقىقىي فرانسۇزلارنىڭ گېپى بولدى! سىز ئۆزىڭىز بىلىسىزغۇ، بىز ئىتالىيان ئاياللىرى ئۆزىمىز ياخشى كۆرگەن ئادەمدىن باشقا ھېچكىمنى كۆرمەيمىز.

— بۇ گېپىڭىز دۇرۇس، — دېدى فرانس.

— شۇنداق بولسىمۇ، — دېدى يەنە گراف خانىم ۋە ئالبېرنىڭ دۇربۇننى ئېلىپ ئۇدۇلدىكى لوژىغا قارىدى، — ئەلپازىدىن قارىغاندا ئۇ تېخى يېڭىلا گۆردىن چىققانغا ئوخشايدۇ. بۇ، بەئەينى گۆركارنىڭ ئىجازىتى بىلەن ئۆلۈك ساندۇقىدىن چىققان بىر مۇردىنىڭ ئۆزىغۇ. قاراڭ، ئۇنىڭ چىرايى نېمە دېگەن قانسىز.

— ئۇ ھەر دائىم شۇنداق، — دېدى فرانس.

— سىز ئۇنى تونۇمسىز؟ — دېدى گراف خانىم، — ئۇنداق بولسا، ئەمدى مەن سىزدىن سوراپ باقاي، ئۇ كىم بولىدۇ؟

— مەن ئۇنى بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىمەن.

— چۈشىنىشلىك، — دېدى گراف خانىم ۋە گويا مۇزلاپ كەتكەندەك ئۆزىنىڭ نازۇك يەلكىلىرىنى سىلكىتىپ قويدى، — بۇ ئادەمنى بىر كۆرگەن كىشى ئۇنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالالمايدۇ.

فرانس ئۆز ئىچىدە، بۇ ئادەمنى كۆرگەندە مەندىن باشقا كىشىلەرنىمۇ سۈر باسىدىكەن، دەپ ئويلاپ قالدى.

گراف خانىم دۇربۇن بىلەن ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم قاراشقا جۈرئەت قىلغاندا، فرانس ئۇنىڭدىن:

— سىز ئۇ توغرۇلۇق قانداق پىكىردە بولۇۋاتىسىز؟ — دەپ سورىدى.

— مېنىڭچە، لورد رۇتۋېننىڭ ئۆزى شۇ.

بايروننىڭ ئەسىرىدە يېزىلغان ئىسمىنىڭ تىلغا ئېلىنغانلىقى فرانسنى تەئەججۈپكە سالدى. ئەگەر بىرىكىم فرانسنى ۋامپىرلارنىڭ بار ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرەلىدى دېيىشكە توغرا كەلسە، ئۇنى ئىشەندۈرگەن ئادەم دەل شۇ بايرون ئىدى.

— مەن ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىپ كېلىشىم كېرەك، — دېدى فرانس ئولتۇرغان جايىدىن تۇرۇپ.

— ياق، ياق! — دەپ خىتاب قىلدى گراف خانىم، — سىز بۇ يەردىن كېتىپ قالماڭ. مەن سىز بىلەن بىللە قايتىشنى ئويلاۋاتىمەن، مەن سىزنى قويۇپ بەرمەيمەن.

فرانس ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئېڭىشتى.

— سىز راستىنلا قورقۇۋاتامسىز؟

— ماڭا قاراڭ، — دەپ جاۋاب بەردى گ. خانىم، — بايرون ماڭا ۋامپىرلارنىڭ بار ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشەندۈرگەنلىكىنى ئېيتقانىدى. ھەتتا ئۇ ۋامپىرلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىكەن. ئۇ ماڭا ۋامپىرلارنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تەسۋىرلەپ بەرگەن ... ئۇلار بەئەينى ئاشۇ ئادەمگە ئوخشايدۇ، چاچلىرى قارا، چاقناپ تۇرغان يوغان كۆزلەر، رەڭگىدە قاننىڭ دىدارى يوق. قاراپ بېقىڭا، ئۇنىڭ خانىمى باشقا ئاياللارغا زادى ئوخشىمايدۇ... ئۇ قانداقتۇر بىر گرېتسىيىلىك ئايالمۇ ياكى... ئۇمۇ شۇنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش بىر جادۇگەر بولۇشى مۇمكىن... مەن سىزدىن ئۆتۈنۈپ سوراپ قالاي، ئۇلارنىڭ يېنىغا بارماڭ. مەيلىڭىز بولسا، ئۇلارنى ئەتە ئىزدەپ تېپىڭ، لېكىن بۈگۈن مەن سىزنى قويۇپ بەرمەيمەن.

فرانس يەنە ئۆزىنىڭ پىكرىنى تەكىتلىدى.

— ياق، ياق، — دېدى گراف خانىم ئورنىدىن تۇرۇپ، — مەن كېتىمەن، مەن ئويۇن ئاياغلاشقۇچە بۇ يەردە ئولتۇرالمايمەن. ئۆيۈمگە مېھمان كەلمەكچىدى. سىز مېنى ئۆيۈمگە ئۇزىتىپ قويۇشنى رەت قىلمىغۇدەك شۇنچە مەدەنىيەتسىز يىگىتمۇ؟

فرانسقا شلەپىسىنى ئېلىش ۋە لوژانىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ گراف خانىمغا قولىنى بېرىشتىن باشقا ئامال قالمىدى ۋە ئۇ شۇنداق قىلدى. گراف خانىم ھەقىقەتەنمۇ ئىنتايىن ھاياجانلانغانىدى ھەمدە فرانس ئۆزىمۇ خۇراپاتچىلىق ۋەھىمىسىدىن خالى ئەمەس ئىدى. گراف خانىم بىكاردىن - بىكارغا قورقۇۋاتقان بولسا، فرانسنىڭ قورقۇنچ ھېسلىرى ئۆزىنىڭ ئەسلىمىلىرى بىلەن ئۇلغىيىپ تۇراتتى. ئۇ، گراف خانىمنى پەيتونغا ئولتۇرغۇزۇۋاتقاندا ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى - بەدىنى تىترەپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى.

ئۇ، گراف خانىمنى ئۆيىگىچە ئۇزىتىپ باردى. ئۇنىڭ

ئۆيدە هېچقانداق مېهمانمۇ يوق ئدى، ئۇنى هېچكممۇ كۈتۈپ تۇرغان ئەمەس ئدى. ئۇ، خانمنڭ ئۆزنى ئالداپ قويغانلققغا تاپا قلدى.

— مېنڭ راستنلا تاۋم يوق، — دېدى گ. خانم، — شۇڭا، مەن ئۆزۈم يالغۇز قېلشنى خالايمەن. هېلقى ئادەمنى كۆرگەندن كېيىن كۆڭلۈم غەش بولۇپ قالدى.

فرانس كۈلۈپ كەتتى.

— كۈلمەڭ، — دېدى گراف خانم، — شۇ تاپتا سزنڭ كۈلگدەك هالڭز يوق. ئەمدى سز ماڭا بر ۋەدە بېرڭ.

— قانداق ۋەدە؟

— ۋەدە بېرەلەمسز؟ ئالدى بلەن شۇنڭغا جاۋاب بېرڭ.

— مەن سزنڭ هەرقانداق تەلپڭزنى بەجا كەلتۈرۈشكە ۋەدە بېرەلەيمەن. ئەمما، هېلقى ئادەمنڭ كم ئكەنلكنى ئېنقلاشتن ۋاز كەچمەيمەن. سزگە ئېيتقلى بولمايدغان بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلدن ئۇنڭ كم ئكەنلكنى، نەدن كەلگەنلكنى ۋە نەگە باردغانلقنى بلشم كېرەك.

— ئۇنڭ نەدن كەلگەنلكنى بلمەيمەن. لېكن، نەگە باردغانلقنى سزگە ئېيتپ بېرەلەيمەن، ئۇ توپتوغرا دوزاخقا كېتدۇ.

— سز مەندن تەلەپ قلماقچى بولغان ۋەدگە كېلەيلى، خانم، — دېدى فرانس.

— هە، راست. سز هازر ئۇدۇل مېهمانخانغا قايتڭ ۋە بۈگۈن ئۇ كشى بلەن ئۇچراشماڭ. خوشلاشقان كشلەر بلەن ئۇچراشقان كشلەرنڭ ئوتتۇرسدا قانداقتۇر بر باغلنش بولدكەن. سز ئۇ ئادەم بلەن مېنڭ ئوتتۇرامدا ۋاستچى بولۇپ قالماڭ. ئەتە ئۇنڭ كەيندن قانچلك چاپسڭز چېپۋېرڭ.

لېكن، مېنى قورقۇپ ئۆلمسۇن دېسڭز ئۇنى هېچقاچان مېنڭ ئالدمغا باشلاپ كەلمەڭ. ئەمدى، خەير — خوش، قايتپ بېرپ ئۇخلاپ قېلشقا هەركەت قلڭ. لېكن، مەن ئەمدى كۆزۈمنى يۇمالمايمەن.

شۇ گەپلەر بلەن، گراف خانم فرانس بلەن خوشلاشتى. فرانس بۇ ئايالنڭ ئۇنڭغا ئوينشپ شۇنداق دەپ قويغانلقنى ياكى هەقىقەتەن شۇنچە قورقۇپ كەتكەنلكنى چۈشنەلمەي قايتپ كەتتى.

فرانس مېهمانخانغا كەلگەندە ئالبېر ئۇچسغا خالات ۋە ئۆيدە كىيدغان شم كىيپ، ئاغزدا تاماكسنى چشلگەن هالدا كرېسلودا ئازادە كېرلپ ئولتۇراتتى.

— هە، بۇ سزمۇ، — دېدى ئالبېر، — مەن سزنى تاڭ ئاتقۇچە كۆرەلمەيمەن دەپ ئويلغانىدم.

— ماڭا قاراڭ، ئالبېر، — دېدى فرانس، — مەن سزنڭ ئتاليان ئاياللرغا بولغان تونۇشڭزنڭ خاتا ئكەنلكنى ئسپاتلاشقا پۇرسەت چققانلقغا خۇش بولدۇم. مېنڭچە، سزنڭ ئشق يولدكى مۇۋەپپەقيەتسزلكلرڭز سزنى قايل قلشى لازم ئدى.

— نېمە دېمەكچسز؟ بۇ خوتۇن خەقنڭ ئچدكنى كم بلسۇن! ئۆزى سزنڭ قولڭزنى تۇتۇپ تۇردكەن، سز بلەن پچرلشدكەن، ئۆيگە ئۆزتپ قويۇشقا زورلايدكەن. بۇنداق ئوينشلارنڭ ئوندن بر قسمى بولسلا، پارژلق ئايال ئۆزنڭ ياخشى نامنى يوقاتقان بولاتتى.

— مەسلە شۇنڭدا. پارژ ئاياللرغا خۇپيانە ئش تۇتۇش هاجەت ئەمەس. ئۇلار خۇددى دانتې ئېيتقاندەك، ئۆزلرنڭ گۈزەل ۋەتنىدە، قۇياشنڭ پارلاق نۇرى ئاستدا ئوچۇق — ئاشكارا هايات كەچۈردۇ. شۇنڭ ئۈچۈن ئۇلار

نازلىنىشىنى بىلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىز ئۆزىڭىزمۇ كۆردىڭىزغۇ، گراف خانىم ھەقىقەتەن بەك قورقۇپ كەتتى.

— كىمدىن؟ بىزنىڭ ئۇدۇلىمىزدىكى چىرايلىق گرېك قىزى بىلەن ئولتۇرغان ھېلىقى سالاپەتلىك جانابتىنمۇ؟ مەنمۇ ئۇلارنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىشكە قىزىقتىم. شۇڭا، دالانغا چىققاندا قەستەن ئۇلار بىلەن دوقۇرۇشتۇم. سىلەر ھېلىقى بولمىغۇر گەپلىرىڭلارنى نەدىن تاپتىڭلاركىن تاڭ! ئۇ ناھايىتى كېلىشكەن كىشى ئىكەن. كىيىم - كېچەكلىرىمۇ جايىدا. ئېھتىمال، ئۇ كىيىملىرىنى بىزنىڭ بىلېنغا ياكى يۇمانىغا تىكتۈرىدىغان بولسا كېرەك. توغرا، ئۇنىڭ رەڭگى بىرئاز تاتىراڭغۇ ئىكەن. لېكىن ئۆزىڭىز بىلىسىزغۇ، تەنىنىڭ ئاقلىقى ئاقسۆڭەكلىكنىڭ ئالامىتى.

فرانس كۈلۈپ قويدى؛ ئالبېر ئۆزىنىڭ يۈزىنى ناھايىتى ئاق دەپ ھېسابلايتتى.

— مەنمۇ شۇنداق دەپ ئويلايمەن، — دېدى ئۇنىڭغا فرانس، — گراف خانىمنىڭ بۇ كىشىدىن قورقۇشى پەقەت بىر فانتازىيە. سىز ئۇ كىشىنىڭ گەپ قىلغانلىقىنى ئاڭلىدىڭىزمۇ؟

— ئاڭلىدىم. بىراق، ئۇ يېڭى گرېك تىلىدا سۆزلىدى. مەن بۇنى، بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىنغان بىرنەچچە گرېكچە سۆزدىن بىلىۋالدىم. سىزگە كېسىپ ئېيتالايمەنكى، قەدىرلىكىم، مەن مەكتەپتىكى ۋاقتىمدا گرېك تىلىغا ناھايىتى ياخشى ئىدىم.

— دېمەك، ئۇ گرېك تىلىنى بىلىدىكەن - دە؟

— ئېھتىمال.

— شەك - شۈبھە يوق، — دەپ پىچىرلىدى فرانس، — بۇ كىشى شۇنىڭ ئۆزى.

— نېمە دېدىڭىز؟

— ياق، ھېچنەرسە. سىز بۇ يەردە نېمە قىلىپ ئولتۇردىڭىز؟

— سىزگە بىر يېڭى گەپ تەييارلاپ تۇردۇم.

— نېمە گەپ؟

— ئۆزىڭىز بىلىسىز، بىرەر پەيتۇن تېپىشقا ھېچقانداق مۇمكىنچىلىك يوق.

— ئۇنى بىر دېمەك. بىز ئادەم بالىسىنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ھەممە ئىشنى قىلىپمۇ ھېچنەرسە تاپالمىدۇق.

— مەن بۇنىڭغا ئاجايىپ ياخشى بىر ئامال تاپتىم.

فرانس ئىشەنمىگەن قىياپەتتە ئالبېرغا قارىدى.

— قەدىرلىكىم، — دېدى ئالبېر، — سىز ماڭا شۇنداق بىر غەلىتە كۆزلىرىڭىز بىلەن قارىدىڭىزكى، مېنىڭ پىكرىمگە سىزنىڭ قوشۇلىدىغان - قوشۇلمايدىغانلىقىڭىزنى سوراپ باققۇم كېلىۋاتىدۇ.

— سىزنىڭ پىكرىڭىز ئۆزىڭىز ئېيتقاندەك شۇنچە ياخشى بولسا، مەن ئەلۋەتتە قوشۇلىمەن.

— ئەمىسە، قۇلاق سېلىڭ.

— قۇلىقىم سىزدە.

— پەيتۇننى تاپقىلى بولمامدۇ؟

— بولمايدۇ.

— ئاتلارمۇ تېپىلمامدۇ؟

— تېپىلمايدۇ.

— كالا ھارۋىسىنىغۇ تاپقىلى بولار؟

— بەلكىم.

— ئىككى ئۆكۈزمۇ تېپىلىپ قالار؟

— ئېھتىمال.

— ھە، بەللى، دوستۇم! بىزگە كېرەكلىكمۇ شۇ. مەن ھارۋىنى زىننەتلەپ ياساتقۇزىمەن. بىز نېئاپول ئورمىچىلىرىغا تەقلىد قىلىپ كىيىنىمىز ۋە لېئوپولد روبېرنىڭ داڭلىق رەسىمىنى

دوراپ چىقىمىز. ئۇ رەسىمگە تېخىمۇ ئوخشىسۇن دېسەك، گراف خانىم، پوتسۇئولى ياكى سودېنتودىكى دېھقان ئاياللىرىغا تەقلىد قىلىپ كىيىنىپ چىقسا بىزنىڭ ماسكارادىمىز① ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدۇ. گراف خانىمنىڭ چىرايى بەك يېقىملىق. ئۇنى كۆرگەنلەر چوقۇم ئۇنى «بوۋاق كۆتۈرگەن ئايال» دېگەن رەسىمنىڭ ئارگىنالى دەپ ئويلاپ قالىدۇ.

— ئەزبىرايى خۇدا، — دەپ خىتاب قىلدى فرانس، — بۇ قېتىم توغرا گەپ قىلدىڭىز، بۇ ھەقىقەتەن كىشىنى شادلاندۇرىدىغان پىكىر.

— يەنە كېلىپ، بۇ پىكىرنىڭ قويۇق ۋەتەنپەرۋەرلىك پۇرىقى بار. بۇ پىكىر، بىزنىڭ ھۇرۇن پادىشاھلىرىمىزنىڭ زامانلىرىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدۇ! ھە، جانابىي رىملىقلار، سىلەر بىزنى لاتسارونلۇق گادايلاردەك كوچىلىرىڭلاردا تېنەپ يۈرىدۇ دەپ ئويلىغانمىدىڭلار! سىلەرنىڭ ئات - ھارۋاڭلار يېتىشمىسە، بىز ئۇنى ئۆزىمىز كەشىپ قىلىمىز!

— سىز ئۆزىڭىزنىڭ داھىيانە كەشپىياتىڭىزنى باشقا بىر كىشىگە ئېيتتىڭىزمۇ؟

— خوجايىنىمىزغا ئېيتتىم. مەن تىياتىردىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇنى چاقىرتىپ، ئۆزۈمنىڭ خاھىشىمنى ئۇقتۇردۇم. ئۇ، بۇنى ئورۇنداش بەك ئاسان دەيدۇ. مەن ئۆكۈزلەرنىڭ مۈڭگۈزلىرىنى ئالتۇن رەڭدە سىرلاتماقچى بولغانىدىم، لېكىن ئۇ، بۇنداق قىلىشقا ئۈچ كۈن كېتىدۇ، دېدى. شۇڭا، بۇنداق زىننەتتىن ۋاز كېچىشكە توغرا كەلدى.

— ئۇ ھازىر قەيەردە؟

— كىم؟

---

① ماسكاراد — تۈرلۈك غەيرىي كىيىملەرنى كىيىپ ۋە ھەر خىل تەقلىدىكى نىقابلارنى تارتىپ ئوينايدىغان بىر خىل ئومۇمىي خەلق ئويۇنى.

— خوجايىن.

— ھارۋا تاپقىلى كەتتى. ئەتىگە قالسا، كېچىكىپ قېلىشىمىز مۇمكىن.

— ئۇنداقتا، ئۇ بۈگۈنلا ئۇنىڭ جاۋابىنى ئېلىپ كېلىدىكەن - دە؟

— مەن ئۇنى كۈتۈپ ئولتۇرۇۋاتىمەن.

دەل شۇ پەيتتە ئىشىك قىيا ئېچىلىپ، پاسترىنى ئەپەندىنىڭ بېشى كۆرۈندى.

— پېرمېسو؟① — دەپ سورىدى ئۇ.

— ئەلۋەتتە رۇخسەت! — دەپ ئۈنلۈك جاۋاب بەردى فرانس.

— ھە، قانداق؟ — دەپ سورىدى ئالبېر، — ھارۋا بىلەن ئۆكۈزلەرنى تاپتىڭىزمۇ؟

— مەن ئۇنىڭدىن ئۈزۈكرەك بىر نەرسە تاپتىم، — دېدى خوجايىن. چىرايىدىن قارىغاندا ئۇ ئۆز - ئۆزىدىن ئىنتايىن مەمنۇن ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— ئويلاپ سۆزلەڭ، ھۆرمەتلىك خوجايىن، — دېدى ئالبېر، — ياخشىلىقنىڭ ئۈچىدىن يەنە ياخشىلىق ئىزدەش ھاجەت ئەمەس.

— جانابىڭىز ماڭا ئىشەنسىڭىز بولىدۇ، — دېدى پاسترىنى ئەپەندى ئۆزىگە ئىشەنگەن ئاھاڭدا.

— ھە، زادى نېمە گەپ؟ — دەپ سورىدى فرانس.

— بۇ مېھمانخانىدا سىلەر بىلەن بىر قەۋەتتە گراف مونتې - كرىستو تۇرىدىغانلىقىنى بىلەمدىغانسىلەر؟

— بىلمەمدىغان، — دېدى ئالبېر، — شۇنىڭ كاساپىت-

---

① پېرمېسو — رۇخسەتمۇ؟ (ئىتالىيانچە).

دىن بىز خۇددى لاتىن مەھەللىسىدىكى ئىككى ئوقۇغۇچىغا ئوخشاش تارچىلىقتا قىسىلىپ ئولتۇرۇۋاتىمىز.

— ئەنە شۇ ئادەم سىلەرنىڭ ئاۋارە بولۇپ يۈرگەنلىكىڭلارنى ئاڭلاپ، سىلەرگە ئۆزىنىڭ پەيتونىسىدىن ئىككى كىشىلىك ئورۇن ھەم ئۆزىنىڭ روسپولى قەھۋەخانىسىدىن ئىجارىگە ئالغان دېرىزىلىرىدىن ئىككى كىشىلىك ئورۇن بېرىشنى تەكلىپ قىلدى.

ئالبېر بىلەن فرانس بىر - بىرىگە قارىشىپ قالدى.

— لېكىن، بىز پۈتۈنلەي تونۇمايدىغان بىر ئادەمنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلالامدۇق، — دېدى ئالبېر.

— بۇ گراف مونتې - كرىستو دېگەن ئۆزى كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى فرانس.

— مەنمۇ ئېنىق بىلمەيمەن. سىتسىلىيىلىكمۇ ياكى مالتالىقمۇ، ئىش قىلىپ بىر چوڭ تۆرە. مېنىڭ بىلىدىغىنىم، ئۇ خۇددى بورگېزېدەك بىلىملىك ۋە خۇددى بىر ئالتۇن كانىدەك مىسلىسىز باي.

— مېنىڭچە، — دېدى فرانس ئالبېرغا، — پاسترىنى ئەپەندىنىڭ ئېيتقىنىدەك بولسا، بۇ گرافتەك بىر ئادەم بىزنى قائىدە - يوسۇن بىلەن، باشقىچىرەك بىر ئۇسۇل بىلەن تەكلىپ قىلار ئىدى، مۇنداقلا...

بۇ چاغدا كىمدۇ بىرى تاشقىرىدىن ئىشىكنى چەكتى.

— كىرىڭ، — دېدى فرانس.

سۆلەتلىك ياسىنىپ كىيىنىۋالغان بىر خىزمەتكار كىرىپ بوسۇغىدا توختىدى.

— بارون فرانس ئەپىنە ۋە ۋىكونت ئالبېر مورسېرغا گراف مونتې - كرىستودىن، — دېدى ئۇ ۋە ئۇ مېھمانخانا خوجايىنىغا ئىككى ۋاراق نام - ئەمەل كارتوچكىسىنى تاپشۇردى. خوجايىن بۇ كارتوچكىلارنى يىگىتلەرگە سۇنۇپ بەردى.

خىزمەتكار سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— گراف مونتې - كرىستو جانابلىرى قوشنىدارچىلىق يۈزىسىدىن ئەتە ئەتىگەندە ھەرقايسىلىرىنى يوقلاپ بۇ يەرگە كېلىشكە ئۆزلىرىنىڭ ئىجازەت قىلىشلىرىنى سورىدى. ئۇ، ياش جانابلارنىڭ ئۆزىنى سائەت نەچچىدە قوبۇل قىلالايدىغانلىقىدىن خەۋەردار بولۇپ قېلىشنى خالايدۇ.

— بۇ گەپكە قىل سىغمايدۇ، — دېدى ئالبېر فرانسقا پىچىرلاپ، — بۇ ناھايىتى قائىدە - يوسۇنلۇق ئىش بولدى.

— گرافقا ئېيتىپ قويۇڭ، — دەپ جاۋاب بەردى فرانس، — ئالدى بىلەن بىز ئۆزىمىز ئۇنىڭ ئالدىغا پەتىگە كىرىش شەرپىنى ئادا قىلىمىز.

خىزمەتكار چىقىپ كەتتى.

— مانا بۇ ئەدەپ - قائىدىنىڭ مۇسابىقىسى بولدى، — دېدى ئالبېر، — سىز ھەقلىق ئىكەنسىز پاسترىنى ئەپەندى. بۇ گراف مونتې - كرىستو دېگەن كىشى ناھايىتى مەدەنىيەتلىك زات ئىكەن.

— دېمەك، سىلەر ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلامسىلەر؟ — دەپ سورىدى پاسترىنى.

— ئەلۋەتتە، — دېدى ئالبېر، — لېكىن، راستىنى ئېيتسام، ھېلىقى كالا ھارۋىسىنى قولدىن بېرىشكە كۆزۈم قىيمايۋاتىدۇ. ئەگەر بىز بۇنىڭ ئورنىغا روسپولى قەھۋەخانىسىدىكى دېرىزىگە ئېرىشەلمىگەن بولساق مەن ئۆزۈمنىڭ دەسلەپكى پىكرىمنى ساقلاپ قالغان بولاتتىم. سىزنىڭ پىكرىڭىز قانداق، فرانس؟

— دۇرۇس، مېنى قىزىقتۇرغىنىمۇ پەقەت شۇ روسپولى قەھۋەخانىسىنىڭ دېرىزىسى بولدى، — دېدى فرانس.

روسپولى قەھۋەخانىسىنىڭ دېرىزىسىدىن ئورۇن ئېلىشقا بېرىلگەن تەكلىپ فرانسقا ئۆزىنىڭ كولىزېيدا تاسادىپىي ئاڭلاپ

قالغان، ھېلىقى ناتونۇش كىشى بىلەن تىرانستىۋېرلىق ئۇتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن سۆھبەتنى ئەسلەتتى. ئەگەر يېپىنچىغا پۈركىنىۋالغان شۇ كىشى، فرانسنىڭ قىياس قىلغىنىدەك، ئارجېنتىنا تىياتىرخانىسىدا پەيدا بولۇپ ئۆزىنى شۇنچە ھەيرەتتە قالدۇرغان ھېلىقى شەخس بىلەن بىر ئادەم بولسا، ئەمدى ئۇ ئۇنى چوقۇم ئۇچرىتالايدۇ، ئۇنىڭ زادى نېمە ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا ئەمدى ھېچنەرسە كاشىلا بولالمايدۇ. فرانس ئۇخلاشقا ناھايىتى كەچ ياتتى. ئاشۇ ناتونۇش كىشى توغرىسىدىكى خىياللار ۋە تاڭ ئېتىشقا بولغان تەقەززالىق ئۇنى ھاياجانغا سالماقتا ئىدى. دەرۋەقە، ئەتە ئەتىگەندە ھەممە ئىش ئېنىقلىنىدۇ. ناۋادا، مونتې-كرىستو ئارىلىنىڭ سىرلىق خوجايىنىدا گىگىسنىڭ ئۈزۈكى بولمىسىلا ۋە شۇ ئۈزۈكنى قولىغا سېلىۋېلىپ كۆرۈنمەس بولۇۋالمىسىلا، ئەمدى بۇ قېتىم ئۇ فرانستىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

فرانس ئويغانغاندا سائەت تېخى سەككىز بولمىغانىدى. ئالبېرنىڭ تاڭ ئېتىشقا تەقەززا بولۇش سەۋەبلىرى بولمىغانلىقتىن، تېخىچە قاتتىق ئۇخلاۋاتاتتى. فرانس خوجايىننى چاقىرىشقا ئادەم ئەۋەتتى. خوجايىن ئۇنىڭ ئالدىغا كىرىپ، ئادەتتىكىدەك ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇپ تەزىم قىلدى.

— پاسترىنى ئەپەندى، — دېدى فرانس، — خاتالاشمىسام، بۈگۈن بىر ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنىدىغان كۈنمۇ دەيمەن؟

— شۇنداق، جانابلىرى، لېكىن بۇ جازانى كۆرۈش ئۈچۈن بىرەر دېرىزە تېپىشنى بۇيرۇسىڭىز، ئەمدى كېچىكىپ قالدۇق.

— يوقسۇ، — دېدى فرانس ئېتىراز بىلدۈرۈپ، — ئەگەر مەن بۇ جازانى كۆرۈشنى خالىغان بولسام، مونتې پىنچو كوچىسىدىن بىرەر ئورۇن تاپقان بولاتتىم.

— ياق، ياق، مېنىڭچە، جانابىڭىز مونتې پىنچوغا دائىم تولۇپ تۇرىدىغان ئاۋام خەلققە ئارىلىشىپ تۇرۇشنى خالىمايسىز.

— توغرىسىنى ئېيتقاندا، مەن ئۇ جازانى كۆرۈشكە بارمايمەن، — دېدى فرانس. — لېكىن بۇ ھەقتە بەزىبىر مەسىلىلەرنى ئۇقۇپ بېقىشنى ئويلاۋاتىمەن.

— قانداق مەسىلىلەرنى؟

— جازاغا تارتىلغۇچىلارنىڭ سانىنى، ئۇلارنىڭ ئىسىملىكىنى ۋە جازا تۈرىنى ئۇقۇپ باقماقچى.

— بۇ ناھايىتى ئوڭاي ئىش، جاناب. ماڭا تېخى ھېلىلا تاۋولېتتىنى ئەكېلىشتى.

— تاۋولېتتى دېگىنىڭىز نېمە ئۇ؟

— بۇ، جازانىڭ ھارپىسىدا كوچا دوقمۇشلىرىغا ئېسىپ قويۇلىدىغان ياغاچ تاختىلار. بۇ تاختىلارغا گۇناھكارلارنىڭ ئىسىملىرى، ئۇلارنىڭ جىنايەتلىرى ۋە جازالاش ئۇسۇللىرى يېزىلىدۇ. بۇ، ئەمەلىيەتتە، گۇناھكارلارنىڭ ھەققىي توۋا قىلىشى ئۈچۈن تەقۋادارلارنى خۇداغا تىلاۋەت قىلىشقا ئۈندەيدىغان بىر خىل چاقىرىق.

— بۇ تاۋولېتتىنى سىزگە ئەكېلىپ بەرگەنلىكى سىزنىڭمۇ تەقۋادارلارغا قوشۇلۇپ تىلاۋەت ئوقۇشىڭىز ئۈچۈنمۇ؟ — دەپ سورىدى فرانس ئىشەنمىگەن ئاھاڭدا.

— يوقسۇ، جاناب. مەن ئېلان چاپلىغۇچى بىلەن كېلىشىۋالغاندىم. ئۇ ماڭا خۇددى تىياتىر ئېلانلىرىنى ئەكەلگەنگە ئوخشاشلا بۇ تاۋولېتتىلارنىمۇ ئەكېلىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەگەر مېنىڭ مېھمانخانامدا تۇرۇۋاتقان مېھمانلاردىن بىر كىم بۇ جازانى كۆرۈشنى خالىسا، بۇنىڭدىن ئۆز ۋاقتىدا خەۋەردار بولالايدۇ.

— سىزنىڭ مۇلازىمەتچىلىكىڭىز تولىمۇ ياخشى ئىكەن! — دېدى فرانس.

— شۇنداق دەپ ئېيتالايمەنكى، — دېدى پاسترىنى كۆ-

لۇمسىرەپ تۇرۇپ، — ماڭا ئىخلاس قويغان ئالىيجاناب چەتئەللىكلەرگە ئوڭايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن قولۇمدىن كېلىدىغان ھەممە ئىشنى قىلىۋاتىمەن.

— بۇنىڭغا مەن قايىل، ھۆرمەتلىك خوجايىن. بۇ ھەقتە ھەممە كىشىلەرگە سۆزلەپ بېرىمەن، خاتىرجەم بولۇڭ. ئەمدى، مۇمكىن بولسا، ئاشۇ تاۋۇلېتتىلىرىڭىزدىن بىرىنى كۆرۈپ باقاي.

— ھازىرلا ئەكىلىپ بېرىمەن، — دېدى خوجايىن ئىشىكنى ئېچىۋېتىپ، — مەن بىر تاۋۇلېتتىنى پەلەمپەيىنىڭ يېنىغا ئېسىپ قويۇشنى بۇيرۇغانىدىم.

ئۇ تاشقىرىغا چىقىپ، مىخقا ئىلىپ قويۇلغان تاۋۇلېتتىنى ئالدى-دە، ئۇنى فرانسقا ئەكىرىپ بەردى. بۇ ئۆلۈم ئېلانىنىڭ سۆزمۇ-سۆز تەرجىمىسى تۆۋەندىكىچە ئىدى:

«مەزكۇر ئېلان ئارقىلىق ئەل-جامائەتكە مەلۇم بولسۇنكى، سەيشەنبە، 22-فېۋرال، كارناۋالنىڭ بىرىنچى كۈنى ئالىي سوتنىڭ ھۆكۈمىگە بىنائەن پياتسا-دېل-پوپولو مەيدانىدا تۆۋەندىكى جىنايەتچىلەرنىڭ ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنىدۇ. بۇلار: ئاندرېئا روندولو، مۇقەددەس ئىئوئان لاتېران چېركاۋىنىڭ دىن تارقاتقۇچىسى بولغان قەدرى ئىززەتلىك ۋە ھۆرمەتى بۈيۈك چېزارې تورلىنى ھەزرەتلىرىگە قاتىللىق قىلغانلىقى ئۈچۈن؛ پېپپىنو، لەقىمى روككا پرىئورى، لەنىتى قاراقچى لۇيىجى ۋامپا ۋە ئۇنىڭ شايكىسىنىڭ ئەزالىرىغا گۇماشتا بولغانلىقى ئۈچۈن.

بىرىنچىسىگە ھۆكۈم قىلىنغان جازا — ماززولاتو.

ئىككىنچىسىگە ھۆكۈم قىلىنغان جازا — دېكاپىتاتو.

دىيانەتلىك مۆمىن بەندىلەرگە بۇ ئىككى مەلئۇن جىنايەتچىنىڭ چىن ئىخلاسى بىلەن تۆۋا قىلىشىغا ئاتاپ ئۇلۇغ تەڭرىگە دۇئايى تىلاۋەت ئوقۇشلىرى تەۋسىيە قىلىنىدۇ».

بۇ، دەل ئىككى كۈن ئىلگىرى فرانس كولىزېينىڭ خارابىلىرى ئارىسىدا ئاڭلىغان گەپنىڭ ئۆزى ئىدى. مەزمۇن جەھەتتە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىغان: جازاغا ھۆكۈم قىلىنغانلارنىڭ ئىسىملىرى، ئۇلارنىڭ جىنايەتلىرى ۋە جازا تۈرلىرى دەلمۇ دەل توغرا بولۇپ چىقتى. بۇنىڭغا قارىغاندا، ھېلىقى ترانستېۋېرلىق ئېھتىمال، لۇيىجى ۋامپانىڭ ئۆزى بولسا كېرەك؛ پېپپىنوغا پۈركىنىۋالغان كىشى بولسا، بۇندىن بۇرۇن پورتو-ۋېككىيدا ۋە تۇنىستا ئېلىپ بارغان ئىنسانپەرۋەرلىك پائالىيەتلىرىنى ئەمدى يەنە رىمدا داۋاملاشتۇرۇۋاتقان سىندباد — ساياھەتچى ئىدى.

بۇ ئارىدا سائەت توققۇزغا جاڭ ئۇردى. فرانس ئالبېرنى ئويغاتماقچى بولۇپ تۇرغاندا، ئۇنى ھەيران قالدۇرۇپ، ھۇجرىدىن ئالبېر ئۆزى تولۇق كىيىنگەن ھالدا چىقىپ كەلدى. كارناۋالنىڭ غېمى ئۇنىڭغا ئارام بەرمەيتتى. شۇڭا، ئۇ فرانسنىڭ كۈتكىنىدىن بالدۇر ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەنىدى.

— سىزنىڭ پىكرىڭىز قانداق، پاستىرىنى ئەپەندىم، — دەپ خوجايىنغا مۇراجىئەت قىلدى فرانس، — ھازىر بىز ئىككىلىمىز تەييار ئىكەنمىز، ئەمدى گراف مونتې-كرىستونىڭ ھۇزۇرىغا بارساق بولارمۇ؟

— ئەلۋەتتە، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ، — گراف مونتې-كرىستو ئادەتتە بەك ئەتىگەن تۇرۇپ كېتىدۇ. مېنىڭچە، ئۇنىڭ تۇرۇپ كەتكىنىگە ھازىر ئىككى سائەت بولغاندۇر.

— بىزنىڭ ئۇنى مالال قىلىپ قويمايدىغانلىقىمىزغا ئىشىنەمسىز؟

— تامامەن ئىشىنىمەن.

— ئۇنداق بولسا، ئالبېر، ئەگەر سىزنىڭ تەييارلىقىڭىز پۈتكەن بولسا...

— مەن پۈتۈنلەي تەييار، — دېدى ئالبېر.

— ئۇنداق بولسا يۈرۈڭ، قوشنىمىزنىڭ بىزگە شۇنچە كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ مىننەتدارلىقىمىزنى بىلدۈرەيلى.

— يۈرۈڭ!

فرانس بىلەن ئالبېرغا پەقەت پەلەمپەي مەيدانچىسىنىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتۈشلا كۇپايە قىلاتتى. خوجايىن ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ماڭدى - دە، ئىشىك قوڭغۇرىقىنى جىرىڭلاتتى. خىزمەتكار ئىشىكنى ئاچتى.

— جانابى فرانسۇزلار قەدەم تەشرىپ ئەتكۈسى، — دېدى پاسترىنى ئىتاليان تىلىدا.

خىزمەتكار تەزىم بەجا كەلتۈردى ۋە ئۇلارنى كىرىشكە تەكلىپ قىلدى. ئۇلار پاسترىنى ئەپەندىنىڭ مېھمانخانىسىدا كۆرۈشنى ئويلىمىغان سەر خىل بۇيۇملار تىزىلغان ئىككى بۆلمىدىن ئۆتۈپ، ھەشەمەتلىك بېزەلگەن ساراي ئۆيىگە كىرىشتى. تاختاي ئۈستىگە تۈركىيىنىڭ گىلىمى سېلىنغانىدى؛ ئازادە سافالار گوياكى مېھمانلارنى لوم - لوم ياستۇقچىلارغا ئولتۇرۇپ ۋە كۆپۈپ تۇرغان يۆلەنچۈكلەرگە يۆلىنىپ ئارام ئېلىشقا مەھلىيا قىلىپ تۇراتتى. تاملارغا ئاتاقلىق رەسساملار سىزغان رەسىملەر ۋە زىننەتلىك قورال - ياراقلار ئېسىلغان بولۇپ، ئىشىكلەردە ئېسىل پەردىلەر يەلپۈنۈپ تۇراتتى.

— جانابلىرى بىرئاز ئولتۇرۇپ تۇرۇشنى مۇۋاپىق كۆرسە، — دېدى خىزمەتكار، — مەن بېرىپ گرافقا خەۋەر يەتكۈزۈپ قوياي.

ئۇ شۇنداق دەپلا باشقا بىر ئىشىك بىلەن چىقىپ كەتتى،

بۇ ئىشىك ئېچىلغاندا نېرىقى ئۆيدىن چېلىنىۋاتقان ليۇتنيە① ئاۋازى ئاڭلاندى - دە، يەنە شۇ ھامان جىمىقىپ قالدى. سارايدا كۈتۈپ ئولتۇرغان يىگىتلەر پەقەت سازنىڭ يېنىككىنە بىر ساداسىنىلا ئاڭلاپ قالدى. فرانس بىلەن ئالبېر بىر - بىرىگە قارىشىپ قويدى ۋە يەنە ئۆي جاھازىلىرىغا، رەسىملەرگە ۋە قورال - ياراقلارغا قاراشقا بېرىلىپ كەتتى. ئۇلار بۇ نەرسىلەرگە قانچە قارىغانسېرى ئۇلارغا شۇنچە كۆركەملىك كۆرۈنەتتى.

— خوش، — دېدى فرانس دوستىغا قاراپ، — سىز بۇنىڭغا نېمە دەيسىز؟

— شۇنداق دەيمەنكى، ئەزىزىم، بىزنىڭ بۇ قوشنىمىز بىر بولسا ئىسپانىيە فوندىسىنىڭ تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكىدىن پايدا ئېلىپ بېيىپ كەتكەن بىر تىجارەتچى دەللال بولۇشى مۇمكىن، يەنە بىر بولسا خۇپىيانە ئىسىم بىلەن ساياھەت قىلىپ يۈرگەن بىر كىنەز بولۇشى مۇمكىن.

— جىم بولۇڭ! — دېدى فرانس، — ئۇنىڭ كىملىكى ھازىر مەلۇم بولىدۇ، مانا ئۇ ئۆزى چىقىۋاتىدۇ.

ئېچىلغان ئىشىكنىڭ غىچىرلىغان شەپىسى ئاڭلاندى، پەردىلەر قايرىلدى ۋە بوسۇغىدا مۇشۇ بايلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىگىسى پەيدابولدى. ئالبېر ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا تەمشەلدى. لېكىن، فرانس بەجايىكى ئىز - جايىغا مىخلىنىپ قالغاندەك، ھاڭ - تاڭ بولۇپ قېتىپلا قالدى. كىرىپ كەلگەن كىشى باشقا بىرى ئەمەس، نەق كولىزېيدىكى يېپىنچىغا پۈركىنىۋالغان ئادەم، لوژادا ئولتۇرغان ھېلىقى ناتونۇش كىشى ۋە مونتې — كرىستو ئارىلىنىڭ سىرلىق خوجايىنى ئىدى.

---

① ليۇتنيە — بىر خىل تارلىق چالغۇ ئەسۋابى.

بەشىنچى باب

ماززولاتا

— جانابلار، — دېدى گراف مونتې - كرىستو، — مەن سىزلەرنىڭ بىرىنچى بولۇپ مېنىڭ ئالدىمغا كىرىشىڭىزلەرگە سۆكۈت قىلغانلىقىم ئۈچۈن مېنى ئەپۇ قىلىشىڭىزلەرنى سورايمەن. لېكىن، مەن بۇنىڭدىنمۇ ئەتىگەنكى مەزگىلدە ئالدىڭىزلارغا بارسام سىزلەرنى مالال قىلىپ قويارمەنمىكىن دېدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەن سىزلەرنىڭ ئۆزلىرىڭىزلەر مەرھەمەت قىلماقچى بولغانلىقىڭىزلاردىن خەۋەر تاپقانلىقىم ئۈچۈن خاھىشىڭىزلەرنى ئېتىبارغا ئالدىم.

— بىز سىزگە ئۆزىمىزنىڭ چەكسىز مىننەتدارلىقىمىزنى بىلدۈرىمىز، گراف، — دېدى ئالبېر، — سىز ھەقىقەتەنمۇ بىزنى بىر چوڭ غەمدىن قۇتۇلدۇردىڭىز. بىز سىزنىڭ مەرھەمەتلىك تەكلىپىڭىزنى ئاڭلىغان ۋاقتىمىزدا ئاجايىپ - غارايىپ ھارۋىلارنى ياساپ چىقىش ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتقانىدۇق.

— بۇ، ئاشۇ پاسترىنى دېگەن ھاماقەتنىڭ گۇناھى، — دېدى گراف، يىگىتلەرنى سافاغا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغاندىن كېيىن، — ئۇ سىلەرنىڭ قىيىنچىلىقىڭلار ھەققىدە ماڭا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. مەن ئۆزۈم بۇ يەردە تامامەن يالغۇز بولغانلىقىم ئۈچۈن قوشنىلار بىلەن تونۇشۇۋېلىش پۇرسىتىگە خۇشتار ئىدىم. مەن سىلەرگە ئانچە - مۇنچە مەنپەئەت يەتكۈزەلەيدىغانلىقىمنى ئۇققاندىن كېيىن، مانا، سىلەرگە تونۇشلۇق بېرىش پۇرسىتىنى قولدىن بەرمىدىم.

يىگىتلەر بۇ گەپكە جاۋابەن چوڭقۇر تەزىم قىلدى. فرانس تېخىچە سۆھبەتكە سۆز قاتمىدى. ئۇ دىلغۇل بولماقتا ئىدى. گرافنىڭ مۇئامىلىسىدىن ئۇنى تونۇش ياكى ئۆزىنى تونۇشتۇرۇش خاھىشى يوقلۇقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. شۇڭا، فرانس ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بولغان دەسلەپكى تونۇشلۇقىنى تىلغا ئېلىش لازىممۇ ياكى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ سۆز ئۇرانىغا بېقىپ كۈتۈپ تۇرۇش مۇۋاپىقمۇ، دېگەن مەسىلىدە ئىككىلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ تۈنۈگۈن لوژادا كۆرگەن ئادەمنىڭ دەل مۇشۇ كىشى ئىكەنلىكىگە تولۇق ئىشەنگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭدىن بىر كۈن بۇرۇن كولىزېيدا كۆرگەن ئادەمنىڭ مۇشۇ ئىكەنلىكىگە ئۆزىمۇ ئانچە ئىشىنىپ كېتەلمەي تۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئالدىراپ ئېغىز ئاچماسلىققا ۋە بۇ ھەقتە گرافقا گەپ قىلماسلىققا تىرىشتى. بۇنىڭدىن سىرت، فرانس مونتې - كرىستونىڭ ئالدىدا شۇنداق بىر ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئىدىكى، ئۇ مونتې - كرىستونىڭ مەخپىيەتلىكىنى بىلەتتى. ئەكسىچە، مونتې - كرىستو فرانسنىڭ ھېچنېمىسىنى بىلمەيتتى ھەمدە فرانسنىڭ يوشۇرغۇدەك ھېچقانداق ئىشىمۇ يوق ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، فرانس سۆھبەتنى ئۆزىنىڭ بۇنداق ئىككىلىنىشىنى بىرئاز بولسىمۇ ھەل قىلىش ئېھتىمالى بولغان ماۋزۇغا توغرىلىماقچى بولدى.

— سىز بىزگە ئۆزىڭىزنىڭ پەيتۇنىڭىزدىن ھەم روسپولى قەھۋەخانىسىدىكى دېرىزىلەردىن ئورۇن بەردىڭىز، — دېدى ئۇ، — ئەمدى، ئىتالىيىلىكلەرنىڭ تىلى بويىچە ئېيتقاندا، بىزقانداق قىلساق پىياتسا - دېل - پوپولودا بىرەر «كۆزىتىش ئورنى» غا ئىگە بولالايدىغانلىقىمىزنى ئۆگىتىپ قويماسسىزمۇ؟①

— ھە، راست، — دېدى گراف پەرۋا قىلمىغان ئاھاڭدا ئالبېر مورسېرغا تىكىلىپ قاراپ ئولتۇرۇپ، — ئاڭلىشىمچە،

---

① بۇ يەردە ئىتالىيىچە سۆز ئويۇنى قىلىنغان.

بۈگۈن پىياتسا - دېل - پوپولودا ئۆلۈم جازاسىنى ئىجرا قىلىشتەك بىر ئىش بار دېيىشىدۇ - ھە؟

— شۇنداق دېدى فرانس. گراف ئۆزىلا ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ماۋزۇغا يېقىنلىشىۋاتقانلىقىدىن خۇش بولۇپ.

— مەرھەمەت، مەن تۈنۈگۈن ئۆزۈمنىڭ غوجىدارىمغا مۇشۇنىڭغا مۇسۇۋەتلىك بەزى ئىشلارنى تاپشۇرغانىدىم. بەلكىم بۇ ئىشتىمۇ مېنىڭ كىچىككىنە پايدام تېگىپ قالار.

ئۇ، قولىنى قوڭغۇراقنىڭ يېپىغا ئۇزىتىپ ئۈچ قېتىم جىرىڭلاتتى.

— سىز ئۆزىڭىزنىڭ ۋاقتىڭىزنى توغرا تەقسىملەش ۋە خىزمەتكارلارنىڭ ئۇياق - بۇياققا قاتراش ۋاقتىنى تېجەپ قېلىش مەسىلىسى ئۈستىدە ئويلانغانمۇ؟ — دېدى ئۇ فرانسقا، — مەن بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىۋالدىم. مەن ھازىر قوڭغۇراقنى مەھرەمگە بىر قېتىم، باش خىزمەتكارغا ئىككى قېتىم، غوجىدارغا ئۈچ قېتىم جىرىڭلىتىدىغان بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن، مېنىڭ بىر مىنۇت ۋاقتىممۇ، بىر ئېغىز سۆزۈممۇ بىكارغا كەتمەيدۇ. مانا غوجىدارىمۇ كىردى.

45 ياشلار چامىسىدىكى بىر كىشى كىرىپ كەلدى. ئۇ، فرانسنى سىندىبادنىڭ غارىغا باشلاپ كىرگەن ھېلىقى ئەتكەسچىگە قۇيۇپ قويغانىدەك ئوخشايتتى. لېكىن، ئۇ، فرانسنى تونۇغانلىقىنى قىلچىلىكمۇ چاندۇرمىدى. فرانس، گرافنىڭ بۇيرۇقى شۇنداق بولغانلىقىنى چۈشەندى.

— بېرتۇچچو ئەپەندى، — دېدى گراف، — تۈنۈگۈن مەن سىزگە پىياتسا - دېل - پوپولو مەيدانىدىن بىر دېرىزە سېتىۋېلىشنى بۇيرۇغانلىقىم يادىڭىزدىمۇ؟

— شۇنداق، جانابلىرى، — دەپ جاۋاب بەردى غوجىدار، — بىراق، بىز بەك كېچىكىپ قالغانلىقىمىز ئۈچۈن...

— نېمە! — دەپ خىتاب قىلدى گراف قاپاقلىرىنى تۈرۈپ، — مەن سىزگە، ماڭا دېرىزە لازىم دېگەنىدىمغۇ!

— جانابلىرىغا دېرىزە تەييار. بىراق، بۇ دېرىزە كىنەز لوبانىيېۋقا بېرىۋېتىلگەن بولغاچقا، مەن پۇلنى ئارتۇقى بىلەن تۆلەپ، 100...

— بولدى، بولدى، بېرتۇچچو ئەپەندى. مېھمانلىرىمنى ئىگىلىككە دائىر ئۇششاق گەپلىرىڭىز بىلەن زېرىكتۈرمەڭ. دېرىزىنى تېپىپسىز، ئەنە شۇ گەپنى قىلسىڭىزلا بولدى. ھارۋىكەشكە شۇ يەرنىڭ ئادرېسىنى ئېيتىپ بېرىڭ. ئۆزىڭىز بىزنى باشلاپ بېرىش ئۈچۈن پەلەمپەينىڭ يېنىدا كۈتۈپ تۇرۇڭ. ئەمدى چىقىپ كەتسىڭىز بولىدۇ.

غوجىدار تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ ئىشىك تەرەپكە بۇرۇلدى.

— ھە، راست، توختاپ تۇرۇڭ، — دېدى يەنە گراف، — مەرھەمەت قىلىپ، پاسترىنى ئەپەندىدىن سوراپ بېقىڭ، ئۇ تاۋولېتتىلارنى ئەكەلدىمىكىن، ماڭا ئۆلۈم جازاسىنىڭ پروگراممىسىنى كىرگۈزۈپ بېرىشكە بولامدىكىن.

— ئاۋارە بولماڭ، — دەپ سۆز قاتتى فرانس، — مەن ئۇ تاۋولېتتىنى ئوقۇپ كۆچۈرۈۋالغانىدىم، مانا.

— ناھايىتى ياخشى. ئۇنداق بولسا، بېرتۇچچو ئەپەندى، سىز چىقىپ كېتىۋېرىڭ، سىزگە باشقا ئىشىم يوق. غىزا تەييار بولغاندا بىزگە خەۋەر قىلىپ قويۇشسۇن، شۇنى ئېيتىپ قويۇڭ. سىزلەر ئىلتىپات قىلىپ، غىزا ئۈستىدە مېنىڭ بىلەن بىللە بولارسىزلەر؟ — دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ مېھمانلارغا مۇراجىئەت قىلىپ.

— راستىنى ئېيتقاندا، گراف، — دېدى ئالبېر، — سىزنىڭ مېھماندوستلۇقىڭىزنى مۇنداق سۈيىئىستېمال قىلالمايمىز.

— يوقسۇ، يوقسۇ. ئەكسىچە، سىلەر مېنى ئىنتايىن مەمنۇن قىلىسىلەر. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىككىڭلارنىڭ بىرىڭلار ياكى

ھەر ئىككىڭلار، مەن پارىژغا بارغاندا خۇددى مۇشۇنداق قىلىش بىلەن جاۋاب ياندۇرالايسىلەر. بىرتۇچچۇ ئەپەندى، ئېيتىپ قويۇڭ، غىزا ئۈچ كىشىگە ھازىرلانسۇن.

ئۇ فرانسىسنىڭ قولىدىن خاتىرە دەپتەرنى ئالدى.

— شۇنداق، شۇنداق، — دەپ ئوقۇشقا باشلىدى ئۇ گوياكى ئادەتتىكى بىر تىياتىر ئېلانىنى كۆرۈۋاتقاندەك بىغەملىك بىلەن، — «... 22 - فېۋرال... تۆۋەندىكى جىنايەتچىلەرنىڭ ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىندى. بۇلار: ئاندرېئا روندولو، مۇقەددەس ئويان لاتېران چېركاۋىنىڭ دىن تارقاتقۇچىسى بولغان قەدىرى ئىززەتلىك ۋە ھۆرمەتلى بۈيۈك چېزارې تورلىنى ھەزرەتلىرىگە قاتىللىق قىلغانلىقى ئۈچۈن؛ پېپىنو، لەقىمى روككا پرىئورى لەنتى قاراقچى لۇيىدژى ۋامپا ۋە ئۇنىڭ شايكىسىنىڭ ئەزالىرىغا گۇماشتا بولغانلىقى ئۈچۈن...» ھىم!... «بىرىنچىسىگە ھۆكۈم قىلىنغان جازا — ماززولاتا. ئىككىنچىسىگە ھۆكۈم قىلىنغان جازا — دېكاپىتاتو». ھە، — دەپ قوشۇپ قويدى گراف، — ئەسلىدە ئىش مۇشۇنداق بولماقچىكەن - دە. ئەمما، تۈنۈگۈن بۇ ھۆكۈمنىڭ تەرتىپى ھەم مەزمۇنىدا بىرئاز ئۆزگىرىش بولدىغۇ دەيمەن.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى فرانسىس.

— ھەئە. مەن تۈنۈگۈن كەچتە كاردىنال روسپىلىئوزىنىڭ ھۇزۇرىدا مېھمان بولغاندا، جىنايەتچىلەردىن بىرىنىڭ ھۆكۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم.

— قايسىنىڭ ھۆكۈمى؟ ئاندرېئا روندولونىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى فرانسىس.

— ياق، — دەپ جاۋاب بەردى گراف، — يەنە بىرىنىڭ... (ئۇ، ئۇنىڭ ئىسمىنى يادىغا ئالالمايۋاتقاندەك قىلىپ خاتىرە دەپتەرگە قاراپ قويدى) روككا پرىئورى لەقەملىك پېپىنونىڭ.

شۇنداق قىلىپ، سىلەر جادا بىلەن كاللا كېسىشنى كۆرەلمەيدىغان بولدۇڭلار. لېكىن ماززولاتانى كۆرەلەيسىلەر. بۇنى بىرىنچى قېتىم كۆرگەن كىشىلەرگە ۋە ھەتتا ئىككىنچى قېتىم كۆرگەن كىشىلەرگىمۇ بۇ جازا بەك قىزىقارلىق تۇيۇلىدۇ. جادىغا بېسىش ئۇسۇلى بولسا، ئۆزۈڭلارمۇ بىلىسىلەر، بۇ بەك ئاددىي، ئوڭاي ئۇسۇل، ئۇنىڭ ھېچقانچە قىزىقارلىقى يوق. جادىنىڭ تىغى كۆزلەنگەن جايدىن باشقا جايغا ئۇرۇلۇپ قالمايدۇ، ئەپ كەلمەستىن توختاپ قالمايدۇ، ئۇرۇلغاندا تەگمەي قالمايدۇ؛ گراف شالىېنىڭ كاللىسىنى ئالغان ئەسكەرنىڭ قىلغىنىدەك 30 قېتىم پىچاق ئۇرىدىغان ئىشلار كۆرۈلمەيدۇ. گەرچە رىشېلىيې ئاشۇ ئەسكەرگە شالىېنى تاپشۇرغاندا ئۇنى بىراقلا ئۆلتۈرۈۋېتىشنى تاپىلىغان بولسىمۇ، ئاشۇنداق ۋەقە سادىر بولغانىدى. ياق، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى گراف مەسخىرىلىك ئاھاڭدا، — جازالاش ئىشىغا كەلگەندە ياۋروپالىقلار كارغا كەلمەيدۇ، قاتتىقۇللۇق قىلىشتا تېگىشلىك ئىشلاردا ئۇلار خۇددى گۆدەك باللارغا ياكى ئېنىقراق ئېيتقاندا، زەئىپلەشكەن قېرى بوۋايلارغا ئوخشايدۇ.

— گېپىڭىزگە قارىغاندا، گراف، — دېدى فرانسىس، — سىزنى يەر شارىدىكى ھەممە ئەللەرنىڭ جازالاش ئۇسۇللىرىنى سېلىشتۇرۇپ، تەتقىق قىلىپ چىققان دەپ ئويلاشقا بولىدۇ.

— ھەر ھالدا، مەن كۆرمىگەن جازا تۈرلىرى كەم ئۇچرايدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى گراف سوغۇققانلىق بىلەن.

— سىز مۇشۇنداق قورقۇنچلۇق ئىشلارنى كۆرۈشكە شۇنچە ھەۋەس قىلغانمۇ؟

— دەسلەپتە يىرگەنگەنىدىم، كېيىن پەرۋا قىلمايدىغان بولدۇم، ئەڭ ئاخىرى مېنىڭدە قىزىقىش ھېسسىياتى تۇغۇلدى.

— قىزىقىش؟ بۇ نېمىدېگەن دەھشەتلىك سۆز!

— نېمىشقا؟ بۇ دۇنيادا ئۆلۈم ھەممىدىن ئەھمىيەتلىك.

شۇڭا، جاننىڭ تەندىن قانداق جۇدا بولىدىغانلىقىنى، ھەر خىل ئىنسانلارنىڭ قانداق خاراكتېر بىلەن، ئۆزىنى قانداق تۇتۇپ ۋە ھەتتا قانداق يەرلىك ئادەتلىرى بىلەن بارلىقتىن يوقلۇققا ئۆتىدىغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىش قىزىقارلىق ئەمەسمۇ؟ ئادەم، جېنى چىقىۋاتقانلارنى قانچە كۆپ كۆرسە، ئۆزىنىڭ ئۆلۈشىمۇ شۇنچە يەڭگىل بولۇپ ئۆتىدۇ. بۇنىڭدىن مەن شۇنداق خۇلاسىگە كەلدىمكى، ئۆلۈم دېگەن جازا بولالىشى مۇمكىن، لېكىن ھەرگىز گۇناھنى يۇيۇش بولالمايدۇ.

— مەن سىزنىڭ گەپلىرىڭىزنى يېتەرلىك دەرىجىدە چۈشەنمىدىم، — دېدى فرانس، — گېپىڭىزنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈپ بەرسىڭىز. بۇ گەپلەرنى مېنىڭ قانچىلىك ئىشتىياق بىلەن ئاڭلاۋاتقانلىقىمنى سىز تەسەۋۋۇر قىلالمايسىز.

— ئۇنداق بولسا، گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ، — دېدى گراف بۇ چاغدا خۇددى ئادەتتە كىشىلەرنىڭ يۈزىگە قان يۈگۈرگىنىگە ئوخشاش، گرافنىڭ مەڭزىلىرىنى بىر خىل سېرىقلىق قاپلاپ كەتتى، — مۇبادا، مەلۇم كىشىلەر سىزنىڭ ئاتىڭىزنى، ئانىڭىزنى ياكى سۆيۈملۈك رەپىقىڭىزنى، يىغىپ ئېيتقاندا، سىزنىڭ ئەڭ قەدىردان ئادەملىرىڭىزدىن بىرىنى چىدىغۇسىز ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە ئۆلۈشكە مەجبۇر قىلغان بولسا، ھەمدە ئۇلار بىزنىڭ يۈرىكىمىزدىن يۇلۇپ تاشلىنىپ، بىزنىڭ مۇھەببەتلىك باغرىمىزدا مەڭگۈ تولدۇرغىلى بولمايدىغان بوشلۇقنى، مەڭگۈ ساقايماس قانلىق جاراھەتنى قالدۇرغان بولسا، شۇندىن كېيىن جادىنىڭ پىچىقى قاتىلنىڭ گەجگە سۆڭىكى بىلەن تاغاق بۇلجۇك گۆشلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتسە، شۇنىڭ بىلەن جەمئىيەت سىزنى يېتەرلىك دەرىجىدە قانائەتلەندۈردى دەپ ھېسابلامسىز؟ شۇ قاتىلنىڭ گۇناھى بىلەن سىز ئۇزۇن يىللار جەريانىدا روھىي ئازاب چەككەن تۇرۇپ، يەنە ئۇ قاتىلنىڭ پەقەت بىر نەچچە

سېكۇنت ئىچىدىلا جىسمانىي ئازاب چېكىپ قالغانلىقىغا قانائەت قىلامسىز؟

— راست، بۇ توغرا گەپ، — دېدى فرانس، — ئادەمزاتنىڭ جازاسى كۆڭۈلنى تىنچلاندۇرالمايدۇ. بۇ جازا پەقەت قاننىڭ بەدىلىگە قان تۆكۈش بىلەنلا چەكلىنىدۇ. بەندىنىڭ قولىدىن كېلىدىغىنى شۇ، بۇنىڭدىن ئارتۇقنى تەلەپ قىلىشقا بولمايدۇ.

— مەن يەنە مۇنداق بىر ئەھۋالنى دېمەكچى، — دېدى يەنە گراف، — جەمئىيەت ئۆزىنىڭ ئەزالىرىدىن بىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن غەزەپكە تولغاندا ئۆلۈمگە ئۆلۈم بىلەن چارە كۆردى. لېكىن يەنە بۇنىڭدىن باشقا، ئادەمنىڭ يۈرەك - باغرىنى پارە - پارە قىلىپ تاشلايدىغان تۈمەن - مىڭلىغان ئازاب - ئوقۇبەتلەر بار. جەمئىيەت بۇنداق ئەھۋاللارغا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ ۋە بىز تېخى ھېلىلا سۆزلەپ ئۆتكەن ئاشۇنداق بىر ئەرزىمەس جازا بىلەنمۇ ئىنتىقام ئالمايدۇ. تۈركلەرگە ئوخشاش قوزۇققا ئولتۇرغۇزۇش ياكى ئىروكېزلارغا ئوخشاش قان تومۇرلىرىنى تارتىپ چىقىرىۋېتىشنىمۇ دەھشەتلىكرەك جازاغا تارتىلىشقا لايىق بولغان جىنايى ئىشلارنى يوق دەمسىز؟ ئەپسۇسكى، جەمئىيەت ئۇلارنى سۈرۈشتە قىلمايدۇ. ئېيتىڭچۇ، شۇنداق جىنايەتلەر بارمۇ - يوق؟

— بار، — دېدى فرانس، — شۇنىڭ ئۈچۈن دۇئېلغا يول قويۇلىدۇ.

— دۇئېل! — دەپ خىتاب قىلدى گراف، — شۇمۇ مەقسەتكە يېتىشنىڭ ۋاستىسى بولارئىمىش. يەنە كېلىپ، بۇ مەقسەت قىساستىن ئىبارەت بولغاندا! ئېيتايلى، بىر ئادەم سىزنىڭ سۆيگەن يارىڭىزنى بۇلاپ كەتسۇن، ياكى خوتۇنىڭىزنى ئازدۇرۇپ كەتسۇن ياكى قىزىڭىزنىڭ نومۇسىغا تەگسۇن؛ تەڭرى ئۆزىنىڭ بارلىق بەندىلىرىگە ئاتا قىلغان بەخت - سائادەتنىڭ بىر ئۆلۈشىدىن بەھرى-

مەن بولۇشقا ھەقلىق بولغان ھاياتىڭىزنى شۇ ئادەم دەرد - ئەلەم، دىل ئازارى ۋە ۋىجدان ئازابىغا ئايلاندۇرسۇن! سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئەقىل - پاراسىتىڭىزنى تەلۋىلىككە، قەلبىڭىزنى نادامەتكە مۇپتىلا قىلغان شۇ ئادەمنىڭ كۆكسىنى شەمشەر بىلەن ياكى ماڭلىيىنى بىر پاي ئوق بىلەن تېشىۋەتسىڭىز ئۆچىڭىزنى ئېلىپ بولغاندەك ھېس قىلامسىز؟ بەس! يەنە تېخى بۇنداق ئېلىشىشلاردا كۆپىنچە ئاشۇنداق ئادەملەر غالىب بولۇپ چىقىدۇ ۋە ئۇ گويا كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا ئاقلانغاندەك، خۇدا ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئۆتكەندەك كۆرۈنىدۇ. ياق، ياق، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى گراف، — ئەگەر ماڭا ئىنتىقام ئېلىش نېسىپ بولسا، بۇنداق ئۇسۇلنى قوللانمايمەن!

— ئەمىسە، دۇئېلنى ئىنكار قىلامسىز؟ سوقۇشۇشتىن باش تارتامسىز؟ — دەپ سورىدى ئۆز نۆۋىتىدە، گرافنىڭ بۇنداق غەلىتە پىكرىدىن ئەجەبلەنگەن ئالبېر.

— ياق، نېمىشقا ئۇنداق بولسۇن؟ — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى گراف، — گېپىمنى چۈشىنىڭ. كىچىك ئىشلار ئۈچۈن، ھاقارەت ئۈچۈن، ماڭا قىلىنغان تۆھمەت ئۈچۈن، يۈزۈمگە ئۇرۇلغان شاپىلاق ئۈچۈن مەن ئەلۋەتتە سوقۇشىمەن ۋە بۇنداق سوقۇشۇشقا ئىنتايىن خاتىرجەملىك بىلەن چىقىمەن، چۈنكى جىسمانىي مەشغۇلاتلارغا مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق ئىشتا ئۆزۈمدە يېتىلدۈرگەن ماھارىتىم بولغانلىقى ئۈچۈن ۋە ئۇزۇن يىللار جەريانىدا خەۋپ - خەتەرگە كۆنۈپ كەتكەنلىكىم ئۈچۈن، ھەرقانداق شەخسىي توقۇنۇشتا ئۆز رەقىبىمنى ھالاك قىلىدىغانلىقىمغا شەكلەنمەيمەن. ئەنە شۇنداق ئىشلار ئۈچۈن مەن ئەلۋەتتە سوقۇشىمەن. لېكىن، ئۇزۇن مۇددەتلىك، ئېغىر، چەكسىز، مەڭگۈلۈك دەرد - ئەلەملەر ئۈچۈن، مەنمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاشلا كۈلپەتلەرنى ياغدۇرۇش بىلەن جاۋاب قايتۇرىمەن. بىزنىڭ كامالەتلىك ئۇستازلىرىمىز

بولغان شەرق كىشىلىرىنىڭ كۆزگە - كۆز، چىشقا - چىش دېگەن بىر گېپى بار. تەڭرىنىڭ بۇ ئەزىز بەندىلىرى ھاياتنى غايىۋى ھالاۋەتكە، تۇرمۇشنى زېمىندىكى جەننەتكە ئايلاندۇرۇشنى بىلىدۇ.

— بىراق، بۇ گەپلەرگە قارىغاندا، — دەپ ئۇنىڭغا قارشى پىكىر بىلدۈردى فرانس، — سىز ئۆزىڭىزنىڭ شەخسىي ئىشىڭىزدا بىراقلا ھەم قازى، ھەم جاللات بولۇپ ئىش قىلىدىكەنسىز. ئۇنداق بولغاندا، سىز قانۇننىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتىشىڭىز ۋە ئاقىۋەتتە ئۆزىڭىز قانۇننىڭ ئىلكىگە چۈشۈپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. نەپرەتنىڭ كۆزى يوق، غەزەپلەنگەن ئادەم ئويلىماي ئىش قىلىدۇ. كىمكى ئۆچ ئېلىشقا ئارتۇقچە بېرىلىپ كەتسە، ئاخىرى ئۆزى بىر بالاغا تىقىلىپ قېلىشى مۇمكىن.

— ئەگەر ئادەم كەمبەغەل ۋە نادان بولسا، سىز ئېيتقاندەك بولىدۇ؛ ئەكسىچە ئۇ ئادەم مىليونلارغا ئىگىدارچىلىق قىلسا ۋە بىلىملىك بولسا، ئۇنداق بولمايدۇ. ئومۇمەن، ئەڭ يامان بولغاندىمۇ، ئۇ ئادەم، بەدەننى چېپىپ پارچىلاش ۋە چاقپەلەككە باستۇرۇپ ئۆلتۈرۈش جازالىرى ئىنسانپەرۋەر فرانسىيە ئىنقىلابى تەرىپىدىن ئىسلاھ قىلىنغاندىن كېيىنكى، بايا بىز سۆزلەپ ئۆتكەن جازاغىلا تارتىلىشى مۇمكىن. ۋاھالەنكى، ئۇ ئۆز مەقسىتىگە يەتكەندىن كېيىن ئۆلۈپ كەتسىمۇ مەيلى ئەمەسمۇ؟ راستىنى ئېيتسام، بۇ پېپىنو دېگەن بىتەلەينىڭ «دېكاپىتاتو» جازاسىغا تارتىلمايدىغان بولغانلىقىدىن بىرئاز ئەپسۇسلىنىۋاتىمەن. ئۇنداق بولمىغاندا، سىلەر بۇ جازاغا قانچىلىك ۋاقىت كېتىدىغانلىقىنى ۋە بۇنى تىلغا ئېلىشقىمۇ ئەرزىمەيدىغانلىقىنى ئۆزۈڭلار كۆرگەن بولاتتىڭلار. ھەي، بىز كارناۋالنىڭ بىرىنچى كۈنىدە نەدىكى گەپلەرنى قىلىپ ئولتۇرىمىز، جانابلار! بۇ گەپ نەدىن باشلانغانىدى؟ ھە راست، ئېسىمدە بار! سىلەر مېنىڭ دېرىزەمدىن ئورۇن ئېلىش ئىستىكىڭلارنى بىلدۈرگەنىدىڭلار. ھە، بۇنىڭغا مەرھەمەت.

لېكىن، ئاۋۋال داستىخانغا جەم بولايلى، غىزا تەييار بولغاندەك قىلىدۇ.

دەرۋەقە، ساراي ئۆينىڭ تۆت ئىشىكىدىن بىرى ئېچىلدى ۋە كىرىپ كەلگەن خىزمەتكار ئەڭ مۇقەددەس سۆزلەرنى جاكا قىلدى:

— ئال سو كوممودو①.

يىگىتلەر ئورنىدىن تۇرۇپ، تاماقخانىغا يۆتكىلىپ چىقىشتى.

سۈپەتلىك ۋە لەززەتلىك بولغان بۇ ناشتىلىق تاماق جەريانىدا فرانس ئالبېرنىڭ كۆزىگە قاراپ، ساھىبخانىنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭغا قانداق تەسىر قىلغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىشقا تىرىشتى. چۈنكى ئۇ، بۇ سۆزلەرنىڭ ئالبېردا بەلگىلىك تەسىرات قالدۇرغانلىقىدىن شەكلەنمەيتتى. لېكىن، ئالبېر ئۆزىنىڭ بىغەملىكىدىن بۇ سۆزلەرگە ئانچە ئەھمىيەت بەرمىدىمۇ، ياكى گراف مونتې-كرىستونىڭ دۇئېل مەسىلىسىدە ئۇنىڭغا قارشى پىكىردە بولمىغانلىقى ئالبېرنى رازى قىلدىمۇ ۋە ياكى بۇنىڭدىن بۇرۇنقى ئىشلارنى يالغۇز فرانسلا بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ، گرافنىڭ بايان قىلغان كۆز قاراشلىرىنىڭ مەنىسىنى ئارتۇقچە ئىنچىكىلەپ كەتتىمۇ، ئىش قىلىپ، ئۇ ئۆز دوستىنىڭ بىرئاز بولسىمۇ ئارىسالدا بولغانلىقىنى بايقىيالمىدى. ئەكسىچە، ئالبېر دۇنيادا ئەڭ ناچار دەپ تونۇلغان ئىتالىيە تاماقلىرى بىلەن بەش يىلغىچە ئوزۇقلىنىشقا مەجبۇر بولغان كىشىگە خاس ھالدا تائامغا ئىشتىھا بىلەن كىرىشىپ كەتكەنىدى. گرافقا كەلسەك، ئۇ، يېمەكلىكلەرگە ئانچە-مۇنچە ئېغىز تېگىپ قويۇپلا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ مېھمانلار بىلەن بىرگە ئولتۇرۇشى پەقەت ئەدەب يۈزىسىدىنلا بولۇۋاتقاندەك ۋە ئۇلار كەتكەندىن كېيىن ئۆزىگە قانداقتۇر غەيرىي ۋە ئالاھىدە بىر خىل غىزانىڭ كەلتۈرۈلۈشىنى كۈتۈپ ئولتۇرغاندەك تۇيۇلاتتى. فرانس ئۇنىڭغا قاراپ ئىختىيارسىز ھالدا، گراف خانىم گ. نىڭ بۇ گرافنى، يەنى ئۆزىنىڭ ئۇدۇلىدىكى لوژادا ئولتۇرغان كىشىنى ۋامپىر دەپ قورقۇپ كەتكەنلىكىنى ئەسلىدى.

غىزادىن كېيىن فرانس سائەتكە قارىدى.

— نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى گراف.

— بىزنى كەچۈرۈڭ، گراف، — دېدى فرانس، — بىزنىڭ يەنە بىر تالاي ئىشلىرىمىز تۇرۇپتۇ.

— قانداق ئىشلار؟

— بىزنىڭ تېخى بايراملىق كىيىملىرىمىز يوق. بۈگۈن شۇ كىيىملەرنى تاپمىساق بولمايدۇ.

— ئۇنىڭدىن غەم قىلماڭلار. پياتسا-دېل-پوپولو مەيدانىدا بىزنىڭ خاس ئۆيىمىز بار. مەن ئۇ يەرگە سىلەر قانداق كىيىمنى خالىساڭلار شۇنىدىغىنى ئەكەلگۈزىمەن، شۇ يەردىلا كىيىنىۋالىسىز.

— ھۆكۈم قىلىنغانلارنى ئۆلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىنمۇ؟ — دەپ خىتاب قىلدى فرانس.

— ئۆلتۈرۈشتىن كېيىنمۇ، بۇرۇنمۇ ياكى جازا ئىجرا قىلىنىۋاتقان مەزگىلدىمۇ، ئۆزۈڭلار قاچان خالىساڭلار شۇ چاغدا.

— مويتۇگزىنىڭ ئالدىدىلا؟

— مويتۇگزا بايرامنىڭ كۈنتەرتىپىگە كىرىدۇ.

— شۇنداق بولسىمۇ، گراف، مەن يالتىيىپ قالدىم، — دېدى فرانس، — غەمخورلۇقىڭىزدىن ئىنتايىن مىننەتدارمەن. بىراق، ماڭا پەيتۇنىڭىزدىكى ۋە روسپولى قەھۋەخانىسىنىڭ دېرىزىسىدىكى ئورۇنلار كۇپايە قىلىدۇ. شۇڭا، پىياتسا-دېل-پوپولودىكى ئورنۇمنى ئۆزىڭىزنىڭ ئىختىيارىڭىزغا تاپشۇرماقچىمەن.

— لېكىن، ئېيتىپ قويايكى، سىز ئۆزىڭىزنى بەك قىزىقارلىق بىر تاماشىدىن مەھرۇم قىلىسىز، — دېدى گراف.

---

① ئىتاليانچە «تائام ھازىرلاندى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

— بۇنى سىز ماڭا كېيىن سۆزلەپ بېرەرسىز، — دېدى فرانس، — بۇنى سىزنىڭ ئاغزىڭىزدىن ئاڭلىساممۇ خۇددى ئۆزۈم كۆرگەندەك بولىدىغانلىقىمغا ئىشىنىمەن. مەن بىرنەچچە قېتىم ئۆلۈم جازاسىنى كۆرۈپ باقماقچى بولغانىدىم، بىراق زادى جۈرئەت قىلالمىدىم. سىزچۇ، ئالبېر؟

— مەن كاستىننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنى كۆرگەنىدىم، — دېدى ۋىكونت، — بىراق، مەن ئۇ كۈنى كەيىپ بولۇپ قالغانىكەنمەن. بۇ، دەل بىزنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش كۈنىمىز بولۇپ، قانداقتۇر بىر مەيخانىدا كەچلەپ قالغانىدۇق.

— سىلەرنىڭ بىرەر ئىشنى پارىژدا قىلمىغانلىقىڭلار شۇ ئىشنى ئۆزگە يۇرتلاردا قىلماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولالمايدۇ، — دېدى گراف، — ساياھەت قىلىشتىن مەقسەت بىلىمنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئورۇن ئالماشتۇرۇشتىن مەقسەت يېڭىلىقلارنى كۆرۈش ئۈچۈن بولىدۇ. ئويلاپ بېقىڭلار، كىشىلەر سىلەردىن: «رىمدا ئادەمنى قانداق ئۆلتۈرىدىكەن؟» دەپ سوراپ قالسا، سىلەر: «بىلمەيمەن» دەپ جاۋاب بەرسەڭلار ئۇيات ئەمەسمۇ. يەنە كېلىپ، ئىپتىشلارغا قارىغاندا، ئۇگۈنكى جازاغا تارتىلغۇچى ئۇنى خۇددى ئۆز ئوغلىدەك كۆرۈپ تەربىيىلەپ ئۆستۈرگەن بىر مويىسپىت روھانىينى ئوچاقنىڭ ئۈستىگە قويۇلىدىغان تۆمۈر ئۈچ ئاياغ بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەن ئەشەددىي مۇناپىق، ئىپلاس ئىكەن. قىلغان ئىشنى قاراڭلار، ئۆز ئاتىسىنىڭ ئورنىدىكى بىر دىنىي زاتنى ئۆلتۈرگەندە ئۈچ ئاياغتىن تۈزۈكرەك بىر سايماننى ئىشلەتسە بولماسمىدى. ئەگەر سىلەر ئىسپانىيىگە ساياھەتكە بارغان بولساڭلار، بۇقىلارنىڭ سوقۇشىنى كۆرۈشكە بارغان بولاتتىڭلارغۇ، شۇنداقمۇ؟ ئۇنداق بولسا، بىز بۇقىلارنىڭ سوقۇشىنى كۆرگىلى كېتىۋاتىمىز دەپ پەرەز قىلىڭلار، قەدىمكى رىملىقلارنىڭ سىركلىرىنى، 300 شىر بىلەن يۈزچە ئادەمنى قوشۇپ ئۆلتۈرىدىغان شىكارلارنى ئەسلەپ بېقىڭلار. ئالقىش ياڭرىتىۋاتقان 80 مىڭ تاماشىبىننى، ئۆزلىرىنىڭ قىزلىرىنى باشلاپ كەلگەن ئالىي زاتلارنى، ئاق بىلەكلىك گۈزەل قىزلارنىڭ گوياكى: «ھە، ھۇرۇنلۇق قىلماڭلار، بۇ ئادەمنى چاققانىراق ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار ئۇ ئۆزىمۇ ئۆلەي دەپ قالدى» دېگەندەك قىلىپ، نازۇك بارمىقى بىلەن بەلگە بېرىشكەنلىكلىرىنى ئەسلەپ بېقىڭلار.

— سىز بارامسىز، ئالبېر؟ — دەپ سورىدى فرانس.

— بارىدىغاندەك تۇرىمەن. مەنمۇ سىزگە ئوخشاش ئىككىلىنىپ تۇرغانىدىم، لېكىن گرافنىڭ پاساھەتلىك سۆزلىرى مېنى قايىل قىلدى.

— ئەمىسە، بارساق بارايلى، — دېدى فرانس، — بىراق، مەن پىياتسا - دېل - پوپولوغا بېرىشتا كورسو كوچىسى ئارقىلىق ئۆتۈشنى ئويلاۋاتىمەن. شۇنداق قىلىشقا بولارمۇ؟

— پىيادە بارساق بولىدۇ، ھارۋا بىلەن بېرىشقا بولمايدۇ.

— ئۇنداق بولسا، مەن پىيادە مېڭىپ بارىمەن.

— سىزنىڭ كورسوغا بارمىسىڭىز بولمايدىغان مۇھىم ئىشىڭىز بارمۇ؟

— ھەئە. ئۇ يەردىكى بەزى نەرسىلەرنى كۆرۈپ باققۇم كېلىۋاتىدۇ.

— ماقۇل، پىيادە مېڭىپ كورسوغا بارايلى. ھارۋا بابۇئىنو كوچىسى بىلەن بېرىپ بىزنى پىياتسا - دېل - پوپولودا ساقلاپ تۇرسۇن. مەن ئۆزۈممۇ كورسوغا بېرىپ، ئۆزۈمنىڭ بەزى بۇيرۇقلىرىمنىڭ ئورۇندالغان - ئورۇندالمىغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىشنى ئويلاۋاتىمەن.

— جانابلىرى، — دېدى ئىشىكنى ئېچىپ كىرگەن خىزمەتكار، — روھانىيچە كىيىنگەن بىر كىشى سىز بىلەن كۆرۈشكىلى كەپتۇ.

— ھە، بىلمەن، — دېدى گراف، — جانابلار، سىلەر ساراي ئۆيگە چىقىپ ئولتۇرۇپ تۇرساڭلار قانداق؟ ئۇ يەردە شىرە ئۈستىدە ئەلا سۈپەتلىك ھاۋانا تاماكىسى بار. مەن ھايال بولماي قايتىپ كىرىمەن.

— يىگىتلەر ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىشىكلەردىن بىرىنى ئېچىپ چىقىپ كېتىشتى. گراف باشقا بىر ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى. ياخشى تاماكىلارغا زور ئىشتىياقى بولغان ئالبېر كافى پارىنىڭ① تاماكىلىرىدىن مەھرۇم بولغانلىقى ئۈچۈن «بەك مۇشكۈل ئەھۋالدا قالدىم» دەپ يۈرگەن بولغاچقا، شىرەنىڭ يېنىغا كېلىپ جىلىڭ «پۇرۇس» تاماكىلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن خۇشاللىقىدىن ۋارقىراپ تاشلىدى.

— ھە، — دەپ سورىدى فرانس ئۇنىڭدىن، — سىز گراف مونتې - كرىستو ھەققىدە قانداق پىكىرگە كەلدىڭىز؟

— ئۇ توغرۇلۇق مېنى قانداق پىكىرگە كەلدىكىن دەمسىز؟ — دېدى ئالبېر، ئاغىنىسىنىڭ بۇنداق سوئالىدىن ھەيران بولغاندەك قىلىپ، — شۇنداق پىكىرگە كەلدىمكى، ئۇ كۆپنى كۆرگەن، كۆپنى بىلگەن، ئەتراپلىق ئويلايدىغان ۋە پرۇتقا ئوخشاش ئىرادىلىك بولغان ئىنتايىن كۆڭۈللۈك ئادەم، مېھماندوست ساھىبخان ئىكەن. شۇنداقلا، — دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ تاماكىنىڭ ئىسىنى ھۇزۇرلانغان ھالدا تورۇسقا قارىتىپ پۈۋلەپ ئولتۇرۇپ، — ئۇنىڭ ئېسىل تاماكىلىرى بار ئىكەن.

ئالبېرنىڭ گرافقا بولغان تونۇشى ئەنە شۇنداق ئىدى. ئالبېر ھەمىشە ئۆزىنىڭ بىرەر ئادەم ياكى بىرەر نەرسە ئۈستىدە ئويدان ئويلانماي تۇرۇپ پىكىر بايان قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ ماختىناتتى. شۇڭا، فرانس ئۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرۈشكە ھەرىكەت قىلمىدى.

---

① كافى پارى — پارىژدىكى بىر قەھۋەخانىنىڭ نامى.

— شۇنداق بولسىمۇ، سىز ئەجەبلەنگۈدەك ئىشنى سەزمىدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— قانداق ئىشنى؟

— ئۇنىڭ سىزگە شۇنچە دىققەت قىلىپ قارىغانلىقىنى سەزمىدىڭىزمۇ؟

— ماڭا شۇنداق قاراپ كەتتىمۇ؟

— ھەئە، سىزگە.

— ئالبېر ئويلىنىپ قالدى.

— بەلكىم شۇنداقتۇر، — دېدى ئۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — بۇ، ئەجەبلەنگۈدەك ئىش ئەمەس. مېنىڭ پارىژدىن چىقىپ كەتكىنىمگە بىر يىل بولاي دەپ قالدى. شۇڭا كىيىملىرىمنىڭ ئىسكەتى قالمىغاندۇر. گراف مېنى بىر چەت ۋىلايەتتىن كەلگەن كىشى دەپ ئويلاپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. دوستۇم، پۇرسەت تېپىپلا ئۇنىڭغا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ، مېنىڭ ئۇنداق ئادەم ئەمەس ئىكەنلىكىمنى ئېيتىپ قويىسىز.

فرانس كۈلۈپ قويدى. بىردەمدىن كېيىن گرافمۇ قايتىپ كىردى.

— مانا، مەنمۇ بىكار بولدۇم، جانابلار، — دېدى ئۇ، — ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم. ھارۋا ئۆز يولى بىلەن بېرىپ، بىزنى پياتسا - دېل - پوپولودا كۈتۈپ تۇرىدىغان بولدى. بىز ئۆزىمىز، سىلەر خالىساڭلار، كورسو كوچىسى ئارقىلىق مېڭىپ بارىمىز. مورسېر ئەپەندى، بىر ئاز تاماكا ئېلىۋېلىڭ.

— ماقۇل، گراف. رەھمەت سىزگە، — دېدى ئالبېر، — ئىتالىيە تاماكىسى فرانسىيىنىڭكىدىنمۇ ناچار ئىكەن. سىز پارىژغا بارغاندا مەنمۇ سىزنىڭ ئالدىڭىزغا ياخشى تاماكىلارنى قويىمەن.

— قارشى ئەمەسمەن. مەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە پارىژغا بېرىشنى ئويلاۋاتىمەن. ئىجازەت قىلسىڭىز شۇ چاغدا ئۆيىڭىزگە

بارىمەن. ھە، جانابلار، ۋاقىت ساقلاپ تۇرمايدۇ، سائەت 12 يېرىم بوپتۇ. ماڭايلى!

ئۇچەيلەن پەلەمپەيدىن تۆۋەنگە چۈشۈپ تاشقىرىغا چىقىشتى. ھارۋىكەش ئۆز خوجايىنىنىڭ ئاخىرقى يوليورۇقلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بابۇئېنو كوچىسى ئارقىلىق يۈرۈپ كەتتى. گراف بىلەن يىگىتلەر فىراتتىنا كوچىسىنى بويلاپ، پىياتسا - سپانىيا تەرەپكە يول ئالدى ۋە شۇ يولدىن مېڭىپ، فىئانو قەھۋەخانىسى بىلەن روسپولى قەھۋەخانىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كورسوغا چىقتى. فرانس روسپول بىناسىنىڭ ھەممە دېرىزىلىرىگە سەپسېلىپ قاراپ چىقتى. ئۇ، كولىزېيدىكى تىرانستېۋېرلىق بىلەن يېپىنچىغا پۈركىنىۋالغان كىشىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىشىم قىلىنغان شەرتلىك بەلگىنى ئېسىدىن چىقارمىغانىدى.

— بۇ دېرىزىلەردىن قايسىلىرى سىزگە تەئەللۇق؟ — دەپ سورىدى ئۇ گرافتىن، ئىمكان قەدەر ئاۋازىنى تەبىئىي چىقىرىشقا تىرىشىپ.

— ئەڭ چەتتىكى ئۈچ دېرىزە، — دەپ جاۋاب بەردى گراف، بۇ سوئالنىڭ ئەسلى مەنىسىگە يەتمەستىن.

فرانس دەرھال شۇ دېرىزىلەرگە قارىدى. ئىككى چەتتىكىسىگە سېرىق پەردە، ئوتتۇرىدىكىسىگە قىزىل كرېستلىق ئاق پەردە تارتىلغانىدى. دېمەك، يېپىنچىغا پۈركىنىۋالغان كىشى ئۆز ۋەدىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپتۇ. يېپىنچىغا پۈركىنىۋالغان كىشىنىڭ گراف مونتى - كرىستو ئىكەنلىكىگە ئەمدى شەك - شۈبھە قالمىدى.
ئۇ ئۈچ دېرىزىدە تېخى ئادەم يوق ئىدى. ھەر تەرەپتە كارناۋالنىڭ تەييارلىق ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى. كىشىلەر ئورۇندۇقلارنى تىزىشىۋاتاتتى. دېرىزىلەرگە بايراقلار قادىلىۋاتاتتى. قوڭغۇراق ئۇرۇلمىغىچە نىقابلارنى كۆرسىتىشكە، ھارۋىلارنى ھەيدەشكە بولمايتتى. شۇنداقتىمۇ، ھەممە دېرىزىلەردە نىقابلارنىڭ يوشۇرۇنۇپ

تۇرغانلىقىنى، ھەممە دەرۋازىلارنىڭ كەينىدە ھارۋىلارنىڭ تەييارلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈشكە بولاتتى.

فرانس، ئالبېر ۋە گراف كورسو كوچىسىنى بويلاپ مېڭىۋەردى. ئۇلار پىياتسا - دېل - پوپولوغا يېقىنلاشقانسېرى ئادەملەر كۆپەيمەكتە ئىدى. ئادەملەرنىڭ باشلىرى ئۈستىدىن، مەيداننىڭ مەركىزىدە چوققىسىغا كرېست ئورنىتىلغان مۇنارە قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. بابۇئېنو، كورسو ۋە رىپېتتادىن ئىبارەت ئۈچ كوچىنىڭ قوشۇلغان جايىدا مويتېۋىزىنىڭ ئىككى تۈۋرۈكى جايلاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا جادىنىڭ ئەگرى پىچىقى يالتىراپ تۇراتتى. دوتېۋىشتا ئۇلار ئۆزىنىڭ خوجايىنىنى كۈتۈپ تۇرغان گرافنىڭ غوجىدارىنى كۆردى. ئىجارىگە ئېلىنغان دېرىزە (بۇ ئۈچ دېرىزە ئادەتتىن تاشقىرى قىممەتكە توختىغان بولسا كېرەك، چۈنكى گراف بۇنىڭغا قانچىلىك پۇل سەرپ قىلىنغانلىقىدىن مېھمانلارنىڭ ۋاقىپ بولۇشىنى خالىمىغانىدى) بابۇئېنو كوچىسى بىلەن مونتې پىنچو كوچىسىنىڭ ئارىلىقىدىكى بىر زور ئىمارەتنىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىدە ئىدى. ئۇلار ئىگىلىگەن بۆلمە، ياتاقخانىغا يانداش بولغان كىيىم يۆتكەش ئۆيىدىن ئىبارەت ئىدى. كىيىم يۆتكەش ئۆيىگە كىرگەندىن كېيىن ياتاقخانىنىڭ ئىشىكى يېپىپ قويۇلسا، ئادەمگە خۇددى ئۆزىنىڭ شەخسىي ئۆيىدە ئولتۇرغاندەك تۇيۇلاتتى. ئورۇندۇقلاردا قىزىقچىلار كىيىدىغان چىرايلىق كىيىم - كېچەكلەر تىزىلغان بولۇپ، بۇلار زەڭگەر ۋە ئاق ئەتلەستىن تىكىلگەنىدى.

— سىلەر كىيىم - كېچەك تاللاشنى مېنىڭ ئىختىيارىمغا تاپشۇرغانلىقىڭلار ئۈچۈن، سىلەرگە مۇشۇ كىيىملەرنى تەييارلاپ قويۇشنى بۇيرۇغانىدىم، — دېدى گراف بۇ ئىككى دوستىغا، — بىرىنچىدىن، بۇلار، بۇ يىلقى ئەڭ مودىلىق كىيىملەر ھېسابلىنىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، بۇ، قەغەز چاچمىسى① ئۈچۈن بەك مۇۋاپىق، چۈنكى

---

① كارناۋالدا كىشىلەر بىر - بىرىگە چېچىپ ئوينايدىغان ئۇششاق قىيىلغان رەڭدار قەغەز پارچىلىرى.

بۇنىڭدا چېچىلغان قەغەز پارچىلىرى يېپىشىپ قالمايدۇ.

گرافنىڭ سۆزلىرى فرانسنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. ئۇ ھەتتا گرافنىڭ مۇنداق ئادىمگەرچىلىككە يېتەرلىك ئەھمىيەت بەرمىدى. ئۇنىڭ دىققىتى پىياتسا - دېل - پوپولو مەيدانىغا ۋە شۇ تاپتا بۇ مەيداننىڭ ئەڭ ئاساسلىق زىننىتى بولۇپ قالغان ئاشۇ دەھشەتلىك ئادەم ئۆلتۈرۈش ئەسۋابىغا مەركەزلەشكەنىدى. بۇ، فرانسنىڭ كاللا كېسىدىغان جادىنى ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم كۆرۈشى ئىدى. بىز بۇنى جادا دەپ ئاتىدۇق. چۈنكى رىمنىڭ ماندايا دېگەن بۇ ئەسۋابى فرانسىيىنىڭ ئادەم ئۆلتۈرىدىغان جادىسىغا ناھايىتى ئوخشايدۇ، بۇنىڭ پىچىقىمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاشلا يېرىم ئاي شەكلىدە بولۇپ، كۆپۈنكى تەرىپى بىلەن كېسىدۇ. بىراق كېسىدىغان ۋاقتىدا پىچىقى ئانچە ئېگىز كۆتۈرۈلمەيدۇ، پەرقى شۇ. گۇناھكارنى ياتقۇزىدىغان ھەرىكەتچان تاختاينىڭ ئۈستىدە ئىككى ئادەم ئولتۇراتتى. فرانس بۇ ئىككىيلەننىڭ نان بىلەن قىزا يەۋاتقانلىقىنى كۆرەلىدى. ئۇلارنىڭ بىرى تاختاينى كۆتۈرى - دە، ئۇنىڭ ئاستىدىن بىر شىشە مەيىنى چىقىرىپ بىر ئوتلىدى ۋە شىشىنى ئۆزىنىڭ ھەمراھىغا ئۇزاتتى. بۇلار جاللاتنىڭ ياردەمچىلىرى ئىدى. فرانس ئۇلارغا قاراپ، ئۆزىنىڭ چاچلىرىنىڭ تېگىدىن تەر چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى.

گۇناھكارلار تۈنۈگۈن ئاخشام نوۋايا تۈرمىسىدىن سانتا - مارىيا - دېل - پوپولو ناملىق كىچىك چېركاۋغا يۆتكەپ كېلىنگەنىدى. ئۇلار نۇرغۇنلىغان شاملار بىلەن يورۇتۇلغان ۋە ھەر سائەتتە ئالمىشىپ تۇرىدىغان جىسەكچىلەرنىڭ نازارىتى ئاستىدا بولغان كىچىك ئىبادەتخانا ئىچىدە بىر كېچىنى ئۆتكۈزدى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە ئاخىرەتكە ئۇزاتقۇچى ئىككىدىن روھانىي تۈن بويى ھەمراھ بولدى.

چېركاۋنىڭ ئىشىكىدىن مويتۇڭزىغىچە ئىككى رەت قوراللىق

ئەسكەر تىزىلغانىدى. مويتۇڭزىمۇ ئەسكەرلەرنىڭ مۇھاپىزىتى ئىچىدە تۇراتتى. پەقەت مويتۇڭزىنىڭ ئالدىدا ئادەم ئۆتۈش ئۈچۈن كەڭلىكى ئون فۇت كېلىدىغان ئارىلىق ۋە جادىنىڭ ئەتراپىدا ئايلانىسى 100 قەدەمچە كېلىدىغان دائىرە بوش قالدۇرۇلغانىدى. مەيداننىڭ قالغان يەرلىرى پۈتۈنلەي ئادەمگە لىق تولغانىدى. بىر مۇنچە ئاياللار بالىلىرىنى مۈرىلىرىگە ئېلىپ كۆتۈرۈشۈۋالغان بولۇپ، بۇ گۆدەك تاماشىبىنلارغا مويتۇڭزا ئالقاندىكىدەك كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مونتې پىنچو كوچىسى خۇددى خالايىققا تولغان يازلىق تىياتىرغا ئوخشاپ قالغانىدى. بابۇئىنو ۋە رىپېتتا كوچىلىرىنىڭ دوقمۇشلىرىدىكى ھەر ئىككى چېركاۋنىڭ بالكونلىرىغا ئىمتىيازلىق زاتلار تولۇپ كەتكەنىدى. پىشايۋانلارنىڭ پەلەمپەيلىرى خۇددى كەينى - كەينىدىن قوزغىلىپ، دەھلىزگە قاراپ ئېقىۋاتقان دېڭىز دولقۇنلىرىغا ئوخشايتتى. تاملارنىڭ ئادەم تۇرالىغۇدەك بولغان ھەربىر بەلدىمى گوياكى تىرىك ھەيكەللەر تۇرىدىغان پەشتاققا ئايلانغانىدى. گراف ئېيتقان سۆزلەرنىڭ چىنلىقى ئەمەلدە ئىسپاتلىنىشقا باشلىدى: بۇ دۇنيادا ئۆلۈمنى كۆرۈشتىن قىزىقراق تاماشا بولمىسا كېرەك.

ۋەھالەنكى، باشلىنىش ئالدىدا تۇرغان قانلىق مۇراسىمنىڭ تەنتەنىسىگە مۇۋاپىق بولمىش تىمتاسلىقنىڭ ئورنىغا، توپلانغان خالايىقنىڭ قاقاقلاپ كۈلۈشلىرى، ۋارقىراشلىرى ۋە شادلىق نىدالىرىدىن تەركىب تاپقان ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئەۋج ئالماقتا ئىدى. قارىغاندا، گراف بۇ مەسىلىدىمۇ ھەقلىق بولۇپ چىقتى: خالايىق ئۈچۈن ئۆلۈم جازاسى كارناۋالنىڭ باشلىنىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.

توساتتىن، گوياكى بىر سېھىرگەر ھاسىسىنى شىلتىگەندەك، ھەممە ۋاراڭ - چۇرۇڭلار بىراقلا بېسىقتى. چېركاۋنىڭ دەرۋازىسى كەڭ ئېچىلدى. ئەڭ ئالدىدا ئاخىرەتكە ئۇزاتقۇچى موناخلار سەپ

تارتىپ چىقتى. ئۇلارنىڭ ئۇچىسىغا كولرەڭ تاغارلار كىيىلگەن بولۇپ، پەقەت كۆزلىرىنىڭ ئورنىلا تېشىپ قويۇلغانىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى يېقىلغان شاملارنى تۇتقانىدى. سەپنىڭ ئالدىدا ئۇيۇشمىنىڭ مەسئۇلى يول باشلاپ كەلمەكتە ئىدى. موناخلارنىڭ كەينىدىن دىۋىدەك بەستلىك بىر ئادەم كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ماتادىن تىكىلگەن كالتا تامبىلىنى ھېسابقا ئالمىغاندا بەدىنىنىڭ باشقا يېرى يالىڭاچ ئىدى. ئۇ سول يېنىغا غىلاپقا سېلىنغان يوغان پىچاقنى ئېسىۋالغان، ئوڭ مۈرىسىدە ئېغىر تۆمۈر ئۇمۇتنى كۆتۈرۈۋالغان. بۇ، جاللات ئىدى. ئۇنىڭ پۇتلىرىدا شوينا بىلەن باغلانغان سەندال ئاياغ بار ئىدى. جاللاتنىڭ كەينىدىن، ئۆلتۈرۈلۈش نۆۋىتى بويىچە، ئالدىدا پېپىنو، ئارقىدا ئاندرېئا مېڭىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە ئىككىدىن روھانىي ھەمراھ بولغانىدى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ كۆزلىرى باغلانمىغانىدى. پېپىنو خېلىلا راۋۇرۇس چامداپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۆزىگە ئۇقتۇرۇپ قويۇشقا ئۈلگۈرۈشكەن بولسا كېرەك. ئاندرېئانى روھانىيلار يۆلەپ كېلىۋاتاتتى. گۇناھكارلار ئارىلاپ - ئارىلاپ ئۇلارنىڭ ئاغزىغا تەڭلەنگەن كرېستنى سۆيەتتى.

فرانس ئۇلارنى كۆرۈشى بىلەن ئۆزىنىڭ تىزلىرى پۈكۈلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇ ئالبېرغا قارىدى. ئالبېر ئۆزىنىڭ ئاق كۆڭلىكىدىنمۇ بەكرەك ئاقىرىپ كەتكەن ھالدا، تېخى ئاران يېرىمىنى چېكىپ قويغان تاماكىسىنى ئالدىراپ - تېنەپ چۆرۈپ تاشلىۋەتتى. يالغۇز بىر گرافلا ئۆزىنىڭ ۋەزمىنلىكىنى ساقلاپ قالغانىدى. بۇنى ئاز دەپ ئۇنىڭ ئاپئاق تاتىراڭغۇ مەڭزىلىرىگە يېنىككىنە قان يۈگۈردى. ئۇنىڭ بۇرنىنىڭ تۆشۈكلىرى خۇددى خۇن ھىدىنى ئالغان يىرتقۇچ ھايۋاننىڭكىدەك كۆپۈشۈپ كەتتى؛ بىر ئاز ئېچىلىپ قالغان لەۋلىرى قاتار تىزىلغان، خۇددى چىل بۆرىنىڭكىدەك ئاپئاق ھەم ئۆتكۈر چىشلىرىنى يالىڭاچلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭ يۈزىدە خۇشخۇيلۇقنىڭ ئىللىق ئىپادىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. فرانس ئۇنىڭ چىرايىنىڭ بۇنداق ئىللىق بولغانلىقىنى ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغانىدى. بولۇپمۇ، ئۇنىڭ مۇلايىملىشىپ كەتكەن قاپقارا كۆزلىرى ئاجايىپ كۆرۈنەتتى.

بۇ ئارىدا گۇناھكارلار مويتۇڭزىغا يېقىنلاپ كېلىشتى. ئەمدى ئۇلارنىڭ چىرايىنى كۆرۈشكە بولاتتى. پېپىنو 25 ياشلار چامىسىدىكى كېلىشكەن بۇغداي ئۆڭلۈك يىگىت بولۇپ، كۆزلىرىنىڭ قاراشلىرى ئەركىن ھەم ئۆتكۈر ئىدى. ئۇ، گويا ئۆزىنىڭ ئازادلىقى قايتىدىن كېلىدىغانلىقىنى كۆرمەكچى بولغاندەك، بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۇياق - بۇياققا كۆز تاشلايتتى. ئاندرېئا سېمىز ۋە پاكار ئىدى. ئۇنىڭ يىرگىنىشلىك ۋە رەھىمسىز تەلەتىگە قاراپ، يېشىنى بىلىشكە بولمايتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇنى 30 ياش ئۆپچۆرىسىدە دەپ تەخمىن قىلىشقا بولاتتى. ئۇ تۈرمىدە ساقىلىنى قويۇۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ بېشى مەيدىسىگە ساڭگىلاپ تۇراتتى، پۇتلىرى پۈكۈلۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن جىسمى ئۆز ئىختىيارىدىن تاشقىرى ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئاڭسىز ھالدا ھەرىكەتلىنىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

— سىز بايا بىر ئادەم ئۆلتۈرۈلىدۇ دېگەندەك قىلىۋاتاتتىڭىز، — دېدى فرانس گرافقا.

— ھەئە، مەن سىزگە يالغان ئېيتمىدىم، — دېدى گراف سوغۇققانلىق بىلەن.

— ئەمما، ئۇلار ئىككى گۇناھكارنى ئېلىپ چىقتىغۇ.

— شۇنداق. لېكىن، ئۇلارنىڭ بىرى ھازىر ئۆلۈم گىردابىغا كېلىپ قالدى. ئىككىنچىسى بولسا، يەنە تېخى تالاي يىللار ئۆمۈر كۆرىدۇ.

— مېنىڭچە، ئەگەر ئۇنىڭغا كەچۈرۈم قىلىنىدىغان ئىش بولسا، بۇ ئىشنى ھازىرلا قىلىش كېرەك ئىدى.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ. ئەنە، قاراڭ. — دېدى گراف.

دەرۋەقە، پېپىنو دەل مويتۇڭزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغاندا، قارىماققا ئارقىدا كېچىكىپ قالغان بىر موناخ دەخلىسىز ھالدا ئەسكەرلەرنىڭ سەپلىرى ئارىسىدىن ئۆتۈپ، ئۇيۇشما باشلىقىنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭغا بىر ۋاراق تۆت قاتلانغان قەغەزنى سۇنۇپ بەردى. بۇ ئىشنىڭ ئەڭ ئۇششاق تەپسىلاتلىرىمۇ پېپىنونىڭ يالقۇنلۇق كۆزلىرىدىن چەتتە قالمىدى. موناخلار ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى قەغەزنى ئاچتى ۋە ئۇنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن قولىنى كۆتۈردى.

— خۇداغا شۈكۈر، پاپا ھەزرىتى ئالىيلىرىغا خەيرى - ساخاۋەت بولغاي! — ئۇ ھەربىر سۆزنى ئايرىم - ئايرىم چىقىرىپ ئۈنلۈك جاكالىدى، — گۇناھكارلارنىڭ بىرىگە كەچۈرۈم قىلىندى!

— كەچۈرۈم قىلىندى! — بارچە خالايىق بىر ئېغىزدىن ۋارقىراپ كەتتى، — بىرىگە كەچۈرۈم قىلىندى!

«كەچۈرۈم قىلىندى» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ ئاندرېئا شۈركۈنۈپ كەتتى ۋە بېشىنى كۆتۈردى.

— كىمگە كەچۈرۈم قىلىندى؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ.

پېپىنو ئۈنچىقماستىن، ئېغىر - ئېغىر نەپەس ئېلىپ تۇختاپ قالدى.

— روككا پىرئورى لەقەملىك پېپىنوغا كەچۈرۈم قىلىندى، — دېدى ئۇيۇشما باشلىقى.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇ قەغەزنى ئەسكەرلەرنىڭ قوماندانىغا بەردى. ئۇ، قەغەزنى ئېلىپ ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن يەنە قايتۇرۇپ بەردى.

— پېپىنوغا كەچۈرۈم قىلىندى! — ئاندرېئا ئۆزىنىڭ روھسىزلىقىدىن بىراقلا ھوشىغا كېلىپ ۋارقىراپ كەتتى! — نېمە ئۈچۈن ماڭا كەچۈرۈم قىلىنماي ئۇنىڭغا كەچۈرۈم قىلىنىدۇ؟ بىز ئىككىمىز تەڭ ئۆلۈشىمىز لازىم ئىدى. ئۇنىڭ مەندىن بۇرۇن ئۆلىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدىڭلارغۇ. مېنى يالغۇز ئۆلتۈرۈشكە ھوقۇقۇڭلار يوق. مەن يالغۇز ئۆلۈشنى خالىمايمەن، خالىمايمەن!

ئۇ، روھانىيلارنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ ئۆزىنى ھەر يانغا ئاتاتتى، تېپىچەكلەيتتى، ۋايساپ تاقشايتتى، تەلۋىلەرچە ھۆركىرەپ يىغلايتتى ۋە قوللىرى باغلانغان ئارغامچىنى ئۈزۈۋېتىشكە ئۇرۇناتتى. جاللات ئۆزىنىڭ ياردەمچىلىرىگە ئىشارەت قىلىپ قويدى. ئۇلار مويتۇڭزىدىن سەكرەپ چۈشۈپ گۇناھكارنى تۇتۇۋېلىشتى.

— بۇ نېمە ئىش؟ — دەپ سورىدى فرانس گرافتىن.

بۇ يەردە ھەممە كىشىلەر رىم شېۋىسىدە سۆزلىگەنلىكتىن، ئۇ نېمە بولغانلىقىنى ياخشى چۈشىنەلمەي قالغانىدى.

— بۇ نېمە ئىش دەمسىز؟ — دەپ ياندۇرۇپ سورىدى گراف، — ئۆزىڭىز پەملىيەلمىدىڭىزمۇ؟ ھازىر ئۆلىدىغان بۇ ئادەم يەنە بىر ئادەمنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە ئۆلمەيدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن ئالتۇپىلاڭ كۆتۈرۈۋاتىدۇ. ئەگەر شۇ تاپتا ئۇنىڭ مەيلىگە قويۇپ بەرسە، ئۆزى ھاياتتىن ئايرىلىش ئالدىدا يەنە بىرەيلەننىڭمۇ جېنىنى ئامان قويماسلىق ئۈچۈن ئۇنى تىرناقلىرى بىلەن ۋە چىشلىرى بىلەن پارە - پارە قىلىۋېتەر ئىدى. ئاھ، ئىنسانلار، ئىنسانلار! كارل موئورنىڭ ئېيتقىنىدەك، تىمساقلارنىڭ نەسلى! — دەپ خىتاب قىلدى گراف، خالايىقنىڭ ئۈستىدىن مۇشتلىرىنى سىلكىتىپ تۇرۇپ، — مەن سىلەرنى بىلىمەن، سىلەر ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۆزۈڭلارغا مۇناسىپ!

ئاندرېئا بىلەن جاللاتنىڭ ياردەمچىلىرى چاڭ - توزانلىق

يەر ئۈستىدە چېلىشىپ دومىلاۋاتاتتى. گۇناھكار توختىماستىن: «ئۇمۇ ئۆلسۇن! مەن ئۇنىڭ ئۆلۈشىنى خالايمەن! مېنى يالغۇز ئۆلتۈرۈشكە ھەققىڭلار يوق!» — دەپ ۋارقىرىماقتا ئىدى.

— قاراڭلار، — دېدى گراف يىگىتلەرنىڭ قوللىرىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، — قاراڭلار. خۇدا ھەققى، بۇنى بىر كۆرۈپ قويۇشقا تېگىشلىك. مانا، تەقدىرگە تەن بېرىپ مويتۇڭزىغا كېلىۋاتقان ئادەم؛ رەزىل بولسىمۇ، غەلۋە قىلماي، زارلانماي ئۆلۈمگە رازى بولغان ئادەم. ئۇنىڭغا نېمە مەدەت بولغان؟ نېمە تەسەللى بولغان، بىلەمسىلەر؟ نېمە ئۈچۈن ئۇ ياۋاشلىق بىلەن ئۆلۈمنى بېشىغا ئالغان، بىلەمسىلەر؟ چۈنكى، يەنە بىر ئادەممۇ ئۆزىگە ئوخشاش ئازابلانماقتا ئىدى؛ چۈنكى ئاشۇ يەنە بىر ئادەممۇ خۇددى شۇنداقلا ئۆلتۈرۈلمەكچى ئىدى؛ چۈنكى ئاشۇ يەنە بىر ئادەم ئۇنىڭدىن بالدۇر ئۆلۈشى كېرەك ئىدى! ئىككى قوشقارنى بوغۇزلاشقا ئېلىپ كەلسە، ئىككى ئۆكۈزنى سويۇشقا ئېلىپ كەلسە، ئۇلارنىڭ بىرىگە ئۇنىڭ ھەمراھىنى ئۆلتۈرمەيدىغان بولغانلىقىڭلارنى ئۇقتۇرۇپ بېقىڭلار. قوشقار خۇشاللىقىدىن مەرەپ كېتىدۇ، ئۆكۈز شادلىنىپ مۆرەپ كېتىدۇ. لېكىن خۇدانىڭ ئۆز شەكلى ۋە سىياقىدا يارالغان ئىنسان، خۇدايىم ئۇنىڭ دىلىغا بىردىنبىر ئەڭ ئالىي قانۇنىيەت بولغان كىشىلىك مۇھەببەتنى ئاتا قىلغان شۇ ئىنسان، خۇدايىم ئۇنىڭغا ئۆز پىكرىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن تىل بەرگەن شۇ ئىنسان ئۆزىنىڭ ھەمراھى قۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن نېمىدەپ ۋارقىراۋاتىدۇ؟ لەنەت! ياشاپ كەتكىن ئىنسان، تەبىئەتنىڭ گۈلتاجى، مەخلۇقاتلارنىڭ ھۆكۈمرانى!

گراف شۇ گەپلەرنى قىلىپ، ئۈنلۈك كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسى شۇنداق سۈرلۈك ئىدىكى، پەقەت كۆپ دەرد تارتقان ئادەمنىڭلا شۇنداق كۈلۈشى مۇمكىن ئىدى.

بۇ ئارىدا، مويتۇڭزىنىڭ يېنىدىكى چېلىشىش داۋاملىشىۋاتقان بولۇپ، بۇنى كۆرۈشكە چىداپ تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. جاللاتنىڭ ياردەمچىلىرى ئاندرېئانى مويتۇڭزىغا سۆرەپ ئېلىپ بارماقتا ئىدى. ئاندرېئا پۈتۈن جامائەتنى ئۆزىگە قارشى قىلىۋالدى. 20 مىڭ ئادەم بىر ئېغىزدىن «ئۆلتۈرۈڭلار! ئۆلتۈرۈڭلار ئۇنى!» دەپ تۇۋلاشماقتا ئىدى.

فرانس ئارقىغا سەنتۈرۈلۈپ كەتتى. ئەمما گراف يەنە ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇۋالدى ۋە ئۇنى دېرىزىنىڭ يېنىدىن كەتكۈزمىدى.

— نېمە بولدىڭىز؟ — دەپ سورىدى گراف ئۇنىڭدىن، — ئۇنىڭغا ئىچىڭىز ئاغرىۋاتامدۇ؟ بەللى، شۇمۇ ئورۇنلۇق ئىچ ئاغرىتىش بوپتۇ-دە! ئەگەر سىز ئۆيىڭىزنىڭ يېنىدا بىر غالجىر ئىتنىڭ قۇتراپ يۈرگەنلىكىنى كۆرسىڭىز، دەرھال قولىڭىزغا مىلتىق ئېلىپ تاشقىرىغا يۈگۈرۈپ چىققان بولاتتىڭىز ۋە قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئۇنى ئېتىپ تاشلايتتىڭىز. ئەمەلىيەتتە بۇ بىچارە جانىۋار پەقەت ئۇنى باشقا بىر غالجىر ئىت چىشلىۋالغانلىقى ئۈچۈنلا ئەيىبلىك. لېكىن، بۇ يەردە سىز، ئۆزىنى ھېچكىم چىشلىمىگەن ۋە شۇنداق تۇرۇپ يەنە ئۆزىگە ئاتىدارچىلىق قىلغان كىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بىر ئادەمگە ئىچىڭىزنى ئاغرىتىۋاتىسىز. ئۇ ئەمدى قوللىرى باغلىنىپ، ئادەم ئۆلتۈرەلمەيدىغان بولۇپ قالغاندا ئەسەبىيلىشىپ، ئۆزى بىلەن بىر زىنداندا ياتقان، ئېغىر كۈنلەردە ئۆزىگە ھەمنەپەس بولغان ھەمراھىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. ياق، قاراڭلار، قاراڭلار!

گرافنىڭ تەشەببۇسى ئارتۇقچە ئىدى. فرانس بۇ دەھشەتلىك كۆرۈنۈشتىن كۆزىنى ئالالماي قاراپ قالدى. جاللاتنىڭ ياردەمچىلىرى گۇناھكارنى مويتۇڭزىغا سۆرەپ ئېلىپ چىقىشتى ۋە ئۇنىڭ تېپىشلىرى، چىشلەشلىرى ھەم داد-پەرياد قىلىشى

لىرىغا قارىماستىن، ئۇنى تىزلىنىپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر قىلىشتى. جاللات قولىغا ئومۇتنى ئېلىپ ئۇنىڭ يان تەرىپىگە كېلىپ تۇردى. جاللاتنىڭ ئىشارىتى بىلەن ياردەمچىلىرى چەتكە ئۆتۈپ تۇرۇشتى. گۇناھكار يەنە تۇرماقچى بولغانىدى، لېكىن ئۈلگۈرەلمەدى. ئومۇت گۈپپىدە قىلىپ ئۇنىڭ سول چېكىسىگە ئۇرۇلدى. ئاندىرىئا خۇددى ئۆكۈزگە ئوخشاش يىقىلىپ دۈم چۈشتى، ئاندىن بىر تىپىرلاپ ئوڭدىسىغا يېتىپ قالدى. شۇندىن كېيىن جاللات ئومۇتنى چۆرۈپ تاشلىدى، غىلاپتىن پىچىقىنى چىقاردى، پىچاق بىلەن بىرنى ئۇرۇپ ئۇنىڭ بوينىنى ئۈزۈپ تاشلىدى ۋە ئۇنىڭ قورسىقىغا چىقىۋېلىپ، دەسسەشكە باشلىدى. ھەر بىر دەسسىگەندە ئۆلۈكنىڭ گېلىدىن قان ئېتىلىپ چىقاتتى.

فرانس ئەمدى بۇنىڭدىن ئارتۇق چىداپ تۇرالمىدى. ئۇ، بۆلمىنىڭ ئىچكىرىسىگە يۈگۈرگەندەك قېچىپ باردى-دە، ھوشىدىن كېتەيلا دەپ قالغان ھالدا ئورۇندۇققا ئۆزىنى تاشلىۋەتتى. ئالبېر كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋالغان پېتىچە دېرىزىنىڭ پەردىسىگە يېپىشىپ قالغانىدى. گراف بەجايىكى بالايىئاپەتنىڭ تەنتەنە قىلىۋاتقان ئىجاتكارىدەك بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۆز جايىدا تۇراتتى.

ئالتىنچى باب

رىمدا كارناۋال

فرانس ئۆزىگە كەلگەندە، تامدەك تاتىرىپ كەتكەن ئالبېرنىڭ سۇ ئىچىۋاتقانلىقىنى ۋە گرافنىڭ ئۇچىسىغا تىياتىر

قىزىقچىسى كىيىدىغان ھېلىقى كىيىمنى كىيىۋاتقانلىقىنى كۆردى. فرانس ئىختىيارسىز ھالدا مەيدانغا كۆز تاشلىدى. جادا، جاللاتلار، ئۆلتۈرۈلگەن كىشى — ھەممىسى غايىب بولغانىدى. ئۇ يەردە پەقەت ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىۋاتقان، ھاياجانلانغان، شادلىققا تولغان ئادەملەر توپى قالغانىدى. بىر بولسا پاپانىڭ ۋاپاتىنى، يەنە بىر بولسا كارناۋالنىڭ باشلىنىشىنىلا ئېلان قىلغۇچى مونتې-چىتورىئو قوڭغۇرىقى قاتتىق جاراڭلاۋاتاتتى.

— نېمە ئىشلار بولۇپ كېتىۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ گرافتىن.

— ھېچنېمە، ئۆزىڭىز كۆرۈۋاتىسىزغۇ، ھېچنېمە بولغىنى يوق، — دەپ جاۋاب بەردى گراف، — كارناۋال باشلاندى. چاققانراق كىيىنىڭ.

— ئەجەبا، — دېدى فرانس، — بۇ دەھشەت خۇددى ئادەمنىڭ چۈشىدەكلا تارقىلىپ كەتتى.

— دېمىسىڭىزمۇ، بۇ خۇددى سىزنى چۈشىڭىزدە قارا بېسىپ قالغاندەكلا بىر ئىش.

— ماڭغۇ شۇنداق، لېكىن ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمچۇ؟

— ئۇنىڭغىمۇ شۇنداق بولدى. پەرقى پەقەت شۇكى، ئۇ مەڭگۈلۈككە ئۇخلاپ قالدى، سىز بولسىڭىز قايتىدىن ئويغاندىڭىز. ئەمدى بۇ ئىككىڭلارنىڭ قايسى بىرىڭلار بەختلىكرەك بولۇپ چىققانلىقىڭلارنى كىم بىلسۇن؟

— ھە، ھېلىقى پېپپىنو دېگەن قېنى؟ — دەپ سورىدى فرانس، — ئۇنىڭغا نېمە بولدى؟

— پېپپىنو دېگەن، ئارتۇقچە تەكەببۇرلۇقى بولمىغان پەمى بار يىگىت. ئۇ، ئۆزىنىڭ كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ قالغانلىقىغا خاپا بولۇپ تۇرماي، بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ھەتتا ئۆزىنى مويتۇڭىزغا ئۇزىتىپ كەلگەن روھانىيلارغا رەھمەت دەپمۇ

قويماستىن، خالايىقنىڭ ئارىسىغا شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتى. ئادەم بالىسى دېگەن ھەقىقەتەن ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان شەخسىيەتچى مەخلۇق... ھە، قېنى، كىيىملىرىڭىزنى كىيىڭ، ئەپەندى. قاراڭ، دوستىڭىز سىزگە باشلامچىلىق قىلىۋاتىدۇ.

دەرۋەقە، ئالبېر ئۆزىنىڭ قارا شىمى ۋە لاكلانغان ئاياغلىرى ئۈستىدىن ئەتلەس شالۋۇرنى تارتىپ كىيىپ بولغانىدى.

— ھە، قانداق، ئالبېر، — دەپ سورىدى فرانىس، — شوخلۇق قىلىپ ئويناشقا مەيلىڭىز بارمۇ؟ راستىنى ئېيتىڭ.

— ياق مەيلىم يوق، — دېدى ئالبېر، — بىراق، راستىنى ئېيتقاندا، مەن بۇ ئىشلارنى كۆرگىنىمگە خۇش بولدۇم. مەن گرافنىڭ پىكرىگە قوشۇلىمەن. بۇنداق ئىشنى بىر قېتىم كۆرۈشكە مادارىڭ يەتسە، ئاخىرىغا بېرىپ، بۇ ئىش ساڭا كۈچلۈك تەسىر قىلالىغان بىردىنبىر ۋەقە بولۇپ قالىدۇ.

— يەنە كېلىپ، پەقەت مۇشۇنداق پەيتتىلا ئادەملەرنى تەتقىق قىلىشقا بولىدۇ، — دېدى گراف، — مويتۇڭزىنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدىلا ئۆلۈم ئادەمنىڭ ئۆز ئۆمرىدە تارتىپ يۈرگەن چۈمپەردىسىنى يۇلۇپ تاشلايدۇ ۋە شۇ چاغدا ئۇنىڭ ھەقىقىي قىياپىتى ئاشكارىلىنىدۇ. ئېتىراپ قىلىش لازىمكى، ئاندرېئانىڭ قىياپىتى يېقىملىق بولمىدى. نېمىدېگەن پەس مۇناپىق! ھە، كىيىنىڭلار، جانابلار، كىيىنىڭلار!

فرانىسقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۆز ھەمراھلىرىغا ئوخشاش ئىش تۇتماستىن، نازلىنىپ تۇرۇش كۈلكىلىك بولار ئىدى. ئۇ، كىيىم-كېچەكلىرىنى ۋە ئاقلىقتا ئۆزىنىڭ تاتىرىپ كەتكەن يۈزىنى بېسىپ چۈشەلمەيدىغان نىقابىنى كىيدى. ئۇلار كىيىنىپ بولغاندىن كېيىن تاشقىرىغا چىقتى. ئىشىك ئالدىدا ئۇلارنى قەغەز چاچمىسى ۋە گۈلدەستىلەر بىلەن تولدۇرۇلغان بىر پەيتۇن كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇلار سانسىزلىغان پەيتۇنلار قاتارىغا قوشۇلۇپ

ئۆز ئورنىنى ئىگىلىدى. بۇنداق كەسكىن ئۆزگىرىشنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش قىيىن ئىدى. ئۆلۈمنىڭ سۈرلۈك ۋە جىمجىت كۆرۈنۈشىنىڭ ئورنىغا پىياتسا-دېل-پوپولو مەيدانى ئەمدى شاد-خوراملىق ۋە قاينام-تاشقىنلىق بەزمە مەنزىرىسىنى ئەكس ئەتتۈرەتتى. ئىشىكلەردىن يۈگۈرۈپ چىقىۋاتقان، دېرىزىلەردىن ئارتىلىپ چۈشۈۋاتقان نىقابلىق كىشىلەر توپ-توپى بىلەن تۆشمۇ تۆشتىن كېلىپ قوشۇلماقتا ئىدى. ھەممە كوچىلاردىن كۆچمە تىياتىر ئارتىسلىرى، كومېدىيە مەسخىرىۋازلىرى، مەخسۇس كارناۋال تونلىرىنى كىيگەن ئەر-ئاياللار، ماركىزلار، تىرانستېۋېرلىقلار، سېرىك قىزىقچىلىرى، رىتسارلار، دېھقانلار بىلەن تولغان پەيتۇنلار چىقىپ كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ۋارقىرايتتى، قوللىرىنى پۇلاڭشىتاتتى، ئىچىگە قەغەز چاچمىسى تولدۇرۇلغان تۇخۇملارنى، گۈلدەستىلەرنى ئېتىشاتتى، چاقچاق ۋە بىر-بىرىگە ئېتىشىدىغان تۈرلۈك نەرسىلەرنى ئۆز ۋە ئۆزگىلەرنىڭ، تونۇش ۋە ناتونۇشلارنىڭ ئۈستىگە ياغدۇراتتى. بۇنىڭغا خاپا بولۇشقا ھېچكىمنىڭ ھەققى يوق ئىدى، ھەر قانداق قىلىقلارغا كۈلۈشمەك بىلەن جاۋاب قايتۇرۇلاتتى.

فرانىس بىلەن ئالبېر گويا كى ئۇلارنىڭ غەملىرىنى تارقىتىۋېتىش ئۈچۈن مەيخانىغا ئېلىپ كىرىلگەن ۋە كەيپى ئۆرلىگەنسېرى ئۆتكەن ئىشلار تۇمان بىلەن قاپلىنىپ يوقاپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىۋاتقان ئادەملەرگە ئوخشايتتى. ئۇلار ھېلىمۇ بايا كۆرگەن ئىشلارنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئىدى. لېكىن، ئاستا-ئاستا ئۇلارمۇ ئومۇمىي ئويۇن-تاماشىغا بېرىلىپ كەتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنى خۇددى ئەقلىي-ھوشىنى يوقىتىشقا ئاز قالغاندەك سېزەتتى، بۇ مالىماتاڭ قىستاڭچىلىقنىڭ قويۇندەك قاينىمىغا بېشى بىلەن چۆكۈپ كىرىپ كېتىشكە ئىنتىلىپ تۇراتتى. ياندىشىپ كەلگەن بىر ھارۋىدىن مورسېرغا تارتىپ ئېتىلغان بىر

ستىم قەغەز چاچمىسى ئالبېر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ ئۈستىبېشىغا چېچىلىپ چۈشتى. ئۇنىڭغا بەجايىكى يۈزلىگەن يىڭنىلەر ئېتىلىپ تەككەندەك تۇيۇلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بوينى ۋە يۈزىنىڭ نىقابتىن خالى يەرلىرى چىم-چىم قىلىپ كەتكەنلىكىنى سەزدى. بۇ ھال ئۇنىڭمۇ بۇ ئاممىۋى جەڭگە قاتنىشىشىغا تۈرتكە بولدى. ئۇنىڭغا دوقۇرۇشۇپ كېلىۋاتقان ھەممە نىقابلار ئاللىقاچان جەڭگە ئاتلىنىپ بولغانىدى. ئۇمۇ باشقىلارغا ئوخشاش ھارۋىنىڭ ئۈستىدە ئۆرە تۇرۇۋالدى-دە، بارلىق كۈچى ھەم چاققانلىقى بىلەن ئەتراپتىكىلەرگە تۇخۇم ۋە دراژېلارنى① ياغدۇرۇشقا باشلىدى. شىددەتلىك جەڭ باشلىنىپ كەتتى. يېرىم سائەت ئىلگىرى كۆرگەن ئىشلارنىڭ ئەسلىمىلىرى بۇ ئىككى دوستنىڭ خاتىرىسىدىن ئىزسىز كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. كۆز ئالدىدىكى رەڭگارەڭ، شوخ، ھەيرەتلىك كۆرۈنۈشلەر ئۇلارنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى چۇلغىۋالماقتا ئىدى. گراف مونتې-كرىستوغا كەلسەك، ئۇ خۇددى بايىقى ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتىكىگە ئوخشاش تەمكىنلىكىنى بىر ئازمۇ ئۆزگەرتمىگەنىدى.

ئۇزۇن كۆركەم كورسو كوچىسىنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈڭ. ئۇ چېتىدىن-بۇ چېتىگىچە ئىككى تەرىپىدە زىننەتلەنگەن ئىمارەتلەر تىزىلغان بولۇپ، ھەممە بالكونلارغا گىلەم سېلىنغان، ھەممە دېرىزىلەرگە پەردە تارتىلغان. بالكون ۋە دېرىزىلەردە رىملىقلار، ئىتالىيانلار ۋە دۇنيانىڭ جاي-جايلىرىدىن كېلىپ يىغىلغان چەت ئەللىكلەردىن تەركىب تاپقان 300 مىڭ تاماشىبىن؛ مەرتىۋىلىك، باي ۋە تالانتلىق ئاقسۆڭەكلەر؛ بۇ قالتىس تاماشىغا زوق ئەيلىگەن چىرايلىق ئاياللار بالكونلاردىن ئېڭىشمەكتە، دېرىزىلەردىن ئېگىلىپ قاراشماقتا، ئۆتكەن-كەچكەنلەرنىڭ ئۈستىگە قەغەز چاچمىلارنى يامغۇردەك ياغدۇرماقتا. بۇنىڭغا جاۋابەن پەستىكىلەر ئۇلارغا قارىشىپ گۈلدەستىلەرنى ئېتىشماقتا. تۆۋەنگە ئېتىلىپ چۈشۈۋاتقان دراژېلار ۋە يۇقىرىغا ئۇچۇپ چىقىۋاتقان گۈللەر ھاۋانى قاپلاپ كەتتى. يولنىڭ چەتلىرىدە بولسا، تىقما-تىقماق بولۇپ كەتكەن، دۇنيادىن پەرۋايى پەلەك ئادەملەر ئۇچىسىغا ئەڭ قاملاشمىغان كىيىملەرنى كىيىۋېلىشقان، يەنى: سەيپارە ئېقىپ يۈرگەن يوغان-يوغان كاپۇستا باشلار، ئادەمنىڭ گەۋدىسىگە ئورنىتىلغان ئۆكۈزلەرنىڭ باشلىرى، ئارقا پۇتلىرى بىلەن مېڭىپ يۈرگەن ئىتلار. بۇ قالايمىقانچىلىق ئىچىدە توساتتىن كۆتۈرۈلگەن نىقابنىڭ تېگىدىن خۇددى كاللونىڭ چۈشىگە كىرگەن ئەۋلىيا ئانتونىي ۋەسۋەسە پەيدا قىلغان ۋاقىتتىكىگە ئوخشاش قانداقتۇر بىر ئاستارتانىڭ ئايدەك جامالى غىلپال كۆرۈنۈپ قالدۇ-دە، ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلىشىپ بارسەن. ئەمما بۇ ئارىدا گويا كى بەزەن كېچىلەردە چۈشەكەپ قارا بېسىپ قالغاندا كۆرۈنىدىغان قانداقتۇر بىر جىن-ئالۋاستىلار غىلجىڭلاپ كېلىپ يولۇڭنى توسۇۋالىدۇ. مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرسىڭىز رىمدىكى كارناۋالنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئاز-تولا تەسەۋۋۇر قىلالايسىز.

ئۇلار كورسو كوچىسىنى ئىككى قېتىم كېزىپ ئۆتكەندىن كېيىن گراف ھارۋىلار قاتنىشىنىڭ بىر دەملىككە توختاپ قالغانلىق پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز ھەمراھلىرىدىن پەيتونىنى ئۇلارنىڭ ئىختىيارىغا قالدۇرۇپ قايتىپ كېتىشكە ئىجازەت سورىدى. فرانس بېشىنى كۆتۈرۈپ، روسپولى قەھۋەخانىسىنىڭ ئالدى قىسمىنى كۆردى. قىزىل كىرىستلىق ئاق پەردە تارتىلغان ئوتتۇرىدىكى دېرىزىدە ھاۋا رەڭ كىيىم كىيگەن بىر گەۋدە كۆرۈنۈپ تۇرغان بولۇپ، فرانسنىڭ نەزەرلىرى ئالدىدا ئارجېنتىنا تىياتىرخانىسىدا كۆرگەن ھېلىقى گۈزەل قىزنىڭ چىرايى نامايان بولدى.

---

① دراژې — ئەسلى مەنىسى: بىر خىل دومىلاق كەمپۈت؛ بۇ يەردىكى مەنىسى: كەمپۈتكە تەقلىد قىلىپ گۈللۈك قەغەزلەرگە ئورالغان قەغەز چاچمىسى.

— جانابلار، — دېدى گراف پەيتۇندىن چۈشۈپ، — قاچانكى سىلەر ئارتىس بولۇشتىن زېرىكىپ، ئويۇن كۆرگۈچىلەرگە ئايلىنىشنى خالىساڭلار، مېنىڭ دېرىزىلىرىمدىكى ئورۇنلار سىلەرنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماڭلار. ئۇنىڭغىچە، مېنىڭ ھارۋىكىشىم، پەيتۇنۇم ۋە خىزمەتكارلىرىم سىلەرنىڭ ئىختىيارىڭلاردا بولسۇن.

بىز شۇنى ئېيتىپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قاپتۇقكى، گرافنىڭ ھارۋىكىشى بەئەينى «ئېيىق بىلەن پاشا» دراممىسىدىكى ئودرىغا ئوخشاش قارا ئېيىق بولۇپ ياسانغان، پەيتۇننىڭ كەينىگە ئېسىلىپ تۇرغان ئىككى خىزمەتكار بولسا، يېشىل مايمۇنلار بولۇپ كېيىنگەنىدى.

ئۇلارنىڭ نىقابلىرى پۈرژىنا بىلەن بېكىتىلگەن بولۇپ، ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە قاراپ تەلەتىنى ئويناقلىتىپ تۇراتتى.

فرانس گرافنىڭ بۇ ئىلتىپاتلىق تەكلىپىگە تەشەككۈر ئەيلىدى. ئالبېر بۇ ئارىدا، تولىمۇ نازاكەتلىك بىلەن دېھقانچە كىيىنگەن ئاياللار ئولتۇرغان بىر پەيتۇنغا گۈل چېچىش بىلەن ئاۋارە ئىدى. بىراق، بۇ چاغدا دەريادەك ئېقىپ تۇرغان ھارۋىلار يەنە ھەرىكەتكە كەلدى ۋە ئالبېر پىياتسا - دېل - پوپولو مەيدانى تەرەپكە ئېقىپ كېتىۋاتقان مەزگىلدە ئۇنىڭ دىققىتىنى جەلىپ قىلغان ھارۋا ۋېنېتسىيان سارىيى تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

— كۆردىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ فرانستىن.

— نېمىنى؟ — دەپ سورىدى فرانس.

— بايىقى دېھقانچە كىيىنگەن ئاياللار ئولتۇرغان ھارۋىنى.

— ياق.

— ئەپسۇس! بۇ چوقۇم ناھايىتى چىرايلىق ئاياللار بولۇشى كېرەك.

— ئاپلا، يۈزىڭىزدە نىقاب بولغىنى چاتاق بوپتۇ - دە، —

دېدى فرانس، — بۇ، سىزنىڭ ئىشقىي مۇۋەپپەقىيەتسىزلىكلىرىڭىزنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشقا ناھايىتى ئەپلىك پۇرسەت بوپتىكەن!

— قانداقلا بولمىسۇن، كارناۋالدا بىرەر نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۈمىدىم زور، — دېدى ئالبېر چاقچاق ئارىلاش جىددىيلىك بىلەن.

ئالبېرنىڭ ئۈمىدلىرىگە مۇخالىپ ھالدا پۈتۈن بىر كۈن ئالاھىدە بىر ئىش بولمايلا ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلار پەقەت ھېلىقى ھارۋا بىلەن يەنە بىرنەچچە قېتىم ئۇچرىشىشتى. بۇ ئۇچرىشىشلارنىڭ بىرىدە تاسادىپىيمۇ ياكى ئاتايىنمۇ، ئەيتاۋۇر ئالبېرنىڭ نىقابى يېشىلىپ كەتتى. ئەنە شۇ چاغدا ئۇ ئۆز يېنىدا ئېشىپ قالغان گۈللەرنىڭ ھەممىسىنى ئىككى قولى بىلەن يىغىۋېلىپ، شۇ ھارۋىغا چۆرۈپ تاشلىۋەتتى. ئالبېرنىڭ پەرىزىچە ناھايىتى چىرايلىق بولغان بۇ دېھقانچە كىيىنگەن ئاياللاردىن بىرى ئۇنىڭ بۇنداق دىققەت - ئېتىبارىدىن تەسىرلەنگەن بولسا كېرەك، ئۇلارنىڭ ھارۋىسى يىگىتلەرنىڭ پەيتۇنىغا يەنە بىر قېتىم ياندىشىپ كەلگەندە ئۇ ئايال ئۇنىڭغا بىر دەستە بىنەپشە گۈلنى تاشلاپ بەردى. ئالبېر گۈلدەستىنى دەرھال تۇتۇۋالدى. فرانسنىڭ، بۇ گۈللەر ماڭا تاشلاندى دەپ ئويلاشقا ھېچقانداق ئاساسى بولمىغاچقا، گۈلدەستىنى ئالبېرنىڭ ئېلىۋېلىشىغا توسقۇنلۇق قىلمىدى. ئالبېر زەپەر قۇچقان قىياپەتتە گۈلدەستىنى چاپىنىنىڭ ئىزمىسىغا قادىۋالدى ۋە پەيتۇن تەنتەنىلىك ھالدا ئۆز يولىغا كېتىۋەردى.

— مانا بۇ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىسىنىڭ باشلىنىشى! — دېدى فرانس.

— قانچىلىك كۈلسىڭىز كۈلۈۋېرىڭ، — دېدى ئالبېر ئۇنىڭغا، — مېنىڭچە، بۇ ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق ئىش. مەن ئەمدى بۇ گۈلنى ھەرگىز تاشلىۋەتمەيمەن.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ - دە! — دېدى فرانس يەنەچاقچاق قىلىپ، — ئۇنداق بولمىغاندا، بىر - بىرىڭلارنى قانداق تونۇۋېلىشقا بولىدۇ؟

ئېيتقاندەك، چاقچاق چىڭىغا چىقىشقا باشلىدى. فرانس بىلەن ئالبېر ئاشۇ ھارۋىغا يەنە بىر قېتىم دۇچ كەلگەندە، ئالبېرغا گۈل تاشلاپ بەرگەن نىقابلىق ئايال ئۇنىڭ بۇ گۈللەرنى ئىزەمسىغا قادىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ چاۋاك چېلىپ كەتتى.

— بەللى، بەللى! — دېدى فرانس، — ھەممە ئىشلار يۈرۈشۈپ كېتىۋاتىدۇ. ئەمدى مەن سىزنى يالغۇز قالدۇرۇپ كەتسەم بولامدۇ؟

— ياق، ياق. ئالدىراپ كەتمەيلى! ئۇ مېنى ھەجىيىپ قويسىلا بېشى ئايلىنىپ كېتىدىغان نەرسىكەن دەپ قالمىسۇن. ئەگەر گۈزەل دېھقان ئايال بۇ ئويۇننى داۋاملاشتۇرماقچى بولسا، بىز ئەتە ئۇنى يەنە ئۇچرىتىمىز ياكى توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئۇ ئۆزى بىزنى ئىزلەپ تاپىدۇ. ئۇ ئۆزى بىر نېمە دەيدۇ. شۇ چاغدا ئەھۋالغا قاراپ ئىش قىلىمەن.

— بەللى، ئالبېر، سىز خۇددى نېستوردەك دانىشمەن ۋە ئۇلىستەك ئېھتىياتچان ئىكەنسىز. ئەگەر سىزنىڭ سېھرىسىڭىز سىزنى قانداقتۇر بىر ئاڭسىز مەخلۇققا ئايلاندۇرۇۋەتمىسە، دېمەك ئۇ بىر بولسا ئىنتايىن ئۇستات، بىر بولسا ئىنتايىن قۇدرەتلىك بولغان بولىدۇ.

ئالبېرنىڭ ئېيتقىنى توغرا بولۇپ چىقتى. ناتونۇش نازىنىن بۇ ئويۇننى بۈگۈنكى كۈندە داۋاملاشتۇرۇشنى ئويلىمىغان بولسا كېرەك. يىگىتلەر كوچىنى يەنە بىرنەچچە قېتىم ئايلىنىپ چىققان بولسىمۇ، دېھقانچە كىيىنگەن ئاياللارنىڭ ھارۋىسى ئۇچرىمىدى. ئېھتىمال، ئۇ ھارۋا يان كوچىلارنىڭ بىرىگە كىرىپ كەتكەن بولسا كېرەك. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار روسپولى قەھۋەخانىسىنىڭ

ئالدىغا كەلدى. لېكىن، ئۇ يەردە گرافمۇ، ھاۋارەڭ كىيىم كىيگەن قىزمۇ يوق ئىدى. سېرىق پەردە تارتىلغان دېرىزىلەرنىڭ يېنىدا بىرنەچچە كىشى تاماشا كۆرۈپ تۇراتتى. ئۇلارنى گراف تەكلىپ قىلغان بولسا كېرەك. دەل شۇ پەيتتە كارناۋالنىڭ باشلانغانلىقىنى ئېلان قىلغان قوڭغۇراق ئەمدى ئۇنىڭ ئاياغلاشقانلىقىنى ئېلان قىلدى. كورسو كوچىسىدىكى زەنجىردەك تىزىلىپ كەتكەن ھارۋا سەپلىرى شۇ ھامان پارچىلىنىشقا باشلىدى ۋە كېسىشىپ ئۆتكەن ھەرقايسى كوچىلارغا كىرىپ تارقىلىپ كېتىشتى. فرانس بىلەن ئالبېر بۇ چاغدا ماراتتى كوچىسىنىڭ ئۇدۇلىدا تۇراتتى. ھارۋىكەش گەپ - سۆز قىلماي ھارۋىنى ھەيدەپ دوق-مۇشتىن ئەگىدى ۋە پولى قەھۋەخانىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ، پىياتسا-سپانىيا كوچىسىغا چىقتى - دە، مېھمانخانا ئالدىغا كېلىپ توختىدى. پاستىرىنى ئەپەندى ئۆز مېھمانلىرىنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن ئىشىك ئالدىغا چىقتى. فرانس ئەڭ ئالدى بىلەن، گرافنىڭ خەۋىرىنى ئېلىش ۋە ئۇنى ئېلىپ قايتىش ئۈچۈن ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭ يېنىغا كىرەلمەي قالغانلىقىغا ئۆزىنىڭ ئۆزرىخاھلىقىنى بىلدۈرۈش كويىدا ئىدى. لېكىن، پاستىرىنى ئۇنى خاتىرجەم قىلىپ، گراف مونتې - كرىستونىڭ ئۆزىگە باشقا پەيتون ياللىۋالغانلىقىنى ۋە شۇ پەيتون ئۇنى روسپولى قەھۋەخانىسىدىن قايتۇرۇپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. بۇنىڭدىن تاشقىرى، گراف يەنە ئۆزىنىڭ ئارجېنتىنا تىياتىرخانىسىدىكى لوژاسىنىڭ ئاچقۇچىنى يىگىتلەرگە بېرىپ قويۇشنى ئۇنىڭغا ھاۋالە قىلغانىدى.

فرانس ئالبېردىن بۈگۈنكى كەچقۇرۇنلۇقنى قانداق ئۆتكۈزۈشنى ئويلاۋاتقانلىقىنى سورىدى. لېكىن، ئالبېر تىياتىرنى ئويلىماستىن، ئۆزىنىڭ ئاللىقانداق مۇددىئاسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتاتتى. ئۇ، فرانسقا جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا پاستىرىنى ئەپەندىگە مۇراجىئەت قىلىپ، بىرەر سەيپۇڭ تېپىشقا بولامدۇ، دەپ سورىدى.

— سەيپۇڭ؟ — دەپ سورىدى خوجايىن، — ئۇنى نېمە قىلىسىز؟

— ئەتىكى كۈنگە ئۇلگۇرتۇپ بىزگە بىر قۇردىن دېھقانچە كىيىم تىككۈزمەكچىمەن، — دېدى ئالبېر.

پاستىرنى ئەپەندى بېشىنى چايقاپ قويدى.

— ئەتىكى كۈنگە ئۇلگۇرتۇپ ئىككى كىشىلىك كىيىم تىككۈزۈش! — دەپ خىتاب قىلدى ئۇ، — مانا بۇ ھەقىقەتەن جىڭ فرانسۇزچە تەلەپ بولدى - دە، ئەپەندىم. ئىككى كىشىلىك كىيىم! سىز پۈتۈن بىر كارناۋال ھەپتىلىكى جەريانىدا چاپىنىڭىزغا بىرنەچچە تال تۈگمە قاداپ بېرىشكىمۇ بىرەر سەيپۇڭنى تاپالمايسىز. ھەتتا ھەر بىر تۈگمىگە تولۇق بىر سكۇدو ھەق بېرىمەن دېسىڭىزمۇ سەيپۇڭ تېپىلمايدۇ.

— ئەمىسە، ئۇنداق كىيىملەرنى تېپىشقا بولمايدىكەن - دە؟

— ياق، نېمىشقا ئۇنداق بولسۇن؟ تەييار كىيىملەر تېپىلىدۇ. بۇ ئىشنى ماڭا قويۇپ بېرىڭ. سىز ئەتىگەندە ئورنىڭىزدىن تۇرغاندا بىر دۆۋە شلەپە، كالتا چاپان ۋە ئىشتانلارنى كۆرىسىز. مالال بولماڭ، كۆڭلىڭىزدىكىدەك بولىدۇ.

— دوستۇم، — دېدى فرانس ئالبېرغا، — خوجايىنىمىزغا ئىشىنەيلى. ئۇ، بۇندىن بۇرۇنمۇ ئۆزىنىڭ قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەنىدى، ئەمدى تاماقىمىزنى يەۋالايلى ئاندىن كېيىن «ئالجىردىكى ئىتاليان قىزى» نى كۆرۈشكە بارىمىز.

— ماقۇل، «ئالجىردىكى ئىتاليان قىزى» نى كۆرۈشكە بارايلى، — دېدى ئالبېر، — ئەمما، سىزنىڭ يادىڭىزدا بولسۇن، پاستىرنى ئەپەندى، مەن ئۈچۈن ۋە مېنىڭ دوستۇم ئۈچۈن، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدۇردى ئۇ، فرانسنى كۆرسىتىپ، — ئەتە مەن سىزگە ئېيتقان كىيىملەرگە ئىگە بولۇش پەۋقۇلئاددە مۇھىم ئىش.

خوجايىن يەنە بىر قېتىم تەكىتلەپ، ئەپەندىلەرنىڭ مالال بولماسلىقىنى، ھەمدە ئىشلار ئۇلارنىڭ خاھىشىدەك بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇندىن كېيىن، فرانس بىلەن ئالبېر ماسكارات كىيىملەرنى سېلىۋېتىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. ئالبېر كىچىككىنە بىنەپشە گۈلدەستىسىنى ئاۋايلاپ ئېلىپ قويدى. بۇ، دېھقانچە كىيىنىۋالغان گۈزەل ئايالنىڭ ئۇنى تونۇۋېلىشىغا ئىمكان بېرىدىغان بەلگە ئىدى. دوستلار ئۈستەلگە كېلىپ ئولتۇرۇشتى. ئالبېرنىڭ دىققىتى دەرھال پاستىرنى ئەپەندىنىڭ ئاشخانىسى بىلەن گراف مونتې - كرىستونىڭ ئاشخانىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاھىدە پەرققە تارتىلدى. گەرچە، فرانسنىڭ گرافقا بولغان كۆزقارىشى ئانچە ياخشى بولمىسىمۇ، چىن گەپنى قىلغاندا، ئۇمۇ بۇنداق سېلىشتۇرۇش ھەرگىز مېھمانخانا ئاشپىزىنىڭ نامىغا پايدا كەلتۈرمەيدىغانلىقىنى ئىقرار قىلىشقا مەجبۇر ئىدى. غىزادىن كېيىنكى ئىچىملىك كەلتۈرۈلگەندە خىزمەتكار كىرىپ يىگىتلەرگە پەيتوننى سائەت قانچىگە ئۇلگۇرتۇپ تەييار قىلىش لازىم ئىكەنلىكىنى سورىدى. ئالبېر بىلەن فرانس نېمە دېيىشىنى بىلمەي بىر - بىرىگە قارىشىپ قالدى. خىزمەتكار ئۇلارنىڭ خىيالىدىكىنى چۈشەندى.

— گراف مونتې - كرىستو جانابلىرى پەيتوننى بۈگۈن كەچكىچە سىز ئەپەندىلەرنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇشنى بۇيرۇغان، — دېدى ئۇ، — ئەپەندىلىرىم پەيتوننى بىمالال ئىشلىتەۋەرسە بولىدۇ.

يىگىتلەر گرافنىڭ غەمخورلۇقىنى قوبۇل قىلىشنى مۇۋاپىق تاپتى. ئۇلار ئات - ھارۋىنى قوشۇشنى بۇيرۇپ، ئۆزلىرى كىيىملىرىنى يەڭگۈشلىۋېلىشى ئۈچۈن كىرىپ كېتىشتى. چۈنكى، ئۇلار بۈگۈن ئىشتىراك قىلغان نۇرغۇنلىغان جەڭلەردە كىيىم - كېچەكلىرى ئانچە - مۇنچە پۇرلىشىپ قالغانىدى. ئۇلار كىيىم-

لىرىنى يەڭگۈشلەپ بولغاندىن كېيىن تىياتىرغا بېرىپ، گرافنىڭ لوژاسىدىن ئورۇن ئالدى.

بىرىنچى پەردە ئوينىلىۋاتقان مەزگىلدە گ. خانىم ئۆز لوژاسىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ ئەڭ ئالدى بىلەن، ئۆتكەن كېچىسى گراف ئولتۇرغان جايغا كۆز تاشلىدى ۋە تېخى تۈنۈگۈن ئاخشاملا ئۇ ئۆزى فرانسقا شۇنچە غەلىتە تەرىپىنى قىلىپ بەرگەن شۇ ئادەمنىڭ لوژاسىدا فرانس بىلەن ئالبېرنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. گ. خانىمنىڭ دۈربۈنى فرانسقا شۇنداق تىكىلىپ قارىتىلغانىدىكى، فرانس ئۇنىڭ شۇنچە تەلمۈرۈشىنى نەزەرگە ئالمىسا تولىمۇ قوپاللىق بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىككى دوست، ئىتالىيىدىكى تىياتىر كۆرگۈچىلەرنىڭ تىياتىرخانا ئىچىنى ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي مېھمانخانىسىغا ئايلاندۇرىۋالغان ئىمتىيازىدىن پايدىلىنىپ ئۆز لوژاسىدىن چىقىشتى ۋە گراف خانىمغا بولغان ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىرامىنى ئەمەلدە كۆرسەتمەك بولۇپ ئۇنىڭ يېنىغا باردى. ئۇلار تېخى كىرە - كىرمەيلا گراف خانىم فرانسقا ئۆزىنىڭ يېنىدىكى ئېتىبارلىق ئورۇننى كۆرسەتتى. ئالبېر ئۇلارنىڭ كەينىدە ئولتۇردى.

— شۇنداق قىلىپ، — دېدى گراف خانىم، فرانس ئەمدىلا ئولتۇرۇشىغا، — ئەھۋالدىن قارىغاندا، سىز ۋاقىتنى قولدىن بەرمەي ھېلىقى يېڭىدىن پەيدا بولغان لورد رۇتۋېن بىلەن تونۇشۇپ ۋە ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن دوستلۇق ئورنىتىپ بولغان ئوخشىمامسىز؟

— مۇناسىۋىتىمىز سىز ئويلىغاندەك يېقىن ئەمەس، خانىم، — دەپ جاۋاب بەردى فرانس، — شۇنداق بولسىمۇ، بىز بۈگۈن پۈتۈن بىر كۈن ئۇنىڭ غەمخورلۇقىدىن بەھرىمەن بولغانلىقىمىزنى ئىنكار قىلالمايمەن.

— پۈتۈن بىر كۈن؟

— ھەئە. پۈتۈن بىر كۈن. بۈگۈن ئەتىگەن بىز ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا ئەتىگەنلىك تاماققا داخىل بولدۇق، كۈندۈزى ئۇنىڭ پەيتۇنىغا ئولتۇرۇپ كورسودا تاماشا قىلدۇق. مانا ئەمدى كەچ كىرگەندە ئۇنىڭ لوژاسىدا ئولتۇرۇۋاتىمىز.

— دېمەك، سىز ئۇنىڭ بىلەن تونۇش ئىكەنسىز - دە؟

— ھەم شۇنداق، ھەم ئۇنداق ئەمەس.

— بۇ نېمىدېگىنىڭىز؟

— بۇ بىر ئۇزۇن تارىخ.

— بۇ تارىخنى ماڭا سۆزلەپ بېرەرسىز؟

— بۇنى سۆزلىسەم سىز يەنە قورقۇپ كېتىسىز.

— قورقساممۇ مەيلى.

— ھېچبولمىغاندا بۇ ئىشنىڭ ئاخىرى چىققۇچە تەخىر قىلىپ تۇرسىڭىز.

— ماقۇل، مەن تۈگەللەنگەن ھېكايىلەرنى ياخشى كۆرىمەن. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن قانداق ئۇچرىشىپ قالغانلىقىڭىزنى سۆزلەپ بەرمەمسىز؟ ئۇنىڭ بىلەن سىزنى كىم تونۇشتۇرۇپ قويدى؟

— ھېچكىم، ئۇ ئۆزى بىز بىلەن تونۇشۇۋالدى.

— قاچان؟

— تۈنۈگۈن ئاخشام، بىز سىز بىلەن خوشلىشىپ قايتقاندىن كېيىن.

— قانداق قىلىپ تونۇشتى؟

— بىزنىڭ مېھمانخانا خوجايىنىمىزنىڭ ئادەتتىكىدەكلا بىر ۋاستىچىلىكى بىلەن.

— ئۇمۇ «لوندون» مېھمانخانىسىدا تۇرامدۇ؟

— ھەئە، ھەتتا بىز بىلەن بىر قەۋەتتە.

— ئۇنىڭ ئىسمى كىم؟ سىز ئۇنىڭ ئىسمىنى بىلسىڭىز كېرەك؟

— ئەلۋەتتە. ئۇنىڭ ئىسمى گراف مونتې - كرىستو.

— بۇ قانداق ئىسىم؟ بۇ نەسەبلىك ئىسىم ئەمەسقۇ.

— ياق. بۇ، ئۇ سېتىۋالغان بىر ئارالنىڭ نامى.

— ئۇ، سىز ئېيتقاندەك، گرافمۇ؟

— توسكانلىق گراف.

— ھە، بۇ گەپنىمۇ قويۇپ تۇرايلى، — دېدى گراف خانىم، ۋەھالەنكى، ئۇ، ۋېنېتسىيېدىكى ئەڭ قەدىمكى بىر گراف جەمەتىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئىدى، — ئۇ ئۆزى قانداقراق ئادەم؟

— بۇنى ۋىكونت مورسېردىن سوراپ بېقىڭ.

— ئاڭلىدىڭىزمۇ مورسېر، — دېدى گراف خانىم، — مەن سىزگە يوللاندىم.

— خانىم، ئەگەر بىز ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىنى ئېتىراپ قىلمىساق، تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدىگەندەك بولۇپ قالىمىز، — دېدى ئالبېر، — بىز بىلەن ئون يىل دوستانە مۇناسىۋەتتە ئۆتكەن ئادەممۇ بىز ئۈچۈن ئۇ قىلغاندەك ئىشلارنى قىلالمىغان بولاتتى. ئۇ بىزگە شۇنچە ئىلتىپات، ئادەمگەرچىلىك ۋە ئىخلاس بىلەن مۇئامىلە قىلدى. ئۇنىڭ ئاقسۆڭەكلەر تائىپىسىدىكى ئادەم ئىكەنلىكىگە شەك كەلتۈرۈشكە بولمايدۇ.

— سىلەر كۆرۈپ تۇرۇڭلار، — دېدى گراف خانىم كۈلۈپ تۇرۇپ، — مېنىڭ بۇ ۋامپىرىم باشقىلار ئۇنى روتشىلدى ئەپەندىگە ئوخشىتىپ قالماسلىقى ئۈچۈن لارانىڭ قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ مىليونلىرىنى ساقلاپ قالماقچى بولۇۋاتقان بىر پارۋېنيۇ① بولۇپ چىقىدۇ. ھە، ھېلىقى قىزنىمۇ كۆردۈڭلارمۇ؟

— قايسى قىزنى؟ — دەپ سورىدى فرانس كۈلۈپ قويۇپ.

— تۈنۈگۈنكى چىرايلىق گرېك قىزنىچۇ؟

---

① پارۋېنيۇ — فرانسۇزچە: ئۇشتۇمتۇت بېيىپ كەتكەن، بېيىش يوللىرى گۇمانلىق بولغان كىشى.

— ياق. بىز ئۇنىڭ لىۋۇتنىيە چېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغاندەك قىلدۇق، ئەمما ئۆزىنى كۆرمىدۇق.

— ئۇنى مۇنچىلا سىرلىق كۆرسەتمەڭ، قەدىرلىك فرانس، — دېدى ئالبېر، — ئاق پەردىلىك دېرىزە يېنىدا ھاۋا رەڭ كىيىم كىيىپ تۇرغان كىم بولغىدى ئەمىسە؟

— نەدىكى دېرىزە ئۇ؟ — سورىدى گراف خانىم.

— روسپولى قەھۋەخانىسىدا.

— گرافنىڭ روسپولى قەھۋەخانىسىدىن تۇتۇپ قويغان دېرىزىسى بارمىكەن؟

— ھەئە، سىز بۈگۈن كورسوغا باردىڭىزمۇ؟

— ئەلۋەتتە باردىم.

— ئۇنداق بولسا، سىز بەلكىم، سېرىق پەردىلىك ئىككى دېرىزە بىلەن قىزىل كرېستلىق ئاق پەردە تارتىلغان بىر دېرىزىنى كۆرگەنسىز؟ شۇ ئۈچ دېرىزە گرافقا تەئەللۇق.

— ئەمىسە، ئۇ ھەقىقىي بىر نابوب① ئىكەن! كارناۋال مەزگىلىدە، يەنە كېلىپ، كورسونىڭ ئەڭ ياخشى يېرىگە جايلاشقان روسپولى قەھۋەخانىسىنىڭ ئۈچ دېرىزىسى قانچە پۇلغا توختايدىغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟

— ئىككى - ئۈچ يۈز رىم سكۇدوسى بولار.

— ئىككى - ئۈچ مىڭ دەڭ!

— پاھ، بۇنى قاراڭ!

— ئۇ ئۆزىنىڭ ئارىلىدىن شۇنچىلىك تاپاۋەت قىلامدۇ؟

---

① نابوب (ئەرەبچە - نايىپ دېگەننىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى) — ھىندىستاندا ۋىلايەت ھاكىمى؛ XVIII ئەسىردە ئەنگلىيە مۇستەملىكىچى دائىرىلىرىدىن ھىندىستاننى تالان - تاراج قىلىپ بېيىپ كەتكەن ئەمەلدارلارمۇ شۇنداق دەپ ئاتالغان. ئۇلار ئەنگلىيىنىڭ سىياسىي ھاياتىدا زور ئىمتىيازغا ئىگە ئىدى.

— ئۇنىڭ ئارىلى؟ بۇ ئارالدىن ئۇنىڭغا بىر تىيىنمۇ كىرىم بولمايدۇ.

— ئۇنداق بولسا، ئۇ ئارالنى نېمىشقا سېتىۋاپتۇ؟

— ھەۋەس قىلىپ.

— بۇ گەپچە، ئۇ چۈشەنگىلى بولمايدىغان بىر شەخس ئىكەن - دە؟

— راستىنى ئېيتقاندا، — دېدى ئالبېر، — ئۇ ماڭا بىر ئاز غەلىتە كۆرۈنىدۇ. مۇبادا ئۇ پارىژدا تۇرغان بولۇپ، ئەل ئىچىدە ئۆزىنى مۇشۇنداق كۆرسەتسە، مەن ئۇنى بىر بولسا، بۇ بىر ئويۇن كۆرسىتىۋاتقان مۇغەمبەر، يەنە بىر بولسا، ئەدەبىياتنىڭ قۇربانى بولغان بىر مەستانە دەپ بىلگەن بولاتتىم. ئۇ بۈگۈن دىدىي ۋە ئانتونىلارغا ① مۇناسىپ مونولوگلارنى② سۆزلىدى.

لوژاغا يېڭى مېھمان كىرىپ قالدى ۋە فرانس فىئودىگە رىئايە قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئورنىنى ئۇنىڭغا بوشىتىپ بەردى. سۆھبەت تەبىئىي ھالدا باشقا تەرەپكە يۆتكەلدى.

بىر سائەتچە ئۆتكەندىن كېيىن دوستلار مېھمانخانىغا قايتىپ كەلدى. پاستېرىنى ئەپەندى ئۇلار بۇيرۇغان كىيىم - كېچەكلەرنىڭ غېمىنى قىلىپ قويغانلىقىنى ۋە ئۇلار بۇ كىيىملەرنى كۆرگەندىن كېيىن چوقۇم ناھايىتى رازى بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

دەرۋەقە، ئەتىسى ئەتىگەن سائەت ئوندا ئۇ، ئۆشنىسىگە يوغان بىر بوپىدا رىم دېھقانلىرى كىيىدىغان پۈتۈن يۈرۈشلۈك

---

① دىدىي — ۋەھيۇگونىڭ «مارىئون لورم» دىرامىسىنىڭ قەھرىمانى.
ئانتونى — ئا. دىيۇمانىڭ شۇ نامدىكى دىرامىسىنىڭ قەھرىمانى.

② مونولوگ — سەھنە ئەسىرىدىكى شەخسنىڭ ئۆز - ئۆزىگە ياكى تاماشىبىنلارغا قاراپ قىلغان سۆزى.

كىيىم - كېچەكلەرنى ئارتىۋالغان بىر سەيپۇڭنى ئەگەشتۈرۈپ فرانسنىڭ ئۆيىگە كىردى. دوستلار ئۆزلىرىگە ئازدۇر - كۆپتۇر دەل كېلىدىغان ۋە ئوخشاش تىكىلگەن ئىككى قۇر كىيىم - كېچەكنى تاللاپ ئېلىشتى ۋە ھەر بىر شلەپىگە 20 مېتىردىن لېنتىنى جايلاشتۇرۇپ تىكىپ بېرىشنى، ھەم شۇنداقلا، دېھقانلار بايرام كۈنلىرى بېلىگە باغلايدىغان ئىككى دانە ئالا - بالداق شايى شارپا تېپىپ بېرىشنى بۇيرۇشتى.

ئالبېر بۇ يېڭى كىيىملەرنىڭ ئۆزىگە قانچىلىك يارىشىدىغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىشقا ئالدىرايتتى. بۇ كىيىملەر زەڭگەر مەخمەل ئىشتان - چاپان، يول - يول پايپاق، ھالقا بىلەن ئېتىلىدىغان خۇرۇم ئاياغ ۋە تاۋار جىلىتكىدىن ئىبارەت ئىدى. بۇنداق كۆركەم كىيىملەردىن ئالبېرنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىگە ئالاھىدە بىر ئىسكەت قوشۇلغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كېلىشكەن بېلىنى شارپا بىلەن باغلاپ، لېنتىلىرى يەلپۈنۈپ تۇرغان شلەپىسىنى بىر يانغا قىسايتىپ كىيىۋالغاندا، فرانس ئۇنىڭغا قاراپ شۇنداق تەسىراتقا كەلدىكى، بىز كۆرۈپ يۈرگەن بەزى مىللەتلەرنىڭ بەدەن تۈزۈلۈشى جەھەتتىكى ئەۋزەللىكى كۆپىنچە ھاللاردا ئۇلارنىڭ كىيىمىگە باغلىق بولىدىكەن. ئالايلى، بىر زامانلاردا ئۆزلىرىنىڭ رەڭدار ئۇزۇن تونلىرىنى كىيگەن تۈركلەر كىشىلەرگە شۇنچە كۆركەم كۆرۈنگىنىدەك، ئەمدى ھازىر ئۇلارنىڭ باشتىن - ئاياغ ھەممە تۈگمىلىرىنى ئېتىۋالغان كۆك رەڭلىك كالتا چاپان ۋە گرېكچە بۆك كىيىپ، خۇددى قىزىل سۈرگۈچ بىلەن پېچەتلەنگەن ھاراق بوتۇلكىسىغا ئوخشاپ قالغان قىياپىتى كىشىلەرگە شۇنچە يېقىمسىز كۆرۈنمەمدۇ؟

فرانس ئالبېرنى ماختاپ قويدى. ئالبېر ئەينەكنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، مەنىسى روشەن بولغان كۈلۈمسىرەش بىلەن ئۆزىنىڭ تەسۋىرىگە قاراشقا باشلىدى. گراف مونتې - كرىستو

كىرىپ كەلگەندە ئۇلار ئەنە شۇ ئىش بىلەن بەنت ئىدى.

— جانابلار، — دېدى گراف، — كىشىلەر بىلەن ئۇلپەتتە بولۇش ھەرقانچە كۆڭۈللۈك بولسىمۇ، شەخسىي ئەركىنلىك يەنىمۇ كۆڭۈللۈكرەك بولىدۇ. شۇڭا مەن، سىلەر تۈنۈگۈن ئولتۇرۇپ تاماشا قىلغان پەيتۇننى بۈگۈنگە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ۋاقىتلارغىمۇ سىلەرنىڭ تولۇق ئىگىدارچىلىق قىلىشىڭلارغا قالدۇرغانلىقىمنى ئېيتىپ قويۇش ئۈچۈن كىردىم. بىزنىڭ خوجايىنىمىز ئېھتىمال، سىلەرگە مېنىڭ ئۈچ-تۆت پەيتۇنغا ئىگە بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىمنى سۆزلەپ بەرگەن بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىلەر مېنى خىجالەت قىلمايسىلەر. پەيتۇننى ئۆزۈڭلارنىڭ كۆڭۈل ئېچىشىڭلار ئۈچۈن ۋە باشقا ئىشلىرىڭلار ئۈچۈن بىمالال ئىشلىتىۋېرىڭلار. قاچانكى، سىلەر مېنىڭ بىلەن كۆرۈشمەكچى بولساڭلار، مېنى ھەرقانداق ۋاقىتتا روسپولى قەھۋەخانىسىدىن تاپالايسىلەر.

يىگىتلەر ئانچە-مۇنچە تۈزۈت قىلماقچى بولۇشتى، لېكىن تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئۆزلىرى ئۈچۈن ئىنتايىن كۆڭۈلدىكىدەك بولغان بۇ تەكلىپنى رەت قىلىشقا ھېچقانداق ئەھمىيەتلىك سەۋەب بولمىغانلىقتىن، ئاخىرى ئۆزلىرىنىڭ ماقۇل بولغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. گراف مونتې-كرىستو ئۇلار بىلەن چارەك سائەتچە نېرى-بېرىدىن بەھۇزۇر پاراڭلىشىپ ئولتۇردى. بىز ئۇنىڭ ھەرقايسى ئەللەر ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشلۇق ئىكەنلىكىنى كۆرگەنىدۇق. ئەمدى، ئۇنىڭ مېھمانخانا تاملىرىغا بىر قۇر قاراپ قويۇشلا ئالبېر بىلەن فرانسقا ئۇنىڭ رەسىملەرگە ھەۋەس قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى. پەيتى كەلگەندە ئۆزىنىڭ پىكىرىنى بىلدۈرۈپ ئېيتقان بىرنەچچە ئېغىز گەپلىرى ئۇنىڭ ئىلىم-پەن ساھەسىدىن يىراق ئەمەس ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. قارىغاندا، ئۇ ھەممىدىن بەكرەك خىمىيىگە قىزىقاتتى.

يىگىتلەر گرافنىڭ مېھماندوستلۇقىغا مېھماندوستلۇق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشقا بەسلەشمىدى. ئۇلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، گرافنىڭ ئۆيىدە يېگەن مەززىلىك تاماققا جاۋابەن ئۇنى پاسترىنى ئەپەندىنىڭ تولىمۇ ئاددىي غىزاسىغا تەكلىپ قىلىش بىر قاملاشمىغان ئىش بولار ئىدى. ئۇلار بۇ ھەقتە ئۇنىڭغا گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتتى. گراف ئۇلارنىڭ بۇنداق خىجالەتچىلىكىگە تامامەن ئورۇنلۇق باھا بەردى. ئالبېر گرافنىڭ ئۆزىنى تۇتۇشىغا قاراپ زوقلىناتتى. ئەگەر گراف مۇنچىلىك بىلىملىك بولمىغان بولسا، ئالبېر ئۇنى ھەقىقىي كونا مۆتىۋەر دەپ ئويلاپ قالغان بولاتتى. ئۇ، ھەممىدىن تولاراق، پەيتۇننى ئەركىن ئىشلىتىش ئىمكانىيىتىدىن خۇرسەن ئىدى. ئۇنىڭ، دېھقانچە كىيىنگەن ھېلىقى گۈزەل ئاياللارغا قارىتا كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانلىرى بار ئىدى. ئۇلار تۈنۈگۈن بەكمۇ ئېسىل ھارۋىدا ئولتۇرۇپ تاماشا قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇمۇ بۇ جەھەتتە ئۇلاردىن قېلىشماسلىقنى ئويلايتتى.

سائەت بىر يېرىم بولغاندا يىگىتلەر ئىشىك ئالدىغا چىقىشتى. ھارۋىكەش ۋە خىزمەتكارلار ئۆزلىرىنىڭ ھايۋانلىق موينىلىرىنىڭ ئۈستىدىن ئىش كىيىملىرىنى كىيىۋېلىشقان بولۇپ تۈنۈگۈنكىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۈلكىلىك بولۇپ قالغانىدى ۋە بۇنىڭ بىلەن، ئالبېر ھەم فرانسنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى. سولىشىپ قالغان بىنەپشە گۈلدەستىسى ئالبېرنىڭ ئىزمىسىدە، تەسىرلىك ھالدا ساڭگىلاپ تۇراتتى. قوڭغۇراقنىڭ بىرىنچى ساداسى بىلەنلا ئۇلار ۋىنتورىئا كوچىسى ئارقىلىق يول ئېلىپ، كورسوغا راۋان بولدى. ئىككىنچى قېتىملىق ئايلىنىپ كېلىشتە، تىياتىر قىزىقچىلىرىنىڭ كىيىمىنى كىيىۋالغان ئاياللار ئولتۇرغان بىر ھارۋىدىن ئۇلارنىڭ ھارۋىسىغا بىر يېڭى بىنەپشە گۈلدەستىسى تاشلاندى. ئالبېرغا ئايان بولدىكى، تۈنۈگۈنكى دېھقانچە كىيىنگەن ئاياللار بۈگۈن ئۇلارغا تەقلىد قىلىپ كىيىملىرىنى

يەڭگۈشلەپ چىققانىدى ۋە بەلكىم ياكى ئۇلارمۇ شۇ خىلدىكى نازۇك مەقسەتلەرنى كۆزلەپمۇ، ئىش قىلىپ بۇ خېنىملار ئەمدى قىزىقچىلارنىڭ كېيىمىنى كىيىشىپ چىققانىدى.

ئالبېر يېڭى گۈلدەستىنى قادىۋېلىپ، بۇرۇنتىسىنى قولىغا ئالدى، لېكىن ئۇنى تاشلىۋەتمىدى ۋە بايىقى ھاۋارۋا يەنە بىر قېتىم ياندىشىپ كەلگەندە ئۇنى ئىشقى بىلەن لەۋلىرىگە باستى. بۇ ئىش كىچىككىنە گۈلدەستىنى تاشلاپ بەرگەن خېنىمنىڭلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ شوخ دوستلىرىنىڭمۇ غايەت زور خۇشاللىقىنى قوزغىدى. كورسودىكى قايناق - تاشقىنلىق كەيپىيات تۆنۈگۈنكىدىن قېلىشمايتتى. ئەگەر بىر كىم ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ تۇرغان بولسا، ۋاراڭ - چۇرۇڭ ۋە شاد - خۇراملىقنىڭ ھەتتا تۆنۈگۈنكىدىنمۇ ئۇلغىيىپ قالغانلىقىنى سەزگەن بولاتتى. گراف ئۆزىنىڭ دېرىزىسىدە بىردەملىككە كۆرۈنۈپ قالدى، لېكىن پەيتۇن ئىككىنچى قېتىم شۇ دېرىزىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە ئۇ يوق ئىدى. ئالبېر بىلەن بىنەپشە گۈلنىڭ ئىگىسى بولغان خېنىمنىڭ ئويۇنشىشلىرى يەنە كۈن بويى داۋام قىلدى.

كەچقۇرۇنلۇقى مېھمانخانىغا قايتىپ كەلگەندە فرانس ئەلچىخانىدىن كەلگەن مەكتۇپنى كۆردى. مەكتۇپتە ئۇنىڭغا ئەتىكى كۈندە ھەزرىتى ئالىيلىرى① ئۇنى قوبۇل قىلىنىش شەرىپىگە مۇيەسسەر قىلىدىغانلىقى يەتكۈزۈلگەنىدى. ئۇ ھەر قېتىم رىمغا كەلگەندە مۇشۇنداق ئىلتىپاتقا ئېرىشىشنى ئىلتىماس قىلىپ كەلگەنىدى. ئۇ ھەر قېتىمقىغا ئوخشاش بۇ قېتىممۇ، ئۆزىنىڭ خۇداكۆيلۇقىدىنلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە مىننەتدارلىق تۇيغۇسىدىنمۇ، ھەممە پاسىبانلارنىڭ كەم ئۇچرايدىغان ئۈلگىسى بولغان مۇقەددەس پېتىر ئىزباسارىنىڭ سەجدىگاھىغا سېغىنىشلىق بىلەن باش قويماي تۇرۇپ خرىستىئان دۇنياسىنىڭ پايتەختىدىن ئايرىلغۇسى كەلمەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەتە كارناۋالدا ئىشتىراك قىلىشىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. نېمە ئۈچۈن دېگەندە، ھەزرىتى ئالىيلىرىنىڭ ئۆزىگە مۇناسىپ بولغان سەممىمىي خۇش مۇئامىلىسىگە باقماي، ھېچقانداق ئادەم كىرىمگورىي XVI دەپ ئاتالغان بۇ ئالىيجاناب بوۋاينىڭ ئالدىدا تىز چۆكۈشكە ھازىرلانغاندا ئۆزىنىڭ ئېھتىرام تۇيغۇسى بىلەن سۇغۇرۇلغان ھاياجانلىنىشىنى بېسىۋالالمايدۇ.

فرانس ۋاتىكاندىن چىقىپ ھەتتا ئۆتەر يولىدا بولسىمۇ كورسوغا كىرىپ قېلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئۇدۇل مېھمانخانىغا قايتىپ كەلدى. شۇ تاپتا ئۇ دىيانەتلىك ھېسسىياتلارغا تولۇپ - تاشقان بولۇپ، كارناۋالدىكى قېلىپىدىن چىققان ئويۇن - تاماشىلار بىلەن بۇ ھېسسىياتلارغا داغ چۈشۈرۈپ قويۇشتىن قورقاتتى. سائەت ئالتىگە ئون مىنۇت قالغاندا ئالبېرمۇ قايتىپ كەلدى. ئۇ خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى يوقاتقانىدى. ھېلىقى خېنىم بۈگۈن يەنە دېھقانچە ياسىنىپ چىققانىدى. ئۇ، ئالبېرنىڭ پەيتۇنى بىلەن ئۇچراشقاندا نىقابىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭغا چىرايىنى كۆرسەتتى. ئۇ، كىشىنى مەپتۇن قىلغۇدەك گۈزەل ئىدى. فرانس ئالبېرنى چىن قەلبىدىن تەبرىكلىدى. ئالبېر بۇ تەبرىكنى ئۆزىگە مۇناسىپ دەپ تونۇغان قىياپەتتە قوبۇل قىلدى. ئۇ، ئىشەنچلىك ھالدا: بەزى ئالامەتلەرگە قارىغاندا، بۇ ناتونۇش گۈزەل خېنىمنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئاقسۆڭەكلەر تائىپىسىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئەتە ئۇنىڭغا بىر پارچە خەت يېزىشنى قەتئىي قارار قىلغانلىقىنى ئېيتتى. فرانس بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئالبېرنىڭ ئۇنىڭدىن بىر نېمىنى سورىماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى، لېكىن خىجىل بولۇپ ئېغىز ئاچالماي تۇرغانلىقىنى پەملىدى. ئۇ، شۇ توغرۇلۇق سۆز ئاچتى ۋە دوستىنى ئىشەندۈرۈپ، ئۇنىڭ بەختى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ھېچنېمىسىنى ئايىمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئالبېر ئەدەب

---

① ۋاتىكاندىكى پاپا كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

يۈزىسىدىن بىرئاز تۈزۈت قىلدى ـ دە، ئاخىرى فرانسقا ئەگەر ئۇ ئەتە پەيتۇننى ئۇنىڭغا ئۆتۈنۈپ بەرسە ناھايىتى چوڭ ياخشىلىق قىلغان بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئالبېر بۈگۈن ئۆزى يالغۇز بولغانلىقى ئۈچۈنلا دېھقانچە ياسىنىۋالغان گۈزەل خېنىم نىقابىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا چىرايىنى كۆرسەتتى، دەپ ھېسابلايتتى. ئەلۋەتتە، فرانسمۇ شۇنچە كۆڭۈللۈك ۋە كۆڭۈلدىكىدەك بولۇۋاتقان بۇ سەرگۈزەشتىنىڭ راسا ئەۋج ئېلىۋاتقان پەيتىدە ئالبېرغا پۇتلىكاشاڭ بولىدىغان شەخسىيەتچى ئەمەس ئىدى. ئۇ ئىچىدە گەپ ياتمايدىغان بۇ دوستىنىڭ ھەرقانداق گەپنى تارتىنماستىن سۆزلەۋېرىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا، بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئۇجۇر ـ بۇجۇرلىرىغىچە قويماي سۆزلەپ بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. فرانس ئۆزى پۈتۈن ئىتالىيىنى ئۇ چېتىدىن بۇ چېتىگىچە كېزىپ چىققان مۇشۇ ئۈچ يىل جەريانىدا بىرەر قېتىم بولسىمۇ بۇنداق مەخپىي ئىشنى قىلالمىغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ، بۇنداق ئىشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىشقا قىزىقاتتى. ئۇ، ئالبېرغا ئۆزىنىڭ ئەمدى تاماشا قىلماستىن، تاماشىبىن بولۇشقا رازى ئىكەنلىكىنى ۋە روسپولى قەھۋەخانىسىنىڭ دېرىزىسىدىن قاراپ كارناۋالنى كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

فرانس ۋەدىسىدە تۇردى ۋە ئەتىسى دېرىزىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، ئالبېرنىڭ كورسودا ئۇياقتىن ـ بۇياققا قاتناپ يۈرۈشىنى كۆزەتتى. ئالبېر قولىدا يوغان بىر گۈلدەستىنى تۇتۇپ تۇراتتى. ئېھتىمال، بۇ گۈللەرنىڭ ئارىسىدا مۇھەببەت خېتى يوشۇرۇلغان بولسا كېرەك. ھايال بولماستىن، بۇ پەرەز ئەمەلىيەتكە ئايلاندى. چۈنكى، بىردەمدىن كېيىن فرانس بۇ گۈلدەستىنى ھالرەڭ قىزىلچى كىيىمنى كىيىۋالغان بىر گۈزەل ئايالنىڭ قولىدا كۆردى. ئالبېر قايتىپ كەلگەندە خۇشاللا ئەمەس، بەلكى خۇشاللىقتىن ئەقلىي ـ ھوشىنى يوقاتقانىدى. ئۇ، بۇ ناتونۇش

گۈزەل ئايالنىڭمۇ ئەتىكى كۈندە خۇددى مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن جاۋاب قايتۇرىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتى. فرانس ئۇنىڭ ئارزۇسىغا يارىشا ئىش تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ ئەتە كارناۋالغا بارمايدىغانلىقىنى ۋە بۇ قىستاڭچىلىقتىن زېرىككەنلىكى ئۈچۈن، ئەمدى ئۆزىنىڭ ئالبوم ۋە خاتىرە دەپتەرلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇش قارارىغا كەلگەنلىكىنى ئېيتتى.

ئالبېرنىڭ ئىشنى ئالدىن مۆلچەرلەپ ئەۋلىيالىق قىلغانلىقى توغرا بولۇپ چىقتى. ئەتىسى ئاخشىمى ئۇ قولىدا تۆت قاتلانغان بىر ۋاراق قەغەزنى غالىبانە پۇلاڭلاتقان ھالدا فرانسنىڭ ئۆيىگە ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كىردى.

— ھە، قانداق؟ — دەپ ئۈن سالدى ئۇ، — مەن سىزگە نېمە دېگەنىدىم؟

— ئۇ جاۋاب قايتۇردىمۇ؟ — دەپ خىتاب قىلدى فرانس.

— ئۆزىڭىز ئوقۇپ بېقىڭ.

بۇ سۆزلەرنىڭ قانداق ئاھاڭدا ئېيتىلغانلىقىنى تىل بىلەن تەرىپلەش مۇمكىن ئەمەس. فرانس خەتنى ئېلىپ ئوقۇپ چىقتى:

«سەيشەنبە كۈنى كەچ سائەت يەتتىدە، پونتېفىچىنىڭ ئۇدۇلىدا پەيتۇندىن چۈشۈڭ. دېھقانچە كىيىنگەن بىر قىز سىزنى باشلاپ ماڭىدۇ. سان ـ جا كومو چېركاۋىنىڭ پەلەمپىيىگە چىقىش ئالدىدا چاپىنىڭىزنىڭ يېڭىگە ھالرەڭ ياغلىق باغلىۋېلىشنى ئۇنتۇماڭ. سەيشەنبە كۈنىگىچە مېنى كۆرەلمەيسىز.

ساداقەتلىك ۋە مەخپىيەتلىك»

— ھە، قەدىرلىك دوستۇم، — دېدى ئالبېر، فرانس خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، — سىز بۇنىڭغا نېمە دەيسىز؟

— شۇنداق دەيمەنكى، — دېدى فرانس، — ئىش ناھايىتى كۆڭۈلدىكىدەك بوپتۇ.

— مەنمۇ شۇنداق دەپ ئويلايمەن، — دېدى ئالبېر، —

ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئەمدى گېرتسوگ براچچانونىڭ زىياپىتىگە ئۆزىڭىز يالغۇز بارىدىغان بولدىڭىز.

فرانس بىلەن ئالبېر بۈگۈن ئەتىگەن رىمدىكى ئاتاقلىق بانكىرنىڭ زىياپىتىگە تەكلىپ قىلىنغانىدى.

— ئاۋايلاپ ئىش قىلسىڭىز، قەدىرلىك ئالبېر، — دېدى فرانس، — گېرتسوگنىڭ زىياپىتىگە ھەممە ئىسىلزادىلەر يىغىلىدۇ. ئەگەر سىزنىڭ ئۇ ناتونۇش خانىمىڭىز ھەقىقەتەن ئاقسۆڭەك بولسا، چوقۇم بۇ زىياپەتكە بارىدۇ.

— بارسىمۇ، بارمىسىمۇ، مەن ئۇنىڭغا بولغان تونۇشۇمنى ئۆزگەرتمەيمەن، — دېدى ئالبېر، — سىز ئۇنىڭ خېتىنى ئوقۇدىڭىزغۇ؟

— ھەئە.

— سىز ئىتالىيىدىكى ئوتتۇرا قاتلام ئاياللىرىنىڭ بىلىم سەۋىيىسى قانچىلىك بولىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟

— ھەئە، — دېدى فرانس.

— ئۇنداق بولسا، بۇ خەتنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىڭ ۋە ئۇنىڭ يېزىلىشىغا دىققەت قىلىڭ. ئۇنىڭدا بىرمۇ ئىستىلىستىكا ياكى ئىملا خاتالىقىنى تاپقىلى بولمايدۇ.

ھەقىقەتەن، خەت چىرايلىق يېزىلغان بولۇپ، ئىملاسى دۇرۇس ئىدى.

— ئامىتىڭىز بار ئىكەن! — دېدى فرانس خەتنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بېرىپ.

— قانچىلىك كۈلسىڭىز كۈلۈۋېرىڭ، قانچىلىك چاقچاق قىلسىڭىزمۇ قىلىۋېرىڭ، — دېدى ئالبېر، — مەن راستىنلا ئاشىق بولدۇم.

— ۋاي خۇدايىم، سىز مېنى چۆچۈتىۋاتىسىز، — دېدى فرانس، — بۇ گەپكە قارىغاندا، مەن سىزدىن ئايرىلىپ گېرتسوگ

براچچانونىڭ زىياپىتىگە ئۆزۈم يالغۇز بېرىش بىلەنلا قالماي، يەنە تېخى فلورېنسىيىگىمۇ يالغۇز قايتىدىغانغا ئوخشىمامدىم.

— ھەر ھالدا، ئەگەر بۇ خانىم ئۆزى شۇنچە چىرايلىق بولغىنىغا ئوخشاش، خۇي - پەيلىمۇ شۇنداق ياخشى بولىدىغان بولسا، قەتئىيلىك بىلەن ئېيتىمەنكى، رىمدا كەم دېگەندىمۇ يەنە ئالتە ھەپتىگىچە تۇرۇپ قالىمەن. مەن رىمنى ئىنتايىن ياقتۇرىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەن ئەزەلدىن ئاسار - ئەتىقىلەرگە قىزىقاتتىم.

— مۇشۇنداق سەرگۈزەشتىلەردىن يەنە ئىككى - ئۈچى بولسىلا، مەن سىزنىڭ تىل - يېزىق ۋە بەدىئىي ئىجادىيەت ئاكادېمىيىسىگە ئەزا بولۇشىڭىزغا ئۈمىدلىنىشكە باشلايمەن.

ئالبېر ئەلپازىدىن قارىغاندا، ئۆزىنىڭ ئاكادېمىيىدە خىزمەت قىلىشقا ھەقلىق ئىكەنلىكى توغرىسىدا جىددىي مۇلاھىزىگە چۈشمەكچى بولۇپ تۇراتتى، بىراق بۇ ئارىدا مالاي كىرىپ، غىزانىڭ تەييار بولغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. ئالبېر ھېچقانداق ۋاقىتتا ئىشق - مۇھەببەتنى دەپ ئىشتىھانى يوقىتىپ قويمايتتى. شۇڭا، ئۇ، بۇ سۆھبەتنى تاماقتىن كېيىن داۋاملاشتۇرماقچى بولۇپ، بۇرادىرى بىلەن بىرلىكتە دەرھال داستىخانغا كەلدى.

تاماقتىن كېيىن گراف مونتې - كرىستونىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلىشتى. يىگىتلەر ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمىگىلى ئىككى كۈن بولغانىدى. ئۇلار پاسترىنى ئەپەندىدىن گرافنىڭ چىۋىتا - ۋىككىيىغا بىر ئىش بىلەن كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغانىدى. ئۇ، تۈنۈگۈن كەچتە كەتكەن بولۇپ، قايتىپ كەلگىنىگە ئەمدىلا بىر سائەت بولغانىدى، گراف ئىنتايىن خۇشچىراي كىرىپ كەلدى، ئۇ، ئۆز - ئۆزىگە ھاي بېرىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈنمۇ ياكى بۇ قېتىم ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ غەزەپلىك ۋە ھەسرەتلىك ئوي - پىكىرلىرىنى بايان قىلىشقا باھانە - سەۋەبلەر تېپىلمىدىمۇ، ئىش قىلىپ، ئۇ،

بۇ قېتىم ئۆزىنى باشقا ئادەملەرگە ئوخشاشلا تۇتتى. فرانسقا ئۇ يەشكىلى بولمايدىغان تېپىشماقتەك تۇيۇلاتتى. گراف، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ مونتې - كرىستو ئارىلىدىكى مېھمىنى ئۇنى تونۇغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇنداق تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىككىنچى قېتىم كۆرۈشكەن ۋاقتىدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئۇ فرانسنى بۇندىن ئىلگىرى بىر قېتىم كۆرگەنلىكى توغرىسىدا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. فرانس ئۆزلىرىنىڭ دەسلەپكى ئۇچرىشىشى ھەققىدە سۆز ئېچىشقا ھەرقانچە ئىنتىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ ئۆزىگە ۋە دوستىغا شۇنچە ھىممەتلىك مۇئامىلىدە بولۇۋاتقان كىشىنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدىغان بىر ئىش قىلىپ قويماسلىقىنى ئويلايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇمۇ ئۆزىنى گرافقا ئوخشاش تۇتۇپ، بىر ئېغىزمۇ ئارتۇق سۆز قىلمىدى.

مونتې - كرىستو، فرانس بىلەن ئالبېرنىڭ ئارجېنتىنا تىياترخانىسىدىن بىر لوژا سېتىۋېلىش خاھىشىدىن ۋە بوش لوژا تاپالمىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ لوژىسىنىڭ ئاچقۇچىنى ئېلىپ كەلگەنىدى. ھەرھالدا، ئۇ ئۆزىنىڭ كەلگەنلىكىنى شۇنداق دەپ چۈشەندۈردى. فرانس بىلەن ئالبېر ئۇنى كۆڭۈل ئېچىشتىن مەھرۇم قىلىشنى خالىمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ تۆزۈت قىلىشتى. لېكىن، گراف ئېتىراز بىلدۈرۈپ، ئۆزىنىڭ پاللى تىياترخانىسىغا بارماقچى ئىكەنلىكىنى، ئەگەر يىگىتلەر ئۇنىڭ ئارجېنتىنا تىياترخانىسىدىكى لوژىسىدىن پايدىلانمىسا، بۇ ئورۇن بوش قالىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يىگىتلەر ماقۇل بولدى.

فرانس، گرافنى تۇنجى قېتىم كۆرگەندە ئۇنىڭ چىرايىنىڭ ئاقلىقىغا ھەيران قالغانىدى. ئەمدى ئۇ بۇنىڭغا ئاستا - ئاستا كۆنۈپ قالدى. ئۇ، گرافنىڭ چىرايىنىڭ ھەممە تەلەپلەرگە ئۇيغۇن بولغان ئۇزلىقىنى ئېتىراپ قىلماسلىقى مۇمكىن ئەمەس

ئىدى. ۋەھالەنكى، ئۇنىڭ چىرايىنىڭ ئاساسلىق يېتەرسىزلىكى ياكى، ئېھتىمال، ئاساسلىق ئارتۇقچىلىقى ئاقلىقتىن ئىبارەت ئىدى. گراف بەئەينى بايرون ئەسەرلىرىدىكى قەھرىمانلارغا ئوخشايتتى. فرانس ئۇنىڭغا قارىغاندىلا ئەمەس، ھەتتا ئۇنى ئويلىسىمۇ ئۇنىڭ سۈرلۈك بېشىنى مانفرېدنىڭ يەلكىلىرىدە ياكى لارانىڭ شىلەپىسىنىڭ تېگىدە كۆرگەندەك بولاتتى. ئۇنىڭ پېشانىسىنى تىلىپ ئۆتكەن قورۇقلىرى ھېچقانداق ۋاقىتتا يوقالمايدىغان ھەسرەتلىك خىياللاردىن دېرەك بېرەتتى؛ ئۆتكۈر كۆزلىرى كىشى قەلبىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغىچە سىڭىپ كىرەتتى؛ مەسخىرە ۋە غۇرۇرلۇقنى ئىپادىلەپ تۇرىدىغان لەۋلىرى ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان گەپلەرگە شۇنداق بىر ئالاھىدە تۈس قوشاتتىكى، ئېيتىلغان ھەربىر سۆز كىشىلەرنىڭ خاتىرىسىگە مىخلانغاندەك ئورنىشىپ قالاتتى. قارىماققا، گراف 40 ياشلاردا بار ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ ئۆزىدىن خېلىلا ياش بولغان ھەرقانداق رىقابەتچىنى بېسىپ چۈشەلەيدىغانلىقىغا ھەممە كىشىنىڭ كۆزى يېتەتتى. ئۇ، ئەنگلىيە شائىرىنىڭ فانتاستىك قەھرىمانلىرىغا ئوخشايدىغانلىقىدىن سىرت، يەنە غايەت زور جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىدى. ئالبېر، ئۆزلىرىنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كەلگەنلىكى ئۈچۈن مۇشۇنداق بىر بىباھا ئادەم بىلەن تونۇشۇپ قالغانلىقى ھەققىدە توختىماستىن سۆزلەپ يۈرەتتى. فرانس بۇ جەھەتتە بىرقەدەر ئۆزىنى تۇتۇۋالغانىدى. لېكىن، ئادەتتىن تاشقىرى خىسلەتلىك بولغان بۇ ئادەمنىڭ باشقىلارغا كۆرسىتىۋاتقان تەسىرى ئاستا - ئاستا ئۇنىمۇ ئۆز ئىلكىگە ئالدى. فرانس، گرافنىڭ پارىژغا بارماقچى ئىكەنلىكىنى بىرنەچچە قېتىم ئېيتقانلىقىنى ئەسلىدى. ئۇ، شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنەتتىكى، گراف پارىژغا بارسا، ئۆزىنىڭ ئاجايىپلىقى، تاشقى كۆرۈنۈشىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ھەددى - ھېسابسىز بايلىقى بىلەن ئەل ئىچىدە

زور غۇلغۇلا پەيدا قىلىدىغانلىقى روشەندى. شۇنداق بولسىمۇ، فرانسىنىڭ پارىژغا گراف بىلەن بىر ۋاقىتتا بېرىشقا كۆڭلى تارتمايتتى.

بۇ كېچە، ئىتالىيە تىياتىرخانىلىرىدىكى ئادەتتىكى كېچىلەردەكلا ئۆتتى. ئويۇن كۆرگۈچىلەر ناخشىچىلارنىڭ ناخشىلىرىنى ئاڭلاشنىڭ ئورنىغا ئۆزئارا مېھماندارچىلىققا بېرىلىپ - كېلىشىپ يۈرۈشەتتى. گ. خانىم يەنە گراف مونتې - كرىستو توغرىسىدا سۆز باشلىماقچىدى، لېكىن فرانس ئۇنىڭغا بىزنىڭكىدىنمۇ قىزىقارلىق يېڭىلىقلارنىڭ بولۇپ ئۆتكەنلىكىنى ئېيتتى ۋە ئالبېرنىڭ كۈلۈپ تۇرۇپ قارشىلىق قىلىشۋاتقانلىقىغا قارىماستىن، ئۈچ كۈندىن بۇيان ئىككى دوستىنىڭ پىكرى - خىيالىنى چىرمىۋالغان ھېلىقى ئىنتايىن مۇھىم ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى. ساياھەتچىلەرنىڭ گېپىگە ئىشىنىشكە توغرا كەلسە، ئىتالىيەدە بۇنداق سەرگۈزەشتىلەر ئادەتتىكى ئىش. شۇنىڭ ئۈچۈن، گ. خانىم بۇ ۋەقەگە نىسبەتەن ھېچقانداق غەيرىي قاراشتا بولمىدى ۋە ئالبېرنىڭ شۇنچە كۆڭۈللۈك نەتىجە بېرىش ئالدىدا تۇرغان ئىشق پائالىيىتىنى تەبرىكلىدى. يىگىتلەر تەزىم قىلىشتى ۋە گ. خانىم بىلەن پۈتۈن رىمنىڭ جامائەت ئەھلى تەكلىپ قىلىنغان گېرتسوگ براچچانونىڭ زىياپىتىدە كۆرۈشۈشكە ۋەدىلىشىپ خوشلاشتى. بىنەپشە گۈللەرنىڭ ئىگىسى بولغان خانىم ئۆزىنىڭ ئېيتقىنىدەك قىلدى. ئىككىنچى، ئۈچىنچى كۈنلىرى ئالبېر ئۇنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرەلمىدى.

ئاخىرى، سەيشەنبە كۈنى — كارناۋالنىڭ ئەڭ ئاخىرقى، ئەڭ تەنتەنىلىك كۈنى يېتىپ كەلدى. بۇ سەيشەنبە كۈنى تىياتىرلار ئەتىگەن سائەت ئوندىن باشلاپ ئېچىلىدۇ. چۈنكى كەچ سائەت سەككىزدە پەرھىز تۇتۇش باشلىنىدۇ. پۇلى، ۋاقتى ياكى قىزغىنلىقى يېتىشمىگەنلىكتىن مەرىكىگە قاتناشمىغان كىشىلەر بۇ سەيشەنبە

كۈنى ئومۇمىي ئويۇن - تاماشىغا قاتنىشىپ، قاينام - تاشقىنلىق ۋاراڭ - چۇرۇڭغا ئۆز ھەسسىسىنى قوشىدۇ. سائەت ئىككىدىن بەشكىچە فرانس بىلەن ئالبېر قاتىمۇ قات ھارۋىلارنىڭ ئارىسىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ ئۇدۇل كەلگەن پەيتۇنلارغا، پىيادە يۈرگەن كىشىلەرگە رەڭدار قەغەز پارچىلىرىنى ئېتىشىپ ئويناشتى. پىيادە يۈرگەن كىشىلەر ئاتلارنىڭ پۇتلىرى ۋە ھارۋىلارنىڭ چاقلىرى ئارىسىدىن شۇنداق ئەپچىللىك بىلەن ئۆتۈپ يۈرۈشەتتىكى، ئەتراپتىكى مۇنداق ئەسەۋۋۇر قىلغۇسىز قىستاڭچىلىققا قارىماستىن، بىرمۇ خەتەرلىك ھادىسە، بىرمۇ جېدەل - ماجىرا ۋە مۇشتلىشىش ئەھۋاللىرى يۈز بەرمىدى. بۇ جەھەتتە ئىتالىيانلار ئاجايىپ بىر خەلق. ئۇلار بايرامنى ھەقىقىي بايرام قىلىدۇ. بۇ ھېكايىنىڭ ئاپتورى ئىتالىيەدە ئالتە يىلغا يېقىن تۇرغان بولۇپ، بىزنىڭ مەملىكىتىمىزدىكى بايراملاردا دائىم سادىر بولۇپ تۇرىدىغان ۋەقەلەرنى بۇ يەردىكى بىرەر مەرىكىدىمۇ ئۇچرىتالمىدى.

ئالبېر ئۈچىنچى قىزىقچىنىڭ كىيىمىنى كىيىۋالغان ھالدا يىگىتلىك قىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يەلكىسىدە، تىزىغىچە ساڭگىلاپ تۇرغان ھال رەڭ لېنتا يەلپۈنۈپ تۇراتتى. ئۇقۇشماسلىق بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن فرانس دېھقانچە كىيىنىۋالغانىدى.

ۋاقىت كەچكە يېقىنلاشقانسېرى ۋاراڭ - چۇرۇڭ يەنىمۇ ئەۋجىگە چىقىشقا باشلىدى. يول ياقىلىرىدا، ھارۋىلاردا، دېرىزىلەردە ۋارقىرىماي تۇرغان بىرمۇ ئېغىز يوق ئىدى، ھەرىكەتسىز تۇرغان بىرمۇ قول يوق ئىدى. بۇ، ھەقىقەتەنمۇ گۈلدۈرمامىدەك ۋارقىراشلاردىن، مۆلدۈردەك يېغىۋاتقان قەغەز پارچىلىرى، دراژې، ئۇن بىلەن تولدۇرۇلغان تۇخۇم، ئاپېلسىنلاردىن ۋە گۈللەردىن تەركىب تاپقان سۈنئىي بوران ئىدى.

سائەت ئۈچ بولغاندا پىياتسا - دېل - پوپولودىن ۋە ۋېنېتسىيە

سارىيىسىنىڭ ئالدىدىن بىراقلا ئېتىلغان ئوق ئاۋازلىرى بۇ تەرتىپسىز ۋاراڭ - چۇرۇڭنى تەسلىكتە بېسىپ، ئات بەيگىسىنىڭ باشلانغانلىقىنى جاكا قىلدى. ئات بەيگىسى خۇددى ماككولىغا ئوخشاشلا، كارناۋالنىڭ ئاخىرقى كۈنىنىڭ ئۆزگەرمەس كۈنتەرتىپىگە كىرىدۇ. ئوق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىش بىلەنلا هارۋىلار سەپلىرىنى بۇزۇپ، يېقىن ئەتراپتىكى يان كوچىلارغا تارقىلىپ كېتىشتى. بۇنداق چاغلاردا، گەرچە ساقچىلار ئورۇن كۆرسىتىپ بېرىش ياكى قاتناشنى باشقۇرۇش ئىشلىرىغا قىلچە كۆڭۈل بۆلمىسىمۇ، بۇ هەرىكەتلەر هەيران قالغۇدەك چەبدەسلىك ۋە چاققانلىق بىلەن ئورۇندىلىدۇ. پىيادە يۈرگەن كىشىلەر ئىمارەتلەرنىڭ تۈۋىگە كېلىپ قىستىلىپ تۇرۇشتى. ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈرلىشى ۋە قىلىچلارنىڭ شاراق - شۇرۇقلىرى ئاڭلاندى. هەربىر رەتكە 15 تىن تىزىلغان ئاتلىق ئەسكەرلەر دۈيى پۈتۈن كوچىنى بىر ئالغان هالدا، بەيگە ئۈچۈن يول ئېچىپ، كورسودىن ئات چاپتۇرۇپ ئۆتتى. ئۇلار ۋېنېتسىيە سارىيىنىڭ ئالدىغا يېتىپ بارغاندا يېڭىدىن ئېتىلغان ئوق ئاۋازلىرى كوچىنىڭ بوشىتىلغانلىقىدىن خەۋەر يەتكۈزدى. شۇ هامان، قۇلاقنى يارغۇدەك قىقاس - چۇقاننىڭ ئىچىدە، 300 مىڭ تاماشىبىننىڭ ۋارقىراشلىرى بىلەن قاناتلانغان سەككىز ئات خۇددى سايىدەك ئۇچۇپ ئۆتۈپ كەتتى. بىر دەمدىن كېيىن، مۇقەددەس پەرىشتە قەلئەسىنىڭ ئۈستىدىن ئۈچ قېتىم ئېتىلغان توپ ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ، ئۈچىنچى نومۇرنىڭ ئۇتۇپ چىققانلىقىنى بىلدۈرەتتى. شۇندىن كېيىن، باشقا هېچقانداق سىگنال بېرىلمەستىنلا، هەممە يان كوچىلاردىن چىقىپ كەلگەن هارۋىلار كورسوغا كەلكۈندەك ئېقىپ كىردى. گويا بىردەملىككە توسۇپ قويۇلغان ئۆستەڭلەر ئەسلىدىكى ئېقىش يولىغا بىراقلا ئېتىلىپ كىرگەندەك ۋە بۇنىڭدىن هاسىل بولغان هەيـ

ۋەتلىك دەريا گىرانىتلىق قىرغاقلارنى بويلاپ بۇرۇنقىدىنمۇ شىددەتلىك ئېقىپ كەتكەندەك بولدى.

ئەمدى بۇ مىسلىسىز قاينامغا ۋاراڭ - چۇرۇڭ ۋە قالايمىقانچىلىقنىڭ يېڭى بىر مەنبەسى قوشۇلدى: سەهنىگە موككولى ساتقۇچىلار چىقتى. موككولى ياكى موككولېتتى دېگىنىمىز هەرخىل چوڭلۇقتىكى شاملار بولۇپ، بۇلارنىڭ چوڭلىرى پاسخا① بايرىمىدا يېقىلغان شاملاردەك، كىچىكلىرى بەك ئىنچىكە بولىدۇ. رىمدىكى كارناۋالنىڭ خاتىمە قىسمىغا قاتناشقۇچىلار بۇ شاملارنى ئىككى خىل قارىمۇ قارشى ئاۋارىگەرچىلىك ئۈچۈن يەنى بىرىنچىدىن، ئۆزىنىڭ موككولېتتىسىنى ئۆچۈرۈپ قويماسلىق؛ ئىككىنچىدىن، باشقىلارنىڭ موككولېتتىسىنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ.

بۇ مەنىدىن ئالغاندا، موككولېتتى ئىنسان هاياتىغا ئوخشايدۇ. ئىنسانلار هاياتنى پەيدا قىلىشنىڭ پەقەت بىرلا ئۇسۇلىنى تاپالىدى. بۇ ئۇسۇلنى ئۇنىڭغا تەڭرى ئاتا قىلغان. لېكىن، ئىنسانلار هاياتنى يوقىتىشنىڭ مىڭلىغان ئۇسۇللىرىنى تېپىپ چىقتى. توغرا، بۇ جەهەتتە ئۇنىڭغا مەلۇم دەرىجىدە شەيتاننىڭ ياردىمى بولىدۇ. موككولېتتىنى ياندۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئوتنى تۇتاشتۇرۇشلا كۇپايە قىلىدۇ. لېكىن، موككولېتتىنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن ئىجاد قىلىنغان هەيۋەتلىك شامال ساندۇقلىرى، تۈرلۈك - تۈرلۈك ئاجايىپ ئەسۋابلار، گىگانت يەلپۈگۈچلەر ئىشقا سېلىنىدىغان مىڭلارچە ئۇسۇللارنى قانداق تەسۋىرلەش مۇمكىن؟

موككولېتتىلار قول - قولغا تەگمەستىن سېتىلىپ بولدى. فرانس بىلەن ئالبېرمۇ باشقىلارغا ئوخشاش ئىش تۇتتى.

تېزلىك بىلەن قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىدى. مىڭلارچە سېـ

---

① پاسخا — خىرىستىئان ۋە يەهۇدىلارنىڭ بىر دىنىي بايرىمى.

تىقچىلارنىڭ «موككولى!» دەپ ئۈنلۈك توۋلاشلىرى بىلەن، ئادەملەر توپى ئۈستىدە دەسلەپكى يۇلتۇزلار نۇرلىنىپ چىقتى. بۇ بىر سىگنال بولدى. ئون مىنۇت ئۆتمەي تۇرۇپلا ۋېنېتسىيە سارىيىدىن پياتسا - دىلپوپولوغىچە بولغان ئارىلىقتا 50 مىڭ شامنىڭ يالقۇنى چاقناپ كەتتى. بۇ، گويا سەييارە ئوتلارنىڭ بايرىمى ئىدى. بۇنداق مەنزىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش قىيىن. ھەممە يۇلتۇزلار ئاسماندىن چۈشۈپ يەر يۈزىدە كارامەتلىك ئۇسسۇلغا چۈشكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىڭ. ھاۋانى شۇنداق ۋاراڭ - چۇرۇڭ بېسىپ كەتكەنكى، بۇنداق ۋاراڭ - چۇرۇڭنى يەر شارىنىڭ باشقا ھەممە قىسمىدا ئىنسان قۇلىقى ئاڭلاپ باققان ئەمەس. ۋاقىت شۇ يەرگە يەتكەندە ھەرقانداق تەبەقىۋى پەرقلەر تامامەن يوقىلىدۇ. دەرۋىش كىنەزنى قوغلاپ يۈرگەن، كىنەز دېھقاننى قوغلاپ يۈرگەن، دېھقان سودىگەرنى قوغلاپ يۈرگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر-بىرىنىڭ قوللىرىدىكى شاملارنى پۈۋلىمەكتە، ئۆچۈرمەكتە ۋە يەنە باشقىدىن ياندۇرماقتا. مۇبادا شۇ پەيتتە قەدىمكى ئېئول① پەيدا بولۇپ قالسا، ئۇ موككولى پادىشاھى دەپ ئېلان قىلىنغان بولاتتى، ئاكۋىلون بولسا، ۋارىس شاھزادە بولۇپ قالاتتى. بۇ شىددەتلىك ئوت جېڭى ئىككى سائەتچە داۋام قىلدى. كورسو كوچىسى خۇددى كۈندۈزدىكىدەك يوپيورۇق ئىدى؛ ھەتتا تۆتىنچى، بەشىنچى قەۋەتلەردىكى دېرىزىلەردە تۇرغان تاماشا كۆرگۈچىلەرنىڭ چىرايلىرىنىمۇ پەرق ئېتىشكە بولاتتى.

ئالبېر ھەر بەش مىنۇتتا سائىتىگە قاراپ قوياتتى. ئاخىرى، سائەت يەتتىگە تولدى. بۇ چاغدا دوستلار دەل پونتې - فىچېنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. ئالبېر بىر قولىدا موككولېتتىنى تۇتقان ھالدا پەيتۇندىن سەكرەپ چۈشتى. بىرنەچچە نىقابلىق كىشىلەر قورشاپ كېلىپ ئۇنىڭ قولىدىكى شامنى پۈۋلەشكە باشلىدى. لېكىن، ئالبېر ئۇستا مۇشتلاشچى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى ئۆزىدىن ئون قەدەمچە نېرىغا ئۇچۇرۇپ تاشلىدى ۋە سان - جاكومو چېركاۋى تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتى. چېركاۋنىڭ ئايۋانلىرىنىمۇ تاماشا كۆرگۈچىلەر ۋە بىر - بىرىنىڭ شاملىرىنى تالىشىۋاتقان، پۈۋلىشىۋاتقان نىقابلار تولۇپ كەتكەنىدى. فرانس ئالبېرنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇردى ۋە ئۇنىڭ پەلەمپەيىنىڭ بىرىنچى باسقۇچىغا چىققانلىقىنى كۆردى. بۇ چاغدا، شۇنچە تونۇشلۇق بولغان، دېھقانچە كىيىنگەن ھېلىقى نىقابلىق گەۋدە ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ قولىنى ئۇزاتتى. ئالبېر ھېچقانداق قارشىلىق كۆرسەتمەستىنلا موككولېتتىنى ئۇنىڭغا بېرىۋەتتى. فرانس ئۇلاردىن بەك يىراق جايدا تۇرغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشكەنلىكىنى ئاڭلىيالمىدى. لېكىن، ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سۆزلىشىش دوستانە كەيپىياتتا بولغان بولسا كېرەك، چۈنكى ئالبېر بىلەن دېھقانچە كىيىنگەن ئايال قولنى قولغا تۇتۇشقان ھالدا يىراقلىشىپ كېتىشتى. فرانس يەنە بىر ئەسناغىچە ئۇلارنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇردى، لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلار كۆزدىن غايىب بولدى. تۇيۇقسىزدىن، كارناۋالنىڭ تامام بولغانلىقىنى جاكالاپ جاراڭلىغان قوڭغۇراق ساداسى ئاڭلاندى. شۇ ھامان، گويا بىر سېھىرلىك تاياق شىلتىلىغاندەك ۋە گوياكى قۇدرەتلىك بوران بىر ئۈرۈش بىلەنلا ھەممىنى يوقاتقاندەك، ھەممە موككولېتتىلار بىراقلا ئۆچتى. فرانس قاپقاراڭغۇچىلىق ئىچىدە قالدى. بەجايىكى، يەنە شۇ بوران ئادەملەرنىڭ ۋارقىراشلىرىنىمۇ ئۇچۇرۇپ كەتكەندەك، ئوتلارنىڭ ئۆچۈشى بىلەن تەڭ ھەممە ۋاراڭ - چۇرۇڭمۇ بېسىقتى. ھەر خىل نىقابلارنى كىيىۋالغان ئادەملەرنى ئۆيلىرىگە توشۇپ ئېلىپ كېتىۋاتقان ھارۋىلارنىڭ

---

① ئېئول — قەدىمكى يۇنان ئەپسانىلىرىدا شامال ئىلاھى.

تاراقلىغان ئاۋازلىرىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. پەقەت بەزەنبىر دېرىزىلەردىلا پىلىلداپ تۇرغان چىراغنىڭ شولىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. كارناۋال تامام بولدى.

يەتتىنچى باب

سان - سېباستيانو لەخمىسى

بەلكىم فرانس بۇنداق كەسكىنلىك بىلەن خۇشاللىقتىن دىلغۇللىققا ئۆتۈشنى ئۆز ئۆمرىدە ھېس قىلىپ باقمىغان بولغىدى. شۇ تاپتا، قانداقتۇر بىر تۈن ئىلاھى بىر قول شىلتىش بىلەنلا پۈتۈن رىمنى تۇتاش گورىستانلىقتا ئايلاندۇرۇۋەتكەندەك تۇيۇلاتتى. ئاي تېخىچە ئاسمانغا ئۆرلەپ چىقمىغانلىقى ئۈچۈن قاراڭغۇلۇق يەنىمۇ قويۇقلاشماقتا ئىدى. شۇڭا، فرانس كېزىپ ئۆتۈۋاتقان كوچىلاردا ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئەمما، مەنزىل يىراق ئەمەس ئىدى. ئون مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ پەيتونى ياكى توغرىسىنى ئېيتقاندا گرافنىڭ پەيتونى مېھمانخانىنىڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ توختىدى. تائام ھازىرلىنىپ قويۇلغانىدى. ئالبېر ئۆزىنىڭ بالدۇر قايتماسلىقى مۇمكىن ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ قويغان بولغاچقا، فرانس غىزالىنىش ئۈچۈن ئۆزى يالغۇز ئولتۇردى. پاستىرىنى ئەپەندى ئۇلارنى دائىم بىرگە كۆرۈشكە ئادەتلىنىپ قالغانلىقتىن، ئالبېرنىڭ نېمە ئۈچۈن غىزاغا كەلمىگەنلىكىنى سورىدى. فرانس ئۇنىڭغا، ئالبېر مېھمانغا كەتتى، دەپ قويدى. ئوتلارنىڭ ئۇشتۇمتۇت غايىب بولۇشى، يورۇقلۇقنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن قاراڭغۇلۇق، ۋاراڭ - چۇرۇڭنى يوق قىلغان جىمجىتلىق — مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى فرانسنىڭ قەلبىگە تۇتۇق تەشۋىش ئارىلاشقان چۈشىنىكسىز بىر غەم سالدى. گەرچە خوجايىن ھېلىدىن - ھېلىغا كىرىپ، ئۇنىڭغا نېمە لازىم ئىكەنلىكىنى سوراپ تۇرغان بولسىمۇ، فرانس تاماق يەپ بولغىچە گەپ قىلمىدى. ئۇ ئالبېرنى ئەڭ ئاخىرقى ئىمكانىيەتكىچە كۈتۈپ بېقىشقا قارار قىلدى. شۇڭا ئۇ سائەت 11 بولغان چاغدىلا ئاندىن پەيتوننى كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى ۋە پاستىرىنى ئەپەندىدىن، ئەگەر ئالبېر بىرەر ئىش بىلەن مېھمانخانىغا كېلىپ قالسا، دەرھال ئۆزىگە خەۋەر يەتكۈزۈپ قويۇشنى ئۆتۈندى. سائەت 11 بولغاندىمۇ ئالبېر قايتىپ كەلمىدى. فرانس كىيىندى ۋە خوجايىنغا ئۆزىنىڭ بۈگۈنكى كەچنى گېرتسوگ بىراچچانونىڭ زىياپىتىدە ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

گېرتسوگ بىراچچانونىڭ ئۆيى رىمدىكى ئەڭ كۆڭۈللۈك ئۆيلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭ، قەدىمكى كولون جەمەتىدىن بولمىش رەپىقىسى تولىمۇ يېقىملىق خانىم بولۇپ، ئۇلارنىڭ مېھمان كۈتۈشلىرى پۈتۈن ياۋروپانىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغانىدى. فرانس بىلەن ئالبېرنىڭ ھەر ئىككىسى رىمغا كېلىشتە، گېرتسوگ بىراچچانوغا يېزىلغان تونۇشتۇرۇش خەتلىرى بىلەن كەلگەنىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ فرانسقا بەرگەن بىرىنچى سوئالى ئۇنىڭ دوستى ھەققىدە بولدى. فرانس ئۆزىنىڭ ئالبېردىن موككولېتتىلارنى ئۆچۈرۈش پەيتىدە ئايرىلغانلىقىنى ۋە ۋىئا - ماچېللونىڭ يېنىدا ئۇنى كۆزدىن يوقىتىپ قويغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

— شۇنىڭ بىلەن، ئۇ تېخىچە قايتىپ كەلمىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى گېرتسوگ.

— مەن ئۇنى سائەت 11 گىچە كۈتۈپ ئولتۇردۇم، — دېدى فرانس.

— ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلەمسىز؟

— ئېنىق بىلمەيمەن. سۆيگۈ ئىشلىرى بولسا كېرەك.

— ئەستاغپۇرۇللا! — دېدى گېرتسوگ، — بۈگۈنكى كۈندە، ياكى ئېنىقراق ئېيتقاندا، بۈگۈنكى تۈندە كەچكى ساياھەتلەرگە چىقىشقا بولمايدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ، خانىم؟

ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى تېخى ھېلىلا گېرتسوگنىڭ ئىنىسى تورلونىئا جانابلىرى بىلەن قولتۇقلىشىپ كىرىپ كەلگەن گ. خانىمغا قارىتىلغانىدى.

— مېنىڭچە، سىزنىڭ ئېيتقانلىرىڭىزنىڭ ئەكسىچە، بۇ ئاجايىپ خاسىيەتلىك كېچە بولدى، — دەپ جاۋاب بەردى گىراف خانىم، — بۈگۈن بۇ يەرگە يىغىلغانلار كېيىنكى كۈنلەردە، بۇ كېچىنىڭ شۇنچە تېز ئۆتۈپ كەتكەنلىكىدىن ئەپسۇسلىنىپ قالىدۇ.

— مەن بۇ يەرگە يىغىلغانلار توغرۇلۇق گەپ قىلمىدىم، — دېدى گېرتسوگ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، — بۇ يەردىكى ئەرلەرگە پەقەت سىزگە ئاشىق بولۇپ قېلىش خەۋپىلا بار؛ ئاياللارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، سىزنىڭ گۈزەللىكىڭىزگە قاراپ ھەسەتخورلۇقتىن ئاغرىپ قېلىش خەۋپىلا بار. مەن ھازىر رىم كوچىلىرىدا ئايلىنىپ يۈرۈۋاتقانلار توغرۇلۇق گەپ قىلىۋاتىمەن.

— ئۇنداق كىشىلەرمۇ بەلكىم بىرەر زىياپەتكە كېتىۋاتقاندۇر. ئۇنداق بولمىسا، بۇنداق كەچكى مەزگىلدە كوچىلاردا ئايلىنىپ يۈرگەن كىم ئىكەن؟ — دەپ سورىدى گىراف خانىم.

— دوستىمىز ئالبېر مورسېر. مەن ئۇنىڭ بىلەن سائەت يەتتىدە خوشلاشقانىدىم، — دېدى فرانس، — ئۇ، ئۆزى تونۇشۇپ قالغان ھېلىقى ئايالنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كەتكەنىدى. شۇندىن تارتىپ مەن ئۇنى كۆرمىدىم.

— نېمە؟ سىز ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنىمۇ بىلمەمسىز؟

— زادى بىلمەيمەن.

— ئۇنىڭ قورالى بارمۇ؟

— ئۇ، قىزىقچىنىڭ كىيىمىنى كىيىپ كەتكەن.

— سىز ئۇنى قويۇۋەتمىسىڭىز بوپتىكەن، — دېدى گېرتسوگ، — سىز رىمنى ئۇنىڭغا قارىغاندا ياخشىراق بىلىسىز.

— ئۇنى تۇتۇپ قالغىلى بولامدۇ! بۈگۈنكى ئات بەيگىسىدە ئۇتۇپ چىققان ھېلىقى ئۈچىنچى نومۇرنى توختىتىۋېلىش ئۇنىڭدىن ئاسانراق بولار ئىدى، — دېدى فرانس، — ئۇ كەتكەن بولسىمۇ، نېمە چاتاق چىقىشى مۇمكىن دەپ ئويلايسىلەر؟

— كىم بىلسۇن؟ بۈگۈن كېچە بەك قاراڭغۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ۋىئا - ماچېللودىن تىبىرغا ناھايىتى يېقىن.

فرانس ئۆزىنىڭ تەشۋىشى بىلەن گېرتسوگ ۋە گىراف خانىمنىڭ ئويلىغانلىرى بىردەك بولۇپ چىققانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ تەنلىرى شۈركۈنۈپ كەتتى.

— مەن سىزنىڭ ئۆيىڭىزدە بولىدىغانلىقىمنى مېھمانخانا ئىگىسىگە ئېيتىپ قويغانىدىم، — دېدى فرانس، — ئۇ قايتىپ كەلگەن ھامان ماڭا خەۋەر يەتكۈزۈلىدۇ.

— ھە، مانا، — دېدى گېرتسوگ، — مېنىڭ مالىيىم سىزنى ئىزدەپ يۈرىدىغۇ دەيمەن.

گېرتسوگنىڭ ئېيتقىنى توغرا بولۇپ چىقتى. مالاي فرانسنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.

— جانابلىرى، — دېدى ئۇ، — «لوندون» مېھمانخانىسىنىڭ خوجايىنى، ۋىسكونت مورسېرنىڭ خېتىنى ئەكەلگەن بىر كىشى ئۆزلىرىنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى ئېيتىپ قويۇش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىپتۇ.

— مورسېرنىڭ خېتى! — دەپ خىتاب قىلدى فرانس.

— شۇنداق.

— خەتنى ئەكەلگەن كىم ئىكەن؟

— بىلمەيمەن.

— نېمە ئۈچۈن خەتنى ئۇ ئۆزى ئەكەلمەپتۇ؟

— خەۋەر يەتكۈزۈپ كەلگەن كىشى ماڭا بۇ ھەقتە ھېچنېمە دېمىدى.

— ئۇ كىشى ئۆزى قېنى؟

— ئۆزلىرىگە بۇ گەپنى يەتكۈزۈپ قويۇش ئۈچۈن زالغا كىرىپ كېتىۋاتقىنىمنى كۆرۈپ، ئۇ كېتىپ قالدى.

— ۋاي خۇدايىم! — دېدى گراف خانىم فرانسقا قاراپ، — تېزرەك بېرىڭ، بىچارە! ئۇ بىرەر پېشكەللىككە يولۇقۇپ قالغان بولمىسۇن يەنە.

— مەن كەتتىم ئەمىسە، — دېدى فرانس.

— سىز يەنە قايتىپ كېلىپ بىزگە ھەممىنى سۆزلەپ بېرەرسىز؟ — دەپ سورىدى گراف خانىم.

— ئەگەر بىرەر جىددىي ئىش بولمىسىلا شۇنداق قىلىمەن. ئەكسىچە بولغاندا، ئۆزۈمنىڭ نېمە بولىدىغانلىقىمنىمۇ ئېيتالمايمەن.

— ھەر ھالدا ئېھتىياتلىق بولۇڭ، — دېدى گراف خانىم.

— ئەلۋەتتە، خاتىرجەم بولۇڭ.

فرانس شلەپىسىنى ئالدى-دە، ئالدىراپ چىقىپ كەتتى. ئۇ، زىياپەتكە كەلگەندىن كېيىن، ھارۋىكەشكە يېرىم كېچە سائەت ئىككىدە كېلىشنى بۇيرۇپ، پەيتونىنى كەتكۈزۈۋەتكەنىدى. بەختكە يارىشا، گېرتسوگ ھويلىسىنىڭ بىر تېمى كورسوغا، يەنە بىر تېمى مۇقەددەس ئاپوستول مەيدانىغا قارايدىغان بولغاچقا «لوندون» مېھمانخانىسىغا پىيادە مېڭىپ بارسىمۇ ئون مىنۇتتىن ئارتۇق ۋاقىت كەتمەيتتى. فرانس مېھمانخانىنىڭ ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە يول ئوتتۇرىسىدا تۇرغان بىر ئادەمنى كۆردى. ئۇ، بۇنىڭ ئالبېر ئەۋەتكەن كىشى ئىكەنلىكىنى دەرھال چۈشەندى. بۇ كىشى كەڭ يېپىنچىغا ئورىنىۋېلىپ تۇراتتى. فرانس ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى، لېكىن ئويلىمىغان يەردىن، ئۇ كىشى بىرىنچى بولۇپ ئۇنىڭغا ئۆزى سۆز ئاچتى.

— جانابىڭىزنىڭ ماڭا نېمە ئىشى بار؟ — دەپ سورىدى ئۇ بىر قەدەم كەينىگە چېكىنىپ.

— ۋىكونت مورسېردىن خەت ئەكەلگەن سىزمۇ؟ — دەپ سورىدى فرانس.

— جانابىڭىز پاستىرىنىنىڭ مېھمانخانىسىدا تۇرامسىز؟

— ھەئە.

— جانابىڭىز ۋىكونت بىلەن بىللە ساياھەت قىلىپ كەلگەنمۇ؟

— ھەئە.

— جانابىڭىزنىڭ ئىسمى كىم بولىدۇ؟

— بارون فرانس ئەپىنە.

— دېمەك، خەت جانابىڭىزغا قارىتىپ يېزىلغانىكەن.

— خەتنىڭ جاۋابىنى بېرىش كېرەكمۇ؟ — دەپ سورىدى فرانس، خەتنى ئۇنىڭ قولىدىن ئېلىپ.

— ھەئە. ھەر ھالدا سىزنىڭ دوستىڭىز جاۋابىڭىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ.

— ئۇنداق بولسا، يۈرۈڭ، ئۆيگە كىرەيلى.

— ياق، مەن مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇراي، — دېدى خەۋەرچى مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ.

— نېمىشقا؟

— جانابىڭىز خەتنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن چۈشىنىسىز.

— ئەمىسە سىز مۇشۇ يەردە بولامسىز؟

— شۇنداق.

— فرانس مېھمانخانىغا كىردى. پەلەمپەيدە ئۇ پاستىرىنى ئەپەندى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.

— ھە، قانداق؟ — دەپ سورىدى پاستىرىنى.

— نېمە قانداق؟ — دېدى فرانس.

— دوستىڭىز ئەۋەتكەن ئادەم بىلەن كۆرۈشتىڭىزمۇ؟

— ھەئە، كۆرۈشتۈم، — دېدى فرانس، — ئۇ خەت ئەكەپتۇ. مەرھەمەت قىلىپ، ماڭا شام يېقىپ بېرىشنى بۇيرۇڭا.

خوجايىن مالايغا شام ئەكىلىشنى بۇيرۇدى. فرانسقا پاستىرىنى ئەپەندى ئىنتايىن ھودۇقۇپ قالغاندەك كۆرۈندى. بۇ ھال ئۇنىڭ ئالبېرنىڭ خېتىنى چاپسانراق كۆرۈپ بېقىشىغا بولغان ئىنتىلىشىنى يەنىمۇ ئۇلغايتتى. مالاي كىرىپ شامنى يېقىشى بىلەنلا ئۇ، قاتلانغان قەغەزنى ئېچىپ قاردى. خەت ئالبېرنىڭ قولى بىلەن يېزىلغان، ئاستىغا ئۇنىڭ ئىمزاسى قويۇلغانىدى. فرانس خەتنى يېنىشلاپ ئىككى قېتىم ئوقۇپ چىقتى. خەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

«قەدىرلىك دوستۇم، بۇ خەت قولىڭىزغا تەگكەن ھامان شىرەنىڭ تارتمىسىدىكى پورتمېلىمدىن ئامانەت خەزىنە چېكىمنى ئېلىڭ، ئۇ يېتىشمىسە يېنىڭىزدىن قوشۇپ قويۇڭ. تورلونىئانى تېپىپ، بۇ چەككە ئۇنىڭدىن 4000 پىئاستىر نەق پۇل ئېلىڭ ۋە شۇ پۇلنى مەزكۇر خەتنى سىزگە ئېلىپ بارغان ئادەمگە بېرىڭ. بۇ پۇللار ماڭا دەرھال يەتكۈزۈلىشى زۆرۈر. ئارتۇق سۆز قىلمايمەن، چۈنكى سىز ماڭا ئىشەنگەندەك، مەنمۇ سىزگە ئىشىنىمەن.
ئىتالىيىدە قاراقچىلارنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە ئەمدى ئىشەندىم.

دوستىڭىز ئالبېر مورسېر».

بۇ قۇرلارنىڭ تېگىگە باشقا بىر قول بىلەن ئىتالىيان تىلىدا مۇنداق دەپ يېزىپ قويۇلغانىدى:

«ئەگەر ئەتىگەن سائەت ئالتىدە 4000 پىئاستىر نەق پۇل مېنىڭ قولۇمغا تەگمەيدىكەن، سائەت يەتتىدە ۋىكونت ئالبېر ھايات بولمايدۇ.
لۇيىدژى ۋامپا».

ئىككىنچى ئىمزانى كۆرگەندىن كېيىن فرانسقا ھەممە ئىش ئايان بولدى، خەتنى ئەكەلگەن كىشىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆيگە كىرمىگەنلىكىمۇ ئەمدى چۈشىنىشلىك بولدى: ئۇ، سىرتتا ساقلاپ

تۇرۇشنى ئۆزى ئۈچۈن بىخەتەرلىكرەك دەپ ھېسابلىغانىدى.

ئالبېر مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە جاھىللىق بىلەن ئىشەنمەي كەلگەن ئاشۇ مەشھۇر قاراقچىنىڭ قولىغا ئەمدى ئۆزى چۈشۈپ قالغانىدى.

بىر مىنۇت ۋاقىتنىمۇ قولدىن بېرىشكە بولمايتتى. فرانس يۈگۈرۈپ بېرىپ شىرەنىڭ تارتمىسىنى ئاچتى، پورتمالنى تاپتى، ئۇنىڭ ئىچىدە ئامانەت خەزىنە چېكى بار ئىدى. چەك ئەسلىدە 6000 پىئاستىرغا يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئالبېر 3000 پىئاستىرنى ئېلىپ بولغانىكەن. فرانسنىڭ ئۆزىگە كەلسەك، ئۇنىڭدا چەك يوق ئىدى. ئۇ، نەچچە ۋاقىتتىن فلورېنسىيىدە تۇرۇۋاتقان بولۇپ، رىمغا پەقەت بىر ھەپتىلىك مۆھلەت بىلەن كەلگەن بولغاچقا، يېنىغا ئاران 100 لۇيىدورلا سېلىپ كەلگەن ۋە ھازىر ئۇنىڭ يېرىمىدەك قالغانىدى. شۇنداق قىلىپ، ئالبېرغا لازىم بولغان سوممىغا يەتتە - سەككىز يۈز پىئاستىر يېتىشمەيتتى. توغرا، بۇنداق پەۋقۇلئاددە ئەھۋال ئاستىدا فرانس تورلونىئا جانابلىرىنىڭ ياردىمىدىن ئۈمىد كۈتۈش مۇمكىن ئىدى. ئۇ، ۋاقىتنى كېچىكتۈرمەستىن براچچانونىڭ ئۆيىگە بارماقچى بولۇپ تۇرغاندا، تۇساتتىن ئۇنىڭ مېڭىسىگە ئاجايىپ بىر پىكىر كىرىپ قالدى.

ئۇ، گراف مونتې - كرىستونى يادىغا ئالدى. فرانس پاستىرىنى ئەپەندىنى چاقىرماقچى بولۇپ قولىنى قوڭغۇراققا ئۇزىتىشى بىلەن تەڭلا ئۇ ئۆزى كىرىپ كەلدى.

— پاستىرىنى ئەپەندى، — دەپ ئالدىراپ سورىدى فرانس، — گراف ھازىر ئۆيىدە بارمۇ؟

— بار، جانابلىرى، ئۇ تېخى ھازىرلا قايتىپ كەلدى.

— تېخى ياتمىغاندۇر؟

— ياتمىغاندۇر دەپ ئويلايمەن.

— ئۇنداق بولسا، مەرھەمەت قىلىپ، ئۇنىڭ يېنىغا مېنىڭ كىرىشىمگە ئىجازەت سوراپ چىقىڭا.

پاسترنى تاپشۇرۇقنى ئورۇنداش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى؛ بەش مىنۇتتىن كېيىن ئۇ يەنە قايتىپ كىردى.

— گراف جانابلىرىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ، — دېدى ئۇ.

فرانس كارىدور مەيدانچىسىنىڭ ئۇ چېتىگە باردى ۋە خىزمەتكار ئۇنى گرافنىڭ يېنىغا باشلاپ كىردى. گراف، تام ياقىلاپ سافالار تىزىلغان كىچىككىنە بىر بۆلمىدە ئولتۇراتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ فرانسنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— قانداق بەخت قۇچقان سەۋەبلەر سىزنىڭ مۇبارەك قەدەملىرىڭىزنى ماڭا يەتكۈزدى؟ — دېدى ئۇ، — بەلكىم سىز مېنىڭ بىلەن كەچكى چايدا بىرگە بولۇشنى رەت قىلمايدىغانسىز؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، مېنى ئىنتايىن مەمنۇن قىلىسىز.

— يوقسۇ، مەن بىر مۇھىم ئىش بىلەن كىردىم.

— ئىش بىلەن؟ — دېدى گراف ۋە ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن فرانسقا تىكىلىپ قارىدى، — نېمە ئىش؟

— بىز بۇ يەردە يالغۇزمۇ؟

گراف ئىشىكنىڭ يېنىغا بېرىپ، قايتىپ كەلدى.

— ئىككىمىز يالغۇز.

فرانس ئۇنىڭغا ئالبېرنىڭ خېتىنى بەردى.

— ئوقۇپ بېقىڭ، — دېدى ئۇ.

گراف خەتنى ئوقۇپ چىقتى.

— ھىم! — دەپ قويدى ئۇ.

— ئاخىرىدىكى ئەسكەرتىشنىمۇ ئوقۇدىڭىزمۇ؟

— ھەئە، — دېدى ئۇ، — ئوقۇدۇم: «ئەگەر ئەتىگەن سائەت ئالتىدە 4000 پىئاستر نەق پۇل مېنىڭ قولۇمغا تەگمەيدىكەن، سائەت يەتتىدە ۋىكونت ئالبېر ھايات بولمايدۇ. لۇيىدژى ۋامپا».

— سىز بۇنىڭغا نېمە دەيسىز؟

— سىزدە شۇنچىلىك پۇل بارمۇ؟

— بار. بىراق 800 پىئاستر يېتىشمەيدۇ.

گراف ئىش ئۈستىلىنىڭ يېنىغا كېلىپ قۇلۇپنى ئاچتى ۋە ئۇنىڭ ئالتۇن بىلەن لىق تولغان تارتمىسىنى تارتىپ چىقاردى.

— سىز بۇ ئىشتا باشقىلاردىن ياردەم سوراپ مېنى رەنجىتىپ قويماسسىز؟ — دېدى ئۇ فرانسقا قاراپ.

— ئۆزىڭىز كۆرۈپ تۇرىسىز. ئەكسىچە، مەن ئۇدۇل سىزنىڭ ئالدىڭىزغىلا كىردىم، — دەپ جاۋاب قايتۇردى فرانس.

— شۇنداق قىلغانلىقىڭىزدىن مىننەتدارمەن. ئېلىڭ، — دېدى ئۇ، فرانسقا تارتمىنى كۆرسىتىپ.

— لۇيىدژى ۋامپاغا مۇشۇ سوممىنى ئەۋەتىش شەرتمۇ؟ — دەپ سورىدى فرانس ۋە ئۆز نۆۋىتىدە گرافنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىدى.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ - دە! — دېدى گراف، — ئۆزىڭىز ئوقۇپ بېقىڭ، ئەسكەرتىشكە ناھايىتى ئېنىق يېزىلغان.

— مېنىڭچە، ئەگەر سىز خالىسىڭىز بۇنىڭدىن ئاسانراق يول تېپىشقا بولاتتى، — دېدى فرانس.

— قانداق يول؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى گراف.

— مەسىلەن، بىز ئىككىمىز بىرلىكتە لۇيىدژى ۋامپانىڭ يېنىغا بارساق، چوقۇم ئېيتىمەنكى، ئۇ سىزنىڭ تەلىپىڭىزنى يەردە قويمايدۇ ۋە ئالبېرنى ئازاد قىلىدۇ.

— مېنىڭ تەلىپىمنى؟ بۇ قاراقچىغا مەن قانداق قىلىپ گېپىمنى ئۆتكۈزەلىشىم مۇمكىن؟

— سىز ئۇنىڭغا ئۆمۈر بويى ئۇنتۇلمايدىغان بىر ياخشىلىق قىلغان ئەمەسمۇ؟

— قانداق ياخشىلىق؟

— سىز پېپپىنونىڭ ھاياتىنى قوغداپ قالغان ئەمەسمىدىڭىز؟

— ھە! — دېدى گراف، — كىم شۇنداق دەيدۇ؟

— كىم دېسە ئوخشاشقۇ، مەن بۇنى بىلمەن.

گراف ئۈنچىقماستىن، قاشلىرىنى يىمىرىپ تۇرۇپ قالدى.

— ئەگەر مەن لۇيىدژىنىڭ يېنىغا بارسام، سىزمۇ مەن بىلەن بىللە بارامسىز؟

— مېنىڭ بىرىشىمدىن كۆڭۈلسىزلىك ھېس قىلمىسىڭىز بارىمەن.

— ماقۇل، ئەمىسە شۇنداق بولسۇن. بۈگۈن ھاۋامۇ يامان ئەمەس. رىم ئەتراپلىرىنى ئايلىنىپ كېلىش بىزگە بىر كۆڭۈللۈك ساياھەت بولۇپ قالىدۇ.

— قورال ئېلىۋالامدۇق؟

— نېمىشقا؟

— پۇلچۇ؟

— كېرەك ئەمەس. بۇ خەتنى ئەكەلگەن ئادەم نەدە؟

— كوچىدا.

— ئۇ جاۋاب كۈتۈپ تۇرامدۇ؟

— ھەئە.

— ھەر ھالدا بىزنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىمىزنى ئۇقۇپ بېقىش كېرەك. مەن ئۇنى چاقىراي.

— پايدىسى يوق. ئۇ ئۆيگە كىرىشكە ئۇنىمىدى.

— سىز چاقىرسىڭىز كىرمەسلىكى مۇمكىن، لېكىن مەن چاقىرسام كىرىدۇ.

گراف بۆلمىنىڭ كوچىغا قارايدىغان دېرىزىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئالاھىدە بىر خىل ئاھاڭدا ئىسقىرتىپ قويدى. يېپىنچىغا ئورىلىۋالغان كىشى تام تۈۋىدىن چىقىپ، يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ توختىدى.

— بۇ ياققا كىرىڭ! — دېدى گراف ئىتالىيان تىلىدا،

بەجايىكى ئۆزىنىڭ مالىيىغا بۇيرۇق قىلغاندەك.

خەۋەرچى شۇ ھامان، قىلچە ئىككىلەنمەستىن، ھەتتا ئالدىراپ-تېنەپ دېگۈدەك پەلەمپەيگە چىقىپ مېھمانخانىغا كىردى. بەش سېكۇنت ئۆتۈپلا ئۇ بۆلمىنىڭ ئىشىكىدە پەيدا بولدى.

— ھە، پېپىنو، بۇ سەنمۇ؟ — دېدى گراف.

پېپىنو جاۋاب قايتۇرۇشىنىڭ ئورنىغا تىزلىنىپ ئولتۇردى-دە، گرافنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ، بىرنەچچە قېتىم سۆيۈپ قويدى.

— قارا بۇنى! — دېدى گراف، ھاياتىڭنى قوغداپ قالغانلىقىمنى تېخىچە ئۇنتۇپ قالماپسەن-دە؟ ئەجەبا، ھازىر پۈتۈن بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتتىغۇ.

— يوقسۇ، جانابلىرى، مەن بۇنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالمايمەن، — دېدى پېپىنو، چوڭقۇر مىننەتدارلىق تۇيغۇسى بىلەن سۇغىرىلغان ئاھاڭدا.

— مەڭگۈ؟ بۇ بەكمۇ ئۇزاق! ھەرھالدا شۇنچىلىك ئويلىغىنىڭمۇ ياخشى. قېنى، ئورنىڭدىن تۇرۇپ سۆزلە.

پېپىنو خاتىرجەمسىزلەنگەن ھالدا فرانسقا قاراپ قويدى.

— بۇ جانابنىڭ ئالدىدا سۆزلىسەڭ بولىۋېرىدۇ، — دېدى گراف، — بۇ مېنىڭ دوستۇم. سىزنى شۇنداق دەپ ئاتىشىمغا ئىجازەت قىلامسىز؟ — دەپ قوشۇپ قويدى گراف فرانسۇز تىلىدا فرانسقا مۇراجىئەت قىلىپ، — ئۇنى ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن شۇنداق دەپ قويۇش كېرەك.

— مېنىڭ ئالدىمدا سۆزلىسىڭىز بولىۋېرىدۇ، — دېدى فرانس، — مەن گرافنىڭ دوستى.

— ياخشى، — دېدى پېپىنو گرافقا قاراپ، — جانابلىرى سورىسۇن، مەن جاۋاب بېرىمەن.

— ۋىكونت ئالبېر قانداق قىلىپ لۇيىدژىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى؟

— جانابلىرى، بۇ فرانسۇزنىڭ پەيتۇنى تېرېزا ئولتۇرغان پەيتۇن بىلەن بىرنەچچە قېتىم ئۇچراشتى.

— ئاتامانىنىڭ مەھبۇبىسى؟

— شۇنداق. فرانسۇز يېقىنچىلىق قىلىشقا باشلىدى. تېرېزا ئۇنى ئەخمەق قىلىپ، ئۆز لايىقىدا جاۋاب قايتۇردى. فرانسۇز ئۇنىڭغا گۈلدەستىلەرنى تاشلىدى، تېرېزامۇ ئۇنىڭغا گۈل تاشلىدى. تېرېزا بۇ ئىشلارنى، شۇ هارۋىدا ئولتۇرغان ئاتامانىنىڭ رۇخستى بىلەن قىلدى، ئەلۋەتتە.

— نېمە؟ — دەپ خىتاب قىلدى فرانس، — لۇيىدژى ۋامپا ئاشۇ دېھقانچە كىيىنگەن ئايال بىلەن بىر هارۋىدا ئولتۇرغانمىدى؟

— ئۇ، هارۋىكەش بولۇپ كىيىنىۋېلىپ شۇ هارۋىنى هەيدىگەن، — دېدى پېپپىنو.

— هە، ئاندىن كېيىنچۇ؟ — دېدى گراف.

— ئاندىن كېيىن، فرانسۇز نىقابىنى ئېلىۋەتتى. تېرېزامۇ ئاتامانىنىڭ رۇخستى بىلەن ئۇنىڭغا چىرايىنى كۆرسەتتى. فرانسۇز ئۇنىڭ بىلەن خالى جايدا كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلدى، تېرېزا كۆرۈشۈشكە ۋاقىت ۋە ئورۇن بەلگىلەپ بەردى. بىراق، سان - جاكومو چېركاۋىنىڭ ئايۋىنىدا ئۇنى تېرېزا ئەمەس، بېپپو كۈتۈپ تۇرغانىدى.

— نېمە؟ — دەپ يەنە ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى فرانس، — ئالبېرنىڭ قولىدىن موككولېتتىنى ئالغان هېلىقى دېھقانچە كىيىنگەن ئايال...

— ئۇ بىر15 ياشلىق ئوغۇل بالا، — دېدى پېپپىنو، — لېكىن، دوستىڭىز قاپقانغا چۈشۈپ قالغانلىقىدىن ئۇيالمىسۇ بولىدۇ، بېپپونىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشكەن يالغۇز ئۇلا ئەمەس.

— شۇنداق قىلىپ، بېپپو ئۇنى شەھەردىن ئېلىپ چىقىپ كەتتىمۇ؟ — دەپ سورىدى گراف.

— هەئە. ۋىئا - ماچېللو كوچىسىنىڭ ئۇ چېتىدە بىر پەيتۇن كۈتۈپ تۇرغانىدى. بېپپو پەيتۇنغا ئولتۇردى ۋە فرانسۇزنىمۇ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. فرانسۇزغا قوش تەكلىپنىڭ لازىمى بولمىدى. ئۇ، بېپپوغا ئوڭ تەرەپتىكى ئورۇننى ئىلتىپات قىلىپ، ئۆزى ئۇنىڭ يېنىغا ئولتۇردى. بېپپو ئۇنىڭغا ئۇنى رىمدىن بىر مىل نېرىدىكى داچىغا باشلاپ بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى. فرانسۇز ئۇنىڭغا، مەن جاهاننىڭ ئۇ قېتىغا كېتىشكىمۇ رازى، دەپ جاۋاب بەردى. هارۋىكەش مۇقەددەس پاۋېل دەرۋازىسىدىن چىقىپ، رىسپېتتاغا قاراپ يول ئالدى. ئۇلار دالىغا چىققاندا فرانسۇز تولىمۇ هەددىدىن ئاشقىلى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن، بېپپو ئۇنىڭ كۆكرىكىگە بىراقلا ئىككى تاپانچىنى تەڭلىدى. هارۋىكەش ئاتلارنى توختاتتى - دە، كەينىگە بۇرۇلۇپ، خۇددى شۇنداقلا ئۇنىڭغا قورال تەڭلىدى. شۇ ئەسنادا، ئالمو دەرياسىنىڭ بويىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرغان بىزنىڭ تۆت ئادىمىمىز پەيتۇنغا قاراپ يۈگۈرۈپ كەلدى. فرانسۇز مۇداپىئەلىنىشكە ئورۇنماقچى بولدى، هەتتا بېپپونى بىرئاز بوغۇپمۇ قويدى. لېكىن قوراللانغان بەش ئادەمگە قارشى ئۇ نېمە قىلالايتتى؟ تەسلىم بولۇشتىن باشقا ئامال بولمىدى. ئۇنى پەيتۇندىن سۆرەپ چىقىپ، دەريانىڭ بويىغا ئاپىرىشتى ۋە ئۇ يەردىن ئۇنى تېرېزا بىلەن لۇيىدژى كۈتۈپ تۇرغان سان - سېباستىيانو لەخمىسىگە ئېلىپ كىرىشتى.

— هە، قانداق؟ — دېدى گراف فرانسقا قاراپ، — مېنىڭچە، بۇ ۋەقە باشقا هەرقانداق ۋەقەدىنمۇ قىزىق بوپتۇ. سىزنىڭ پىكرىڭىز قانداق؟ سىز بۇنداق ئىشلارنى ياخشى بىلمىسىزمۇ؟

— مەن شۇنداق دەيمەنكى، — دەپ جاۋاب بەردى

فرانس، — ئەگەر بۇ ۋەقە ئالبېر بىلەن بولماي، باشقا بىرى بىلەن بولغان بولسا، مەن ھەقىقەتەن راسا كۈلگەن بولاتتىم.

— شۇنداق. ئەگەر سىز بۈگۈن مېنى تاپالمىغان بولسىڭىز، دوستىڭىزنىڭ مۇنداق ئىشىق ھەۋەسلىرى ناھايىتىمۇ قىسمەتىكە توختىغان بولاتتى. لېكىن، سىز مالال بولماڭ، بۇ ئىش ئۇنىڭ بىرئاز يۈرەكزادە بولۇشى بىلەنلا تۈگەيدۇ.

— شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ يېنىغا بارامدۇق؟ — دەپ سورىدى فرانس.

— ئەلۋەتتە! يەنە كېلىپ، ئۇ ھازىر ئىنتايىن مەنزىرىلىك جايدا ئىكەن. سىز سان - سېباستىيانو لەخمىسىنى كۆرۈپ باققانمۇ؟

— ياق، مەن ئۇ لەخمىگە چۈشۈپ باقمىغان، لېكىن بىر كۆرۈش ئارزۇيۇم بار.

— ئۇنداق بولسا، بۇ تازا ياخشى پۇرسەت بوپتۇ. سىزنىڭ پەيتۇنىڭىز ئىشىك ئالدىدىمۇ؟

— ياق.

— ھە، مەيلى، بۇنىڭ كارى چاغلىق. مېنىڭ ھەرقانداق ۋاقىتتا، كۈندۈزىمۇ، كېچىسىمۇ پەيتۇنلىرىم تەييار ھالەتتە تۇرىدۇ.

— ئاتلارمۇ قوشۇلۇپ تۇرامدۇ؟

— ھەئە. مەن بىر يەردە تىنىم تېپىپ تۇرالمايدىغان ئادەم. بەزى چاغلاردا مەن تاماقتىن تۇرۇپلا ياكى يېرىم كېچىدە ئويقۇدىن قوپۇپلا، توساتتىن نەگىدۇر جاھاننىڭ بىر چېتىگە كېتىپ قالىدىغان ئىشلىرىممۇ بولىدۇ.

گراف قوڭغۇراقنى بىر قېتىم جىرىڭلىتىپ قويدى. بۆلمىگە مەھرەم كىرىپ كەلدى.

— ئاتخانىدىن پەيتۇننى چىقىرىشنى بۇيرۇڭ، — دېدى

گراف، — پەيتۇندىكى ھەممە قورالλارنى ئېلىۋېتىڭلار، ھارۋىكەشنى ئويغاتماڭلار، ھارۋىنى ئەلى ھەيدەپ بارىدۇ.

بىر دەمدىن كېيىن، ئىشىك ئالدىغا كېلىپ توختىغان ھارۋىنىڭ تاراقلىغان تاۋۇشى ئاڭلاندى. گراف سائىتىگە قارىدى.

— سائەت 12 يېرىم، — دېدى ئۇ، — بىز سەھەر سائەت بەشتە يولغا چىقساقمۇ ئۈلگۈرەتتۇق. لېكىن بىز ئۇ يەرگە كېچىكىپ بارساق، ئاغىنىڭىز كېچىچە ئۇخلىيالماي بىئارام بولمىسۇن. شۇڭا، چاققانراق بېرىپ ئۇنى ئىمانسىزلارنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇۋالايلى. سىز مېنىڭ بىللە بېرىش نىيىتىڭىزدىن يالتايمىغانسىز؟

— ئەكسىچە، ئالدىراپ تۇرۇۋاتىمەن.

— ئەمىسە، كەتتۇق.

فرانس بىلەن گراف بۆلمىدىن چىقىشتى. پېپپىنومۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ چىقتى. ئىشىك ئالدىدا بىر پەيتۇن تۇراتتى. ھارۋىكەشنىڭ ئورنىدا ئەلى ئولتۇراتتى. فرانس ئۇنىڭغا قاراپ، مونتې كرىستونىڭ غارىدىكى تىلسىز قۇلنى تونۇدى. فرانس بىلەن گراف بۇ ئىككى كىشىلىك پەيتۇنغا كىرىپ ئولتۇردى. پېپپىنو ئەلىنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالدى ۋە ئاتلار ئۇچقاندەك چېپىپ كەتتى. ئەلى بۇيرۇقنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھارۋىنى كورسو كوچىسى ئارقىلىق ھەيدەپ، كامپو ۋاچچىنودىن ئۆتتى ۋە ستىرادا سان - گرېگورىئوغا كېلىپ، سان - سېباستىيانونىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا توختىدى. كۆزەتچى ئۇلارنى كىرگۈزۈشكە ئۇنىمىدى. لېكىن، گراف، ئۇنىڭغا رىم گۇبېرناتورىنىڭ① رۇخسەت قەغىزىنى كۆرسەتتى. بۇ قەغەزدە، كېچە - كۈندۈزنىڭ ھەرقانداق ۋاقىتتا شەھەرگە كىرىش ۋە شەھەردىن چىقىشقا رۇخسەت قىلىنغانىدى. دەرۋازا رېشاتكىسى دەرھال كۆتۈرۈلدى. كۆزەتچىگە،

---

① گۇبېرناتور — ۋىلايەت باشلىقىغا توغرا كېلىدۇ.

بۇ ئىشنى قىلىپ ئاۋارە بولغانلىقى ئۈچۈن بىر تىللا بېرىلدى ۋە پەيتۇن يەنە ئۆزىنىڭ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ كېتىۋەردى. ئۇلار ئىككى قاتار قەبرىلەر ئارىسىدىن ئۆتىدىغان قەدىمكى ئاپپىي يولى بىلەن كېتىپ بارماقتا ئىدى. ئارىلاپ - ئارىلاپ، يېقىندىن ئۆرلەپ چىقىۋاتقان ئاينىڭ سۇس يورۇقىدا فرانسىنىڭ نەزەرلىرىگە خارابىلار ئارىسىدىن چىقىپ كەلگەن جىبسەكچىنىڭ گەۋدىسى چېلىقىپ قالاتتى. لېكىن، پېپىنونىڭ ئىشارىتى بىلەن بۇنداق گەۋدىلەر قايتىدىن قاراڭغۇلۇق ئىچىدە غايىب بولاتتى. كاراكاللار سېرىكىگە ئاز قالغاندا پەيتۇن توختىدى. پېپىنو پەيتونىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى، گراف بىلەن فرانس يەرگە چۈشتى.

— يەنە ئون مىنۇتتىن كېيىن يېتىپ بارىمىز، — دېدى گراف فرانسقا.

شۇندىن كېيىن ئۇ، پېپىنونى چەتكىرەك تارتىپ، ئۇنىڭغا قانداقتۇر بىر بۇيرۇق بەردى. پېپىنو پەيتۇنىنىڭ ساندۇقىدىن مەشئەلنى چىقىرىپ ياندۇردى - دە، ماڭدى. يەنە بەش مىنۇتچە ۋاقىت ئۆتتى. فرانس پېپىنونىڭ ئېگىز - پەس رىم تۈزلەڭلىكىدىكى تار چىغىر يول بىلەن كېتىۋاتقانلىقىنى، ئاندىن گوياكى گىگانت شىرنىڭ پاخپىيىپ كەتكەن چاچلىرىنى ئەسلىتىدىغان ئۆسكىلەڭ قىزىل كۆكاتلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇردى.

— ئۇنىڭ كەينىدىن بارايلى، — دېدى گراف.

ئۇلارمۇ شۇ چىغىر يولغا چۈشۈپ ماڭدى. بىر دۆڭلۈكنىڭ يانتۇ باغرى بىلەن يۈز قەدەمچە يۈرگەندىن كېيىن، ئۇلار كىچىك بىر تاقىر مەيدانچىغا چىقىپ قالدى. شۇ چاغدا ئۇلار قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن سەل نېرىدا سۆزلىشىپ تۇرغان ئىككى ئادەمنى كۆرۈشتى.

— يەنە ماڭامدۇق؟ — دەپ سورىدى فرانس، — ياكى ساقلاپ تۇرۇش كېرەكمۇ؟

— يۈرۈڭ، يۈرۈڭ. پېپىنو جىبسەكچىنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويغاندۇر.

دەرۋەقە، سۆزلىشىپ تۇرغانلارنىڭ بىرى پېپىنو ئىكەن. يەنە بىرى قاراۋۇلدا تۇرغان قاراقچى ئىدى. گراف بىلەن فرانس ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى. قاراقچى ئۇلارغا تەزىم قىلدى.

— جانابلىرى مېنىڭ كەينىمدىن ماڭامدىكىن؟ — دېدى پېپىنو، — لەخمىنىڭ ئېغىزىغا كېلىپ قالدۇق.

— ياخشى، — دېدى گراف، — يول باشلاپ مېڭىڭ.

بىردەمدىن كېيىن كۆكاتلارنىڭ ئارقىسىدىكى تاشلارنىڭ ئارىسىدىن بىر ئادەم ئاران پاتقۇدەك بىر يېرىق كۆرۈندى. ئالدى بىلەن پېپىنو يېرىقنىڭ ئىچىگە كىردى. بىرنەچچە چامدام يۈرگەندىن كېيىن يەر ئاستى يول كېڭىيىشكە باشلىدى. شۇ چاغدا ئۇ توختىدى ۋە مەشئەلنى ياندۇرۇپ ئارقىغا قارىدى. بۇ مورىغا ئوخشايدىغان يېرىققا ئاۋۋال گراف، ئاندىن فرانس كىردى. يول تاغنىڭ تېگىگە قاراپ يۈزلەنگەن بولۇپ، بارغانسېرى كېڭىيىپ باراتتى. شۇنداقتىمۇ، فرانس بىلەن گراف يەنىلا ئېڭىشىپ مېڭىشقا مەجبۇر ئىدى. ئۇلار قاتار تۇرۇپ ماڭسا بۇ يەرگە ئاران سىغاتتى. شۇ تەرىقىدە ئۇلار 50 قەدەمچە ماڭغاندىن كېيىن، «كىم ئۇ؟» — دېگەن ۋارقىراشنى ئاڭلاپ توختاشتى. ئۇلار قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن مەشئەلنىڭ يورۇقىدا يالتىراپ تۇرغان ئەملىتىقنى كۆردى.

— دوستلار، — دەپ جاۋاب قايتۇردى پېپىنو.

ئۇ ئالدىغا ئۆتۈپ، جىبسەكچىگە بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلدى. جىبسەكچى خۇددى ئاۋۋالقىسىغا ئوخشاشلا ئۇلارغا تەزىم قىلدى ھەمدە بۇ كەچكى مېھمانلارنىڭ ئۆز يولىنى داۋاملاشتۇرۇشى مۇمكىن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، قولى بىلەن يول كۆرسەتتى. جىبسەكچى 20 باسقۇچلۇق پەلەمپەينىڭ ئۈستۈندىكى قىسمىدا تۇراتتى.

فرانس بىلەن گراف بۇ پەلەمپەيدىن تۆۋەنلەپ چۈشۈپ، قانداقتۇر يوغان بىر ئورىغا ئوخشايدىغان بىر جايغا كىرىپ قالدى. بۇ جايدىن ھەرتەرەپكە بەش ئۆڭكۈر تارالغانىدى. بۇ يەر قاتلىمىنىڭ تاشلىق دىۋارلىرىغا بولسا، گۆرگە ئوخشاش ئويۇقلار كولانغانىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاخىرى لەخمىگە كىرگەنلىكىنى چۈشەندى. ئۇزۇنلۇقىنى پەرق ئېتىش مۇمكىن بولمىغان بۇ ئۆڭكۈرلەرنىڭ بىرىگە يوچۇقلاردىن كۈندۈزى يورۇقلۇق چۈشەلەيتتى. گراف فرانسنىڭ يەلكىسىگە قولىنى قويدى.

— دەم ئېلىش ئۈستىدىكى قاراقچىلار لاگېرىنى كۆرۈشنى خالامسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— كۆرۈشكە بەكمۇ قىزىقىمەن، — دېدى فرانس.

— ئۇنداق بولسا، كەينىمدىن مېڭىڭ. پېپىنو، مەشئەلنى ئۆچۈرۈۋەت.

پېپىنو بۇيرۇقنى ئورۇندىدى ۋە فرانس بىلەن گراف تۇم قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالدى. پەقەت 50 قەدەمچە ئالدى تەرەپتىكى دىۋاردا قىزغۇچ ئوتنىڭ شولىسى پىلىلداپ تۇراتتى. پېپىنو مەشئەلنى ئۆچۈرگەندىن كېيىن بۇ شولا تېخىمۇ روشەن كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇلار ئۈنچىقماستىن ئالغا قاراپ قەدەم تاشلىدى. گراف فرانسنى شۇنداق ئىشەنچلىك ھالدا باشلاپ ماڭدىكى، گويا ئۇ قاراڭغۇدا كۆرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەندەك كۆرۈنەتتى. فرانسمۇ پىلىلداپ تۇرغان ئوت شولىسىغا يېقىنلاشقانسېرى ئۆز يولىنى پەرق ئېتىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۈچ زىننەت دەرۋازىسى كۆرۈندى. بۇلارنىڭ ئوتتۇرىدىكىسى ئىشىكنىڭ رولىنى ئۆتەيتتى. بۇ زىننەت دەرۋازىلىرى، گراف بىلەن فرانس كېلىۋاتقان يولنى يوغان تۆت چاسا خانىدىن ئايرىپ تۇراتتى. بۇ خانىنىڭ تۆت ئەتراپى يۇقىرىدا بىز تەسۋىرلەپ ئۆتكەنگە ئوخشاش ئويۇقلار بىلەن ئورالغانىدى. خانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۆت دانە يوغان تاش چوقچىيىپ تۇرغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە بېكىتىلگەن كىرىستاللارغا قارىغاندا، بىر زامانلاردا بۇ تاشلارنىڭ مېھراب بولغانلىقىنى بىلىشكە بولاتتى. تاش تۈۋرۈكنىڭ بەلدەمچىسىگە قويۇلغان بېگانە بىر جىن چىراغ، قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ تۇرغان مېھمانلارنىڭ كۆز ئالدىدا، پىلىلداپ تۇرغان ئاجىز يالقۇنچىسى بىلەن ئاجايىپ بىر مەنزىرىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. بىر ئادەم ئويۇقلارغا ئارقىسىنى قىلىپ، تۈۋرۈك بەلدەمچىسىگە ئىككى جەينىكى بىلەن تايىنىپ ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇماقتا ئىدى. بۇ، قاراقچىلار شايكىسىنىڭ ئاتامانى لۇيىدژى ۋامپا ئىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا 20 چە قاراقچى، ھەركىم ئۆز مەيلىچە جايلاشقان بولۇپ، بەزىلىرى يېپىنچىلارغا ئورىلىۋېلىپ ياتاتتى، بەزىلىرى تام ياقىلاپ تىزىلغان بەندىڭگە ئوخشاش تاشلارغا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. ھەربىر قاراقچىنىڭ يېنىدا بىردىن مىلتىق بار ئىدى. ئىچكىرى تەرەپتە بىر جىسەكچى گوياكى بىر سايىدەك غۇۋا كۆرۈنۈپ، ئۈن - تىن چىقارماستىن، قانداقتۇر بىر ئويۇلغان جاينىڭ ئالدىدا ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى. بۇ ئويۇلغان جاينى ئۇ يەردە قاراڭغۇلۇق يەنىمۇ قويۇقراق بولغانلىقىدىنلا پەرق ئېتىشكە بولاتتى.

گراف، فرانسنىڭ بۇ ئاجايىپ مەنزىرىنى قانغۇچە كۆرۈۋېلىشىغا يول قويۇپ كۈتۈپ تۇردى. ئاندىن ئۇ، كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى لەۋلىرىگە قويۇپ جىم بولۇشقا ئىشارەت قىلدى - دە، خانا ئالدىدىكى ئۈچ باسقۇچلۇق پەلەمپەيدىن يۇقىرىغا چىقتى ۋە ئوتتۇرىدىكى زىننەت دەرۋازىسى ئارقىلىق خانا ئىچىگە كىردى ھەمدە كىتاب ئوقۇشقا بېرىلىپ كېتىپ ئۇنىڭ قەدەم تاۋۇشلىرىنى ئاڭلىماي قالغان لۇيىدژىنىڭ كەينىدىن يېقىنلىشىپ كەلدى.

— كىم؟ — دەپ ۋارقىرىدى جىسەكچى، چىراغنىڭ يورۇقىدا ئاتامانىنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتقان گەۋدىنى كۆرۈپ.

بۇ ۋارقىراش بىلەن تەڭلا ۋامپا ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، كەمەرىگە قىستۇرۇلغان تاپانچىسىنى سۇغۇرۇۋالدى ھەمدە قاراقچىلار دەرھال ئىرغىپ تۇرۇشتى ۋە 20 مىلتىقنىڭ ئۇچى گرافقا قارىتىلدى.

— بەللى، — دېدى گراف خاتىرجەملىك بىلەن ۋە ئۇنىڭ يۈزىدە ھەتتا بىرەر مۇسكۇلمۇ تىترەپ قويمىدى، — قەدىرلىك ۋامپا، دوستلارنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن مۇنچىۋالا ئاۋارىگەرچىلىكنىڭ نېمە ھاجىتى؟

— قورالنى چۈشۈرۈڭلار! — دەپ بۇيرۇق بەردى ئاتامان بىر قولىنى كەسكىنلىك بىلەن يۇقىرى كۆتۈرۈپ ۋە يەنە بىر قولى بىلەن بېشىدىن شىلەپىسىنى ئېلىپ ئېھتىرام بىلدۈردى.

شۇندىن كېيىن ئۇ، گويا بۇ يەردىكى ھەممەيلەننىڭ ھۆكۈمرانىدەك قىياپەتتە تۇرغان گرافقا مۇراجىئەت قىلىپ شۇنداق دېدى:

— ئەپۇ قىلىڭ، گراف. مەن سىزنى بۇ يەرگە كېلىدۇ دەپ زادىلا ئويلىمىغانىدىم. شۇڭا، سىزنى تونۇماي قاپتىمەن.

— ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئومۇمەن سىزنىڭ ئەستە ساقلاش قابىلىيىتىڭىز يېتەرسىز ئوخشايدۇ، ۋامپا. سىز ئادەملەرنىڭ چىرايىنى ئۇنتۇپ قېلىش بىلەنلا قالماستىن، شۇ ئادەملەر بىلەن توختاشقان شەرتلەرنىمۇ ئۇنتۇپ قالىدىكەنسىز.

— مەن قايسى شەرتلەرنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، گراف؟ — دەپ سورىدى قاراقچى، ئۆزىنىڭ كەمچىلىكىنى دەرھال تۈزىتىشكە تەييار تۇرغان ئادەمنىڭ ئاھاڭىدا.

بىز سىز بىلەن، يالغۇز ماڭىلا ئەمەس، بەلكى مېنىڭ دوستلىرىمغىمۇ سىلەرنىڭ دەخلى - تەرۇز يەتكۈزمەسلىكىڭلارغا كېلىشكەن ئەمەسمىدۇق؟ — دېدى گراف.

— مەن بۇ شەرتكە قانداق خىلاپلىق قىلدىم جانابلىرى؟

— سىلەر بۈگۈن ۋىكونت ئالبېر مورسېرنى تۇتقۇن قىلىپ بۇ يەرگە ئېلىپ كەپسىلەر. ھالبۇكى، بۇ يىگىت، — دەپ گراف سۆزىنى شۇنداق بىر خىل ئاھاڭدا داۋام قىلدۇردى، فرانس ئىختىيارسىز ھالدا شۈركۈنۈپ كەتتى، — مېنىڭ دوستلىرىمنىڭ بىرى بولىدۇ. ئۇ ھازىر مەن بىلەن بىر مېھمانخانىدا تۇرىدۇ، ئۇ پۈتۈن بىر ھەپتە جەريانىدا كورسودا مېنىڭ پەيتۇنىمغا ئولتۇرۇپ تاماشا قىلدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، تەكرارلايمەنكى، سىلەر ئۇنى تۇتقۇن قىلىپ ئۇ يەرگە ئېلىپ كەپسىلەر ھەم يەنە، — دەپ قوشۇپ قويدى گراف، يانچۇقىدىن خەتنى چىقىرىپ، — خۇددى ئۇ ئادەتتىكى بىر ئۇچراپ قالغان ئادەمدەك، ئۇنىڭ بەدىلىگە پۇل تەلەپ قىلىپسىلەر!

— نېمە ئۈچۈن سىلەر ماڭا بۇ ھەقتە گەپ قىلمىدىڭلار؟ — دېدى ئاتامان ئۆزىنىڭ ئادەملىرىگە قاراپ ۋە ھەممە قاراقچىلار ئۇنىڭ بۇ قارىشىدىن ئارقىغا داجىشتى، — نېمە ئۈچۈن سىلەر مېنى، بىزنىڭ ھەر بىرىمىزنىڭ ھايات - ماماتىنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرغان گرافتەك بىر ئادەمگە بەرگەن ۋەدەمنى بۇزۇشقا مەجبۇر قىلدىڭلار؟ خۇدا ھەققى! ئەگەر قايسى بىرىڭلار بۇ يىگىت گرافنىڭ دوستى ئىكەنلىكىنى بىلگەن دەپ ئويلىغان بولسام، شۇ كىشىنى مەن ئۆز قولۇم بىلەن ئېتىپ تاشلىغان بولاتتىم!

— مانا كۆردىڭىزمۇ؟ — دېدى گراف فرانس تۇرغان تەرەپكە قاراپ، — مەن سىزگە ئېيتتىمغۇ، بۇ بىر ئۇقۇشماسلىق.

— سىز يالغۇز ئەمەسمۇ؟ — دەپ تەشۋىشلىنىپ سورىدى ۋامپا.

— سىزنىڭ خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋالغان كىشى مەن بىلەن كەلدى. مەن ئۇنى، لۇيىدژى ۋامپا ھېچقانداق ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن

باشلاپ كەلدىم. بۇ ياققا كېلىڭ، بارون، — دېدى ئۇ فرانسقا، — لۇيىدژى ئۆز ئاغزى بىلەن سىزنىڭ ئالدىڭىزدا خاتالىقىنى بويىنغا ئالىدۇ.

فرانس يېقىن كەلدى. ئاتامان ئۇنىڭ ئالدىغا قاراپ بىر نەچچە قەدەم تاشلىدى.

— جانابلىرىنىڭ بۇ يەردە مېھمان بولۇشىنى سورايمەن، — دېدى ئۇ، — سىز گرافنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىنى ۋە مېنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن جاۋابلىرىمنى ئاڭلىدىڭىز. ئەمدى مەن بۇنىڭغا قوشۇمچە پەقەت شۇنىلا ئېيتالايمەنكى، بۇ كېلىشمەسلىكنى يۇيۇپ تاشلاشقا مۇمكىن بولسا، ئاشۇ 4000 پىئاستىرنى ئۆزۈم تۆلىگەن بولار ئىدىم.

— ھە، تۇتقۇن ھازىر قەيەردە؟ — دەپ سورىدى فرانس، خاتىرجەمسىزلىكنى باسالماستىن ئەتراپقا نەزەر سېلىپ، — ئۇ، بۇ يەردە كۆرۈنمەيدىغۇ.

— ئۇنىڭغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈپ قويمىغانسىلەر؟ — سورىدى گراف قاشلىرىنى يىمىرىپ.

— تۇتقۇن ئەنە ئاۋۇ يەردە، — دېدى ۋامپا، جىبەكچىنىڭ كەينىدىكى ئۆيۈتىنى كۆرسىتىپ، — مەن ھازىر ئۆزۈم بېرىپ ئۇنىڭ ئازاد ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىمەن.

— ئاتامان ئالبېر سولانغان جايغا قاراپ ماڭدى. فرانس بىلەن گرافمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن باردى.

— تۇتقۇن نېمە قىلىۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى ۋامپا جىبەكچىدىن.

— بىلەلمىدىم باشلىق، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇنىڭغا جىبەكچى، — ئۇنىڭ قىمىر قىلماي ياتقىنىغا بىر سائەتتىن ئاشتى.

— مەرھەمەت جانابلىرى، — دېدى ۋامپا.

گراف بىلەن فرانس ئاتاماننىڭ باشچىلىقىدا پەلەمپەيدىن

يۇقىرىغا چىقتى. ۋامپا تاقاقنى ئېلىۋېتىپ ئىشىكنى ئاچتى. ئەنە شۇ چاغدا ئۇلار بۇ يەردىكى يەنە بىر چىراغنىڭ يورۇقىدا ئالبېرنى كۆرۈشتى. ئۇ، قاراقچىلاردىن بىرى تاشلاپ بەرگەن يېپىنچىغا ئورىلىۋېلىپ، دۇنيادىن پەرۋايى پەلەك ئۇخلاۋاتاتتى.

— پاھ! دېدى گراف پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا خاس بولغان تەبەسسۇم بىلەن، — ئەتىگەن سائەت يەتتىدە ئېتىلىش ئالدىدا تۇرغان ئادەمنىڭ مۇنداق خاتىرجەم ئۇخلاپ يېتىشى ئاسان ئىش ئەمەس - ھە!

ۋامپا، ئۇخلاپ ياتقان ئالبېرغا زوقمەنلىك بىلەن قاراپ تۇراتتى. بۇ يىگىتنىڭ جاسارىتى ئۇنىڭغا تەسىر قىلغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— سىز راست گەپ قىلىپسىز گراف، — دېدى ئۇ، — بۇ كىشى چوقۇم سىزنىڭ دوستىڭىز ئىكەن.

شۇندىن كېيىن ئۇ ئالبېرنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭ يەلكىسىنى تۇرتۇپ قويدى.

— جانابلىرى! — دېدى ئۇ، — ئويغانسىڭىز قانداق بولاركىن؟

ئالبېر بىر كېرىلىۋېلىپ، كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىدى ۋە شۇندىن كېيىن كۆزلىرىنى ئاچتى.

— ھە، بۇ سىزمۇ ئاتامان؟ — دېدى ئۇ، — ھەي، ئىست، مېنى نېمىدەپ ئويغىتىۋەتتىڭىز. مەن شۇنداق بىر ياخشى چۈش كۆرۈۋاتاتتىم، چۈشۈمدە تورلونىئانىڭ ئۆيىگە بېرىپ، گ. خانىم بىلەن تانسا ئويناۋاتاتتىم.

ئۇ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىنى شەخسەن ئۆزى كۆزىتىپ تۇرۇش ئۈچۈن يېنىغا سېلىۋالغان سائىتىنى يانچۇقىدىن چىقىرىپ قارىدى.

— تېخى سائەت بىر يېرىم ئىكەنغۇ، — دېدى ئۇ، — مېنى نېمە ئۈچۈن ئويغاتتىڭىز؟

— جانابلىرىنىڭ ئازاد بولغانلىقىنى ئېيتىپ قويۇش ئۈچۈن ئويغاتتىم.

— قەدىرلىكىم، — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى ئاللېر تەۋرەنمەس سوغۇققانلىق بىلەن، — بۇندىن كېيىن سىز ئۇلۇغ ناپالېئوننىڭ: «مېنى پەقەت يامان خەۋەر كەلسىلا ئويغىتىڭلار» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزلىرىنى يادىڭىزدا ساقلاپ قويۇڭ. ئەگەر سىز مېنى ئويغىتىۋەتمىگەن بولسىڭىز، مەن تانسىنى ئويناپ بولاتتىم ۋە شۇنىڭ بىلەن، سىزگە مەڭگۈ مىننەتدار بولاتتىم ... ھە، مېنىڭ بەدىلىمگە تۆلىنىدىغان پۇل يېتىپ كەلدىمۇ؟

— يوقسۇ، جانابلىرى.

— ئۇنداق بولسا نېمە ئۈچۈن مېنى ئازاد قىلىسىز؟

— مەن بىر ئېغىز گېپىنىمۇ يىرالمايدىغان بىر ئادەم سىزنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن كەلدى.

— مۇشۇ يەرگە كەلدى؟

— مۇشۇ يەرگە كەلدى.

— ۋاھ، ئۇ تولىمۇ ئىلتىپاتلىق ئادەم ئىكەن!

ئاللېر ئەتراپىغا كۆز يۈگۈرتتى ۋە فرانسنى كۆردى.

— ھە، ئەزىزىم فرانس، بۇنداق ساداقەتلىك قىلغان سىزمىدىڭىز؟ — دېدى ئاللېر ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ.

— مەن ئەمەس، قوشنىمىز گراف مونتې - كرىستو، — دەپ جاۋاب بەردى فرانس.

— ئاھ، گراف، — دېدى ئاللېر خۇشال - خۇرام ھالدا ئۆزىنىڭ گالستۇك ۋە ياقىسىنى تۈزەشتۈرۈپ، — سىز ھەقىقەتەن بىباھا ئادەم. مەن سىزنىڭ مەڭگۈلۈك قەرزدارىڭىز بولۇپ قالىمەن، چۈنكى مەن بىرىنچىدىن، سىزنىڭ پەيتۇنىڭىزنى ئىشلەتتىم، ئىككىنچىدىن، سىز مېنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدىڭىز! — ئۇ گرافقا قولىنى ئۇزارتتى.

گراف سەسكىنىپ كەتتى، لېكىن شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنىڭغا قولىنى بەردى. لۇيىدژى ۋامپا ھەيرەت ئىچىدە ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئالدىدا تىترەپ تۇرىدىغان تۇتقۇنلارنى كۆرۈشكە ئادەتلەنگەنىدى. مانا ئەمدى ئۇ، كۆتۈرەڭگۈ كەيپىياتى قىلچىمۇ ئۆزگىرىپ قالمىغان بىر ئادەمنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. فرانسقا كەلسەك، ئۇ ئاللېرنىڭ قاراقچىلار ئالدىدا ئۆزىنىڭ مىللىي غۇرۇرىنى يوقىتىپ قويمىغانلىقىغا قاراپ پەخىرلىنەتتى.

— قەدىرلىك ئاللېر، — دېدى ئۇ، — ئەگەر چاپسانراق بولسىڭىز بىز تېخى تورلونىئانىڭ زىياپىتىنى تاماملاشقىمۇ ئۈلگۈرىمىز، ئۈزۈلۈپ قالغان تانسىڭىزنى ئەمدى ئويناۋالسىز ۋە بۇ ئىشتا يۈكسەك دەرىجىدە ئالىيجانابلىق قىلغان لۇيىدژىنى ئەپۇ قىلىسىز.

— توغرا گەپ قىلدىڭىز، — دېدى ئۇنىڭغا ئاللېر، — بىز ئۇ يەرگە سائەت ئىككىگە ئۈلگۈرۈپ بارالايمىز. جانابىي لۇيىدژى، — دەپ داۋام قىلدى ئۇ، — مەن سىز بىلەن خوشلىشىشتىن ئىلگىرى يەنە قانداق رەسمىيەتلەرنى ئۆتىشىم كېرەك؟

— ھېچقانداق رەسمىيەت يوق، — دەپ جاۋاب بەردى قاراقچى، — سىز خۇددى شامالدەك ئەركىن.

— ئۇنداق بولسا، ھاياتىڭىزنىڭ بەختلىك ۋە كۆڭۈللۈك بولۇشىنى تىلەيمەن. يۈرۈڭلار، جانابلار!

ئاللېر فرانس بىلەن گرافنىڭ ھەمراھلىقىدا ھېلىقى تۆت چاسا خانىنى كېسىپ ئۆتتى. ھەممە قاراقچىلار باش كىيىملىرىنى ئېلىپ تۇرۇشاتتى.

— پېپپىنو! — دېدى ئاتامان، — مەشئەلنى ماڭا بەر.

— سىز نېمە قىلماقچى؟ — دەپ سورىدى گراف.

— ھەرقايسىلىرىنى ئۇزىتىپ چىقىمەن، — دېدى ئاتامان، — بۇ، مېنىڭ جانابلىرىغا كۆرسىتىدىغان ئەقەللىي ھۆرمەت ئىپادەم.

ئۇ، پېپىنونىڭ قولىدىن لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان مەشئەلنى ئېلىپ، ئۆز مېھمانلىرىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ماڭدى. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ مېڭىشى ھەرگىز بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىۋاتقان مالاينىڭ مېڭىشىغا ئوخشىمايتتى، بەلكى ئۇ، ئۆزىنىڭ كەينىدىن ئەلچىلەرنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىۋاتقان پادىشاھقا ئوخشايتتى. چىقىش ئېغىزىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇ تەزىم قىلدى.

— گراف، — دېدى ئۇ، — مەن سىزدىن يەنە بىر قېتىم ئەپۇ سورايمەن. سىز ئەمدى بۇ ئىش ئۈچۈن ماڭا خاپا بولماسسىز؟

— ياق، قەدىرلىك ۋامپا، — دېدى گراف، — سىز خاتالىقىڭىزنى شۇنداق ياخشى تۈزەتتىڭىزكى، ھەتتا بۇ خاتالىقىڭىزنى سادىر قىلغانلىقىڭىز ئۈچۈن سىزنى تەقدىرلەشكە ئەرزىيدۇ.

— جانابلار، — دېدى قاراقچى يىگىتلەرگە مۇراجىئەت قىلىپ، — بەلكىم مېنىڭ تەكلىپىم سىلەرنى ئانچە قىزىقتۇرماس، شۇنداق بولسىمۇ، قاچانلا بولمىسۇن، مېنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى خالىساڭلار، سىلەرنى خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالىمەن.

فرانس بىلەن ئالبېر تەزىم قىلدى. تاشقىرىغا ئەڭ ئالدى بىلەن گراف، ئۇنىڭ كەينىدىن ئالبېر چىقتى. فرانس توختاپ قالدى.

— جانابىڭىزنىڭ مەندىن سورايدىغان گېپى بارمۇ؟ — دەپ سورىدى ۋامپا كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ھەئە، شۇنداق، — دېدى فرانس، — بىز كىرگەن ۋاقتىمىزدا سىز شۇنچە ئىشتىياق بىلەن نېمە كىتابنى ئوقۇپ ئولتۇرغانلىقىڭىزنى سوراپ باقماقچىدىم.

«تىسزار خاتىرىلىرى»، — دېدى قاراقچى، — مەن بۇ كىتابنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن.

— فرانس، نېمە قىلىۋاتىسىز؟ — دەپ سورىدى ئالبېر.

— ھە، مانا، مانا، — دەپ جاۋاب بەردى فرانس.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇمۇ يېرىقتىن تاشقىرىغا چىقتى. ئۇلار بىرنەچچە قەدەم ئالغا قاراپ ماڭدى.

— ئەپۇ قىلىڭ، — دېدى ئالبېر ئارقىغا يېنىپ كېلىپ، — رۇخسەت قىلامسىز؟ — ئاندىن ئۇ، لۇيىدژىنىڭ قولىدىكى مەشئەلدىن تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇۋالدى.

— ھە، گراف، — دېدى ئۇ، — ئەمدى ۋاقىتنى چىڭ تۇتايلى. مەن بۇ كېچىنىڭ قالغان قىسمىنى گېرتسوگ بىراچچانونىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈشنى خالايمەن.

پەيتون ئۇلارنى ئاۋۋالقى جايىدا كۈتۈپ تۇرغانىدى. گراف ئەلىگە ئەرەب تىلىدا نېمىدۇر بىر نېمىلەرنى دېدى ۋە ئاتلار ئۇچقاندەك چېپىپ كەتتى.

سائەت توپتوغرا ئىككى بولغاندا دوستلار تانسىخانىغا كىرىپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ كىرىشى ھەممەيلەننى ھاياجانغا كەلتۈردى. ھالبۇكى، ئىككى دوست بىللە كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئالبېردىن ئەنسىرەشلەر شۇ ھامان يوق بولدى.

— خانىم، — دېدى ۋىكونت مورسېر، گ. خانىمنىڭ يېنىغا كېلىپ، — سىز تۈنۈگۈن مېنىڭ بىلەن تانسا ئويناشقا ۋەدە بېرىپ، مېنى شۇنچە خۇرسەن قىلغانىدىڭىز. مەن سىزنىڭ يېقىملىق ۋەدىڭىزنى بىرئاز كېچىكىپ ئەسلىتىۋاتىمەن. لېكىن، راستچىللىقى ئۆزىڭىزگە مەلۇم بولغان بۇ دوستۇم بۇنداق كېچىكىش مېنىڭ سەۋەنلىكىمدىن بولمىغانلىقىنى سىزگە تەستىقلاپ بېرىدۇ.

شۇ ئەسنادا مۇزىكا چېلىنىدى ۋە ئالبېر گ. خانىمنىڭ بېلىدىن قۇچاقلاپ، ئۇنى، تانسا ئويناۋاتقان جۈپلەرنىڭ ئارىسىغا ئەكىرىپ كەتتى.

بۇ ئارىدا فىرانس، گراف مونتې - كرىستونىڭ ئىختىيار قىلمىغان ھالدا ئالبېرغا قول بەرگەن ۋاقتىدا غەلىتە بىر خىل سەسكىنىپ كەتكەنلىكىنى ئەسلەپ خىيال سۈرۈپ قالدى.

سەككىزىنچى باب

كېلىشىش

ئالبېر ئەتىسى ئورنىدىن تۇرۇپلا، فىرانسقا گرافنى يوقلاپ كېلىشنى تەكلىپ قىلدى. توغرا، ئالبېر تۈنۈگۈن گرافقا ئۆزىنىڭ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرگەنىدى، لېكىن گرافنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان ياخشىلىقى قوشلاپ تەشەككۈر ئېيتىشقا لايىق ئىدى. گرافقا قارىتا قورقۇنچ ئارىلاش قىزىقىش ھېسسىياتلىرى بىلەن تولغان فىرانسمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە باردى. خىزمەتكار ئۇلارنى ساراي ئۆيگە باشلاپ كىردى. بەش مىنۇتچە ئۆتكەندىن كېيىن گراف كىردى.

— تەقسىر، — دېدى ئالبېر ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، — تۈنۈگۈن سىزگە يېتەرلىك دەرىجىدە ئېنىق ئېيتالمىغان سۆزلىرىمنى بۈگۈن يەنە تەكرارلىشىمغا ئىجازەت قىلغايسىز. سىزنىڭ قانداق شارائىت ئاستىدا ماڭا ياردەمگە كەلگەنلىكىڭىزنى مەن ھېچقانداق ۋاقىتتا ئۇنتۇپ قالمايمەن، سىزگە ھاياتىم بىلەن ياكى ھاياتىم بىلەن دېگۈدەك قەرزدار ئىكەنلىكىمنى ھەر دائىم يادىمدا تۇتىمەن.

— قەدىرلىك قوشنام، — دېدى گراف كۈلۈپ تۇرۇپ، — سىز مېنىڭ قىلغان ئىشىمنى بەك مۇبالىغىلەشتۈرۈۋەتتىڭىز. مېنىڭ قىلغىنىم پەقەت سىزنىڭ 20 مىڭ فىرانك پۇلىڭىزنى ساقلاپ قېلىشلا بولدى. بۇ، ئالاھىدە تىلغا ئالغۇدەك ئىش ئەمەس. لېكىن، مېنىڭمۇ سىزگە بولغان قايىللىقىمنى ئىزھار قىلىشىمغا ئىجازەت قىلىڭ، سىز ئۆزىڭىزنى ئاجايىپ يۈرەكلىك تۇتتىڭىز.

— ئۆزۈمنى شۇنداق تۇتۇشتىن باشقا نېمە ئامالىم بولسۇن، گراف؟ — دېدى ئالبېر، — مەن ئۆزۈمنى گويا بىر كىم بىلەن ئۇرۇشۇپ قېلىپ دۇئېلغا چىققاندەك تەسەۋۋۇر قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن، مەن بۇ قاراقچىلارغا دۇنيادا پەقەت فىرانسۇزلارلا كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇرۇشالايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويماقچى بولغانىدىم. لېكىن، بۇ ھال مېنىڭ سىزگە بولغان مىننەتدارلىقىمغا ئەسلا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ. مەن ھازىر، ئۆزۈم ياكى دوستلىرىم ئارقىلىق سىزگە بىرەر پايدىلىق ئىش قىلىپ بېرىش خاھىشىمنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن كەلدىم. مېنىڭ دادام گراف مورسېر، ئەسلى تېگى ئىسپانىيىلىك، ئۇنىڭ فىرانسىيىدىمۇ، ئىسپانىيىدىمۇ خېلى چوڭ تەسىرى بار. سىز شۇنىڭغا ئىشەنسىڭىز بولىدۇكى، مەن ئۆزۈممۇ، مېنىڭ يېقىنلىرىممۇ ھەر دائىم خىزمىتىڭىزگە تەييار.

— ئىقرار قىلىشىم لازىمكى، جانابىي مورسېر، — دېدى گراف، — مەن سىزدىن مۇشۇنداق تەكلىپنى كۈتۈپ يۈرگەنىدىم. شۇڭا، تەكلىپىڭىزنى چىن قەلبىمدىن قوبۇل قىلىمەن. مەن ئۆزۈممۇ سىزدىن بىر چوڭ ياردەم سورىماقچى بولۇپ يۈرەتتىم.

— قانداق ياردەم؟

— مەن پارىژنى كۆرۈپ باقمىغان ۋە پارىژنى پۈتۈنلەي بىلمەيمەن.

— راست گەپ قىلىۋاتامسىز؟ — دەپ خىتاب قىلدى ئالبېر، — سىز پارىژنى كۆرمەستىن قانداق ھايات كەچۈرۈپ يۈردىڭىز؟ بۇ، ئەقىلغا سىغمايدىغان ئىش!

— شۇنداق بولسىمۇ، بۇ راست گەپ. ئەمما، مەنمۇ سىزگە ئوخشاش مەدەنىيەت دۇنياسىنىڭ پايتەختىنى ئەمدى كۆرمىسەم بولمايدۇ، دەپ ئويلايمەن. مەن بەلكىم خېلى بۇرۇنلا بۇ سەپەرگە ئاتلانغان بولار ئىدىم. ئەپسۇسكى، مېنى پارىژ جەمئىيىتىگە باشلاپ كىرىدىغان بىرەر ئادەم چىقمىدى. ۋەھالەنكى، مېنىڭ پارىژدا ھېچقانداق تونۇشلۇق مۇناسىۋەتلىرىم يوق.

— سىزگە ئوخشاش بىر ئادەمنىڭ شۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ! — دەپ خىتاب قىلدى ئالبېر.

— سىز بەك ئىلتىپاتلىق ئىكەنسىز. لېكىن، مېنىڭ جانابىي ئاگۇئادو① ياكى جانابىي روتشىلدگە② قارشى ئۆزۈمنىڭ مىليونلىرىم بىلەنلا رىقابەتلىشەلەيدىغانلىقىمنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھېچقانداق ئارتۇقچىلىقىم بولمىغانلىقتىن ۋە مەن پارىژغا سودا ئىشلىرى بىلەن بارمايدىغانلىقىم ئۈچۈن ھازىرغا قەدەر بۇ سەپەرگە چىقالماي تۇرغانىدىم. لېكىن، سىزنىڭ تەكلىپىڭىز بۇ ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتتى. قەدىرلىك جانابىي مورسېر (بۇ سۆزلەرنى ئېيتقاندا گرافنىڭ لەۋلىرىدە ئاجايىپ بىر خىل چۈشىنىكسىز كۈلۈمسىرەش غىل-پال كۆرۈنۈپ ئۆتتى)، ئەگەر مەن فرانسىيىگە بارسام، مېنى خۇددى گۇروندەك ياكى كوخىنلىقتەك يات كۆرىدىغان شۇ جەمئىيەتنىڭ ئىشىكلىرىنى ماڭا ئېچىپ بېرىشنى ئۆز ئۈستىڭىزگە ئالالامسىز؟

— بۇ جەھەتتە خاتىرجەم بولۇڭ، گراف. مەن ئىنتايىن زور خۇشاللىق بىلەن ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن خىزمىتىڭىزدە بولىمەن! — دەپ جاۋاب بەردى ئالبېر، — يەنە كېلىپ (قەدىرلىك فرانس، مېنى مازاق قىلماسلىقىڭىزنى ئۆتۈنىمەن)، بۈگۈن سەھەردە مېنى پارىژغا چاقىرتىپ يېزىلغان خەتنى تاپشۇرۇۋالدىم. خەتتە يېزىلىشىچە، ماڭا پارىژ جەمئىيىتىدە ئەڭ ئىناۋەتلىك ئورۇن تۇتقان، ناھايىتى ياخشى بىر ئائىلىدىن لايىق چىقىپتۇ.

— دېمەك، سىز ئۆيلىنەمسىز؟ — دەپ كۈلۈپ تۇرۇپ سورىدى فرانس.

— ئەھۋالدىن قارىغاندا شۇنداق بولىدىغانغا ئوخشايدۇ. شۇنداق قىلىپ، سىز پارىژغا قايتقاندا مەن ئاللىقاچان ئۆيلەنگەن بولىمەن ۋە بەلكىم بالا-چاقىلىق بولۇپمۇ قالارمەن. مېنىڭ بۇ تۇغما سالاپىتىمگە ئاتا بولۇش بەكمۇ يارىشىدۇ. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، گراف، سىزگە يەنە بىر قېتىم ئېيتىپ قوياي، مەن ۋە مېنىڭ يېقىنلىرىم بىر جان، بىر تەن بولۇپ سىزگە خىزمەت قىلىشقا تەييار.

— ماقۇل، — دېدى گراف، — مەن سىزگە شۇنداق دەپ ئېيتالايمەنكى، ئۇزۇندىن بۇيان دىلىمغا پۈكۈپ كېلىۋاتقان بەزى پىلانلىرىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن پەقەت مۇشۇنداق بىر پۇرسەتنىلا كۈتۈپ كەلگەنىدىم.

بۇ، گرافنىڭ مونتې-كرىستودىكى غاردا تىلغا ئالغان پىلانلىرىنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىگە فرانس قەتئىي ئىشىنەتتى. ئۇ، گرافنى پارىژغا بېرىشقا رىغبەتلەندۈرۈۋاتقان پىلانلار توغرۇلۇق بىر ئۇقۇم ھاسىل قىلىشقا تىرىشىپ، ئۇنىڭغا دىققەت بىلەن قارىدى. لېكىن، بۇ ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىش ئاسان ئەمەس ئىدى. بولۇپمۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكىنى ئەدەب-قائىدىلىك تەبەسسۇم ئاستىدا يوشۇرۇپ تۇرغاندا ئۇنىڭ نېمىنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

— گراف، — دېدى ئالبېر، ئۆزىنىڭ مونتې-كرىستودەك بىر ئاجايىپ شەخسنى پارىژ جەمئىيىتىگە باشلاپ كىرىش ئالدىدا تۇرغانلىقىدىن ھەۋەسلىنىپ، — لېكىن، سىزنىڭ بۇ مەقسىتىڭىز ئادەتتە سەپەر ئۈستىدە ئادەمنىڭ كاللىسىغا كىرىپ قالىدىغان

---

① ئاگۇئادو — (1784 — 1842) بىر ئىسپانىيىلىك چوڭ بانكىر.

② روتشىلد — (1743 — 1812) - بىر مەشھۇر يەھۇدى بانكىر.

خىياللاردەك ۋە گويا قۇم ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىنشائاتتەك، بىر شامال چىقىشى بىلەنلا ئۇچۇپ كەتمەس؟

— يوقسۇ، — سىزگە چىن سۆزۈمنى ئېيتىۋاتىمەن، ئۇنداق بولمايدۇ، — دېدى گراف، — مەن ھەقىقەتەن پارىژغا بارماقچى، ھەتتا شۇنداق قىلىشىم زۆرۈر.

— ئەمىسە، قاچان بارىسىز؟

— سىز ئۆزىڭىز قاچان ئۇ يەردە بولىسىز؟

— مەنمۇ؟ — دېدى ئالبېر، — ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ياكى ئەڭ كۆپ بولغاندا ئۈچ ھەپتىدىن كېيىن. بۇ، يولغا كېتىدىغان ۋاقىتقا باغلىق.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى گراف، — مەن سىزگە ئۈچ ئاي ۋاقىت بېرەي. كۆردىڭىزمۇ، مەن بېخىللىق قىلمايمەن.

— شۇنداق قىلىپ، ئۈچ ئايدىن كېيىن مېنىڭ ئۆيۈمگە بارامسىز؟ — خۇشاللىق بىلەن خىتاب قىلدى ئالبېر.

— ئەگەر خالىسىڭىز، بىز كۆرۈشىدىغان ئېنىق كۈن ۋە سائەتنى بەلگىلەپ كېلىشىۋالساق قانداق دەيسىز؟ — دېدى گراف، — سىزگە ئېيتىپ قوياي، مەن ھەممە ئىشنىڭ ئىنتايىن ئېنىق بولۇشىنى ياخشى كۆرىمەن.

— كۈن ۋە سائەت! — دېدى ئالبېر. — ناھايىتى ياخشى!

— قېنى، ئەمىسە كۆرۈپ باقايلى.

گراف ئەينەكنىڭ يېنىدا ئېسىقلىق تۇرغان كالېندارغا قولىنى ئۇزاتتى.

— بۈگۈن 21 - فېۋرال، — دېدى ئۇ ۋە سائىتىگە قارىدى، — ھازىر سائەت ئون يېرىم. سىز مېنى 21 - ماي كۈنى ئەتىگەن سائەت ئون يېرىمدا كۈتۈشكە رازى بولامسىز؟

— ناھايىتى ياخشى! — دەپ خىتاب قىلدى ئالبېر. — دەل شۇ ۋاقىتتا ئۇلگۈرۈپ داستىخان راسلىنىدۇ.

— سىزنىڭ ئۆيىڭىز قەيەردە؟

— ئېلدېر كوچىسى، 27 - قورۇ.

— سىز ئۆزىڭىز يالغۇز بويتاقچە تۇرامسىز؟ مەن بارسام قىسىلىپ قالماسسىزمۇ؟

— مەن دادامنىڭ ئۆيىدە تۇرىمەن، لېكىن ھويلىدا ئۆزۈمنىڭ ئايرىم بىر بىنا ئۆيۈم بار.

— ماقۇل ئەمىسە.

گراف خاتىرە دەپتىرىنى چىقىرىپ: «ئېلدېر كوچىسى، 27 - قورۇ، 21 - ماي، ئەتىگەن سائەت ئون يېرىمدا» دەپ يېزىۋالدى.

— ھە، ئەمدى، — دېدى ئۇ، خاتىرە دەپتىرىنى يانچۇقىغا سېلىپ، — خاتىرجەم بولۇڭ، مەن خۇددى سىزنىڭ سائىتىڭىزنىڭ سترېلكىلىرىغا ئوخشاش ۋاقىتقا خاتاسىز رىئايە قىلىمەن.

— يولغا چىقىشتىن بۇرۇن سىز بىلەن يەنە كۆرۈشۈشكە بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى ئالبېر.

— بۇ، سىزنىڭ قاچان يولغا چىقىدىغانلىقىڭىزغا باغلىق.

— مەن ئەتە كەچ سائەت بەشتە يولغا چىقىمەن.

— ئۇنداق بولسا، مەن سىز بىلەن ھازىرلا خوشلىشاي. مېنىڭ نېئاپولغا بېرىپ كېلىدىغان ئىشىم بار. ئۇ يەردىن يا شەنبە كۈنى كەچتە، يا يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەندە قايتىپ كېلىمەن. ھە، سىزچۇ، — دەپ مۇراجىئەت قىلدى ئۇ فرانسقا، — سىزمۇ ماڭامسىز، بارون؟

— شۇنداق.

— فرانسىيىگىمۇ؟

— ياق، ۋېنېتسىيىگە. مەن ئىتالىيىدە يەنە بىر - ئىككى يىلدەك تۇرۇپ قېلىشىم مۇمكىن.

— دېمەك، بىز سىز بىلەن پارىژدا كۆرۈشەلمەيدىكەنمىز - دە؟

— ھەئە، مەن بۇنداق شەرەپتىن مەھرۇم بولىدىغان ئوخشايمەن.

— ماقۇل ئەمىسە، جانابلار، ئاق يوللۇق بولۇڭلار، — دېدى گراف، ھەر ئىككى قولىنى ئالبېر بىلەن فرانسقا ئۇزىتىپ.

فرانسىسنىڭ بۇ ئادەمنىڭ قولىنى تۇتۇشى تېخى بىرىنچى قېتىم ئىدى. ئۇ، ئىختىيارسىز شۈركۈنۈپ كەتتى. بۇ قول خۇددى مۇردىنىڭ قولىدەك سوغۇق ئىدى.

— دېمەك، كېلىشىم شۇنداق بولدى، — دېدى ئالبېر، — سىز ۋەدە قىلدىڭىز. ئېلدېر كوچىسى، 27 - قورۇ، 21 - ماي، ئەتىگەن سائەت ئون يېرىمدا.

— 21 - ماي، ئەتىگەن سائەت ئون يېرىمدا، ئېلدېر كوچىسى، 27 - قورۇ، — دەپ تەكرارلىدى گراف.

شۇندىن كېيىن يىگىتلەر ئۇنىڭغا تەزىم قىلىپ، چىقىپ كەتتى.

— سىز نېمە بولدىڭىز؟ — دەپ سورىدى ئالبېر فرانستىن، ئۆزىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ چىققاندىن كېيىن. — بىر نېمىگە خاپا بولۇپ قالغاندەكلا كۆرۈنىسىزغۇ؟

— شۇنداق، — دېدى فرانس، — راستىنى ئېيتقاندا، بۇ گراف بىر غەلىتە ئادەم. مەن ئۇنىڭ سىز بىلەن پارىژدا كۆرۈشمەكچى بولغانلىقىدىن خاتىرجەمسىزلىنىۋاتىمەن.

— خاتىرجەمسىزلىنىۋاتىسىز؟ بۇ كۆرۈشۈشتىن؟ سىز ئەقلىڭىزدىن ئېزىپ قالدىڭىزمۇ! — دەپ خىتاب قىلدى ئالبېر.

— قانداق قىلغۇلۇق؟ — دېدى فرانس، — ئەقلىمدىن ئازسامۇ ئازغاندۇرمەن. لېكىن، بۇ شۇنداق.

— ماڭا قاراڭ، — دەپ يەنە سۆزلىدى ئالبېر، — بۇ ھەقتە گەپ ئېچىلغانلىقى ياخشى بولدى. ئۇزۇندىن بېرى قارىسام، نېمە ئۈچۈندۇر سىزنىڭ گرافقا بولغان كۆز قارىشىڭىز ياخشى بولماي كېلىۋاتىدۇ. لېكىن ئۇ ئەكسىچە، بىزگە ھەرقاچان ئىنتايىن ياخشى مۇئامىلىدە بولدى. سىزنىڭ ئۇنىڭغا بىرەر نارازىلىقىڭىز بارمۇ؟

— بەلكىم.

— سىز ئۇنى بۇرۇنمۇ كۆرگەنمۇ؟

— گەپ مانا شۇنىڭدا.

— نەدە كۆرگەنىدىڭىز؟

— مەن سىزگە سۆزلەپ بەرسەم، بۇ توغرۇلۇق ھېچكىمگە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماسلىققا ۋەدە بېرەلەمسىز؟

— ۋەدە بېرىمەن.

— چىن سۆزىڭىزمۇ؟

— چىن سۆزۈم.

— ياخشى. ئەمىسە قۇلاق سېلىڭ.

فرانس ئالبېرغا ئۆزىنىڭ مونتې - كرىستو ئارىلىغا بارغانلىقىنى ھەمدە ئۇ يەردە بىر توپ ئەتكەسچىلەر بىلەن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىككى نەپەر كورسىكالىق قاراقچى بىلەن ئۇچراشقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. بولۇپمۇ، گراف ئۇنى ئۆزىگە قاراشلىق بولغان «مىڭ بىر كېچە» غارىدا قانداق ئەپسانىلەرچە مېھمان قىلغانلىقى توغرۇلۇق تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى؛ ئۇ يەنە شۇ كۈنكى زىياپەت، مەجۇن، ھېيكەللەر توغرۇلۇق، ئۆزىنىڭ چۈشىدە ۋە ئوڭىدا نېمىلەرنى كۆرگەنلىكى توغرۇلۇق ھەمدە ئەتىسى ئۇ ئويغانغان چاغدا بۇلارنىڭ ھەممىسى يوق بولۇپ، پەقەت پورتو - ۋېككىوغا قاراپ كېتىۋاتقان كىچىك بىر كېمىنىڭلا ئۇپۇقتا ئاران كۆرۈنۈپ تۇرغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئاندىن، ئۇ گەپنى رىمغا، يەنى كولىزېيغا بارغان كېچىگە يۆتكىدى ۋە گراف بىلەن لۇيىدژنىڭ سۆزلىشىشىنى قانداق ئاڭلاپ قالغانلىقىنى، گرافنىڭ پېپپىنوغا كەچۈرۈم قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈشكە ۋەدە قىلغانلىقىنى ۋە ئاخىرى، كىتابخانلىرىمىز كۆرگەندەك، ئۇنىڭ ئۆز

ۋەدىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىققانلىقىنى ھېكايە قىلىپ بەردى. ئاخىرىدا، ئۇ تۈنۈگۈن كەچتە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەگە قەدەر سۆزلەپ كەلدى. ئۇ، ئالبېرنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن تۆلەشكە تېگىشلىك بولغان سوممىغا يەنە 700 پىئاستىر پۇل يېتىشمىگەنلىكتىن ئۆزىنىڭ قانداق قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ۋە قانداق قىلىپ گرافتىن ياردەم سوراش پىكرىگە كەلگەنلىكىنى، شۇنىڭ بىلەن، بۇ ئىشنىڭ خۇلاسىسى شۇنچە ئەپلىك ھەم تەسىرلىك يېشىلگەنلىكىنى ئەسلىتىپ سۆزلىدى. ئالبېر، فرانسنىڭ ئېيتقانلىرىنى پۈتۈن زېھنى بىلەن بېرىلىپ ئاڭلىدى.

— شۇنىڭ بىلەن، نېمە دېمەكچى بولىسىز؟ — دېدى ئۇ فرانس ئۆز سۆزىنى تاماملىغاندىن كېيىن، — بۇ ئىشلارنىڭ ئەيىبكە بۇيرۇغىدەك نېمىسى بار؟ گراف ساياھەت قىلىشنى ياخشى كۆرىدىكەن، ئۇ ئۆزى بىر باي كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆز ئالدىغا بىر شەخسىي كېمە تۇتۇشنى خالايدىكەن. سىز پورتسمۇتقا ياكى ساۋتگېمپتونغا بېرىپ كۆرۈڭ، ئۇ يەرلەردىكى گاڭكۇلار خۇددى مۇشۇنداق سەلتەنەتلىك ھايات كەچۈرىدىغان باي ئىنگلىزلارغا قاراشلىق كېمىلەر بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرىسىز. ئۇ، بىر تۇراقلىق پاناھ جايغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ۋە مەن تۆت ئايدىن بۇيان، سىز تۆت يىلدىن بۇيان ئۆزىمىزنى زەھەرلاۋاتقان مۇنداق يىرگىنىشلىك تاماقلارنى يېيىشكە مەجبۇر بولماسلىق ئۈچۈن ھەمدە ئادەم ياتسا ئۇخلىيالمايدىغان مۇنداق ئىپلاس يوتقانلاردا يېتىپ قالماسلىق ئۈچۈن مونتې-كرىستودا ئۆزىگە خاس بىر ئۆينى جابدۇپ قويغاندۇر. ئۆينى تەييارلاپ قويغاندىن كېيىن ئۇ توسكان ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ئۆينى تارتىۋېلىشىدىن ۋە ئۆزىنىڭ قىلغان چىقىملىرىنىڭ زايە بولۇشىدىن ئەنسىرەپ بۇ ئارالنى ئۆز ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈپ

سېتىۋالغاندۇر. ئاندىن، ئۇ بەلكىم شۇ ئارالنىڭ نامىنى ئۆزىگە ئىسىم قىلىپ قويىۋالغاندۇر. ئەزىزىم، ئوبدانراق ئويلىنىپ ئېيتىپ بېقىڭا، سىزنىڭ تونۇشلىرىڭىزنىڭ ئىچىدىمۇ ھەتتا ئۆزلىرى ھېچقاچان ئىگىدارچىلىق قىلىپ باقمىغان بىر زېمىننىڭ نامىنى ئۆزىگە ئىسىم قىلىپ قويىۋالغانلار ئازمۇ؟

— ئۇنىڭ بىلەن بىللە يۈرگەن كورسىكانلىق قاراقچىلارچۇ؟ — دېدى فرانس.

— بۇنىڭ ھەيران بولغۇدەك نېمىسى بار؟ بۇنى سىز ئۆزىڭىزمۇ ناھايىتى ياخشى بىلىسىزغۇ، كورسىكانلىق قاراقچىلار بۇلاڭچى ئەمەس، بەلكى قەبىلىۋى ئۆچمەنلىكنىڭ قىرغىنچىلىقىدىن قېچىپ ئۆزلىرىنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن شەھەرلىرىنى ۋە يېزىلىرىنى تاشلاپ سەرگەردان بولغان قاچقۇنلار. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يۈرگەنلىك شەخسنىڭ ئىناۋىتىگە ھېچقانداق داغ چۈشۈرەلمەيدۇ. مەن ئۆزۈمگە كەلسەم، ئەگەر مەن قاچانلا بولمىسۇن كورسىكاغا بېرىپ قالسام، گۇبېرناتور بىلەن ساقچى باشلىقىغا يولۇقۇشتىن ئاۋۋال مېنى كولۇمبونىڭ قاراقچىلىرى بىلەن تونۇشتۇرۇپ قويۇشنى سورايمەن. ئۇ قاراقچىلارنى تاپقىلى بولسىلا چوقۇم شۇنداق قىلىمەن. مەن ئۇلارنى كۆرۈشكە بەك قىزىقىمەن.

— ۋامپا ۋە ئۇنىڭ شايكىسىچۇ؟ — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى فرانس، — ئۇلار بۇلاڭچىلىق قىلىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان ھەقىقىي قاراقچىلارغۇ. بۇنىڭغۇ ئىنكار قىلالمايسىز؟ سىز گرافنىڭ مۇشۇنداق ئادەملەرگە ئۆز تەسىرىنى ئۆتكۈزەلىگەنلىكىنى نېمە دەيسىز؟

— بۇنىڭغا شۇنداق دەيمەنكى، قەدىرلىكىم، ھەممە ئالامەتلەردىن قارىغاندا، ئۇنىڭ بۇنداق تەسىرىگە مەن جېنىم بىلەن قەرزدار بولۇپ قالغانلىقىم ئۈچۈن بۇنى ئارتۇقچە سۈرۈشتە

قىلغۇم كەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بۇنى سىزگە ئوخشاش گرافنىڭ جىنايىتى دەپ ھېسابلىمايمەن. بىزنىڭ قوشنىمىز مېنىڭ ھاياتىمنى ساقلاپ قالدى دېگىلى بولمىغان تەقدىردىمۇ (بۇنداق دېيىش مۇبالىغە بولار)، ھەر ھالدا 4000 پىئاستىر پۇلۇمنى ساقلاپ قالغانلىقى ئۈچۈن مېنىڭ ئۇنى ئەيىب قىلىشىمغا يول قويارسىز. بۇ پۇللارنى بىزنىڭ پۇلىمىزغا سۇندۇرغاندا توپتوغرا 24 مىڭ فرانككا باراۋەر بولىدۇ. فرانسىيىدە مېنىڭ ئۆزۈمنىمۇ بۇنچىلىك پۇلغا باھالىماس ئىدى، — دەپ قوشۇپ قويدى ئالبېر كۈلۈپ تۇرۇپ، — بۇ دېگەنلىك، ھېچقانداق ئادەم ئۆز ۋەتىنىدە پەيغەمبەر بولالمايدۇ، دېگەن گەپنى ئىسپاتلايدۇ.

— ھە، راست، مەنمۇ ۋەتەن ھەققىدە گەپ قىلماقچىدىم. گرافنىڭ ۋەتىنى قايسى مەملىكەت؟ ئۇنىڭ ئانا تىلى قايسى تىل؟ ئۇ نېمىگە تايىنىپ ياشايدۇ؟ ئۇنىڭ شۇنچە ھېسابسىز بايلىقلىرى نەدىن كەلگەن؟ ھايات ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ ئىككىنچى يېرىمىغا تەركىي دۇنياچىلىقنىڭ قارا سايىسىنى تاشلاپ تۇرۇۋاتىدۇ. ھالبۇكى، ئۇنىڭ سىرلىق، چۈشەنگىلى بولمايدىغان ھاياتىنىڭ ئالدىنقى يېرىمى قانداق ئۆتكەن؟ مەن سىزنىڭ ئورنىڭىزدا بولسام، مانا مۇشۇ مەسىلىلەرنى ئېنىقلاشقا تىرىشقان بولاتتىم.

— قەدىرلىك فرانس، — دەپ جاۋاب بەردى ئالبېر، — سىز مېنىڭ خېتىمنى تاپشۇرۇۋېلىپ، گرافقا ھاجىتىمىز چۈشىدىغانلىقىنى ھېس قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئالدىغا كىردىڭىز ۋە ئۇنىڭغا: «مېنىڭ دوستۇم ئالبېر مورسېر خەتەرلىككە مۇپتىلا بولدى، ئۇنى قۇتۇلدۇرۇشقا ياردەم قىلغايسىز» دەپ سورىدىڭىز. شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق.

— ئۇ سىزدىن، ئالبېر مورسېر دېگەن كىم بولىدۇ دەپ سورىدىمۇ؟ ئۇنىڭ مەرتىۋىسى ۋە بايلىقى نەدىن كەلگەن؟ ئۇنىڭ ئىقتىسادىي مەنبەسى قانداق؟ ئۇنىڭ ۋەتىنى نەدە؟ ئۇ نەدە تۇغۇلغان دەپ سورىدىمۇ؟ ئېيتىڭا، ئۇ سىزدىن بۇ توغرۇلۇق سورىدىمۇ؟

— ياق. ھەقىقەتەن، سورىمىدى.

— ئۇ ئارتۇق گەپ قىلمايلا بېرىپ، مېنى جانابىي لۇيىجىنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇپ كەلدى. مەن ئۇ يەردە، سىز ئېيتقاندەك، كۆرۈنۈشتە ئۆزۈمنى بەك يۇرەكلىك تۇتقان بولساممۇ، راستنى ئېيتقاندا، دەردىمنى ئۆزۈم بىلىمەن. ئەمدى، ماڭا شۇنداق ياخشىلىق قىلغان ئادەم بۈگۈنكى كۈندە مەندىن، پارىژغا كېلىدىغان ھەرقانداق بىر رۇس ياكى ئىتالىيان كىنەزى ئۈچۈن بىز دائىم قىلىپ بېرىدىغان ئادەتتىكى بىر ئىشنى، يەنى پارىژ جەمئىيىتى بىلەن تونۇشتۇرۇپ قويۇشنى ئىلتىماس قىلسا، مەن ئۇنى رەت قىلسام بولامتى؟ يوقسۇ، فرانس، سىز توغرا گەپ قىلمىدىڭىز!

ئىقرار قىلماي بولمايدۇكى، بۇ قېتىم، ئادەتتىكىگە مۇخالىپ ھالدا، مەنتىقە ئالبېر تەرەپتە ئىدى.

— ئىش قىلىپ، ئۆزىڭىز بىلىڭ، قەدىرلىك ۋىسكونت، — فرانس ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ جاۋاب بەردى، — ئېيتقانلىرىڭىز ناھايىتى ئورۇنلۇق. شۇنداق بولسىمۇ، گراف مونتې - كرىستو غەلىتە بىر ئادەم.

— گراف مونتې - كرىستو فىلانتروپ.① ئۇ سىزگە پارىژغا نېمە مەقسەت بىلەن بارىدىغانلىقىنى ئېيتمىدى. بۇنى مەن

---

① فىلانتروپ: فىلانتروپىيە تەرەپدارى. فىلانتروپىيە - بۇرژۇئا مەملىكەتلىرىدىكى بىر خىل پىكىر ئېقىمى بولۇپ، ئاتالمىش مېھرىبانلىقنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

تېپىپ بېرەي: ئۇ، پارىژغا مونتىئون مۇكاپاتىغا① ئىگە بولۇش ئۈچۈن بارىدۇ. ئەگەر ئۇ، بۇ مۇكاپاتقا ئېرىشىش ئۈچۈن مېنىڭ ئاۋاز قوشۇشۇمغا ۋە مۇكاپات بېرىشنى تەستىقلايدىغان ھېلىقى بەتبەشىرە ئادەمچاقىنىڭ كۈچ چىقىرىشىغا ئېھتىياجلىق بولسا، ئۇنىڭ بىرىنچى ئېھتىياجىنى مەن قاندۇرالايمەن، ئىككىنچى ئېھتىياجىنىڭمۇ قاندۇرىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ھە، دوستۇم، ئەمدى بۇ گەپنى توختىتىپ، غىزاغا ئولتۇرايلى. ئاندىن كېيىن، مۇقەددەس پېتىر ئىبادەتخانىسىنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم زىيارەت قىلىپ كېلەيلى.

ئالبېرنىڭ بۇ پىلانى ئورۇندالدى ۋە ئەتىسى چۈشتىن كېيىن سائەت بەشتە دوستلار خوشلىشىپ ئايرىلىشتى. ئالبېر مورسېر پارىژغا قايتتى، فرانس ئەپىنە ئىككى ھەپتىلىك ساياھەتتە بولۇش ئۈچۈن ۋېنېتسىيىگە يۈرۈپ كەتتى. ئالبېر كېلىشكەن كۆرۈشۈش ۋاقتىنى ئۆزىنىڭ مېھمىنى ئۇنتۇپ قالمىسۇن دەپ بەكمۇ ئەنسىرىگەنلىكتىن، ھارۋىغا ئولتۇرۇش ئالدىدا بىر نام - ئەمەل كارتوچكىسىنى مالايغا بېرىپ، بۇنى گراف مونتې - كرىستوغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى جېكىلىدى. بۇ كارتوچكىدىكى «ۋىكونت ئالبېر مورسېر» دېگەن خەتلەرنىڭ ئاستىغا قېرىنداش بىلەن: «21 - ماي ئەتىگەن سائەت ئون يېرىمدا، ئېلدېر كوچىسى، 27» دەپ يېزىلغانىدى.

---

① مونتىئون مۇكاپاتى — ئالاھىدە فىلانتىروپلارغا بېرىلىدىغان مۇكاپات.

توققۇزىنچى باب

ئالبېرنىڭ مېھمانلىرى

ۋىكونت ئالبېر مورسېر تېخى رىمدىكى چېغىدىلا گراف، مونتې - كرىستونى مېھمانغا تەكلىپ قىلىپ قويغان ئېلدېر كوچىسىدىكى ئۆيىدە 21 - ماي كۈنى ئەتىگەندە مېھمانلارنى مۇناسىپ ھالدا كۈتۈۋېلىشقا تولۇق تەييارلىق ئېلىپ بېرىلماقتا ئىدى. ئالبېر بۇ كاتتا ھويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى خىزمەتكارلار تۇرىدىغان بىنانىڭ ئۇدۇلىغا جايلاشقان مەخسۇس بىر ئىمارەتنى ئىگىلەپ تۇراتتى. بۇ ئىمارەتنىڭ پەقەت ئىككى دېرىزىسىلا كوچىغا قارايتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۈچ دېرىزە ھويلىغا، قالغان ئىككى دېرىزە باغقا قارايتتى. ھويلا بىلەن باغنىڭ پاسىلىدا گراف مورسېر بىلەن مورسېر خانىمنىڭ ناپالېئون زامانىسىدىكى كونىچە شەكىلدە سېلىنغان ئازادە ۋە ھەشەمەتلىك تۇرالغۇ ئىمارىتى قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ھويلىنىڭ كوچىغا قارايدىغان تەرىپى ئۇ چېتىدىن بۇ چېتىگىچە سوزۇلغان تام بىلەن توسۇلغان بولۇپ، تامنىڭ ئۈستىگە گۈل ئۆستۈرۈلگەن تەشتەكلەر تىزىلغان، ئوتتۇرىسىغا ئالتۇن رەڭدە سىرلانغان تۆمۈر رېشاتكىلىق يوغان دەرۋازا ئورنىتىلغان. بۇ، ھارۋا قاتنايدىغان دەرۋازا ئىدى. دەرۋازىۋەن ئۆيىنىڭ يېنىدىكى كىچىك دەرۋازا خىزمەتكار ۋە خوجايىنلارنىڭ پىيادە كىرىپ - چىقىشى ئۈچۈن ئىشلىتىلەتتى.

ئالبېرغا ئاجرىتىلغان ئىمارەتنىڭ جايلاشقان ئورنىدىن قارىغاندا، ئوغلىدىن ھېچقاچان ئايرىلغۇسى كەلمەيدىغان، لېكىن

ئۇنىڭ ياش - قۇۋامىدىكى يىگىتلەرنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئەركىنلىككە ئېھتىياجلىق بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىدىغان كۆيۈمچان ئانىسىنىڭ غەمخورلۇقى سېزىلىپ تۇراتتى. يەنە بىر تەرەپتىن قارىغاندا، بۇ يەردە ۋىكونتنىڭ يۈگەنسىز كەيىپ - ساپالىق تۇرمۇشنى ياخشى كۆرىدىغان راھەتپەرەستلىك پەم - پاراستى ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. باي ئائىلىدىن كېلىپ چىققان ۋە خۇددى ئالتۇن قەپەزدىكى قۇشتەك ھايات كەچۈرىدىغان يىگىتلەر شۇنداق بولىدۇ.

كوچىغا قارايدىغان دېرىزىلەردىن ئالبېر سىرتقى دۇنيانى كۆزىتىپ تۇرالايتتى. بۇ يەردىن كۆرۈنىدىغىنى گەرچە بىر كوچىدىنلا ئىبارەت بولسىمۇ، ياش يىگىتلەر ھەمىشە ئۆزلىرىنىڭ نەزەرلىرى ئالدىدا كوچىدىن ئۆتۈپ قالىدىغان چىرايلىق ئاياللارنىڭ كۆرۈنۈپ تۇرۇشىنى خالايدۇ ئەمەسمۇ. ئەگەر يېقىنراق بېرىپ كۆرۈپ بېقىشقا تېگىشلىك بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، ئالبېر مورسېر دەرۋازىۋەن ئۆيىنىڭ يېنىغا جايلاشقان ھەمدە ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان ئايرىم بىر مەخپىي ئىشىك ئارقىلىق كوچىغا چىقالايتتى. بۇ ئىشىك كۆزگە چېلىقمايدىغان ۋە توپا بېسىپ كەتكەن بولغاچقا، گوياكى ئىمارەت قۇرۇلغان كۈندىن باشلاپلا ئۇنتۇلۇپ قالغاندەك ۋە تاشلىۋېتىلگەندەك كۆرۈنەتتى. ئەمما، ياخشىلاپ مايلاپ قويۇلغان قۇلۇپ ۋە گىرەچىلەر بۇ ئىشىكنىڭ خۇپىيانىلىك بىلەن پات - پات ئىشلىتىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. بۇ يوشۇرۇن ئىشىك ئۆزىدىن باشقا ئىككى دەرۋازا بىلەن رىقابەتلىشىپ ۋە دەرۋازىۋەننى ئەخمەق قىلىپ، ئۇنىڭ ساداقەتلىك بىلەن نازارەت قىلغۇچى كۆزلىرىدىن ئۆزىنى چەتكە ئالاتتى. بەجايىكى «مىڭ بىر كېچە» دىكى غارلار ئەلى بابانىڭ «سەزام» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزى بىلەن ئېچىلغانغا ئوخشاش، بۇ ئىشىكمۇ ئايال كىشىنىڭ ئەڭ يېقىملىق ئاۋازى بىلەن ئېيتىلغان ئىككى - ئۈچ ئېغىز سىرلىق سۆز بىلەن ياكى جاھاندىكى

ئەڭ نازۇك بارماقلارنىڭ شەرتلىك تاقىلدىتىپ قويۇشى بىلەن ئۆزلۈكىدىن ئاستا ئېچىلاتتى.

بۇ ئىشىكتىن كىرگەندىكى دەھلىزگە ئوخشايدىغان ئازادە ۋە جىمجىت كارىدورنىڭ نېرىقى چېتىدە — ئوڭ تەرەپتە ئالبېرنىڭ خاس تاماقخانىسى بولۇپ، دېرىزىلىرى ھويلىغا قارايدۇ، سول تەرەپتە كىچىك مېھمانخانا بولۇپ، دېرىزىلىرى باغقا قارايدۇ. بۇ ئىككى ئۆي ئاستىنقى قەۋەتتە بولغانلىقى ئۈچۈن، ھويلىدا ياكى باغدا تۇرۇپ قارىغان كىشى پەقەت مۇشۇ ئۆيلەرنىڭ دېرىزىسىنىلا كۆرەلىشى مۇمكىن ئىدى، لېكىن بۈك - باراقسان بولۇپ ئۆسۈپ كەتكەن تال ۋە يۆگىمەچ گۈللەر دېرىزىلەرنىڭ ئالدىنى يەلپۈگۈچتەك توسۇپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۆي ئىچىدە نېمە ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈشكە بولمايتتى. ئىككىنچى قەۋەتتە خۇددى شۇنداقلا ئىككى ئۆي ۋە يەنە كارىدورنىڭ ئۈستىگە توغرا كېلىدىغان ئۈچىنچى بىر ئۆي بار ئىدى. بۇ ئۈچ ئۆينىڭ بىرى مېھمانخانا، بىرى ياتاق ۋە يەنە بىرى دەم ئېلىش ئۆيى ئىدى. ئاستىنقى قەۋەتتىكى مېھمانخانا ئالجىرىيىنىڭ سافالىق ئۆيلىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بولۇپ، مەخسۇس تاماكا چەككۈچىلەر ئۈچۈن راسلانغانىدى. ئىككىنچى قەۋەتتىكى دەم ئېلىش ئۆيى ياتاق ئۆيىگە تۇتىشاتتى ۋە بۇ دەم ئېلىش ئۆيىدىن مەخپىي ئىشىك ئارقىلىق چىققاندا ئۇدۇل پەلەمپەيگە ئۆتكىلى بولاتتى. يىغىپ ئېيتقاندا، ئېھتىيات چارىلىرى تولۇق ئىدى. پۈتۈن ئۈچىنچى قەۋەتكە قانداقتۇر بىر رەسسام ياكى يايمىكەشنىڭ كۆرگەزمىسىنى ئەسلىتىدىغان كاتتا سەنئەت ئۆيى جايلاشتۇرۇلغانىدى. بۇ يەردە ئالبېرنىڭ خىلمۇخىل ئاجايىپ نەرسىلىرى دۆۋىلىنىپ ۋە ئۈستى - ئۈستىگە تاشلىنىپ ياتاتتى، يەنى: مۈڭگۈزدىن ياسالغان سۇنايىلار، كونتراباسلار①، نەيلەر، ئومۇمەن پۈتۈن بىر ئوركېستىرنىڭ

---

① تۆۋەن ئاۋازلىق چوڭ ئىسكىرىپكا.

چالغۇ ئەسۋابلىرى يىغىلغانىدى. چۈنكى، ئالبېر گەرچە سەنئەتكە بېرىلمىگەن بولسىمۇ، بىر چاغلاردا سازغا ئانچە - مۇنچە ھەۋەس قىلغانىدى. يەنە شۇنداقلا، رەسىم جازىلىرى، موي قەلەملەر، قورۇق بوياقلارمۇ بار ئىدى؛ چۈنكى ساز ھەۋەسكارىنىڭ ئۇزۇن ئۆتمەيلا رەسسام بولغۇسى كېلىپ قالغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە شەمشەرلەر، مۇشتلىشىش پەلەيلىرى، قىلىچۋازلىقنى ئۆگىنىشتە ئىشلىتىلىدىغان ياغاچ قىلىچلار ۋە خىلمۇخىل گۈرزىلەر بار ئىدى. چۈنكى، ئالبېر مورسېر بىز بايان قىلىۋاتقان ئەينى دەۋردىكى ئاقسۆڭەك ياشلىرىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە ساز ۋە رەسساملىققا قارىغاندا قىلىچۋازلىق، مۇشتلىشىش ۋە گۈرزى بىلەن جەڭ قىلىشنى تەڭداشسىز تىرىشچانلىق بىلەن مەشق قىلاتتى. بۇ ئۈچ تۈرلۈك ماھارەت، ئاقسۆڭەكلەر ئائىلىسىدىكى ئارسلانغا بېرىلىدىغان تەلىم - تەربىيىنىڭ يۇقىرى پەللىسى بولۇپ ھېسابلىناتتى. شۇڭا، ئالبېر، ئۆزىنىڭ مەخسۇس جىسمانىي مەشغۇلاتلار ئۈچۈن ئاجرىتىلغان بۇ كاتتا ئۆيدە گرىزيو①، كۇكس② ۋە شارل لېبۇشلارنى③ نۆۋەت بىلەن قوبۇل قىلىپ تۇراتتى. بۇ ئۆينىڭ قالغان قىسمىدا فرانسىس Iنىڭ④ زامانىسىدىن قالغان كونىچە ئىشكاپلار تىزىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىگە جۇڭگونىڭ فارفور بۇيۇملىرى، ياپونىيىنىڭ لوڭقىلىرى، لۇككا روببىيانىڭ قولى بىلەن ياسالغان زىننەتلىك چىنىلەر ۋە بېرنار پالىسىنىڭ قولىدىن چىققان تەخسىلەر تىزىپ قويۇلغانىدى. بۇ يەردە يۇمشاق ئورۇندۇقلارمۇ بار ئىدى. بۇ ئورۇندۇقلاردا ئۆز زامانىسىدا ھېنرىخ IV، سيۇللى، لىيۇدوۋىك XIII ياكى رىشېلىيېلار ئولتۇرغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى

---

① قىلىچۋازلىق مۇتەخەسسىسى.
② مۇشتلىشىش مۇتەخەسسىسى.
③ گۈرزى بىلەن جەڭ قىلىش مۇتەخەسسىسى.
④ فرانسىس — (1494 — 1547) فرانسىيە پادىشاھى.

بۇ ئورۇندۇقلارنىڭ ئىككىسىگە فرانسىيە دۆلەت بەلگىسى ئويۇلغانىدى، يەنى كۆك رەڭلىك دائىرە ئۈستىگە پادىشاھلىق تاجى كىيدۈرۈلگەن ئۈچ تال نىلۇپەر گۈلىنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەنىدى.

شۇنىڭغا قارىغاندا، بۇ ئورۇندۇقلار چوقۇم لۇۋرنىڭ ئامبارلىرىدىن ياكى قانداقلا بولمىسۇن بىر پادىشاھ سارىيىدىن چىققان. بۇ مەزمۇت، قارامتۇل ئورۇندۇقلاردا پېرسىيە قۇياشىدىن ھارارەت ئالغان ۋە كالكۇتتا ياكى چاندېرناھور① ئاياللىرىنىڭ قوللىرىدىن رەڭ ئالغان ھەر خىل ئېسىل رەختلەر چېچىلىپ ياتاتتى. بۇ رەختلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ يەردە ياتقانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. بۇ رەختلەر كىشىلەرنىڭ زوق - ھەۋىسىنى كەلتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ تېخى مەلۇم بولمىغان ئىگىسىنى كۈتۈپ ياتاتتى ھەمدە يىپەك ئۈستىگە چۈشۈرۈلگەن زەر ۋە گۈل رەڭلىرىنىڭ جىلۋىسى بىلەن ئۆي ئىچىنى بېزەپ تۇراتتى. ئەڭ كۆرۈنەرلىك ئورۇنغا روللېر ۋە بىلانشىنىڭ قولى بىلەن ئىشلەنگەن ئەتىر گۈل رەڭلىك رويال قويۇلغانىدى. بۇ رويالنىڭ چوڭلۇقى بىزنىڭ مۇشۇنداق كىچىك مېھمانخانىلىرىمىزغا لايىق ئىدى، لېكىن، شۇنداق بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ تار بولغان ئاۋازلار كانىغا پۈتۈن بىر ئوركېستىرنى سىغدۇرالايتتى ھەمدە بېتخوۋېن، ۋېبېر، موتسارت، گايدن، گرېترى ۋە پورپورلارنىڭ ② نادىر مۇزىكىلىرىنىڭ بېسىمى ئاستىدا سادا چىقىراتتى. ھەممە تاملاردا، ئىشىكلەردە، تورۇستا زۇلپىقارلار، خەنجەرلەر، پىچاقلار، گۈرزىلەر، ئايپالتىلار، ئومۇمەن ئېيتقاندا، نۇرغۇنلىغان ئالتۇن رەڭلىك، تۇم قارا رەڭلىك، نەقىشلىك قورال - ياراقلار، شۇنداقلا، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ قۇرۇتۇلغان ئەۋرىشكىلىرى، مىنېرال تاش پارچىلىرى ھەمدە ھەرىكەتسىز پەرۋاز قىلىپ ئوتقاشتەك قاناتلىرىنى كەڭ يايغان ۋە تۇمشۇقلىرىنى

---

① كالكۇتتا، چاندېرناھور — ھىندىستاندىكى شەھەر ناملىرى.
② ياۋروپانىڭ ئاتاقلىق كومپوزىتورلىرى.

مەڭگۈلۈككە ئېچىپ قالغان قىياپەتتە قاتۇرۇلغان قۇشلار ئېسىلغانىدى. بۇ، ئالبېرنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئۆيى ئىدى.

شۇنداق بولسىمۇ، كۆرۈشۈشكە كېلىشىلگەن كۈنى ئالبېر ئەتىگەنلىك كىيىمىنى كىيگەن هالدا ئاستىنقى قەۋەتتىكى كىچىك مېهمانخانىدا ئولتۇراتتى. كەڭ - كۇشادە يۇمشاق سافانىڭ ئالدىدىكى شىرەنىڭ ئۈستىگە گوللاندىيىنىڭ چىنە قۇتىلىرىغا سېلىنغان پېتېربۇرگ سېرىق تاماكىسىدىن تارتىپ سىناي قارا تاماكىسىغىچە بولغان تۈرلۈك ئالىي دەرىجىلىك تاماكىلار تىزىپ قويۇلغانىدى. بۇ يەردە مەرىلەند، پورتو - رىكو، لاتاكى تاماكىلىرى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ يېنىدىكى خۇش پۇراقلىق ياغاچتىن ياسالغان قۇتىلارغا پىرۇس، رېگالىيە، هاۋانا ۋە مانىلا تاماكىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە سۈپىتىگە قاراپ ئايرىلغان هالدا سېلىپ قويۇلغانىدى. ئېچىپ قويۇلغان ئىشكاپ ئىچىدە بىر يۈرۈش نېمىس غاڭزىلىرى تىزىلىپ ياتاتتى. كەهرىۋا مۇشتەك ئورنىتىلغان ۋە مارجاندىن نەقىش سېلىنغان چىلىم نەيچىلىرى، ئالتۇندىن زەر چېكىلگەن ۋە ئۇزۇن تېرە نەيچىلىرى يىلاندەك ئېگىلىپ تۇرغان چىلىملەر، تاماكا چەككۈچىلەرنىڭ هەۋىسىنى ۋە خۇمارىنى قوزغايتتى. بۇ يەردىكى نەرسىلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش تەرتىپىنى ئالبېر شەخسەن ئۆزى باشقۇراتتى، چۈنكى هازىرقى زاماندىكى مېهمانلار قورساقنى تويغۇزۇپ، بىر چىنە قەهۋە ئىچىۋالغاندىن كېيىن، تاماكا چېكىپ، هەر خىل غەلىتە يۈگۈمەچلەرنى هاسىل قىلىپ، تورۇسقا ئۆرلەپ چىقىۋاتقان ئىسنىڭ ئارىسىدىن مۇشۇنداق نەرسىلەرگە قاراپ ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرىدۇ.

سائەت چارەك كەم ئون بولغاندا غوجىدار كىرىپ كەلدى. بۇ كىشى، پەقەت ئىنگلىزچىلا سۆزلىيەلەيدىغان 15 ياشلىق ئات باقار جونىنى هېسابقا ئالمىغاندا، مورسېرنىڭ بىردىنبىر خىزمەتكارى ئىدى. ئالبېر ئادەتتىكى كۈنلەردە ئاتا - ئانىسىنىڭ

ئاشپىزىنى، ئالاهىدە ئەهۋاللاردا دادىسىنىڭ مالىيىنىمۇ ئىشقا سالاتتى. غوجىدارنىڭ ئىسمى ژېرمېن ئىدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ ياش خوجايىنىنىڭ تولۇق ئىشەنچىسىگە سازاۋەر بولغانىدى. ئۇ، ئۆيگە كىرىپ شىرە ئۈستىگە بىر توپ گېزىتنى قويدى ۋە ئالبېرنىڭ قولىغا بىر دەستە خەتنى بەردى. ئالبېر بۇ خەتلەرگە خۇشياقمايلا قاراپ قويدى ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۈستىگە چىرايلىق پوچۇركا بىلەن يېزىلغان بولۇپ، ئەتىر سېپىلگەن ئىككى لىپاپىنى تاللىۋالدى - دە، خېلىلا دىققەت بىلەن ئوقۇپ چىقتى.

— بۇ خەتلەرنى كىم ئەكەلدى؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— بىرى پوچتا ئارقىلىق كەلدى، يەنە بىرىنى دانگلار خانىمنىڭ غوجىدارى ئەكەلدى.

— دانگلار خانىمغا يەتكۈزۈپ قويۇڭ، ئۇنىڭ مېنى ئۆز لوژاسىغا چاقىرغان تەكلىپىنى قوبۇل قىلىمەن... توختاپ تۇرۇڭ... ئاندىن سىز روزانىڭ يېنىغا بېرىپ، مېنىڭ ئوپېرادىن يېنىپ ئۇنىڭ يېنىغا كىرىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ قويۇڭ. ئۇنىڭغا كىپىر، خېرېس ۋە مالاگا شارابلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسىدىن ئالتە شىشە ۋە ئوستېند مۇلى قۇلۇلىسىدىن بىر تۈڭ ئاپىرىپ بېرىڭ، مۇلى قۇلۇلىسىنى بورېلدىن ئېلىڭ، بۇنى مەن ئۈچۈن ئالىدىغانلىقىڭىزنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويۇشنى ئۇنتۇماڭ.

— غىزانى سائەت نەچچىگە ئۈلگۈرتۈپ هازىرلاشنى بۇيرۇيسىز؟

— هازىر سائەت نەچچە بولدى؟

— چارەك كەم ئون.

— توپتوغرا سائەت ئون يېرىمغا تەييارلانسۇن. دېبرېنىڭ ۋازارەتتىكى ئىشلىرى ئالدىراش بولۇشى مۇمكىن... ئۇنى دېمىگەندىمۇ (ئالبېر خاتىرە دەپتىرىنى ئېچىپ قاراپ قويدى)، گراف بىلەن بىزنىڭ توختاشقان ۋاقتىمىز شۇ:

21 ـ ماي، ئەتىگەن سائەت ئون يېرىمدا. مەن گەرچە ئۇنىڭ ۋەدىسىگە ئانچە ئىشىنىپ كەتمىسەممۇ، ھەر ھالدا بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئەمەل قىلىشىنى خالايمەن. ھە، گراف خانىم ئورنىدىن تۇرغاندىمۇ، بىلەمسىز؟

— ۋىكونتقا بۇنى بىلىش كېرەك بولسا، مەن بېرىپ ئۇقۇپ كېلەي.

— ماقۇل... ئۇنىڭدىن بىر تۇڭ لىكېر شارابىنى سوراپ، ئەكېلىڭ، ئۆزۈمنىڭكى يېرىملاپ قالدى. ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويۇڭ، سائەت ئۈچتە مەن ئۇنىڭ يېنىغا كىرىمەن، ئۇنىڭغا بىر جانابنى تونۇشتۇرماقچىمەن.

غوجىدار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئالبېر ئۆزىنى سافاغا تاشلاپ ئولتۇردى ۋە گېزىتلەرنى ئېچىپ تىياتىر ئېلانلىرىغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى ھەمدە باليېت ئوينالماستىن، ئوپېرا قويۇلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، چىرايىنى پۈرۈشتۈردى؛ باشقا ئېلانلارنى ئاختۇرۇپ، يېڭىدىن چىققان چىش پاراشوكى ھەققىدە يېزىلغىنىنى بارمىكىن دەپ قاراپ چىقتى، لېكىن ئۇنداق ئېلاننى تاپالمىغاندىن كېيىن، پارىژنىڭ ئەڭ كەڭ تارقىلىدىغان ئۈچ گېزىتىنى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرىنى پىرقىرىتىپ تاشلىۋەتتى ۋە كېرىلىپ تۇرۇپ بىر ئەسنەپ غودۇڭشۇپ قويدى:

— بۇ گېزىتلارغا كۈندىن ـ كۈنگە قاملاشمىغان بىر نېمىلەرنى باسىدىغان بولۇپ كېتىپتى.

شۇ ئەسنادا دەرۋازا ئالدىغا بىر يېنىك پەيتون كېلىپ توختىدى ۋە بىردەمدىن كېيىن غوجىدار كىرىپ، ليۇسيېن دېبرېنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. خانا ئىچىگە ئېگىز بويلۇق، سېرىق چاچلىق، چىرايى تاتىراڭغۇ، كۈلرەڭ كۆزلىرى بىلەرمەنلىك بىلەن قاراپ تۇرغان، نېپىز كالپۇكلىرى تەكەببۇرلۇق بىلەن پۈرۈلگەن بىر يىگىت كۈلۈپمۇ قويماستىن، بىر ئېغىز گەپمۇ

قىلماستىن كىرىپ كەلدى. ئۇ، ئۇچىسىغا زەرھەل تۈگمىلەر قادالغان قىسقا كۆك چاپان كىيگەن ۋە ئاق گالستۇك باغلىغانىدى؛ گىرۋەكلىرى تاشپاقا قاسىرىقىدىن ياسالغان بىر كۆزلۈك ئەينىكى ئىنچىكە يىپەك يىپقا ئېسىلغان بولۇپ، قاش ۋە قاپاق مۇسكۇللىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئوڭ كۆزىگە قىستۇرۇلۇپ تۇراتتى.

— ياخشىمۇ سىز، ليۇسيېن! — دېدى ئالبېر، — سىزنىڭ ۋاقىتقا بەك قاتتىق رىئايە قىلىشىڭىز مېنى ھەيرەتتە قالدۇرۇۋاتىدۇ. مەن سىزنى ھەممىدىن كېيىن كېلەمدىكىن دەپ تۇرسام، تېخى سائەت ئونغا بەش مىنۇت قالغاندىلا كېلىۋالدىڭىز، لېكىن مېھمانلار سائەت ئون يېرىمغا چاقىرىلغان ئەمەسمۇ! قىزىق ئىشلار بولۇۋاتىدۇ ـ دە! سىلەرنىڭ ۋازارىتىڭلار ئاغدۇرۇلۇپ كەتمىگەندۇر؟

— يوقسۇ، قەدىرلىكىم، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ يىگىت سافاغا ئولتۇرۇپ. — خاتىرىڭىز جەم بولسۇن، بىز دائىم تەۋرىنىپ تۇرساقمۇ، ھەرگىز ئاغدۇرۇلمايمىز، ھەتتا بىزنىڭ ئورنىمىز بۇندىن كېيىن زادى ئالماشمايدۇ دەپ ئويلىغۇم كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يېرىم ئارالدىكى ئىشلار ئەمدى بىزنىڭ ئاساسىمىزنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەيدۇ.

— ھە، راست، سىلەر دون كارلوسنى ئىسپانىيەدىن قوغلاپ چىقارماقچىغۇ.

— ئۇنداق گەپ يوق، چۈشەنمەي تۇرۇپ سۆزلىمەڭ. بىز ئۇنى چېگرىنىڭ بۇ تەرىپىگە باشلاپ كىرىمىز ۋە ئۇنىڭغا بۇرژىدا شاھلارغا خاس پاناھ بېرىمىز.

— بۇرژىدا؟

— شۇنداق. ئۇنىڭ نارازى بولۇشقا ھېچقانداق ئاساسى يوق. بۇرژى دېگەن، كارل يەتتىنچىنىڭ پايتەختى. بەللى! سىز بۇ خەۋەرنى تېخىچە ئاڭلىمىغانمىدىڭىز؟ تۈنۈگۈندىن باشلاپ بۇ

خەۋەر پۈتۈن پارىژغا تارقالدى، ئۈچ كۈننىڭ ئالدىدا بۇ ھەقتىكى مىش - مىش گەپلەر سودا ساھەسىگە تارقالغانىدى. دانگلار (بۇ ئادەم ئانداق قىلىپ ھەممە يېڭىلىقلارنى بىز بىلەن تەڭلا بىلىۋالىدىكىن تاڭ) بۇ قېتىم سەرمايىسىنى كۆپەيتىۋالدى ۋە بىر مىليونچە پايدا ئالدى.

— سىز ئۆزىڭىزمۇ بىر يېڭى مۇكاپاتقا ئېرىشكەنسىز؟ ئىزمىڭىزدە بىر ھاۋارەڭ بالداقچە تۇرىدۇ. بۇرۇن بۇ يوق ئىدىغۇ.

— ھەئە، ماڭا كارل ئۈچىنچى يۇلتۇزنى تەقدىم قىلىشتى. — دەپ قويدى دېبرى، مەنسىتمىگەن قىياپەتتە.

— ئۇنداق بىپەرۋا بولۇۋالماڭ، بۇ مۇكاپاتقا خۇش بولغانلىقىڭىزنى ئىقرار قىلىڭ.

— يوشۇرمايمەن، ناھايىتى خۇش بولدۇم. بۇ يۇلتۇز تۆگمىلەنگەن كالتا چاپانغا ناھايىتى ياراشىدۇ، ناھايىتى چىرايلىق تۇرىدۇ.

— بۇنداق مېدالنى كۆكرىكىگە تاقىغان كىشى شاھزادە ئۆيلىگە ياكى گېرتسوگ رەيخشتادقا ئوخشاپ تۇرىدۇ، — دېدى مورسېر كۈلۈپ تۇرۇپ.

— شۇنىڭ ئۈچۈن مەن سىزنىڭ ئالدىڭىزغا مۇشۇنداق ئەتىگەندىلا كېلىۋالدىم، قەدىرلىكىم.

— يەنى، كارل ئۈچىنچى يۇلتۇزغا ئېرىشكەنلىكىڭىز ئۈچۈن ۋە بۇ خۇش خەۋەرنى ماڭا سۆزلەپ بېرىش ئۈچۈنمۇ؟

— ياق، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەمەس. مەن تۈنۈگۈن تۈن بويى ئۇخلىماستىن خەت - چەك ئەۋەتىش ئىشى بىلەن بەنت بولدۇم. 25 پارچە دىپلوماتىك مەكتۇپ يېزىپ ئەۋەتتىم. ئۆيگە تاڭ ئاتقاندا قايتىپ كەلدىم ۋە ئۇخلاي دېسەم بېشىم قاتتىق ئاغرىپ كەتكەنلىكتىن، يەنە ئورنۇمدىن تۇردۇم - دە، ئات مىنىپ بىر ئاز ئايلىنىپ كېلىشنى قارار قىلدىم. بۇلون ئورمانلىقىغا كەلگەندە

ئىچىم پۇشۇپ قالغانلىقىنى ۋە قورسىقىم ئېچىۋاتقانلىقىنى سەزدىم. بۇ ئىككى خىل سېزىم ئادەتتە بىر - بىرى بىلەن چىقىشالمايدۇ، لېكىن بۇ قېتىم ئىككىسى بىرلىشىۋېلىپ، گوياكى ماڭا قارشى كارلىچىلار بىلەن جۇمھۇرىيەتچىلەرنىڭ ئىتتىپاقىغا ئوخشاش بىر نېمىنى ھاسىل قىلدى. بۇ چاغدا مەن سىزنىڭ ئۆيىڭىزدىكى ئەتىگەنلىك زىياپەتكە چاقىرىلغانلىقىمنى يادىمغا ئېلىپ، بۇ يەرگە كەلدىم. مېنىڭ قورسىقىم ئاچ، ماڭا يەيدىغان بىر نەرسە بېرىڭ؛ مېنىڭ ئىچىم پۇشۇۋاتىدۇ، كۆڭلۈمنى ئېچىپ قويۇڭ.

— مەن ساھىبخان بولغانلىقىم ئۈچۈن، بۇ مېنىڭ بۇرچۇم، قەدىرلىك دوستۇم، — دېدى ئالبېر ۋە قوڭغۇراقنى جىرىڭلىتىپ غوجىدارنى چاقىردى. بۇ ئارىدا لىيۇسيېن چېچىلىپ ياتقان گېزىتلەرنى ئۆزىنىڭ ھاسا تايىقىنىڭ ئالتۇن تۇتقۇچى بىلەن ئۆرۈپ - چۆرۈپ ئولتۇراتتى، — ژېرمېن، بىر قەدەھ خېرېس شارابى بىلەن بىسكۇيت① ئەكىرىڭ. ئۇنىڭغىچە، قەدىرلىك لىيۇسيېن، مانا تاماكا، بۇ ئەتكەسچىلىك بىلەن كەلتۈرۈلگەن، ئەلۋەتتە. بۇ تاماكىلارنىڭ تەمىنى تېتىپ كۆرۈپ، ئۆزىڭىزنىڭ مىنىستىرىڭىزغا ئېيتىپ قويۇڭ، بىزگىمۇ مۇشۇنداق تاماكىلارنى سېتىپ بېرىشسۇن، گۇناھسىز پۇقرالار ئۇنىڭ ياخشىلىقى بىلەن چېكىپ يۈرگەن ياڭاق يوپۇرماقلىرىدىن ئەمدى قۇتۇلسۇن.

— شۇمۇ گەپ بولدىمۇ! بۇ تاماكىلار بازاردا ئىختىيارىي سېتىلىدىغان بولسا، سىلەر ئۇنىمۇ چەكمەيدىغان بولىسىلەر ۋە مۇنداق تاماكىلارنىمۇ بەك ناچار دەپ دەۋا قىلىپ چىقىسىلەر. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ، ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ ئىشى ئەمەس. بۇ، مالىيە مىنىستىرلىقىنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىغا ياتىدۇ. بۇنداق گەپلەرنى يۇمان ئەپەندىگە ئېيتىڭ. ئۇ، ۋاستىلىك باج رايونى. A كوچا، 26 - ئۆيدە تۇرىدۇ.

---

① بىر خىل تاتلىق يېمەكلىك.

— ھەممە ئىشنى بىلىدىكەنسىز، مەن سىزگە ھەيران بولۇۋاتىمەن، — دېدى ئالبېر، — ھە، قېنى، تاماكا چېكىڭلا.

لىۋسېيېن مانىلا تاماكىسىنى ئالدى ۋە ئالتۇن ھەل بېرىلگەن شامدانغا ئورنىتىلغان ھالرەڭ شامدىن تۇتاشتۇرۇۋالدى ـ دە، سافاغا يۆلىنىپ ئولتۇردى.

— سىز نېمىدېگەن بەختلىك، سىزنىڭ ھېچقانداق ئالدىراش ئىشلىرىڭىز يوق، — دېدى ئۇ، — راستىنى ئېيتقاندا، سىز ئۆز بەختىڭىزنى ئۆزىڭىز ھېس قىلالمايۋاتىسىز.

— ئەگەر سىزنىڭ ھېچقانداق ئالدىراش ئىشىڭىز بولمىغان بولسا نېمە قىلماقچىدىڭىز، پادىشاھلىقنى قوغدىغۇچى قەدىرلىك دوستۇم؟ — مورسېر يېنىككىنە كىنايە ئارىلاش ئېتىراز بىلدۈردى، — سىز بىر مىنىستىرنىڭ شەخسىي كاتىپى، بۈيۈك ياۋروپا سىياسىتىنىڭ تۈرلۈك ھىيلە ـ نەيرەڭلىرىدىن تارتىپ پارىژدىكى غەيۋەت ـ شىكايەتلەرگىچە ھەممە ئىشلارغا ئارىلىشىسىز. سىز پادىشاھلارنى قوغدايسىز، ئۇنىڭدىنمۇ يېقىملىقراق بولغىنى — خانىشلارنىمۇ قوغدايسىز. سىز پارتىيىلەرنى تەسىس قىلىسىز، سايلام ئىشلىرىنى باشقۇرىسىز، ئىشخانىڭىزدا قەلەم ۋە تېلېگرافنى قورال قىلىپ تۇرۇپ، ناپالېئون ئۆزىنىڭ شەمشەر ۋە غالىبىيەتلىرى بىلەن جەڭ مەيدانلىرىدا ھەل قىلالمىغان چوڭ ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلالايسىز. سىز، مائاشىڭىزنى ھېسابقا ئالمىغاندىمۇ يىلىغا 25 مىڭ لىۋر كىرىم قىلىدىغان ئادەم، سىزنىڭ بىر ئېتىڭىزغىلا شاتو ـ رېنو 400 لۇيدور پەرمەكچى بولدى، لېكىن سىز ئۇنىمىدىڭىز. بىر شىمنىمۇ بۇزۇپ قويماي تىكىدىغان بىر سەيپۇڭ مەخسۇس سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنى قىلىدۇ. ئوپېرا، ژوكەي كۇلۇبى ۋە ۋارىيېتا تىياتىرخانىسى — مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئىگە بولۇپ تۇرۇپ يەنە كۆڭلىڭىزنى ئاچالمامسىز؟ ماقۇل ئەمىسە، مەن سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى ئاچالايمەن.

— قانداق قىلىپ؟

— سىزنى بىر كىشى بىلەن تونۇشتۇرۇپ قويىمەن،

— ئەر كىشى بىلەنمۇ، ئايال بىلەنمۇ؟

— ئەر كىشى بىلەن.

— تونۇشتۇرۇپ قويمىسىڭىزمۇ مەن تونۇيدىغان ئەرلەر ناھايىتى كۆپ.

— لېكىن، بۇنداق كىشىنى سىز كۆرۈپ باقمىغان.

— ئۇ نەدىن كەلگەنىكەن؟ ئالەمنىڭ ئۇ چېتىدىنمۇ؟

— بەلكىم ئۇنىڭدىنمۇ يىراق يەردىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

— يائاللا! ماڭا بېرىدىغان تاماقىڭىزنىمۇ شۇ كىشى ئەكەلمەس؟

— ياق، خاتىرجەم بولۇڭ، تاماق مۇشۇ ئۆيدە ھە، قارىغاندا، قورسىقىڭىز راستىنلا ئاچقان ئوخشىمامدۇ؟

— ھەئە. ئالدىڭىزدا سەت بولسىمۇ، ئىقرار قىلىمەن، قورسۇقۇم ئاچ. مەن تۈنۈگۈن ۋىلفور ئەپەندىنىڭ ئۆيىدە تاماق يېگەنىدىم. سىز شۇنىڭغا دىققەت قىلدىڭىزمىكىن، بۇ سوتچىلارنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولسىڭىز يەيدىغانغا تۈزۈكرەك بىرەر نەرسە بېرىشمەيدۇ. ئۇلارنىڭ تۇرقىدىنمۇ گويا ۋىجدان ئازابىدىن قۇتۇلالماي تۇرغاندەكلا كۆرۈنىدۇ.

— خەقنىڭ تامىقىنى يەپ بولۇپ غەيۋىتىنى قىلىڭ. سىلەرنىڭ مىنىستىرلىرىڭلارنىڭ يەيدىغىنىمۇ ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئەمەستۇر؟

— شۇنداق. لېكىن، بىز ئېسىلزاتلارنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلمايمىز. بىزگە ھامان، دادىل پىكىر قىلىدىغان ۋە بىز تەرەپتە تۇرۇپ ئاۋاز بېرىدىغان ئاۋام كىشىلەرنى مېھمان قىلىپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، بىز ھەرگىز ئۆز ئۆيىمىزدە تاماق يېمىگەن بولاتتۇق.

— ئۇنداق بولسا، خېرىس شارابىدىن يەنە بىر قەدەھ ئىچىۋېتىپ، بىسكۋىتلارنى يەپ تۇرۇڭ.

— خوپ، سىزنىڭ بۇ ئىسپانىيە شارابىڭىز ناھايىتى ياخشى ئىكەن. كۆردىڭىزمۇ، بىزنىڭ بۇ دۆلەتتە تىنچلىق ئورناتقانلىقىمىز بەك ياخشى بولدى.

— شۇنداق، بىراق سىلەر دون كارلوسنى نېمە قىلماقچى بولۇۋاتىسىلەر؟

— ئۇنىڭغا نېمە بولماقچىدى! دون كارلوس ئۆزىنىڭ بوردو شارابىنى ئىچىپ يېتىۋېرىدۇ، يەنە ئون يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلىنى كىچىككىنە بىر مەلىكە بىلەن ئۆيلەپ قويىمىز.

— ئەگەر شۇ ۋاقىتقىچە خىزمىتىڭىزدىن ئايرىلىپ قالمىسىڭىز، بۇ ئىش ئۈچۈن يەنە بىر ئالتۇن دۇنو مېدالىغا① ئىگە بولىسىز.

— ئالبېر، ئەھۋالدىن قارىغاندا، سىز بۈگۈن مېنى قۇرۇق گەپ بىلەن مېھمان قىلماقچى بولۇۋاتقانغا ئوخشايسىز.

— ھەئە، قۇرۇق گەپلەر ئاشقازاننى ھەممىدىن ئوبدانراق ئالداپ تۇرالايدۇ ئەمەسمۇ. ھە، مانا، بوشاننىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىردەم مۇنازىرىلىشىڭ، قورسىقىڭىزنىڭ ئاچقانلىقىنى ئۇنتۇشقا پايدىسى بولىدۇ.

— نېمە توغرۇلۇق مۇنازىرىلىشەتتۇق؟

— گېزىتلەردە يېزىلىۋاتقان ئىشلار توغرۇلۇقچۇ.

— مېنى گېزىت ئوقۇيدۇ دەپ ئويلامسىز؟ — دەپ قويدى لېيۇسيېن مەنسىتمىگەن قىياپەتتە.

— ئۇنداق بولسا، مۇنازىرىلىشىشكە ئاساسلار تېخىمۇ كۆپ ئىكەن.

— بوشان ئەپەندى كەلدى، — دەپ خەۋەر يەتكۈزدى غوجىدار.

---

① ئەينى زاماندا فرانسىيە ۋە ئىتالىيىلەردىكى بىر خىل ئاقسۆڭەكلىك مېدالى.

— كىرىڭ، كىرىڭ، سەمەرىلىك قەلەم ئىگىسى! — دېدى ئالبېر ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ يېڭى مېھماننىڭ ئالدىغا باردى، — مانا قاراڭ، دېبرې گەرچە سىزنىڭ ماقالىلىرىڭىزنى ئوقۇپ باقمىغان بولسىمۇ، سىز بىلەن پىكىردە بىرلىككە كېلەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىۋاتىدۇ.

— ئۇنىڭ ئېيتقىنى تامامەن توغرا، — دەپ جاۋاب بەردى بوشان. — مەنمۇ ئۇنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەنلىكىنى بىلمىسەممۇ، ھەمىشە ئۇنى قارغاپ يۈرىمەن. ياخشىمۇسىز، كوماندور. ①

— ھە، بۇ گەپنى سىزمۇ ئاڭلاپسىز - دە؟ — دېدى مىنىستىرنىڭ شەخسىي كاتىپى كۈلۈپ تۇرۇپ ۋە مۇخبىرنىڭ قولىنى قىسىپ كۆرۈشتى.

— ئەلۋەتتە!

— جەمئىيەتتە بۇ ھەقتە قانداق پىكىرلەر بولۇۋاتىدۇ؟

— قايسى جەمئىيەتتە دەيسىز؟ ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغىنىغا 1838 يىل تولغان بۇ يىلقى يازدا نۇرغۇنلىغان جەمئىيەتلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ.

— سىز ئۆزىڭىز بىر شىر بولۇپ تۇرۇۋاتقان سىياسىي تەنقىد جەمئىيىتىدە.

— بۇ ئىش ناھايىتى دۇرۇس بولدى دېيىشىدۇ. سىزنى، قىزىل رەڭلىك ئۇرۇقنى كۆپ تېرىپ، شۇنىڭدىن بىرئاز كۆك رەڭلىك ھوسۇل ئالماقچى بولۇۋاتىدۇ دېگەن گەپلەرمۇ بولۇۋاتىدۇ.

— يامان ئەمەس پىكىر ئىكەن، — دېدى لېيۇسيېن، — سىز نېمە ئۈچۈن بىز تەرەپتە تۇرمايسىز، بوشان؟ بىز تەرەپكە ئۆتسىڭىز، مۇشۇ ئەقلىڭىز بىلەن ئۈچ - تۆت يىلدىلا مەرتىۋىڭىز ئۆسۈپ كېتەتتى.

— سىزنىڭ مەسلىھەتىڭىزگە قوشۇلۇش ئۈچۈن ھېچبولمىغاندا

---

① كوماندور — مېدال بىلەن مۇكاپاتلانغان كىشى.

يېرىم يىلغىچە بولسىمۇ ئاغدۇرۇلماي تۇرالىغۇدەك بىرەر مىنىستىرنىڭ چىقىپ قېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىمەن. ئەمدى سىزگە بىر گەپ، ئالبېر، بىچارە لىيۇسىيېننى گەپكە تۇتۇۋەرمەي، ئۇنىڭ بىرئاز ئارام ئېلىۋېلىشىغا يول قويايلى. بىز ھازىر ئەتىگەنلىك چايغا ئولتۇرامدۇق، تاماققىمۇ؟ مەن ھازىر يەنە پالاتاغا بېرىشىم كېرەك. كۆردۈڭلارمۇ، بىزنىڭ كەسپىمىزدە ھەمىشە كۆڭۈللۈك ئىشلار بولۇۋەرمەيدۇ.

— ئەتىگەنلىك چايغا ئولتۇرىمىز، لېكىن تېخى يەنە ئىككىلەن يېتىپ كەلمىدى، ئۇلار كېلىشى بىلەنلا چاينى باشلايمىز.

— يەنە كىملەر كەلمەكچىدى؟ — دەپ سورىدى بوشان.

— بىر ئاقسۆڭەك بىلەن بىر دىپلومات، — دەپ جاۋاب بەردى ئالبېر.

— ئۇنداق بولسا، ئاقسۆڭەكنى يەنە ئىككى سائەت، دىپلوماتنى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك كۈتۈشكە توغرا كېلىدۇ. مەن چايدىن كېيىنكى سوغۇق يېمەكلىكلەرگە ئۈلگۈرۈپ كېلەي. ماڭا بۆلدۈرگەن، قەھۋە ۋە تاماكا قالدۇرۇپ قويۇڭلار. تاماقنى پالاتادا يېۋالارمەن.

— بۇ گەپنى قويۇڭ، بوشان. ھەتتاكى بۇ ئاقسۆڭەكنىڭ ئىسمى مونمورانسى① دىپلوماتنىڭ ئىسمى مېتتېرنىخ② بولغان تەقدىردىمۇ، بىز داستىخاننى توپتوغرا سائەت ئون يېرىمدا ئاچىمىز. ئۇنىڭغىچە، سىزمۇ دېبرېيغا ئوخشاش خېرېس شارابى بىلەن بىسكۇيتتىن ئالغاچ ئولتۇرۇڭ.

— ماقۇل، مەن كەتمەي. ئۆزۈمنىڭمۇ بۈگۈن بىرئاز مېڭەمنى ئارام ئالدۇرۇۋېلىشىم زۆرۈر.

---

① مونمورانسى — ئوتتۇرا ئەسىرلەر دەۋرىدە فرانسىيەدە ئۆتكەن بىر مەشھۇر ئاقسۆڭەك.

② مېتتېرنىخ (1773 — 1859) — ئاۋستىرىيىلىك دىپلومات.

— مانا قاراڭ، دېمەك، سىزمۇ دېبرېگە ئوخشاش ئىكەنسىز! لېكىن مېنىڭچە بولغاندا. مىنىستىرلىقنى غەم باسقان چاغدا قارشى گۇرۇھتىكىلەرنىڭ روھىي كەيپىياتى كۆتۈرەڭگۈ بولۇشى كېرەك ئىدى.

— شۇنداق. لېكىن، سىلەر مېنىڭ بېشىمنى قاتۇرۇۋاتقان ئىشنى بىلمەيسىلەر! مەن بۈگۈن ۋەكىللەر پالاتاسىدا دانگلارنىڭ نۇتقىنى ئاڭلايمەن، كەچتە ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ يېنىغا بېرىپ، فرانسىيىنىڭ بىر پېرىنىڭ① تىراگېدىيىسىنى ئاڭلايمەن. قۇرۇپ كەتسۇن، بۇنداق ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈم! قانۇندا بىز ۋەكىللەرنى ئۆزىمىز سايلاپ چىقىمىز دېيىلگەنغۇ. شۇنداق تۇرۇپ، بۇ دانگلار قانداق قىلىپ سايلىنىپ قالدى؟

— چۈشەندىم، ئۇ يەرگە بارغۇچە بىرئاز روھىڭىزنى ئۆستۈرۈۋېلىشىڭىز كېرەك.

— دانگلارنىڭ نۇتۇقلىرىنى ئۇنداق كەمسىتمەڭ، — دېدى دېبرې، — ئۇ سىلەرنى سايلاشقا ئاۋاز بەردىغۇ، ئۇمۇ قارشى گۇرۇھتىنغۇ.

— ھەممە چاتاق ئەنە شۇنىڭدا. ئەگەر سىلەر ئۇنىڭ كەشىنى لىيۇكسېمبۇرگ سارىيىغا بېرىپ مەدداھلىق قىلىشقا توغرىلاپ قويغان بولساڭلار، مەن پۇغانىمدىن چىققۇچە كۈلۈۋالاتتىم-دە!

— ئىسپانىيە مەسىلىسىنىڭ ئوڭۇشلۇق بىر تەرەپ قىلىنغانلىقى سىزنىڭ جىنىڭىزغا تېگىۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، — دېدى ئالبېر بوشانغا. — سىز بەك زەھەرخەندىلىك بىلەن سۆزلەۋاتىسىز. ھازىر پارىژ جەمئىيىتىدە مېنىڭ ئېيژېنى دانگلار خېنىم بىلەن بولىدىغان تويۇم توغرىسىدىكى گەپلەرنىڭ تارقىلىپ

---

① پېر — ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئۇنۋانى.

يۈرۈۋاتقانلىقىنى يادىڭىزدىن چىقىرىپ قويماڭ. شۇڭا، ۋىجدانەن ئېيتقاندا، ئۇ كىشىنىڭ ئابرويىنى تۆكۈشىڭىزگە سۈكۈت قىلىپ تۇرالمايمەن. چۈنكى بۇ كىشى كۈنلەرنىڭ بىرىدە ماڭا: «ۋىكونت ئۆزىڭىزگە مەلۇم، مەن قىزىمغا 2 مىليون فرانك بېرىمەن» دېگەن گەپنى ئېيتىدۇ ئەمەسمۇ!

— بۇ تويىنى قىلماسلىق كېرەك، — بوشان ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى. — پادىشاھ ئۇنىڭغا بارونلىق ئۇنۋانىنى بەرسىمۇ، ئۇنى پېر قىلىپ قويسىمۇ، ئۇ بەرىبىر ئاقسۆڭەك بولالمايدۇ. گراف مورسېر ناھايىتى چوڭ ئاقسۆڭەك، ئۇ 2 مىليوننى دەپ ئۆزىگە مۇناسىپ بولمىغان ئائىلە بىلەن قۇدىلاشمايدۇ. ۋىكونت مورسېر پەقەت ماركىز قىزىغىلا ئۆيلىنىشى كېرەك.

— 2 مىليون! بۇ ئاز پۇل ئەمەس. — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى مورسېر.

— بۇنىڭ قىممىتى، ئاممىۋى باغچىلاردىكى بىرەر تىياتىرغا ياكى بوتانىكا باغچىسىدىن راپېنىچە بارىدىغان تۆمۈريول تارمىقىغا بېرىلىدىغان پايغا باراۋەر.

— ئۇنىڭ گېپىگە كىرمەڭ، مورسېر — دەپ خۇشياقمىغان ھالدا سۆزلىدى دېبرې، — تويىنى قىلىۋېرىڭ. سىز بىر تاغار پۇل بىلەن نىكاھلىنىسىز. ئۇنداق بولغاندىن كېيىن، ئۇ كىم بولسىمۇ مەيلى ئەمەسمۇ! بىر گېرب① كەم بولسا كېرەك يوق، پۇل سانىنىڭ ئاخىرىدا بىر نۆلنىڭ ئارتۇق بولغىنى ئەۋزەل. سىزنىڭ گېربىڭىزغا يەتتە قارلىغاچنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن. بۇلاردىن ئۈچىنى خوتۇنىڭىزغا بېرىۋەتسىڭىزمۇ، ئۆزىڭىزگە يەنە تۆتى قالىدۇ. شۇنداق بولغاندىمۇ، گېرتسوگ گىزنىڭكىدىن بىرى ئارتۇق بولىدۇ. شۇنداق تۇرۇپ، گېرتسوگ گىز فرانسىيىنىڭ

---

① گېرب — بۇ يەردە ئۇرۇغ ۋە ئەمەل بەلگىسى.

پادىشاھى بولۇشقا ئاز قالغان ئەمەسمىدى. ئۆزىنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى گېرمانىيىنىڭ ئىمپېراتورى بولغان.

— ھەئە، توغرا دەيسىز، — دەپ بوشىشىپ قالغان ھالدا جاۋاب قىلدى ئالبېر.

— شۇنداق بولمايچۇ! ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەرقانداق مىليونېر خۇددى نىكاھسىز تۇغۇلۇپ قالغان بالىغا ئوخشايدۇ، ئۇلارغا ئاتىدارچىلىق قىلىدىغانلار كۆپ چىقىدۇ.

— ھە، جىم بولۇڭ، دېبرې، — دېدى بوشان كۈلۈپ تۇرۇپ، — مانا، شاتو-رېنو كېلىۋاتىدۇ. ئۇ سىزنىڭ ناتوغرا پىكىرلەرگە مەستانە بولغان كېسەللىكىڭىزنى داۋالاش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ داڭلىق ئەجدادى رېنو مونتوباننىڭ شەمشىرىنى سىزگە سانجىيدۇ.

— ئەگەر ئۇ شۇنداق قىلسا، ئۆزىنىڭ ئىناۋىتىنى تۆكۈۋالىدۇ، — دېدى ليۇسيېن، — چۈنكى مېنىڭ ئائىلە كېلىپ چىقىشىم ئىنتايىن تۆۋەن.

— مانا قاراڭ! — دەپ خىتاب قىلدى بوشان، — مىنىستىرلار برانژېنىڭ① مۇقامىغا توۋلاشقا باشلىدى. ياللا! بىز نەگە كېتىۋاتىمىز - ھە!

— جانابىي شاتو-رېنو! جانابىي ماكسىمىلىئان موررېل! — دەپ خەۋەر قىلدى غوجىدار.

— دېمەك، كېلىدىغانلار كېلىپ بولدى، — دېدى بوشان، — ئەمدى غىزالىنىشقا ئولتۇرساق بولار؟ خاتالاشمىسام، سىز يەنە ئىككىيلەننى كۈتكەنىدىڭىزغۇ، ئالبېر؟

— موررېل! — ھەيران بولۇپ پىچىرلىدى ئالبېر، — بۇ موررېل دېگەن كىم؟

ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئايىغى چۈشمەيلا تۇرۇپلا، جانابىي شاتو-رېنو كىرىپ كېلىپ، ئۇنىڭ قولىنى قىسىپ تۇتتى. بۇ،

---

① برانژې (1780 — 1857) فرانسىيىلىك شائىر.

تۇرقىدىن ئاقسۆڭەكلىكى كۆرۈنۈپ تۇرغان، يەنى چىراي - شەكلى گىشاغا ئوخشايدىغان، ئەقىل - پاراسىتى مورتېمارنى ئەسلىتىدىغان، 30 ياشلار چامىسىدىكى چىرايلىق يىگىت ئىدى.

— ئىجازەت قىلغايسىز، ئالبېر، — دېدى ئۇ، — مەن سىزگە ئۆزۈمنىڭ دوستۇم ۋە نىجاتكارىم بولغان سپاگى① كاپىتانى ماكسىمىلىئان مورېلنى تونۇشتۇرۇپ قوياي. بۇنداق ئادەم بىلەن تونۇشۇۋېلىشقا باشقىلارنىڭ دەۋەت قىلىشى ئارتۇقچە ئىش. مېنىڭ قەھرىمانىمنى قارشى ئېلىڭ، ۋىكونت.

ئۇ، سەل چەتكىرەك ئۆتۈپ تۇردى ۋە ئېگىز بويلۇق، تەققى - تۇرقى كېلىشكەن، پېشانىسى كەڭ، كۆزلىرى زېرەكلىك بىلەن قاراپ تۇرغان، قاپقارا بۇرۇتلۇق يىگىتنى كۆرسەتتى. كىتابخانلىرىمىز ئۇنى مارسېلدا خېلىلا تەسىرلىك ئەھۋال ئاستىدا كۆرگەنىدى. ئۆزىگە يارىشىپ تۇرغان يېرىم فرانسۇزچە، يېرىم شەرقچە نۇسخىدا چىرايلىق تىكىلگەن ھەربىيچە كىيىمى، ئۇنىڭ «شەرەپلىك قوشۇن» مېدالى بىلەن زىننەتلىنىپ تۇرغان كەڭ كۆكرىكىنى ۋە قامەتلىك بويىنى ئالاھىدە نامايان قىلىپ تۇراتتى. ياش ئوفىتسېر لەتاپەتلىك ئەدەب بىلەن تەزىم قىلدى. ئۇنىڭ تەن قۇرۇلۇشى كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەر بىر ھەرىكىتى كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرەتتى.

— مورېل ئەپەندى، — دېدى ئالبېر خۇشپېئىللىك بىلەن، — بارون شاتو - رېنو مېنىڭ مەمنۇن بولىدىغانلىقىمنى بىلگەچكە سىزنى ماڭا تونۇشتۇردى. سىز ئۇنىڭ دوستى، ئەمدى بىزگىمۇ دوست بولۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

— ناھايىتى ياخشى گەپ قىلدىڭىز، — دېدى شاتو - رېنو، — ئەمدى، قەدىرلىك ئالبېر، ھاجىتىڭىز چۈشۈپ قالغاندا، ئۇنىڭ ماڭا قىلغان ياخشىلىقىنى سىزگىمۇ كۆرسىتىشىنى تىلەڭ.

— ئۇ نېمە قىلغانىدى؟ — سورىدى ئالبېر.

— بارون بەك ئاشۇرۇۋەتتى، — دېدى مورېل، — بۇ ئەسلا تىلغا ئالغۇدەك ئىش ئەمەس.

— تىلغا ئالغۇدەك ئىش ئەمەس؟ — دەپ خىتاب قىلدى شاتو - رېنو، — ئادەمنىڭ ھاياتىمۇ تىلغا ئالغۇدەك نەرسە ئەمەسمۇ؟ سىز بەكمۇ ئارتۇقچە پەيلاسوپلۇق قىلىۋاتىسىز، قەدىرلىك مورېل. سىزنىڭ ھاياتىڭىز ھەر كۈنى خەۋپ ئاستىدا تۇرغان بولغاچقا شۇنداق گەپلەرنى قىلالايسىز. لېكىن مەن بۇنداق ئەھۋالغا تاسادىپىي يولۇقۇپ قالغانلىقىم ئۈچۈن...

— بارون، بۇ گەپلەردىن. كاپىتان مورېل سىزنىڭ ھاياتىڭىزنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغانلىقىنى چۈشەندىم.

— شۇنداق، دەل شۇنداق بولغان، — دېدى شاتو - رېنو.

— بۇ ئىش قانداق بولغانىدى؟ — سورىدى بوشان.

— بوشان، دوستۇم، چۈشىنىۋاتامسىز، مەن ئاچلىقتىن ئۆلەي دەپ قالدىم! — دەپ زارلاندى دېبرې، — ئۇزۇن ھېكايىلەرنى باشلىۋەتمەڭلار.

— مەن سىزنىڭ داستىخانغا كېلىشىڭىزگە توسقۇنلۇق قىلدىممۇ؟ — دېدى بوشان، — شاتو - رېنو بىزگە غىزا ئۈستىدە ھەممىنى سۆزلەپ بېرىدۇ.

— جانابلار، — دېدى مورسېر، — سائەت تېخى ئەمدىلا ئوندىن چارەك ئۆتتى. بىز يەنە بىر، ئەڭ ئاخىرقى مېھماننى كۈتۈپ تۇرغانلىقىمىزنى ئۇنتۇپ قالماڭلار.

— ھە، راست، بىر دىپلومات كەلمەكچى، — دېدى دېبرې.

— ئۇ دىپلوماتمۇ ياكى باشقا بىر نېمىمۇ، بۇ ماڭا مەلۇم ئەمەس. مېنىڭ بىلىدىغىنىم، بىر قېتىم مەن ئۇنىڭغا بىر ئىشنى

---

① سپاگى — فرانسىيىنىڭ ئافرىقىدىكى مۇستەملىكىلىرىدە تۇرۇشلۇق ئاتلىق ئارمىيە قىسىملىرى شۇنداق دەپ ئاتىلاتتى.

ھاۋالە قىلغانىدىم، ئۇ بۇ ئىشنى شۇنداق ئەپچىللىك بىلەن ئادا قىلدىكى، مۇبادا مەن پادىشاھ بولغان بولسام، ئۆزۈمنىڭ ھەممە ئوردېنلىرىمنى ئۇنىڭغا بەرگەن بولاتتىم، قولۇمدىن كەلسە بىراقلا ھەم ئالتۇن رۇنونى، ھەم تۆگۈنچىنى① تەقدىم قىلغان بولاتتىم.

— ئۇنداق بولسا، بىز تېخى غىزالىنىشقا ئولتۇرمايدىكەنمىز، — دېدى دېبىرې، — شۇڭا، سىزمۇ بىزگە ئوخشاش ئۆزىڭىزگە خېرېس شارابىدىن بىر قەدەھ قۇيۇۋېلىپ، ھېكايىڭىزنى سوزلەپ بېرىڭ، بارون.

— سىلەر ھەممىڭلار بىلسەڭلار، مەن يېقىندا ئافرىقىغا بېرىپ كەلدىم.

— بۇ، سىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىڭىز سىزگە كۆرسەتكەن يول، شاتو - رېنو، — دەپ خۇش ئاۋاز بىلەن سۆز قاتتى مورسېر.

— شۇنداق. بىراق، سىز ئۇ يەرگە ئاتا - بوۋىلىرىڭىزغا ئوخشاش پەيغەمبەرنىڭ مازىرىنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن بارمىغانسىز؟

— ئېيتقىنىڭىز توغرا، بوشان، — دېدى ياش ئاقسۆڭەك، — مەن شۇنداقلا بىر ھەۋەس بىلەن تاپانچا ئېتىپ ئويناشقا بارغانىدىم. ئۆزۈڭلارغا مەلۇم، ماڭا بىر قېتىم دۇئېلغا چىقىشقا توغرا كەلگەندى. ئوتتۇرىدىكى كېلىشمەسلىكنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن تاللىۋالغان ئىككى نەپەر ۋەكىلىم مېنىڭ ئەڭ يېقىن دوستلىرىمدىن بىرى بولغان فرانس ئەپەندىنىڭ قولىنى يارىدار قىلىپ قويۇشۇمغا مەجبۇر قىلغانىدىن تارتىپ، مەن دۇئېلغا چىقىشنى زادى خالىمايدىغان بولۇپ قالدىم.

— ھە، راست، بىر چاغدا سىز ئۇنىڭ بىلەن دۇئېلغا چىقىپ ئېتىشقانىدىڭلار، — دېدى دېبىرې، — نېمە سەۋەبتىن ئېتىشقانىدىڭلار؟

---

① تۆگۈنچە — ئەنگلىيىنىڭ ئەڭ ئالىي دەرىجىلىك ئوردېنى.

— كاللامنى ئېلىۋەتسىڭىزمۇ نېمە سەۋەبتىن ئېتىشقانلىقىمىزنى ئېسىمگە ئالالمايمەن، — دەپ جاۋاب بەردى شاتو - رېنو، — ئېسىمدە قالغىنى شۇكى، مەن ئۆزۈمنىڭ بۇ جەھەتتىكى قابىلىيىتىمنى ئەمەلدە كۆرسىتىش ئۈچۈن، ماڭا يېڭىدىن سوۋغات قىلىنغان تاپانچىلىرىم بىلەن ئەرەبلەرنى ئېتىپ كۆرۈپ باقماقچى بولدۇم. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئورانغا① باردىم. كېيىن، ئوراندىن كونستانتىنغىچە باردىم. مېنىڭ ئۇ يەرگە بېرىشىم دەل مۇھاسىرىنى چېكىندۈرۈۋاتقان ۋاقىتقا توغرا كەپتۇ. مەنمۇ باشقىلارنىڭ قاتارىدا چېكىندىم. ئىككى كۈنگىچە كۈندۈزدىكى يامغۇرنىڭ، كېچىدىكى قارنىڭ ئازابىنى تارتتىم. ئۈچىنچى كۈنىگە كەلگەندە مېنىڭ ئېتىم سوغۇقتا چىدىيالماي ئۆلۈپ قالدى. بىچارە جانىۋار يوپۇقلارغا ۋە ئىللىق ئاتخانىغا ئۆگىنىپ قالغانىدى...

بۇ ئەسلىدە بىر ئەرەب ئېتى ئىدى، لېكىن ئۇ ئەرەبىستانغا كېلىپ توساتتىن ئون گرادۇسلۇق سوغۇققا دۇچ كەلگەنلىكتىن، ئۆزىنىڭ ۋەتىنىمۇ تونۇيالماي قالدى.

— ھە، شۇنىڭ ئۈچۈن سىز مېنىڭ ئەنگلىيە ئارغىمىقىمنى سېتىۋالماقچى بوپتىكەنسىز - دە، — دېدى دېبىرې، — سىز مېنىڭ ئېتىمنى ئۆزىڭىزنىڭ ئەرەبىڭىزگە قارىغاندا سوغۇققا چىدامىلىقراق دەپ ئويلاپسىز - دە.

— ئۇنداق ئەمەس، مەن بۇندىن كېيىن ھېچقاچان ئافرىقىغا بارماسلىققا قەسەم ئىچىۋەتتىم.

— شۇنچىلىك قورقۇپ كەتتىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى بوشان.

— ھەئە، ئىقرار بولىمەن، — دېدى شاتو - رېنو، — ئۆزىمۇ قورققۇدەك ئىش بولغانىدى! شۇنداق قىلىپ، مېنىڭ ئېتىم ئۆلۈپ قالدى. مەن پىيادە مېڭىپ كېتىۋاتاتتىم. ئالتە ئەرەب، ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ ماڭا ئېتىلدى. مەن ئۇلارنىڭ

---

① ئوران — ئالجىرىيىدىكى بىر يەر نامى.

ئىككىسىنى مىلتىق بىلەن، يەنە ئىككىسىنى تاپانچا بىلەن ئېتىپ يىقىتتىم، لېكىن يەنە ئىككىسى قالدى. مەن بولسام، قوراللىسىزلانغان ھالدا تۇراتتىم. ئەرەبلەردىن بىرى كېلىپ مېنىڭ چېچىمدىن تۇتۇۋالدى (ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ھازىر چېچىمنى مۇشۇنداق قىسقا قىلىپ قىرقتىپ يۈرىدىغان بولدۇم: كىم بىلسۇن، يەنە قانداق ئىشلار بولۇپ قالىدۇ)، يەنە بىر ئەرەب مېنىڭ بويىنۇمغا ئۆزىنىڭ ئەگرى قىلىچىنى تەڭلىدى. مەن سوغۇق پولاتنىڭ بويىنۇمغا ئۇرۇلۇشىنى كۈتۈپ تۇرغاندا، توساتتىن مانا بۇ جاناب ئەرەبلەرگە ئېتىلىپ كەلدى - دە، مېنىڭ چېچىمنى تۇتۇپ تۇرغاننى تاپانچا بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈردى ۋە بويىنۇمنى ئەگرى قىلىچ بىلەن كەسمەكچى بولۇپ تۇرغاننىڭ كاللىسىنى چېپىپ تاشلىدى. بۇ جاناب شۇ كۈنى قانداقلا بولمىسۇن، بىر ئادەمنىڭ ھاياتىنى قوغداپ قېلىشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى دەپ ھېسابلىغانىكەن. تەلىيىم ئوڭىدىن كېلىپ، شۇ كۈنى ئۇنىڭ قۇتقۇزۇشىغا مېنىڭ ھاياتىم توغرا كېلىپ قاپتۇ. قولۇمغا يېتەرلىك پۇل چۈشكەندە مەن كلاگمانغا ياكى ماروكېتتىغا تەلەي خاتىرە مۇنارىسى ياساپ بېرىشنى بۇيرۇيمەن.

— بۇ، بەشىنچى سېنتەبىر كۈنى ئىدى، — دېدى موررېل، كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، — بۇ، مېنىڭ دادام بىر كارامەت بىلەن قۇتۇلۇپ قالغان ۋەقەنىڭ خاتىرە كۈنى. مەن ھەر يىلى بەشىنچى سېنتەبىردە كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە بىر ياخشىلىق قىلىشقا تىرىشىمەن...

— ۋە ھەر قېتىمدا قەھرىمانانە ئىشلارنى قىلىسىز، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى شاتو - رېنو، — يىغىپ ئېيتقاندا، مېنىڭ تەلىيىم ئوڭىدىن كەلدى، لېكىن شۇنىڭ بىلەن ئىش پۈتمىدى. ئۇ مېنى قىلىچتىن قۇتقۇزۇپ قالغاندىن كېيىن، سوغۇقتىنمۇ قۇتۇلدۇردى ۋە ئەۋلىيا مارتىنغا ئوخشاش يېپىنچىسىنىڭ يېرىمىنى ئەمەس، بەلكى پۈتۈن بىر يېپىنچىنى

ماڭا بېرىۋەتتى. شۇندىن كېيىن، ئۇ مېنى ئاچلىقتىنمۇ قۇتقۇزدى ۋە ماڭا ... نېمە بەرگەنلىكىنى تېپىپ بېقىڭلار.

— فېنىكس ① گۆشىنىڭ قىيمىسىنى بەردىمۇ؟ — دەپ سورىدى بوشان.

— ياق، ئۇ ئۆزىنىڭ ئېتىنى سويدى ۋە بىز ئىككىمىز راسا ئىشتىھا بىلەن بىر پارچىدىن ئات گۆشى يېدۇق. بۇ ئاسان ئىش ئەمەس!

— ئات گۆشىنى يېيىشمۇ؟ — دەپ سورىدى ئالبېر كۈلۈپ كېتىپ.

— ياق، ئۆزىنىڭ ئېتىنى قۇربان قىلىش، — دېدى شاتو-رېنو. — دېبرېدىن سوراپ بېقىڭلار، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەنگلىيە ئارغىماقىنى بىر ناتونۇش كىشى ئۈچۈن قۇربان قىلالامدۇ؟

— ناتونۇش كىشى ئۈچۈن قۇربان قىلمايمەن، — دېدى دېبرې، — لېكىن دوستلار ئۈچۈن قۇربان قىلىشىم مۇمكىن.

— مەن سىزنىڭ ماڭا دوست بولىدىغانلىقىڭىزنى كۆزلىگەنىدىم، — دېدى موررېل، — ئۇنداق بولمىغاندىمۇ، بايا سۆزلەپ ئۆتكىنىمدەك، سىلەر مېنىڭ بۇ ئىشىمنى قەھرىمانلىق دېسەڭلارمۇ، قۇربانلىق قىلىش دېسەڭلارمۇ مەيلى، ئىش قىلىپ، مەن شۇ كۈنى، بىر چاغدا بىزنىڭ بېشىمىزغا قونغان كۈتۈلمىگەن بىر بەخت ئۈچۈن تەقدىرگە بىر چوڭ ياخشى ئىش بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشۇم كېرەك ئىدى.

— موررېل كۆزدە تۇتۇۋاتقان بۇ تارىخ ناھايىتىمۇ ھەيران قالارلىق بىر ئىش، — دېدى يەنە شاتو-رېنو، — كېيىنچە، سىلەر ئۇنىڭ بىلەن يېقىنراق تونۇشقاندا، ئۇ بۇ ئىشنى يەنە سۆزلەپ بېرىدۇ. ئەمدى، بۈگۈنكى كۈننى ئۆتمۈشنى ئەسلەش بىلەنلا ئۆتكۈزۈۋەتمەي، قورساقنىڭ غېمىنىمۇ قىلىپ قويايلى. ئالبېر، غىزانى سائەت نەچچىدە باشلايمىز؟

---

① فېنىكس — قەدىمكى مىسىر ئەپسانىلىرىدىكى بىر مۇقەددەس قۇش.

— ئون يېرىمدا.

— توپتوغرا ئون يېرىمدىمۇ؟ — دەپ سورىدى دېبرى، سائەتنى چىقىرىپ.

— ماڭا يەنە بەش مىنۇت ئۇزارتىپ بېرىڭلار، — دېدى مورسېر، — چۈنكى مەنمۇ بىر نىجاتكارنى كۈتۈۋاتىمەن ئەمەسمۇ.

— كىمنىڭ نىجاتكارىنى؟

— شەخسەن ئۆزۈمنىڭ نىجاتكارىمنى، — دەپ جاۋاب بەردى مورسېر، — ياكى سىزنىڭ قارىشىڭىزچە، كىشىلەر باشقىلارنى قۇتقۇزغاندەك، مېنىمۇ بىرەر پالاكەتتىن قۇتۇلدۇرسا بولمامدۇ؟ ياكى سىز ئەرەبلەردىن باشقا ھېچكىم كاللا كەسمەيدۇ دەپ ئويلامسىز؟ بىزنىڭ بۇ زىياپىتىمىز مېھىر-شەپقەت زىياپىتى بولىدۇ ھەمدە ئىنسانىيەتنىڭ ئىككى نەپەر شاپائەتچىسى بۈگۈن بىز بىلەن بىللە بولىدۇ.

— ئاپلا، بۇنى قانداق قىلارمىز؟ — دېدى دېبرى، — بىزدە مونتىئون مۇكاپىتىدىن پەقەت بىرىلا بار ئەمەسمۇ؟

— شۇمۇ باش قاتۇرىدىغان ئىشمۇ، ئۇ مۇكاپاتنى، مۇكاپات ئالغۇدەك ھېچقانداق ئىش قىلمىغان بىر كىشىگە بېرىۋېتىش كېرەك، — دېدى بوشان، — ئاكادېمىيىدە بۇنداق تالاش-تارتىشلار ئادەتتە مۇشۇنداق بىر تەرەپ قىلىنىدىغۇ.

— سىزنىڭ ئۇ نىجاتكارىڭىز قەيەردىن كېلىدۇ؟ — دەپ سورىدى دېبرى، — مېنىڭ بۇنى قايتىلاپ سوراۋاتقانلىقىمنى ئەپۇ قىلىڭ. بايا سىز بۇ ھەقتە بىر نېمە دېگەنىدىڭىز، بىراق ئانچە چۈشىنىشلىك بولماي قالدى. شۇڭا، يەنە بىر قېتىم سوراپ بېقىشقا پېتىندىم.

— راستىنى ئېيتقاندا، مەن ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، — دېدى ئالبېر، — بۇندىن ئۈچ ئاي ئىلگىرى مەن ئۇنى تەكلىپ قىلغان

ۋاقتىمدا، ئۇ رىمدا ئىدى. لېكىن، شۇندىن كېيىن ئۇنىڭ يەنە نەلەرگە كەتكەنلىكىنى كىم بىلسۇن؟

— شۇنىڭ بىلەن، سىز ئۇنى دېگەن ۋاقتىدا ئۈلگۈرۈپ كېلەلەيدۇ دەپ ئويلامسىز؟ — دەپ سورىدى دېبرى.

— ئۇ قىلىمەن دېگەن ئىشنى چوقۇم قىلالايدۇ دەپ ئويلايمەن.

— مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، ئۇزارتىپ بېرىلگەن بەش مىنۇتنى قوشقاندىمۇ، ئۇنى كۈتۈشكە ئون مىنۇت ۋاقتىمىزلا قالىدۇ.

— شۇنداق بولغاچقا، مەن بۇ ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ سىلەرگە ئۆزۈمنىڭ ئاش مېھمىنىم توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرەي.

— كەچۈرۈڭ، — دېدى بوشان، — سىزنىڭ سۆزلىمەكچى بولۇۋاتقانلىرىڭىزدىن بىرەر فېليەتون يېزىشقا بولامدۇ؟

— ئەلۋەتتە بولىدۇ، — دېدى ئالبېر، — يازىدىغان بولسىڭىز ئىنتايىن قىزىقارلىق بولۇپ چىقىدۇ.

— ئۇنداق بولسا سۆزلەڭ. مەن پالاتاغا بارالمىغاندىن كېيىن، بىر نەرسە يېزىشقا بولغۇدەك بىر گەپنى بولسىمۇ ئاڭلاپ كېتەي.

— مەن بۇ قېتىمقى كارناۋال مەزگىلىدە رىمدا تۇرۇۋاتقانىدىم.

— بىز بۇنى بىلىمىز، — دېدى بوشان.

— شۇنداق، لېكىن سىلەر مېنىڭ قاراقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقىمنى بىلمەيسىلەر.

— قاراقچى دېگەن يوق گەپ، — دېدى دېبرى.

— ياق، قاراقچىلار بار، مەۋجۇت. يەنە كېلىپ دەھشەتلىك، يەنى ئۇلار شۇنداق زوقلانغۇدەك ئادەملەر دېمەكچى بولىمەن. ئۇلار ماڭا ناھايىتى پەزىلەتلىك ئادەملەردەك كۆرۈندى.

— ماڭا قاراڭ، قەدىرلىك ئالبېر، — دېدى دېبرى، —

راستىڭىزنى ئېيتسىڭ، سىزنىڭ ئاشپەزىڭىز تاماقنى ئۆلگۈرتەلمىگەندەك قىلىدۇ. پىشۇرۇلىدىغان مۆلى قۇلۇللىرى مارىنىدىن ياكى ئۇستىپىندىدىن تېخى ئېلىپ كېلىنمىگەن بولسا كېرەك. شۇڭا، سىز مېنىڭ خانىمغا ئوخشاش، تاماق ۋاقتىنى ھېكايە سۆزلەش بىلەن ئۆتكۈزمەكچى بولۇۋاتسىڭىز كېرەك. يوشۇرماي ئېيتىۋېرىڭ، بىز ئەدەب - قائىدىنى بىلىدىغان ئادەملەر، سىزنى ئەيىپ قىلمىز، سىزنىڭ بۇ ھېكايىڭىز ھەرقانچە فانتازىيىلىك بولسىمۇ، ئاخىرىغىچە ئاڭلايمىز.

— مېنىڭ سۆزلەۋاتقانلىرىم گەرچە فانتازىيىگە ئوخشاپ كەتسىمۇ، باشتىن - ئاياغ راست گەپ. شۇنىڭ بىلەن قاراقچىلار مېنى تۇتقۇن قىلىپ، سان - سېباستيانو لەخمىسى دېگەن تولىمۇ قاملاشمىغان بىر يەرگە ئېلىپ باردى.

— مەن ئۇ جاينى كۆرگەن، — دېدى شاتو - رېنو، — بىر قېتىم مەن شۇ لەخمىگە چۈشۈپ بەزگەك بولۇپ قېلىشقا تاس قالغانىدىم.

— ئۇنى دېسىڭىز، مەن شۇ چاغدا راستىنلا بەزگەك بولۇپ قالدىم، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئالبېر، — ئۇلار ماڭا، مېنىڭ تۇتقۇن قىلىنغانلىقىمنى ۋە مېنىڭ بەدىلىمگە 4000 رىم پىئاسترى، يەنى 26 مىڭ لىۋرى تەلەپ قىلىنىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇشتى، بىراق، مېنىڭ يېنىمدا بار بولغىنى ئاران 1500 ئىدى. مېنىڭ ساياھىتىم ئاياغلىشىپ قالغان، شۇڭا پۇللىرىمۇ تۈگەپ قالغانىدى. مەن فرانسقا خەت يازدىم... ھە، راست، شۇ چاغدا فرانسمۇ بار ئەمەسىدى، مەن بىر ئېغىز گەپنى بولسىمۇ يالغان ئېيتتىممۇ، ئۇنىڭدىن سوراپ باقساڭلار بولىدىغۇ. مەن ئۇنىڭغا، ئەگەر ئۇ 4000 پىئاسترنى ئەتىگەن سائەت ئالتىگە ئۆلگۈرتۈپ ئەكېلىپ بەرمىسە، يەتتىگە ئون مىنۇت قالغاندا مەن ئاخىرەتلىكنى تاپقان ئەۋلىيالار ۋە شېھىت بولغان

ئۇلۇغلار قاتارىغا قوشۇلىدىغانلىقىمنى ئۇقتۇرۇپ خەت يازدىم، گېپىمگە ئىشىنىڭلار، لۇيىدژى ۋامپا (قاراقچىلار ئاتامانىنىڭ ئىسمى شۇنداق ئىدى) جەزمەن ئۆزىنىڭ ئېيتقىنىدەك قىلغان بولاتتى.

— شۇنىڭ بىلەن، فرانس 4000 پىئاستېرنى ئاپىرىپ بەرگەندۇر؟ — دېدى شاتو - رېنو، — بۇ قانچىلىك ئىش بولسۇن! فرانس ئەپىنە ياكى ئالبېر مورسېر دەپ ئاتالغان كىشىلەرگە 4000 پىئاسترنى تۆلەپ بېرىش ھېچقانچە گەپ ئەمەس.

— ياق، ئۇ پەقەت، مەن ھېلى گېپىنى قىلغان ۋە سىلەرگە تونۇشتۇرماقچى بولغان ھېلىقى مېھماننى باشلاپ كەلدى.

— ئۇنداقتا، بۇ جاناب كاكانى ئۆلتۈرگەن گېركۇلېيوس ياكى ئاندرومېدانى قۇتۇلدۇرغان پېرسېي بولمىسۇن يەنە؟

— ياق، ئۇنىڭ بوي تۇرقى مېنىڭدەكلا.

— چىش - تىرنىقىغىچە قوراللانغان كىشىمۇ؟

— ئۇنىڭ قولىدا ھەتتا پايپاق توقۇيدىغان بىگىزمۇ يوق ئىدى.

— ئەمىسە ئۇ، تەلەپ قىلىنغان پۇلنى تۆلىدىمۇ؟

— ئۇ، ئاتامانىنىڭ قۇلىقىغا ئىككى ئېغىز گەپ قىلغانىدى، مېنى دەرھال قويۇپ بېرىشتى.

— سىزنى تۇتۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراشتى دەپ قويۇڭ تېخى، — دەپ قوشۇپ قويدى بوشان.

— ئەلۋەتتە شۇنداق قىلدى، — دەپ ئالبېر ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلىدى.

— ئەمىسە ئۇ ئارىئوستو بولۇپ يۈرمىسۇن يەنە؟

— ياق، ئۇ ئاددىيلا بىر گراف مونتې - كرىستو.

— بۇنداق ئىسىم يوق، — دېدى دېبرې.

— مېنىڭ ئويلىشىمچە ئۇنداق ئىسىم يوق، — دەپ ئۇنىڭغا قوشۇلدى شاتو - رېنو، گويا كى پۈتۈن ياۋروپانىڭ شەجەرە خاتىرىلىرىنى يادقا بىلىدىغاندەك ئىشەنچلىك ھالدا، — گراف مونتې - كرىستو دېگەن ئىسىمنى كىم ئاڭلاپ باققان؟

— ئېھتىمال ئۇ مۇقەددەس يەردىن كەلگەن بولسا كېرەك، — دېدى بوشان، — خۇددى مورتېمارلارنىڭ ھالاكەت دېڭىزىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغىنىدەك، ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىدىن بىرىمۇ بەلكىم گولگوفقا ئىگىدارچىلىق قىلغان بولسا كېرەك.

— كەچۈرۈڭلار، جانابلار، — دېدى ماكسىمىلىئان، — مەن بۇ مەسىلىنى يېشىپ بېرەلىشىم مۇمكىن. مونتې - كرىستو دېگەن بىر كىچىك ئارال. مېنىڭ دادامنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن دېڭىزچىلار پات - پاتلا بۇ ئارالنىڭ گېپىنى قىلىشاتتى. ئۇ، ئوتتۇرا دېڭىزدىكى بىرتال قۇم، ئالەم بوشلۇقىدىكى بىر ئاتوم.

— تامامەن توغرا ئېيتتىڭىز، — دېدى ئالبېر، — مەن سىلەرگە گېپىنى قىلىپ بېرىۋاتقان ئادەم ئەنە شۇ بىرتال قۇمنىڭ، ئەنە شۇ بىر ئاتومنىڭ خوجايىنى ۋە ھۆكۈمرانى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇ توسكانىنىڭ بىر يېرىدە گرافلىق ئۇنۋانىنى سېتىۋالغان بولسا كېرەك.

— سىزنىڭ بۇ گرافىڭىز شۇنچە بايمۇ؟

— بايمىكىن دەپ ئويلايمەن.

— بۇنى بىر كۆرۈشتىلا بىلگىلى بولىدىغۇ.

— خاتالىشىۋاتىسىز، دېبرې.

— گېپىڭىزنى چۈشىنەلمىدىم.

— سىز «مىڭ بىر كېچە» نى ئوقۇغانمۇ؟

— شۇمۇ سوراپ ئولتۇرىدىغان گەپمۇ!

— ئەمىسە، ئۇنىڭدىكى سىز كۆرگەنلەرنىڭ ئىچىدە قايسى

باي، قايسى گادايلىقىنى بىلىشكە بولامدۇ؟ ئۇلارنىڭ ئىشلىتىۋاتقانلىرى بۇغداي ئۈنچىسىمۇ ياكى ياقۇت، گۆھەرلەرمۇ، كىم بىلەلەيدۇ؟ بىر قارىسىڭىز ئۇلار بىر يوقسۇل بېلىقچىلاردەك كۆرۈنىدۇ، ئەمما توساتتىن ئۇلار سىزنى قانداقتۇر بىر سىرلىق غارنىڭ ئىچىگە باشلاپ كىرىدۇ ۋە سىزنىڭ كۆز ئالدىڭىزدا پۈتۈن ھىندىستاننى سېتىۋالغۇدەك بايلىق كانى ئېچىلىدۇ.

— ھە، شۇنىڭ بىلەن، سىز نېمە دېمەكچى؟

— شۇنى دېمەكچىمەنكى، مەن ئېيتقان گراف مونتې - كرىستومۇ ئەنە شۇنداق بېلىقچىلارنىڭ بىرى. ئۇ ھەتتا «مىڭ بىر كېچە» دىكى بىر ئىسىمنى ئۆزىگە قويىۋالغان. ئۇ ئۆزىنى سىندباد - ساياھەتچى دەپ ئاتايدۇ. ئۇنىڭ ئالتۇنغا تولۇپ كەتكەن بىر غارىمۇ بار.

— سىز ئۆزىڭىز شۇ غارنى كۆرۈپ باقتىڭىزمۇ، مورسېر؟ — دەپ سورىدى بوشان.

— مەن كۆرمىدىم، فرانس كۆرۈپتىكەن. لېكىن، ئېسىڭلاردا بولسۇن، ئۇنىڭ ئالدىدا بۇ توغرۇلۇق بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىپ قويماڭلار! فرانسنى ئۇ يەرگە كۆزلىرىنى تېڭىپ ئەكىرىشىپتۇ. ئۇ يەردە ئۇنى تىلسىز قۇللار ۋە ساھىبجامال ئاياللار مېھمان قىلىشىپتۇ. بۇ ئاياللارنىڭ ئالدىدا ھەتتا كلېئوپاترامۇ① گويا بىر دېدەك قىزغا ئوخشاپ قالارمىش. توغرا ئۇ ئاياللارنى كۆرگەنلىكىگە دېگەندەك ئىشەنچ قىلالمايدۇ، چۈنكى ئۇلارنى پەقەت مەجۇننى ئىستېمال قىلغاندىن كېيىنلا كۆرگەنكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ قانداقتۇر بىر ھەيكەللەرنى ئاياللارغا ئوخشىتىپ قالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

يىگىتلەر مورسېرنىڭ ئاغزىغا قارىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ كۆز قاراشلىرىدىن: «بۇ جۆيلۈۋاتامدۇ

---

① كلېئوپاترا (مىلادىدىن بۇرۇنقى 30،69 - يىللار) مىسىرنىڭ ئايال پادىشاھى.

ياگى بىزنى ئەخمەق قىلىۋاتامدۇ» دەپ ئويلاۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— دەرۋەقە، — دېدى موررېل خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ، — مەن بىر چاغدا پېنېلون ئىسىملىك بىر قېرى دېڭىزچىنىڭمۇ خۇددى مورسېر ئەپەندىنىڭ ئېيتقىنىدەك بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بەرگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم.

— موررېل ئەپەندىنىڭ مېنىڭ سۆزۈمنى قۇۋۋەتلىگەنلىكىگە ناھايىتى خۇرسەنمەن، — دېدى ئالبېر، — ئۇنىڭ بۇ گېپى سىلەرنىڭ قۇلىقىڭلارغا ياقمايدىغاندۇر، چۈنكى ئۇ مېنىڭ سۆزلىگەنلىرىمنىڭ يىپ ئۇچىنى چىقىرىپ بەردى.

— ئەپۇ قىلىڭ، قەدىرلىك دوستۇم، — دېدى دېبرې، — سىز شۇنداق بىر ئەقىلغە سىغمايدىغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەردىڭىزكى...

— بۇنداق گەپلەر سىزنىڭ ئەقلىڭىزگە سىغمايدۇ، چۈنكى سىلەرنىڭ ئەلچىلىرىڭلار ۋە كونسۇللىرىڭلار سىلەرگە بۇنداق ئىشلاردىن مەلۇمات يېزىپ تۇرمايدۇ، بۇنداق گەپلەرنى يېزىشقا ئۇلارنىڭ چولىسى تەگمەيدۇ، چۈنكى ئۇلار ساياھەت قىلىۋاتقان ۋەتەنداشلىرىنى بوزەك قىلىش بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدۇ.

— مانا، سىزنىڭمۇ ئاچچىقىڭىز كېلىپ قالسا، بىزنىڭ بىچارە ۋەكىللىرىمىزنى تىللايدىكەنسىز. سىلەرنىڭ مەنپەئەتىڭلارنى قوغداشقا ئۇلاردا نېمە ئامال بولسۇن؟ پالاتا ئۇلارنىڭ تەمىناتىنى ھەر جەھەتتىن قىسىۋاتىدۇ. شۇڭا، ھازىر بۇ خىزمەتنى ئىشلەشنى خالايدىغان ئادەم تېپىلمايدىغان بولۇپ قالدى. سىز ئەلچى بولۇشنى خالامسىز، ئالبېر؟ مەن سىزنى كونستانتىنوپولغا① ئەلچى قىلىپ تەيىنلەيمەن.

— يوقسۇ! مەن ئۇ يەرگە بېرىپ مۇھەممەت ئەلىگە② بىرئازلا يان باسىدىغان بولسام، سۇلتان ماڭا بىر سىرتماقنى ئەۋەتىپ بېرىدۇ ۋە ئۆزۈمنىڭ كاتىپلىرىم مېنى شۇ سىرتماق بىلەن بوغۇپ ئۆلتۈرۈشىدۇ.

— مانا شۇ گەپ ئەمەسمۇ، — دېدى دېبرې.

— شۇنداق. لېكىن قانداقلا بولمىسۇن، مەن ئېيتقان گراف مونتې - كرىستو مەۋجۇت...

— جاھاندىكى ھەممە ئادەملەر مەۋجۇت. شۇمۇ ھەيران قالغۇدەك گەپمۇ!

— ھەممە ئادەملەر مەۋجۇت، ئەلۋەتتە. لېكىن قارا قۇللار، بەگلەرگە خاس رەسىم كۆرگەزمىلىرى، زىننەتلىك قورال - ياراقلار، ھەر بىرى 6000 فرانكقا توختايدىغان ئاتلار ۋە گرېتسىيىلىك جانان قىزلار ھەممە ئادەملەردىلا بولىۋەرمەيدۇ.

— سىز ئۆزىڭىز ئاشۇ گرېتسىيىلىك قىزنى كۆرگەنمىدىڭىز؟

— ھەئە، ئۆزىنىمۇ كۆرگەن، ئاۋازىنىمۇ ئاڭلىغان. مەن ئۇنى ۋاللې تېئاترخانىسىدا كۆرگەن، يەنە بىر قېتىمدا مەن گرافنىڭ ئەتىگەنلىك چېيىغا داخىل بولغان ۋاقتىمدا ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان.

— دېمەك، سىزنىڭ ئۇ ئاجايىپ ئادىمىڭىز تاماق يەيدىكەن - دە؟

— راستىنى ئېيتقاندا، بەك ئاز يەيدىكەن، ھەتتا تاماق يەيدۇ دېگۈچىلىكمۇ يوق.

— كۆرۈپ تۇرۇڭ، ئۇ بىر ۋامپىر بولۇپ چىقىدۇ.

— قانچىلىك كۈلىۋېرىڭلار. گ. خانىممۇ ئۇنى شۇنداق دېگەنىدى، ئۆزۈڭلەر بىلىسىلەر، گ. خانىمنىڭ بۇرۇن لورد رۇتۋېن بىلەن تونۇشلۇقى بولغان.

— سىزنى تەبرىكلەيمەن، ئالبېر، مۇخبىرلىق ئىشى بىلەن

---

① كونستانتىنوپول — ستامبول شەھىرىنىڭ بۇرۇنقى نامى.

② مۇھەممەت ئەلى — ئەينى دەۋردىكى مىسىرنىڭ ھۆكۈمدارى. ئۇ تۈركىيە سۇلتانى بىلەن دۈشمەنلىشەتتى.

شۇغۇللانمايدىغان بىر ئادەمنىڭ ئاغزىدىن مۇشۇنداق گەپلەرنىڭ چىقىشى ئاسان ئەمەس، — دەپ خىتاب قىلدى بوشان، — بۇ، «ئاساسىي قانۇن» گېزىتىدىكى دېڭىزدىن چىققان قالتىس يامان يىلان توغرىسىدىكى خەۋەرگە ئوخشايدىغان گەپ ئىكەن. ۋامپىر، بۇ نېمىدېگەن قاملاشقان ئوخشىتىش!

— كۆزلىرى قىزىل، كۆز قارىچۇقى ئەھۋالغا قاراپ، بىردەم چوڭىيىپ، بىردەم كىچىكلەپ تۇرىدۇ، — دېدى دېبرې، — بۇرنى ئەگمەچ، پېشانىسى كەڭ، يۈزىدە قاندىن ئەسەر يوق، ساقلى قارا، ئۆتكۈر چىشلىرى پارقىراپ تۇرىدۇ، ئۆزىنى تۇتۇشى كەسكىن.

— ئۇ ھەقىقەتەن شۇنداق، لېۋىسېن، — دېدى مورسېر، — ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى سىزنىڭ ئېيتقانلىرىڭىزغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىنى تۇتۇشىمۇ شۇنداق، كەسكىن ۋە غەزەپلىك. مەن ئۇ كىشى بىلەن بىرگە بولغان چاغلىرىمدا ھە دېسىلا تېنىم شۈركۈنۈپ كېتەتتى. مەن بىر قېتىم ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆلۈم جازاسىنىڭ ئىجراسىنى كۆرگەنىدىم. شۇ چاغدا جاللاتنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرى ۋە ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ۋارقىراشلىرىدىن ئەمەس، بەلكى گرافنىڭ كۆرۈنۈشىدىن، ئۇنىڭ ھەر خىل ئادەم ئۆلتۈرۈش ئۇسۇللىرى ھەققىدىكى ھېكايىلىرىدىن جېنىم چىقىپ كەتكىلى تاس قالدى.

— ئۇ سىزنىڭ قېنىڭىزنى شوراش ئۈچۈن سىزنى كولىزېينىڭ خارابىلىرىغا باشلاپ بارمىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى بوشان.

— ئاندىن، قايتىشتا، ئوتقاشتەك نۇرلىنىپ تۇرىدىغان بىر تېرە قەغەزگە قولىڭىزنى قويدۇرۇپ، خۇددى ئېيسا ئەلەيھىسسالامدەك ئۇنىڭغا جېنىڭىزنى بېرىدىغانلىقىڭىز توغرىسىدا ئىلتىخەت بېرىشكە مەجبۇر قىلمىدىمۇ؟

— كۈلۈڭلار، قانچىلىك كۈلسەڭلەرمۇ كۈلۈۋېرىڭلار، —

دېدى مورسېر بىسەرئاز رەنجىگەن ھالدا، — سىلەر ھەممىڭلار ھەمىشە گانت باغچىسىدا تاماشا قىلىپ، بۇلون ئورمانلىقىدا سەيلە قىلىدىغان ئېسىل پارىژلىقلار ئەمەسمۇ. مەن سىلەرگە قاراپ ھېلىقى ئادەمنى ئەسكە ئالسام، سىلەر بىلەن بىزنىڭ تۈپتىن ئوخشىمايدىغان كىشىلەر ئىكەنلىكىمىزنى ھېس قىلىمەن.

— شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن پەخىرلىنىمەن! — دېدى بوشان.

— ھەر ھالدا، — دەپ سۆز قاتتى شاتو-رېنو، — سىزنىڭ گراف مونتې-كرىستوڭىز ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىشقا يارايدىغان ئادەمدەك كۆرۈنىدۇ. بىراق، ئۇنىڭ ئىتالىيان قاراقچىلىرى بىلەن ئالاقىلىشىدىغان ئىش-كۈشلىرى بار ئىكەن.

— ھېچقانداق ئىتالىيان قاراقچىلىرى مەۋجۇت ئەمەس! — دېدى دېبرې.

— ۋامپىرلارمۇ مەۋجۇت ئەمەس! — دەپ ئۇنى قۇۋۋەتلىدى بوشان.

— گراف مونتې-كرىستومۇ مەۋجۇت ئەمەس، — دېدى يەنە دېبرې، — ئاڭلاۋاتامسىز، ئالبېر، سائەت ئون يېرىمغا جاڭ ئۇرۇۋاتىدۇ.

— ئىقرار قىلىڭ، سىزنى چۈشىڭىزدە قارا بېسىپ قاپتۇ، — دېدى بوشان، — ئەمدى غىزاغا ئېغىز تېگەيلى، بۇيرۇڭلار.

لېكىن، تام سائىتىنىڭ جاراڭلىغان ساداسى تېخى بېسىقماي تۇرۇپلا ئىشىك كەڭ ئېچىلدى ۋە ژېرمېن كىرىپ:

— گراف مونتې-كرىستو جانابلىرى كەلدى! — دەپ خەۋەر يەتكۈزدى.

ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئىختىيارسىز ھالدا چۆچۈپ كەتتى. بۇنىڭدىن ئالبېرنىڭ ئېيتقانلىرى ئۇلارنىڭ دىلىغا قانچىلىك تەسىر قىلغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولاتتى. ئالبېر ئۆزىمۇ تۇساتتىن قوز-

غالغان ھاياجانلىنىشىنى بېسىۋالالماي قالدى. بۇ يەردىكى ھېچكىم پەيتۇننىڭ تاراقلىشىنىمۇ، دالاندىكى قەدەم شەپىسىنىمۇ ئاڭلىمىغانىدى؛ ھەتتا ئىشىكمۇ ئۈن - تىنسىز ئېچىلدى.

بوسۇغىدا گراف پەيدا بولدى. ئۇ ناھايىتى ئاددىيلا كىيىنگەنىدى، لېكىن ئەڭ تەلەپچان ئاقسۆڭەك بايۋەچچىمۇ ئۇنىڭ كىيىمىدىن ھېچقانداق نۇقسان تاپالماس ئىدى. ئۇنىڭ چاپان، كۆڭلەك، شىلەپىلىرى، ئومۇمەن ھەممە نەرسىسى ئەڭ ئۇستا ھۈنەرۋەنلەرنىڭ قولىدىن چىققان بولۇپ، ئەڭ نازۇك تەلەپلەرگە ئۇيغۇن ئىدى. كۆرۈنۈشىدىن ئۇنى 35 ياشتىن چوڭ دېيىشكە بولمايتتى. ھەممەيلەننى ھەيرەتتە قالدۇرغىنى شۇ بولدىكى، ئۇنىڭ چىراي - شەكلى بەئەينى دېبرېينىڭ ئېيتقانلىرىغا ئوخشاش ئىدى.

گراف كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ ئۇدۇل ئالبېرنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئالبېرمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئالغا چامدىدى ۋە ئۇنىڭ قولىنى قىزغىنلىق بىلەن قىستى.

— ۋاقىتقا رىئايە قىلىش پادىشاھلارنىڭ پەزىلىتى. ئېسىمدە قېلىشىچە، سىلەرنىڭ پادىشاھلىرىڭلاردىن بىرى شۇنداق دېگەنغۇ دەيمەن، — دېدى مونتې - كرىستو، — لېكىن، ساياھەتچىلەر ھەرقانچە تىرىشسىمۇ بۇ قائىدىگە ھەمىشە ئەينەن ئەمەل قىلالمايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، قەدىرلىك ۋىكونت، مېنىڭ بەلگىلىگەن ۋاقىتتا دەل ئۈلگۈرۈپ كېلىشكە چىن قەلبىمدىن تىرىشقانلىقىمنى نەزەرگە ئېلىپ، قانداقلا بولمىسۇن ئىككى - ئۈچ سېكۇنتقا كېچىكىپ قالغانلىقىمنى كەچۈرۈۋەتكەيسىز. 500 لىيې مۇساپىنى دەخلىسىز بېسىپ ئۆتۈشكە ھەمىشە مۇمكىنچىلىك بولىۋەرمەيدۇ. يەنە كېلىپ، ئاڭلىشىمچە، فرانسىيىدە ھارۋىكەشلەرنى ئۇرۇش مەنئى قىلىنغانىكەن.

— گراف، — دېدى ئالبېر ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ، — مەن تېخى ھېلىلا ئۆزۈمنىڭ دوستلىرىمغا سىزنىڭ كېلىدىغانلىقىڭىزنى سۆزلەپ بېرىپ ئولتۇرغانىدىم. مەن بۇ دوستلىرىمنى سىزنىڭ مېنى يوقلاپ كېلىشىڭىز، بەرگەن مۇبارەك ۋەدىڭىزگە مۇۋاپىق بۇ يەرگە تەكلىپ قىلغانىدىم. ئىجازەت قىلسىڭىز سىزگە ئۇلارنى تونۇشتۇرۇپ قوياي. گراف شاتو - رېنو، ئۇنىڭ ئاقسۆڭەكلىكى 12 پىرىغا باغلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ئۆز زامانىسىدا يۇمىلاق جوزىدا ئولتۇرغان؛① جانابى لىيۇسىيېن دېبرې، ئىچكى ئىشلار مىنىستىرىنىڭ شەخسىي كاتىپى؛ جانابى بوشان، خەتەرلىك مۇخبىر، فرانسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بېشىغا چۈشكەن بالايىئاپەت، ئۇ بىزنىڭ ۋەتىنىمىزدە ئىنتايىن مەشھۇر شەخس، لېكىن سىز بەلكىم ئۇنىڭ داڭقىنى ئاڭلىمىغانسىز، چۈنكى ئىتالىيىدە ئۇنىڭ گېزىتلىرىنى ئوقۇش چەكلەنگەن. ئاخىرىدا، جانابى ماكسىمىلىيان موررېل، سپاگى ئارمىيىسىنىڭ كاپىتانى.

ھەممەيلەن بىلەن ئىنتايىن قائىدە - يوسۇنلۇق ھالدا، لېكىن جىلىڭ ئىنگلىزچە بىپەرۋالىق بىلەن سوغۇققىنا تەزىم قىلىشىپ تۇرغان گراف، بۇ ئىسىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىختىيارسىز ھالدا ئالدىغا بىر چامدىدى ۋە ئۇنىڭ تاتىراڭغۇ مەڭزىلىرىگە يېنىككىنە يۈگۈرگەن قىزىللىق غىل - پال كۆرۈنۈپلا ئۆتۈپ كەتتى.

— سىز غالىب فرانسۇزلارنىڭ ھەربىي كىيىمىنى كىيىدىكەنسىز، — دېدى ئۇ موررېلغا قاراپ، — بۇ، ناھايىتى چىرايلىق كىيىم.

قانداق ھېس - تۇيغۇلار گرافنىڭ ئاۋازىغا شۇنچە جاراڭلىق سادانى قوشقانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۆز، خاتىرجەم ۋە تىنىق كۆزلىرى نېمە ئۈچۈن تۇيۇقسىزدىن ئالاھىدە بىر تۈرلۈك چاقناپ كەتكەنلىكىنى چۈشىنىش قىيىن ئىدى.

---

① ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا قاتناشقان دېمەكچى.

— سىز بىزنىڭ ئافرىقىلىقلىرىمىزنى ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغانغۇ دەيمەن؟ — دەپ سورىدى ئالبېر.

— كۆرۈپ باقمىغان، — دېدى گراف ۋە قايتىدىن ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

— بۇ ھەربىيچە كىيىمنىڭ ئاستىدا ئارمىيىمىزنىڭ ئەڭ ئالىيجاناب ۋە ئەڭ باتۇر يۈرەكلىرىدىن بىرى سوقۇپ تۇرىدۇ.

— كاشكى، ۋىكونت، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى موررېل.

— مەن گېپىمنى قىلىپ بولاي، كاپىتان، — ئالبېر سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — جانابىي موررېلنىڭ مۇنداق قەھرىمانلىق ئىشلىرىنى بىزمۇ تېخى ھازىرلا ئۇقتۇق. شۇڭا، مەن گەرچە ئۇنى ئۆمرۈمدە بۈگۈن بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتقان بولساممۇ، گراف سىزگە ئۇنى ئۆز دوستۇمدەك تونۇشتۇرۇشنى خالايمەن.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندا، مونتې - كرىستونىڭ ئاجايىپ بىر خىل قېتىپ قالغان قاراشلىرى، مەڭزىلىرىنىڭ بىلىنەر - بىلىنمەس قىزىرىپ قېلىشى ۋە قاشلىرىنىڭ يېنىككىنە مىدىرلاپ قېلىشى ئۇنىڭ يەنە ھاياجانغا كەلگەنلىكىنى ئاشكارىلاپ قويدى.

— مۇنداق دەڭ! — دېدى مونتې - كرىستو، — دېمەك، كاپىتان ئالىيجاناب كىشى ئىكەن - دە، شۇنداق بولغىنى ياخشى!

ئالبېرنىڭ ئېيتقانلىرىغا جاۋاب بولۇشتىن كۆرە، تولىراق گرافنىڭ شەخسەن ئۆزىنىڭ ئىچكى ئوي - پىكىرلىرىگە جاۋاب بولغان بۇ خىتاب ھەممەيلەنگە، بولۇپمۇ موررېلغا ئاجايىپ غەلىتە ئاڭلاندى ۋە ئۇ ھەيران بولغان ھالدا مونتې - كرىستوغا قاراپ قويدى. لېكىن، بۇ گەپ شۇنچە يۇمشاق، ھەتتا مېھىر بىلەن ئېيتىلغان ئىدىكى، بۇ خىتاب ھەرقانچە غەلىتە بولسىمۇ، ئۇنىڭغا خاپا بولۇشنىڭ ئورنى يوق ئىدى،

— ئۇنىڭ بۇ گەپتىن گۇمانلىنىشقا نېمە ئاساسى بولغىيدى؟ — دەپ سورىدى بوشان شاتو - رېنودىن.

— ھەقىقەتەن، ئالبېرنىڭ ئېيتقىنى دۇرۇس ئىكەن، — دېدى دېبرې. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاقسۆڭەكلەرچە تەجرىبىلىك ۋە ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن مونتې - كرىستونىڭ قىياپىتىدىن كۆرۈشكە بولىدىغاننىڭ ھەممىنى كۆرۈپ بولغانىدى. — بۇ گراف راستىنلا ئاجايىپ ئادەم ئىكەن. سىزنىڭ كۆز قارىشىڭىز قانداق، موررېل؟

— مېنىڭچە، ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ قارىشى سەمىمىي ۋە ئاۋازى يېقىملىق ئىكەن. گەرچە ئۇ ماڭا قارىتىپ غەلىتە بىر گەپ قىلغان بولسىمۇ ھەر ھالدا مېنىڭ دىتىمغا ياقتى.

— جانابلار، — دېدى ئالبېر، — ژېرمېن غىزا تەييار بولغانلىقىنى خەۋەر قىلىۋاتىدۇ. ھۆرمەتلىك گراف، سىزگە يول باشلاپ مېڭىشىمغا ئىجازەت قىلغايسىز.

ھەممەيلەن گەپ قىلماستىن تاماقخانىغا كىردى ۋە ھەر كىم ئۆز جايىغا ئولتۇرۇشتى.

— جانابلار، — دەپ سۆز باشلىدى گراف ئۆز جايىغا ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، — رۇخسەت قىلساڭلار، مەن سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان بەزى پالاكەتچىلىكلىرىمگە ئالدىن ئەپۇ سوراش يۈزىسىدىن ئۆزۈمنىڭ كەمچىلىكلىرىمنى ئېتىراپ قىلماقچىمەن. مەن بۇ يەرگە يات كىشى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ مېنىڭ پارىژغا تۇنجى قېتىم كېلىشىم. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن فرانسۇزلارنىڭ تۇرمۇشى بىلەن مۇتلەق تونۇش ئەمەس. ھازىرغا قەدەر مەن فرانسۇزلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە پۈتۈنلەي قارىمۇ قارشى بولغان شەرق ئەللىرىنىڭ تۇرمۇش ئادىتى بويىچە ياشاپ كەلدىم. شۇڭا، ئەگەر مېنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىمدىن تولىمۇ تۈركچە، نېئاپولچە ياكى

ئەرەبچە ئادەتلەر سىزىلىپ قالغۇدەك بولسا، مېنى ئەپۇ قىلىشىڭىزلارنى سورايمەن. قېنى ئەمدى ئىزاغا باقايلى.

— ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى قاراڭ! — دەپ پىچىرلىدى بوشان، — بۇ، جەزمەن كاتتا تۆرە ئىكەن!

— ئەجنەبىي تۆرە، — دەپ قوشۇپ قويدى دېبرې.

— جاھاندىكى ھەممە ئەللەرنىڭ تۆرىسى ئىكەن، جانابىي دېبرې، — دەپ خۇلاسە چىقاردى شاتو - رېنو.

ئونىنچى باب

زىياپەت

كىتابخانىلىرىمىزنىڭ ئېسىدە بولسا كېرەك، گراف تاماقتا ئانچە ئۆزىنى ئۇرۇپ كەتمەيتتى. شۇڭا، ئالبېر پارىژنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى دەسلەپكى قەدەمدىلا ئۆزىنىڭ ئەڭ مۇھىم بولغان ماددىي پاراۋانلىقى جەھەتتە ئۇنىڭغا يامان تەسىر قالدۇرۇشىدىن ئەنسىرەيتتى.

— ھۆرمەتلىك گراف، — دېدى ئۇ، — سىزنىڭ نەزەرىڭىزدە ئېلدېر كوچىسىنىڭ ئاش - تامىقى پىياتسا - سىپانىيادىكى تائاملارغا تەڭ كېلەلمەي قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەپ تۇرىمەن. مەن سىزنىڭ قانداق تاماقلارنى ياقتۇرىدىغانلىقىڭىزنى باشتا سوراۋېلىپ، ئۆزىڭىز ياخشى كۆرىدىغان تاماقلارنى بۇيرۇتۇپ قويسام بوپتىكەن.

— ئەگەر سىز مېنىڭ ئەھۋالىمنى ياخشىراق بىلگەن بولسىڭىز، بۇنداق ئەرزىمىگەن ئىشلارغا باش قاتۇرمىغان بولاتتىڭىز، — دەپ جاۋاب بەردى گراف كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، — مەن ئۆزۈمنىڭ ساياھەتلىرىم جەريانىدا تۈرلۈك تاماقلارنى يەپ كۆرگەن. نېئاپولدا ماكارون①، مىلاندا تېرىق يارمىسى، ۋالېنسىيەدە داشقايناق، كونستانتىنوپولدا پولۇ، ھىندىستاندا كاررىك ۋە جۇڭگودا قارلىغاچ چاڭگىسىنى يېگەن. مېنىڭدەك بىر ۋەتەنسىزگە تاماق مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس. مەن نەگە بارسام شۇ يەرنىڭ تامىقىنى يەۋېرىمەن، لېكىن كۆپ يېمەيمەن. ھالبۇكى، بۈگۈن سىز مېنىڭ ئىشتىھايىمنىڭ كەملىكىنى ئەيىبلەۋاتقاندا قورسىقىم بالادەك ئېچىپ كېتىۋاتىدۇ، چۈنكى مەن تۈنۈگۈن ئەتىگەندىن تارتىپ تېخى ھېچنېمە يېمىدىم.

— نېمە؟ تۈنۈگۈن ئەتىگەندىن تارتىپ! — دەپ خىتاب قىلىشتى ھەممەيلەن، — سىز تولۇق بىر كېچە - كۈندۈزگىچە ھېچنېمە يېمىدىڭىز؟

— شۇنداق، — دېدى مونتې - كرىستو، — بەزىبىر ئىشلارنى سۈرۈشتۈرۈپ بېقىش ئۈچۈن يولدىن چەتنەپ، نىم ئەتراپىدىكى جايلارغا بېرىپ كېلىشكە توغرا كەلدى. شۇڭا، بىرئاز ۋاقىتنى قولدىن بېرىپ قويدۇم. ئاندىن، ھېچيەردە توختىماستىن بۇ يەرگە كەلدىم.

— ئەمىسە، پەيتۇندا ئولتۇرۇپ بىر نەرسە يېۋالغانسىز؟ — دەپ سورىدى مورسېر.

— ياق، مەن ئۇخلاپ كەلدىم. مەن ئىچىم پۇشۇپ قالسىمۇ كۆڭۈل ئېچىشنى خالىمايدىغان، قورسىقىم ئېچىپ قالسىمۇ بىر نەرسە يېگۈم كەلمەيدىغان ۋاقىتلىرىمدا ئۇخلايمەن.

— دېمەك، سىز ئۆزىڭىزنى ئۇخلاشقا مەجبۇر قىلالايدىكەنسىز - دە؟ — دەپ سورىدى موررېل.

— شۇنداق دېيىشكە بولىدۇ.

— سىزنىڭ بۇنىڭغا بىر ئامالىڭىز بولسا كېرەك؟

---

① ماكارون — مەخسۇس ئىچى كاۋاك قىلىپ ياسالغان ئامەن.

— ناھايىتى ئىشەنچلىك ئامالىم بار.

— بىزدەك ئافرىقىدىكى كىشىلەرگىمۇ شۇنداق ئامال بولسىدى، — دېدى موررېل، — بىزنىڭ بەزىدە تاماقسىز، بەزىدە سۇسىز قالىدىغان ۋاقىتلىرىمىز بولىدۇ ئەمەسمۇ.

— توغرا، — دېدى مونتې - كرىستو، — لېكىن، ماڭا ئوخشاش ئالاھىدە بىر خىل شارائىتتا ياشايدىغان ئادەم ئۈچۈن بەك ياخشى بولغان بۇ ئامالنى ئارمىيىدە قوللىنىش تولىمۇ خەتەرلىك بولىدۇ. چۈنكى، جەڭچىلەر دېگەن ۋاقىتتا ئويغىنالماي قالىدۇ.

— بۇ ئامالنىڭ نېمىلىكىنى بىلىپ بېقىشقا بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى دېبرې.

— ئەلۋەتتە، — دېدى مونتې - كرىستو، — مەن بۇنى سىر قىلىپ تۇتمايمەن. بۇ، ئەپيۇن بىلەن كەندىر ئۇرۇقىنىڭ ئارىلاشمىسىدىن ياسىلىدىغان دورا. ئەپيۇننى مەن گۇاڭجۇغا بېرىپ ئۆزۈم تاللاپ ئەكەلگەن؛ كەندىر ئۇرۇقى بولسا، تىگىر دەرياسى بىلەن يېۋفرات دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدىكى جايلاردىن يىغىلغان. ئۇلارنى تەڭ نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇپ، كۆمىلاچ دورىلار ياسىلىدۇ. لازىم بولغاندا شۇنىڭدىن بىرنى يېۋەتسىلا بولدى. ئون مىنۇتتىن كېيىن تەسىر قىلىدۇ. سىلەر بارون فرانس ئەپەندىدىن سوراپ بېقىڭلار، ئۇ بىر قېتىم بۇ دورىنى تېتىپ كۆرگەنىدى.

— ھەئە، — دېدى ئالبېر، — ئۇ ماڭا سۆزلەپ بەرگەن. بۇ دورا ئۇنىڭدا ئىنتايىن ياخشى تەسىرات قالدۇرۇپتۇ.

بوشان مۇخبىر بولغانلىقى ئۈچۈن بەكمۇ گۇمانخور ئىدى، شۇڭا:

— بۇ دورىنى سىز دائىم يېنىڭىزغا سېلىپ يۈرەمسىز؟ — دەپ سورىدى.

— ھەر دائىم، — دەپ جاۋاب بەردى مونتې - كرىستو.

— ئاشۇ قىممەتلىك دورىڭىزنى بىزگە كۆرسىتىپ بېقىشىڭىزنى سورىسام ئەدەبسىزلىك بولۇپ قالماس؟ — دېدى يەنە بوشان، بۇ چەت ئەللىكنىڭ گېپىدىن تۇتۇۋالماقچى بولۇپ.

— مەرھەمەت.

گراف يانچۇقىدىن ساپ زۇمرەتتىن يونۇپ ياسالغان ئاجايىپ چىرايلىق بىر كىچىك قۇتىنى چىقاردى. بۇ قۇتىنىڭ ئالتۇندىن ياسالغان قاپقىقى بولۇپ، ئۇنى بۇراپ ئاچقاندا، چوڭلۇقى پۇرچاقچىلىك كېلىدىغان بىر دانە يېشىل رەڭلىك كۆمىلاچنى چىقىرىشقا بولاتتى. بۇ كۆمىلاچتىن ئۆتكۈر، غىدىقلىغۇچى پۇراق چىقىپ تۇراتتى. زۇمرەت قۇتىنىڭ ئىچىگە تۆت - بەش دانە كۆمىلاچ سېلىنغانىدى، لېكىن ئۇنىڭ ئىچىگە بۇنداق كۆمىلاچتىن يەنە ئون تالچە سىغىپ كېتەتتى. قۇتا قولدىن - قولغا ئۆتۈپ ئايلىنىشقا باشلىدى. مېھمانلار ئۇنىڭ ئىچىدىكى دورىنى كۆرۈپ بېقىش ياكى ئۇنى پۇراپ بېقىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى تولىراق بۇ ئېسىل زۇمرەتكە قاراپ بېقىش ئۈچۈن ئۇنى بىرىنىڭ قولىدىن بىرى ئالاتتى.

— بۇ نېمەتنى سىزنىڭ ئاشپىزىڭىز ياساپ بېرەمدۇ؟ — دەپ سورىدى بوشان.

— يوقسۇ، — دېدى مونتې - كرىستو، — مەن بۇنداق ھۇزۇر - ھالاۋەت كەلتۈرىدىغان ئەڭ ياخشى نېمەتنى مۇناسىپ بولمىغان قوللارغا ئىشەنچ قىلىپ تاپشۇرالمايمەن. مېنىڭ خىمىيە ئىلمىدىن ئوبدانلا خەۋىرىم بار. شۇڭا، بۇ دورىنى ئۆزۈم ياسايمەن.

— نېمىدېگەن ئېسىل زۇمرەت! — دېدى شاتو - رېنو، — مېنىڭ ئاپامنىڭمۇ ئاتا - ئانىسىدىن قالغان قىممەتلىك بۇيۇملىرى خېلى كۆپ، لېكىن مەن بۇنداق چوڭ زۇمرەتنى كۆرۈپ باقمايتىكەنمەن.

— بۇنداق زۇمرەتتىن مەندە ئۈچى بار ئىدى، — دېدى مونتې - كرىستو، — بۇنىڭ بىرىنى تۈركىيە پادىشاھىغا بەردىم، ئۇ بۇ زۇمرەتتىن ئۆزىنىڭ قىلىچىغا نەقىش سالدۇردى؛ يەنە بىرىنى پاپا ھەزرىتى ئالىيلىرىغا بەردىم، ئۇ بۇ زۇمرەتنى ئۆزىنىڭ تاجىغا بېكىتىۋالدى ھەمدە تاجىدا بۇرۇندىن بولغان زۇمرەتنى ئالغۇزۇۋەتتى. ئۇ زۇمرەتنى ئۆز ۋاقتىدا ئىمپېراتور ناپالېئون سابىق پاپا پىيVIIگە سوۋغات قىلغان بولۇپ، چوڭلۇقى تەخمىنەن مۇشۇنچىلىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇنچىلىك چىرايلىق ئەمەس ئىكەن. مانا بۇ ئۈچىنچىسىنى ئۆزۈمگە قالدۇردۇم ۋە ئۇنى ئويدۇرۇپ قۇتا قىلىۋالدىم. بۇنداق قىلىش ئۇنىڭ نەرقىنى يېرىم باھا چۈشۈرۈۋەتتى، ئەمما بۇنى ئىشلىتىشكە ناھايىتى ئەپلىك.

ھەممەيلەن ھەيرەت ئىچىدە مونتې - كرىستوغا قارىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇ، بۇ ھەقتە شۇنداق ئاددىيلا قىلىپ سۆزلىدىكى، بۇنى بىر بولسا چىن ھەقىقەت دەپ قاراشقا بولاتتى، يەنە بىر بولسا، بۇنى سەۋدايىنىڭ جۆيلۈشى دەپ ئويلاشقا بولاتتى. ئەمما، ئۇ تېخىچە قولىدا تۇتۇپ تۇرغان زۇمرەت بىرىنچى پەرەزنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى.

— بۇ ئىككى ھۆكۈمران بۇنداق ئېسىل سوۋغاتنىڭ ھەققىگە سىزگە نېمە بەردى؟ — دەپ سورىدى دېبرې.

— تۈركىيە پادىشاھى بىر قىزنى قۇللۇقتىن ئازاد قىلدى، — دېدى گراف، ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ، — پاپا ئالىيلىرى بىر ئەر كىشىنى ئۆلۈم جازاسىدىن كەچۈرۈم قىلدى. شۇنداق قىلىپ، مەن گويا كى تاجۇ - تەخت ئۈچۈن يارالغاندەك، ئۆمرۈمدە بىر قېتىم ھوقۇق يۈرگۈزەلىدىم.

— سىز ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان كىشى پېپىنو ئىدى، شۇنداقمۇ؟ — دەپ خىتاب قىلدى ئالبېر، — سىز ئۆزىڭىزنىڭ كەچۈرۈم قىلىش ھوقۇقىڭىزنى شۇنىڭغا ئىشلەتتىڭىزغۇ - ھە؟

— بەلكىم شۇنداقتۇر، — دېدى مونتې - كرىستو كۈلۈپ تۇرۇپ.

— گراف، سىزنىڭ گەپلىرىڭىزنى ئاڭلاش مەن ئۈچۈن قانچىلىك يېقىملىق بولۇۋاتقانلىقىنى سىز تەسەۋۋۇر قىلالمايسىز، — دېدى ئالبېر، — مەن سىزنى بايا دوستلىرىمغا ئاجايىپ خىسلەتلىك ئادەم، «مىڭ بىر كېچە» دىكى ئەۋلىيا، ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى سېھىرگەر دەپ تونۇشتۇرغانىدىم. لېكىن پارىژلىقلار گەپ تالىشىشقا شۇنداق ئادەتلىنىپ كەتكەنكى، ئەگەر ئەمەلىيەت ئۇلارنىڭ ئۆگىنىپ قالغان تۇرمۇشىدىن باشقىچىرەك بولۇپ قالسا، ھەقىقىي مەۋجۇدىيەتنىمۇ خىيالپەرەستلىكنىڭ مەھسۇلى دەپ قارايدۇ. ئالايلى، ژوكېي - كلۇبىنىڭ بىر ھەيئىتى كەچتە چوڭ كوچىدا كېلىۋاتقاندا ئۇنى بىرنەچچە كىشى تۇتۇۋېلىپ، پۇلىنى بۇلاپ كەتكەن؛ سېن - دېنى كوچىسىدا ياكى سېن - ژېرمېن ئەتراپىدا تۆت ئادەم ئۆلتۈرۈلگەن؛ تامپىل كوچىسىدىكى ياكى تېرما يۇلىيانا كوچىسىدىكى قەھۋەخانىدا 15 — 10 ئوغرى تۇتۇلغان دېگەنگە ئوخشاش خەۋەرلەرنى بوشان ھەر كۈنى گېزىتكە يېزىپ تۇرىدۇ، دېبرې بۇنى داۋاملىق ئوقۇيدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلار مىراماردا، رىمدىكى كامپانىيې تۈزلەڭلىكىدە ياكى پونتى ساسلىقىدا قاراقچىلارنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيدۇ. گراف، مەن قاراقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان ئەمەسمىدىم. ئەگەر سىز ئالىيجانابلىق قىلىپ بۇ ئىشقا ئارىلاشمىغان بولسىڭىز، ھەممە ئالامەتلەردىن قارىغاندا، مەن ھازىر ئېلدېر كوچىسىدىكى بۇ غېرىبانە كەپەمدە سىلەرنى مېھمان قىلىشنىڭ ئورنىغا، سان - سېباستيانو لەخمىسىدە زامانە ئاخىرىسىنى كۈتۈپ ياتقان بولماسمىدىم. گراف، مەرھەمەت قىلىپ، شۇ ئىشلارنى سىز بىر سۆزلەپ بېرىڭا.

— بولدى قىلىڭ، — دېدى مونتې - كرىستو، — سىز

بۇ ئەرزىمىگەن ئىشنى سۆزلەپ يۈرمەسلىككە ۋەدە قىلغانىدىڭىزغۇ.

— مەن سىزگە ئۇنداق ۋەدە بەرمىگەن، — دەپ خىتاب قىلدى مورسېر، — سىز ئۆزىڭىزنىڭ خۇددى مۇشۇنداق بىر ياخشىلىقىڭىزنى كۆرسەتكەن باشقا بىر ئادەم بىلەن مېنى ئالماشتۇرۇپ قويغان بولۇشىڭىز كېرەك. مەن، ئەكسىچە، سىز بىلەن بۇ ھەقتە سۆزلىشىشنى بەك خالايمەن. بەلكىم، سىز ماڭا مەلۇم بولغان ئىشلارنى يەنە بىر قۇر تەكرارلاش بىلەنلا قالماي، ماڭا مەلۇم بولمىغان نۇرغۇن ئىشلارنىمۇ سۆزلەپ بېرەرسىز.

— مېنىڭ قارىشىمچە، — دېدى گراف كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، — بۇ ۋەقەلىكتە سىز ئۆزىڭىز خېلىلا مۇھىم رول ئوينىغانىدىڭىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن سۆزلەپ بەرمىسەممۇ نېمە ئىشلارنىڭ بولغانلىقىنى سىز مەندىن ياخشىراق بىلىسىز.

— ئەگەر مەن ئۆزۈم بىلگەنلەرنى سۆزلەپ بەرسەم، سىز مەن بىلمەيدىغان ئىشلارنى سۆزلەپ بېرەمسىز؟ — دەپ سورىدى مورسېر.

— ھە، بۇ گېپىڭىز توغرا بوادى، — دېدى مونتې - كرىستو.

— ماقۇل ئەمىسە، — دېدى مورسېر، — بۇ ئىش گەرچە مېنىڭ ئىناۋىتىمگە نۇقسان يەتكۈزسىمۇ سۆزلەپ بېرەي. شۇ ئۈچ كۈن جەريانىدا مەن قانداقتۇر بىر ئايال ماڭا يېقىنچىلىق قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ يۈرۈپتىمەن، مەن ئۇنى تۇللىيە ياكى پوپپېي ئۇرۇقىدىن بولغان بىر ئاقسۆڭەك ئايال بولسا كېرەك دەپتىمەن. ئەمەلىيەتتە، ئۇ مېنى ئەخمەق قىلىپ يۈرگەن ئادەتتىكى بىر سەھرالىق سەتەڭ خېنىم ئىكەن، ئۇنى دېھقان خوتۇن دېسەم قوپاللىق بولۇپ كېتەر. راستىنى ئېيتسام، مەن بەك دۆتلۈك قىلىپتىمەن ۋە 15 ياشلاردىكى بىر چىرايلىق ساقالسىز ياش باندىتنى دېھقان قىزى دەپ ئالدىنىپتىمەن. مەن غەيرەتكە كېلىپ، ئۇنىڭ باللارچە مۈرىسىگە سۆيمەكچى بولغانىدا، ئۇ مېنىڭ

كۆكرىكىمگە تاپانچىسىنى تەڭلىدى ھەمدە ئۆزىنىڭ يەتتە-سەككىز شېرىكى بىلەن بىرلىشىپ مېنى سان-سېباستىيانو لەخمىسىگە ئېلىپ باردى. توغرىسىنى ئېيتقاندا، مېنى سۆرەپ ئېلىپ بېرىشتى. مەن ئۇ يەردە ئۇلارنىڭ ئاتامانىنى كۆردۈم. ئۇ ناھايىتى ئوقۇمۇشلۇق ئادەم ئىكەن. مەن كىرگەندە ئۇ «تسېزار خاتىرىلىرى» نى ئوقۇش بىلەن بەنت ئىدى. ئۇ، كىتابتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا، ئەگەر ئەتىگەن سائەت ئالتىگە ئۈلگۈرتۈپ 4000 پىئاستىر نەق پۇلنى تۆلىمەيدىغان بولسام، چارەك كەم يەتتە بولغاندا مېنىڭ ھايات بولمايدىغانلىقىمنى ئۇقتۇردى-دە، يەنە ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتتى. فرانسىنىڭ يېنىدا جانابىي لۇيىدۋى ۋامپانىڭ ئىمزاسى قويۇلغان مېنىڭ خېتىم بار. ئىشەنمىسەڭلار. مەن فرانسقا خەت يازاي، ئۇ سىلەرگە گۇۋاھلىق بەرسۇن. مانا، مېنىڭ بىلىدىغانلىرىم شۇ، بىراق مېنىڭ بىلمەيدىغىنىم، گراف، سىز قانداق قىلىپ رىم قاراقچىلىرىنىڭ شۇنچە زور ھۆرمىتىنى قولغا كەلتۈرەلىدىڭىز؟ ئۇلار مەن-مەن دېگەنلەرنىمۇ بىر تىيىنغا ئالمايدىغۇ. ھەقىقەتەن، فرانس بىلەن ئىككىمىز ھەيرەتتە قالدۇق.

— بۇ، ئادەتتىكىلا بىر ئىش. مېنىڭ داڭلىق لۇيىدۋى ۋامپا بىلەن تونۇشقىنىمغا ئون يىلدىن ئاشتى. بىر چاغدا، ئۇ تېخى كىچىك بىر پادىچى بالا بولۇپ يۈرگەن چېغىدا بىر قېتىم ماڭا يول باشلاپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن مەن ئۇنىڭغا بىر تىللا بەرگەنىدىم. ئۇمۇ ئۆتنىسى قالمىسۇن دەپ ماڭا ئۆز قولى بىلەن دەستىسىگە ئويما نەقىش ئىشلىگەن بىر خەنجەرنى سوۋغا قىلدى. ئېھتىمال، سىز ئۇ خەنجەرنى مېنىڭ ئەۋرىشكە قوراللىرىمنىڭ ئىچىدە كۆرگەن بولۇشىڭىز مۇمكىن. كېيىنكى كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى دوستلۇق نىشانىسى بولغان سوۋغىنى ئالماشتۇرۇشىمىزنى ئۇنتۇپ قالدىمۇ ياكى مېنى تونۇماي قالدى

مۇ، ئەيتاۋۇر ئۇ مېنى تۇتقۇن قىلماقچى بولۇپ ھۇجۇم قىلدى. لېكىن، ئەھۋال ئۇنىڭ كۈتكىنىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ چىقتى. مەن ئۇنىڭ ئۆزىنى ۋە يەنە ئون نەچچە قاراقچىسىنى بىراقلا تۇتۇۋالدىم. مەن ئۇلارنى رەسمىدىكى قانۇن ئورۇنلىرىغا تاپشۇرۇپ بەرسەممۇ بېرىۋېرەتتىم. قانۇن ئورۇنلىرى ئۇلارنى تۇتۇش كويىدا پايپېتەك بولۇپ يۈرەتتى. لېكىن، مەن ئۇنداق قىلمىدىم، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى زىيان-زەخمەتسىز قويۇپ بەردىم.

— ئىككىنچى گۇناھ قىلماسلىق شەرتى بىلەن قويۇپ بەردىڭىزمۇ؟ — دەپ كۈلۈپ كەتتى مۇخبىر، — مانا ئەمدى ئۇلارنىڭ ئۆز ۋەدىسىگە قاتتىق ئەمەل قىلغانلىقىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولۇۋاتىمەن!

— ياق، — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى مونتې-كرىستو، — مەن ئۇلارنى پەقەت بۇندىن كېيىن ھېچقانداق ۋاقىتتا ماڭا، ۋە مېنىڭ دوستلىرىمغا زىيان يەتكۈزمەسلىك شەرتى بىلەن قويۇپ بەردىم. مېنىڭ بۇ سۆزلىرىم بەلكى غەلىتە ئاڭلىنىشى مۇمكىن. سوتسىيالىست جانابلار. تەرەققىيپەرۋەر جانابلار، ئىنسانپەرۋەر جانابلار. لېكىن، مەن ھېچقاچان باشقىلارنىڭ غېمىنى يېمەيمەن، ھېچقاچان جەمئىيەتنى ھىمايە قىلىشنى ئويلىمايمەن، چۈنكى جەمئىيەتمۇ مېنى ھىمايە قىلمايدۇ. ئومۇمەن، بۇ جەمئىيەت ماڭا زىيان يەتكۈزىدىغان ئىشى بولغاندىلا ئاندىن مېنى سۈرۈشتە قىلىدۇ. ئەگەر مەن جەمئىيەتكىمۇ، شەخسلەرگىمۇ ياخشىلىق قىلىشتىن باش تارتىپ، بىتەرەپلىك ھالىتىنى ساقلاپ قالسام، جەمئىيەت ۋە شەخسلەر يەنىلا مېنىڭ ئالدىمدا قەرزدار بولۇپ قالىدۇ.

— خۇداغا شۈكۈر! — دەپ خىتاب قىلدى شاتو-رېنو، — ئۆزىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى راستچىللىق بىلەن، يوشۇرماستىن تەرغىپ قىلالايدىغان باتۇر كىشىنىمۇ كۆرىدىكەنمىز. بارىكاللا، ياشاپ كېتىڭ، گراف!

— ھەر ھالدا، بۇ، ئۆز پىكرىنى ئوچۇق-ئاشكارا بايان قىلىش بولدى، — دېدى موررېل، — لېكىن، ئىشىنىمەنكى، گراف ھازىر شۇنچە قەتئىيلىك بىلەن شەرھلەپ ئۆتكەن ئۆزىنىڭ پرىنسىپلىرىغا بىر قېتىم خىلاپلىق قىلغانلىقىدىن ئەپسۇسلانمايدۇ.

— مەن نېمىگە خىلاپلىق قىلدىم؟ — دەپ سورىدى مونتې-كرىستو. ئۇ تۇرۇپ-تۇرۇپلا موررېلغا شۇنداق دىققەت بىلەن قاراپ قوياتتىكى، بۇ قەيسەر ياش جەڭچى ئۇنىڭ ئىللىق ۋە نۇرلۇق كۆز قاراشلىرىدىن بىر نەچچە قېتىم يەرگە قارىۋالدى.

— مېنىڭچە، — دېدى موررېل، — سىز ئۆزىڭىزگە پۈتۈنلەي تونۇش بولمىغان مورسېر ئەپەندىنى قۇتۇلدۇرۇش بىلەن جەمئىيەتكىمۇ، شەخسكىمۇ ياخشىلىق قىلدىڭىز.

— يەنە كېلىپ، ئۇ، جەمئىيەتنىڭ ئەڭ كۆركەم گۈلتاجى، — دېدى بوشان ۋە بىر قەدەھ شامپان شارابىنى بىر كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەتتى.

— سىز ئۆز ئەمەلىيىتىڭىزنىڭ ئەكسىچە سۆزلەۋاتىسىز، گراف، — دېدى ئالبېر، — سىز، مەن كۆرگەن ئادەملەرنىڭ ئىچىدە مەنتىقىڭىز ئەڭ مۇستەھكەم بولغان ئادەم. مەن ھازىر سىزنىڭ شەخسىيەتچى ئەمەس، بەلكى شاپائەتچى ئىكەنلىكىڭىزنى ئىسپاتلايمەن. سىز ئۆزىڭىزنى شەرق ئوغلى، لېۋانلىق، مالايالىق، ھىندى، جۇڭگولۇق، مەدەنىيەتسىز ياۋايى دەپ ئاتايسىز. سىزنىڭ ئىسمىڭىز سىندباد-ساياھەتچى، گراف مونتې-كرىستو. مانا ئەمدى پارىژغا كېلىش بىلەنلا ئۆزىڭىزنىڭ بىزدەك تۇغما پارىژلىقلارغا خاس بولغان ئاساسلىق ئارتۇقچىلىقىڭىزنى ياكى توغرىسى، ئاساسلىق كەمچىلىكىڭىزنى كۆرسىتىۋاتىسىز، يەنى پەزىلەتلىرىڭىزنى يوشۇرۇپ، ئۆزىڭىزگە مۇناسىپ بولمىغان ئىللەتلەرنى سۆزلەۋاتىسىز.

— قەدىرلىك ۋىكونت، — دېدى مونتىپ - كرىستو، — مېنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىمدە مۇنداق ماختاشقا لايىق بولغۇدەك ھېچنېمە يوق. سىز ماڭا يات كىشى ئەمەس ئىدىڭىز. مەن سىز بىلەن تونۇشقان، سىزگە ئىككى ئېغىز ئۆيۈمنى ئۆتۈنۈپ بەرگەن، پەيتۇنلىرىمدىن بىرىنى سىزگە تاپشۇرغان. سىز بىلەن بىز بىرلىكتە كورسودا تاماشا كۆرگەن، پىياتسا - پوپولو مەيدانىدىكى سىزنى شۇنچە بىئارام قىلغان ئۆلۈم جازاسىنىڭ ئىجراسىنىمۇ بىرلىكتە كۆرگەن. ھە، قېنى ئەمدى سىلەردىن سوراپ باقاي، مەن ئۆزۈمنىڭ مۇشۇنداق بىر مېھمىنىمنى، سىلەر ئېيتقاندەك ئاشۇ دەھشەتلىك قاراقچىلارنىڭ قولىغا تاشلاپ بەرسەم بولامتى؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆزىڭىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، مەن فرانسىيىگە كەلگەندىن كېيىن سىزنىڭ ياردىمىڭىز بىلەن پارىژ جەمئىيىتىگە ئىچكىرىلەپ كىرىشنى ئويلىغان بىر يوشۇرۇن مەقسىتىممۇ بار ئىدى. بۇرۇن سىز بۇنى مۇنداقلا دەپ قويغان بىر گەپ دەپ ئويلىغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. لېكىن ئەمدى بۇنىڭ رېئاللىققا ئايلانغانلىقىنى كۆرۈۋاتىسىز. شۇڭا، ئۆزىڭىزنىڭ ۋەدىڭىزنى بۇزماسلىق ئۈچۈن ئوتتۇرىمىزدا بولغان كېلىشىمگە بويسۇنۇشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ.

— مەن ۋەدەمنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىمەن، — دېدى مورسېر، — لېكىن، قەدىرلىك گراف، سىزنى بۇ يەردە زېرىكىپ قالارمىكىن دەپ قورقىمەن. سىز مەنزىرىلىك جايلارغا، پەۋقۇلئاددە سەرگۈزەشتىلەرگە، ئەپسانىۋى تۈس ئالغان تۇرمۇشقا ئادەتلىنىپ قالغان ئەمەسمۇ. بىزنىڭ بۇ يەردە سىزنىڭ باي، مەزمۇنلۇق ھاياتىڭىزغا مۇۋاپىق كېلگۇدەك ھېچنېمە يوق. چىمبورازو① نىڭ ئورنىغا

---

① جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى بىر يانارتاغ.

بۇ يەردە مونمارترنى① كۆرىسىز، ھىمالايا تاغلىرىنىڭ ئورنىغا مونۋالېرىيېننى② كۆرىسىز؛ سەھرايى كەبىرنىڭ ئورنىغا گرېنېل تۈزلەڭلىكىنى كۆرىسىز، لېكىن بۇ تۈزلەڭلىكتىمۇ ھازىر كارۋانلار ئۈچۈن بىر چوڭ قۇدۇق كولىنىۋاتىدۇ. بىزنىڭ بۇ يەردىمۇ خېلى كۆپ ئوغرىلار بار، لېكىن كىشىلەرنىڭ سۆزلەپ يۈرگىنىدەك كۆپ ئەمەس. ئەمما، بۇ ئوغرىلار ئاتاقلىق تۆرىلەرگە قارىغاندا ئادەتتىكى بىر ساقچىدىن بەكرەك قورقىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، فرانسىيە شۇنداق بىر ئادەتتىكى مەملىكەت، پارىژمۇ شۇنداق بىر مەدەنىيەتلىك شەھەركى، بىزنىڭ 85 ئۆلكىمىزنىڭ ھەممىسىگە بارسىڭىزمۇ (ئەلۋەتتە، مەن كورسىكانى فرانسىيە ئۆلكىلىرىنىڭ قاتارىغا قوشمايمەن)، بىزنىڭ ھەممە ئۆلكىلىرىمىزگە بارسىڭىزمۇ، تېلېگراف تۈۋرۈكلىرى ئورنىتىلمىغان بىرمۇ دۆڭلۈكنى، ساقچى خادىملىرى گاز قويۇپ بەرمىگەن بىرمۇ خىلۋەت ئۆڭكۈرنى تاپالمايسىز. شۇڭا، مەن پەقەت بىرلا ئىشتا ئۆز ياردىمىنى كۆرسىتەلىشىم مۇمكىن، ئۇ بولسىمۇ، شەخسەن ئۆزۈم ياكى دوستلىرىمنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق سىزنى خالىغان يېرىڭىزگە ئاپىرىپ تونۇشتۇرۇپ قويالايمەن. بۇ جەھەتتە خىزمىتىڭىزگە مەن تەييار. ئەمما، بۇنىڭدا سىزنىڭ ھېچكىمگە ھاجىتىڭىز چۈشمەيدۇ. سىزنىڭ ئىسمىڭىز بىلەن ئاتالغان، سىزگە ئوخشاش باي بولغان ۋە سىزگە ئوخشاش ئەقىللىق بولغان بىر كىشىنى باشقىلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى ھاجەتسىز. سىز ھەرقانداق يەردە قىزغىن قارشى ئېلىنىشقا مۇيەسسەر بولىسىز (مونتىپ - كرىستو تەزىم قىلدى ۋە يېنىككىنە كىنايە ئارىلاش كۈلۈمسىرەپ قويدى). مەن پەقەت بىر ئىشتىلا سىزگە ياردەم كۆرسىتەلىشىم مۇمكىن.

---

① پارىژدىكى بىر رايوننىڭ نامى.
② پارىژدىكى يەنە بىر رايوننىڭ نامى.

ئەگەر مېنىڭ پارىژ تۇرمۇشى بىلەن بولغان تونۇشلۇقۇم، كۆڭۈل ئېچىش ئىشلىرىدىكى ئاز - تولا تەجرىبە ياكى ھەممە ماگىزىنلارنى بىلىدىغانلىقىم سىزگە ئەسقېتىپ قالغۇدەك بولسا، مەن سىزنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنلىشىۋېلىشىڭىز ئۈچۈن ھەرقانداق خىزمىتىڭىزگە تەييار. سىز رىمدا ئۆزىڭىزنىڭ ئۆيلىرىڭىزنى ماڭا بەرگىنىڭىزگە ئوخشاش، مەن سىزگە ئۆز ئۆيۈمنى تەكلىپ قىلىشقا ئاجىزلىق قىلىمەن (گەرچە مەن شەخسىيەتچىلىكنى تەرغىپ قىلمىساممۇ، ئۆزۈم چىش - تىرنىقىمغىچە شەخسىيەتچى). بۇ ئۆيدە ئۆزۈمدىن باشقا بىر ئادەمنىڭ سايىسىمۇ سىغماس، سىغسا بەلكىم بىرەر ئايال كىشىنىڭ سايىسى سىغارمىكىن.

— بۇ گېپىڭىز سىزنىڭ توي ئىشىڭىزنى ئېسىمگە سېلىۋاتىدۇ، — دېدى گراف، — سىز رىمدىكى ۋاقتىڭىزدا ئۆزىڭىزنىڭ نىكاھ مەسىلىڭىزنىڭ بەزى پىلانلىرىنى سۆزلىگەندەك قىلىۋاتاتتىڭىز. مەن سىزنىڭ بۇ كەلگۈسىدىكى بەختىڭىزنى مۇبارەكلىسەم بولامدۇ؟

— بۇ تېخىچىلا بىر پىلان.

— يەنە كېلىپ، ئىنتايىن مۇجمەل پىلان، — دەپ قوشۇپ قويدى دېبرې.

— ھېچقانچە مۇجمەللىكى يوق، — دېدى مورسېر، — مېنىڭ دادام بۇ توينى قىلىشقا بەك قىزىقىدۇ ۋە مەن ئايالىمنى بولمىسىمۇ، ھەر ھالدا مەن بىلەن توي قىلىش ئالدىدا تۇرغان ئېژېنى دانگلار خېنىمنى پات ئارىدا سىلەرگە تونۇشتۇرىمەن.

— ئېژېنى دانگلار! — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى تارتىۋالدى مونتې - كرىستو، — ئۇنىڭ دادىسى بارون دانگلار بولمىسۇن يەنە؟

— ھەئە، — دەپ جاۋاب بەردى مورسېر، — لېكىن ئۇ يېڭىدىن ئۆسكەن بارون.

— ئەگەر ئۇ، دۆلەتكە بۇ ئۇنۋانغا ئېرىشكۈدەك شۇنچە چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەن بولسا مەيلى ئەمەسمۇ، — دېدى مونتې - كرىستو.

— كاتتا خىزمەت كۆرسەتتى، — دېدى بوشان، — گەرچە ئۇ ئەسلىدە لىبېراللار تەرەپدارى بولغان بولسىمۇ، 1829 - يىلى كارل X غا ① 6 مىليونغا يېزىلغان زايومنى ئۆتكۈزۈپ بەردى. بۇنىڭ ئۈچۈن پادىشاھ ئۇنىڭغا بارونلۇق ئۇنۋانىنى ۋە «شەرەپلىك قوشۇن» مېدالىنى بەردى. شۇندىن بېرى ئۇ، كىشىلەر ئويلىغاندەك، ئۇ مېدالنى يانچۇقىغا سېلىۋالماستىن، ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا چاپىنىنىڭ ئىزمىسىگە ئېسىپ يۈرۈۋاتىدۇ.

— ئاھ، بوشان، بوشان، — دەپ كۈلۈپ كەتتى مورسېر، — بۇ گەپلىرىڭىزنى ئۆزىڭىزنىڭ «كورسارا» ۋە «شارىۋارى» گېزىتلىرىڭىزگە يېزىش ئۈچۈن ساقلاپ قويۇڭ، لېكىن مېنىڭ ئالدىمدا كەلگۈسىدىكى قېيىن ئاتامنى چىشلەپ تارتماڭ.

ئاندىن ئۇ مونتې - كرىستوغا قارىدى:

— سىز ھېلى ئۇنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالدىڭىز، سىز بارونىنى تونۇمسىز؟

— مەن ئۇنى تونۇمايمەن، — دېدى مونتې - كرىستو ئېتىبار قىلمىغان ئاھاڭدا، — لېكىن پات ئارىدا ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ قېلىشىم مۇمكىن. بىرنەچچە بانكىلار تەرىپىدىن ماڭا ئۇنىڭ بانكىسىدىن قەرز ئېلىش ھاۋالە قىلىنغان. ماڭا بۇ ئىشنى ھاۋالە قىلغان ئورۇنلار: لوندوندىكى رىچارد ۋە بلائۇنت، ۋېنادىكى ئارشتېين ۋە ئېسكېلېس، رىمدىكى تومسون ۋە فرېنچ بانكا مەھكىمىلىرى.

ئەڭ ئاخىرقى ئىككى ئىسمنى ئېيتقاندا گراف كۆزلىرى-

---

① كارل X (1757 — 1836) — فرانسىيە پادشاھى.

ىنىڭ قىرى بىلەن موررېلغا قاراپ قويدى. ئەگەر بۇ چەت ئەللىك ماكسىمىلىئان موررېلنىڭ دىققىتىنى قوزغىماقچى بولغان بولسا، ئۇ خاتالاشمىدى. ماكسىمىلىئان خۇددى ئېلېكتىر توكى سوقۇۋەتكەندەك چۆچۈپ كەتتى.

— تومسون ۋە فرېنچ؟ — دېدى ئۇ، — سىزنىڭ بۇ بانكا بىلەن ئالاقىڭىز بارمۇ، گراف؟

— ئۇلار خرىستىئان دۇنياسىنىڭ پايتەختىدىكى مېنىڭ بانكىرلىرىم، — دەپ خاتىرجەملىك بىلەن جاۋاب بەردى گراف، — سىزنىڭ بۇ ھەقتە ماڭا دەيدىغان گېپىڭىز بارمىدى؟

— گراف، بىز تا ھازىرغىچە ئېنىقلىيالمايۋاتقان بىر مەسىلىنى بەلكىم سىز ھەل قىلىپ بېرەلىشىڭىز مۇمكىن. بۇ بانكا بىر چاغلاردا بىزنىڭ شىركىتىمىزگە غايەت زور خەيرىخاھلىق كۆرسەتكەنىدى، لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر، ئۇلار ئۆزلىرى بۇ ئىشنى تا ھازىرغىچە ئىنكار قىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

— خىزمىتىڭىزگە تەييارمەن، — دەپ قويدى مونتې - كرىستو تەزىم قىلىپ.

— بۇ گەپنى قويۇپ تۇرساق قانداق، — دېدى موررېل، — بىز دانگلار ئەپەندىنىڭ گېپىنى قىلىپ مەقسەتتىن چەتنەپ كېتىپ قالدۇق. بىز ئەسلى گراف مونتې - كرىستوغا مۇۋاپىق كېلىدىغان بىر تۇرالغۇ جاي تېپىپ بېرىشنى مەسلىھەت قىلماقچىدۇق. كېلىڭلار قېنى، ھەممىمىز بىرلىكتە ئويلىشىپ كۆرەيلى، بۈيۈك پارىژنىڭ بۇ يېڭى مېھمىنى قەيەردىن ئۆي - جاي ئالسا بولار؟

— سېن - ژېرمېن ئەتراپىدىكى جايلاردا گرافقا يامان ئەمەس باغلىق قورۇ تېپىلىدۇ، — دېدى شاتو - رېنو.

— سىز ئاشۇ خۇدا ئۇرغان سېن - ژېرمېندىن باشقىسىنى بىلمەيدىكەنسىز، شاتو - رېنو، — دېدى دېبرې، — ئۇنىڭ گېپىگە كىرمەڭ، گراف. سىز ئانتېن تاشيولى بويىدىن جاي ئېلىڭ. مانا بۇ ھەقىقىي پارىژ.

— ئوپېرا باغچىسى، — دەپ پىكىر قوشتى بوشان، — ئىككىنچى قەۋەتتىكى بالكونلۇق ئۆي، گراف ئۇ يەردە تاۋار ياستۇقلىرىنى قىرلاپ ۋە غاڭزىسىنى تارتىپ ياكى ئۆزىنىڭ مەجۇنلىرىنى شوراپ يانپاشلاپ يېتىپ پۈتۈن پارىژلىقلارنى كۆرەلەيدۇ.

— سىزنىڭ كۆز قارىشىڭىزچۇ، موررېل، سىزنىڭ ھېچقانداق پىكرىڭىز يوقمۇ؟ — دەپ سورىدى شاتو - رېنو.

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، — دېدى ماكسىمىلىئان كۈلۈپ تۇرۇپ، — مېنىڭ بىر پىكرىم بار، لېكىن گراف سىلەر ئوتتۇرىغا قويغان قىممەتلىك پىكىرلەرنىڭ بىرەرسىگە قىزىقىپ قالارمىكىن دەپ كۈتۈپ تۇرغانىدىم. ھە، ئەمدى مەن ئۇنىڭغا پومپادۇر① ئۆيىنىڭ نۇسخىسىدا سېلىنغان بىر ئىمارەتتىكى بىر يۈرۈشلۈك ئۆينى تەكلىپ قىلىشقا جۈرئەت قىلىمەن. مېلي كوچىسىدىكى بۇ ئىمارەتتە بىر يىلدىن بۇيان مېنىڭ سىڭلىم ئولتۇرۇۋاتىدۇ.

— سىزنىڭ سىڭلىڭىز بارمۇ؟ — دەپ سورىدى گراف.

— شۇنداق، گراف، ئاجايىپ ياخشى بىر سىڭلىم بار.

— تۇرمۇشقا چىققانمۇ؟

— ھەئە، توققۇز يىل بولۇپ قالدى.

— بەختلىكمۇ؟ — دەپ يەنە سورىدى گراف.

— شۇنداق بەختلىككى، ئۇنىڭدىن ئارتۇق بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، — دېدى ماكسىمىلىئان، — ئۇ، ئۆزى ياخشى

---

① پومپادۇر ژاننا (1721 — 1764) — ماركىز دەرىجىلىك ئايال ئاقسۆڭەك. فرانسىيە پادىشاھى ليۇدوۋىك XV نىڭ ئاشنىسى. 1754 - يىلىدىن باشلاپ، دۆلەتنىڭ ھەممە ئىشلىرى ئەمەلىيەتتە پومپادۇرنىڭ خاھىشى بويىچە باشقۇرۇلاتتى.

كۆرگەن كىشىگە، بىزنىڭ بېشىمىزغا ئەڭ ئېغىر كۈنلەر كەلگەندىمۇ بىزدىن يۈز ئۆرۈمىگەن ئىمانۇئېل ئېربوغا ياتلىق بولدى.

مونتې - كرىستو بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— مەن خىزمەتتىن دەم ئېلىشقا كەلگەن ۋاقىتلىرىمدا ئۇنىڭ ئۆيىدە تۇرىمەن، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ماكسىمىلىيان، — گراف، ئەگەر سىزنىڭ بىرەر ھاجىتىڭىز بولسا كۆيئوغلىمىز بىلەن ئىككىمىز خىزمىتىڭىزگە تەييار.

— توختاپ تۇرۇڭ! — ئالبېر ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى. مونتې - كرىستو جاۋاب بېرىشكە ئۈلگۈرەلمەي قالدى، — ئويلاپ كۆرۈڭا، سىز نېمىدەۋاتىسىز، موررېل. سىز بىر ساياھەتچىنى، سىندباد - ساياھەتچىنى ئائىلە شارائىتىغا باغلاپ قويماقچى بولۇۋاتىسىز. پارىژنى كۆرۈش ئۈچۈن كەلگەن بىر ئادەمنى سىز ئائىلە باشلىقىغا ئايلاندۇرۇپ قويماقچى بولۇۋاتىسىز.

— ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، — دېدى موررېل كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ. — سىڭلىم 25 ياش، كۆيئوغۇل 30 ياش. ئۇلار ھەر ئىككىسى ياش، شوخ ۋە بەختلىك. ئۇنىڭ ئۈستىگە، گراف ئۆزى ئايرىم ئۆيدە تۇرىدۇ، ئۇلار بىلەن ئۆزى قاچان خالىسا شۇ چاغدا كۆرۈشىدۇ.

— رەھمەت سىزگە، رەھمەت، — دېدى مونتې - كرىستو. — ئەگەر سىز شۇنى مۇۋاپىق كۆرسىڭىز، مەن سىڭلىڭىز بىلەن كۆيئوغلىڭىزنى كۆرگىلى بارىمەن. لېكىن، مەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارنىڭ مەسلىھەتىڭلارنى قوبۇل قىلمايمەن، چۈنكى مېنىڭ تۇرالغۇ جايىم تەييارلىنىپ بولغان.

— ھە! — دەپ خىتاب قىلدى ئالبېر، — سىز مېھمانخانىدا تۇرماقچى بولۇۋاتامسىز؟ بۇ سىزگە بەك قولايسىز بولىدۇ!

— مېنىڭ رىمدىكى تۇرغان جايىممۇ قولايسىز بولغانمىدى؟ — دەپ سورىدى مونتې - كرىستو.

— يوقسۇ، سىز رىمدىكى ئۆيلىرىڭىزگە 50 مىڭ پىئاستىر سەرپ قىلغانىدىڭىز. لېكىن ھەر قېتىمدىلا ئۇنداق چىقىم قىلىۋېرىشكە بولمايدۇ - دە.

— ئۇنچىلىك چىقىملار مېنى توسۇپ قالالمايدۇ، — دېدى مونتې - كرىستو، — ئەمما، مەن پارىژدا ئۆزۈمنىڭ شەخسىي ئۆيۈم بولۇشىنى خالايمەن. مەن يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى بىر خىزمەتكارىمنى بۇ يەرگە ئەۋەتىۋەتكەنىدىم. بۇ چاقىچە ئۇ بىرەر ئۆي سېتىۋېلىپ تەييارلاپ قويغاندۇر.

— دېمەك، سىزنىڭ پارىژنى بىلىدىغان خىزمەتكارىڭىز بار ئىكەن - دە؟ — دېدى بوشان.

— بۇ، ئۇنىڭ فرانسىيىگە، خۇددى ماڭا ئوخشاشلا، تۇنجى قېتىم كېلىشى. ئۇ قارا تەنلىك ۋە يەنە تىلسىز، — دەپ جاۋاب بەردى مونتې - كرىستو.

بۇ گەپكە ھەممەيلەن ھاڭ - تاڭ بولۇپ قارىشىپ قالدى.

— بۇ ئەلى ئىكەن - دە! — دەپ خىتاب قىلدى ئالبېر.

— دەل شۇ ئەلى، مېنىڭ تىلسىز قۇلۇم. سىز ئۇنى رىمدا كۆرگەنغۇ دەيمەن.

— ئەلۋەتتە، — دېدى مورسېر، — ئۇ مېنىڭ ئېنىق يادىمدا تۇرىدۇ. لېكىن، سىز نېمە ئۈچۈن بىر قۇلغا، يەنە كېلىپ تىلسىزغا پارىژدىن ئۆي سېتىۋېلىشنى تاپشۇردىڭىز؟ ئۇ بىچارە ھەممە ئىشنى بۇزۇپ قويغاندۇر.

— ئۇنداق دەپ ئويلىماڭ. ئەكسىچە، مەن ئۇنىڭ ھەممە ئىشنى مېنىڭ دىتىمغا يارىشا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ھالبۇكى، ئۆزىڭىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، مېنىڭ دىتىم ھېچقانداق ئادەمنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇ، بۇ يەرگە بىر ھەپتە بۇرۇن كېلىپ بولغان. بۇ چاقىچە ئۇ، خۇددى ئۆزى يالغۇز ئوۋغا چىققان سەزگۈر تايغانغا ئوخشاش، پۈتۈن شەھەرنى

ئايلىنىپ تەكشۈرۈپ چىققاندۇر. ئۇ، مېنىڭ خاھىشىمنى، دىتىمنى ۋە تەلەپلىرىمنى چۈشىنىدۇ. شۇڭا، ھەممە نەرسىنى مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىدەك ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇ، مېنىڭ بۈگۈن ئەتىگەن سائەت ئوندا كېلىدىغانلىقىمنى بىلەتتى ۋە سائەت توققۇزدىن باشلاپ مېنى فونتىنېبلو قاراۋۇلخانىسىنىڭ ئالدىدا كۈتۈپ تۇرغانىكەن. ئۇ ماڭا مۇنۇ بىر ۋاراق قەغەزنى بەردى. بۇ مېنىڭ يېڭى ئادرېسىم، مانا كۆرۈپ بېقىڭ.

مونتې - كرىستو ئالبېرغا بىر ۋاراق قەغەزنى بەردى.

— «يېلىسەي كوچىسى، 30 - قورۇ»، — دەپ ئوقۇدى ئالبېر.

— پاھ، بۇ قالتىس جاي! — دېۋەتتى بوشان.

— ھەقىقىي بەگلەرگە يارايدىغان جاي! — دەپ قوشۇپ قويدى شاتو - رېنو.

— سىز راستىنلا ئۆزىڭىز چۈشىدىغان ئۆينى تېخى كۆرۈپ باقمىدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى دېبرې.

— كۆرمىدىم، — دېدى مونتې - كرىستو، — مەن بايا دېدىمغۇ، بەلگىلەنگەن سائەتكە كېچىكىپ قېلىشنى خالىمىدىم. شۇڭا، پەيتۇنىڭ ئىچىدىلا كىيىملىرىمنى يەڭگۈشلىۋېلىپ، مورسېرنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندىلا پەيتۇندىن چۈشتۈم.

يىگىتلەر بىر - بىرىگە قارىشىپ قالدى. ئۇلار مونتې - كرىستونىڭ چىن گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى ياكى ئوينىشىۋاتقانلىقىنى چۈشىنەلمىدى. لېكىن، بۇ كىشىنىڭ سۆزلىرى ھەرقانچە غەلىتە بولسىمۇ، ئۇ شۇنداق تەبىئىي يوسۇندا سۆزلەۋاتاتتىكى، ئۇنى يالغان گەپ قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلاشقا بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يالغان گەپ قىلىشتا نېمە زۆرۈرىيەت بولسۇن؟

— ئۇنداق بولسا، — دېدى بوشان، — بىز گرافقا بەزى ئۇششاق - چۈششەك ئىشلاردىلا ياردەم كۆرسىتەلەيدىكەنمىز. مەن مۇخبىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن پارىژدىكى ھەممە تىياتىرخانىلارغا باشلاپ كىرەلەيمەن.

— تەشەككۈر سىزگە، — دېدى مونتې - كرىستو كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، — مەن ئۆزۈمنىڭ غوجىدارىمغا ھەر بىر تىياتىرخانىدىن بىردىن لوژا سېتىۋېلىشنى بۇيرۇغانىدىم.

— غوجىدارىڭىزمۇ ئاشۇنداق قارا تەنلىك ۋە تىلسىزمۇ؟ — دەپ سورىدى دېبرې.

— ياق. ئەگەر كورسىكالىقنى بىر كىشىنىڭ ۋەتەندىشى دېيىشكە مۇمكىن بولسا، ئۇ سىلەرنىڭ ۋەتەندىشىڭلار. سىز ئۇنى كۆرگەنغۇ، مورسېر ئەپەندى.

— بۇ، ھېلىقى، شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن دېرىزىلەرنى سېتىۋالالايدىغان ھۆرمەتلىك بېرتۇچچو ئەپەندىمۇ؟

— دەل شۇنىڭ ئۆزى. سىز ئۇنى مېنىڭ ئۆيۈمدە تاماققا داخىل بولغان ۋاقتىڭىزدا كۆرگەنىدىڭىز. ئۇ ياراملىق ئەزىمەت. ئەسكەرمۇ بولغان، ئەتكەسچىمۇ بولغان. قىسقىسى، ھەممە ئىشلارنى ئانچە - مۇنچە قىلىپ كۆرگەن. مەن ئۇنىڭ ئۆتمۈشىگە كاپالەتلىك قىلالمايمەن. ئۇنىڭ ھەتتا بىر چاغلاردا ئادەمگە پىچاق سېلىشتەك بىر ئەرزىمىگەن ئىش ئۈچۈن ساقچىلار بىلەن ئاداۋەتتە بولۇپ قالغان ئىشلىرىمۇ بولغان بولۇشى مۇمكىن.

— شۇنداق تۇرۇپ، سىز يەنە قورقماستىن مۇشۇنداق بىر مۆمىن پۇقرانى ئۆزىڭىزگە غوجىدار قىلىۋالدىڭىزمۇ، گراف؟ — دەپ سورىدى دېبرې، — ئۇ، يىلىغا قانچىلىك پۇلىڭىزنى ئوغرىلاپ تۇرۇۋاتقاندۇر؟

— ھەق گەپنى قىلغاندا، ئوغرىلىسىمۇ باشقا ھەرقانداق خىزمەتكارنىڭ ئوغرىلايدىغىنىدىن ئاشۇرۇۋەتمەيدۇ.

لېكىن، ئۇ ماڭا يارايدۇ. ئۇ، ئادەمنىڭ تۇرپى يەتمەيدىغان ئىشلار بار دېگەننى ئېتىراپ قىلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن ئۇنى ئىشلىتىۋاتىمەن.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى شاتو - رېنو، — سىزنىڭ ئىگىلىك ئىشلىرىڭىز سەرەمجانلىشىپ بوپتۇ. يېلىسەي كوچىسىدا ئۆيىڭىز بار ئىكەن، خىزمەتكارلىرىڭىز ۋە غوجىدارلىرىڭىزمۇ بار ئىكەن. ئەمدى سىزگە بىر ئاشنا تېپىپ بەرسەكلا بولىدىكەن.

ئالبېر كۈلۈپ قويدى. ئۇ، ۋاللى ۋە ئارجېنتىنا تىياتىرخانىلىرىدا گراف بىلەن بىر لوژادا ئولتۇرغان، مىللىتى ئالبانمۇ، گرېكمۇ، پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان ھېلىقى ساھىبجامالنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى.

— مېنىڭ قولۇمدىكى ئاشنىلاردىن تۈزۈكرەك، — دېدى مونتې - كرىستو، — مېنىڭ بىر قۇلۇم بار. سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ ئاشنىلىرىڭلارنى ئوپېرا، ۋودېۋىل، ۋارىيېت تىياتىرخانىلىرىدىن تېپىپ كېلىسىلەر. مەن بولسام، ئۆزۈمنىڭكىنى كونستانتىنوپولدا سېتىۋالغان. بۇ، ماڭا خېلىلا قىممەتكە توختىدى. لېكىن، ئەمدى مېنىڭ بۇ جەھەتتىكى غېمىم تۈگىدى.

— لېكىن، سىز يادىڭىزدىن چىقىرىپ قويماڭ، — دېدى دېبرې كۈلۈپ كېتىپ، — بىز ئەركىن فرانكلار ۋە سىزنىڭ قۇلىڭىز فرانسىيە زېمىنىگە قەدەم قويغاندىن باشلاپ ئۆز ئەركىنلىكىگە ئىگە.

— بۇ گەپنى ئۇنىڭغا كىم ئېيتىپ قويار؟ — دەپ سورىدى مونتې - كرىستو.

— ئۇنى كۆرگەن ھەرقانداق بىر كىشى ئېيتىپ قويالايدۇ.

— ئۇ پەقەت يېڭى گرېك تىلىدىلا سۆزلىيەلەيدۇ.

— ھە، ئۇنداق بولسا باشقا گەپ.

— شۇنداق بولسىمۇ، بىزنىڭ ئۇنى كۆرەلىشىمىز مۇمكىنمۇ؟ — دېدى بوشان، — ياكى سىز تىلسىز قۇلدىن باشقا ئاختا قىلىنغان مەھرەملەرنىمۇ ئىشلىتەمسىز؟

— ياق، — دېدى مونتې - كرىستو، — مېنىڭ شەرقچە ئادەتلىرىم تېخى ئۇ دەرىجىگە يەتمىدى. مېنىڭ يېنىمدىكى ھەممە كىشىلەر خالىغان ۋاقىتتا مېنى تاشلاپ كېتىش ئەركىنلىكىگە ئىگە. ئەگەر ئۇلار شۇنداق قىلسا، ماڭىمۇ، باشقا بىرىگىمۇ بېقىندى بولمايدۇ. ئەنە شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى مېنى تاشلاپ كېتىشنى خالىمايدۇ.

سۆھبەتداشلار ئاللىقاچان تائامدىن كېيىنكى مېۋىلەرگە ۋە تاماكىلارغا تېگىش قىلغانىدى.

— قەدىرلىكىم، — دېدى دېبرې ئورنىدىن تۇرۇپ، — سائەت ئىككى يېرىم بوپتۇ. سىزنىڭ بۇ مېھمىنىڭىز ناھايىتى يېقىملىق كىشى ئىكەن. لېكىن، ھەرقانچە يېقىملىق بولغان ئۈلپەتچىلىكتىنمۇ ئايرىلىشقا ۋە ھەتتا يېقىملىق ئىشنى يېقىمسىز ئىشقا ئالماشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. مېنىڭ ۋازارەتكە بېرىشىم كېرەك. مەن گراف توغرۇلۇق مىنىستىر بىلەن سۆزلىشىپ باقاي. ئۇنىڭ زادى نېمە ئادەم ئىكەنلىكىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈش كېرەك - دە.

— ئۆزىڭىزگە ئاگاھ بولۇڭ، — دېدى مورسېر، — ئەڭ زېرەك كىشىلەرمۇ بۇ تېپىشماقنىڭ تېگى - تەكتىگە يېتىشتىن ۋاز كەچكەن.

— بىزدە ساقچى ئىشلىرىغا 3 مىليون ئاجرىتىلغان. توغرا، بۇ پۇللار بىرەر ئىش ۋۇجۇدقا چىقماي تۇرۇپلا سەرپ قىلىنىپ بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ، بۇ ئىشنى ئېنىقلاش ئۈچۈن قانداقلا بولمىسۇن، 50 مىڭ فرانكنى ئاجرىتالايمىز.

— ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكى ئېنىقلانغاندىن كېيىن ماڭا سۆزلەپ بېرەرسىز؟ — دەپ سورىدى مورسېر.

— چوقۇم سۆزلەپ بېرىمەن. خەير - خوش، ئالبېر. جانابلار، خۇشۋاقت بولۇڭلار.

دېبرې ئىشىكتىن تاشقىرىغا چىققاندىن كېيىن قاتتىق ۋارقىرىدى:

— پەيتۇننى كەلتۈرۈڭلار!

— ئەھۋالدىن قارىغاندا، — دېدى بوشان ئالبېرغا، — مەن ئەمدى پالاتاغا بارالمايمەن. لېكىن، مەن ئۆز كىتابخانلىرىمغا جانابىي دانگلارنىڭ نۇتقىدىن خېلىلا قىزىقارلىق بولغان بىر خەۋەرنى يەتكۈزىدىغان بولدۇم.

— خۇدا ھەققى، بوشان، — دېدى مورسېر، — بۇ ھەقتە ھېچنېمە يازماي تۇرۇڭ. مېنىڭ ئۇنى تونۇشتۇرۇش ئىمتىيازىمنى يوققا چىقىرىۋەتمەڭ. قىزىقارلىق ئادەم - ھە، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— ئۇنىڭ ئۈستىگە، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلدى شاتو - رېنو، — بۇ كىشى مەن كۆرگەن ھەممە ئادەملەرنىڭ ئىچىدە بىر ئاجايىپ خىسلەتلىك ئادەم ئىكەن. سىزمۇ قايتامسىز، موررېل؟

— مانا، ھازىر. مەن گرافقا كارتوچكامنى بېرىپ قوياي. ئۇ شۇنداق ئىلتىپاتلىقكى، مېلې كوچىسىدىكى 14 - ئۆيگە مېھمان بولۇپ بېرىشقا ۋەدە قىلدى.

— مەن چوقۇم بارىدىغانلىقىمنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلەيمەن، — دەپ جاۋاب بەردى گراف ئۇنىڭغا تەزىم قىلىپ.

ماكسىمىلىيان بارون شاتو - رېنو بىلەن بىرلىكتە چىقىپ كەتتى. مونتې - كرىستو بىلەن مورسېر ئىككىسى يالغۇز قالدى.

ئون بىرىنچى باب

دەسلەپكى كۆرۈشۈش

ئالبېر مونتې - كرىستو بىلەن يالغۇز قالغاندىن كېيىن شۇنداق دېدى:

— گراف، ئەمدى سىزگە مەندەك بىر بويتاقنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى بىر قۇر تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈشكە ئىجازەت قىلغايسىز. سىز ئىتالىيە سارايلىرىغا ئۆگىنىپ قالغان. شۇڭا، بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە ئانچە يامان ئەمەس تۇرمۇش كەچۈرىدىغان بىر ياش پارىژلىقنىڭ قانچە كۋادرات فۇت يەردە تۇرىدىغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىش سىز ئۈچۈن قىزىقارلىق بولىدۇ. بىز بىر بۆلمىدىن يەنە بىر بۆلمىگە چىققاندا، مەن دېرىزىلەرنى ئېچىۋېتىمەن، بولمىسا سىز بۇ قىستاڭچىلىقتا نەپەس ئالالماي قالىسىز.

مونتې - كرىستو تاماقخانا بىلەن پەستىكى مېھمانخانىنى كۆرۈپ بولغانىدى. ئالبېر ئەڭ ئاۋۋال ئۇنى ئۆزىنىڭ كۆرگەزمە ئۆيىگە باشلاپ كىردى. سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۇ ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئۆيى ئىدى. مونتې - كرىستو ئالبېرنىڭ بۇ ئۆيگە جۇغلىغان ھەممە نەرسىلىرىنىڭ مۇناسىپ باھالىغۇچىسى ئىدى: قەدىمكى لوڭقىلار، ياپونىيىنىڭ چىنە - قاچىلىرى، شەرق ئەللىرىنىڭ گەزلىمە رەختلىرى، ۋېنېتسىيە ئەينىكى، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ قورال - ياراقلىرى — بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا تونۇش ئىدى ۋە ئۇ بىر قاراش بىلەنلا بۇلارنىڭ قاچان ۋە

قايسى مەملىكەتتە ياسالغانلىقىنى ھەم كىلىپ چىقىشىنى سۆزلەپ بېرەتتى. مورىسېر دەسلەپىدە بۇ نەرسىلەرنى ئۆزى چۈشەندۈرمەكچى بولدى، لېكىن ئەمەلىيەتتە شۇنداق بولۇپ چىقتىكى، ئۇنىڭ ئۆزى گرافنىڭ ئاغزىدىن ئارخېئولوگىيە، مىنېرالوگىيە ۋە تەبىئىي پەنلەر تارىخىدىن دەرس ئاڭلاپ چىقتى. ئۇلار ئىككىنچى قەۋەتكە چۈشتى. ئالبېر ئۆزىنىڭ مېھمىنىنى مېھمانخانا ئۆيگە باشلاپ كىردى. تاملارغا ھازىرقى زامان رەسساملىرى سىزغان رەسىملەر ئېسىلغانىدى. بۇ يەردە دىيۇپرې تەرىپىدىن سىزىلغان تەبىئەت مەنزىرىلىرى: ئېگىز ئۆسكەن قومۇشلار، نەپىس بوي تارتقان دەرەخلەر، مۆرەپ تۇرغان كالىلار ۋە سۈزۈك ئاسماننىڭ كۆرۈنۈشلىرى بار ئىدى؛ دېلاكروئانىڭ قولى بىلەن سىزىلغان ئەرەبلەرنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى ئۇزۇن ئاق تون كىيىپ، بېلىگە رەڭدار بەلباغلارنى باغلاپ، قوللىرىدا قورال - ياراق تۇتقان ھالدا تۇرۇشىدۇ، ئاتلار جەڭگە ئىنتىلىپ تىپچەكلىمەكتە، ئادەملەر گۈرزىلەر بىلەن ئۇرۇشماقتا؛ بۇلانژې سۇ بوياق بىلەن سىزىپ چىققان «پارىژ ئىبادەتخانىسى» شۇنداق جانلىق تەسۋىر قىلىنغانىدىكى، بۇ رەسىمنى شائىر بىلەن تەڭلەشتۈرۈش مۇمكىن ئىدى؛ دىياسنىڭ ماي بوياق بىلەن سىزىلغان رەسىملىرى بار ئىدى، بۇنىڭدىكى گۈللەر ھەقىقىي گۈللەردىنمۇ كۆركەم، بۇنىڭدىكى قۇياش ئاسماندىكى قۇياشتىنمۇ پارلاق ئىدى؛ بۇ يەردە يەنە دېكاننىڭ پارچە رەسىملىرىمۇ بولۇپ، بۇلار سالۋاتور روزانىڭ رەسىملىرىدىن قېلىشمايتتى، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ شائىرانە ئىدى؛ ژىرو ۋە مېيۇللېر بوياق قېرىنداش بىلەن سىزىپ چىققان پەرىشتە قىياپىتىدىكى باللار ۋە مەسۇم چىراي ئاياللارمۇ بار ئىدى؛ دوزىنىڭ شەرق ھاياتىغا ئائىت رەسىملەر توپلىمىدىن چىقىرىۋېلىنغان ۋاراقلار بار ئىدى، بۇلار — دوزىنىڭ تۆگە ئۈستىدە ياكى مەسچىت راۋىقىنىڭ تېگىدە ئولتۇرۇپ، قېرىنداش بىلەن بىرنەچچە

سېكۇنت ئىچىدە سىزىپ چىققان تېز سىزما رەسىملىرى ئىدى، قىسقىسى، ئۆتكەن ئەسىرلەرنىڭ گۇمران بولغان ۋە ئۇنتۇلغان سەنئەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ئورنىغا ھازىرقى زامان سەنئىتى بېرەلىشى مۇمكىن بولغان ھەممە نەرسىلەر بار ئىدى.

ئالبېر بۇ غەلىتە چەت ئەللىكنى ئەمدى بولسىمۇ بىرەر نەرسە بىلەن تاڭ قالدۇرۇشقا ئۈمىد باغلىغانىدى، ئەمما ئۇ ئۆزى ھەيرەت ئىچىدە قالدى. چۈنكى گراف رەسىملەرنىڭ ئىمزاسىنى ئوقۇماستىنلا بىر قاراش بىلەن ھەر بىر رەسىمنىڭ ئىجادكارىنىڭ ئىسمىنى ئېيتاتتى. يەنە شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولاتتىكى، ئۇ ئىسىملارنى بىلىش بىلەنلا قالماي، بۇ رەسساملارنىڭ ھەر بىرىنىڭ تالانتىنى باھالاش ۋە تەتقىق قىلىپ چىقىشقىمۇ ئۈلگۈرگەنىدى.

ئۇلار مېھمانخانىدىن ياتاق ئۆيگە ئۆتۈشتى. بۇ ئۆي كۆركەملىك ۋە سەرەمجانلىقنىڭ نامايەندىسى ئىدى. بۇ يەردە قېنىق ئالتۇن رەڭلىك رامكىغا ئېلىنغان پەقەت بىرلا سۈرەت ئېسىقلىق بولۇپ، ئۇنىڭ تېگىگە لېئوپولد روبېرنىڭ ئىمزاسى قويۇلغانىدى. بۇ سۈرەت دەرھال گراف مونتې - كرىستونىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى. ئۇ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئالدىراپ كېلىپ سۈرەتنىڭ ئالدىدا توختىدى. بۇ، سۈزۈلگەن قاپاقلىرى ئاستىدىن يالقۇنلۇق كۆزلىرى قاراپ تۇرغان 25 ياشلار چامىسىدىكى بۇغداي ئۆڭلۈك ئايالنىڭ سۈرىتى ئىدى. ئۇ، ئۇچىسىغا كاتالان بېلىقچى ئاياللىرىنىڭ قىزىل ۋە قارا ئارىلاش رەڭدار كۆڭلىكىنى كىيگەن بولۇپ، چاچلىرىغا ئالتۇن چازىلار قىستۇرۇلغان، كۆزلىرى دېڭىزغا قارىتىلغانىدى. سۈمباتلىق بوي تۇرقى ئاسمان ھەم دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ كۆپكۆك پايانىدا روشەن تەسۋىرلىنىپ تۇراتتى.

خانا ئىچى غۇۋا قاراڭغۇ ئىدى. ئۇنداق بولمىغاندا، ئالبېر

گرافنىڭ چىرايىنىڭ گوياكى ھاياتىدىن ئايرىلىۋاتقاندەك تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ يەلكىلىرى ۋە كۆكرىكى ئەسەبىيلىك بىلەن تىترەپ كەتكەنلىكىنى بايقىغان بولاتتى. بىر ئەسناغىچە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. مونتې - كرىستو بۇ سۈرەتتىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى.

— سىزنىڭ مەھبۇبىڭىز گۈزەل ئىكەن، ۋىكونت، — دېدى ئۇ ئاخىرى تامامەن خاتىرجەملىك بىلەن، — ئېھتىمال، بۇ ئۇنىڭ سەنئەت كىيىمى بولسا كېرەك، ئۇنىڭ ئۆزىگە بەك يارىشىپتۇ.

— ئەگەر بۇ سۈرەتنىڭ يېنىدا تۇرۇشقا تېگىشلىك بولغان يەنە بىر سۈرەتنى كۆرگەن بولسىڭىز، مەن سىزنىڭ بۇ خاتالىقىڭىزنى كەچۈرمىگەن بولاتتىم، — دېدى ئالبېر، — سىز مېنىڭ ئاپامنى تونۇمايسىز، گراف. بۇ مېنىڭ ئاپامنىڭ سۈرىتى. بۇ سۈرەت ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ خاھىشى بىلەن يەتتە - سەككىز يىل ئىلگىرى سىزدۇرۇلغان. ئۇنىڭ بۇ كىيىمى، ئېھتىمال، ئويلاپ چىقىرىلغان بولسا كېرەك. لېكىن، بۇ ناھايىتى جانلىق سىزىلغان. مەن بۇ سۈرەتكە قارىسام گويا ئاپامنىڭ 1830 - يىلىدىكى ۋاقتىنى كۆرگەندەك بولىمەن. ئاپام بۇ سۈرەتنى دادامنىڭ سىرتقا چىقىپ كەتكەن ۋاقتىدا سىزدۇرغانىدى. ئېھتىمال، ئۇ دادامنى ھەيران قالدۇرۇشنى ئويلىغان بولسا كېرەك. بىراق، دادام نېمە ئۈچۈندۇر بۇ سۈرەتنى ياقتۇرمىدى، ھەتتا رەسسامنىڭ شۇنچىلىك ماھارىتىمۇ ئۇنى قايىل قىلالمىدى. ۋەھالەنكى، بۇ لېئوپولد روبېرنىڭ ئەڭ ياخشى سىزىلغان رەسىملىرىنىڭ بىرى. بۇ گەپ ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىلا قالسۇن، راستىنى ئېيتقاندا، گراف مورسېر ليۇكسېمبۇرگ سارىيىدا ھوقۇق تۇتقان ئەڭ ئابرويلۇق پېرلارنىڭ بىرى بولسىمۇ، ھەربىي ئىشلارنىڭ ئاتاقلىق مۇتەخەسسىسى بولسىمۇ، لېكىن سەنئەتكە بولغان چۈشەنچىسى بەك تۆۋەن. ئەمما، ئاپام

سەنئەتنى چۈشىنىدۇ ۋە ئۆزىمۇ رەسىمنى ياخشى سىزىدۇ. ئۇ، شۇنچە يۈكسەك ماھارەت بىلەن سىزىلغان بۇ سۈرەتنى ئىنتايىن قەدىرلەيدۇ ھەمدە بۇ سۈرەتتىن مەڭگۈگە ئايرىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن ۋە ئۇنى دادامنىڭ كۆزىگە تولا چېلىقتۇرماسلىق ئۈچۈن بۇنى ماڭا بېرىۋەتتى. دادامنىڭ گىرو تەرىپىدىن سىزىلغان سۈرىتىنىمۇ ھازىر سىزگە كۆرسىتىمەن. مېنىڭ سىزگە ئائىلە ئىچىدىكى مۇنداق ئۇششاق گەپلەرنى قىلىۋاتقىنىمنى ئەپۇ قىلارسىز. لېكىن مەن سىزنى ھازىر دادامنىڭ يېنىغا باشلاپ كىرىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئالدىدا ئاپامنىڭ سۈرىتىنى ماختاپ قويماڭ دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇۋاتىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇنداق گەپلەر ئاپامغىمۇ ناھايىتى يامان تەسىر قىلىدۇ. ئۇ مېنىڭ ئۆيۈمگە كىرگەن چاغلىرىدا بۇ سۈرەتكە قارىسىلا كۆزلىرىگە ياش ئالىدۇ. ئومۇمەن، دادام بىلەن ئاپامنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇشۇ سۈرەت مەسىلىسىدىن يۈز بەرگەن شۇ رەنجىشنى ھېسابقا ئالمىغاندا باشقا ھېچقانداق گەپ يوق. ئۇلارنىڭ ئەر - خوتۇن بولغىنىغا 20 يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، ئۇلار خۇددى تويىنىڭ دەسلەپكى كۈنىدەكلا ئىناق ئۆتۈۋاتىدۇ.

مونتې - كرىستو گويا بۇ سۆزلەرنىڭ يوشۇرۇن مەنىسىنى كۆرمەكچى بولغاندەك ئالبېرغا ئىنتىكلا بىر قارىدى. لېكىن، بۇ يىگىتنىڭ پۈتۈنلەي سەمىمىيلىك بىلەن گەپ قىلىۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— ئەمدى، گراف، — دېدى ئالبېر، — سىز مېنىڭ بارلىق مۈلكىمنى كۆرۈپ بولدىڭىز. بۇلار گەرچە مۇشۇنداق ئاددىي نەرسىلەر بولسىمۇ، سىزنىڭ ئىختىيارىڭىزغا تاپشۇرىمەن ھەمدە بۇ ئۆينى ئۆزىڭىزنىڭ ئۆيىڭىزدەك كۆرۈشىڭىزنى سورايمەن. يەنىمۇ ياخشىراق ئۆزلىشىۋېلىشىڭىز ئۈچۈن مەن سىزنى جانابىي مورسېرنىڭ يېنىغا باشلاپ كىرىمەن. مەن تېخى رىمدىكى چې-

غىمدىلا ئۇنىڭغا سىزنىڭ ماڭا قىلغان ياخشىلىقىڭىز توغرىسىدا ۋە بىزگە مېھمان بولۇپ كېلىشكە ۋەدە بەرگەنلىكىڭىز توغرىسىدا خەت يېزىۋەتكەنىدىم. مېنىڭ ئاتا-ئانام سىزگە ئۆزلىرىنىڭ مىننەتدارلىقىنى ئىزھار قىلىش پۇرسىتىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. مەن بىلىمەن، گراف، سىز جاھاندارچىلىقتا پىشقان ئادەم، سىز شۇنچە كۆپنى كۆرگەن. شۇڭا، ئائىلە ئىشلىرى سىندباد-ساياھەتچىنى ئانچە تەسىرلەندۈرەلمەيدۇ. شۇنداقتىمۇ، مېنىڭ تەكلىپىمنى قوبۇل قىلىڭ ۋە بۇ ئىشنى پارىژ ھاياتىغا چۆكۈشنىڭ مۇقەددىمىسى دەپ قاراڭ. پارىژ ھاياتى پۈتۈنلەي نازاكەتلىك مۇئامىلە، مېھماندارچىلىق ۋە ئۆزئارا تونۇشۇشلاردىن تەركىب تاپقان.

مونتې-كرىستو ئۈنچىقماستىن تەزىم قىلدى. ئۇ، بۇ تەكلىپكە قارىتا يا خۇشال بولغانلىقىنى، يا خۇشال بولمىغانلىقىنى ئىپادىلىمىدى. قارىماققا، ئۇ بۇنى ھەرقانداق بىر ئەدەبلىك كىشى قىلىشقا تېگىشلىك بولغان جەمئىيەت قائىدىلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە كۆرۈپ قوبۇل قىلدى بولغاي. ئالبېر ئۆزىنىڭ خىزمەتكارىنى چاقىردى ۋە ئۇنىڭغا، گراف مورسېر بىلەن مورسېر خانىمغا گراف مونتې-كرىستونىڭ كىرىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىشنى بۇيرۇدى. ئالبېر بىلەن گراف خىزمەتكارنىڭ كەينىدىن مېڭىشتى. سىلەر گراف مورسېرنىڭ ئايۋىنىغا كىرسەڭلار ئەڭ ئالدى بىلەن ئىشىك ئۈستىگە ئورنىتىلغان قالقان شەكلىدىكى گېربىنى كۆرىسىلەر. بۇ گېربىنىڭ ئىنتايىن زىننەتلىك ياسالغانلىقى ۋە ئۆي ئىچىدىكى باشقا بېزەكلەرگە ماسلاشقانلىقى ۋە ئۆي ئىگىسىنىڭ بۇ گېربقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. مونتې-كرىستو قالقاننىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭغا دىققەت بىلەن قاراپ چىقتى.

— كۆك ئاسمان تەسۋىرىدە بىر-بىرىگە زەنجىرسىمان

تۇتاشقان ئالتۇن رەڭلىك يەتتە قارلىغاچ. بۇ سىلەرنىڭ ئائىلە گېربىڭلار بولسا كېرەك، ۋىكونت؟ — دەپ سورىدى ئۇ، — ئەگەر مېنىڭ گېرالدىك① شەكىللەر بىلەن تونۇشلۇقۇمنى ۋە گېربلارنى ئاز-تولا پەرق ئېتەلەيدىغانلىقىمنى ھېسابقا ئالمىغاندا، گېرالدىكا ئىلمىنى زادىلا بىلمەيمەن دېسەممۇ بولىدۇ. چۈنكى، مەن توسكانىدىن چىقىپ، تاسادىپىي گراف بولۇپ قالغان ئادەم ئەمەسمۇ. ئېھتىمال، مەن بۇ ئۇنۋاننى قوبۇل قىلمىغان بولار ئىدىم، لېكىن ئەلنىڭ گېپىگە قارىغاندا، تولا ساياھەت قىلىدىغان ئادەمگە بۇنداق بىر ئۇنۋان ناھايىتى كېرەكلىك ئىكەن. ھېچبولمىغاندا، تاموژنا ئەمەلدارلىرى يېنىڭىزنى ئاختۇرماسلىقى ئۈچۈن بولسىمۇ، پەيتۇننىڭ ئىشىكىگە بىرەر گېربنى تاقاپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇ-دە. شۇڭا، سىزگە بۇ سوئالنى بەرگەنلىكىمنى ئەپۇ قىلىڭ.

— بۇنىڭدا چۈشىنەلمىگۈدەك ھېچنەرسە يوق، — دەپ جاۋاب بەردى مورسېر ئۆز-ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا، — سىزنىڭ پەرىزىڭىز توغرا، بۇ بىزنىڭ گېربىمىز، يەنى دادامنىڭ نەسەب گېربى. لېكىن، بۇ گېرب، ئۆزىڭىز كۆرۈپ تۇرغاندەك، باشقا بىر گېرب بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن. بۇ گېربقا خورمارەڭ مەيداندىكى كۈمۈش مۇنارنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن. بۇ، مېنىڭ ئاپامنىڭ نەسەب گېربى. ئاپامنىڭ مىللىتى ئىسپان، لېكىن مورسېرلار ئۇرۇقى فرانسىيىگە تەئەللۇق. ئاڭلىشىمچە، مورسېرلار فرانسىيىنىڭ جەنۇبىدىكى ئەڭ قەدىمكى ئۇرۇقلارنىڭ بىرى ئىكەن.

— توغرا، — دېدى مونتې-كرىستو، — بۇ قارلىغاچلارغا قارىغاندا شۇنداق ئىكەن. مۇقەددەس يەرنى ئازاد قىلىشقا ئات-

---

① گېرالدىكا (گېربلارنى تەتقىق قىلىدىغان پەن) سۆزىنىڭ سۈپەت شەكلى.

لانغان قوراللىق پىدائىيلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يا كرېستنى، يا ئۇچار قۇشلارنى ئۆزلىرىنىڭ گېربى قىلىپ تاللىۋالغان. كرېست — ئۇلارنىڭ ئۆز ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپىسىنىڭ بەلگىسى، ئۇچار قۇشلار — ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى ئۇزۇن مۇساپىنىڭ ۋە بۇ مۇساپىنى ئۇلارنىڭ دىنىنى قانات قىلىپ بېسىپ ئۆتمەكچى بولغانلىقىنىڭ بەلگىسى. ئېھتىمال، سىزنىڭ ئاتا تەرەپ ئەجدادلىرىڭىزنىڭ ئىچىدە كرېست بەلگىلىك ئارمىيىنىڭ يۈرۈشلىرىدىن بىرىگە قاتناشقانلار بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار قاتناشقان يۈرۈشنى مۇقەددەس لىيۇدوۋىك باشچىلىقىدىكى يۈرۈش دەپ قارىساقمۇ، بۇ XIII ئەسىردىكى گەپ. بۇمۇ ئادەتتىكى گەپ ئەمەس.

— شۇنداق بولۇشى مۇمكىن، — دېدى مورسېر، — دادامنىڭ ئىشخانىسىدا بىزنىڭ شەجەرە دەپتىرىمىز بار. شۇ دەپتەرنى كۆرۈپ باقىدىغان بولساق، بۇ مەسىلە ئايدىڭلىشىدۇ. بىر چاغلاردا مەن ئۇنىڭغا ئىزاھات يېزىپ چىققانىدىم. ئەگەر ئوزىيې بىلەن ژوكۇر شۇ ئىزاھاتلارنى كۆرۈپ باققان بولسا، خېلى ئىبرەتلىك نەرسىلەرنى تاپقان بولاتتى. مەن ھازىر بۇ ئىشتىن زېرىكىپ قالدىم. شۇنداقتىمۇ، تونۇشتۇرغۇچىلىق سۈپىتىم بىلەن سىزگە ئېيتسام، بىزنىڭ دېموكراتىك ھۆكۈمىتىمىز ھازىر بۇنداق مەسىلىلەرگە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ.

— ئۇنداق بولسا، سىلەرنىڭ ھۆكۈمىتىڭلار ئۆزىنىڭ ئۆتمۈش تارىخىدىن بۇ ئىككى خاتىرە بەلگىسىگە قارىغاندا تۈزۈكرەك بىر نەرسە تاللىۋالسا بوپتىكەن. ھالبۇكى، بۇ ئىككى شەكىل ھەرقانداق گېرالدىكا مەنىسىگە ئۇيغۇن ئەمەس. ئەمدى، سىزنىڭ ئۆزىڭىزگە كەلسەك، ۋىكونت، سىز ئۆزىڭىزنىڭ ھۆكۈمىتىڭىزگە قارىغاندا بەختلىكرەك. چۈنكى سىلەرنىڭ گېربىڭلار ناھايىتى چىرايلىق ئىكەن ۋە كىشىدە كۈچلۈك تەسىرات قالدۇرىدىكەن. شۇنداق، سىز ھەم پروۋانسلىق، ھەم ئىسپانىيىلىك. بۇنى، مېنى شۇنچە ھەيرەتتە قالدۇرغان كاتالالىق خانىمنىڭ ئاجايىپ يېقىملىق بۇغداي ئۆڭلۈك چىرايىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

گرافنىڭ شۇنچە نازاكەتلىك بىلەن ئېيتىلغان بۇ سۆزلەرگە سىڭدۈرگەن كىنايىسىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئېدىپ ياكى سفىنكس بولۇش كېرەك ئىدى. شۇڭا، مورسېر كۈلۈمسىرەش بىلەن ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈردى ۋە ئالدىغا ئۆتۈپ يول كۆرسەتتى - دە، گېربىنىڭ ئاستىدىكى ئىشىكنى ئاچتى. سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۇ ئىشىك مېھمانخانا ئۆيگە ئېلىپ باراتتى. بۇ ئۆينىڭ ئەڭ كۆرۈنەرلىك جايىغا گېنېرالچە كىيىنگەن، 35 — 38 ياشلار چامىسىدىكى بىر ئەر كىشىنىڭ سۈرىتى ئېسىلغانىدى. ئۇنىڭ زەر بېسىلغان پاگونلىرىنىڭ بېزەكلىك بوغۇچلىرى ئېسىلىپ تۇراتتى. بۇ، ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنىڭ بەلگىسى ئىدى؛ ئۇنىڭ بويىنىغا «شەرەپلىك قوشۇن» كرېستى ئېسىلغانىدى. بۇ ئۇنىڭ قوماندان بولغانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى. كۆكرىكىگە يۇلتۇز شەكلىدىكى ئوردېنلار قادالغان، يەنى: ئوڭ تەرەپتە — «قۇتقۇزغۇچى» ئوردېنى، سول تەرەپتە — كارل III ئوردېنى. بۇنىڭدىن، بۇ رەسىمدىكى شەخسىنىڭ گرېتسىيىدە ۋە ئىسپانىيىدە ئۇرۇشقا قاتناشقانلىقىنى ياكى شۇ مەملىكەتلەردە بىرەر دىپلوماتىك پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولاتتى.

مونتې - كرىستو خۇددى ئاۋالقى سۈرەتنى كۆرگەندىكىدەك، بۇ سۈرەتكىمۇ زەن قويۇپ قاراپ تۇرغاندا، تۇيۇقسىزدىن يان تەرەپتىكى بىر ئىشىك ئېچىلدى ۋە گراف مورسېرنىڭ ئۆزى كىرىپ كەلدى. بۇ، 45 ياشلاردىكى بىر كىشى ئىدى، لېكىن بىر قاراشتا ئۇنى 50 ياشتىن كەم دېيىشكە بولمايتتى. ئۇنىڭ ھەربىيچىسىگە قىسقا قىرقىلغان چاچلىرى پۈتۈنلەي

دېگۈدەك ئاقىرىپ كەتكەن بولۇپ، قاپقارا بۇرۇت ۋە قاشلىرىدىن كەسكىن پەرقلىنىپ تۇراتتى. ئۇ، پۇقراچە كىيىنگەن بولۇپ، ئىزمىسىگە قادالغان كۆك رەڭلىك كىچىككىنە لېنتا ئۇنىڭغا تەقدىم قىلىنغان تۆرلۈك ئوردېنلاردىن دالالەت بېرەتتى. ئۇنىڭ بوي بەستى خېلى كېلىشكەنىدى. ئۇ ئىشىكتىن ئىنتايىن ئوچۇق چىراي ھالدا كىرىپ كەلدى. مونتې - كرىستو ئۇنىڭ ئالدىغا بىر قەدەممۇ چامدىمىدى. ئۇنىڭ پۇتلىرى گوياكى يەرگە چاپلىشىپ قالغاندەك تۇراتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرى گراف مورسېرنىڭ كۆزلىرىگە سانجىلىپ كىرىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

— دادا، — دېدى ئالبېر، — ئالىيجاناب دوستىمىز گراف مونتې - كرىستونى سىزگە تونۇشتۇرۇش شەرىپىگە مۇيەسسەرمەن. سىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، مەن ئىنتايىن خەتەرلىك بىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان پەيتتە ئۇ مېنىڭ ئالدىمغا كەلگەنىدى.

— گراف بىزنىڭ ئارزۇلۇق مېھمىنىمىز، — دېدى گراف مورسېر، كۈلۈمسىرىگەن ھالدا مونتې - كرىستوغا قاراپ، — ئۇ بىزنىڭ يېگانە ۋارىسىمىزنى قوغداپ قالدى. بىز ئۇنىڭ بۇ ياخشىلىقىنى مەڭگۈ ئۇنۇتمايمىز.

شۇ گەپلەر بىلەن گراف مورسېر مونتې - كرىستوغا كرېسلونى كۆرسىتىپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى ۋە ئۆزىمۇ ئۇنىڭ قارشى ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇردى. مونتې - كرىستو، گرافنىڭ ھارغىنلىق چىقىپ تۇرغان تەشۋىشلىك چىرايىغا قاراپ، ئۇنىڭ مەزگىلسىز قورۇقلىرىغا پۈتۈلگەن مەخپىي ئازابلار قىسسىسىنى ئوقۇش ئۈچۈن ئۆزىنى كەڭ دۇخاۋا پەردىلەرنىڭ كۆلەڭگىسىگە ئېلىپ ئولتۇردى.

— ئالبېر سىزنىڭ كىرىدىغانلىقىڭىزنى خەۋەر قىلىپ ئادەم كىرگۈزگەندە گراف خانىم تېخى كىيىنىۋاتقانىدى، — دېدى مورسېر، — ئون مىنۇتتىن كېيىن ئۇمۇ بۇ يەردە بولىدۇ.

— مەن پارىژغا كەلگەن كۈنۈمدىلا سىزدەك بىر شان-شۆھرىتى كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىگە مۇناسىپ بولغان زات بىلەن تونۇشتۇم. بۇ، مەن ئۈچۈن زور شەرەپ، — دېدى مونتې - كرىستو، — سىزگە شۇنچە پەۋقۇلئاددە ئادىللىقنى كۆرسەتكەن تەقدىر ئەمدى يەنە مېتىدژى دالالىرىدا ياكى ئاتلاس تاغلىرىدا سىزگە مارشاللىق ئۇنۋانىنىمۇ تەييارلاپ تۇرغاندۇر؟

— يوقسۇ، ئۇنداق ئەمەس، — دېدى مورسېر بىر ئاز يۈزى قىزارغان ھالدا، — مەن ھەربىي خىزمەتتىن ئىستېپا بەردىم، گراف. پادىشاھلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش دەۋرىدە مەن پېر دەرىجىسىگە ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىن، مارشال بۇرمونىنىڭ رەھبەرلىكىدە دەسلەپكى يۈرۈشلەرگە قاتناشتىم. شۇڭا، ئالىي قوماندانلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلىنىشتىن ئۈمىد كۈتكەنىدىم. بىراق، ئىيۇل ئىنقىلابىي ئۇتۇقلۇق ئەمەلگە ئاشتى ھەمدە ئىمپېراتور دەۋرىگە تەئەللۇق بولغان ھەممە تۆھپىلەرنى چەتكە قاقتى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئىستېپا بېرىشكە مەجبۇر بولدۇم. ماڭا ئوخشاش جەڭ مەيدانلىرىدا ئۇنۋانغا ئېرىشكەن ئادەم مېھمانخانىلارنىڭ سىلىق تاختايلىرى ئۈستىدە ماھارەت كۆرسىتىپ ئۇستاتلىق قىلالمايدىكەن. مەن ھەربىي خىزمەتنى تاشلاپ، سىياسىي ئىشلار ۋە سانائەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدىم، تۇرمۇش بۇيۇملىرى سەنئىتىنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشتىم. مەن بۇرۇندىنلا بۇنداق ئىشلارغا قىزىقاتتىم، لېكىن ھەربىي سەپتە يىگىرمە يىل خىزمەت قىلىش جەريانىدا بۇ ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشقا ۋاقىت چىقىرالمىغانىدىم.

— سىلەرنىڭ باشقا مىللەتلەرگە نىسبەتەن ئارتۇقچىلىقىڭلار ئەنە شۇنىڭدا، گراف، — دېدى مونتې - كرىستو، — سىز بىر ئابرويلۇق ئۇرۇقنىڭ ئەۋلادى، چوڭ بايلىقنىڭ ئىگىسى بولۇپ تۇرۇپمۇ، يەنە خىزمىتىڭىزنىڭ ئۆستۈرۈلۈشىنى ئاددىي ئەس-

كەرلىكتىن باشلىدىڭىز. بۇ كەم ئۇچرايدىغان ئەھۋال. سىز گېنېرال بولغاندىن كېيىنمۇ، فرانسىيىنىڭ پېرى بولغاندىن كېيىنمۇ، «شەرەپلىك قوشۇن» ئوردېنىغا ئېرىشكەندىن كېيىنمۇ يەنىلا يېڭى كەسىپلەرنى ئۆگىنىشنى باشلاپسىز. سىزنىڭ بۇنداق قىلىشىڭىز مۇكاپاتلارنى كۆزلىگەنلىكتىن ئەمەس، بەلكى ئۆزىڭىزنىڭ يېقىن كىشىلىرىڭىزگە مەنپەئەت يەتكۈزۈش يۈزىسىدىن بولۇۋاتىدۇ... ھە، بۇ بىر پەزىلەت، ياق، بۇنداق دېيىش يېتەرلىك ئەمەس، بۇ بىر ئاجايىپ خىسلەت.

ئالبېر ئۇنىڭغا قاراپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تەئەججۇپ ئىچىدە تىڭشاپ ئولتۇراتتى. ئۇ، مونتې - كرىستونىڭ مۇنداق قىزغىن مۇئامىلىسىنى كۆرۈشكە ئادەتلەنمىگەنىدى.

— ئەپسۇسكى، بىز ئىتالىيە كىشىلىرى ئۇنداق ئەمەس، — بۇ ئەجنەبىي ئۆزىنىڭ سۆزلىرىدىن مورسېرنىڭ چىرايى بىر ئاز تۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ گەپنى باشقا تەرەپكە بۇرىماقچى بولغاندەك قىلىپ يەنە سۆزلەشنى داۋاملاشتۇردى، — بىز ئۆزىمىزنىڭ نەسلىمىزگە خاس ھالدا ئۆسۈپ، ئۆمۈر بويى بىرخىل كەسىپىمىزنىلا، بىرخىل قىياپىتىمىزنىلا ساقلاپ قالىمىز. شۇڭا، كۆپىنچە ھاللاردا ھېچكىمگە پايدا - مەنپەئەت يەتكۈزمەستىن ئۆتۈپ كېتىمىز.

— لېكىن، سىزدەك بىر ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىتالىيە مۇۋاپىق يۇرت ئەمەس، — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى گراف مورسېر، — فرانسىيە كەڭ قۇچاق ئېچىپ سىزنى قارشى ئالىدۇ. ئۇنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇڭ. فرانسىيە ھەممە كىشىلەرگە بىپەرۋالىق قىلىۋەرمەيدۇ. ئۇ گەرچە ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىپ كېتەلمىسىمۇ، ئادەتتە چەتئەل كىشىلىرىنى ياخشى قارشى ئالىدۇ.

— دادا، سىز گراف مونتې - كرىستونى چۈشەنمەيسىز، —

ئالبېر كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى، — ئۇنىڭ خاھىشلىرى بىز ياشاۋاتقان دۇنيانىڭ سىرتىدا. ئۇ، ئاتاق - ئابروينى ئارزۇ قىلمايدۇ، ئاتاق - ئابروينى پەقەت پاسپورتىدا پاتقۇدەك ھەجىمدىلا قوبۇل قىلىدۇ.

— مانا بۇ مەن توغرۇلۇق ئېيتىلغان ئەڭ دۇرۇس پىكىر بولدى، — دەپ ئۆز ئىپادىسىنى بىلدۈردى مونتې - كرىستو.

— گراف ئۆز ھاياتىنى ئۆز مەيلىچە ئورۇنلاشتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغانىكەن، — دېدى گراف مورسېر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — ئۇ ھاياتتىكى گۈل - چىمەنگە پۈركەلگەن يولنى تاللىۋاپتۇ.

— تامامەن توغرا، — دەپ جاۋاب بەردى مونتې - كرىستو كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ. ھالبۇكى، ئۇنىڭ بۇ كۈلۈمسىرىشىنى ھېچقانداق رەسساممۇ ئەينەن سۈرەتلەپ بېرەلمەس ئىدى ۋە ھېچقانداق ئىنسانشۇناسمۇ ئۇنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بېرەلمەس ئىدى.

— ئەگەر مەن سىزنىڭ چارچاپ قېلىشىڭىزنى دېمىسەم، سىزنى ھازىر پالاتاغا باشلاپ بارغۇم بار، — دېدى گېنېرال. ئۇنىڭ بۇ مېھماننىڭ مۇئامىلىسىدىن زوقلىنىپ تۇرغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، — بۈگۈنكى يىغىن، بىزنىڭ ھازىرقى ئەربابلىرىمىز بىلەن تونۇشلۇقى بولمىغان ھەرقانداق كىشى ئۈچۈن قىزىقارلىق بولىدۇ.

— ئەگەر سىز مېنى ئۇ يەرگە باشقا بىر كۈنى بېرىشقا تەكلىپ قىلسىڭىز مەن تولىمۇ خۇرسەن بولىمەن. لېكىن، بۈگۈن مەن مورسېر خانىمغا تونۇشلۇق بېرىشنى ئويلاۋاتىمەن. شۇڭا، مەن ئۇ چىققۇچە كۈتۈپ تۇراي.

— مانا، ئاپاممۇ چىقتى! — دەپ خىتاب قىلدى ۋىكونت.

— مونتې - كرىستو ئىتتىكلا ئارقىغا بۇرۇلۇپ، بوسۇغىدا

تۇرغان مورسېر خانىمنى كۆردى. ئۇ، ئېرى كىرىپ كەلگەن ئىشىكنىڭ قارشى تەرىپىدىكى ئىشىكنىڭ ئالدىدا ھەرىكەتسىز ھەم چىرايى تاتىرىپ كەتكەن ھالدا تۇراتتى. مونتې - كرىستو ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ قارىغاندا، ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر ئىشىكنىڭ ئالتۇن رەڭدە سىرلانغان تۇتقۇچىغا تايىنىپ تۇرغان قولىنى تۆۋەنگە چۈشۈردى. ئۇ، شۇ جايدا بىر نەچچە سېكۇنتقىچە تۇرغان بولۇپ، مېھماننىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنى ئاڭلىغانىدى. مېھمان ئورنىدىن تۇردى ۋە گراف خانىمغا چوڭقۇر تەزىم قىلدى. گراف خانىم ئۇنىڭغا ئۈن چىقارماستىن قائىدە - يوسۇنلۇق تەزىم بىلەن جاۋاب قايتۇردى.

— نېمە بولدىڭىز، خانىم؟ — دەپ سورىدى گراف مورسېر، — تاۋىڭىز يوقمۇ؟ يا بۇ ئۆي بەك ئىسسىقمىكەن؟

— ئاپا، ئاغرىپ قالدىڭىزمۇ؟ — دەپ خىتاب قىلدى ۋىكونت، مېرسېدېسنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ.

مېرسېدېس ئۇلارغا تەبەسسۇم بىلەن تەشەككۈر ئەيلىدى.

— ياق، — دېدى ئۇ، — پەقەت گرافنى كۆرۈش بىلەن بىرئاز يۈرىكىم ئېچىپ قالدى. ئەگەر ئۇ بولمىسا، بىز ھازىر قايغۇ ۋە مۇسىبەتتە قالغان بولماتتۇق. گراف، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئۇ، خانىشلارچە ئۇلۇغۋارلىق بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، — سىز ئوغلۇمنىڭ ھاياتىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدىڭىز. بۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن قەلبىم بىلەن سىزگە دۇئا قىلىمەن. مەن ئاخىرى سىزگە ئۆزۈمنىڭ مىننەتدارلىقىمنى يەتكۈزەلىگەنلىكىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلىۋاتىمەن.

گراف تېخىمۇ چوڭقۇرراق ئېگىلىپ تەزىم قىلدى ۋە مېرسېدېستىنمۇ بەكرەك تاتىرىپ كەتتى.

— سىزنىڭ بەكمۇ كۆڭلىڭىز يۇمشاق ئىكەن، گراف خانىم، — دېدى ئۇ ئادەتتىن تاشقىرى مۇلايىملىق ۋە ئادەتتىن تاشقىرى ھۆرمەت بىلەن، — مەن ئالاھىدە تىلغا ئالغۇدەك بىر ئىش قىلمىدىم. بىر ئادەمنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش، ئاتا بولغۇچى كىشىنى ئازابلىنىشتىن، ئانا بولغۇچى ئايالنى كۆز ياشلىرىدىن ساقلاپ قېلىش ياخشىلىق قىلغانلىق ئەمەس، بەلكى بۇ ھەرقانداق كىشىنىڭ ئىنسانىي بۇرچى.

— ئوغلۇمنىڭ سىزدەك بىر دوستى بولغانلىقى نېمىدېگەن زور بەخت، گراف، — مورسېر خانىم چوڭقۇر تەسىرلەنگەن ھالدا جاۋاب قىلدى، — خۇدانىڭ بۇ ئىلتىپاتىغا شۈكۈر.

مېرسېدېس چەكسىز مىننەتدارلىق تۇيغۇسى بىلەن ئۆزىنىڭ ئاجايىپ چىرايلىق كۆزلىرىنى ئاسمانغا قاراتتى. گرافقا ھەتتا بۇ كۆزلەردە ياش تامچىلىرى يالتىراپ كەتكەندەك كۆرۈندى. جانابىي مورسېر ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.

— مەن ھېلى تېخى گرافنى يالغۇز قالدۇرۇپ كېتىشكە مەجبۇر ئىكەنلىكىمنى ئېيتىپ ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىغانىدىم، — دېدى ئۇ، — ئەمدى سىزنىڭمۇ خۇددى شۇنداقلا ئۇنىڭدىن مەن ئۈچۈن ئەپۇ سوراپ قويۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. يىغىن سائەت ئىككىدە ئېچىلماقچىدى، ھازىر سائەت ئۈچ بولۇپ قاپتۇ. مەن تېخى يىغىندا نۇتۇق سۆزلىمەكچىدىم.

— سىز كېتىۋېرىڭ. مەن بىزنىڭ مېھمىنىمىزنى سىز كەتكەندىن كېيىن زېرىكتۈرۈپ قويماسلىققا تىرىشىمەن، — دېدى مورسېر خانىم تېخىچىلا ھاياجانلانغان ئاۋاز بىلەن، — گراف، — دەپ ئۇ يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى مونتې - كرىستوغا مۇراجىئەت قىلىپ، — ئىلتىپات قىلىپ، بۈگۈن بىزنىڭ ئۆيدە كەچلەپ كېتەرسىز؟

— سىزدىن ئىنتايىن مىننەتدارمەن، خانىم، سۆزۈمگە ئىشىنىڭ. لېكىن، بۇ مېنىڭ سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلەرگە سەپەر ئۈستىدىلا كىرىشىم. مەن تېخى ئۆزۈمنىڭ پارىژدىكى تۇرالغۇ جايىمنىڭ قانداقراق ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىنى ۋە ئۆيۈمنىڭ نەدىلىكىنىمۇ بىلمەيمەن.

بۇنىڭغۇ كارى چاغلىق. شۇنداق بولسىمۇ، بىرئاز خاتىرجەم بولالمايۋاتىمەن.

— ئۇنداقتا، ھېچبولمىغاندا باشقا بىر كۈنى بولسىمۇ كېلەرسىز؟ — دەپ سورىدى گراف خانىم.

مونتې - كرىستو ئۇنچىقماستىن تەزىم قىلدى. ئۇنىڭ بۇ تەزىمىنى ماقۇل بولغانلىق دەپ چۈشىنىشكە بولاتتى.

— ئۇنداق بولسا، سىزنى زورلىمايمەن، — دېدى گراف خانىم، — مېنىڭ سىزگە بولغان مىننەتدارلىقىم كىشىنى بىزار قىلىدىغان ئەدەبسىزلىككە ئايلىنىپ قالمىسۇن.

— قەدىرلىك گراف، — دېدى ئالبېر، — ئىجازەت قىلسىڭىز، سىزنىڭ ماڭا رىمدا قىلغان ياخشىلىقلىرىڭىزنى مەن ئەمدى پارىژدا ياندۇرۇۋالسام. سىز ئۆزىڭىزگە بىرەر ئات - ھارۋا تېپىۋالغۇچە مەن ئۆزۈمنىڭ پەيتۇنىمنى سىزگە تەقدىم قىلىمەن.

— ھەشقاللا، ۋىكونت، — دېدى مونتې - كرىستو، — بېرتۇچچو ھازىرغىچە بولغان تۆت يېرىم سائەتلىك ۋاقىتنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتمىگەندۇر دەپ ئويلايمەن. ھازىر سىلەرنىڭ ئىشىكىڭلار ئالدىدا مېنى قانداقلا بولمىسۇن بىر ھارۋا كۈتۈپ تۇرغان بولۇشى مۇمكىن.

ئالبېر گرافنىڭ غەلىتە ئادەتلىرىگە كۆنۈپ قالغانىدى، ئۇنىڭ خۇددى نېرونغا ئوخشاش ھەممىشە ئادەمنىڭ قۇربى يەتمەيدىغان ئىشلارغا ئىنتىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ، بۇ گەپلەرگىمۇ ئەجەبلەنمىدى. ئۇ پەقەت گرافنىڭ تاپشۇرۇقىنىڭ قانداق ئورۇندالغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ باقماقچى بولۇپ، ئۇنى دەرۋازا ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. مونتې - كرىستو خاتالاشمىغانىدى. ئۇ، گراف مورسېرنىڭ دالان ئۆيىگە چىقىشىغىلا، ئۇنى كۈتۈپ تۇرغان مالاي، يەنى رىمدىكى ۋاقىتتا ئالبېر بىلەن فرانسقا گرافنىڭ نام - ئەمەل كارتوچكىسىنى ئە

كىرىپ بەرگەن ھېلىقى مالاي دەرھال تاشقىرىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. داڭلىق ساياھەتچى ئىشىك ئالدىغا چىققاندا ئۇنى ھەقىقەتەن بىر پەيتۇن كۈتۈپ تۇرغانىدى. بۇ، كېللېر تەرىپىدىن ياسالغان ئىككى كىشىلىك پەيتۇن بولۇپ، ئۇنىڭغا پارىژنىڭ ھەممە بايۋەچچىلىرىگە تونۇشلۇق بولغان ھېلىقى، دېرەي 18 مىڭ فرانكقا بەرمىگەن بىر جۈپ ئات قوشۇلغانىدى.

— ۋىكونت، — دېدى گراف ئالبېرغا، — مەن سىزنى شۇ تاپتىلا ئۆيۈمگە تەكلىپ قىلمايمەن. چۈنكى، ئۇ يەردىكى ئىشلار تېخى سەرەمجانلىشىپ بولمىدى. ئۆزىڭىز بىلىسىز، مەن ۋاقىتلىق ماكاندا بولسىمۇ، كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنلىشىشنى بىلىدىغان ئادەملەرنىڭ تەبىئىتىنى ياقتۇرىمەن. ماڭا بىر كۈنلۈك مۆھلەت بېرىڭ. ئەنە شۇندىن كېيىن قەدەم تەشرىپ قىلىشىڭىزنى قارشى ئالىمەن. شۇنداق بولغاندا، مەن مېھمان كۈتۈشنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرىنى بۇزۇپ قويماسلىقىمغا ئىشىنەلەيمەن.

— ئەگەر سىز بىر كۈنلۈك مۆھلەت سورىسىڭىز، گراف، مەن قەتئىي ئىشىنىمەنكى، سىز ماڭا ئۆي ئەمەس، بىر خان سارىيىنى كۆرسىتىسىز. ھەقىقەتەن، سىزگە خىزىرنىڭ ئۆزى يار - يۆلەك بولۇپ تۇرسا كېرەك.

— شۇنداق دەپ ئويلىغىنىڭىزلارمۇ ياخشى، — دېدى مونتې - كرىستو، ئۆزىنىڭ ھەشەمەتلىك پەيتۇنىنىڭ مەخمەل بىلەن قاپلانغان بەلدەمچىسىگە پۇتىنى ئېلىپ تۇرۇپ، — بۇنداق گەپ - سۆزلەر خانىملارنىڭ نەزەرىدە مېنىڭ ئىناۋىتىمنى ئۆستۈرۈشى مۇمكىن.

گراف پەيتۇنغا چىقىپ ئولتۇردى، پەيتۇننىڭ ئىشىكى يېپىلدى ۋە ئاتلار ئۇچقاندەك چېپىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ مورسېر خانىم يالغۇز قالغان مېھمانخانا ئۆيىنىڭ دېرىزىسىدىكى پەردىلەرنىڭ يېنىككىنە ھەرىكەتلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى.

ئالبېر قايتىپ كىرگەندە ئاپسىنىڭ دەم ئېلىش ئۆيىدە مەخمەل بىلەن قاپلانغان يۇمشاق كرېسلودا ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۆي ئىچى غۇۋا قاراڭغۇ ئىدى. پەقەت ئۇيەر - بۇيەردە، لوڭقىلاردا ۋە ئالتۇن رەڭلىك پەنجىرىلەرنىڭ گىرۋەكلىرىدە يورۇقلۇق شولىسى چاقناپ تۇراتتى. ئالبېر ئاپسىنىڭ بېشىغا ئارتىلغان نېپىز چۈمبەلنىڭ ئاستىدا يوشۇرۇنغان يۈزىنى كۆرەلمىدى، لېكىن ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقىۋاتقانلىقىنى سەزدى. گۈل قويۇلىدىغان جايغا تولۇپ كەتكەن ئەتىرگۈل ۋە شەپەقگۈللەرنىڭ خۇش بۇي ھىدىغا تۈز دورىسىنىڭ ئۆتكۈر ۋە ئاچچىق پۇرىقى ئارىلاشقانىدى. دەرۋەقە، ئالبېر خاتىرجەمسىزلەنگەن ھالدا شۇنى كۆردىكى، گراف خانىمنىڭ تۈز دورىسى سېلىنغان كىچىك شىشىسى تېرە قېپىدىن چىقىرىلىپ، مەش ئۈستىدىكى ياپىلاق ۋازىلاردىن بىرىنىڭ ئۈستىدە تۇراتتى.

— سىز ئاغرىپ قالدىڭىزمۇ؟ — دەپ خىتاب قىلدى ئۇ ئاپسىنىڭ يېنىغا كېلىپ، — مەن چىقىپ كىرگىچە مىجەزىڭىز ئۆزگىرىپ قالدىمۇ؟

— ياق، ئالبېر، لېكىن بۇ ئەتىر گۈللەر، تۇبېرۇزلار① ۋە ئاپىلسىن گۈللىرى بۇ تومۇز كۈنلىرىدە ئەجەبمۇ ئۆتكۈر پۇراق چىقىرىدىكەن...

— ئۇنداق بولسا، بۇلارنى ئەپچىقىۋېتىش كېرەك، — دېدى ئالبېر، قوڭغۇراقنىڭ شوينىسىنى تارتىپ، — سىزنىڭ راستىنلا مىجەزىڭىز يوق تۇرىدۇ. سىز بايا مېھمانخانىغا كىرگەندە چىرايىڭىز بەك تاتىرىپ كېتىپتىكەن.

— بەكلا تاتىرىپ كېتىپتىكەنما؟

— يۈزىڭىزنىڭ بۇنداق ئاقىرىپ قېلىشىغۇ ئۆزىڭىزگە يارىشىدۇ، ئەمما بىز دادام بىلەن ئىككىمىز قورقۇپ كەتتۇق.

---

① تۇبېروز — بىر خىل خۇش پۇراقلىق ئاق گۈللۈك ئۆسۈملۈك.

— داداڭ ساڭا بۇ ھەقتە بىرنېمىسىدېدىمۇ؟ — دەپ ئىتتىكلا سورىدى مېرسېدېس.

— ياق. ئۇ سىزنىڭ ئۆزىڭىزگە دېدىغۇ. يادىڭىزدا يوقمۇ؟

— يادىمدا يوق، — دېدى مورسېر خانىم.

مالاي كىردى. ئۇ، ئالبېر قوڭغۇراقنى جىرىڭلاتقانلىقى ئۈچۈن كىرگەنىدى.

— گۈللەرنى دالانغا ئەپچىقىۋېتىڭ، — دېدى ۋىكونت، — بۇ گۈللەر گراف خانىمنىڭ خاتىرجەملىكىگە دەخلى يەتكۈزۈۋاتىدۇ.

مالاي بۇيرۇقنى ئورۇنداشقا كىرىشتى. ئۇ، گۈللەرنى ئەپچىقىپ بولغۇچە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى.

— بۇ مونتې - كرىستو دېگەن قانداق ئىسىم؟ — دەپ سورىدى مورسېر خانىم، مالاي ئەڭ ئاخىرقى بىر تەشتەك گۈلنى ئەپچىقىپ كەتكەندىن كېيىن، — بۇ فامىلىمۇ، بىرەر جاينىڭ نامىمۇ ياكى ئادەتتىكى بىر تەخەللۇسمۇ؟

— مېنىڭچە، بۇ تەخەللۇس. گراف توسكان تاقىم ئاراللىرىنىڭ ئىچىدىكى بىر ئارالنى سېتىۋالغانىكەن. ئۇنىڭ بۈگۈن ئەتەگەن ئېيتقان گەپلىرىگە قارىغاندا، بۇ ئارالنىڭ نامىنى ئۆزىگە تەخەللۇس قىلىشنى قانۇنلاشتۇرغان بولسا كېرەك. ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىزغۇ، فلورېنسىيىدە مۇقەددەس ستېفان ئوردېنىنى ئالغانلار، پارمادا مۇقەددەس گېئورگىي ئوردېنىنى ئالغانلار، ھەتتا مالتا كرېستىنى ئالغانلارمۇ شۇنداق قىلىشىدۇ. شۇنداقتىمۇ، گراف مونتې - كرىستو ئۆزىنىڭ دۆلەتمەنلىكى بىلەن مەغرۇرلانمايدۇ، ئۇ ئۆزىنى تاسادىپىي گراف دەپ ئاتايدۇ. ئەمما، رىمدىكى ھەممە كىشىلەر ئۇنىڭ ئىنتايىن كاتتا تۆرە ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشىنىدۇ.

— ئۇنىڭ ئۆزىنى تۇتۇشى بەك نازاكەتلىك ئىكەن، — دېدى گراف خانىم، — مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەن ئاشۇ بىرنەچچە مىنۇت ئىچىدە ئۇ مەندە شۇنداق تەسىرات قالدۇردى.

— ۋاھ، ئۇنىڭ ئۆزىنى تۇتۇشىدىن نۇقسان تاپقىلى بولمايدۇ. ئىنگلىز، ئىسپان ۋە نېمىسلاردىن ئىبارەت ياۋروپادىكى ئەڭ غۇرۇرلۇق ئۈچ خىل ئاقسۆڭەكلەر تائىپىسىدىكى مەن كۆرگەن بايۋەچچىلەرنىڭ ھېچقاندىقى ئۇنىڭغا يەتمەيدۇ.

گراف خانىم خىيال سۈرۈپ قالدى ۋە بىرئاز ئىككىلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن شۇنداق دېدى:

— سەن ئۆزۈڭ كۆردۈڭ، قەدىرلىكىم... مەن سېنىڭ ئاناڭ بولغاچقا سوراۋاتىمەن، سەن بۇنى چۈشىنىسەنغۇ... سەن گراف مونتې-كرىستونى ئۆز ئۆيىدە كۆرگەن. سەن ئەقىللىق، نۇرغۇن ئىشلارنى چۈشىنەلەيسەن. يېشىڭغا نىسبەتەن خېلى دىتىڭ بار. سەنمۇ ئۇنى شۇنداق ئادەم دەپ ئويلامسەن؟

— قانداق ئادەم دەپ؟

— ھازىر ئۆزۈڭ ئۇنى كاتتا تۆرە دېدىڭغۇ.

— كىشىلەر ئۇنى شۇنداق دەپ ئويلايدۇ.

— سەن ئۆزۈڭ قانداق ئويلايسەن؟

— مەن، راستىنى ئېيتسام، ئۇ توغرۇلۇق بىرەر مۇقىم كۆز قاراشقا كېلەلمىدىم. مەن ئۇنى مالتالىقمىكىن دەپ ئويلايمەن.

— مەن ئۇنىڭ يۇرتىنى سورىمىدىم، ئۇنىڭ ئۆزىنى سوراۋاتىمەن.

— ھە، بۇ باشقا گەپ. ئۇ، شۇنداق بىر غەلىتە ئادەمكى، ئۇنى بايروننىڭ ئەسەرلىرىدىكى، بەختسىزلىكنىڭ پاجىئەسىگە دۇچ كەلگەن مانفرېد، لارا ياكى ۋېرنېردەك بىر بەدئىشى قەھرىمان دەپ ئويلىغۇم كېلىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇ گويا بىر قەدىمكى ئۇرۇقنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، ئاتا-بوۋىسىنىڭ مىراسىدىن مەھرۇم بولغان ھەمدە ئەقىل-پاراستىنىڭ كۈچى بىلەن جەمئىيەت قانۇنلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، قايتىدىن بايلىققا ئېرىشكەن بىر ئادەمگە ئوخشايدۇ.

— سېنىڭ دېمەكچى بولغىنىڭ...

— مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، مونتې-كرىستو دېگەن ئوتتۇرا دېڭىزدىكى بىر ئارال، ئۇنىڭدا ئاھالە ياشىمايدۇ، ئۇ يەردە مۇھاپىزەتچى ساقچىلارمۇ يوق. ئۇ ئارال ھەرقايسى مىللەت ئەتكەسچىلىرىگە ۋە پۈتۈن دۇنيانىڭ دېڭىز قاراقچىلىرىغا پاناھ بولىدىغان جاي. كىم بىلسۇن، بەلكىم ئاشۇ ئەپچىل ھۈنەرۋەنلەر ئۆزلىرىنىڭ بۇ خوجايىنىنىڭ مېھماندوستلۇقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھەق تۆلەپ تۇرامدىكىن؟

— شۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن، — دېدى گراف خانىم خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ.

— لېكىن، ئۇ ئەتكەسچى بولسۇن ياكى بولمىسۇن، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئالبېر، — ھەر ھالدا ئۇ ئادەتتىكى ئادەم ئەمەس. ئۇنى سىزمۇ كۆردىڭىزغۇ، شۇڭا سىزمۇ ئۇنىڭغا قايىل بولغانسىز. ئۇ، پارىژدىكى مېھماندارچىلىقلاردا زور ئىناۋەتكە ئېرىشىدۇ. ئۇ تېخى بۈگۈن ئەتىگەنلا مېنىڭ ئۆيۈمدە ئۆزىنىڭ جامائەتچىلىك بىلەن تونۇشۇش ئىشىنى شۇنىڭدىن باشلىدىكى، ھەممەيلەننى، ھەتتا شاتو-رېنونىمۇ ھەيرەتتە قالدۇردى.

— ئۇ قانچە ياشقا كىرگەن بولۇشى مۇمكىن؟ — دەپ سورىدى مېرسېدېس. ئۇنىڭ، بۇ سوئالغا غايەت زور ئەھمىيەت بېرىۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— 35 ، 36 ياشلاردا بار.

— شۇنچە ياشمۇ! ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس! — دېدى مېرسېدېس، بىراقلا ھەم ئالبېرنىڭ سۆزىگە، ھەم ئۆزىنىڭ خىياللىرىغا جاۋاب بېرىپ.

— ياق، بۇ راست گەپ. ئۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە قېتىم پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان چاغلىرىمدا ئۇ ماڭا: «پالان ۋاقىتتا مەن بەش ياش ئىدىم، پالان ۋاقىتتا ئون ياش ئىدىم، يەنە پالان

ۋاقىتتا 12 ياش ئىدىم» دېگەن سۆزلەرنى قىلغان. مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قىزىقىپ، ئاشۇ ئېيتىلغان يىللارنى سېلىشتۇرۇپ باقسام، بۇ رەقەملەر ھەر دائىم ئۆزئارا ماس بولۇپ چىقتى. چىرايىغا قاراپ - ياش قۇرامىنى ئۇققىلى بولمايدىغان بۇ غەلىتە ئادەم راستىنلا 35 ياشلاردا بولسا كېرەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆزىڭىز كۆردىڭىزغۇ، ئۇنىڭ كۆزلىرى نېمە دېگەن جانلىق، چاچلىرى نېمىدېگەن قارا. ئۇنىڭ چىرايى تاتىراڭغۇ، لېكىن پېشانىسىدا بىر تالمۇ قورۇق يوق. ئۇ كۈچلۈك ئادەم بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ياش ئادەم.

گراف خانىم گويا ھەسرەتلىك ئەسلىمىلەر بىلەن ئېغىرلاشقان بېشىنى تۆۋەن سالدى.

— شۇ كىشى ساڭا دوستانە مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلدىمۇ، ئالبېر؟ — دەپ ھاياجانلىنىپ سورىدى ئۇ.

— مېنىڭ قارىشىمچە شۇنداق.

— سەنچۇ... سەنمۇ ئۇنى ياخشى كۆرەمسەن؟

— ھەئە. گەرچە فرانىس ئەپەندە ئۇنى ئۇ دۇنيادىن كەلگەن ئادەم دەپ (گراف خانىم چۆچۈپ كەتتى) مېنى ئىشەندۈرمەكچى بولغان بولسىمۇ، مەن ئۇنى ياقتۇرىمەن.

— ئالبېر، — دېدى مېرسېدېس ئۆزگەرگەن ئاھاڭدا، — مەن ھەمىشە سېنى يېڭى كىشىلەر بىلەن تونۇشقاندا ئېھتىياتلىق بول دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ كەلگەنىدىم. سەن ئەمدى چوڭ بولدۇڭ، سېنىڭ ئۆزۈڭنىڭمۇ ماڭا مەسلىھەت كۆرسەتكۈچىلىكىڭ بار. شۇنداق بولسىمۇ، يەنە بىر قېتىم ئېيتىپ قوياي: ئېھتىيات قىلغىن.

— ئۇنداق بولسا، ئاپا، سىزنىڭ نەسىھەتلىرىڭىز ماڭا پايدىلىق بولۇشى ئۈچۈن، نېمىدىن ئېھتىيات قىلىش لازىملىقىنى ئۇقۇۋالسام بولىدىكەن. گراف قارتا ئوينىمايدۇ، ئۇسسۇلۇقىغا پەقەت ئىسپانىيە شارابى بىلەن ئازراق رەڭگى ئۆزگەرتىلگەن سۇنىلا ئىچىدۇ. ھەممە ئالامەتلەردىن قارىغاندا، ئۇ شۇنداق كاتتا باي ئادەمكى، ناۋادا ئۇ مەندىن قەرزگە پۇل سوراپ قالسا، ئۇنى چاقچاق قىلىۋاتىدۇ دەپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتسەم بولىدۇ. شۇنداق تۇرۇپ، مەن ئۇنىڭ نېمىسىدىن ئېھتىيات قىلسام بولىدۇ؟

— راست دەيسەن، — دېدى گراف خانىم، — مېنىڭ ئەنسىرىشىمنىڭ ئاساسى يوق. يەنە كېلىپ، ئۇ سېنىڭ ھاياتىڭنى قۇتقۇزدۇرۇپ قالغان كىشى ئەمەسمۇ. ھە، ئالبېر، داداڭ ئۇنى ياخشى قارشى ئالدىمۇ؟ بىز گرافقا ئالاھىدە ياخشى مۇئامىلىدە بولۇشىمىز كېرەك. داداڭنىڭ ئىشى كۆپ، مېڭىسى بىر جايدا ئەمەس، بەلكىم ئۇ بايا دىققەتسىزلىكتىن...

— دادام ئۇنى ئىنتايىن ياخشى قارشى ئالدى، — ئالبېر ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى، — ئۇنىڭ ئۈستىگە، گراف ئۇنى خۇددى 30 يىللىق كونا تونۇشىدەك شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ماختاپ كەتتىكى، دادام ئۇنىڭدىن بەك مەمنۇن بولدى. بۇنداق ماختاشلار دادامنىڭ كۆڭلىگە چوڭقۇم ياقتى، — دەپ قوشۇپ قويدى ئالبېر كۈلۈپ تۇرۇپ، — شۇڭا، ئۇلار ئەڭ يېقىن دوستلاردەك خوشلاشتى. دادام ھەتتا ئۆزىنىڭ نۇتقىنى گرافنىڭ ئاڭلاپ بېقىشى ئۈچۈن، ئۇنى پالاتاغا باشلاپ بارماقچى بولدى.

گراف خانىم گەپ قىلمىدى. ئۇ، شۇنداق چوڭقۇر خىيالغا چۆمۈپ كەتتىكى، ھەتتا كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى. ئالبېر ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭغا شۇنداق بالىلىق مېھرى بىلەن قاراپ تۇراتتىكى، بۇنداق مېھىر - مۇھەببەت بولۇپمۇ ئانا تېخى ياش ھەم چىرايلىق بولغان چېغىدا ئالاھىدە نازۇك ۋە ئوتلۇق بولىدۇ. ئۇ، ئاپىسىنىڭ كۆزلىرىنى يۇمغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ تەكشى تىنىقلىرىنى بىر دەمگىچە تىڭشاپ تۇردى - دە، ئۇنى ئۇخلاپ قالدى دەپ ئويلاپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا ئاستا بېسىپ چىقىپ كەتتى ۋە ئىشىكنى يەنە ئاۋايلاپ يېپىپ قويدى.

— بۇ ئادەم ئەمەس شەيتان ئىكەن، — دەپ پىچىرلىدى ئۇ بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ، — مەن تېخى رىمدىكى چېغىمدىلا ئۇنىڭ جەمئىيەتتە غۇلغۇلا پەيدا قىلىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىگەنىدىم. مانا ئەمدى، ھېچقانداق ۋاقىتتا خاتاسى چىقمايدىغان تېرمومېتىر ئۇنىڭ تەسىرىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ. ئاپامنىڭمۇ ئۇنىڭغا نەزىرى چۈشكەن بولسا، دېمەك ئۇ ھەقىقەتەن بىر خىسلەتلىك ئادەم ئىكەن.

شۇندىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئاتخانىسىغا باردى. ئۇنىڭ كۆڭلى بىر ئاز غەش بولغانىدى، چۈنكى گراف مونتې - كرىستو بىر بارمىقىنى مىدىرلىتىپ قويماي تۇرۇپ شۇنداق ئات - ھارۋىغا ئىگە بولغانىدىكى، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ تورۇق ئاتلىرى مال تونۇيدىغان كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالغانىدى.

— ھەقىقەتەن، — دېدى ئۇ، — كىشىلەرنىڭ باراۋەرلىكى مەۋجۇت ئەمەس. دادامدىن بۇ پىكىرنى ئالىي پالاتادا تەرغىپ قىلىشنى سورىسام بولىدىكەن.

ئون ئىككىنچى باب

بېرتۇچچو ئەپەندى

بۇ ئارىدا گراف ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. يولغا ئالتە مىنۇت كەتتى. بۇ ئالتە مىنۇت شۇنىڭغا يېتەرلىك بولدىكى، بۇ ئات - ھارۋىنىڭ باھاسىنى بىلىدىغان ۋە ئۇنى سېتىۋېلىشقا ئۆزلىرىنىڭ چامى يەتمىگەن 20 چە يىگىتنىڭ دىققىتىنى

ئۇنىڭغا تارتىلدى. ئۇلار، ئىككى ئاتنىڭ ھەر بىرىنى 10 مىڭ فرانكقا سېتىۋالغان بۇ كاتتا باينىڭ زادى كىم ئىكەنلىكىنى بىر كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن ئاتلىرىنى بولۇشىغا چاپتۇردى.

مونتې - كرىستونىڭ شەھەر ئىچىدىكى تۇرىدىغان ئۆيى ئۈچۈن ئەلى تەرىپىدىن تاللانغان ئىمارەت، تاغ تەرەپكە قاراپ ماڭغاندا، يېلىسەي كوچىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، ھويلا بىلەن باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قويۇق ئۆسۈپ كەتكەن بىر تۈپ دەرەخ بىنانىڭ ئالدى كۆرۈنۈشىنىڭ بىر قىسمىنى يوشۇرۇپ تۇراتتى. دەرەخلەرنىڭ ئوڭ ۋە سول يېنىدىن خۇددى ئىككى قولغا ئوخشاش ئىككى يول ئايرىلىپ تۇراتتى. دەرۋازىدىن ھارۋا كىرسە، مۇشۇ ئىككى يول بىلەن بىنانىڭ ئىككى ئىشىكىگە بارالايتتى. ھەر بىر ئىشىكنىڭ پەلەمپىينىڭ بۇلۇڭىدا گۈل ئۆستۈرۈلگەن چىنە تەشتەكلەر قويۇلغانىدى.

بۇ يېگانە بىنا كەڭرى مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، بىنانىڭ ئالدى تەرىپىدىكى چوڭ ئىشىكتىن باشقا، پونتىيې كوچىسىغا چىقىدىغان يەنە بىر يان ئىشىكى بار ئىدى.

ھارۋىكەش دەرۋازىۋەننى چاقىرىشقا ئۈلگۈرمەي تۇرۇپلا ئېغىر دەرۋازا كەڭ ئېچىلدى. ھويلا ئىچىدىكى خىزمەتكارلار گرافنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى خېلى يىراقتىنلا كۆرۈپ تۇرغانىدى. ۋەھالەنكى، پارىژدا، خۇددى رىمدىكىگە ئوخشاشلا، ئومۇمەن ھەرقانداق جايدا گرافنىڭ خىزمىتى چاقماق تېزلىكىدە ئورۇندىلىپ تۇراتتى. ھارۋىكەش ئاتلارنىڭ چېپىشىنى ئاستىلاتمايلا ھويلا ئىچىگە كىرىپ كەلدى ۋە ھارۋا يېرىم دائىرە ھاسىل قىلىپ ئايلىنىپ كەتتى. ھارۋا چاقلىرىنىڭ قۇملۇق يولدىكى غىچىرلىشى تېخى بېسىقماي تۇرۇپلا دەرۋازا يەنە يېپىلدى. پەيتون ئىشىك راۋىقىنىڭ سول تەرىپىگە كېلىپ توختىدى ۋە شۇ ھامان پەيتون

نىڭ ئىشىك ئالدىدا ئىككى ئادەم ھازىر بولدى. ئۇلارنىڭ بىرى، خوجايىنغا قاراپ چىن خۇشاللىقى بىلەن كۈلۈپ تۇرغان ئەلى ئىدى. ۋەھالەنكى، ئۇ مونتې-كرىستونىڭ پەقەت بىر قاراپ قويۇشىنىلا ئېرىشتى. ئۇ ئىككى ئادەمنىڭ يەنە بىرى ئېھتىرام بىلەن تەزىم بەجا كەلتۈردى ۋە گرافنىڭ پەيتۇندىن چۈشۈشىگە ھەمكارلاشماقچى بولۇپ قولىنى ئۇزاتتى.

— رەھمەت سىزگە، بىرتۇچچو، — دېدى گراف پەيتۇننىڭ ئۈچ باسقۇچىدىن بىراقلا سەكرەپ چۈشۈپ، — نوتارىئۇس① قېنى؟

— كىچىك مېھمانخانىدا كۈتۈپ ئولتۇرىدۇ، جانابلىرى، — دەپ جاۋاب بەردى بىرتۇچچو.

— نام-ئەمەل كارتوچكىلىرىچۇ؟ مەن سىزگە بۇ ئۆينىڭ نومۇرىنى ئۇقۇۋالغاندىن كېيىن دەرھال كارتوچكا بۇيرۇتۇشنى ئېيتقانىدىم.

— جانابلىرى، كارتوچكىلار تەييار. مەن پالي-رويالدىكى ئەڭ ئۇستا ئويمىكەشنىڭ يېنىغا باردىم. ئۇ، كارتوچكىلارنى مېنىڭ ئالدىمدىلا تەييارلاپ بەردى. تەييارلىنىپ چىققان بىرىنچى كارتوچكا، ئۆزلىرىنىڭ ئەمرىگە بىنائەن، ئانتېن كوچىسى، يەتتىنچى نومۇرلۇق ئۆيدىكى ۋەكىل بارون دانگلار جانابلىرىغا يەتكۈزۈلدى. قالغان كارتوچكىلار ئۆزلىرىنىڭ ھۇجرىسىدىكى مەشىنىڭ ئۈستىدە.

— ياخشى. ھازىر سائەت قانچە؟

— سائەت تۆت.

مونتې-كرىستو پەلەي، شىلەپە ۋە ھاسا-تاياقلىرىنى بايقى، گراف مورسېرنىڭ ئۆيىگە پەيتۇننى ئېلىپ بارغان فرانسۇز

---

① نوتارىئۇس — تۈرلۈك سودا ۋە قانۇن كېلىشىملىرىنى رەسمىيلەشتۇرگۈچى خادىم.

مالايغا بەردى. شۇندىن كېيىن، يول باشلاپ ماڭغان بىرتۇچچونىڭ ھەمراھلىقىدا كىچىك مېھمانخانىغا كىردى.

— بۇ دالاندىكى ھەيكەللەر نېمىدېگەن ئىسكەتسىز، — دېدى مونتې-كرىستو، — بۇلارنى بۇ يەردىن چىقىرىۋېتىشكىلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

بىرتۇچچو ئۈنچىقماستىن تەزىم قىلدى.

غوجدارنىڭ ئېيتقىنىدەك، نوتارىئۇس كىچىك مېھمانخانىدا كۈتۈپ ئولتۇرغانىدى. بۇ كىشىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى شەھەر سىرتىدىكى نوتارىئۇسلۇق خىزمىتىگە ئۆستۈرۈلگەن پايتەختلىك خىزمەتچىگە مۇناسىپ ئىدى.

— مەن سېتىۋالماقچى بولغان شەھەر سىرتىدىكى ئۆينىڭ سودا كېلىشىمىنى رەسمىيلەشتۈرۈش ئىشى سىزگە تاپشۇرۇلغانمۇ؟ — سورىدى مونتې-كرىستو.

— شۇنداق، جانابىي گراف؟ — دەپ جاۋاب بەردى نوتارىئۇس.

— ھۆججەت يېزىلىپ بولدىمۇ؟

— شۇنداق جانابىي گراف.

— ئۇنى ئېلىپ كەلگەنسىز؟

— مانا ئۇ.

— ناھايىتى ياخشى. ماڭا سېتىلىدىغان ئۇ ئۆي قەيەردە؟ — سورىدى مونتې-كرىستو. بۇ سوئالنىڭ بىرتۇچچوغا قارىتىلغانلىقى ياكى نوتارىئۇسقا قارىتىلغانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى. غوجدار قول ھەرىكىتى قىلىپ، ئۆزىنىڭ بىلمەيدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى. نوتارىئۇس ھەيران بولغان ھالدا مونتې-كرىستوغا قارىدى.

— نېمە؟ — دېدى ئۇ، جانابىي گراف ئۆزى سېتىۋالغان ئۆينىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلمەمدۇ؟

— ھەئە، بىلمەيمەن، — دېدى گىراف.

— گىراف ئۇ ئۆينى تېخى كۆرمىگەنمىدۇ؟

— نەدە يۈرۈپ كۆرەي؟ مەن تېخى بۈگۈن ئەتىگەندىلا كادىكستىن كەلدىم. بۇندىن ئىلگىرى مەن پارىژنى كۆرۈپ باقمىغان، ھەتتا فرانسىيىگىمۇ بۇ مېنىڭ تۇنجى قېتىم كېلىشىم.

— ھە، بۇ باشقا گەپ، — دېدى نوتارىئۇس، گىراف سېتىۋالماقچى بولغان ئۆي ئوتېيلدا.

بېرتۇچچو بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، تاتىرىپ كەتتى.

— بۇ ئوتېيل دېگەن جاي نەدە؟ — دەپ سورىدى گىراف.

— بۇ يەردىن ئىككى چامدامىلا كېلىدۇ، گىراف، — دەپ جاۋاب بەردى نوتارىئۇس، — پاسىدىن ئۆتسىڭىزلا بارىسىز. بۇلون ئورمانلىقى ئىچىگە جايلاشقان ئىنتايىن مەنزىرىلىك جاي.

— شۇنداق يېقىنمۇ؟ — دېدى مونتې - كرىستو، — بۇ قانداقمۇ شەھەر سىرتىدىكى ئۆي بولسۇن؟ بېرتۇچچو. سىز نېمە ئويلاپ ماڭا بۇنداق شەھەر دەرۋازىسىنىڭ يېنىدىكى بىر ئۆينى ئېلىپ قويدىڭىز؟

— مەن! — دەپ خىتاب قىلدى بېرتۇچچو ئادەتتىن تاشقىرى ھودۇققان ھالدا، — تۇۋا! جانابلىرى ماڭا ھېچقاچان شەھەر سىرتىدىن ئۆي تېپىشنى بۇيرۇمىغان. جانابلىرى بۇ ئىشنى قايتىدىن بىر ئەسلەپ كۆرسە بولامدىكىن.

— ھە، راست، — دېدى مونتې - كرىستو، — ئەمدى يادىمغا كەلدى. مەن گېزىتتىكى بىر ئېلاننى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىكى «شەھەر سىرتىدىكى ئۆي» دېگەن سۆزلەرگە قىزىقىپ قالغانىدىم.

— ھېلىمۇ كېچىكمىدۇق، — دەپ روھلىنىپ سۆزلىدى بېرتۇچچو، — جانابلىرى ماڭا باشقا يەردىن ئۆي تېپىشنى بۇيرۇسىلا، مەن ئانگىيېندىنمۇ، فونتېنەروزدىنمۇ ياكى بېلۋيۇدىنمۇ، ئىشقىلىپ باشقا بىر يەردىن ياخشى ئۆي تاپالايمەن.

— بولدى بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق، — مونتې - كرىستو ئۇنىڭ سۆزلىرىنى پەرۋا قىلمىغان ھالدا رەت قىلدى، — بۇ ئۆينى سۆزلىشىپ بولغاندىن كېيىن بولدى ئەمەسمۇ.

— جانابلىرى تامامەن توغرا گەپ قىلدى، — سودىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەن نوتارىئۇس ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى، — بۇ، ئىنتايىن گۈزەل ھويلا: شارقىراپ ئېقىپ تۇرغان ئۆستەڭ، بۈك - باراقسان كۆكىرىپ تۇرغان دەرەخلەر، ئىمارەت ئىچىدە گەرچە ئۇزۇندىن بېرى ئادەم تۇرمىغان بولسىمۇ، ھەر جەھەتتىن قولايلىق، ئۆي بىساتى توغرۇلۇققۇ گەپ قىلىشنىڭمۇ ھاجىتى يوق. ئۆي جاھازلىرى كونا بولسىمۇ، قىممىتى ئۈستۈن. بولۇپمۇ بۈگۈنكى كۈندە قەدىمكى نەرسە - كېرەكلەر مودا بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، بۇنداق جاھازلارنىڭ باھاسى ئىنتايىن ئۆرە بولۇۋاتىدۇ ئەمەسمۇ. ئەپۇ قىلىشلىرىنى سورايمەن، لېكىن مېنىڭچە، جانابلىرىمۇ زامانىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ دىتىغا مايىل بولسا كېرەك.

— داۋاملاشتۇرۇڭ، تارتىنماڭ، — دېدى مونتې - كرىستو، — دېمەك، بۇ خېلى تۈزۈك ئۆي ئىكەن - دە؟

— گىراف، بۇ ئۆينى تۈزۈك دەپ قويۇش كوپايە قىلمايدۇ. بۇ بىر ھەشەمەتلىك جاي.

— ماقۇل ئەمىسە، بۇنداق پۇرسەتنى قولدىن بەرمەيلى، — دېدى مونتې - كرىستو، — ئەكېلىڭ ھۆججەتنى، جانابىي نوتارىئۇس.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ھۆججەتنى قولىغا ئېلىپ، ئۆينىڭ ئورنى ۋە ئىگىسىنىڭ ئىسمى يېزىلغان ماددىسىغىلا قاراپ قويۇپ، ئىمزا قويدى.

— بېرتۇچچو، — دېدى ئۇ، — جانابىي نوتارىئۇسقا 55 مىڭ فرانك ئەپچىقىپ بېرىڭ.

غوجدار قەتئىيەتسىزلىك بىلەن مېڭىپ چىقىپ كەتتى ۋە قولىدا بىر باغلام قەغەز پۇلنى كۆتۈرۈپ قايتىپ كىردى. نوتارىئۇس بۇنىڭ ئىچىدە ئۆزىنىڭ قەلەم ھەققىمۇ بار ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان ئادەم بولغاچقا، بۇ پۇللارنى دىققەت بىلەن ساناپ چىقتى.

— ئەمدى ھەممە رەسمىيەتلەر پۈتتىمۇ؟ — دەپ سورىدى گراف.

— ھەممە رەسمىيەتلەر پۈتتى، جانابىي گراف.

— ئاچقۇچلار سىزدىمۇ؟

— ئاچقۇچلار شۇ ئۆينى ساقلاۋاتقان دەرۋازىۋەندە. مانا بۇ خەتنى ئېلىۋېلىڭ. مۇشۇ خەتكە ئاساسەن دەرۋازىۋەن سىزنى ئۆيگە كىرگۈزىدۇ.

— ناھايىتى ياخشى، — مونتې - كرىستو «ئەمدى سىزگە ئىشىم يوق، قايتسىڭىز بولىدۇ» دېگەننى بىلدۈرۈپ، نوتارىئۇسقا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— بىراق، جانابىي گراف خاتالىشىپ قالدىڭىز دەيمەن، — دېدى نوتارىئۇس ھالاللىق قىلىپ، — ھەممە خىراجەتلەرنى قوشقاندا، بېرىشكە تېگىشلىكى پەقەت 50 مىڭ فرانك بولىدۇ.

— سىزنىڭ قەلەم ھەققىڭىزچۇ؟

— ھەممىسى شۇنىڭ ئىچىدە، جانابىي گراف.

— سىز بۇ يەرگە ئوتېيلدىن كەلگەنسىز؟

— ھەئە، ئەلۋەتتە.

— دېمەك، سىزنىڭ ئاۋارە بولۇپ ماڭغان قەدەملىرىڭىزنىڭمۇ ھەققىنى بېرىش كېرەكتە، — دېدى گراف ۋە قولى بىلەن يول كۆرسىتىپ، نوتارىئۇسنىڭ قايتىشىغا ئىجازەت قىلدى.

نوتارىئۇس كەينىچىلەپ مېڭىپ ۋە يەرگىچە ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ نوتارىئۇسلۇق خىزمىتىگە تەيىنلەنگەندىن بۇيان بۇنداق خېرىدارنى، كۆرۈشى بىرىنچى قېتىم ئىدى.

— جانابىي نوتارىئۇسنى ئۇزىتىپ قويۇڭ، — دېدى گراف غوجدارغا.

بېرتۇچچو چىقىپ كەتتى.

گراف ئۆزى يالغۇز قالغاندىن كېيىن دەرھال يانچۇقىدىن قۇلۇپلانغان بىر ھەميياننى چىقاردى ۋە ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ بوينىغا ئېسىپ يۈرىدىغان ئاچقۇچ بىلەن ئاچتى. ئۇ ھەميياننى ئاختۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن قانداقتۇر قىسقىچە خاتىرىلەر يېزىلغان بىر ۋاراق قەغەزنى ئالدى ۋە ئۇنىڭغا يېزىلغانلارنى شىرە ئۈستىدە ياتقان ھۆججەت بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆردى.

— ئوتېيل، يىگىرمە سەككىزىنچى نومۇرلۇق ھويلا، — دېدى ئۇ، — توغرا. شۇنداق ئىكەن. ئەمدىكى مەسىلە: خۇدادىن قورقۇش تۇيغۇسىنىڭ ياكى جىسمانىي ئازابلارنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئىقرار قىلىنغان سۆزلەرگە قانچىلىك ئىشىنىشكە بولار؟ ھە، يەنە بىر دەمدىن كېيىن بۇنىڭ ھەممىسىنى ئېنىقلاپ چىقىمەن.

— بېرتۇچچو، — دەپ ۋارقىرىدى ۋە كىچىك بولقىچاققا ئوخشايدىغان قاتلىما تۇتقۇچلۇق بىر نەرسە بىلەن قوڭغۇراقنى ئۇرۇپ قويغانىدى، قوڭغۇراق خۇددى ئەكس ساداغا ئوخشاش جاراڭلىق ھەم سوزۇلما سادا چىقاردى، — بېرتۇچچو!

غوجدار كىرىپ بوسۇغىدا توختىدى.

— بېرتۇچچو ئەپەندى، — دېدى گراف، بىر چاغدا سىز ماڭا ئۆزىڭىزنىڭ فرانسىيىدە بولغانلىقىڭىزنى ئېيتقانمىدىڭىز؟

— شۇنداق، جانابلىرى، بەزى جايلارغا بارغان.

— پارىژ ئەتراپىدىكى جايلارمۇ سىزگە تونۇشلۇق بولسا كېرەك؟

— ياق، جانابلىرى، ياق، — دەپ جاۋاب بەردى غوجدار ئەسەبىيلىك بىلەن تىترەپ كېتىپ. ۋاھالەنكى، مونتې -

كرىستو مۇنداق روھىي ھالەتلەرنى پەرق ئېتىشنىڭ ماھىرى بولغاچقا، بۇ تىترەشنى قاتتىق ھاياجانلىنىشتىن بولۇۋاتىدۇ دەپ ھېسابلىدى.

— ئەپسۇس، پارىژ ئەتراپىدىكى جايلارنى بىلگەن بولسىڭىز ياخشى بولاتتى - دە، — دېدى ئۇ، — مەن بۈگۈن كەچتە يېڭى ئۆيۈمنى كۆرۈپ كەلمەكچى بولۇۋاتىمەن. شۇڭا، سىز مەن بىلەن بىللە ئۇ يەرگە بارغاندا ماڭا بەزى قىممەتلىك كۆرسەتمىلەرنى بەرگەن بولاتتىڭىز - دە.

— ئوتېيلغا! — دەپ خىتاب قىلدى بېرتۇچچو ۋە ئۇنىڭ بۇغداي ئۆڭلۈك يۈزى تامدەك تاتىرىپ كەتتى، — مەن ئوتېيلغا بارامدىم!

— نېمە بولدىڭىز؟ ئوتېيلغا بېرىشىڭىزنىڭ ئەجەبلەنگۈدەك نېمىسى بار؟ مەن ئوتېيلغا كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن سىزنىڭمۇ ئۇ يەرگە بېرىشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ - دە.

— بېرتۇچچو ئۆز خوجايىنىنىڭ ھاكىملارچە قاراپ تۇرغان كۆزلىرى ئالدىدا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ گەپ قىلماستىن تۇراتتى.

— بۇ قانداق گەپ؟ سىزگە زادى نېمە بولدى؟ ياكى پەيتۇننىمۇ مەن ئۆزۈم چاقىرايمۇ؟ — مونتې - كرىستو بۇ سۆزلەرنى شۇنداق ئاھاڭدا ئېيتتىكى، بۇ خۇددى ليۇدوۋىك XIV ئۆزىنىڭ: «مەن ئۇنى ساقلاپ ئولتۇرۇپ قېلىشقا تاسلا قالدىم» دېگەن مەشھۇر سۆزلىرىنى ئېيتقاندىكىگە ئوخشاش ئاھاڭ بولدى.

بېرتۇچچو ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ مېھمانخانا ئۆيىدىن دالانغا چىقتى ۋە بوغۇق ئاۋاز بىلەن ۋارقىرىدى:

— جانابلىرىنىڭ پەيتۇنىنى كەلتۈرۈڭلار!

مونتې - كرىستو بىرنەچچە پارچە خەت يازدى. ئۇ ئەڭ ئاخىرقى خەتنى لىپاپىغا سېلىۋاتقاندا غوجىدار ئىشىك ئالدىدا پەيدا بولدى.

— جانابلىرىنىڭ پەيتۇنى كەلتۈرۈلدى، — دېدى ئۇ.

— ياخشى! مېنىڭ شىلەپەم بىلەن پەلەيلىرىمنى ئېلىۋېلىڭ، — دېدى مونتې - كرىستو.

— مەنمۇ جانابلىرى بىلەن بىللە بارامدىم؟ — دەپ خىتاب قىلدى بېرتۇچچو.

— ئەلۋەتتە. مەن شۇ ئۆيدە تۇرماقچى بولۇۋاتقاندىن كېيىن سىز ئۇ يەرگە بېرىپ بەزى ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشىڭىز كېرەكتە.

شۇ كەمگىچە تېخى گرافنىڭ سۆزىنى يېرىدىغان ئەھۋال كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى. غوجىدار ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدى. گراف پەيتۇنغا ئولتۇردى ۋە بېرتۇچچونىڭمۇ شۇنداق قىلىشىنى كۆرسىتىپ ئىشارەت قىلدى. غوجىدار ئېھتىرام بىلدۈرۈپ پەيتۇننىڭ ئالدىنقى ئورۇنغا ئولتۇردى.

ئون ئۈچىنچى باب

ئوتېيلدىكى ئۆي

مونتې - كرىستو بېرتۇچچونىڭ پەلەمپەيدىن چۈشۈۋاتقاندا كورسىكانچىسىغا چوقۇنۇپ قويغانلىقىنى يەنى باش بارمىقى بىلەن ھاۋادا كرېست شەكلىنى سىزغاندەك ھەرىكەت قىلىپ قويغانلىقىنى ۋە ھارۋىدا ئولتۇرغاندا بىر قىسقا ئايەتنى پىچىرلاپ ئوقۇغانلىقىنى بايقىدى. شۇ تاپتا، مەسىلىنى ئىنچىكىلەپ كەتمەيدىغان ھەرقانداق ئادەم بولسا، بۇ سالاپەتلىك غوجىدارنىڭ گرافنىڭ خاھىشىدىكى بۇ شەھەر سىرتى سەيلىسىگە قارىتا قوزغالغان خەلتە بىئاراملى-

قىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئاۋارە قىلماس ئىدى، لېكىن مونتې - كرىستو، ئەھۋالدىن قارىغاندا، مەسىلىنى تولىمۇ ئىنچىكىلەيدىغان كىشى بولسا كېرەك، ئۇ بىرتۇچچونى بۇ سەيلىدىن ئازاد قىلمىدى.

ئۇلار 20 مىنۇتچە يول يۈرگەندىن كېيىن ئوتېيىلغا يېتىپ كەلدى. غوجىدارنىڭ بىئاراملىقى بارغانسېرى ئۇلغايماقتا ئىدى. ئۇلار ئوتېيىل كەنتىگە كىرىپ كەلگەندە بىرتۇچچو ھارۋىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا تىقىلىپ ئولتۇرۇۋالدى ۋە ئۇچرىغان ھەربىر ئۆيگە قاتتىق ھاياجان ئىچىدە قاراشقا باشلىدى.

— پەيتۇننى فونتېن كوچىسىدىكى 28 - ھويلىنىڭ ئالدىدا توختىتىڭ، — دەپ بۇيرۇق قىلدى گراف، غوجىدارغا رەھىمسىزلىك بىلەن قاراپ ئولتۇرۇپ.

بىرتۇچچونىڭ ماڭلىيىدىن تەر چىقىپ كەتتى، ئەمما ئۇ ئىتائەت قىلدى ۋە پەيتۇندىن بېشىنى چىقىرىپ ھارۋىكەشكە ۋارقىرىدى:

— فونتېن كوچىسى، 28 - ھويلا.

بۇ ھويلا كەنتنىڭ ئەڭ چېتىگە جايلاشقانىدى. ئۇلار بۇ يەرگە يېتىپ كەلگۈچە پۈتۈنلەي دېگۈدەك قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى. ئېنىقراق ئېيتقاندا، پۈتۈن ئاسماننى زەرەتلەنگەن قارا بۇلۇتلار قاپلاپ، بۇ مەزگىلسىز چۈشكەن قاراڭغۇلۇققا سەھنە ئويۇنىنىڭ تەنتەنىسىنى بەخش ئېتىپ تۇراتتى. پەيتۇن توختىدى. مالاي ھارۋىكەشنىڭ ئورنىدىن سەكرەپ چۈشۈپ پەيتۇننىڭ ئىشىكىنى ئاچتى.

— ھە، بىرتۇچچو، نېمىشقا چىقمايسىز؟ — دېدى گراف. — ياكى پەيتۇندىن چۈشمەي ئولتۇرۇشنى ئويلاۋاتامسىز؟ سىز بۈگۈن زادى نېمە بولدىڭىز؟

بىرتۇچچو پەيتۇندىن سەكرەپ چۈشتى ۋە گرافقا مۈرىسىنى چىقىرىپ تۇتۇپ بەردى، گراف ئۇنىڭ يەلكىسىگە تايىنىپ ئالدىرىماي چۈشتى.

— دەرۋازىنى ئۇرۇڭ، — دېدى گراف، — ۋە مېنىڭ كەلگەنلىكىمنى ئېيتىڭ.

بىرتۇچچو دەرۋازىنى قاقتى ۋە قاپقا ئېچىلىپ دەرۋازىۋەن چىقتى.

— نېمە ئىش؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— يېڭى خوجايىنىڭلار كەلدى، — دېدى مالاي ۋە ئۇ نوتارىئۇس بەرگەن گۇۋاھنامىنى دەرۋازىۋەنگە ئۇزاتتى.

— ھە، بۇ ئۆي سېتىلىپتۇ - دە؟ — دەپ سورىدى دەرۋازىۋەن، — بۇ ئۆيدە ئەمدى بۇ جاناب تۇرامدۇ؟

— شۇنداق، دوستۇم، — دېدى ئۇنىڭغا گراف، — ئەمدى مەن سىلەرنى شۇنداق رازى قىلىشقا تىرىشىمەنكى، بۇندىن كېيىن بۇرۇنقى خوجايىنىڭلارنى ئەسلەپ قايغۇرمايدىغان بولىسىلەر.

— راستىنى ئېيتقاندا، تەقسىر، — دېدى دەرۋازىۋەن، — ئۇنى ئەسلەپ قايغۇرغۇدەك ئىش يوق، چۈنكى بىز ئۇنى زادىلا كۆرمەيدىغان بولۇپ كەتتۇق دېسەممۇ بولىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئۆيگە كېلىپ باقمىغىنىغا بەش يىل بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ ئۆزىگە ھېچقانداق پايدىسى بولمىغان بۇ ئۆينى سېتىۋەتكىنىمۇ ياخشى بوپتۇ.

— بۇرۇنقى خوجايىنىڭلارنىڭ ئىسمى كىم ئىدى؟ — دەپ سورىدى مونتې - كرىستو.

— ماركىز سېن - مېران. ئىشىنىمەنكى، ئۇ بۇ ئۆينى سېتىشتا، ئەسلىدىكى نەرقىنى ئۇندۇرۇۋالىمەن دەپ سودىلاشمىغاندۇر.

— ماركىز سېن - مېران، — دەپ تەكرارلىدى مونتې - كرىستو، — مەن بۇ ئىسىمنى بىر يەردە ئاڭلىغاندەك قىلىمەن، ماركىز سېن - مېران ...

ئۇ، چىرايىنى خۇددى ئويلاپ تېپىشقا تىرىشىۋاتقاندەك قىلدى.

— كونا ئاقسۆڭەك، — دەپ يەنە سۆزلىدى دەرۋازىۋەن، — بۇربونلارنىڭ سادىق مۇخلىسى. ئۇنىڭ يالغۇز بىرلا قىزى بار ئىدى.

شۇ قىزنى ئۇ جانابىي ۋىلفورغا ياتلىق قىلغان. ۋىلفور جانابلىرى باشتا نىم شەھىردە، كېيىن ۋېرسالدا خانلىق مۇپەتتىش بولغان.

مونتې-كرىستو بېرتۇچچوغا قاراپ قويدى، بېرتۇچچو يىقىلىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن تامغا يۆلىنىۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭ يۈزى شۇ تامدىن بەتتەر ئاقىرىپ كەتكەنىدى.

— ئۇنىڭ شۇ قىزى ئۆلۈپ كەتكەنمۇ؟ - دەپ سورىدى مونتې-كرىستو، — ئەمدى يادىمغا كېلىۋاتىدۇ، مەن شۇنداق بىر گەپنى ئاڭلىغانىدىم.

— شۇنداق، تەقسىر، ئۇنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىگە ھازىر 21 يىل بولدى، شۇندىن تارتىپ بىز بىچارە ماركىزنى ئۈچ قېتىممۇ كۆرمىدۇق.

— ھە، رەھمەت سىزگە، — دېدى مونتې-كرىستو. ئۇ ھالىدىن تېيىپ كېتىۋاتقان بېرتۇچچوغا قاراپ، ئەمدى تارنى تارتىۋەرسە بولمايدىغانلىقىنى، يەنە بىر تارتسا ئۈزۈلۈپ كېتىدىغانلىقىنى پەملىدى، — رەھمەت سىزگە. ئەمدى بىزگە بىر چىراغ ياندۇرۇپ بېرىڭ.

— ئۆزلىرىگە يول باشلاپ مېڭىشىمنى بۇيرۇۋەملا؟

— ياق، سىز بارمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. بېرتۇچچو يولۇمنى يورۇتۇپ بېرىدۇ.

مونتې-كرىستو شۇ گەپلەرنى قىلىپ، دەرۋازىۋەنگە ئىككى تىللا بەردى، دەرۋازىۋەن ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا ئۇنىڭغا تەشەككۈر، دۇئالارنى ياغدۇرۇۋەتتى.

— تەقسىر، — دېدى دەرۋازىۋەن. مەن ئۇستىنى ۋە ھەممە تاكچىلارنى ئاختۇرۇپ چىقسىپ، — بۇ يەردە بىر تال شاممۇ قالماپتۇ.

— بېرتۇچچو، پەيتۇندىكى پانارنى ئېلىڭ، بىز ئۆي ئىچىنى كۆرۈپ چىقايلى، — دېدى گراف.

غوجىدار گەپ قىلماي بۇيرۇقنى ئورۇندىدى. لېكىن ئۇنىڭ قوللىرىنىڭ تىترەپ تۇرۇشىدىن، بۇ ئىشنىڭ ئۇنىڭغا قانچىلىك قىيىنغا توختاۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇلار بۇ ئۆينىڭ خېلى ئازادە بولغان بىرىنچى قەۋىتىنى ئارىلاپ چىققاندىن كېيىن، ئىككىنچى قەۋەتكە چىقتى، ئىككىنچى قەۋەتتە بىر مېھمانخانا، مونچا ۋە ئىككى ئېغىز ياتاق ئۆي بار ئىدى، بۇ ياتاقلارنىڭ بىرى ئايلانما پەلەمپەي ئارقىلىق باغ بىلەن تۇتىشىپ تۇراتتى.

— قاراڭ، بۇ يەردە ئايرىم بىر چىقىش ئىشىكى بار ئىكەن، — دېدى گراف، — بۇ بەك قولايلىق ئىكەن، پانارنى بۇ ياققا ئېلىپ كېلىڭ. بېر تۇچچو، سىز ئالدىغا ئۆتۈپ مېڭىڭ، بۇ پەلەمپەينىڭ نەگە چىقىدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقايلى.

— باغقا چىقىدۇ، جانابلىرى، — دېدى بېر تۇچچو.

— سىز بۇنى نەدىن بىلىسىز؟

— باغقا چىقامدىكىن دەيمەن.

— ھە، ئەمىسە تەكشۈرۈپ كۆرۈپ باقايلى.

بېر تۇچچو ئېغىر بىر تىنىق ئالدى-دە، ئالدىغا ئۆتۈپ ماڭدى. ئېيتقاندەك، پەلەمپەي باققا ئېلىپ چىقتى. تاشقىرقى ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلگەندە غوجىدار توختاپ قالدى.

— ھە، نېمە بولدىڭىز؟ — دېدى گراف.

لېكىن، ئۇ مۇراجىئەت قىلغان كىشى تېڭىرقىغان، ھودۇققان، روھىي چۈشكەن ھالدا قىمىر قىلماي تۇراتتى. ئۇنىڭ ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن كۆزلىرى ئۇياق-بۇياققا قاراپ، خۇددى قاباھەتلىك ئۆتمۈشىنىڭ غايىب ئىزلىرىنى قايتىدىن كۆرمەكچى بولۇۋاتقاندەك، ئۇنىڭ ئەسەبىيلىك بىلەن كىرىشىپ قالغان قوللىرى گويا قانداقتۇر بىر دەھشەتلىك ئەسلىمىلەرنى ئۆزىدىن نېرىغا ئىتتىرىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

— ھە؟ — تەكرارلاپ سورىدى گراف.

— ياق، ياق، — دەپ خىتاب قىلدى بېر تۇچچو پانارنى پەسكە چۈشۈرۈپ ۋە تامغا يۆلىنىپ تۇرۇۋېلىپ، — ياق، جانابلىرى مەن ئەمدى ماڭمايمەن، ماڭالمايمەن!

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — دېدى مونتې-كرىستو كەسكىنلىك بىلەن.

— ئۆزلىرى كۆرۈۋاتىلىغۇ جانابىي گراف، — دەپ خىتاب قىلدى غوجىدار، — بۇ جەزمەن شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشى. سىلى پارىژدىن ئۆي ئالماقچى بولۇپ، دەل مۇشۇ ئوتېيلدىن ئۆي ئاپلا، يەنە كېلىپ، ئوتېيلدىمۇ دەل يەنە مۇشۇ فونتېن كوچىسىدىكى 28-ھويلىنى تېپىپلا. ئاھ، مەن بۇ يەرگە كېلىشتىن بۇرۇن سىلىگە ھەممىنى سۆزلەپ بەرگەن بولسامچۇ! ئۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان بولسىلا مېنى بۇ يەرگە كېلىشكە زورلىماس ئىدىلە. بىراق، مەن سىلى سېتىۋالغان ئۆي بۇ ئەمەستۇر دەپتىكەنمەن. يائاللا، ئوتېيلدە سىلىگە بۇ قاتىللىق ۋەقەسى تۇغۇلغان ئۆيدىن باشقا ئۆي تېپىلماسىدى!

— نەدىكى گەپلەرنى قىلىۋاتىسىز! — دېدى مونتې-كرىستو ئاھاڭىنى ئۆزگەرتىپ، — قالتىس ئادەم ئىكەنسىز-دە! ھەقىقىي كورسىكانلىق. دائىم قانداقتۇر بىر مەخپىيەتلىكلەردىن، خۇراپاتچىلىقتىن خالى بولالمايسىز! پانارنى ئېلىڭ، باغنى كۆرۈپ كېلەيلى. مەن بىلەن بىللە ماڭسىڭىز ئانچە قورقۇپ كەتمەسسىز.

بېر تۇچچو پانارنى ئېلىپ، ئىتائەتمەنلىك بىلەن ماڭدى. ئىشىك كەڭ ئېچىلدى. تۇتۇق قارا ئاسماننىڭ مەنزىرىسى نامايان بولدى. كۆكتىكى ئاي پۈتۈن بىر بۇلۇت دېڭىزى بىلەن بىھۇدە ئېلىشماقتا ئىدى. بۇلۇتلار گويا كى غىل-پال نۇرلىنىپ قېلىۋاتقان دولقۇنلارغا ئوخشاش، ئاينىڭ يۈزىنى توسۇپ، يەنە ئۆتۈپ كېتەتتى ۋە تېخىمۇ قاردىداپ كەتكەن ھالدا پايانسىز بوشلۇق ئىچىدە

غايىب بولاتتى. غوجىدار سول تەرەپكە مېڭىشقا تەمشەلدى.

— ياق، ياق، — دېدى مونتې-كرىستو، — بۇ تار يول بىلەن مېڭىپ نېمە قىلىمىز؟ مانا بۇ يەردە بىر ئوبدان چىملىق بار ئىكەن، ئۇدۇللا ماڭايلى.

بېرتۇچچو ماڭلىيىنى بويلاپ ئېقىپ چۈشۈۋاتقان تەرنى قولى بىلەن ئېرتىۋېتىپ، ئۈنچىقماستىن ماڭدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ھەدەپ سول تەرەپكە چەتنەپ باراتتى. مونتې-كرىستو، ئەكسىچە، ئوڭ تەرەپكە ماڭدى ۋە بىر تۈپ دەرەخنىڭ يېنىغا كەلگەندە توختىدى.

غوجىدار ئەمدى ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالدى.

— بۇ يەردىن نېرىغا كەتسىلە جانابىي گراف، — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ، — نېرىغا كەتسىلە، سىلىدىن ئۆتۈنۈپ قالاي. سىلى ھازىر دەل شۇ جايدا تۇرۇپ قالدىلا!

— قايسى جايدا؟

— ئۇ يىقىلغان جايدا.

— قەدىرلىك بېرتۇچچو، — دېدى گراف كۈلۈپ تۇرۇپ، — ھوشىڭىزنى يىغىۋېلىڭ. بىز ھازىر سارتېن ياكى كورتادا① تۇرۇۋاتمايمىز. بۇ يەر جاڭگال ئەمەس، بەلكى ئىنگلىزچە باغ. توغرا، بۇ باغ پەرۋىش قىلىنماي تاشلىۋېتىلگەنىكەن. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ باغقا ئۇنداق ھاقارەت كەلتۈرۈشكە بولمايدۇ.

— بۇ يەردە تۇرمىسىلا، تەقسىر، بۇ يەردە تۇرمىسىلا، سىلىدىن ئۆتۈنۈپ سوراپ قالاي!

— ئەقلىڭىزدىن ئېزىپ قېلىۋاتامسىز نېمە، بېرتۇچچو ئەپەندى، — دېدى گراف قاپىقىنى تۈرۈپ، — ئەگەر شۇنداق بولسا، ۋاقتىدا ئېيتىپ قويۇڭ، مەن سىزنى شىپاخانىغا ئەۋەتىپ

---

① سارتېن، كورتا — كورسىكا ئارىلىدىكى جايلار.

بىرەي، يەنە بىرەر بەختسىزلىك يۈز بېرىپ قالمىسۇن.

— ئاھ، جانابلىرى. بەختسىزلىك ئۆتۈپ بولغان... — دېدى بېرتۇچچو بېشىنى كەينى - كەينىدىن چايقاپ ۋە ئەس - ھوشىنى يوقاتقان ھالدا قوللىرىنى شۇنداق پۇلاڭلىتىپ كەتتىكى، ئەگەر شۇ تاپتا گراف مۇھىم بىر مەسىلە ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ تۇرمىغان بولسا، ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ كەتكەن بولاتتى.

— بېرتۇچچو، — دېدى گراف، — سىزگە ئېيتىپ قوياي. سىز خۇددى ئىچىگە جىن كىرىۋالغان ئادەمدەك قوللىرىڭىزنى سۇندۇرۇۋەتكۇدەك قايرىشتۇرۇپ كېتىۋاتىسىز، كۆزلىرىڭىزنى تەلۋە ئادەمدەك ئالاق - جالاق قىلىپ كېتىۋاتىسىز. مەن خېلى بۇرۇنلا شۇنىڭغا دىققەت قىلغانىدىمكى، جىنلارنىڭ ئەڭ جاھىلى مەخپىيەتلىكتۇر. مەن سىزنىڭ كورسىكانلىق ئىكەنلىكىڭىزنى بىلەتتىم، سىزنىڭ دائىم قانداقتۇر بىر قانلىق قىساسنىڭ غېمىدە يۈرگەنلىكىڭىزنى بايقىغانىدىم. شۇنداق بولسىمۇ، ئىتالىيىدىكى ۋاقتىمدا بۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمىگەنىدىم، چۈنكى ئىتالىيىدە بۇنداق ئىشلارغا يول قويۇلىدۇ، لېكىن فرانسىيىدە ئادەم ئۆلتۈرۈش بەكمۇ يامان ئىش ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەردە بۇنداق ئىشلارنى تەكشۈرىدىغان ساقچىلار بار، بۇنداق ئىش قىلغانلارنى سوتلايدىغان سوتچىلار بار، ئۆلگۈچىنىڭ ئىنتىقامىنى ئالىدىغان مويتۇكزا بار.

بېرتۇچچو يالۋۇرغان سىياقتا قوللىرىنى كۆكرىكىنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ جۈپلىدى. ئۇ، قولىدا پانارنى تۇتۇپ تۇرغان بولغاچقا، پانارنىڭ يورۇقى ئۇنىڭ قورقۇنچتىن پۈرۈشۈپ كەتكەن يۈزىنى يورۇتتى. مونتې - كرىستو ئۇنىڭغا گويا رىمدا ئاندرېئانىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنى كۆرگەندىكىگە ئوخشاش كۆزلىرى بىلەن تىكىلىپ قارىدى. بىر ئەسنادىن كېيىن ئۇ پەس ئاۋازدا سۆزلىدى. بۇ سۆزلەردىن بىچارە غوجىدارنىڭ پۈتۈن ئەزايى - بەدىنىگە قايتىدىن تىترەك ئۇلىشىپ كەتتى.

— دېمەك، بۇزونى ھەزرەت 1829 - يىلى فرانسىيىگە قىلغان ساياھىتىدىن كېيىن، سىزنى شۇنچە ماختاپ خەت يېزىپ، سىزنى مېنىڭ ئالدىمغا ئەۋەتىپ، مېنى ئالداپ قويۇپتىكەن - دە؟ ماقۇل، مەن ئەمدى ھەزرەتكە خەت يازاي. ئۇ ماڭا سىزنى تونۇشتۇرۇپ ئەۋەتكەنلىكى ئۈچۈن جاۋابكار بولۇشى كېرەك. زادى قانداق قاتىللىق ۋەقەسى بولغانلىقىنى ئۇنىڭدىن ئۇقۇپ باقارمەن. مەن سىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ قوياي، بېرتۇچچو. مەن قايسى مەملىكەتتە ياشىسام، شۇ مەملىكەتنىڭ قائىدە - تۈزۈملىرىگە رىئايە قىلىمەن. شۇڭا، سىزنى دەپ فرانسىيىنىڭ قانۇن ئورۇنلىرى بىلەن جېدەللىشىشنى ھەرگىز خالىمايمەن.

— ئۇنداق قىلمىسىلا جانابلىرى! — دەپ ۋارقىراپ تاشلىدى بېرتۇچچو، — مەن سىلىگە سادىق، سەمىمىي بولۇپ خىزمەت قىلمىدىممۇ؟ مەن ئەزەلدىن بىر مۆمىن ئادەممەن، ھەر دائىم كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىشنىلا ئويلايمەن.

— بۇ تەرىپىڭىزنى ئىنكار قىلمايمەن، — دېدى گراف، — بىراق، نېمە ئۈچۈن شۇنچە ھاياجانلىنىپ كەتتىڭىز؟ بۇ، ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى ئەمەس. ئادەمنىڭ ۋىجدانى پاك بولسا، ئۇ مۇنداق تاتىرىپ كەتمەيدۇ، ئۇنىڭ قوللىرى مۇنداق تىترەپ تۇرمايدۇ...

— جانابلىرى، — بېرتۇچچو جۈرئەت قىلمىغان ھالدا سۆزلىدى، — مەن نىم تۇرمىسىدە ياتقان چېغىمدا بۇزونى ھەزرەتنىڭ ئالدىدا تۆۋا قىلىپ، گۇناھىمنى ئىقرار قىلغانىدىم. بۇزونى ھەزرەت سىلىگە مېنى ئېغىر گۇناھى بار دەپ خەت يازغانىكەنمۇ، سىلى ئۆزلىرى ماڭا شۇنداق دېگەنىدىلەغۇ؟

— ھەئە، ئەلۋەتتە. ئەمما، بۇزونى ھەزرەت سىزنى ماڭا ياخشى غوجىدار بولالايدۇ دەپ تونۇشتۇرغانلىقى ئۈچۈن. مەن سىزنىڭ گۇناھىڭىزنى ئادەتتىكى بىر ئوغرىلىق ئىشىمىكىن دەپتىكەنمەن.

— مېنى شۇنداق قىلىدۇ دەپ ئويلىدىڭمۇ، جانابىي گراف! — دەپ خىتاب قىلدى بېرتۇچچو يىرگىنىش بىلەن.

— ئەمىسە، سىزمۇ كورسىكانلىقلارنىڭ ئادىتى بويىچە ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋالالماي بىرەر ئادەمنىڭ «تېرىسىنى تىكىپ»① قويغانمىدىڭىز؟ سىلەرنىڭ يۇرتۇڭلاردا، ئەكسىچە، ئادەمنىڭ تېرىسىنى شىلىۋەتكەننى شۇنداق دەپ ئاتىشىدىغۇ.

— شۇنداق، جانابلىرى، شۇنداق! شۇنداق بىر ئىش بولغانىدى! — دېدى بېرتۇچچو ۋە گرافنىڭ ئاياغ - ئاستىغا يىقىلدى، — بۇ قىساس ئىدى، ئەزبىرايى خۇدا، بۇ پەقەت بىر قىساس ئىدى!

— مەن بۇنى چۈشىنىمەن، لېكىن بىر ئىشنى چۈشەنمەيۋاتىمەن: نېمە ئۈچۈن دەل مۇشۇ ئۆي سىزنى شۇنچە بىئارام قىلىۋاتىدۇ؟

— بۇ تەبىئىي شۇنداق بولىدۇ - دە، جانابلىرى، — دېدى بېرتۇچچو، — ھەممە ئىش مۇشۇ ئۆيدە بولغان ئەمەسمۇ.

— ھە، مېنىڭ ئۆيۈمدىما؟

— بۇ ئۆي ئۇ چاغلاردا سىلىنىڭ ئەمەس ئىدى - دە، — دەپ ساددىلىق بىلەن ئېتىراز بىلدۈردى بېرتۇچچو.

— ھە، بۇ ئۆي كىمنىڭ ئىدى؟ بايا دەرۋازىۋەن بۇ ئۆينى ماركىز سېن - مېراننىڭ دېگەنىدەك قىلىۋاتاتتىغۇ؟ سىز ماركىز سېن - مېراندىن قىساس ئالغۇدەك نېمە ئىش بولغىيدى؟

— جانابلىرى، مەن قىساسىمنى ئالغان كىشى ئۇ ئەمەس، باشقا بىر كىشى.

— ئاجايىپ ئىش ھە، — دېدى مونتې - كرىستو گويا ئۆز ئىچىدە ئويلاۋاتقانلىرىنى ئېغىزاكى سۆزلەۋاتقاندەك قىلىپ، —

---

① كورسىكانلىقلارنىڭ تىلىدا «ئادەم ئۆلتۈرۈش» دېگەن مەنىنى بېرىدىغان تۇراقلىق ئىبارە.

ئويلىمىغان يەردىن، سىز ئۆزىڭىزنى شۇنچە ئازابلىغۇچى گۇناھلىق ۋەقە سادىر بولغان بۇ ئۆيگە قايتىدىن كىرىپ قاپسىز.

— جانابلىرى، — دېدى غوجىدار، — مەن بىلىمەن، بۇ بىر تەقدىر. سىلى بۇ يەرگە كېلىش بىلەنلا ئوتېيلىدىن ئۆي ئاپتىلا. يەنە كېلىپ، بۇ دەل ئاشۇ مەن ئادەم ئۆلتۈرگەن ئۆي بولۇپ چىقتى. سىلى بۇ باغقا دەل ئاشۇ كىشى چۈشكەن پەلەمپەي ئارقىلىق چىقتىلا؛ باغقا چىققاندىن كېيىن يەنە دەل ئاشۇ، مەن ئۇنىڭغا زەربە بەرگەن جايغا كېلىپ توختىدىلا. بۇ يەردىن ئىككى قەدەم نېرىدا، مانا مۇشۇ چىنارنىڭ تۈۋىدە ئۇ يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنى كۆمگەن بىر ئورەك بار ئىدى. ياق، بۈگۈن بىزنىڭ بۇ يەردە بولۇپ قېلىشىمىز تاسادىپىي ئىش ئەمەس، بۇ بىر خۇدانىڭ تەقدىرى.

— ماقۇل، كورسىكانلىق ئەپەندى، بۇنى خۇدانىڭ تەقدىرى دەيمۇ قارايلى. روھىي ھالىتى ساغلام بولمىغان كىشىلەرگە يول قويۇش يۈزىسىدىن مەن ھەرقانداق گەپكە ماقۇل دەۋېرىمەن. ئەمدى خاتىرىڭىزنى جەم قىلىپ، ماڭا ھەممىنى بىر باشتىن سۆزلەپ بېرىڭ.

— مەن بۇ گەپنى ئۆمرۈمدە بىر قېتىم، پەقەت بۇزونى ھەزرەتكىلا سۆزلەپ بەرگەنىدىم. بۇنداق گەپلەرنى، — دەپ قوشۇپ قويدى بېرتۇچچو بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ، — پەقەت خۇدانىڭ ئالدىدا تەۋۋا قىلغاندىلا ئېيتىشقا بولىدۇ.

— ئۇنداق بولسا، قەدىرلىكىم، — دېدى گراف، — مەن سىزنى ئۆزىڭىزنىڭ ئاشۇ روھانىيىڭىزغا قايتۇرۇۋېتىمەن. سىزمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش كارتېزىن ياكى بېردىنار① بولۇۋېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن سىردىشىپ ئولتۇرۇڭ. مەن ئۆزۈمنى ئالسام، بۇنداق جىن-

---

① كارتېزىن، بېردىنار — كاتولىك دىنىنىڭ مەزھەپلىرى ۋە شۇ مەزھەپلەرنىڭ مۇرىتلىرى.

دىن قورقىدىغان غوجىدارنى ياقتۇرمايمەن، كېچىلىرى باغقا چىقىشتىن قورقىدىغان خىزمەتكارلارنى ياقتۇرمايمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، راستىنى ئېيتسام، ئۆيۈمگە ساقچى ئەمەلدارنىڭ كېلىشىنى خالىمايمەن. چۈنكى بېرتۇچچو ئەپەندى، سىز شۇنى يادىڭىزدىن چىقىرىپ قويماڭ، ئىتالىيىدە ساقچىلار بىكار يېتىپ پۇل تاپىدۇ، لېكىن فرانسىيىدە، ئەكسىچە، ساقچىلار جانلىق ھەرىكەت قىلغاندىلا پۇل تاپالايدۇ. مەن سىزنىڭ كورسىكانلىق ھەم ئەتكەسچى ئىكەنلىكىڭىزنى بىلسەممۇ، سىزنى قولىدىن ئىش كېلىدىغان غوجىدار دەپ يۈرەتتىم. ئەمدى قارىسام، سىز مەن ئويلىغاندىن خېلىلا كۆپ تەرەپلىمە ئىش قىلىدىغان ئادەم ئىكەنسىز، بېرتۇچچو ئەپەندى. بولدى، ئەمدى سىز ماڭا لازىم ئەمەس.

— جانابلىرى، جانابلىرى! — دەپ خىتاب قىلدى غوجىدار بۇ تەھدىتتىن ئۆلگۈدەك قورقۇپ، — پەقەت شۇ ئىش ئۈچۈنلا مېنى ئىشتىن بوشىتىۋەتمەكچى بولسىلا ھەممىنى سۆزلەپ بېرىمەن، ھەممىنى ئىقرار قىلىمەن. سىلىدىن ئايرىلغۇچە مويتۇڭزىغا چىققىنىم ياخشى.

— ھە، بۇ باشقا گەپ، — دېدى مونتې - كرىستو، — لېكىن، ئاۋۋال ئوبدانراق ئويلاپ كۆرۈڭ: ئەگەر يالغان گەپ قىلماقچى بولسىڭىز، ياخشىسى سۆزلىمەيلا قويۇڭ.

— ئەزبىرايى خۇدا، ھەممىنى سۆزلەپ بېرىمەن! راستىنى ئېيتسام، ھەتتا بۇزونى ھەزرەتمۇ مېنىڭ سىرىمنىڭ بىر قىسمىنىلا بىلەتتى. لېكىن، سىلىدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، بۇ چىنارنىڭ يېنىدا تۇرمىسىلا. مانا، بۇلۇتلارنىڭ ئارىسىدىن ئاي چىقتى. سىلى بۇ يەردە يېپىنچىغا ئورىنىپ تۇرۇۋاتىدىلا، سىلىنىڭ بەدەن تۈزۈلۈشلىرىنى بۇ يېپىنچا يوشۇرۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. شۇڭا، ھازىر سىلىنىڭ تۇرقىلىرى بەئەينى ئاشۇ جانابىي ۋىلفورغا ئوخشاپ كەتتى...

— نېمە، — دەپ خىتاب قىلدى مونتې - كرىستو، — ئۇ كىشى ۋىلفورمىدى؟

— جانابلىرى ئۇنى تونۇيدىكەن - دە؟

— ئۇ نىم شەھىرىدە خانلىق مۇپەتتىش بولغانمۇ؟

— ھەئە.

— ئۇ ماركىز سېن - مېراننىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەنمۇ؟

— ھەئە.

— ئۇ ئەڭ ئادىل، ئەڭ مەسئۇلىيەتچان ۋە ئەڭ خالىس سوتچى بولۇپ تونۇلغانغۇ؟

— ھەي، جانابلىرى، — دېدى بېرتۇچچو، — ئۇنىڭ ئەل ئىچىدە ئاشۇنداق ياخشى نامى چىققىنىنى بىلەن...

— ھە؟

— ئۇ بىر مۇناپىق ئىدى.

— ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، — دېدى مونتې - كرىستو.

— ھەر نېمىدېسىلىمۇ، بۇ ھەقىقەت.

— شۇنداقمۇ! — دېدى مونتې - كرىستو، — بۇنداق دېيىشكە ئىسپاتىڭىز بارمۇ؟

— بار ئىدى.

— ھە، سىز ھاماقەتلىك قىلىپ، ئۇنى يوقىتىپ قويغانمىدىڭىز؟

— ھەئە، ئەمما ئوبدانراق ئىزدىنىپ كۆرسەك، ئۇنى تاپقىلى بولىدۇ.

— مۇنداق دەڭ! — دېدى گراف، — ماڭا بۇنى سۆزلەپ بېرىڭا، بېرتۇچچو. بۇ ھەقىقەتەن قىزىقارلىق گەپ ئىكەن.

گراف پەس ئاۋاز بىلەن «ليۇچىيە» ناخشىسىنىڭ ئاھاڭىنى ئېيتقان ھالدا بېرىپ بىر ئورۇندۇققا ئولتۇردى. بېرتۇچچو ئۆزىنىڭ ئۆتمۈش خاتىرىلىرىنى ئەسكە ئېلىشقا تىرىشىپ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ باردى ۋە گرافنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

ئون تۆتىنچى باب

ۋەندېيتا

— نېمىدىن باشلاي، جانابلىرى؟ — دەپ سورىدى بىرتۇچچو.

— ئۆزىڭىزنىڭ ئىختىيارىڭىز، — دېدى مونتې-كرىستو، — مەن ھېچنېمىنى بىلمەيمەنغۇ.

— مەن ئېخى بۇزونى ھەزرەت جانابلىرىغا سۆزلەپ بەرگەنمىكىن دەپتىمەن.

— شۇنداق، بەزى گەپلەرنى ئېيتقان، لېكىن بۇ ئارىدا يەتتە، سەككىز يىل ئۆتۈپ كەتتى، ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن.

— دېمەك، مەن جانابلىرىنىڭ ئىچىنى پۇشۇرۇپ قويۇشتىن ئەنسىرىمەي...

— سۆزلەۋېرىڭ، بىرتۇچچو، سۆزلەۋېرىڭ. بۇ مېنىڭ كەچكى گېزىت كۆرگىنىمنىڭ ئورنىدا بولۇپ قالار.

— بۇ ئىش 1815 - يىلى باشلانغانىدى.

— پاھ! — دېدى مونتې - كرىستو، — بۇ ئۇزۇن تارىخ ئىكەن.

— شۇنداق، جانابلىرى، ئەمما بۇ ئىش گويا تۈنۈگۈن بولۇپ ئۆتكەندەك، ھەممە تەپسىلاتلار خاتىرەمدە ئېنىق ساقلىنىپ تۇرىدۇ. مېنىڭ بىر ئاكام بار ئىدى. ئۇ، ئىمپېراتور ئارمىيىسىدە خىزمەت قىلىپ، پۈتۈنلەي كورسىكانلىقلاردىن تۈزۈلگەن بىر پولكتا پارۇچىك ئۇنۋانىغا ئۆستۈرۈلدى. ئاكام، مېنىڭ بىردىنبىر قاياشىم ئىدى. ئاكام 18 ياشقا، مەن بەش ياشقا كىرگەندە

ئاتا - ئانىمىزدىن ئايرىلىپ يېتىم قالدۇق. ئاكام مېنى ئۆز بالىسىدەك بېقىپ چوڭ قىلدى. 1814 - يىلى، بۇربونلار دەۋرىدە ئۇ ئۆيلەندى. ئىمپېراتور ئېلبا ئارىلىدىن قايتىپ كەلگەندە ئۇ يەنە ھەربىي سەپكە قاتناشتى. ۋاتېرلوئو ۋەقەسىدە ئۇ يېنىك يارىدار بولدى ۋە ئارمىيە بىلەن بىللە لۇئارغا چېكىنىپ كەلدى.

— سىز ماڭا «100 كۈن» نىڭ تارىخىنى سۆزلەپ بېرىۋاتىسىز، بىرتۇچچو، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى گراف، — خاتالاشمىسام، بۇ تارىخ ئاللىقاچان يېزىلىپ بولغان.

— ئەپۇ قىلىسىلا، جانابىي گراف، لېكىن باشتا بۇ تەپسىلاتلارنى سۆزلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. سىلى ئۆزلىرىمۇ تاقەت قىلىپ ئاڭلايدىغانلىقلىرىنى ئېيتقانىدىلەغۇ.

— ھە، سۆزلەڭ، مەن لەۋزىمدە تۇرىمەن.

— بىر كۈنى بىزگە بىر خەت كەلدى. بىز ئۇ چاغدا كورس تۇمشۇقىنىڭ ئەڭ چېتىگە جايلاشقان روليانو دېگەن بىر كىچىك كەنتتە تۇراتتۇق. بىزگە كەلگەن ئۇ خەت ئاكامدىن كەلگەنىكەن. ئۇ، خېتىدە ئارمىيىنىڭ تارقىتىۋېتىلگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ شاتور، كلېرمون - فېرران، پېيۇيى ۋە نىم ئارقىلىق ئۆيگە قايتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى يېزىپتۇ ۋە ئەگەر قولۇمدا بولسا ئۆزىگە بىرئاز پۇل ئەۋەتىپ بېرىشنى سوراپتۇ. ئۇ، پۇلنى نىم شەھىرىدىكى بىزگە تونۇش بولغان بىر مەيپۇرۇشنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتىشنى ئېيتىپتۇ. ئۇ مەيپۇرۇش بىلەن مېنىڭ بەزى ئىشلاردا ئالاقەم بار ئىدى.

— ئەتكەسچىلىك ئىشلىرىدىمۇ؟ — دەپ قويدى مونتې - كرىستو.

— جانابلىرى، جان بېقىش ئەۋزەل - دە.

— ئەلۋەتتە، داۋاملاشتۇرۇڭ.

— ئاكامنى بەك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ئېيتقانىدىم. مەن ئۇنىڭغا پۇلنى ئەۋەتىپ بەرمەي، بەلكى ئۆزۈم ئېلىپ تۈزنىڭ

ئالدىغا بېرىشنى قارار قىلدىم. مېنىڭ 1000 فرانكقا يېقىن پۇلۇم بار ئىدى. بۇنىڭدىن 500 فرانكنى يەڭگەم ئاسۇنتاغا قالدۇردۇم، قالغىنىنى ئۆزۈم ئېلىپ نىم شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقتىم. بۇ ئاسان ئىش ئىدى: مېنىڭ بىر قېيىقىم بار ئىدى، ئەمدى دېڭىز ئارقىلىق توشۇلىدىغان يۈك تاپساملا بولاتتى. ھەممە ئىشلار كۆڭۈلدىكىدەك بولۇپ چىقتى. بىراق، مەن يۈكنى بېسىپ بولغاندىن كېيىن شامال ئۆزگىرىپ قالدى. شۇڭا، بىز تۆت كۈنگىچە رونا دەرياسىغا كىرەلمىدۇق. ئاخىرى مۇددىئايىمىزغا يېتىپ، دەريا ئارقىلىق ئارلىغا يېتىپ باردۇق. شۇندىن كېيىن، قېيىقىمنى بېلگارد بىلەن بوكسىرنىڭ ئارىلىقىدا قالدۇرۇپ، ئۆزۈم نىمغا كەتتىم.

— نەق گەپنىڭ ئۆزىگە كېلىپ قالدۇققۇ دەيمەن - ھە؟

— شۇنداق، جانابلىرى. ئەپۇ قىلىشلىرىنى سورايمەن. لېكىن جانابلىرىغا ھازىر ئايان بولىدىكى، مەن پەقەت ئەڭ مۇھىم گەپلەرنىلا سۆزلەۋاتىمەن. ئۇ چاغدا فرانسىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا قىرغىنچىلىق بولۇۋاتاتتى. ئۇ يەردە ئۈچ قاراقچى ھۆكۈم سۈرەتتى، ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى — ترىستالىيون، ترىيوفىمى ۋە گراففان ئىدى. ئۇلار بوناپارتىزمغا چېتىشلىقى بار دەپ گۇمان قىلغانلىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى كوچا - كوچىلاردا ئۆلتۈرمەكتە ئىدى. جانابلىرى بۇ قىرغىنچىلىق ھەققىدىكى گەپلەرنى ئاڭلىغان بولۇشى مۇمكىن؟

— بەزى گەپلەرنى ئاڭلىغان. مەن ئۇ چاغدا فرانسىيىدىن يىراقتا ئىدىم. ھە، داۋاملاشتۇرۇڭ.

— نىم شەھىرىدە قان كېچىپ مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. ھەر قەدەمدە جەسەتلەر ياتاتتى. قاتىللار توپ - توپى بىلەن قاتراپ يۈرۈپ ئۆلتۈرۈش، بۇلاش ۋە ئوت قويۇش بىلەن شۇغۇللىناتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ يۈرىكىم قېپىدىن چىقىپ كەتكۈدەك بولدى: ئۆزۈمنى ئويلاپ ئەمەس، مېنىڭدەك بىر ئاددىي

كورسىكانلىق بېلىقچىغا قورقۇشىنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىزگە ئوخشاش ئەتكەسچىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ بىر ئالتۇندەك ۋاقىت ئىدى. ياق، مەن ئاكامنى ئويلاپ قورقاتتىم. ئۇ ئىمپېراتور ئەسكىرى بولۇپ، لۇئار ئارمىيىسىنىڭ كىيىمىنى كىيگەن ۋە ھەربىيچە بەلگىلەرنى تاقىغان ھالدا كېلىۋاتاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ ھەر جەھەتتىن خەۋپ ئاستىدا قالغانىدى. مەن ھېلىقى تونۇش مەيپۇرۇشنىڭ ئۆيىگە يۈگۈرۈپ باردىم. مېنىڭ ئەندىشەم دۇرۇس بولۇپ چىقتى. ئاكام ئالدىنقى كۈنى نىمغا يېتىپ كەلگەن بولۇپ، ئۆزى پاناھ تېپىشنى ئويلىغان شۇ ئۆينىڭ ئىشىك ئالدىدا ئۆلتۈرۈلۈپتۇ، مەن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قاتىللارنى ئېنىقلاشقا تىرىشتىم. لېكىن، ھېچكىم ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بېرىشكە جۈرئەت قىلالمىدى، كىشىلەر شۇنچە يۈرەكزادە بولۇپ كەتكەنىدى. ئەنە شۇ چاغدا، مەن، ھېچنېمىدىن قورقمايدۇ دەپ داڭقى چىققان فرانسىيىنىڭ قانۇن ئورۇنلىرىغا سىغىنىپ، خانلىق مۇپەتتىشنىڭ ئالدىغا باردىم.

— شۇ خانلىق مۇپەتتىشنىڭ ئىسمى ۋىلفورمىدى؟ — دەپ سوراپ قويدى مونتې - كرىستو.

— شۇنداق، جانابلىرى. ئۇ بۇرۇن مارسېلدا مۇپەتتىشنىڭ ياردەمچىسى بولغان ھەمدە چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن كېيىن مەنسىپى ئۆستۈرۈلۈپتىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ناپالېئوننىڭ قۇرۇقلۇققا چىققانلىقىدىن بۇربونلارغا ئەڭ دەسلەپ خەۋەر يەتكۈزگەنلەرنىڭ بىرى ئىكەن.

— شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا باردىڭىز، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى مونتې - كرىستو.

— «مۇپەتتىش ئەپەندى، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا، — مېنىڭ ئاكام تۈنۈگۈن نىم كوچىسىدا ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. كىمنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكىنى بىلمەيمەن. لېكىن قاتىلنى تېپىپ چىقىش سىزنىڭ ۋەزىپىڭىز.

سىز بۇ شەھەرنىڭ قانۇن ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان كىشى. قانۇن ئەمدى بۇرۇن ئۆزى قوغداپ قالالمىغان كىشىلەرنىڭ قىساسىنى ئېلىشى كېرەك».

«سىزنىڭ ئاكىڭىز كىم ئىدى؟» — دەپ سورىدى خانىلىق مۇپەتتىش.

«كورسىكا باتالىيونىنىڭ پارۇچىكى».

«دېمەك، باش ئىسيانكارنىڭ ئەسكىرى ئىكەن - دە؟»

«فرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ ئەسكىرى».

«نېمىدېمەكچىسىز؟ — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى ئۇ، — ئۇ زۇلپىقارىنى قىنىدىن چىقىرىپتۇ ۋە شۇ زۇلپىقاردىن ئۆزى قازا تېپىپتۇ».

«خاتالىشىۋاتىسىز، تەقسىر. ئۇ خەنجەرنىڭ زەربىسىدىن قازا تاپتى».

«ئەمىسە، سىز مەندىن نېمە تەلەپ قىلماقچى؟» — دەپ سورىدى مۇپەتتىش.

«مەن سىزگە ئېيتتىمغۇ، ئۇنىڭ قىساسىنى ئېلىپ بېرىشىڭىزنى تەلەپ قىلىمەن».

«كىمدىن قىساس ئالىمىز؟»

«ئۇنىڭ قاتىللىرىدىن».

«قاتىللارنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى مەن نەدىن بىلەي؟»

«ئۇلارنى تېپىپ چىقىشنى بۇيرۇڭ».

«نېمىشقا؟ ئاكىڭىز بەلكىم بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ قېلىپ، دۇئېلغا چىقىپ سوقۇشقاندۇ. بۇ كونا ئۇرۇشقاقلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق ئالىستوپىلاڭ كۆتۈرۈشكە ئاران تۇرىدۇ. ئىمپېراتورنىڭ دەۋرىدىكى ئۇلار شۇنداق ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ يۈرەلەيتتى، لېكىن ئەمدى زامان ئۆزگەردى. بىزنىڭ جەنۇبلۇقلار ئۇرۇشقاقلارنىمۇ، ئالىستوپىلاڭنىمۇ ياخشى كۆرمەيدۇ».

«مۇپەتتىش ئەپەندى، — دېدىم مەن، — مەن ئۆزۈم ئۈچۈن سوراۋاتمايمەن. مەن قايغۇرۇپ ئولتۇرامدىم ياكى ئۆچ ئالامدىم — بۇ مېنىڭ ئۆزۈمنىڭ ئىشىم. لېكىن، بەختسىز ئاكامنىڭ خوتۇنى بار. ئەگەر مەنمۇ بىرەر پالاكەتچىلىككە يولۇقۇپ قالسام، ئۇ بىچارە ئايال ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئۇ پەقەت ئېرىنىڭ ئەمگىكى بىلەنلا جان بېقىپ كېلىۋاتقان. شۇ ئايالغا ئاز بولسىمۇ نەپىقە پۇلى بېرىشنى بەلگىلەپ قويسىڭىز».

«ھەر قانداق ئىنقىلابتا قۇربان بېرىشلەر بولىدۇ، — دېدى ۋېلفور، — سىزنىڭ ئاكىڭىز ئاخىرقى سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ قۇربانى بوپتۇ. بۇ بىر بەختسىزلىك. لېكىن، بۇنىڭ بىلەن، ھۆكۈمەتنىڭ ئائىلەڭلارنى تەمىنلەش مەجبۇرىيىتى يوق. باش ئىسيانكارنىڭ مۇخلىسلىرى ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغاندا پادىشاھ تەرەپدارلىرىغا زىيانكەشلىك قىلغانىدى. ئەمدى بۈگۈنكى كۈندە بىز ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى سوتلايدىغان بولساق، ئاكىڭىز بەربىر ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان بولاتتى. بۇ ئىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكى تەبىئىي ئەھۋال. بۇ، ئۆتنە ئالەمنىڭ قانۇنىيىتى».

«بۇ قانداق گەپ! — دەپ خىتاب قىلدىم مەن، — سىز قانۇنغا ۋەكىللىك قىلىدىغان كىشى بولۇپ تۇرۇپ مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلامسىز!»

«خۇدا ھەققى، بۇ كورسىكانلىقلارنىڭ ھەممىسىلا بىر تەلۋە ئىكەن - دە. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يۇرتدىشىنى تېخىچە ئىمپېراتور بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ دەپ ئويلىسا كېرەك، — دېدى ۋېلفور، — سىز ۋاقتىنى قولدىن بېرىپ قويۇپسىز، بۇرادەر. بۇنداق گەپلىرىڭىزنى ئىككى ئاينىڭ ئالدىدا قىلسىڭىز بولاتتى. ئەمدى كېچىكتىڭىز. يوقىلىڭ كۆزۈمدىن، بولمىسا قوغلاپ چىقىرىشنى بۇيرۇيمەن».

مەن، يەنە بىر يالۋۇرۇپ باقسام بولارمۇ دەپ، ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ قالدىم. لېكىن، ئۇ ئادەم ئەمەس، بىر پارچە تاش

ئىدى. مەن ئۇنىڭ يېنىغا يېقىن كېلىپ، پەس ئاۋاز بىلەن شۇنداق دېدىم:

«ماقۇل، سىز كورسىكانلىقلارنى شۇنچە ياخشى چۈشەنگەن بولسىڭىز، ئۇلارنىڭ ئۆز لەۋزىدە تۇرىدىغانلىقىنىمۇ بىلىدىغانسىز. گېپىڭىزچە، سىز پادىشاھ تەرەپدارى، ئاكام بوناپارتچى بولغانلىقى ئۈچۈن قاتىللار ئۇنى ئۆلتۈرۈپ ياخشى ئىش قىلىپتۇ-دە. ماقۇل! مەنمۇ بوناپارتچى، سىزنى ئالدىن ئاگاھلاندۇرۇپ قوياي: مەن سىزنى ئۆلتۈرىۋېتىمەن. ھازىردىن ئېتىبارەن مەن سىزگە ۋەندېتتا① ئېلان قىلىمەن. ئۆزىڭىزگە ئاگاھ بولۇڭ، كېلەركى قېتىم مەن سىزنى يۈزمۇيۈز ئۇچراتقاندا، سىزنىڭ ئۆلۈم سائىتىڭىز توشىدۇ».

ئۇ ھوشىنى يىغىۋالغۇچە مەن ئىشىكنى ئاچتىم-دە، قېچىپ كەتتىم.

— مۇنداق دەڭ، بىرتۇچچو، — دېدى مونتې-كرىستو، — سىز كۆرۈنۈشتە بىر ياۋاش ئادەمدەك تۇرغان بىلەن كىشىلەرگە، يەنە كېلىپ خانلىق مۇپەتتىشكە شۇنداق گەپلەرنى قىلالايدىكەنسىز-دە. ياخشى ئەمەس! لېكىن، ئۇ ۋەندېتتا دېگەن سۆزنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمتى؟

— شۇنداق ياخشى بىلەتتىكى، شۇندىن تارتىپ ئۇ ئۆزى يالغۇز تالا-تۈزگە چىقمايدىغان بولۇپ كەتتى ۋە ئۆز ئۆيىدە مۆكۈۋېلىپ، مېنى ئىزدەپ تېپىش ئۈچۈن تەرەپ-تەرەپكە ئادەم ئەۋەتتى. لېكىن، مېنىڭ پاناھ جايىم شۇنداق ياخشى ئىدىكى، ئۇ ھەرقانچە قىلىپمۇ مېنى تاپالمىدى. شۇڭا، ئاخىرى ئۇنى ۋەھىمە باستى، ئۇ نىم شەھىرىدە تۇرۇشتىن قورقۇپ، خىزمىتىنى باشقا شەھەرگە يۆتكەشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ ئىناۋەتلىك ئادەم بولغاچقا، خىزمىتىنى ۋېرسالغا يۆتكەپ قويۇشتى. ئەمما، ئۆزىڭىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، قىساس ئېلىشقا قەسەم قىلغان كورسىكانلىققا يول يىراقلىقى مەسىلە ئەمەس. ئۇ ھەرقانچە ئالدىرىسىمۇ ۋە گەرچە مەن پىيادە ماڭغان بولسامۇ، ئۇنىڭ پەيتۇنى مېنىڭدىن يېرىم كۈنلۈك يولغا ئۆزۈپ كېتەلمىدى. ئەگەر مەن ئۇنى شۇنداقلا ئۆلتۈرۈۋېتىمەن دېسەم، بۇنىڭغا 100 قېتىملارچە پۇرسەت چىقاتتى. لېكىن، مەن ئۇنى شۇنداق ئۆلتۈرمەكچىدىمكى، مېنى ھېچكىم كۆرۈپ قالماسلىقى ۋە تۇتۇۋالماسلىقى مۇھىم ئىدى. چۈنكى، مەن شۇندىن ئېتىبارەن ئۆز-ئۆزۈمگە تەئەللۇق ئەمەس ئىدىم: مەن ئەمدى يەڭگەمنى بېقىشىم كېرەك ئىدى. مەن تولۇق ئۈچ ئايغىچە ۋىلفورنى پايلاپ يۈردۈم. بۇ ئۈچ ئاي جەريانىدا ئۇنىڭ بىر قەدەم يولىمۇ مېنىڭ كۆزلىرىمدىن ساقىت بولمىدى. ئاخىرى، مەن ئۇنىڭ خۇپىيانە ھالدا ئوتېيلگە قاتناپ يۈرگەنلىكىنى ئۇقۇپ قالدىم. مەن يەنە داۋاملىق پايلاپ يۈرۈپ، ئۇنىڭ دەل مانا مۇشۇ، ھازىر بىز تۇرۇۋاتقان ئۆيگە كېلىپ-كېتىپ يۈرگەنلىكىنى كۆردۈم. بىراق، ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر، باشقا ئادەملەردەك چوڭ دەرۋازىدىن كىرمەيتتى. ئۇ ئاتقا مىنىپ ياكى پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ كېلىپ، ئېتىنى ياكى پەيتۇنىنى مېھمانخانىدا قالدۇرۇپ قوياتتى ۋە ئۆزى بۇ يەرگە پىيادە كېلىپ، ئەنە ئاۋۇ كىچىك ئىشىكتىن كىرەتتى، كۆردىڭىزمۇ؟

مونتې-كرىستو، بىرتۇچچو كۆرسەتكەن قاراڭغۇلۇق ئىچىدىكى شۇ ئىشىكنى كۆرگەنلىكىنى ئىپادىلەپ، بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— ئەمدى ۋېرسالدا تۇرۇشۇمنىڭ ھاجىتى قالمىدى. مەن ئوتېيلگە كۆچۈپ كېلىپ، ئەھۋالنى كۆزىتىشكە باشلىدىم. روشەنكى، ئۇنى قولغا چۈشۈرمەكچى بولغانىكەنمەن، دەل مۇشۇ

---

① ۋەندېتتا — كورسىكانلىقلارنىڭ تىلىدا «قانلىق قىساس» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

جايدا ئۇنىڭغا تۇزاق قۇيۇش كېرەك ئىدى. بۇ ئۆي، جانابلىرىغا دەرۋازىۋەن ئېيتقاندەك، ۋىلفورنىڭ قېيىن ئاتىسى ماركىز سېن - مېرانغا تەئەللۇق ئىدى. ماركىز ئۆزى مارسېلدا تۇراتتى، بۇ ئۆينىڭ ئۇنىڭغا ھېچقانداق لازىمى يوق ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ماركىز بۇ ئۆينى بىر ياش تۇل خوتۇنغا ئىجارىگە بەرگەنىكەن. بۇ ئەتراپتىكى كىشىلەر ئۇنىڭ ئىسمىنى بارون خانىم دەپلا بىلەتتى.

بىر كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى مەن تامدىن ئارتىلىپ قاراپ، باغ ئىچىدە بىر ئايالنىڭ يۈرگەنلىكىنى كۆردۈم. ئۇ پات-پات كىچىك ئىشىككە قاراپ قوياتتى. مەن ئۇنىڭ بۇ كېچىدە ۋىلفورنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى چۈشەندىم. ئۇ، مەن تۇرغان جايغا يېقىنلا كېلىپ قالدى ۋە مەن ئۇنىڭ چىرايىنى قاراڭغۇدا خېلى ئېنىق كۆرەلىدىم. ئۇ، 18 ياشلار چامىسىدىكى ئېگىز بويلۇق، ئاق - پىشماق كەلگەن بىر چىرايلىق چوكان ئىدى. ئۇ ئۇچىسىغا ئاددىيغىنا يەكتەكسىمان ئازادە كۆڭلەك كىيگەنىدى. مەن ئۇنىڭ ھامىلدار ئىكەنلىكىنى ھەمدە بوشىنىش ۋاقتى يېقىنلاپ قالغانلىقىنى بايقىدىم. بىرنەچچە مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن كىچىك ئىشىك ئېچىلىپ، بىر ئەر كىشى كىردى. چوكان دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا باردى. ئۇلار قۇچاقلىشىپ، ئىشقى بىلەن سۆيۈشتى ۋە ئىككىيلەن بىرلىكتە ئۆيگە كىرىپ كېتىشتى. بۇ ئەر كىشى ۋىلفور ئىدى. مەن ئۇنىڭ قايتىشىدا، بولۇپمۇ تۈندىكى مەزگىلدە ئۆزى يالغۇز چىقىپ، باغ ئىچىدىن ئۆتىدىغانلىقىنى پەرەز قىلدىم.

— سىز كېيىن ئۇ چوكاننىڭ ئىسمىنى ئۇقالىدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى گىراف.

— ياق، جانابلىرى، — دېدى بېرتۇچچو، — ھازىر ئۆزلىرىگە چۈشىنىشلىك بولىدۇ، ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاشقا ۋاقتىم يوق ئىدى.

— داۋاملاشتۇرۇڭ.

— شۇ كېچىسى خانلىق مۇپەتتىشنى ئۆلتۈرەلىشىم مۇمكىن ئىدى. لېكىن تېخى باغ ئىچىنى تەكشۈرۈپ چىقمىغانىدىم. مەن ئۇنى بىر ئۇرۇش بىلەنلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتەلمەي، ئۇ ۋارقىراپ كەتسە ۋە كىشىلەر كېلىپ قالسا قېچىپ كېتەلمەي قالارمەنمۇ دەپ قورقتۇم. شۇڭا، بۇ ئىشنى ئۇلارنىڭ يەنە بىر قېتىمقى كۆرۈشۈش ۋاقتىغا قالدۇرۇشنى قارار قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنى پايلاشقا يەنىمۇ ئاسان بولسۇن دەپ باغنىڭ كەينى تېمى تەرەپتىكى كوچىدىن بىر ئېغىز ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇردۇم. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ، كەچ سائەت يەتتىگە ئاز قالغاندا، بۇ ئۆيدىن بىر مالاي ئات مىنىپ چىقىپ سېۋرىيولى تەرەپكە چېپىپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم. مەن ئۇنىڭ ۋېرسالغا كەتكەنلىكىنى پەملىدىم ۋە مېنىڭ ئويلىغىنىم توغرا بولۇپ چىقتى. ئۈچ سائەت ئۆتكەندىن كېيىن مالاي ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ قايتىپ كەلدى. يەنە ئون مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن، يېپىنچىغا ئورىنىۋالغان بىر كىشى پىيادە مېڭىپ كېلىپ كىچىك ئىشىكنى ئاچتى ۋە باغقا كىرىپ، ئىشىكنى قايتىدىن ئېتىپ قويدى. مەن ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقتىم. مەن ۋىلفورنىڭ چىرايىنى كۆرمىدىم، ئەمما يۈرىكىمنىڭ قاتتىق سوقۇشىدىن ئۇنى تونۇدۇم. مەن كوچىنى كېسىپ ئۆتۈپ، باغ تېمىنىڭ دوقمۇشىدىكى كۆتۈرمىنىڭ ئۈستىگە چىقتىم. ئۆتكەنكى قېتىمدا مۇشۇ كۆتۈرمىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ باغ ئىچىگە قارىغانىدىم. بۇ قېتىم ئۆتكەنكىدەك قاراپ تۇرماستىن، يانچۇقۇمدىن پىچىقىمنى چىقىرىپ، ئۇنىڭ ياخشى بىلەنگەن - بىلەنمىگەنلىكىنى تەكشۈرۈپ كۆردۈم - دە، تامدىن ئارتىلىپ باغ ئىچىگە سەكرەپ چۈشتۈم ۋە ئەڭ ئالدى بىلەن ئىشىكنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ باردىم. ۋىلفور ئاچقۇچنى قۇلۇپقا سېلىپ قويغىنىچە قويۇپ قويغانىكەن، ئۇ پەقەت ئېھتىيات يۈزىسىدىن ئاچقۇچنى ئىككى قېتىم تولغاپ

قويۇپتۇ. دېمەك، مېنىڭ مۇشۇ يول بىلەن قېچىشىمغا توسالغۇ يوق ئىدى. مەن ئەتراپىمغا قاراشقا باشلىدىم. باغنىڭ ئوتتۇرسىدا تۈپتۈز بىر چىملىق بولۇپ، ئۇنىڭ چۆرىسىنى قويۇق شاخلىق دەرەخلەر ۋە كۆزلۈك گۈللەر ئوراپ تۇراتتى. ۋىلفور ئۆيىدىن ئىشىككىچە ياكى ئىشىكتىن ئۆيگىچە يېتىپ بېرىش ئۈچۈن شۇ دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈشى كېرەك ئىدى.

سېنتەبىر ئېيىنىڭ ئاخىرى بولۇپ، قاتتىق شامال چىقىپ تۇراتتى. پەلەك بويلاپ ئۈزۈپ كېتىۋاتقان قارا بۇلۇتلار كەينى-كەينىدىن نۇرسىز ئاينى توسۇپ ئۆتەتتى. ئاي پەقەت ئۆي تەرەپكە سوزۇلغان تار يول ئۈستىدىكى قۇمنىلا يورۇتالايتتى. دەرەخلەرنىڭ تۈۋى شۇنداق قاراڭغۇ ئىدىكى، كىشى ئۇ يەرگە مۆكۈۋالسا كۆرۈنۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەش ئورۇنسىز ئىدى. مەن ۋىلفورنىڭ ئۆتۈشى لازىم بولغان يەرگە يېقىن كېلىپ يوشۇرۇنۇپ تۇردۇم. ئەمدىلا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇشۇمغا، دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىنى ئېگىپ گۈركىرەۋاتقان شامال ئىچىدىن بىر ئادەمنىڭ ئۈن سېلىپ ئىڭراۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدىم. سىز ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز، جانابىي گراف، ياكى توغرىسىنى ئېيتقاندا، بىلمەسلىكىڭىز مۇمكىن، ئادەم ئۆلتۈرۈشكە تەييارلىنىپ تۇرغاندا كىشىنىڭ قۇلىقىغا ھامان شۇنداق تۇتۇق ئىڭراشلار ئاڭلىنىۋاتقاندەك بولۇپ كېتىدۇ. ئىككى سائەتچە ۋاقىت ئۆتتى. بۇ جەرياندا ئاشۇ ئىڭراشلار يەنە بىرنەچچە قېتىم ئاڭلاندى. يېرىم كېچىگە جاڭ ئۇرۇلدى. ئەڭ ئاخىرقى ئۇرۇلغان جاڭنىڭ مۇڭلۇق ۋە بوغۇق ساداسى تېخى بېسىقماي تۇرۇپ، بىز ھېلى كۆرۈپ چۈشكەن بايىقى ئايلانما پەلەمپەينىڭ پەنجىرىسىدە پىلىلداپ تۇرغان ئوت شولىسى كۆرۈندى. ئىشىك ئېچىلدى ۋە يېپىنچىغا ئورىلىۋالغان كىشى قايتىپ چىقتى. دەھشەتلىك پەيتلەر يېقىنلاپ كەلمەكتە

ئىدى، لېكىن مەن بۇ پەيتنى شۇنچە ئۇزۇندىن بۇيان كۈتۈپ تۇرغانلىقىم ئۈچۈن، ھېچقانداق ھاياجانلىنىش ھېس قىلمىدىم ۋە پىچىقىمنى چىقىرىپ تەييارلىنىپ تۇردۇم، يېپىنچىغا ئورىنىۋالغان كىشى ئۇدۇل مەن تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ، ئوچۇقچىلىققا كېلىۋاتقاندا، مەن ئۇنىڭ ئوڭ قولىدا قاندىقتۇر بىر قورالنى كۆتۈرۈۋالغانلىقىنى كۆردۈم. مەن قورقۇپ قالدىم، ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىشتىن ئەمەس، ئۇنى ئۆلتۈرەلمەي قېلىشىمدىن قورقتۇم. لېكىن، ئۇ مەن تۇرغان يەرگە بىرنەچچە قەدەم قالغاندا قارىسام، ئۇنىڭ قولىدىكى قورال ئەمەس، ئادەتتىكى گۈرجەك ئىكەن. مەن ۋىلفورنىڭ بۇ گۈرجەك بىلەن نېمە قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئويلاشقىمۇ ئۈلگۈرمەي تۇرۇپ، ئۇ دەرەخزارلىقنىڭ ياقىسىغا كېلىپ توختىدى-دە، ئورا كولاشقا باشلىدى. ئەنە شۇ چاغدا مەن ۋىلفورنىڭ چىملىققا تاشلاپ قويغان يېپىنچىسىغا بىرنەرسە يوشۇرۇلغانلىقىنى كۆردۈم. بۇ چاغدا، ئىقرار بولۇشۇم لازىمكى، مېنىڭ غەزىپىمگە قىزىقىش تۇيغۇسى قوشۇلدى. مەن ئۇنىڭ نېمە قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقماقچى بولۇپ، قىمىر قىلماستىن، تىنىقىمنى چىقارماستىن كۈتۈپ تۇردۇم. كېيىن، مېڭەمدىن غىل-پاللا بىر خىيال ئۆتۈپ كەتكەندەك بولدى. دەرۋەقە، خانلىق مۆھەتتەش يېپىنچىسىنىڭ تېگىدىن ئۇزۇنلۇقى ئىككى فۇت، كەڭلىكى يەتتە دىيۇيما كېلىدىغان بىر كىچىك ساندۇقنى چىقىرىپ ئالغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، مەن ئۆزۈمنىڭ ئويلىغىنىمغا يەنىمۇ ئىشەنچ قىلدىم. مەن، ئۇ ساندۇقنى ئورەككە سېلىپ، ئۈستىگە توپا تاشلاپ بولغۇچە قاراپ تۇردۇم. ئۇ، ئۆزىنىڭ بۇ كەچكى ئەمگىكىنىڭ ئىزىنى قالدۇرماسلىق ئۈچۈن توپىنى پۇتى بىلەن چىڭداشقا باشلىدى. ئەنە شۇ چاغدا مەن ئېتىلىپ بېرىپ، پىچىقىمنى ئۇنىڭ كۆكرىكىگە ئۇردۇم. مەن شۇنداق دەپ خىتاب قىلدىم:

«مەن جوۋاننى بىرتۇچچو! سەن مېنىڭ ئاكامنىڭ ئۆلتۈرۈل-

گەنلىكى ئۈچۈن كاللاڭ بىلەن جاۋاب قىلدىڭ. سېنىڭ كۆمۈپ قويغان خەزىنەڭ ئاكامنىڭ تۇل قالغان خوتۇنىغا بېرىلىدۇ. كۆردۈڭمۇ، مېنىڭ قىساسىم ئۆزۈم ئويلىغاندىنمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ چىقتى».

ئۇ مېنىڭ سۆزلىرىمنى ئاڭلىدىمۇ - ئاڭلىمىدىمۇ، بىلمەيمەن؛ ھەر ھالدا ئاڭلىمىغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇ ھەتتا ئۈنىنىمۇ چىقارماستىن يىقىلدى. ئۇنىڭ ئىسسىق قانلىرى مېنىڭ قوللىرىمغا ۋە يۈزۈمگە چاچرىغانلىقىنى سەزدىم. لېكىن مەن خۇدۇمنى يوقاتقان، تەلۋىلەنگەنىدىم. بۇ قان مېنى سەسكەندۈرمىدى، بەلكى تېخىمۇ تېتىكلەشتۈرۈۋەتتى. ھەش - پەش دېگۈچە مەن گۆرجەك بىلەن ساندۇقنى چىقىرىۋالدىم. ئاندىن، بۇ يەردىن بىر نەرسە ئېلىنغانلىقىنى باشقىلار بىلىپ قالمىسۇن دەپ ئورەكنى تىندۇرۇۋەتتىم - دە، گۆرجەكنى تامدىن ئارتىلدۇرۇپ تاشلىدىم ۋە ئىشىكتىن تاشقىرىغا چىقىپ، ئىشىكنى سىرتىدىن بېكىتىپ قويۇپ، ئاچقۇچنى ئۆزۈم ئېلىپ كەتتىم.

— مۇنداق دەڭ، — دېدى مونتې - كرىستو، — بۇ بىر ئوغرىلىق بىلەن مۇرەككەپلەشكەن قاتىللىق ئىكەن.

— يوقسۇ، جانابلىرى، — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى بېرتۇچچو، — بۇ مېنىڭ بۇرچۇم بولغان ۋەندېتتا ئىدى.

— ساندۇقتىكى پۇل خېلى كۆپمىكەن؟

— ئۇ پۇل ئەمەس ئىكەن.

— ھە، راست، — دېدى مونتې - كرىستو، — سىز قانداقتۇر بىر بوۋاقنىڭ گېپىنى قىلغانىدىڭىز.

— شۇ گەپ، جانابلىرى. مەن يۈگۈرۈپ دەريا بويىغا باردىم ۋە قىرغاقتا ئولتۇرۇپ، ساندۇقتا نېمە بارلىقىنى كۆرۈشكە ئالدىراپ، قۇلۇپىنى پىچىقىم بىلەن بۇزۇپ ئاچتىم. ساندۇق ئىچىدە نېپىز خەسە رەختكە يۆگەلگەن بىر يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق ياتاتتى.

ئۇنىڭ يۈزى بېغىررەڭ، قوللىرى كۆكىرىپ كەتكەن بولۇپ، كېسىلمىگەن كىندىكى بويىنىغا ئورىلىپ قالغان بولغاچقا، ئۇ بوغۇلۇپ ئۆلۈپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. لېكىن، ئۇنىڭ تېنى تېخى مۇزلاپ كەتمىگەنىدى. شۇڭا، ئۇنى ئالدىمدىن ئېقىپ ئۆتۈۋاتقان دەرياغا تاشلىۋېتىشكە قولۇم بارمىدى. مەن ئۇنىڭ بويىنى ئورىۋالغان كىندىكنى يېشىۋەتتىم. بىر چاغلاردا مەن باستىيىدىكى ھەربىي دوختۇرخانىدا سانىتار بولغانىدىم. شۇڭا، بۇنداق ئەھۋالدا، دوختۇرنىڭ قىلىشىغا تېگىشلىك ئىشنى قىلدىم، يەنى پۈۋلەش بىلەن ئۇنىڭ ئۆپكىسىگە ھاۋا ماڭغۇزدۇم. مەن چارەك سائەتچە تىرىشىپ قۇتقۇزۇش چارىسىنى قىلغاندىن كېيىن بوۋاق نەپەسلىنىشكە باشلىدى ۋە ئاخىرى ئىڭراپ يىغلىدى. مەن ئۆزۈممۇ ئىڭراپ تاشلىدىم، لېكىن بۇ خۇشاللىقىمدىن بولدى. «مەن بىر جاننى ھالاك قىلغان بولساممۇ، خۇدا مېنى ئۆزىنىڭ يەنە بىر بەندىسىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشقا نېسىپ قىلدى، — دەپ ئويلىدىم مەن، — دېمەك، خۇدا مېنى ئەيىبكە بۇيرۇماپتۇ!»

— سىز ئۇ بوۋاقنى نېمە قىلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى مونتې - كرىستو، — قاچىسا بولمايدىغان ئادەمگە ئۇنداق يۈكنى كۆتۈرۈپ يۈرۈش ئاسان ئەمەس.

— شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇنى ئېلىپ كېتىشنى ئويلىدىم، لېكىن پارىژدا مۇشۇنداق بەختسىز بالىلارنى قوبۇل قىلىدىغان دارىلئېيتام بار ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم. مەن شەھەر قاراۋۇلخانىسىغا بېرىپ، بۇ بالىنى يولدىن تېپىۋالدىم دېدىم ۋە دارىلئېيتامنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى سورىدىم. بۇ ساندۇق مېنىڭ سۆزلىرىمگە دەلىل بولالايتتى؛ خەسە يۆگەك بوۋاقنىڭ باي ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى كۆرسىتەتتى؛ ماڭا يۇقۇشقان قان داغلىرىنى، ھەرقانداق يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقتا بولىدىغانغا ئوخشاش، بۇ بالىنىڭ قېنى دەپ قاراشقا بولاتتى. مېنىڭ ئېيتقانلىرىم ھېچقانداق قارشى پىكىر-

لەرنى قوزغىمىدى. ئۇلار ماڭا ئانفېر كوچىسىنىڭ ئەڭ چېتىگە جايلاشقان دارىلئېيتامنى كۆرسىتىپ قويۇشتى. مەن يۆگەكنى ئوتتۇرىسىدىن شۇنداق يىرتتىمكى، ئۇنىڭغا چېكىلگەن ئىككى ھەرپنىڭ بىرى بوۋاقتا، يەنە بىرى ئۆزۈمدە قالدى. شۇندىن كېيىن بوۋاقنى بوسۇغا ئالدىغا قويدۇم ۋە ئىشىكنىڭ قوڭغۇرىقىنى جىرىڭلىتىپ قويۇپ، يۈگۈرگەن پېتى قېچىپ كەتتىم. ئىككى ھەپتىدىن كېيىن مەن روليانوغا قايتىپ باردىم ۋە ئاسۇنتاغا شۇنداق دېدىم:

«كۆپ غەم قىلمىغىن، ھەدە. ئىزرائىلىي ئۆلدى، لېكىن مەن ئۇنىڭ قىساسىنى ئالدىم».

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇ مېنىڭ نېمە قىلغانلىقىمنى سورىدى. مەن ئۇنىڭغا ھەممىنى سۆزلەپ بەردىم.

«جوۋاننى، — دېدى ماڭا ئاسۇنتا، — ئۇ بوۋاقنى ئۆيگە ئېلىپ كەلسەڭ بوپتىكەن. بىز ئۇنى ئاتا - ئانىسىنىڭ ئورنىدا بېقىۋالاتتۇق، ئۇنىڭغا بېنېدېتتو① دەپ ئىسىم قوياتتۇق. شۇ ساۋابلىق ئىشىمىز ئۈچۈن خۇدا بىزگە رەھمەت قىلار ئىدى».

مەن جاۋاب ئورنىغا يۆگەكنىڭ يىرتىۋېلىنغان يېرىمىنى ئۇنىڭغا بەردىم. ئەسلىدە، مەن ئۆزۈممۇ كېيىنچە، بىرئاز تاپاۋەت قىلىۋالغاندىن كېيىن، ئۇ بالىنى قايتۇرۇپ ئېلىشنى ئويلاپ، يۆگەكنىڭ يېرىمىنى ئېلىپ كەلگەنىدىم.

— يۆگەككە قانداق ھەرپلەر چېكىلگەنىكەن؟ — دەپ سورىدى مونتې - كرىستو.

— بارونلىق تاجى ئاستىغا ئېلىنغان H ۋە N ھەرپلىرى.

— پاھ، سىزنىڭ گېرالدىكا ئىلمىدىنمۇ خەۋىرىڭىز بار ئىكەن - دە، بېرتۇچچو؟ گېربشۇناسلىقنى نەلەردە يۈرۈپ ئۆگىنىۋالغان بولغىيدىڭىز؟

---

① ئىتالىيانچە: خۇدانىڭ رەھمىتى، دېگەن مەنىدە.

— ئۆزلىرىنىڭ خىزمەتلىرىدە ھەرقانداق ئىشنى ئۆگەنگىلى بولىدۇ، جانابلىرى.

— داۋاملاشتۇرۇڭ. مېنىڭ يەنە ئىككى ئىشنى بىلگۈم كېلىدۇ.

— نېمىنى، جانابلىرى؟

— ئۇ بالا كېيىن نېمە بولدى؟ سىز ئۇنى ئوغۇل بالا دېگەنىدىڭىزغۇ دەيمەن.

— يوقسۇ، جانابلىرى. ئۇنداق دېگەنلىكىم يادىمدا يوق.

— ھە، ئەمىسە ماڭا شۇنداق ئاڭلىنىپ كېتىپتۇ - دە. مەن خاتا گەپ قىلىپ قويۇپتىمەن.

— ياق خاتا ئەمەس، ئۇ راست ئوغۇل بالا ئىدى. جانابلىرى سورىماقچى بولغان ئىككى ئىشنىڭ يەنە بىرى قايسى ئىدى؟

— مېنىڭ يەنە سورىماقچى بولغىنىم، سىز نىم تۈرمىسىدە يېتىپ ئۆزىڭىزگە بىر روھانىي چاقىرىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، سىزنىڭ يېنىڭىزغا بۇزونى ھەزرەت بارغانىكەن. شۇ چاغدا سىز نېمە سەۋەبتىن قامالغانىدىڭىز؟

— بۇ بەك ئۇزۇن ھېكايە بولۇپ كېتىدۇ، جانابلىرى.

— ئۇزۇن بولسا نېمە بوپتۇ؟ ھازىر تېخى ئەمدى سائەت ئون بولدى. سىز مېنىڭ كۆپ ئۇخلىمايدىغانلىقىمنى بىلىسىز. مېنىڭچە، ئۆزىڭىزنىڭمۇ ئۇيقۇڭىز قېچىپ كەتكەندۇر.

بېرتۇچچو تەزىم قىلىپ قويۇپ ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى.

— مەن، بىر تەرەپتىن ئۆزۈمگە ئارام بەرمەيۋاتقان ئەسلىمىلەرنى قوغلاش ئۈچۈن، يەنە بىر تەرەپتىن بىچارە تۇل يەڭگەمنىڭ قورسىقىنى بېقىش ئۈچۈن، يەنە ئەتكەسچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدىم. بۇ ئىش بۇرۇنقىغا قارىغاندا، ئاسانراق بولۇپ قالدى، چۈنكى ھەرقانداق ئىنقىلابتىن كېيىنكى ۋاقىتتا

بولىدىغانلىغا ئوخشاش، قائىدە - تۈزۈملەر بىرئاز بوشاپ قالغانىدى. بىر بولسا ئاۋىنىئوندا، بىر بولسا نىمدا، بىر بولسا يۇزىستا تۇپىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. شۇڭا، جەنۇبتىكى دېڭىز ساھىلىنىڭ مۇداپىئەسى ھەممىدىن بوش ئىدى. بىز ھۆكۈمەتنىڭ بۇ ۋاقىتلىق كەڭچىلىكىدىن پايدىلىنىپ، دېڭىز بويىدا ياشىغۇچى ئاھالىلەر بىلەن ئالاقە باغلىدۇق. ئاكام نىمدا ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، مېنىڭ ئۇ شەھەرگە زادى بارغۇم كەلمەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز بىلەن ئالاقىسى بولغان ھېلىقى مەيپۇرۇش بىزنىڭ ئۇنى تاشلىۋەتكەنلىكىمىزنى كۆرۈپ، ئۆزى بىزنى ئىزلەپ كەلدى ۋە ئۆزىنىڭ مەيخانىسىنى بىزنىڭ پايدىلىنىشىمىزغا بېرىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى (ئۇنىڭ مەيخانىسى بىلگاردتىن بوكىرغا بارىدىغان يول ئۈستىدە بولۇپ، «گار كۆۋرۈكى» دېگەن ۋېۋىسكىسى بار ئىدى).

بىز ئېگ - مورت مارتىگ ۋە بۇك يوللىرىدا توشۇپ كەلگەن ماللىرىمىزنى يوشۇرىدىغان ۋە زۆرۈر بولغاندا ئۆزىمىزمۇ تاموژنا نازارەتچىلىرىدىن ۋە ساقچىلاردىن يوشۇرۇنىدىغان ئونچە پاناھ جايغا ئىگە ئىدۇق. ئەتكەسچىلىك ھۈنىرى، ئەگەر پەم ۋە شىجائەت بىلەن ئىشلىسە ناھايىتى چوڭ پايدا كەلتۈرىدۇ. مەن تاغلاردا ماكان تۇتۇپ يۈرەتتىم. چۈنكى ساقچىلاردىن ۋە تاموژنا نازارەتچىلىرىدىن ئەمدى ھەسسىلەپ ئېھتىيات قىلىشىم زۆرۈر بولۇپ قالدى. ناۋادا قولغا چۈشۈپ قالسام ئۇلار مېنى تەرگاۋ قىلىشقا باشلايدۇ؛ ھەرقانداق تەرگەۋدە كىشىنىڭ ئۆتمۈشى سۈرۈشتە قىلىنىدۇ. ۋەھالەنكى، ئۇلار مېنىڭ ئۆتمۈشۈمدىن باج تۆلىمەي ئۆتكۈزۈۋەتكەن تاماكا ياكى ئوغرىلىقچە ئېلىپ كېلىنگەن ھاراق تۇڭلىرىغا قارىغاندا مۇھىمراق ئىشلارنى تېپىپ چىققان بولاتتى. شۇڭا، مەن قولغا ئېلىنىشتىن ئۆلۈمنى ئەۋزەل كۆرۈپ، يۈرەكلىك ھالدا ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدىم ۋە قايتا - قايتا شۇنى ھېس قىلدىمكى، ئارتۇقچە جان قايغۇسى — دادىللىق ۋە قەيسەرلىك

تەلەپ قىلىنىدىغان ئىشلارغا توسالغۇ بولىدۇ. دەرۋەقە، جېنىنى قولغا ئېلىپ قويغان ئادەم باشقا ئادەملەرگە ئوخشىمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. كىم شۇنداق بولۇشقا بەل باغلىسا، ئۇ ئۆزىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنىڭ ئۈلغىيىپ، نەزەر دائىرىسىنىڭ كېڭىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ.

— سىز پەلسەپە سۆزلەۋاتىسىز، بېرتۇچچو! — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى مونتې - كرىستو، — ئەھۋالدىن قارىغاندا، سىز ئۆمرىڭىزدە ھەممە ئىشلارنى ئاز - تولا قىلىپ كۆرگەنسىز.

— ئەپۇ قىلىسىلا، جانابلىرى.

— مەرھەمەت، مەرھەمەت. لېكىن، كەچ سائەت ئون يېرىم بولۇپ قالغاندا پەلسەپە سۆزلەپ ئولتۇرۇش ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس. شۇنداقتىمۇ، مېنىڭ باشقىچە پىكرىم يوق، چۈنكى ئېيتقانلىرىڭىز ناھايىتىمۇ ئورۇنلۇق پەلسەپە بولدى. ھالبۇكى، كۆرۈنگەنلا پەلسەپە سىستېمىسى شۇنداق توغرا بولىۋەرمەيدۇ.

— مەن بارغانسىرى يىراق يەرلەرگە سەپەر قىلىدىغان بولدۇم، تاپاۋىتىممۇ كۆپىيىشكە باشلىدى. ئاسۇنتا ئۆيىنى ئوبدان باشقۇراتتى. بىزنىڭ كىچىككىنە ئىگىلىكىمىز كۆكلەشكە باشلىدى. مەن بىر قېتىملىق سەپەرگە چىقىش ئالدىدا تۇرغاندا ئۇ ماڭسا شۇنداق دېدى: «بارغىن، سەن قايتىپ كەلگۈچە مەن ساڭا بىر كۈتۈلمىگەن سوۋغا تەييارلاپ قويىمەن». بۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ھەرقانچە سورىساممۇ، ئۇ ئېيتقىلى ئۇنىمىدى ۋە مەن كېتىپ قالدىم. سەپەر ئۈستىدە بىر يېرىم ئايدىن كۆپرەك يۈردۈم. بىز لۇككادىن ياغ ئالدۇق، ئاندىن لىۋورنوغا بېرىپ ئەنگلىيەنىڭ گەز ماللىرىنى باستۇق. ئۇ يۈكلەرنى ئەپچىللىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىپ، نۇرغۇن پايدا ئالدۇق ۋە خۇشال - خۇراملىق بىلەن ئۆي - ئۆيلىرىمىزگە تارقىلىشتۇق. مەن ئۆيگە كىرىشىم بىلەن ئەڭ ئاۋۋال كۆرگىنىم شۇ بولدىكى، ئاسۇنتانىڭ ياتاق تۆ-

يېنىدىكى ئەڭ كۆرۈنەرلىك جايدا بىر بۆشۈك تۇراتتى. ئۇ بۆشۈك ئۆي بىساتىغا سېلىشتۇرغاندا چىرايلىق ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە بىر بوۋاق ياتاتتى. مەن خۇشاللىقىمدىن ۋارقىراپ تاشلىدىم. مەن خانلىق مۇپەتتىشنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن تارتىپ پەقەت مۇشۇ تاشلاندۇق بالىنىڭ غېمىنى قىلىپلا يۈرگەنىدىم. ئەمما، قاتىللىق قىلغانلىقىمغا قىلچىلىكمۇ ئېچىنمايتتىم. بىچارە ئاسۇنتا كۆڭلۈمدىكىنى تېپىپتۇ. ئۇ مېنىڭ ئۆيدە يوق ۋاقتىمدىن پايدىلىنىپ يۆگەكنىڭ يىرتىۋېلىنغان يېرىمىنى ئېلىپ ۋە ئۇنتۇلۇپ قالماسلىق ئۈچۈن بوۋاقنىڭ دارىلئېيتام ئالدىغا ئەكىلىپ قويۇلغان كۈن ۋە سائەتنى يېزىۋېلىپ، ئۆزى پارىژغا بېرىپتۇ. دارىلئېيتامدىكىلەر ھېچقانداق قارشىلىق قىلماستىن بوۋاقنى ئۇنىڭغا بېرىشىپتۇ. راستىنى ئېيتسام، جانابلىرى، بۆشۈكتە ئۇخلاپ ياتقان بالىنى كۆرگەندە ئىختىيارسىز ھالدا كۆزلىرىمگە ياش تولدى.

«ئاسۇنتا، — دېدىم مەن، — سەن بىر ياخشى ئايال، ساڭا خۇدا ئۆزى رەھمەت قىلىدۇ».

— مانا بۇ گېپىڭىز بايىقى پەلسەپىڭىزدەك توغرا بولماپتۇ، — دەپ سۆز قاتتى مونتې - كرىستو، — ھە، مەيلى، بۇ بىر دىنىي ئېتىقاد مەسىلىسى.

— ئېيتقانلىرى توغرا، جانابلىرى، — دەپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى بېرتۇچچو، — خۇدايىم بۇ بالىنى مېنىڭ بېشىمغا بىر بالايىئاپەت قىلىپ بېرىپتىكەن. مەن ھېچقانداق بالىنىڭ ئۇنىڭدەك كىچىك تۇرۇپ يامان قىلىقلارغا ئادەتلىنىپ قېلىشىنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم. لېكىن بىز ئۇنى يامان ئەمەس تەربىيىلىگەنىدۇق، يەڭگەم ئۇنى بىر بەگزادىدەك ئەتىۋارلاپ باقاتتى. ئۇ ئۆزى بىر ئوماققىنە بالا ئىدى، كۆزلىرى خۇددى جۇڭگونىڭ بەزەن چىنىلىرىدەك سۈزۈك زەڭگەر بولۇپ، سۈتتەك ئاق يۈزىگە بەكمۇ يارىشاتتى. پەقەت ئالتۇن رەڭلىك، تولىمۇ سېرىق چاچلىرى

ئۇنىڭ چىرايىغا، بولۇپمۇ كۆزلىرىنىڭ شوخ قاراشلىرىغا ۋە مۇغەمبەرلەرچە ھىجىيىشلىرىغا قانداقتۇر غەلىتە بىر تۈس بېرىپ تۇراتتى. سېرىق ئادەملەر بىر بولسا بەك ياخشى، بىر بولسا بەك يامان بولىدۇ، دېگەن ماقال بار. بەختكە قارشى، بۇ ماقال بېندېتتونىڭ ئەمەلىيىتىگە ناھايىتىمۇ باپ كەلدى. ئۇ، بالىلىق ۋاقىتلىرىدىن تارتىپ پەقەت يامان ئىشلارغىلا ئادەتلىنىشكە باشلىدى. توغرا، ئۆگەي ئانىسى ئۆزىنىڭ ياۋاشلىقى بىلەن ئۇنى يامان ئۆگىتىپ قويغانىدى. بىچارە يەڭگەم ئۇنى دەپ بەش لىيې يىراقلىقتىكى بازارغا بېرىپ ئەڭ يېڭى مېۋىلەرنى ۋە ئەڭ قىممەتلىك يېمەكلەرنى ئەكىلەتتى، لېكىن ئۇ بالا سېتىۋېلىنغان پالما ئاپېلسىنلىرىنى ۋە گېنۇيا قاقالىرىنى يېيىشنى خالىمايتتى. ھەممىدە ئۆزىمىزنىڭ بېغىمىزدىكى كاشتان ۋە ئالمىلار گەرچە ئۇنىڭ ئىختىيارىدا بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا قوشنىمىزنىڭ تېمىدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ ئوغرىلاپ چىققان كاشتانلارنى يېيىشنى ياخشى كۆرەتتى. بىر كۈنى، بېنېدېتتونىڭ بەش - ئالتە ياشلىق ۋاقتىدا، قوشنىمىز ۋاسىليو ئۆزىنىڭ پۇل قاپچۇقىدىن بىر لۇيىدۇر پۇلى يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بىزگە ئەرز قىلىپ كىردى. بىزنىڭ كورسىكانلىقلارنىڭ ئادىتى بويىچە ۋاسىليو پۇل قاپچۇقىنىمۇ ۋە باشقا قىممەتلىك بۇيۇملىرىنىمۇ قۇلۇپ سېلىپ ساقلىمايتتى، چۈنكى جانابلىرىغا مەلۇم بولغىنىدەك، كورسىكادا ئوغرى تېپىلمايدۇ. بىز ئۇنى، پۇلنى خاتا ساناپ قويدىمىكىن دەپ ئويلىدۇق، لېكىن ۋاسىليو ئۆزىنىڭ خاتالاشمىغانلىقىنى ئېيتىپ تۇرۇۋالدى. ئۇ كۈنى بېنېدېتتو ئەتىگەندىلا ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ، تېخىچە قايتىپ كەلمىگەنىدى. بىز ئۇنىڭدىن بەكمۇ ئەنسىرەپ تۇراتتۇق. تۇساتتىن، كەچقۇرۇنلۇقى ئۇ بىر مايمۇننى سۆرەپ كىرىپ كەلدى. ئۇ، بۇ مايمۇننى دەرەختە زەنجىر بىلەن باغلاقلىق تۇرغان يېرىدىن تېپىۋالغانلىقىنى ئېيتتى. ھەممىشە ئادەمنىڭ كاللىسىغا كىرىپ

چىقمايدىغان شوملۇقلارنى قىلىپ يۈرىدىغان بۇ بەتباش بالا بىر ئايدىن بۇيان ئۆزىگە بىر مايمۇن لازىم ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ چاتاق قىلىپ يۈرەتتى. ئېھتىمال، ئۇ يېقىندا روليانوغا كېلىپ كەتكەن كۆز باغلىغۇچىنى كۆرگەندىن كېيىن مۇشۇنداق بولمىغۇر ھەۋىسى قوزغالغان بولسا كېرەك. ئۇ كۆز باغلىغۇچىنىڭ ھەر قىسما ئويناقلايدىغان بىرنەچچە مايمۇنى بار ئىدى. بېنېدىيتتو ئۇ مايمۇنلارنى كۆرۈپ، ئۆزىنى يوقاتقۇدەك خۇشال بولۇپ كەتكەنىدى.

«بۇ يەردىكى ئورمانلاردا مايمۇن يوق، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا، — بولۇپمۇ، بۇنداق زەنجىردە باغلانغان مايمۇنلار ئورماندا بولمايدۇ. راستىنى ئېيت، مايمۇننى نەدىن تاپتىڭ؟»

بېنېدىيتتو ئۆزىنىڭ گېپىدە تۇرۇۋالدى ۋە بىر تالاي تەپسىلاتلارنى سۆزلەپ بەردى. بۇ گەپلەردىن ئۇنىڭ راستچىللىقىنى ئەمەس، بەلكى گەپ توقۇشقا ئۇستىلىقىنى كۆرۈشكە بولاتتى. مەن ئاچچىقلانسام، ئۇ كۈلۈپ كەتتى. مەن ئۇنى ئۇرىمەن دەپ قورقاتتىم. ئۇ مېنىڭدىن داجىپ نېرىغا بېرىپ تۇردى.

«سەن مېنى ئۇرالمايسەن، — دېدى ئۇ، — ئۇرۇشقا ھەققىڭ يوق. سەن مېنىڭ دادام ئەمەس».

بىز ئۇنىڭدىن شۇنچە ئېھتىياتلىق بىلەن يوشۇرۇپ كەلگەن بۇ ئەجەللىك سىرنى ئۇنىڭغا كىم ئېيتىپ قويغانلىقىنى زادىلا ئۇقالمىدۇق. قانداقلا بولمىسۇن، بۇ بالىنىڭ پۈتۈن خۇي-پەيلىنى ئىپادىلەپ بەرگەن بۇ جاۋاب مېنى قورقىتىۋەتتى. كۆتۈرۈلگەن قولۇم ئۇنىڭغا تەگمەي ئۆزلۈكىدىن پەسكە ساڭگىلاپ چۈشتى. ئۇ مېنى يېڭىپ چىقتى ۋە بۇ غەلىبە ئۇنىڭ تەنتەكلىكىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى. شۇندىن ئېتىبارەن ئاسۇنتانىڭ ھەممە پۇللىرى

ئۇنىڭ بۇزۇپ-چېچىشىغا سەرپ قىلىنىدىغان بولدى. ئۇ ئارزۇلاشقا لايىق بولماي قىلىۋاتقانسېرى ئاسۇنتا ئۇنى بەكرەك ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ كەتتى. ئۇ، ئۇنىڭ بەتقىلىقلىرىنى قانداق تۈزىتىشنى بىلمەيتتى، ئۇنىڭ بولمىغۇر ئارزۇ-ھەۋەسلىرىنى چەكلەشكە چامىسى يەتمەيتتى. مېنىڭ روليانودا تۇرىدىغان ۋاقىتلىرىمدىغۇ ئۇ تېخى ئانچە ھەددىدىن ئېشىپ كېتەلمەيتتى، لېكىن مەن كېتىپ قالسىلا بېنېدىيتتو ئۆينى قولىغا ئالاتتى ۋە چاتاقنىڭ چوڭىنى چىقىراتتى. ئۇ 11 ياشقا كىرگەندىلا تاپقان ئاغىنىلىرى باستىيە ۋە كورتانىڭ ئەڭ ئەشەددىي لۈكچەكلىرىدىن بولغان 18 ياشلىق يىگىتلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرلىشىپ قىلىپ يۈرگەن بەزى قىلمىشلىرى تۆپەيلىدىن بىزگە ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بىرنەچچە قېتىم ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلدى. مەن خاتىرجەمسىزلىنىشكە باشلىدىم. ھەرقانداق تەكشۈرۈش ئىشى مەن ئۈچۈن ئىنتايىن ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن ئىدى. بۇ چاغدا مەن بىر مۇھىم سەپەرگە چىقىش ئالدىدا تۇرغانىدىم. مەن كۆپ ئويلانغاندىن كېيىن، بېنېدىيتتونى بىللە ئېلىپ مېڭىشنى قارار قىلدىم. شۇنداق قىلسام، بىر چوڭ پالاكەتچىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا بولىدىغاندەك تۇيۇلدى. مەن شۇنىڭغا ئۈمىد باغلىدىمكى، ئەگەر بۇ بالا تېخى پۈتۈنلەي يولدىن چىقىپ كەتمىگەنلا بولسا، ئۇنىڭ چىرىكلەشكەن خاراكتېرىگە ئەتكەسچىلەرنىڭ ئېغىر ۋە جىددىي تۇرمۇشى، كېمىدىكى قاتتىق ئىنتىزام ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن ئىدى. مەن بېنېدىيتتونى چاقىرىدىم ۋە ئۇنىڭغا مەن بىلەن بىللە سەپەرگە چىقىشنى تەكلىپ قىلدىم ھەمدە بۇ پىكىرىمگە 12 ياشلىق بالىنى قىزىقتۇرالىشى مۇمكىن بولغان تۈرلۈك ۋەدىلەرنى قوشۇپ سۆزلىدىم. ئۇ مېنىڭ سۆزلىرىمنى ئاخىرىغىچە ئاڭلاپ چىقتى ۋە گېپىم تۈگىگەندىن كېيىن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

«سىز ساراڭ بولۇپ قالدىڭىزمۇ، تاغا! — دېدى ئۇ (ئۇ كەيپى خۇش چاغلىرىدا مېنى شۇنداق دەپ ئاتايتتى) — مەن ئۆزۈمنىڭ ھاياتىمنى، ھالاۋەتلىك بىكارچىلىقىمنى سىزنىڭ جاپالىق ئىشىڭىزغا تېگىشەيمۇ! كېچىسى توڭلاپ، كۈندۈزى ئاپتاپقا قاقلىنىپ، دائىم مۆكۈنۈپ يوشۇرۇنۇپ يۈرىسەن، سەل - پەللا چاندۇرۇپ قويساڭ مىلتىق ئوقىنىڭ ئاستىدا قالىسەن ۋە بۇنىڭ ھەممىسى ئازراق پۇل تېپىش ئۈچۈنلا بولىدۇ! مەن پۇلنى قانچىلىك خالىسام شۇنچىلىك خەجلىيەلەيمەن، ئاسۇنتادىن قاچان پۇل سورىسام، شۇ چاغدا ماڭا بېرىۋېرىدۇ ئۆزىڭىز كۆرۈپ تۇرىسىزغۇ، مەن سىز بىلەن كەتسەم ھاماقەتلىك قىلغان بولىمەن».

مەن ئۇنىڭ بۇنداق مۇتەھەممالىكىدىن تاڭ قالدىم. بېنېدېتتو ئۆزىنىڭ ئاغىنىلىرىنىڭ يېنىغا كەتتى. مەن يىراقتا تۇرۇپ، ئۇنىڭ مېنى ئاغىنىلىرىغا كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى ۋە مەسخىرە قىلىپ كۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

— قالتىس بالىكەن! — دەپ پىچىرلىدى مونتې - كرىستو.

— ھەي، ئەگەر ئۇ ئۆزۈمنىڭ بالام بولغان بولسا، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدۇردى بېرتۇچچو، — ئۇ مېنىڭ ئۆز ئوغلۇم بولسا ياكى ھېچبولمىغاندا جىيەنىم بولغان بولسىمۇ، مەن ئۇنى توغرا يولغا قايتۇرۇپ كېلەلەيتتىم، چۈنكى ئۆز ئۈستۈۋىدىكى مەجبۇرىيىتىنى ھېس قىلغاندا كۈچۈڭگە كۈچ قوشۇلىدۇ. لېكىن، مەن ئۆزۈم ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئادەمنىڭ بالىسىنى ئۇرىدىغانلىقىمنى ئويلىسام، ئۇنى باشقۇرۇش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم بولۇپ قالاتتىم. مەن ھەر قېتىم ئۇنىڭ بىلەن خاپا بولۇشۇپ قالغاندا بۇ شورى قۇرغۇر بالىنىڭ تەرىپىنى ئالىدىغان يەڭگەمگە ئۆزۈمنىڭ ياخشى مەسلىھەتلىرىمنى بېرەتتىم. ئۇمۇ ئۆزىنىڭ خېلى كۆپلىگەن پۇللىرى ئىزسىز يوقاپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىرنەچچە قېتىم ئېيتقاندىن كېيىن، مەن ئۇنىڭغا بىزنىڭ ئانچە - مۇنچە تىرىشتۇرۇپ يىغىپ قويغان بايلىقىمىزنى يوشۇرۇپ قويىدىغان بىر ئورۇننى كۆرسىتىپ بەردىم. ئۆزۈمنى ئېيتسام، مەن بىر قارارغا كېلىپ قويغانىدىم.

بېنېدېتتو ئوقۇشنى، يېزىشنى ۋە ھېسابلاشنى ياخشى بىلەتتى، چۈنكى ئۇنىڭ تەلىم ئېلىشقا خۇشى تۇتۇپ قالسا، باشقىلار بىر ھەپتىدە ئۆگىنىدىغان نەرسىنى ئۇ بىر كۈندىلا ئىگىلەپ چىقاتتى. مەن ئۇنى ئۇزۇن يولغا قاتنايدىغان بىرەر كېمىگە مىرزا قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇش قارارىغا كەلدىم. ئۇنىڭ ئۆزىگە ئۇقتۇرماي تۇرۇپ، بىر كۈنى ئەتىگەندىلا ئۇنى كېمىگە باشلاپ بارىمەن - دە، كاپىتاننىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىمەن؛ شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ كەلگۈسىدە قانداق ئادەم بولۇشى پۈتۈنلەي ئۆزىگە باغلىق بولىدۇ، دەپ ئويلىدىم.

شۇ قارارغا كېلىپ قويۇپ، فرانسىيەگە يۈرۈپ كەتتىم. بىزنىڭ بۇ نۆۋەتتىكى ھەرىكىتىمىز لىئون قولتۇقىدا ئېلىپ بېرىلىشى لازىم ئىدى. بۇنداق ئىشلار ئەمدى خېلى قىيىن ۋە خەتەرلىك بولۇپ قالغانىدى، چۈنكى بۇ 1829 - يىل ئىدى. ۋەزىيەت تىنچلاندۇرۇلۇپ، دېڭىز بويى نازارىتى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ مۇقىم ۋە قاتتىق بولماقتا ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، دەل شۇ چاغدا بوكېردا يەرمەنكە بولۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن، تەكشۈرۈش ئىشلىرى تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كەتكەنىدى.

دەسلەپتە ئىشلىرىمىز ئوڭۇشلۇق بولدى. بىز ئۆزىمىزنىڭ چەكلەنگەن ماللارنى يوشۇرۇپ قويغان كېمىمىزنى دونا دەرياسىنىڭ بوكېردىن ئارلېسگىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئىككى قىرغىقىغا باغلىنىپ تۇرغان نۇرغۇنلىغان كېمىلەرنىڭ ئارىسىغا توختىتىپ قويدۇق. بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن بىز كېچىلەپ

يۈك چۈشۈرۈپ، بىز بىلەن ئالاقىسى بولغان كىشىلەر ئارقىلىق ۋە ئامبارلىرىنى بىزنىڭ پايدىلىنىشىمىزغا بەرگەن دۇكاندارلار ئارقىلىق ماللىرىمىزنى شەھەرگە ئەۋەتىشكە باشلىدۇق. بىز ئۇتۇقلىرىمىزدىن بىخۇتلىشىپ قالدۇقمۇ ياكى ئارىدىن بىرەر ئادەم چېقىشتۇرۇپ قويدىمۇ، ئىش قىلىپ، بىر كۈنى كەچ سائەت بەشلەر ئەتراپىدا، ئەمدىلا كەچكى غىزاغا يىغىلىشىپ ئولتۇرغان چېغىمىزدا بىزنىڭ بىر كىچىك شاگىرتىمىز تەشۋىشلەنگەن ھالدا يۈگۈرۈپ كەلدى ۋە بىر ئەترەت تاموژنا نازارەتچىلىرىنىڭ بىز تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلدى. بىز بىر ئەترەتنىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن ئەجەبلەنمىدۇق، چۈنكى دونا بويلىرىدا، بولۇپمۇ ئۇ چاغلاردا ئۇنداق نازارەتچىلەر كۆپ ئىدى. لېكىن شاگىرتىمىزدىن ئۇ ئەترەتنىڭ قانداق ئېھتىيات بىلەن، ئۇيدۇرماسقا تىرىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قورقۇپ كەتتۇق. بىز ھەممىمىز ئولتۇرغان يېرىمىزدىن سەكرەپ تۇرۇشۇپ كەتتۇق، بىراق ۋاقىت ئۆتكەنىدى. كېمىمىز ھەر تەرەپتىن مۇھاسىرىگە ئېلىنىپ بولغانىدى. مەن تاموژنا نازارەتچىلىرىنىڭ ئارىسىدا قوراللىق ساقچىلارنىڭمۇ بار ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ قالدىم. مەن ھەرقانداق ئەسكەرلەردىن قورقمىسامۇ، ساقچىلاردىن قورقىدىغان بولغانلىقىم ئۈچۈن، چاققانلىق بىلەن كېمىنىڭ ئاستىدىكى بۆلمىسىگە چۈشتۈم ۋە ئۇيەردىن يۈك چۈشۈرۈش ئېغىزى ئارقىلىق دەرياغا شۇڭغۇپ چۈشۈپ كەتتىم. ئارىلاپ-ئارىلاپ نەپەس ئېلىۋېلىپ، يەنە سۇنىڭ ئاستىدا ئۈزۈپ ماڭدىم. شۇنىڭ بىلەن، مەن ھېچكىمگە كۆرۈنمىگەن ھالدا روناني بوكېردىن ئېگ - مورتقىچە ئاقىدىغان قانال بىلەن تۇتاشتۇرۇپ يېگىدىن چېپىلغان ئۆستەڭگىچە ئۈزۈپ باردىم. شۇ يەرگە يەتكەندە قۇتۇلغانلىقىمنى ھېس قىلدىم، چۈنكى مۇشۇ ئۆستەڭنى بويلاپ ئۈزسەم مېنى ھېچكىم كۆرەلمەيتتى. شۇنداق قىلىپ، قانالغا ئامان - ئېسەن يېتىپ باردىم. مېنىڭ بۇ ياققا يول ئېلىشىم تاسادىپىي ئەمەس ئىدى. مەن جانابلىرىغا بېلگاردىن بوكېرغا بارىدىغان يول ئۈستىدىكى بىر كىچىك مەيخانىنىڭ ئىگىسى بولغان بىر نىملىق مەيپۇرۇش ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەنىدىم.

— ھە، ئېنىق يادىمدا تۇرىدۇ، — دېدى مونتې - كرىستو، — خاتالاشمىسام، ئۇ ھەتتا سىلەر بىلەن مەسلەكداش بولغانغۇ دەيمەن.

— شۇنداق، شۇنداق! لېكىن ئۇنىڭدىن يەتتە يىل ئىلگىرى ئۇ ئۆزىنىڭ دۇكىنىنى بىر مارسېللىق سەيپۇڭغا ئۆتكۈزۈپ بېرىۋەتكەنىدى. ئۇ سەيپۇڭنىڭ ئىگىلىكى ۋەيران بولغاندىن كېيىن، باشقا كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ تەلىيىنى سىناپ باقماقچى بولغانىكەن. ئەلۋەتتە، بىزنىڭ بۇرۇنقى خوجايىن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىز كېيىنكىسى بىلەنمۇ داۋاملىشىپ كېتىۋەردى. مەن ئەنە شۇ كىشىنىڭ ئۆيىدىن پاناھ تاپماقچىدىم.

— ئۇنىڭ ئىسمى كىم ئىدى؟ — دەپ سورىدى گراف. ئۇ، بېرتۇچچونىڭ ھېكايىسىگە يەنە باشقىدىن قىزىقىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى.

— گاسپار كادرۇس. ئۇ كاركونتا كەنتىدىكى بىر ئائىلىگە ئۆيلەنگەنىدى. بىز ھەممىمىز ئۇ ئائىلىنىڭ پەقەت شۇ نام بىلەنلا ئاتىلىشىنى بىلەتتۇق. بۇ جۇدەك ئائىلىنىڭ بەزگەك كېسىلى بولۇپ، كۈنسايىن ھالى خارابلىشىپ قاقشال بولۇپ قالغانىدى. ئەمما، كادرۇس ئۆزى 45 ياشلاردىكى ساغلام ئەزىمەت بولۇپ، بىز بىرنەچچە قېتىم قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ تەدبىرلىك ۋە يۈرەكلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەنىدى.

— بۇ ئىش قاچان بولغان دېدىڭىز؟ — دەپ سورىدى مونتې - كرىستو.

— 1829 - يىلى، جانابلىرى.

— قايسى ئايدا؟

— ئىيۇن ئېيىدا.

— ئاينىڭ بېشىدىمۇ، ئاخىرىسىدىمۇ؟

— بۇ ئىش ئۈچىنچى ئىيۇن كۈنى كەچتە بولغان.

— ھە! — دەپ قويدى مونتې - كرىستو، — 1829 - يىلى ئۈچىنچى ئىيۇن... داۋاملاشتۇرۇڭ.

— شۇنداق قىلىپ، مەن ئاشۇ كادرۇسنىڭ ئۆيىدىن پاناھ تاپماقچى بولدۇم. بىز ئادەتتە، ھەتتا ھېچقانداق چاتاق چىقمىغان ئەھۋالدىمۇ ئۇنىڭ ئۆيىگە يولغا قارايدىغان ئىشىك ئارقىلىق كىرمەيتتۇق. شۇڭا، مەنمۇ بۇ قائىدىنى بۇزماستىن، باغنىڭ رېشاتكىسىدىن ئارتىلىپ چۈشتۇم ۋە كادرۇسنىڭ مەيخانىسىدا بىرەر يولۇچى بولۇپ قالمىسۇن دەپ، ياغلىق زىرائەتلەر ۋە ياۋا ئەنجۈر دەرەخلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئۆمىلەپ، مەيخانىغا يانداش بولغان كىلىت ئۆينىڭ يېنىغا كەلدىم. مەن بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ بۇ ئۆيدە بىرنەچچە قېتىم قونۇپ، خۇددى ئەڭ ئېسىل يېتقان - كۆرپىدە ياتقاندەك بىمالال ئۇخلىغانىدىم. كىلىت ئۆي مەيخانىنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىدىن پەقەت مىخلاپ قويۇلغان تاختايلار بىلەنلا ئايرىلىپ تۇراتتى. تاختايلارنىڭ ئارىسىدىن ئاتايىن يوچۇق قالدۇرۇلغان بولۇپ، پەيتى كەلگەندە شۇ يوچۇقلاردىن بىز ئۆزىمىزنىڭ كەلگەنلىكىمىزنى خەۋەر قىلالايتتۇق. مەن، ئەگەر كادرۇسنىڭ ئۆيىدە باشقا كىشى بولمىسا، ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ كەچكى غىزاغا داخىل بولۇشنى ۋە يېقىنلاپ كېلىۋاتقان بوراندىن پايدىلىنىپ يەنە رونا دەرياسىنىڭ بويىغا بېرىپ، كېمىمىزنىڭ ۋە ئۇنىڭدىكى ئادەملەرنىڭ نېمە بولغانلىقىنى ئۇقۇپ كېلىشنى ئويلىدىم. شۇنداق قىلىپ، مەن كىلىت ئۆيگە ئاستا كىرىۋالدىم. مېنىڭ كىرىشىم دەل ۋاقتىدا بوپتۇ، چۈنكى بۇ چاغدا كادرۇسمۇ سىرتتىن مەيخانىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ ئۆزى بىلەن بىر ناتونۇش كىشىنى باشلاپ كەلگەنىدى.

مەن ئۈن چىقارماي كۈتۈپ ئولتۇردۇم. مېنىڭ بۇنداق قىلىشىم مەيپۇرۇشنىڭ ئىچكى سىرىنى تىڭ - تىڭلاش ئۈچۈن بولمىدى، بەلكى شۇنداق قىلماي باشقا ئامالىمنىڭ يوقلۇقىدىن بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ ئۇن قېتىملارچە مۇشۇنداق ئىش بولغانىدى. كادرۇس بىلەن كەلگەن كىشى تۇرقىدىن قارىغاندا جەنۇبىي فرانسىيىلىك ئەمەس ئىدى. ئۇ، ياۋروپانىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدىكى ئالتۇن جابدۇق سودىگەرلىرىنى ۋە خېرىدارلارنى جەلپ قىلىدىغان بوكېر يەرمەنكىسىگە كەلگەن ھايانكەشلەرنىڭ بىرى ئىدى. بۇنداق كىشىلەر يەرمەنكە بولىدىغان بىر ئاي جەريانىدا 100 مىڭ. ھەتتا 150 مىڭ فرانكلىق سودا ئىشىنى پۈتتۈرۈپ كېتىدۇ. ئالدى بىلەن كادرۇس ئالدىراپ كىرىپ كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئاستىنقى قەۋەتتە ھېچكىم يوق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ خوتۇنىنى چاقىردى.

«ھەي، كاركونتا، — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ، — ھېلىقى روھانىي بىزنى ئالداپ قويماپتۇ، بۇ ھەقىقىي ئالماس ئىكەن».

ئايال كىشىنىڭ خۇشاللىق ئىچىدە ئۇن سالغان ئاۋازى ۋە ئاجىز، كېسەلچان كىشىنىڭ ئېھتىياتلىق قەدەملىرى ئاستىدا پەلەمپەينىڭ غىچىرلىغان ساداسى ئاڭلاندى.

«نېمە دېدىڭ؟» — دەپ سورىدى كاركونتا.

«بۇ جىڭ ئالماس ئىكەن، دەيمەن. مانا بۇ جاناب پارىژنىڭ ئەڭ ئۇستا زەرگەرلىرىدىن بىرى بولىدۇ. ئۇ، بۇ ئالماسنى 50 مىڭ فرانكقا سېتىۋالماقچى بولدى. ئۇ پەقەت بۇنىڭ ھەقىقەتەن بىزگە تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىشىمىزنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. شۇڭا، سەنمۇ ماڭا ئوخشاش، بۇ ئالماسنىڭ قانداق قىلىپ بىزنىڭ قولىمىزغا كىرىپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگىنە. ھە، تەقسىر، قېنى ئولتۇرۇڭ. بۈگۈن ھاۋا بەك دىمىق، مەن سىزگە ئىچىملىك ئەكېلىپ بېرەي».

زەرگەر مەيخانا ئىچىنى دىققەت بىلەن كۆزىتىشكە باشلىدى، بىر قاراشتىلا مەيخانا ئىگىلىرىنىڭ نامراتلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ئەمما ئۇلار ساتماقچى بولغان ئالماس گويا شاھزادىنىڭ ساندۇقىدىن چىققاندەك قىلاتتى.

«سۆزلەڭ، خانىم»، — دېدى زەرگەر. ئۇ، كادرۇسنىڭ خوتۇنىغا گەپ ئۆگىتىپ قويماسلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ چىقىپ كەتكەنلىك پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، بۇ ئىككىيلەننىڭ گەپ - سۆزىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرمەكچى بولغاندەك كۆرۈنەتتى.

«ۋاي، تەقسىر، — دەپ سۆزلەپ كەتتى ئۇ ئايال، — بۇ بىر خۇدانىڭ رەھمىتى. بىز بۇنداق بولۇشنى زادى ئويلىمىغانىدۇق. مېنىڭ ئېرىمنىڭ 1814 - يىلىمۇ ياكى 1815 - يىلىمۇ، ئىش قىلىپ، ئېدمون دانتېس ئىسىملىك بىر دېڭىزچى بىلەن ئاغىنىدارچىلىقى بولغانىكەن. كادرۇس ئۇ بىچارىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كادرۇسنى ئۇنتۇماپتۇ ۋە ئۆلۈش ئالدىدا ئۇنىڭغا سىز كۆرگەن ئاشۇ ئالماسنى قالدۇرۇپتۇ».

«ئالماسنى ئۇ نەدىن تاپقانىكەن؟ — دەپ سورىدى زەرگەر، — ياكى دانتېس تۈرمىگە كىرىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭدا شۇ ئالماس بولغانمىكەن؟»

«يوقسۇ، تەقسىر، — دېدى كادرۇسنىڭ خوتۇنى، — ئۇ تۈرمىدە بىر كاتتا باي ئىنگلىز بىلەن تونۇشۇپ قاپتۇ. ئىنگلىز ئاغرىپ قالغاندا دانتېس ئۇنى بىر تۇغقان قېرىندىشىدەك كۆرۈپ بېقىپتۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئىنگلىز تۈرمىدىن چىقىش ئالدىدا ئۇنىڭغا مۇشۇ ئالماسنى بېرىپتۇ. بىچارە دانتېسنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كەلمەي، تۈرمىدە ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۆلۈش ئالدىدا بۇ ئالماسنى بىر روھانىي ھەزرەتكە ۋەسىيەت قىلىپ قالدۇرۇپتۇ. ئۇ روھانىي بۈگۈن ئەتىگەن بۇ يەرگە كېلىپ، ئالماسنى بىزگە بېرىپ كەتتى».

«ئۇمۇ شۇ گەپنى قىلىۋاتىدۇ، — دەپ پىچىرلىدى زەرگەر، — بۇ گەپلەرگە گەرچە بىر قاراشتا ئىشەنگىلى بولمىسىمۇ، ھەر ھالدا توغرا بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۇنداق بولسا، — دېدى ئۇ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، — باھاسىغا كېلىشىۋالساقلا بولىدىكەن. بىز بۇنىڭ باھاسىغا توختىشالمىغانىدۇق».

«توختىشالمىغانىدۇق دېگەن قانداق گەپ! — دەپ خىتاب قىلدى كادرۇس كىرىپ كېلىپ، — مەن سىزنى مېنىڭ گېپىمگە كۆندى دەپ ئويلاپتىمەن».

«مەن 40 مىڭ فرانك بېرىمەن دېگەنىدىم» دېدى زەرگەر.

«40 مىڭ! — كاركونتانىڭ زەردىسى ئۆرلىدى، — 40 مىڭغا ساتمايمىز. روھانىي بۇنىڭ ئۆزۈكىنى ھېسابقا ئالمىغاندىمۇ، ئالماسنىڭ ئۆزىلا 50 مىڭ فرانكقا توختايدۇ، دېگەنىدى».

«ئۇ روھانىينىڭ ئېتى نېمە ئىكەن؟»

«بۇزونى ھەزرەت».

«ئەمىسە ئۇ چەتئەللىك ئىكەن - دە؟»

«ئۇ ئىتالىيىلىك. مانتۇيى ئەتراپىدىكى جايلاردىن بولسا كېرەك».

«ئالماسنى كۆرسىتىپ بېقىڭا، — دېدى زەرگەر، — يەنە بىر قېتىم كۆرۈپ باقاي. بۇنداق تاشلارنى بىر كۆرۈشتىلا پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ».

كادرۇس قارا تېرىدىن تىكىلگەن كىچىككىنە قاپچۇقنى يانچۇقىدىن چىقىرىپ ئاچتى ۋە ئۇنى زەرگەرگە بەردى. چوڭلۇقى كۆمىقۇناقتەك بولغان ئالماسنى كۆرگەندە كاركونتانىڭ كۆزلىرى ئاچكۆزلەرچە يالتىراپ كەتتى.

— سىز ئۆزىڭىز بۇ ھەقتە نېمىدەپ ئويلىدىڭىز، گەپ تىڭشىغۇچى ئەپەندى؟ — دەپ سورىدى مونتې - كرىستو. — شۇ گەپكە ئىشەندىڭىزمۇ؟

— ئىشەندىم، جانابلىرى. مېنىڭ كادرۇسقا بولغان كۆز قارىشىم ياخشى ئىدى، مەن ئۇنى جىنايەت ياكى ئوغرىلىق قىلىدىغان ئادەم ئەمەس دەپ ئويلايتتىم.

— بۇ سىزنىڭ يۈرىكىڭىزنىڭ ياخشىلىقىنى، لېكىن ھاياتتىكى تەجرىبىڭىزنىڭ يېتەرسىزلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بېرتۇچچو ئەپەندى. ھە، ھېلىقى گېپى بولغان ئېدمون دانتېس دېگەننى سىز تونۇمتىڭىز؟

— ياق، جانابلىرى، مەن ئۇنى بۇرۇنمۇ، ھازىرمۇ تونۇمايمەن. بۇزونى ھەزرەت نىم تۈرمىسىگە بېرىپ، مەن بىلەن كۆرۈشكەندە، شۇ كىشىنىڭ ئاغزىدىن ئۇ توغرۇلۇق بىر قېتىم ئاڭلىغانىدىم.

— ھە، سۆزلەۋېرىڭ.

— زەرگەر كادرۇسنىڭ قولىدىن ئۈزۈكنى ئالدى ۋە يانچۇقىدىن كىچىككىنە پولات قىسقۇچ بىلەن كىچىككىنە بىر تارازىنى چىقاردى. ئاندىن، ئۈزۈكنىڭ ئالتۇن چىشلىرىنى قايرىپ ئالماسنى چىقاردى - دە، تارازىغا ئاۋايلاپ سالدى.

«45 مىڭ فرانك بېرەي، — دېدى ئۇ، — بۇنىڭغا ئەمدى بىر تىيىنمۇ قوشمايمەن. ھازىر ئالماسنىڭ ئەڭ يۇقىرى باھاسى شۇ. شۇڭا، مەنمۇ يېنىمغا شۇنچىلىكلا پۇل سېلىپ كەپتىمەن».

«ھېچقىسى يوق، — دېدى كادرۇس، — مەن سىز بىلەن بوكېرغا قايتىپ بېرىپ، قالغان 5000 نى ئېلىۋالسام بولىدىغۇ».

«ياق، — دېدى زەرگەر ۋە ئۈزۈك بىلەن ئالماسنى كادرۇسقا ياندۇرۇپ بەردى، — ياق، بۇنىڭ باھاسىغا مېنىڭ توختىغان پېرىم شۇ. مەن تېخى بۇ باھانى دەپ قويغىنىمغىمۇ پۇشايمان قىلىۋاتىمەن، چۈنكى بۇ ئالماسنىڭ سۈپىتى ئانچە ياخشى ئەمەس ئىكەن. مەن باشتا بۇنى بايقىماپتىكەنمەن. لېكىن ئامال يوق، مەن لەۋزىمدىن يېنىۋالمايمەن. مەن 45 مىڭ فرانك بېرەي دېدىم، بۇ سۆزۈمدىن يېنىۋالمايمەن».

«ھېچ بولمىغاندا، ئالماسنى ئۈزۈككە سېلىپ قويماسسىز»، — دېدى كادرۇس ئاچچىقلىنىپ.

«ھە، راست»، — دېدى زەرگەر ۋە ئالماسنى ئۈزۈككە سېلىپ قويدى.

«ھېچقىسى يوق، — دەپ غودۇڭشىپ قويدى كادرۇس، قاپچۇقنى يانچۇقىغا سېلىپ، — باشقا بىرىگە ساتارمىز».

«مەيلى، — دېدى زەرگەر، — بىراق، باشقىلار مېنىڭدەك ياۋاشلىق قىلمايدۇ. باشقىلار سىلەرنىڭ ماڭا سۆزلەپ بەرگەن گەپلىرىڭلارغا ئىشەنمەيدۇ. سىزگە ئوخشاش بىر ئادەمنىڭ قولىدا 50 مىڭ فرانكقا توختايدىغان ئۈزۈكنىڭ بولۇشى نورمال ئەھۋال ئەمەس. ئۇ سىزنى ساقچى ئورۇنلىرىغا چېقىشتۇرۇپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، بۇزونى ھەزرەتنى ئىزلەشكە توغرا كېلىدۇ. ھالبۇكى، 2000 لىۋىدورغا توختايدىغان ئالماسنى كىشىلەرگە بېرىۋېتىدىغان روھانىيلارنى ئىزلەپ تېپىش ئاسان ئىش ئەمەس. ساقچىلار ئۈزۈكنى ئېلىۋېلىپ، ئۆزىڭىزنى تۈرمىگە سولايدۇ. ئەگەر ھەقىقەتەن گۇناھىڭىز يوق بولۇپ چىقسا، سىزنى ئۈچ - تۆت ئايدىن كېيىن قويۇپ بېرىشىدۇ، لېكىن ئۈزۈك قانداقتۇر بىر ئىشخانىلاردا يوقىلىپ كەتكەن بولۇپ چىقىدۇ ياكى سىزگە ئۈچ فرانكلىق بىر سۈنئىي ئالماسنى تۇتقۇزۇپ قويۇشىدۇ. ئويلاپ كۆرۈڭ، بۇ ئالماس ھەقىقەتەن 50 مىڭ، ھەتتا 55 مىڭ فرانكقا توختايدىغان بولغان ھالەتتىمۇ بۇ سېتىۋېلىشنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق دەردى بار».

كادرۇس بىلەن خوتۇنى بىر - بىرىگە قارىشىپ قويدى.

«ياق، — دېدى كادرۇس، — بىز 5000 فرانكنى قولدىن چىقىرىۋېتىشكە رازى بولغۇدەك ئۇنچىلىك باي ئەمەس».

«ئىختىيارىڭىز، قەدىرلىك دوستۇم، — دېدى زەرگەر، — مەن تېخى نەق پۇل ئېلىپ كەپتىكەنمەن، كۆردىڭىزمۇ».

ئۇ، بىر يانچۇقىدىن بىر سىقىم تىللانى چىقاردى. يالتىراپ تۇرغان تىللانى كۆرۈپ، مەيخانىچىنىڭ كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولۇپ كەتتى. ئاندىن، زەرگەر يەنە بىر يانچۇقىدىن بىر باغلام قەغەز پۇلنى چىقاردى.

كادىرۇسنىڭ دىلىدا قاتتىق كۈرەش بولۇۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ، قولىدا ئوينىپ تۇرغان كىچىككىنە تېرە قاپچۇقنىڭ قىممىتى گويا ئۇنىڭغا كۆزىنىڭ يېغىنى يەپ كېتىۋاتقان مۇنداق جىق پۇلغا تەڭ كېلەلمەيدىغاندەك تۇيۇلۇۋاتقانلىقى روشەن ئىدى. ئۇ، خوتۇنى تەرەپكە بۇرۇلۇپ:

«سېنىڭ پىكىرىڭ قانداق؟» — دەپ پەس ئاۋازدا سورىدى.

«بېرىۋەت، بېرىۋەت، — دېدى خوتۇنى، — ئۇ ئالماسنى ئالماي بوكېرغا قايتىپ بارسا بىزنى چېقىشتۇرۇپ قويىدۇ. ئۇنىڭ ئېيتقىنى توغرا، بىز بۇندىن كېيىن بۇزونى ھەزرەتنى ئىزلەپ تاپالامدۇق، كىم بىلىدۇ».

«ماقۇل، ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، — دېدى كادىرۇس، — ئالماسنى 45 مىڭ فرانكقا ئېلىڭ. بىراق، خوتۇنۇمغا بىر دانە بويۇنغا ئاسىدىغان ئالتۇن زەنجىر لازىم، ماڭىمۇ بىر جۈپ كۈمۈش توپچا لازىم».

زەرگەر يانچۇقىدىن ئۇزۇنچاق ۋە ياپىلاق بىر كۇروپكىنى چىقاردى. ئۇنىڭ ئىچىدە كادىرۇس ئېيتقان بۇيۇملارنىڭ بىرنەچچە خىل ئەۋرىشكىسى بار ئىدى.

«ئېلىڭلار، — دېدى زەرگەر، — ئېلىم - بېرىم ئىشلىرىدا مەن كۆزى كىچىكلىك قىلمايمەن».

كاركونتا بىر ئالتۇن زەنجىرنى تاللىۋالدى. قارىماققا بۇنىڭ باھاسى تەخمىنەن 5 لۇيدور بولسا كېرەك. كادىرۇس، 15 فرانكقا توختىغۇدەك بىر جۈپ توپچىنى تاللىۋالدى.

«ئەمدىغۇ رازى بولغانسىلەر؟» — دېدى زەرگەر.

«روھانىي بۇ ئالماسنىڭ باھاسىنى 50 مىڭ فرانك دېگەنىدى»، — دەپ غودۇڭشىپ قويدى كادىرۇس.

«بولدى، بولدى، يا ئاللا! مۇنداقمۇ ئادەم بولامدۇ، — دېدى زەرگەر كادىرۇسنىڭ قولىدىن ئۈزۈكنى ئېلىپ، — 45 مىڭ فرانك بەرسەممۇ رازى بولمايۋاتقىنىنى! بۇنىڭدىن يىلىغا 2500 لىۋر كىرىم قىلغىلى بولىدۇ. سىزنىڭ ئورنىڭىزدا مەن بولسام، بۇنداق تاپاۋەتكە ھەرگىز ياق دېمەيتتىم».

«قېنى ئۇ 45 مىڭ فرانكىڭىز؟» — دەپ بوغۇق ئاۋازدا سورىدى كادىرۇس.

«مانا، مەرھەمەت»، — دېدى زەرگەر.

ئۇ، 15 مىڭ فرانكلىق تىللانى ۋە 30 مىڭ فرانك قەغەز پۇلنى ساناپ شىرە ئۈستىگە قويدى.

«توختاپ تۇرۇڭ، چىراغنى يېقىپ قوياي، — دېدى كاركونتا، — قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى، يېڭىلىشىپ قالمايلى».

دەرۋەقە، ئۇلار تالاش - تارتىش قىلىپ تۇرغۇچە تۈن نىسپى بولۇپ قالغانىدى. يېرىم سائەتتىن بۇيان چىقىۋاتقان شامال يامغۇرلۇق بورانغا ئايلاندى. يىراقتا گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەۋاتاتتى. لېكىن، زەرگەرمۇ، كادىرۇسمۇ، كاركونتامۇ ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىدى. ئۇلار پۈتۈنلەي پايدا - تاپاۋەتنىڭ ۋەسۋەسىسى ئىچىدە قالغانىدى.

بۇ ئالتۇن ۋە قەغەز پۇللارنى كۆرگەندە مەن ئۆزۈممۇ ئېيتقۇسىز ھەيرەت ئىچىدە قالدىم. مەن بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى گويا چۈشۈمدە كۆرۈۋاتقاندەك، ئۆزۈمنى گويا ئىز - جايىمغا مىخلىنىپ قالغاندەك ھېس قىلاتتىم.

كادىرۇس پۇللارنى ۋە بانكا چەكلىرىنى سانىدى ۋە يەنە قايتىدىن ساناپ چىقتى. ئاندىن خوتۇنىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى.

خوتۇنىمۇ بۇلارنى سانىدى ۋە قايتىدىن ساناپ چىقتى. بۇ ئارىدا زەرگەر ئۈزۈكنى چىراغنىڭ يورۇقىغا تۇتۇپ، ئۇياق - بۇياققا ئايلاندۇرۇپ قارىماقتا ئىدى. ئالماس شۇنداق نۇر چېچىپ تۇراتتىكى، زەرگەر ئۇنىڭغا قاراپ، دېرىزە ئەينەكلىرىدە ئەكس ئېتىۋاتقان ۋە بوراندىن شەپە بېرىۋاتقان چاقماقنىڭ يورۇقىنى كۆرمەيتتى.

«قانداق؟ پۇل تولۇقمىكەن؟» — دەپ سورىدى ئۇ.

«ھەئە، — دېدى كادرۇس، — كاركونتا، ھەميانىنى بەر، يەنە خالتا ئەكەلگىن».

كاركونتا ئىشكاپنىڭ يېنىغا بېرىپ، بىر كونا تېرە ھەميانىنى ئەكەلدى. ھەميانىنىڭ ئىچىدىن مايلىشىپ كەتكەن بىرنەچچە خەتنى چىقىرىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا قەغەز پۇللارنى سېلىشتى. كاركونتا يەنە بىر خالتا ئەكەلدى. خالتىنىڭ ئىچىدە ئالتە لىۋرلىق تەڭگىدىن ئىككى - ئۈچى بار ئىدى. بۇ نامرات ئەر - خوتۇننىڭ پۈتۈن دەسمايىسى شۇ بولسا كېرەك.

«ھە، — دېدى كادرۇس، — گەرچە سىز بىزنىڭ 10 مىڭ فرانكىمىزنى شىلىۋالغان بولسىڭىزمۇ، كەچكى تامىقىمىزغا داخىل بولىيامسىز؟ سىزنى چىن قەلبىمىزدىن تەكلىپ قىلىمەن».

«رەھمەت، — دېدى زەرگەر، — كەچ كىرىپ كەتتى، بوكېرغا قايتىمىسام بولمايدۇ، خوتۇنۇم ئەنسىرەپ قالىدۇ، — ئۇ سائىتىگە قارىدى، — ۋاھ! — دېدى ئۇ، — سائەت توققۇز بولاي دەپ قاپتۇ. مەن ئۆيگە بارغۇچە يېرىم كېچە بولىدۇ. خەير - خوش، دوستلىرىم. ئەگەر ھېلىقى بۇزونى ھەزرەت سىلەرنى يەنە يوقلاپ كېلىپ قالسا، مېنى يادىڭلاردىن چىقىرىپ قويماڭلار».

«بىر ھەپتىدىن كېيىن سىز بوكېردىن كېتىسىزغۇ، — دېدى كادرۇس، — يەرمەنكە كېلەركى ھەپتىدە تاقىلىدۇ ئەمەسمۇ».

«شۇنداق، لېكىن بۇنىڭ كارى چاغلىق. ماڭا قارىتىپ پارىژغا خەت يېزىڭ. پالې - رويال، پېيېر كوچىسى، 45 -

ئۆي، ژوئاننېس ئەپەندىگە دەپ يازسىڭىز بولىدۇ. زۆرۈر تېپىلسا چوقۇم كېلىمەن».

ھاۋا قاتتىق گۈلدۈرلىدى، شۇنداق يورۇق چاقماق چېقىلدىكى، ئۇنىڭ ئالدىدا چىراغنىڭ يورۇقلۇقى خىرەلىشىپ قالغاندەك كۆرۈندى.

«ئوھو، — دېدى كادرۇس، — بۇنداق ھاۋادا قانداق كېتەرسىز؟»

«مەن بوراندىن قورقمايمەن»، — دېدى زەرگەر.

«بۇلاڭچىلاردىنچۇ؟ — دەپ سورىدى كاركونتا، — يەرمەنكە ۋاقتىدا يوللاردا ھەمىشە ۋەقە چىقىپ تۇرىدۇ».

«بۇلاڭچىلار چىقىپ قالسا، — دېدى ژوئاننېس، — مېنىڭ ئۇلارغا ئاتاپ قويغان بىر نەرسەم بار».

ئۇ يانچۇقىدىن بەتلەپ قويۇلغان ئىككى دانە كىچىك تاپانچىنى چىقاردى.

«مانا، — دېدى ئۇ، — بۇ ئىككىسى ھەم قاۋايدۇ، ھەم چىشلەيدۇ. ئەگەر سىز بەرگەن ئالماسقا كۆزىنى قىزارتىدىغانلار چىقىپ قالسا، ئەڭ ئالدىدا كېلىدىغان ئىككىسىگە مانا مۇشۇنى ئاتاپ قويىدۇم، كادرۇس تاغا».

كادرۇس بىلەن خوتۇنى قاپىقى سېلىنغان ھالدا بىر - بىرىگە قارىشىپ قويدى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ كۆڭلىدە قانداقتۇر بىر دەھشەتلىك مۇددىئا تۇغۇلغاندەك كۆرۈنەتتى.

«ماقۇل، ئەمىسە يول بولسۇن!» — دېدى كادرۇس.

«رەھمەت»، — دېدى زەرگەر.

ئۇ، كونا جاۋەنگە يۆلەپ قويۇلغان ھاسا تايىقىنى ئېلىپ ماڭدى. ئۇ ئىشىكنى ئاچقاندا ئۆي ئىچىگە شۇنداق كۈچلۈك شامال ئۇچۇپ كىردىكى، چىراغ ئۆچۈپ قېلىشقا تاس قالدى.

«ۋاھ، بۇ ھاۋانى قاراڭ، — دېدى ئۇ، — مەن تېخى ئىككى لې يولنى پىيادە مېڭىشىم كېرەك!»

«كەتمەڭ، — دېدى كادرۇس، — قونۇپ قېلىڭ».

«ھەئە، كەتمەڭ، — دېدى كاركونتا تىترەك ئاۋازى بىلەن، — بىز سىزنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىمىز».

«ياق، بولمايدۇ. مەن يېرىم كېچىگىچە بوكېرغا بېرىۋېلىشىم كېرەك، خوش!»

كادرۇس ئۇنىڭ كەينىدىن ئاستا چامداپ ئىشىك ئالدىغىچە باردى.

«ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايدۇ، — دېدى زەرگەر ئىشىكتىن چىقىپ، — قاياققا ماڭسام بولىدۇ؟ ئوڭغىمۇ، سولغىمۇ؟»

«ئوڭغا، — دېدى كادرۇس، — ئازغىنىپ كەتمەيسىز، يولنىڭ ئىككى چېتىگە دەرەخ تىكىلگەن».

«كۆردۈم، كۆردۈم»، — يىراقتىن ئاجىز ئاۋاز ئاڭلاندى.

«ئىشىكنى ياپ! — دېدى كاركونتا، — مەن ھاۋا گۈلدۈرلەۋاتقاندا ئىشىكنىڭ ئوچۇق تۇرۇشىنى ياقتۇرمايمەن».

«بولۇپمۇ ئۆيدە پۇل بار ۋاقىتتا ھە؟ شۇنداقمۇ؟» — دېدى كادرۇس ۋە ئاچقۇچنى قۇلۇپقا سېلىپ ئىككى قېتىم تولغىدى.

ئۇ ئىشكاپنىڭ يېنىغا بېرىپ، خالتا بىلەن ھەميانىنى يەنە ئالدى ۋە ئىككىسى بىرلىشىپ ئۆزلىرىنىڭ ئالتۇن ۋە پۇللىرىنى ئۈچىنچى قېتىم ساناشقا كىرىشتى. چىراغنىڭ خىرە يورۇقىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان بۇ ئىككى چىرايدا ئىپادىلەنگەن مۇنداق ئاچكۆزلۈكنى مەن ئۆمرۈمدە كۆرۈپ باققان ئەمەس. بولۇپمۇ كاركونتانىڭ تەلەتى بەكمۇ يىرگىنىشلىك ئىدى. ئۇ ھەمىشە بەزگەك ئازابىدا تىترەپ تۇراتتى. ئەمدى ئۇنىڭ بۇ تىترىكى تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى؛ تاتىراڭغۇ چىرايى ئۆلۈكنىڭ يۈزىگە ئوخشاپ قالدى؛ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىدە گويا ئوت يېنىپ تۇراتتى.

«سەن بايا ئۇنى نېمە ئۈچۈن قونۇپ قېلىشقا تەكلىپ قىلدىڭ؟ — دەپ سورىدى ئۇ بوغۇق ئاۋازدا.

«ھە... — دېدى كادرۇس چۆچۈپ كېتىپ، — ئۇنى بوكېرغا قايتىمەن دەپ يولدا جاپا تارتىپ قالمىسۇن دېدىم».

«ھە، شۇنداقمىدى، — دېدى كاركونتا ئاجايىپ بىر خىل ئاھاڭدا، — مەن تېخى سېنى باشقا بىر ئىشنى ئويلىدىمىكىن دەپتىمەن».

«خوتۇن، خوتۇن! — دەپ خىتاب قىلدى كادرۇس، — بۇنداق خىيال كاللاڭغا قانداق كىرىپ قالدى؟ شۇنى ئويلىغان بولساڭمۇ ئاغزىڭدىن چىقارمىساڭ بولمامدۇ؟»

«نېمىدېگىنىڭ بىلەنمۇ، — دېدى كاركونتا بىر ئاز تۇرۇۋېلىپ، — سەن ئەر كىشىگە ئوخشىمايسەن».

«بۇ نېمىدېگىنىڭ؟» — سورىدى كادرۇس.

«ئەگەر سەن ھەقىقىي ئەر بولساڭ، ئۇ بۇ يەردىن كېتەلمىگەن بولاتتى».

«خوتۇن!»

«يولنىڭ ئەگىلىدىغان يېرى بار، ئۇ بۇنىڭدىن باشقا يولنى بىلمەيدۇ. قانالىنى بويلاپ چىغىر يول بىلەن ماڭساڭ، ئۇنىڭ ئالدىدىن چىققىلى بولىدۇ».

«خوتۇن، سەن خۇدانىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈۋاتىسەن. مانا، ئاڭلىدىڭمۇ؟»

ئۆي ئىچىنى كۆكۈش چاقماق نۇرى يورۇتۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتىلا گۈلدۈرماما دەھشەتلىك گۈلدۈرلىدى ۋە ئۇنىڭ ئاستا جىمىقىۋاتقان سادالىرى گويا بۇ لەنەت تەككۈر ئۆيدىن كەتكۈسى كەلمىگەندەك ئالدىرىماي يىراقلاشتى.

«يا پەرۋەردىگارىم!» — دېدى كاركونتا ۋە چوقۇنۇپ قويدى.

دەل شۇ چاغدا، ئادەتتە ھاۋا گۈلدۈرلەپ توختىغاندىن كېيىن بولىدىغان سۈرلۈك جىمجىتلىق ئىچىدىن ئىشىكنىڭ قېقىلغانلىقى

ئاڭلاندى. كادرۇس بىلەن خوتۇنى ئىككىسى چۆچۈپ كەتتى ۋە قورقۇنچ ئىچىدە بىر ـ بىرىگە قاراشتى.

«كىم؟ ــ دەپ ۋارقىرىدى كادرۇس ئورنىدىن تۇرۇپ ھەمدە شىرە ئۈستىدە چېچىلىپ ياتقان ئالتۇن ۋە پۇللارنى بىر دۆۋە قىلىپ يىغىپ، ئىككى قولى بىلەن يېپىۋالدى.

«مەن!» ــ كىمدۇر بىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

«مەن دېگەن كىم؟»

«مەن! زەرگەر ژوئاننىس».

«مانا! خۇدانىڭ غەزىپىنى كەلتۈردۈڭ دەيسەن تېخى... ــ دېدى كاركونتا رەزىللىك بىلەن ھىجىيىپ، ــ خۇدانىڭ ئۆزى ئۇنى بىزگە قايتۇرۇپ بەردى».

كادرۇس تاتىرىپ، غال ـ غال تىترەپ كەتتى ـ دە، ئورۇندۇقتا ئۆزىنى تاشلىۋەتتى. كاركونتا ئەكسىچە ئورنىدىن تۇردى ۋە غاچ ـ غاچ دەسسەپ بېرىپ، ئىشىكنى ئاچتى.

«كىرىڭ، قەدىرلىك ژوئاننىس ئەپەندى»، ــ دېدى ئۇ.

«يائاللا، ــ دېدى ئۈستى ـ بېشى يامغۇردىن چىلىق ـ چىلىق سۇ بولۇپ كەتكەن زەرگەر، ــ بۈگۈن مېنىڭ بوكېرغا قايتىشىمغا شەيتاننىڭ ئۆزى توسقۇنلۇق قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلاشقا بولىدۇ. ئىككى كېلىشمەسلىكتىن كىچىكرەكىنى تاللاشقا توغرا كېلىدۇ، كادرۇس ئەپەندى. سىز مېنى مېھمان قىلماقچىكەنلىكىڭىزنى ئېيتقانىدىڭىز، بۇ تەكلىپىڭىزنى قوبۇل قىلىمەن. سىزنىڭ ئۆيىڭىزدە قونۇپ قالاي دەپ قايتىپ كەلدىم».

كادرۇس نېمىدۇ بىر نېمە دەپ غودۇڭشۇپ قويدى ۋە ماڭلىيىدىكى تەرىنى ئېرتىۋەتتى. كاركونتا زەرگەرنى ئۆيگە كىرگۈزۈپ، قولۇپتىكى ئاچقۇچنى ئىككى قېتىم تولغىۋەتتى.

ئون بەشىنچى باب

قانلىق يامغۇر

زەرگەر قايتىپ كىرگەندىن كېيىن ئۆي ئىچىنى دىققەت بىلەن قاراپ چىقتى. ھالبۇكى، ئۇنىڭ ھېچقانداق گۇمانى بولمىغان بولسا، بۇ ئۆي ئىچىدىمۇ گۇمان كەلتۈرگۈدەك ھېچنېمە يوق ئىدى؛ ئەگەر ئۇنىڭ كۆڭلىدە گۇمانى بولغان بولسا، بۇ گۇمانىنى كۈچەيتكۈدەكمۇ ھېچنېمە يوق ئىدى. كادرۇس ئالتۇن ۋە پۇللارنى تېخىچە ئىككى قولى بىلەن يېپىپ تۇراتتى. كاركونتا مېھماننى قاراپ ئىمكان قەدەر يېقىملىقراق ھىجىيىشقا تىرىشاتتى.

«ھە، ــ دېدى زەرگەر، ــ مەن كەتكەندىن كېيىنمۇ بايلىقىڭىزنى يەنە ساناپسىز ـ دە، خاتا ساناپ قالدىمىكىن دەپ، تېخىچە قورقۇۋاتقان ئوخشىمامسىز؟»

«ياق، ــ دېدى كادرۇس، ــ لېكىن، بۇ بايلىقنىڭ بىزنىڭ قولىمىزغا كىرىپ قېلىشى شۇنداق بىر تاسادىپىي ئىش بولدىكى، ئۆز بەختىمىزگە ئىشىنەلمەي قېلىۋاتىمىز. ئەگەر بۇ نەرسىلەر كۆز ئالدىمىزدا تۇرمىسا، خۇددى بىر چۈش كۆرۈۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كېتىدىكەن».

زەرگەر كۈلۈپ قويدى.

«بۇ يەردە قونۇشقا قالغان يەنە باشقا كىشى بارمۇ؟» ــ دەپ سورىدى ئۇ.

«يوق، ــ دېدى كادرۇس، ــ بۇ يەردە تېخى بىرەر مېھمان قونۇپ باقمىغان. بۇ يەر شەھەرگە بەك يېقىن بولغاچقا ھېچكىم قونمايدۇ».

«ئۇنداق بولسا، مەن قونۇپ قالسام، سىلەر قىسىلىپ قالمامسىلەر؟»

«ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، تەقسىر! — دېدى كاركونتا، — ھەرگىز قىسىلمايمىز، گېپىمگە ئىشىنىڭ».

«ئەمىسە ماڭا نەگە ئورۇن سېلىپ بېرىسىلەر؟»

«ئىككىنچى قەۋەتتىكى ئۆيگە».

«ئۇ سىزنىڭ ھۇجرىڭىز ئەمەسمۇ؟»

«ھېچقىسى يوق. ئۇنىڭغا يانداش ئۆيدە يەنە بىر كارىۋىتىمىز بار».

كادرۇس ھەيران بولۇپ خوتۇنىغا قارىدى.

كاركونتا مېھمان كېيىملىرىنى قۇرۇتۇۋالسۇن دەپ ئوچاققا بىر قۇچاق شاخ-شۇمبىسىنى تاشلىدى. زەرگەر قانداقتۇر بىر ناخشىنى غىڭشىپ ئېيتقان ھالدا ئوچاقنىڭ يېنىغا كېلىپ ئىسسىنىشقا باشلىدى. بۇ ئارىدا كاركونتا شىرەنىڭ بىر چېتىگە داستىخان سالدى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈشلۈك تاماقنىڭ ئېشىنچىسىنى ۋە قورۇلغان تۇخۇمنى ئەكىلىپ قويدى. كادرۇس قەغەز پۇللارنى ھەميانغا، تىللالارنى خالتىغا قايتىدىن سالدى ۋە ھەممىسىنى قوشۇپ ئىشكاپقا سولىدى. ئۇ، قاپىقى تۈرۈلگەن ھالدا ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن-بۇياققا مېڭىپ، ئارىلاپ-ئارىلاپ زەرگەرگە قاراپ قوياتتى. زەرگەر ھۆل كىيىمدىن ئۆرلەپ چىقىۋاتقان ھور ئىچىدە بىر يېنى قۇرۇپ بولغاندىن كېيىن يەنە بىر يېنىغا ئۆرۈلۈپ ئوچاق ئالدىدا تۇراتتى.

«مانا! — دېدى كاركونتا ۋە شىرە ئۈستىگە بىر شىشە مەينى ئەكېلىپ قويدى، — خالىسىڭىز، ئەمدى تاماق يېيىشكە ئولتۇرۇڭ».

«سىلەرچۇ؟» — سورىدى ژوئاننېس.

«مەن تاماق يېمەيمەن»، — دېدى كادرۇس.

«بىز چۈشلۈك تاماقنى بەك كېچىكىپ يېگەنىدۇق»، — كاركونتا ئالدىراپ-تېنەپ سۆز قاتتى.

«ئەمىسە مەن ئۆزۈم يالغۇز ئولتۇرامدىم؟» — دەپ سورىدى زەرگەر.

«بىز سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنى قىلىمىز»، — دېدى كاركونتا قىزغىنلىق بىلەن. ۋەھالەنكى، ئۇ پۇل تۆلەيدىغان خېرىدارلارغىمۇ بۇنداق قىزغىنلىق ئىپادىسىنى كۆرسەتمەيتتى.

كادرۇس تۇرۇپ-تۇرۇپلا خوتۇنىغا چاقماقتەك ئىتتىك كۆز تاشلاپ قوياتتى. يامغۇرلۇق بوران تېخىچە گۈركىرەپ چىقىۋاتاتتى.

«ئاڭلاۋاتامسىز، ئاڭلاۋاتامسىز؟ — دېدى كاركونتا، — ھەقىقەتەن، قايتىپ كەلگەنلىكىڭىز ناھايىتى ياخشى بوپتۇ».

«مەن تاماق يەپ بولغۇچە بوران پەسىيىپ قالسا، يەنىلا قايتىپ كېتىمەن»، — دېدى زەرگەر.

«بۇ، دېڭىزدىن كېلىۋاتقان بوران، — دېدى كادرۇس بېشىنى چايقاپ، — ئەمدى تاڭ ئاتقۇچە توختىمايدۇ». ئۇ شۇنداق دەپ بولۇپ ئېغىر بىر تىنىۋالدى.

«ھىم، بۇنىڭغا نېمە ئامال، — دېدى زەرگەر، — شۇ تاپتا يول ئۈستىدە قالغانلارنىڭ جېنىغا ۋاي».

«شۇنداق، — دېدى كاركونتا، — ئۇلار بۇنداق كېچىدە تازا جاپا تارتىدۇ».

زەرگەر تاماق يېيىشكە كىرىشتى. كاركونتا مېھماندەست ساھىبخان قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قىلىپ، ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بېخىللىقى ۋە بىشەملىكىگە باقماي، بۇ قېتىم سېخىلىق ۋە خۇش پېئىللىقنىڭ نەمۇنىسى بولۇپ قالدى. ئەگەر زەرگەر ئۇنى بۇرۇندىن تونۇغان بولسا، ئۇنىڭدىكى بۇنداق كەسكىن ئۆزگىرىشتىن ئەجەبلەنگەن ۋە گۇمانلانغان بولاتتى. ئەلۋەتتە،

كادرۇس تېخىچە ئۈنچىقماستىن ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى. ئۇ ھەتتا مېھمانغا قاراپ قويماسلىققا تىرىشىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. زەرگەر تامىقىنى يەپ بولغاندىن كېيىن، كادرۇس بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى.

«بوران بېسىقىپ قالغاندەك قىلىدۇ»، — دېدى ئۇ.

لېكىن، دەل شۇ پەيتتە، خۇددى ئۇنىڭ خاتالىشىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولغاندەك، قاتتىق گۈلدۈرلىگەن گۈلدۈرماما پۈتۈن ئۆينى لەرزىگە كەلتۈرۈۋەتتى. يامغۇر ئارىلاشقان شامال ئىشىكتىن ئۇچۇپ كىرىپ چىراغنى ئۆچۈرۈۋەتتى. كادرۇس ئىشىكنى يەنە يېپىۋالدى. ئۇنىڭ خوتۇنى ئوچاقتىن تۈتەپ تۇرغان بىر چوغنى چىقىرىپ شام ياقتى.

«ھېرىپ قالغانسىز، — دېدى ئۇ زەرگەرگە، — مەن سىزگە پاكىز كىرلىكلەرنى سېلىپ ئورۇن راسلاپ قويدۇم. ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىپ ئوبدان بىر ئۇخلىۋېلىڭ».

ژوئاننېس بوران توختاپ قالماسمۇ دەپ بىردەم تۇرۇپ باقتى، لېكىن بوران بىلەن يامغۇرنىڭ يەنىمۇ كۈچىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، مەيخانا ئىگىلىرىگە «كېچىلىكىڭلار خەيرلىك بولسۇن» دەپ قويدى - دە، ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىپ كەتتى. ئۇ، مېنىڭ بېشىمنىڭ ئۈستىدىكى پەلەمپەيدىن چىقىپ كېتىۋاتقاندا، پەلەمپەي باسقۇچلىرى ئۇنىڭ قەدەملىرى ئاستىدا غىچىرلاپ تۇراتتى. كاركونتا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ۋەھشىيلىك بىلەن قاراپ تۇراتتى. كادرۇس ئەكسىچە، زەرگەرگە كەينىنى قىلىپ تۇراتتى. ئۇ ھەتتا پەلەمپەي تەرەپكە قاراپمۇ قويمىدى.

بۇ تەپسىلاتلارنى مەن كېيىنكى ۋاقىتلاردا قايتىدىن ئەسلەپ چىقتىم. ھالبۇكى، ئەينى ۋاقىتتا مېنىڭ كۆز ئالدىمدا بولۇپ ئۆتكەن بۇ ئىشلار ماڭا ھېچقانداق غەيرىي تەسىر كۆرسەتمىگەنىدى. ئومۇمەن، بۇ ئىشلار

پۈتۈنلەي تەبىئىي يوسۇندا بولۇپ ئۆتتى. ماڭا خېلىلا غەيرىي تەبىئىي بولۇپ كۆرۈنگەن ئاشۇ ئالماس ۋەقەسىدىن باشقىسى ئادەتتە بولىدىغان ئىشلار ئىدى.

— مەن ئۆلگۈدەك ھېرىپ كەتكەنىدىم. شۇڭا، بىر يەردە بىرنەچچە سائەت ئۇخلىۋېلىپ، يامغۇر بىلەن بوران توختىغاندىن كېيىن دەرھال تۇرۇپ، تۈن قاراڭغۇسىدا بۇ يەردىن چىقىپ كېتىشنى قارار قىلدىم. ئىككىنچى قەۋەتتە زەرگەرنىڭ ئۇخلاشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقانلىقى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كۆپ ئۆتمەي كارىۋاتنىڭ غىچىرلىغىنى ئاڭلاندى. ئۇ، ئۇخلاشقا ياتتى. مېنىڭ كۆزلىرىم ئۆزلۈكىدىن يۇمۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. ھېچقانداق گۇمانىم بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇيقۇمنى قاچۇرۇشقا ھەرىكەت قىلمىدىم. ياندىش ئۆيگە، ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بىر قاراپ قويدۇم. كادرۇس شىرەنىڭ يېنىدىكى بىر ياغاچ بەندىڭدە ئولتۇراتتى. بۇنداق بەندىڭلەر يېزا مەيخانىلىرىدا ئورۇندۇقنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. ئۇ مەن تەرەپكە دۈمبىسىنى قىلىپ ئولتۇراتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرەلمىدىم؛ ئۇنداق بولمىغاندىمۇ بەرىبىر كۆرەلمىگەن بولاتتىم. چۈنكى ئۇ بېشىنى ئىككى ئالقىنى بىلەن قىسىپ تۇتۇۋالغانىدى. كاركونتا بىر ئەسناغىچە ئۇنىڭغا قاراپ جىم تۇردى. ئاندىن مۈرىسىنى قىسىپ قويدى - دە، ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇردى. بۇ ئارىدا، ئۆچۈپ قالاي دېگەن ئوت تېخى كۆيمىگەن بىر قۇرۇق شاخقا تۇتاشتى. ئۆي ئىچى بىرئاز يورۇدى. كاركونتا ئېرىدىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ ئولتۇراتتى. ئېرى تېخىچىلا شۇ سىياقتا ئولتۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ قولىنى سوزۇپ ئېگىلگەن بارماقلىرى بىلەن ئۇنىڭ پېشانىسىغا نوقۇپ قويدى.

كادرۇس چۆچۈپ كەتتى. ماڭا، كاركونتانىڭ كالپۇكلىرى مىدىرلاۋاتقاندەك كۆرۈندى. ئۇ بەك ئاستا سۆزلىدىمۇ ياكى ئۇيقۇم كېلىپ كەتكەنلىكتىن ھېس - تۇيغۇلىرىمنىڭ سېزىمچانلى

قى بوشىشىپ كەتتىمۇ، ئىش قىلىپ، ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىمىدىم. مېنىڭ كۆزلىرىممۇ گويا تۇمان بىلەن قاپلىنىپ كېتىۋاتقاندەك بولدى ۋە مەن بۇ ئىشلارنى ئوڭۇمدا كۆرۈۋاتقانلىقىمنى ياكى چۈشۈمدە كۆرۈۋاتقانلىقىمنى ئاڭقىرالماي قالدىم. ئاخىرى كۆزلىرىم يۇمۇلدى ۋە ھېچنېمىنى سەزمەس بولۇپ قالدىم. مەن قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەنىدىم. تۇساتتىن ئېتىلغان ئوق ئاۋازى ۋە كىمدۇ بىرىنىڭ جان - جەھلى بىلەن ۋارقىرىشى مېنى ئويغىتىۋەتتى. ئۈستۈنكى قەۋەتتە بىر كىشىنىڭ سەنتۈرۈلۈپ ماڭغانلىقى ۋە پەلەمپەينىڭ دەل مېنىڭ بېشىمنىڭ ئۈستىدىكى يېرىگە بىر نەرسىنىڭ «گۈپ» قىلىپ يىقىلغانلىقى ئاڭلاندى. مەن تېخى ئۇيقۇدىن پۈتۈنلەي يېشىلىپ كەتمىگەنىدىم. مەن كىمدۇر بىرىنىڭ ۋايساشلىرىنى، ئاندىن خىرقىراپ ۋارقىرىغان ئاۋازلارنى ئاڭلىدىم. گوياكى نەدىدۇر بىر يەردە جەڭ بولۇۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئەڭ ئاخىرقى بىر ۋارقىراش باشقا ئاۋازلارغا قارىغاندا ئۇزاقراق سوزۇلۇپ، ئاخىرى ئىڭراشقا ئايلاندى. مەن پۈتۈنلەي ئۆزۈمگە كەلدىم ۋە جەينىكىمگە تايىنىپ كۆتۈرۈلۈپ، كۆزۈمنى ئاچتىم، لېكىن قاراڭغۇلۇقتا ھېچنېمىنى پەرق ئېتەلمىدىم. بۇ چاغدا پەلەمپەينىڭ تاختايلىرى ئارىسىدىن بېشىمغا ئىسسىق يامغۇر تامچىلىرى كەينى - كەينىدىن تامچىپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى سېزىپ، پىشانەمنى تۇتۇپ قويدۇم.

مېنى ئويغىتىۋەتكەن بۇ ۋاراڭ - چۇرۇڭدىن كېيىن جىم - جىتلىق ھۆكۈم سۈردى. مەن بېشىمنىڭ ئۈستى تەرىپىدە بىر ئەر كىشىنىڭ ماڭغان قەدەم تاۋۇشلىرىنى ئاڭلىدىم، پەلەمپەي غىچىرلىدى. ئۇ كىشى تۆۋەنكى قەۋەتكە چۈشتى ۋە ئوچاقنىڭ يېنىغا كېلىپ، شام ياقتى. بۇ، كادرۇس ئىدى. ئۇ ھەددىدىن تاشقىرى تاتىرىپ كەتكەن، ئۇنىڭ كۆڭلىكى قىپقىزىل قانغا بويالغانىدى. ئۇ شامنى يېقىۋېلىپ، دەرھال پەلەمپەيدىن يۇقىرىغا

چىقتى. مەن يەنە ئۇنىڭ ئالدىراشلىق بىلەن شاپاشلاپ مېڭىشلىرىنى ئاڭلىدىم. كۆپ ئۆتمەي ئۇ يەنە تۆۋەنگە چۈشتى. ئۇ، قولىدا ھېلىقى تېرە قاپچۇقنى تۇتۇپ تۇراتتى، قاپچۇق ئىچىدە ئالماسنىڭ بار ئىكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنى بىر دەم ئۇ يانچۇقىغا، بىر دەم بۇ يانچۇقىغا تىقىشقا باشلىدى، ئاخىرى، يانچۇق دېگەنگە ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك، ئۇنى ئۆزىنىڭ قىزىل ياغلىقىغا يۆگەپ، بوينىغا چىگىۋالدى. ئاندىن، ئىشكاپقا ئېتىلىپ بېرىپ، ئالتۇن ۋە پۇللىرىنى ئالدى - دە، ئىشتان ۋە چاپاننىڭ يانچۇقلىرىغا بۆلۈپ سالدى ھەمدە ئىككى - ئۈچ كۆڭلىكىنى ئېلىۋېلىپ، يۈگۈرگەن پېتىچە ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى.

شۇنىڭ بىلەن، ماڭا ھەممە ئىش ئايان بولدى. بۇ ئىشتا خۇددى مەن ئەيىبلىك بولغاندەك، ئۆزۈمگە - ئۆزۈم كايىدىم. مەن يەنە بىر كىشىنىڭ ئىڭراۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم. بەختى قارا زەرگەر بەلكىم تېخى ئۆلمىگەندۇر؛ ئەمدى ئۇنى قۇتقۇزۇپ قالسام، بۇ ۋەقەدىكى ئۆز گۇناھىمنى يۇيۇۋەتكەن بولارمەن، چۈنكى بۇ گۇناھلىق ئىشقا مەن قول سالمىغان بولساممۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا يول قويغانىدىم. مەن، ئۆزۈم ياتقان كىلەت ئۆي بىلەن ئاستىنقى قەۋەتتىكى ئۆينى ئايرىپ، بولار - بولماس مىخلاپ قويۇلغان تاختايلارنى دۈمبەم بىلەن ئىتتىردىم. تاختايلار ئاجرىلىپ چۈشتى. ئۆي ئىچىگە كىردىم ۋە قولۇمغا شامنى ئېلىپ، پەلەمپەيگە ئېتىلىپ چىقتىم. بىر ئادەمنىڭ تېنى پەلەمپەينىڭ ئوتتۇرىسىدا توغرىسىغا ياتاتتى. بۇ، كاركونتانىڭ جەسىتى ئىدى. بايا ئېتىلغان ئوق شۇنىڭغا تەككەنىكەن. ئوق ئۇنىڭ بوينىنى تېشىپ ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن ۋە قوش تۆشۈكلۈك يارىدىن قان ئېقىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆلگەنىدى. مەن جەسەتنى ئاتلاپ ئۆتۈپ، نېرىغا يۈگۈ-

رۇپ باردىم. ياتاق ئۆي ئوڭتەي ـ توڭتەي بولۇپ كەتكەنىدى. بىر قىسىم ئۆي جابدۇقلىرى ئۆرۈلۈپ چۈشكەنىدى. بەختسىز زەرگەر جان ئاچچىقىدا سىقىملاپ تۇتۇۋالغان كىرلىكلەر ئۆي ئىچىدە چېچىلىپ ياتاتتى. ئۇ ئۆزى بېشى تامغا تاقىشىپ قالغان ھالدا، كۆكرىكىدىكى يوغان ـ يوغان ئۈچ جاراھەتتىن ئېقىپ چىققان لەختە ـ لەختە قانغا مىلىنىپ ياتاتتى. تۆتىنچى جاراھەتتىن يوغان پىچاقنىڭ دەستىسى چىقىپ تۇراتتى.

مەن يەنە بىر تاپانچىغا دەسسەپ قالدىم. بۇ تاپانچا تېخى ئېتىلمىغانىدى. ئېھتىمال، ئوق دورىسى نەملىشىپ قالغان بولسا كېرەك. زەرگەرنىڭ يېنىغا باردىم. ئۇنىڭ تېخى جېنى بار ئىدى. مېنىڭ قەدەملىرىمنىڭ شەپىسىدىن ۋە بولۇپمۇ ئاياغلىرىم ئاستىدا تاختاينىڭ سىلكىنىشىدىن ئۇ نۇرسىزلاشقان كۆزلىرىنى ئېچىپ ماڭا قارىدى ۋە گويا بىرنېمە دېمەكچى بولغاندەك، كالپۇكلىرىنى مىدىرلىتىپ قويدى ـ دە، جان ئۈزدى. كۆز ئالدىمدىكى بۇ دەھشەتلىك مەنزىرىنى كۆرۈپ، ھوشۇمدىن كېتەي دەپ قالدىم. مەن ئەمدى بۇلارنىڭ ھېچقايسىنى قۇتقۇزۇپ قالالمايتتىم. شۇڭا، دەرھال بۇ يەردىن قېچىپ كېتىشتىن باشقا ئىلاجىم يوق ئىدى. ئىككى قولۇم بىلەن بېشىمنى چىڭ تۇتۇپ، قورقۇنچتىن ۋارقىرىغان پېتىم پەلەمپەيدىن يۈگۈرۈپ چۈشتۈم. تۆۋەندىكى ئۆيدە ئالتە نەپەر تاموژنا نازارەتچىسى ۋە ئىككى ـ ئۈچ ژاندارما، قىسقىسى، پۈتۈن بىر قوراللىق ئەترەت تۇراتتى. ئۇلار مېنى تۇتۇۋېلىشتى. مەن ھەتتا قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇپمۇ قويمىدىم. مېنىڭ ئىختىيارىم ئۆز ئىلكىمدە ئەمەس ئىدى. سۆزلەشكە ئۇرۇنۇپ باقتىم، لېكىن ئاغزىمدىن ئۇققىلى بولمايدىغان تاۋۇشلار چىقتى. مەن تاموژنىچىلار ۋە ژاندارمىلارنىڭ قوللىرى بىلەن مېنى كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى بايقىدىم. ئۇيان ـ بۇيېنىمغا قارىسام —

ئۈستىبېشىم قانغا بويالغانىكەن. پەلەمپەينىڭ تاختايلىرى ئارىسىدىن ئۈستۈمگە تامچىپ چۈشكەن ھېلىقى ئىسسىق يامغۇر ئەسلىدە كاركونتاننىڭ قېنى ئىكەن. مەن، ئۆزۈم يوشۇرۇنۇپ ياتقان جايىنى قولۇم بىلەن كۆرسەتتىم.

«ئۇ نېمە دېمەكچى بولۇۋاتىدۇ؟» — دەپ سورىدى ژاندارمىلاردىن بىرى.

يەنە بىر ژاندارما مەن كۆرسەتكەن جايغا قارىدى.

«ئاشۇ جايدىن كىردىم دېمەكچى بولۇۋاتىدۇ»، — دېدى ئۇ ۋە بايا مەن تاختاينى قومۇرۇۋېتىپ كىرگەن جايىنى كۆرسەتتى.

شۇ چاغدا مەن ئۇلارنىڭ مېنى قاتىل دەپ ئويلاۋاتقانلىقىنى چۈشەندىم. مېنىڭ ئاۋازىم ۋە كۈچ ـ مادارىم ئەسلىگە كەلدى. مەن ئۆزۈمنى تۇتۇپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ قوللىرىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ ۋارقىرىدىم:

«بۇ مەن ئەمەس! مەن ئەمەس!»

ئىككى ژاندارما ماڭا مىلتىق تەڭلىدى.

«قىمىر قىلىدىغان بولساڭ ئۆلىسەن» — دېدى ئۇلار.

«مەن دەۋاتىمەنغۇ، بۇ مەن ئەمەس!» — دەپ خىتاب قىلدىم.

«بۇ گەپلىرىڭنى ئىمدىكى سوتچىلارغا سۆزلەپ بەر، — دېدى ئۇلار، — ئەمدى بىز بىلەن ماڭ. ساڭا ياخشىلىقچە ئېيتىپ قويايلى، قارشىلىق كۆرسەتمە».

مېنىڭمۇ قارشىلىق كۆرسىتىش نىيىتىم يوق ئىدى. قورقۇنچ ۋە تەئەججۈپتىن مېنىڭ روھىم چۈشكەنىدى. ئۇلار مېنىڭ قوللىرىمغا كويزا سېلىشتى ۋە ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا باغلاپ، ئىم شەھىرىگە ئېلىپ باردى.

ئەسلىدە، بىر تاموژنىچى مېنىڭ ئىزىمدىن قوغلىشىپ كەلگەنىكەن. مەيخانىغا يېقىن كەلگەندە ئۇ مېنى يوقىتىپ قويۇپتۇ. ئۇ مېنى شۇ مەيخانىدا قونىدۇ دەپ ئويلاپ، ئۆزىنىڭ بۇرادەرلىرىنى چاقىرىپ كېلىشكە كېتىپتۇ. ئۇلار بىر يەرگە دەل ئوق ئېتىلغان ۋاقىتتا ئۇلگۇرۇپ يېتىپ كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مېنى مانا مۇشۇنداق پاكىتلىق ئىشلار ئۈستىدە قولغا چۈشۈردى. مەن ئۆزۈمنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشنىڭ قانچىلىك قىيىنغا توختايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. شۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ دىققەت - ئېتىبارىم بىر ئىشقىلا مەركەزلەشتى، يەنى تەركەۋچىدىن دەل شۇ كۈنى «گار كۆۋرۆكى» مەيخانىسىغا كىرگەن بۇزونى ھەزرەت دېگەن كىشىنى ئىزدەپ تېپىشنى تەلەپ قىلدىم. ئەگەر كادرۇس بۇ گەپلەرنى ئۆزى توقۇپ چىقارغان بولسا ۋە ئۇ ھەزرەت ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولمىغان بولسا، دېمەك مېنىڭ تۈگەشكىنىم شۇ. ئەگەر كادرۇس تۇتۇلۇپ قېلىپ، ھەممىنى بويىنىغا ئالسا بەلكىم قۇتۇلۇپ قالارمەن.

ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتتى. بۇ جەرياندا تەركەۋچىنىڭ ئەمرى بىلەن ھەزرەتنى ئىزدەپ تېپىشقا ھەممە چارىلەر ئىشلىتىلدى. مېنىڭ ئۈمىدىم ئۈزۈلدى. كادرۇس تېپىلمىدى. نۆۋەتتىكى سوت يىغىنىدا مېنى سوتقا تارماقچى بولۇشتى. تۇساتتىن، سەككىزىنچى سېنتەبىر كۈنى، يەنى قاتىللىق ۋەقەسى يۈز بېرىپ ئۈچ ئاي بەش كۈن ئۆتكەندە تۈرمىگە بۇزونى ھەزرەت ئۆزى كەلدى. ھالبۇكى، ئۇنىڭ كېلىشىنى مەن خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدىم. بۇزونى ھەزرەت تۈرمىگە كېلىپ، مەھبۇسلاردىن بىرى مەن بىلەن سۆزلەشمەكچىكەنلىكىنى ئاڭلاپ كەلدىم، دەپتۇ. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ مارسېلدا بۇ گەپنى ئاڭلاپ، مېنىڭ ئالدىمغا كەلگەنىكەن. ئۇنىڭ كەلگەنلىكىگە قانچىلىك خۇشال بولغانلىقىمنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرەلىشىڭىز مۇمكىن. مەن ئۇنىڭغا كۆرگەن

ۋە ئاڭلىغانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ بەردىم. ئالماسنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بەرسەم، ئۇ مېنىڭ ئويلىغىنىمنىڭ ئەكسىچە، بۇنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى تەستىقلىدى ھەمدە خۇددى شۇنداقلا مېنىڭ ئويلىغىنىمنىڭ ئەكسىچە، ئۇ مېنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرىمنىڭ ھەممىسىگە تولۇق ئىشەندى. مەن ئۇنىڭ بۇنداق مۇلايىملىقىدىن ۋە ئادەمگەرچىلىكىدىن قاتتىق تەسىرلەندىم، شۇنداقلا ئۇنىڭ مېنىڭ يۇرتۇمنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى بىلەنمۇ ئوبدان تونۇش ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. ئەنە شۇ چاغدا مۇشۇ رەھىمدىل ئېغىزدىن ئۆزۈمنىڭ بىردىنبىر جىنايىتىمگە كەچۈرۈم تاپالىشىم مۇمكىن دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭغا ئوتېيلدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى باشتىن - ئاياغ سۆزلەپ بېرىپ، گۇناھىمنى تىلىدىم. مەن بۇ گەپلەرنى ئۆز قەلبىمنىڭ خاھىشى بويىچە ئېيتقان بولساممۇ، لېكىن بىرەر مەقسەتنى كۆزلەپ سۆزلىگەندەك نەتىجە بەردى. ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكىمنى ئۆزلۈكۈمدىن ئىقرار قىلغانلىقىم ھەزرەتنى قايىل قىلدى ۋە ئۇ مېنىڭ بۇنىڭدىن باشقا قاتىللىق قىلمىغانلىقىمغا ئىشەندى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ قايتىش ئالدىدا مېنى خاتىرجەم بولۇشقا ئۈندەپ رىغبەتلەندۈردى ۋە مېنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىمگە سوتچىلارنى ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن قولىدىن كېلىدىغانىنىڭ ھەممىسىنى قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

مەن تۈرمە خادىملىرىنىڭ ماڭا بولغان مۇئامىلىسىنىڭ يۇمشاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ھەزرەتنىڭ مېنىڭ ئىشىمغا مېڭىۋاتقانلىقىنى چۈشەندىم. كۆپ ئۆتمەي، مېنىڭ ئەنزەمنىڭ كېلەركى نۆۋەتلىك سوت يىغىنىغا قالدۇرۇلغانلىقىنى ئۇقتۇم. بۇ ئارىدا، خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن كادرۇس بىر چەت مەملىكەتتە قولغا چۈشۈپتۇ ۋە فرانسىيىگە قايتۇرۇپ كېلىنىپتۇ. ئۇ، بۇ جىنايىي قىلمىشنى ئويلاپ چىقارغانلىقىنى ۋە ئۇنى قۇتراتقانلىقىنى

خوتۇنغا دۆڭگەپ قويۇپ، ھەممىنى ئىقرار قىلىپتۇ. ئۇ ئۆمۈرلۈك مەجبۇرىي ئەمگەككە ھۆكۈم قىلىندى، مېنى قويۇپ بېرىشتى.

— شۇندىن كېيىن سىز بۇزۇنى ھەزرەتنىڭ تونۇشتۇرۇش خېتىنى ئېلىپ مېنىڭ ئالدىمغا كەلدىڭىز، شۇنداقمۇ؟ — دېدى مونتې - كرىستو.

— شۇنداق، جانابلىرى، ئۇ ماڭا ناھايىتى كۆڭۈل بولدى. «ئەتكەسچىلىك ھۈنىرىڭىز سىزنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ، — دېدى ئۇ ماڭا، — سىز بۇ يەردىن چىققاندىن كېيىن بۇ ئىشنى تاشلاڭ».

«ئۇنداق قىلسام قانداق ياشايمەن، بىچارە يەڭگەمنى قانداق قىلىپ باقالايمەن؟» — دەپ سورىدىم مەن.

«مېنىڭ تالىپلىرىمدىن بىرى مېنى ئىنتايىن ھۆرمەت قىلىدۇ، — دېدى ئۇ، — ئۇ ماڭا بىر ئىشەنچلىك ئادەم تېپىپ بېرىشنى ھاۋالە قىلغانىدى. شۇ كىشىنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەشنى خالامسىز؟ مەن سىزنى تونۇشتۇرۇپ قوياي».

«ھەزرىتىم! — دەپ خىتاب قىلدىم مەن، — سىز نېمىدېگەن ئاق كۆڭۈل ئادەم!»

«بۇ ئىشىم ئۈچۈن كېيىن پۇشايمان قىلىپ قالماسمەن؟ ۋەدە بېرەلەمسىز؟»

مەن قەسەم ئىچمەكچى بولۇپ قولۇمنى كۆتۈردۈم.

«بۇنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدى ئۇ. — مەن كورسىكانلىقلارنى بىلىمەن ۋە چۈشىنىمەن. مانا سىزگە تونۇشتۇرۇش».

شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ماڭا بىرنەچچە قۇر خەت يېزىپ بەردى. مەن ئۇ خەتنى ئۆزلىرىگە ئەكېلىپ بەردىم ۋە سىلى شۇ خەتكە ئاساسەن مېنى ئۆز خىزمەتلىرىگە قوبۇل قىلدىلا. ئەمدى مەن ئىپتىخارلىق بىلەن سىلىدىن سوراپ باقاي، جانابلىرىنىڭ نارازىلىقىنى كەلتۈرۈپ قويغۇدەك بىرەر سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويغان يېرىم بارمۇ؟

— يوق، — دېدى گراف، — سىزگە قايىلمەن، بېرتۇچچو، سىز ياخشى خىزمەتكار. لېكىن، سىزنىڭ ماڭا بولغان ئىشەنچىڭىز يېتەرلىك ئەمەس.

— بۇ نېمىدېگەنلىرى، جانابلىرى؟

— سىزنىڭ يەڭگىڭىز ۋە بېقىۋالغان ئوغلىڭىز بار ئىكەن. ئەجەبا، ماڭا بۇ ھەقتە گەپ قىلمىغانىدىڭىزغۇ؟

— ھەي، جانابلىرى، ئەمدى مەن ئۆز ھاياتىمنىڭ ئەڭ ئېچىنىشلىق قىسمىنى سۆزلەپ بېرەي. مەن كورسىكاغا كەتتىم. ئۆزلىرىگە چۈشىنىشلىك، مەن بىچارە يەڭگەمنى كۆرۈپ، ئۇنى خاتىرجەم قىلىشقا ئالدىرايتتىم. ئەپسۇسكى، روليانودا مېنى بىر بەختسىزلىك كۈتۈپ تۇرغانىدى. مېنىڭ ئۆيۈمدە شۇنداق بىر دەھشەتلىك ۋەقە يۈز بېرىپتۇكى، قوشنىلار بۇ ھەقتە تا ھازىرغىچە سۆزلىشىپ يۈرۈشىدۇ. بېنېدېتتو يەڭگەمدىن دائىم پۇل سورايتتى. يەڭگەم مېنىڭ گېپىمگە كىرىپ، ئۇنىڭغا پۇل بەرمەيدىغان بوپتۇ. بىر كۈنى ئەتىگەندە بېنېدېتتو يەڭگەمگە ھەيۋە قىلىپ چىقىپ كېتىپتۇ ۋە كەچ كىرگىچە قايتىپ كەلمەپتۇ. بىچارە ئاسۇنتا بۇ مۇناپىقنى ئۆز ئوغلىدەك ياخشى كۆرىدىغان بولغاچقا، قاتتىق ھەسرەتلىنىپ يىغلاپتۇ. كەچ كىرىپتۇ. ئاسۇنتا ئۇنى كۈتۈپ ئۇخلىماپتۇ. كەچ سائەت 11 بولغاندا ئۇ ھەمىشە ئۆزى بىلەن بىرلىشىپ لۈكچەكلىك قىلىپ يۈرىدىغان ئىككى ئاغىنىسىنى باشلاپ قايتىپ كەپتۇ. ئاسۇنتا ئۇنى قۇچاقلىماقچى بوپتۇ. لېكىن ئۇلار ئاسۇنتانى تۇتۇۋاپتۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرى (بۇ، ئاشۇ لەنىتى بالىمىكىن دەپ ئويلايمەن) شۇنداق دەپتۇ:

«ئۇنى قىيناساق، پۇلنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ».

قوشنىمىز ۋاسىليو باستىيىگە كەتكەن بولۇپ، ئۆيىدە يالغۇز خوتۇنىلا قالغانىكەن. يەڭگەمنىڭ ئۆيىدە نېمە بولغانلىقىنى ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىم كۆرەلىشىمۇ، ئاڭلىيالىشىمۇ مۇمكىن

ئەمەس ئىدى. ئىككىيلەن ئاسۇنتانىڭ بىلەكلىرىدىن قاتتىق تۇتۇۋېلىشىپتۇ. ئاسۇنتا بولسا، ئۇنداق جىنايى ئىشنىڭ يۈز بېرىشىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرمەي، ئۆزىنىڭ كەلگۈسى جاللاتلىرىغا مۇلايىملىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇۋېرىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئۇچىنچىسى ئىشىك ۋە دېرىزىلەرنى ئۆي ئىچىدىكى نەرسىلەر بىلەن توسۇپ ئېتىۋېتىپتۇ-دە، قالغان ئىككىيلەننىڭ يېنىغا كەپتۇ. ئاسۇنتا بۇ ئىشلارنى كۆرگەندىن كېيىن داد-پەرياد قىلىپ ۋارقىراشقا باشلاپتۇ. ئۇچەيلەن بىرلىكتە ئاسۇنتانىڭ ئاغزىنى ئېتىۋېلىشقا تىرىشىپ، ئۇنىڭ پۇتلىرىنى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوچاققا تىقىپتۇ. ئۇلار مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئاسۇنتانى پۇلىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى ئېيتىشقا مەجبۇر قىلماقچى بولۇپتۇ. لېكىن، ئاسۇنتا ئۇلارغا قارشىلىق كۆرسىتىپ تېپچەكلەۋاتقاندا ئوت ئۇنىڭ كۆڭلىكىگە تۇتىشىپ كېتىپتۇ. شۇ چاغدا ئۇلار ئوتنىڭ ئۆزلىرىگە تۇتىشىپ كېتىشىدىن قورقۇپ، قېچىپ كېتىپتۇ. ئاسۇنتا ئۈستى-بېشى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ھالدا ئۆزىنى ئىشىككە ئېتىپتۇ، ئەمما ئىشىك سىرتىدىن تاقالغانىكەن؛ ئۇ دېرىزىگە يۈگۈرۈپ بارسا، دېرىزىمۇ تاقاقلىق. قوشنىمىز ۋاسىلىيونىڭ خوتۇنى دەھشەتلىك ۋارقىرىغان ئاۋازلارنى ئاڭلاپتۇ. بۇ، ئاسۇنتانىڭ «قۇتقۇزۇڭلار!» دېگەن ۋاقىراشلىرى ئىدى. كېيىن، ئۇنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇشقا باشلاپتۇ؛ ۋارقىراش چىرقىراشلار ئىڭراشقا ئايلىنىپتۇ. ۋاسىلىيونىڭ خوتۇنى قورقۇنچ ۋە دەككە-دۈككە ئىچىدە بىر كېچىنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئاخىرى تاڭ ئاتقاندا ئۆيىدىن چىقىشقا جۈرئەت قىلىپتۇ. ئۇ، ئەھۋالنى ساقچى دائىرىلىرىگە مەلۇم قىلىپتۇ. ئۇلار بىزنىڭ ئۆينىڭ ئىشىكىنى سۇندۇرۇپ كىرگەندە، گەرچە ئاسۇنتانىڭ بەدىنى يېرىم-ياتا كۆيۈپ كەتكەن بولسىمۇ، تېخى جېنى بار ئىكەن. ئىشكاپ سۇندۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى پۇللار يوق ئىدى. بېنېدېتتونىڭ ئۆزىگە كەلسەك، ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن روليادىن

يوقالدى. شۇندىن كېيىن مەن ئۇنى كۆرمىدىم، ھەتتا ئۇنىڭ گېپىنىمۇ ئاڭلىمىدىم.

مەن بۇ قايغۇلۇق ۋەقەدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن جانابلىرىنىڭ ئالدىلىرىغا باردىم، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى بېرتۇچچو، — ئەمدى بېنېدېتتو توغرۇلۇق ئۆزلىرىگە سۆزلەپ بېرىشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى، چۈنكى ئۇ ئىز-دېرەكسىز يوقالدى؛ يەڭگەم توغرۇلۇقمۇ سۆزلەشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى، چۈنكى ئۇ ئۆلگەن.

— سىز بۇ ۋەقە توغرۇلۇق نېمىلەرنى ئويلىدىڭىز؟ — دەپ سورىدى مونتې-كرىستو.

— بۇ، مېنىڭ گۇناھىم ئۈچۈن بېشىمغا كەلگەن بىر بالايى-قازا، — دېدى بېرتۇچچو، — ھەي، بۇ ۋىلفور دېگەنلەرنىڭ ئۇرۇقى قۇرۇپ كەتسۇن!

— مېنىڭچە بولغاندىمۇ شۇنداق بولسۇن، — گراف قاپقىنى تۈرۈپ پىچىرلاپ قويدى.

— ئەمدى، — دېدى يەنە بېرتۇچچو، — جانابلىرىغا چۈشىنىشلىك بولغاندۇ. جانابلىرى مېنىڭ بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن نېمە ئۈچۈن ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكىمنى بىلمەكچى بولغانىدىلە. مەن شۇندىن بۇيان كېلىپ باقمىغان بۇ ئۆي، مەن ئۇشتۇمتۇت كىرىپ قالغان بۇ باغ، مەن ئادەم ئۆلتۈرگەن مۇشۇ جاي مېنى ئازابلىق ھاياجانغا سالدى. كىم بىلسۇن، ۋىلفور ئەپەندى ئۆزىنىڭ بالىسى ئۈچۈن قازغان شۇ گۆرنىڭ ئىچىدە بەلكىم ھازىر ئۆزى ياتقاندۇر.

— بەلكىم شۇنداقتۇر، — دېدى مونتې-كرىستو ئورنىدىن تۇرۇپ، — ھەتتا شۇنىسىمۇ باركى، — دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ يەنە ئاڭلىنار-ئاڭلانماس ئاۋازدا، — خانلىق تەپتىش باشلىقى تېخى ھايات بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇزونى ھەزرەت سىزنى ماڭا

ئەۋەتىپ ياخشى قىلىپتۇ. سىزنىڭ ماڭا ھەممىنى سۆزلەپ بەرگىنىڭىزمۇ ياخشى بولدى. ئەمدى مەن سىز توغرۇلۇق يامان ئويلاردا بولمايمەن. ھە، ھېلىقى ئىسمى جىسمىغا لايىق بولمىغان بېنېدېتتو ئاخىرى نېمە بولدى؟ ئۇنى ئىزلەپ تېپىشقا ھەرىكەت قىلمىدىڭىزمۇ؟ ئۇنىڭ نېمە بولغانلىقىنى ئۇقمىدىڭىزمۇ؟

— ياق. ئۇنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسامۇ، ھەرگىز ئۇنى كۆرۈشكە بارمىغان بولاتتىم. ئەكسىچە خۇددى بىر جىن - ئالۋاستىنى كۆرگەندەك قاچقان بولاتتىم. ياق، بەختىمگە يارىشا، مەن ھېچقاچان ھېچكىمدىن ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىدىم. بۇ چاققىچە ئۇ ئۆلۈپ كەتكەندۇر دېگەن ئۈمىد بىلەن يۈرۈۋاتىمەن.

— ئۇنداق ئۈمىدتە بولماڭ، بېرتۇچچو، — دېدى گراف، — قارا كۆڭۈل ئادەملەر ئۇنداق ئاسان ئۆلمەيدۇ. تەڭرى ئۇلارنى ئۆزىنىڭ جازا قورالى قىلىپ ئىشلىتىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئامانلىقىنى ساقلايدۇ.

— شۇنداق بولسىمۇ بولسۇن، — دېدى بېرتۇچچو، — مەن پەقەت تەڭرىدىن ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالمىسامكەن دەپ تىلەيمەن. ئەمدى، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى غوجىدار بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، — سىلى ھەممە ئىشنى ئۇقۇپ بولدىلا، جانابلىرى. ئاسماندا تەڭرى، يەردە سىلى مېنىڭ ئىگەم. دىلىمغا ئارام بەرگۈدەك ئىككى ئېغىز گەپلىرى يوقمۇ؟

— بار. مېنىڭ دەيدىغىنىم، بۇزونى ھەزرەتنىڭ سىزگە ئېيتىشى مۇمكىن بولغان گەپلىرىگە ئوخشاش. سىز پىچاق ئۇرغان ئاشۇ ۋىلفور سىزگە قىلغان يامانلىقى ئۈچۈن ۋە يەنە بەزى ئىشلار ئۈچۈن جازاغا تارتىلىشقا تېگىشلىك ئىدى. ئەگەر بېنېدېتتو ھازىر ھايات بولسا، ئۇ بايا ئېيتقىنىمدەك، تەڭرىنىڭ جازا قورالى بولۇپ قالىدۇ، ئاندىن كېيىن ئۆزىمۇ جازاغا تارتىلىدۇ. سىزنىڭ ئۆزىڭىزگە

كەلسەك، پەقەت بىرلا گۇناھىڭىز بار. ئۆزىڭىزگە شۇنداق بىر سوئال قويۇپ بېقىڭا: سىز بوۋاقنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغاندىن كېيىن نېمە ئۈچۈن ئۇنى ئانىسىغا قايتۇرۇپ بەرمىدىڭىز؟ سىزنىڭ گۇناھىڭىز شۇ، بېرتۇچچو.

— توغرا، جانابلىرى، مېنىڭ گۇناھىم شۇ، مەن جۈرئەتسىزلىك قىلىپتىمەن. سىلە ئېيتقاندەك، مەن بوۋاقنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئانىسىغا قايتۇرۇپ بەرسەم توغرا بولاتتى. بىراق، ئۇنداق قىلىش ئۈچۈن بوۋاقنىڭ ئانىسىنى سوراشتۇرۇپ ئىزلەشكە توغرا كېلەتتى. ئۇنداقتا، باشقىلارنىڭ گۇمانىنى كەلتۈرۈپ قويۇشۇم، ھەتتا ئۆزۈمنى ئاشكارىلاپ قويۇشۇم مۇمكىن ئىدى. مەن ئۆلۈشنى خالىمايتتىم. مېنىڭ يەڭگەم، مېنىڭ كورسىكانلىقلارغا خاس بولغان تۇغما غورۇرۇم، يەنى غالىبلارچە ئاداققىچە قىساس ئېلىش نىيىتىم مېنى ھاياتقا باغلاپ تۇراتتى. ئۇنداق بولمىغاندىمۇ جان تاتلىق ئىكەن. ھەي، مەن رەھمەتلىك ئاكامدەك باتۇر بولالمىدىم!

بېرتۇچچو يۈزىنى ئالقانلىرى بىلەن يېپىۋالدى. مونتې - كرىستو ئۇنىڭغا ئۇزاققىچە سىرلىق كۆزلىرى بىلەن قاراپ سۈكۈتتە تۇردى. شۇ دەمدىكى ۋاقىت ۋە مەزكۇر جاي بۇ سۈكۈتكە باشقىچە بىر ھەيۋەتلىك تۈس بېرىپ تۇراتتى. ئاندىن، گراف ئۆزىگە خاس بولمىغان مۇڭلۇق ئاۋاز بىلەن سۆزلىدى:

— بېرتۇچچو، بۇ بىزنىڭ مۇشۇ ۋەقە ئۈستىدىكى ئەڭ ئاخىرقى سۆزلىشىشىمىز بولۇپ قالسۇن. سۆھبىتىمىزنى كۆڭۈلدىكىدەك تاماملاش ئۈچۈن مېنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىمنى ئېسىڭىزدە ساقلاپ قويۇڭ: «ھەرقانداق بالايىئاپەتتىن قۇتۇلدۇرىدىغان ئىككى دورا بار. بۇلار — ئالدىرىماسلىق ۋە ئېغىزنى چىڭ تۇتۇشتىن ئىبارەت». مەن بۇ گەپنى بۇزونى ھەزرەتتىن بىرنەچچە قېتىم ئاڭلىغانىدىم. ھە، ئەمدى باغ ئىچىنى بىر ئايلىنىپ چىقايلى

قۇم كېلىۋاتىدۇ. سىزگە ئوخشاش قورقۇنچلۇق ۋەقەنىڭ ئىشتىراكچىسى بولغان كىشىدە ئېغىر تەسىرات پەيدا قىلىدىغان بۇ جاي، ماڭا ئەكسىچە يېقىملىق تۇيۇلىدۇ ھەمدە مېنىڭ نەزىرىمدە بۇ ھويلىنىڭ باھاسىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرىدۇ. ماڭا قاراڭ، بېرتۇچچو، دەرەخلەرنىڭ ياخشىلىقى شۇكى، ئۇلار سايە تاشلايدۇ، سايىنىڭ ياخشىلىقى شۇكى، كىشىنىڭ شېرىن خىياللىرىنى ۋە ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى قوزغايدۇ. مانا، مەن بىر باغنى سېتىۋالدىم. بۇنى پەقەت ئادەتتىكىدەك تۆت تەرىپى پاسىل قىلىنغان بىر جاي دەپلا ئويلاپتىكەنمەن. ئەمدى قارىسام، بۇ پاسىل قىلىنغان جاي تۇيۇقسىزدىن ئەرۋاھلار ئايلىنىپ يۈرىدىغان باغ بولۇپ چىقتى. ھالبۇكى، بۇ ئەرۋاھلار سودا كېلىشىمىگە پۈتۈلمىگەن. مەن ئەرۋاھلارنى ياخشى كۆرىمەن. مەن تىرىك ئادەملەرنىڭ بىر كۈندە قىلىدىغان ئەسكىلىكلىرىنى ئۆلۈكلەرنىڭ 6000 يىلدا قىلالايدىغانلىقىنىمۇ ھېچقاچان ئاڭلاپ باققان ئەمەسمەن. ئۆيگە قايتىپ بېرىپ، خاتىرجەم ئۇخلاڭ، بېرتۇچچو. ئەگەر ئاداققى ئۆمرىڭىزدە سىزنى ئاخىرەتلىككە ئۇزىتىش ئۈچۈن كېلىدىغان روھانىي بۇزونى ھەزرىتىدەك مېھرىبانلىق قىلمىسا، مېنى چاقىرىڭ. مەن شۇ چاغدا ھايات بولسام، سىزگە شۇنداق سۆزلەرنى ئېيتىمەنكى، سىزنىڭ جېنىڭىز باقىي ئالەمگە ئېلىپ بارىدىغان مۇشكۈل ئۆتكەلدىن ئۆتۈش ئالدىدا تۇرغاندا مېنىڭ شۇ سۆزلىرىم خۇددى ئەللەي كۈيىدەك، دىلىڭىزغا لەززەتلىك ئۇيقۇ بەخش ئېتىدۇ.

بېرتۇچچو ئېھتىرام بىلدۈرۈپ، گرافنىڭ ئالدىدا تەزىم بەجا كەلتۈردى ۋە ئېغىر بىر تىنىق ئېلىپ كېتىپ قالدى. مونتې - كرىستو ئۆزى يالغۇز قالدى. ئۇ بىرنەچچە قەدەم ئالغا چامدىدى.

— مانا مۇشۇ چىنارنىڭ تۈۋىدە بوۋاق كۆمۈلگەن ئورەك بار ئىدى، — دەپ پىچىرلىدى ئۇ، — ئاۋۇ يەردە باغنىڭ كىچىك ئىشىكى بار؛ ئاۋۇ بۇلۇڭدا ھۇجرىغا چىقىدىغان پەلەمپەي بار. بۇلارنى خاتىرە دەپتىرىگە يېزىۋېلىش ھاجەت ئەمەس، چۈنكى مېنىڭ كۆزلىرىم ئالدىدا، ئاياغلىرىم ئاستىدا بۇ نەرسىلەرنىڭ جانلىق مەنزىرىسى تەسۋىرلىنىپ تۇرماقتا.

گراف باغ ئىچىنى بىرنەچچە قېتىم ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن پەيتوننىڭ يېنىغا باردى. بېرتۇچچو ئۇنىڭ خىيالغا چۆمگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۈنچىقماستىن ھارۋىكەشنىڭ يېنىغا ئولتۇردى. پەيتون پارىژغا قاراپ يول ئالدى. گراف مونتې - كرىستو شۇ كېچىسىلا ئۆزىنىڭ «يېلىسەي دالاسى» كوچىسىدىكى ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، پۈتۈن ئىمارەتنى ئايلىنىپ كۆرۈپ چىقتى. ئۇ خۇددى بۇ ئىمارەتنى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان بىلىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. گەرچە ئۇ باشقىلارنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان بولسىمۇ، بىر قېتىممۇ كىرىشنى ئويلىمىغان ئىشىككە دوقۇرۇشۇپ قالمىدى، ئۆزى بېرىشنى ئويلىمىغان يەرگە ئېلىپ بارىدىغان بىرەر پەلەمپەي ياكى كارىدورغا مېڭىپ قالمىدى. بۇ كەچكى ئايلىنىشتا ئۇنىڭغا ئەلى ھەمراھ بولدى. گراف بېرتۇچچوغا بۆلمىلەرنى بېزەش ۋە تەقسىملەشكە دائىر بەزى يوليورۇقلارنى بەردى ھەمدە سائىتىگە قاراپ قويۇپ، ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىپ تۇرغان قارا تەنلىك قۇلغا شۇنداق دېدى:

— سائەت 11 يېرىم بوپتۇ. گايدەنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى. فرانسۇز دېدەكلەرنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويغانمۇ؟

ئەلى گۈزەل ئالبان قىزىغا ئاجرىتىلغان بۆلمىنى قولى بىلەن كۆرسەتتى. بۇ بۆلمە شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن يوشۇرۇلغانىدىكى، ئەگەر ئۇنىڭ ئىشىكىگە گىلەم تارتىپ قويۇلسا، پۈتۈن ئۆي ئىچىنى ئايلىنىپ چىقىپمۇ ئۇ يەردە يەنە بىر مېھمانخانا ۋە ئىككى ياتاق ئۆي بار ئىكەنلىكىنى سېزىۋېلىشقا بول-

مايتتى. ئېيتقىنىمىزدەك، ئەلى قولى بىلەن شۇ ئىشىكنى كۆرسەتتى، سول قولىنىڭ ئۈچ بارمىقىنى يۇقىرى كۆتۈردى ۋە بېشىنى شۇ قولىنىڭ ئالقىنىغا قويدى - دە، ئۇخلاشنى ئىپادىلەپ، كۆزلىرىنى يۇمدى.

— چۈشەندىم، — دېدى مونتې - كرىستو، ئۇ بۇنداق سۆزلىشىش ئۇسۇلىغا ئادەتلىنىپ كەتكەنىدى، — ئۈچ دېدەكنىڭ ھەممىسى ياتاق ئۆيدە ئۇنى كۈتۈپ ئولتۇرىدۇ دېمەكچىمۇ سەن؟

ئەلى «شۇنداق» دېگەننى بىلدۈرۈپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— خانىمغا بۈگۈن ھاردۇق يېتىپ قالغاندۇر، — دېدى يەنە مونتې - كرىستو، — ئۇ، بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىنلا ئارام ئالغۇسى كېلىشى مۇمكىن. ئۇنىڭغا ھېچكىم ئارتۇق گەپ قىلمىسۇن. فرانسۇز دېدەكلەر ئۇنىڭغا سالام بەرگەندىن كېيىن دەرھال چىقىپ كەتسۇن. گرېتسىيىلىك دېدەك فرانسۇز دېدەكلەر بىلەن ئالاقىلاشمىسۇن، شۇنىڭغا دىققەت قىلغىن.

ئەلى تەزىم قىلدى. كۆپ ئۆتمەي، دەرۋازىۋەننى قىچقارغان ئاۋاز ئاڭلاندى. دەرۋازا ئېچىلدى ۋە ھويلا ئىچىگە بىر پەيتون كىرىپ، پېشايۋان ئالدىدا توختىدى. گراف پەلەمپەيدىن تۆۋەنگە چۈشتى. پەيتوننىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ بولغانىدى. ئۇ قولىنى بىر ياش قىزچاققا ئۇزاتتى. باشتىن - ئاياغ ئالتۇن بىلەن بېزەتىلگەن يېشىل شايى يېپىنچىغا ئورىنىۋالغان قىزچاق ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ، كۆيۈنگەن ھالدا ھۆرمەت بىلەن سۆيۈپ قويدى ۋە ئەركىلەپ تۇرۇپ بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلدى. گراف مۇلايىملىق ۋە تەمكىنلىك بىلەن جاۋاب قايتۇردى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئاۋازى خۇددى گومېر بوۋاي ئۆز ئىلاھلىرىنى زوۋۋانىغا كەلتۈرگەندىكىدەك جاراڭلىق ئىدى. بۇ قىز، مونتې - كرىستو بىلەن ئىتالىيىدە بىرگە بولغان ھېلىقى گۈزەل ئالبان قىز ئىدى.

ئۇ، قولىدا ھال رەڭ شام تۇتقان ئەلىنىڭ كەينىدە مېڭىپ، ئۆزىگە ئاجرىتىلغان بۆلمىگە كىرىپ كەتتى. ئاندىن، گراف ئۆزىنىڭ بۆلمىسىگە قايتتى. سائەت 12 يېرىم بولغاندا ھەممە چىراغلار ئۆچتى. ئىمارەتتىكى ھەممەيلەن ئۇيقۇغا كەتتى.

ئون ئالتىنچى باب

چەكسىز قەرز

ئىككىنچى كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە بىر جۈپ ئېسىل ئەنگلىيە ئېتى قوشۇلغان ھارۋا مونتې - كرىستونىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ توختىدى. پەيتوننىڭ ئىشىكىگە بارونلىق تاجىنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەنىدى. پەيتون ئىشىكىنىڭ دېرىزىسىدىن بىر ئادەم بېشىنى چىقىرىپ قارىدى ۋە ئات باقارنى دەرۋازىۋەندىن، گراف مونتې - كرىستو ئۆيدە بارمۇ، دەپ سوراپ كېلىشكە ئەۋەتتى. پەيتوندا ئولتۇرغان كىشى ئۇچىسىغا كۆك چاپان كىيگەن ۋە چاپىنىغا خۇددى شۇ رەڭدىكى تاۋار توپچىلار تىكىلگەن، چاپىنىنىڭ ئىچىگە ئاق جىلىتكە كىيگەن ۋە ئۇنىڭغا ئۇزۇن ئالتۇن زەنجىر ئېسىلغان ھەمدە مېغىز رەڭ شىم كىيگەنىدى، ئۇنىڭ چاچلىرى شۇنچە قارا ۋە پېشانىسىغا شۇنچە تۆۋەن چۈشۈرۈلگەنىدىكى، بۇ چاچنىڭ تەبىئىي ئىكەنلىكىگە كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ چاچلار ئۇنىڭ قاشلىرى ئۈستىدىكى چوڭقۇر قورۇقلارغا زادى ماس كەلمەيتتى ۋە ئۇ قورۇقلىرىنى يوشۇرالمايتتى. قىسقىسى، بۇ كىشىنىڭ يېشى 55 ئۆپچۆرىسىدە بولسىمۇ، 40 ياشلىق ئادەمدەك كۆرۈنۈشكە تى-

رىشىدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ كىشى ئات باقارنىڭ جاۋاب ئەكېلىشىنى كۈتۈپ، ئۆزىنىڭ سالاپىتىگە مۇۋاپىق بولمىغان قىزىقىش بىلەن ئۆينىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىگە، باغنىڭ كۆز يەتكۈدەك قىسمىغا ۋە رېشاتكىنىڭ ئۇ تەرىپىدە غىل - پال كۆرۈنۈپ تۇرغان مالايلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىگە قاراشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى جانلىق ئىدى. لېكىن، بۇ كۆزلەردە ئەقىل - پاراسەتكە قارىغاندا تولاراق قۇۋلۇق - شۇملۇق ئەكس ئېتەتتى.

ئۇنىڭ كالپۇكلىرى شۇنداق نېپىز ئىدىكى، ئالدىغا چىقىپ تۇرماستىن، ئەكسىچە ئىچىگە كىرىپ تۇراتتى. ئاخىرى، ئۇنىڭ بۆرتۈپ چىقىپ تۇرغان كەڭ مەڭىز سۆڭەكلىرىگە (بۇ، ئۇنىڭ شۇملۇقىنى ئىپادىلەيدىغان ئالامەت)، تار پېشانىسىغا، تومپىيىپ تۇرغان گەجگىسىگە، ھەرگىزمۇ ئاقسۆڭەكلەرنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان يوغان قۇلاقلىرىغا قاراپ ھەرقانداق چىرايشۇناس بۇ ئادەمنىڭ خاراكتېرىنى يىرگىنىشلىك خاراكتېر دەپ ئاتىغان بولار ئىدى. ھالبۇكى، ئۇنى چۈشەنمەيدىغان كىشىلەر ئۇنىڭ ھەشەمەتلىك ئات - ھارۋىسىنى، ياقا تۈگمىسىنىڭ ئورنىغا ئورنىتىلغان يوغان گۆھەرنى ۋە بىر ئىزمىسىدىن يەنە بىر ئىزمىسىغا تارتىلغان قىزىل رەڭلىك ئوردېن لېنتىسىنى كۆرسە تولىمۇ ھەۋەسلىنىپ قاراپ قالاتتى.

ئات باقار دەرۋازىۋەننىڭ دېرىزىسىنى چېكىپ سورىدى:

— گراف مونتې - كرىستو مۇشۇ يەردە تۇرامدۇ؟

— شۇنداق، جانابلىرى مۇشۇ يەردە تۇرىدۇ، — دېدى دەرۋازىۋەن، — ئاندىن ئۇ سوراق نەزىرى بىلەن ئەلىگە قارىدى. ئەلى بېشىنى چايقىدى. — بىراق...

— ھە، نېمە بولدى؟ — سورىدى ئات باقار.

— بىراق، جانابلىرى قوبۇل قىلمايدۇ، — دەپ جاۋاب قايتۇردى دەرۋازىۋەن.

— ئۇنداق بولسا، مانا بۇ مېنىڭ خوجايىنىم بارون دانگلارنىڭ كارتوچكىسى. بۇنى گراف مونتې - كرىستوغا يەتكۈزۈپ بېرىڭ، ئۇنىڭغا مېنىڭ خوجايىنىمنىڭ پالاتاغا كېتىۋېتىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش شەرىپىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن بۇ يەردە توختاپ ئۆتكەنلىكىنى ئېيتىپ قويۇڭ.

— مېنىڭ، جانابلىرى بىلەن سۆزلىشىش ھوقۇقۇم يوق، — دېدى دەرۋازىۋەن، — سىزنىڭ تاپشۇرۇقىڭىزنى مەھرەم ئادا قىلىدۇ.

ئات باقار ھارۋىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى.

— ھە، نېمەدەيدۇ؟ — سورىدى دانگلار.

ئات باقار بالا بۇ ساۋاقتىن خىجىل بولغان ھالدا دەرۋازىۋەننىڭ جاۋابىنى خوجايىنىغا ئېيتىپ بەردى.

ئوھو، — دېدى بارون دانگلار، — بۇ «جانابلىرى» دەپ ئاتىلىۋاتقان كىشى خېلى كاتتا مۆتىۋەر ئوخشىمامدۇ. ئۇنىڭغا مەھرەمدىن باشقا ئادەمنىڭ گەپ قىلىش ھوقۇقى يوق ئىكەن تېخى. مەيلى، مېنىڭ بانكام بىلەن ئۇنىڭ پۇل مۇئامىلىسى بولغاندىن كېيىن بەرىبىر بىر كۈنى ئۇ مەن بىلەن كۆرۈشىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن دانگلار پەيتۇن ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇۋالدى - دە، يولنىڭ ئۇ قېتىدىكىلەر ئاڭلىغۇدەك قىلىپ، ھارۋىكەشكە ۋارقىرىدى:

— ۋەكىللەر پالاتاسىغا!

مونتې - كرىستو بارونىنىڭ كەلگەنلىكىدىن ۋاقتىدا خەۋەر تاپقان بولغاچقا، ئىككىنچى قەۋەتتىكى ياتاق ئۆينىڭ پەنجىرىسىدىن ئېسىل دۇربۇن ئارقىلىق ئۇنى كۆزىتىپ تۇرغانىدى. خۇددى دانگلارنىڭ ئۆي، باغ ۋە مالايلارغا قىزىقىپ قارىغىنىدەك، مونتې - كرىستومۇ ئۇنىڭغا قىزىقىش بىلەن قارىدى.

— دۇرۇس، — دېدى ئۇ يىرگىنىش بىلەن ۋە دۇربۇننى پىلچىشىدىن ياسالغان قېپىغا سالدى، — بۇ كىشى ھەقىقەتەنمۇ قەبىھ ئىكەن. ھەرقانداق ئادەم تۈز پېشانىسىغا قاراپ ئۇنىڭ يىلان ئىكەنلىكىنى، تومپاق باش سۆڭىكىدىن ئۇنىڭ سا ئىكەنلىكىنى، ئۇچلۇق بۇرنىدىن ئۇنىڭ قۇزغۇن ئىكەنلىكىنى بىر قاراپلا كۆرمەسلىكى مۇمكىنمۇ!

— ئەلى! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ ۋە مىس قوڭغۇراقنى بىر ئۇردى. ئەلى كىردى، — بېرتۇچچونى چاقىر!

شۇ ھامان بېرتۇچچو كىردى.

— جانابلىرى مېنى چاقىرغانمۇ؟ — دېدى ئۇ.

— ھەئە، — دېدى گراف، — ھېلى تېخى مېنىڭ دەرۋازام ئالدىدا تۇرغان ئاتلارنى كۆردىڭىزمۇ؟

— ئەلۋەتتە، جانابلىرى، مېنىڭچە، ئۇ ئاتلار قالتىس ئېسىل ئىكەن.

مەن سىزنى پارىژ بويىچە ئەڭ ياخشى بىر جۈپ ئات تېپىشقا بۇيرۇغان ئىدىمغۇ، — دېدى مونتې - كرىستو، قاپىقىنى تۈرۈپ، — شۇنداق تۇرۇپ يەنە قانداقلارچە پارىژدا مېنىڭ ئاتلىرىمغا تەڭ كېلەلىگۈدەك ئاتلار تېپىلىپ قالىدى؟ نېمە ئۈچۈن بۇ ئاتلار مېنىڭ ئاتخانامدا ئەمەس؟

ئەلى گرافنىڭ ھىمىرلىگەن قاشلىرىنى كۆرۈپ ۋە ئۇنىڭ سۈرلۈك ئاۋازىنى ئاڭلاپ بېشىنى تۆۋەن سالدى.

— بۇ سىزنىڭ ئەيىبىڭ ئەمەس، مېنىڭ ياخشى ئەلىيىم، — دېدى گراف ئەرەب تىلىدا. بۇ گەپلەرنى قىلغاندا ئۇنىڭ ئاۋازى ۋە چىرايىدىن شۇنداق مۇلايىملىق ئەكس ئەتتىكى، ئۇنىڭدىن بۇنداق مۇلايىملىقنى كۈتۈش قىيىن ئىدى، — سەن ئەنگلىيە ئاتلىرىنى تاللاشنى بىلمەيسەن ئەمەسمۇ.

ئەلىنىڭ چىرايى قايتىدىن ئېچىلدى.

— جانابلىرى، — دېدى بېرتۇچچو، — ئۆزلىرى گېپىنى قىلغان ئۇ ئاتلار سېتىلمايدىكەن.

مونتې - كرىستو مۈرىلىرىنى قىسىپ قويدى.

— بىلىپ قويۇڭ، جانابىي غوجىدار، پۇلنىڭ كۆزىگە قارىمىسىڭىز سېتىلمايدىغان ھېچقانداق نەرسە بولمايدۇ.

— دانگلار ئەپەندى بۇ ئىككى ئاتنى 16 مىڭ فرانكقا سېتىۋالغانىكەن، جانابلىرى.

— ئۇنداق بولسا، سىز ئۇنىڭغا 32 مىڭ فرانك بېرىمەن دېسىڭىز بولماسمىتى. ئۇ بانكىر، بانكىرلار ئۆز سەرمايىسىنى ھەسسىلەپ كۆپەيتىۋېلىش پۇرسىتىنى ھەرگىز قولدىن بەرمەيدۇ.

— جانابلىرى، چىن گەپنى قىلىۋاتاملا؟ — دەپ سورىدى بېرتۇچچو.

مونتې - كرىستو گوياكى ئۇنىڭدىن سوئال سوراشقا پېتىنغان ئادەمنى كۆرۈپ ھەيران قالغاندەك نەزەرى بىلەن غوجىدارغا قاراپ قويدى.

— مەن بۈگۈن ئاخشام مېھمانغا بارىمەن، — دېدى ئۇ، — شۇنىڭغىچە ئاشۇ ئاتلارنىڭ مېنىڭ پەيتونۇمغا يېڭى جابدۇقلار بىلەن قوشۇلۇشىنى خالايمەن.

بېرتۇچچو تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ قايتىپ ماڭدى ۋە ئىشىك ئالدىغا بارغاندا يەنە توختىدى.

— جانابلىرى مېھمانغا سائەت نەچچىدە بارىدىكىن؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— سائەت بەشتە، — دېدى مونتې - كرىستو.

— جانابلىرى، يەنە بىر گەپ قىلىشىمغا ئىجازەت قىلغايلا، ھازىر سائەت ئىككى بولدى، — دېدى غوجىدار قەتئىيەتسىزلىك بىلەن.

— بىلمەن، — قىسقىلا جاۋاب قىلدى مونتې-كرىستو. ئاندىن ئۇ ئەلى تەرەپكە بۇرۇلدى:

— ھەممە ئاتلارنى خېنىمنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈزۈپ كۆرسەت. ئۇ پەيتۇنىغا قوشىدىغان ئاتلارنى ئۆزى تاللىۋالسۇن. ئاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن سوراپ باق، ئۇ مەن بىلەن بىللە غىزالىنىشنى خالامدىكىن. ئەگەر خالىسا، تاماقنى ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا ھازىرلاشسۇن. ماڭ، ئالدى بىلەن مەھرەمنى چاقىرىپ قوي.

ئەلى ئىشىكتىن چىقىشى بىلەن تەڭلا مەھرەم كىرىپ كەلدى.

— باتىستېن، — دېدى گراف، — سىز مېنىڭ خىزمىتىمنى قىلىۋاتقىنىڭىزغا بىر يىل بولدى. مەن خىزمەتكارلىرىمنى سىناقتىن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئادەتتە بىر يىللىق مۇددەتنى بەلگىلەيمەن. سىز ماڭا يارايسىز.

باتىستېن تەزىم قىلدى.

— ئەمدى مېنىڭ سىزگە يارايدىغان-يارىمايدىغانلىقىمنى ئېنىقلىساقلا ئىش پۈتىدۇ.

— ۋاي، جانابلىرى!

— گېپىمنى ئاخىرىغىچە ئاڭلاڭ، — دېدى گراف، — سىز يىلىغا بىر يىگىرمە مىڭ فرانك ئىش ھەققى ئالىسىز. بۇ، ھەر كۈنى جېنىنى قۇربان قىلىشقا تەييار تۇرغان بىر يۈرەكلىك ياخشى ئوفىتسېرنىڭ مائاشىغا تەڭ. يېمەك-ئىچمەك جەھەتتىن ئېيتساق، سىزگە قارىغاندا ناھايىتى ئېغىر ۋەزىپىلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بەختسىز خىزمەتچىلەر ۋە بۆلۈم باشلىقلىرى ھەرگىزمۇ سىزگە تەڭلىشەلمەيدۇ. سىز خىزمەتكار، لېكىن سىزنىڭ ئۆزىڭىزنىڭمۇ خىزمەتكارلىرىڭىز بار. ئۇلار سىزنىڭ يوتقان-كۆرپە ۋە كىيىم-كېچەكلىرىڭىزنىڭ غېمىنى قىلىدۇ. بىر يىگىرمە مىڭ فرانك مائاشىڭىزدىن سىرت، سىز مەن ئۈچۈن

كىيىم-كېچەك سېتىۋېلىش جەريانىدا يىلىغا يەنە تەخمىنەن بىر يىگىرمە مىڭ فرانكنى قاقتى-سوقتى قىلىۋالىسىز.

— ۋاي، جانابلىرى!

— مەن خاپا بولمىدىم، باتىستېن، بۇنىڭ كارى چاغلىق. شۇنداقتىمۇ، ئەمدى بۇ سوممىدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىكىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. دېمەك، تەلىيىڭىز كېلىپ ئىگە بولغان بۇ خىزمەت ئورنىڭىزدىن تۈزۈكرەك ئورۇننى سىز ھېچقانداق يەردىن تاپالمايسىز. مەن ئۆز خىزمەتكارلىرىمنى ھەرگىز ئۇرمايمەن، تىللىمايمەن، ھېچقانداق ۋاقىتتا ئۇلارغا خاپا بولمايمەن، ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرىنى ھەمىشە ئەپۇ قىلىمەن، ئەمما مەسئۇلىيەتسىزلىك ياكى بىپەرۋالىقنى ھەرگىز كەچۈرمەيمەن. مېنىڭ بۇيرۇقلىرىم قىسقا. لېكىن چۈشىنىشلىك ۋە ئېنىق. مەن بىر بۇيرۇقنى ئىككى قېتىم ۋە ھەتتا ئۈچ قېتىم تەكرارلىسام تەكرارلايمەنكى، لېكىن بۇيرۇقۇم ھەرگىز چۈشىنىكسىز بولمايدۇ. مەن يېتەرلىك دەرىجىدە باي بولغانلىقىم ئۈچۈن بىلمەكچى بولغان ھەرقانداق ئىشتىن خەۋەر تاپالايمەن. ئەسكەرتىپ قوياي، مەن ھەر ئىش، ھەر نەرسىگە قىزىقىدىغان ئادەممەن. شۇڭا، ئەگەر سىزنىڭ مەن توغرۇلۇق سىرتتا بىرەر گەپ قىلغانلىقىڭىزنى ئاڭلاپ قالسام، مەيلى ئېيتقىنىڭىز ياخشى گەپ بولسۇن ياكى يامان گەپ بولسۇن، دەرھال خىزمىتىڭىزدىن بوشىتىلىسىز. مەن خىزمەتكارلىرىمغا پەقەت بىر قېتىملا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىمەن. سىزگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلدى، ئەمدى چىقىڭ!

باتىستېن تەزىم قىلغاندىن كېيىن ئىشىك تەرەپكە بىرنەچچە قەدەم ماڭدى.

— ھە، راست، توختاپ تۇرۇڭ، — دېدى يەنە گراف، — مەن سىزگە ئېيتىپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. مەن ھەر يىلى خىزمەتكارلىرىمنىڭ نامىغا ئاتاپ بەلگىلىك سوممىنى ئايرىپ

قويمەن. خىزمەتتىن بوشىتىلغانلار تەبىئىي ھالدا بۇ پۇلدىن مەھرۇم بولىدۇ ۋە ئۇ پۇللار مەن ئۆلگەندىن كېيىن باشقا خىزمەتكارلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىلىدۇ. مېنىڭ خىزمىتىمنى قىلىۋاتقىنىڭىزغا بىر يىل بولدى. سىزنىڭ نامىڭىزغا ئاتاپ پۇل قويۇلۇشقا باشلىدى. بۇ پۇلنى داۋاملىق كۆپەيتىش ئۆزىڭىزگە باغلىق.

ئەلى ئۈن - تىن چىقارماستىن بىر چەتتە قاراپ تۇراتتى، چۈنكى ئۇ فرانسۇزچىدىن بىر ئېغىز سۆزنىمۇ بىلمەيتتى. ھالبۇكى، فرانسۇز مالايلارنىڭ پسىخولوگىيىسىنى بىلىدىغان ھەرقانداق ئادەم گراف ئېيتقان ئاخىرقى سۆزلەرنىڭ باتىستېنغا قانداق تەسىر قىلغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالايدۇ.

— مەن ھەر جەھەتتىن جانابلىرىنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقىشقا تىرىشىمەن، — دېدى باتىستېن، — بۇندىن كېيىن جانابىي ئەلىنى ئۆزۈمگە ئۈلگە قىلىمەن.

— ھەرگىز ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ، — دېدى گراف سوغۇق تەلەپپۇز بىلەن، — ئەلىنىڭ ھەر قانچە ئارتۇقچىلىقلىرى بولسىمۇ، يەنىلا كەمچىلىكلىرى كۆپ. سىز ئۇنى دورىماڭ، چۈنكى ئەلى سىزگە ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭغا ئىش ھەققى بېرىلمەيدۇ، ئۇ خىزمەتكار ئەمەس، ئۇ مېنىڭ قۇلۇم، مېنىڭ ئىتىم. ئەگەر ئۇ ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلمىسا مەن ئۇنى قوغلاپ چىقارمايمەن، بەلكى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن.

باتىستېننىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

— ئىشەنمەمسىز؟ — دەپ سورىدى مونتې - كرىستو، ۋە تېخى ھېلى باتىستېنغا فرانسۇزچە سۆزلىگەنلىرىنى ئەلىگە تەكرارلاپ ئېيتتى.

ئەلى بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ كۈلۈمسىرىدى ۋە خوجايىنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ بىر تىزىغا تايىنىپ تۇردى - دە، ئۇنىڭ قولىنى ھۆرمەت بىلەن سۆيۈپ قويدى.

بۇ نەق مەيداندىكى ساۋاق باتىستېننى پۈتۈنلەي گاڭگىرىتىپ قويدى.

گراف ئۇنىڭغا چىقىپ كېتىشىنى بۇيرۇپ، قولى بىلەن ئىشارەت قىلدى. ئەلى ئۆز خوجايىنىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭدى. ئۇلار ئىككىيلەن ئىشخانىغا كىرىپ كېتىشتى ۋە شۇ يەردە ئۇزاق سۆھبەتلەشتى.

سائەت بەش بولغاندا گراف قوڭغۇراقنى ئۈچ قېتىم ئۇردى. ئۇ بىر ئۇرۇش بىلەن ئەلىنى، ئىككى ئۇرۇش بىلەن باتىستېننى، ئۈچ ئۇرۇش بىلەن بېرتۇچچونى چاقىراتتى.

غوجىدار كىردى.

— ئاتلار كەلتۈرۈلسۇن! — دېدى مونتې - كرىستو.

— ئاتلار تەييار، — جاۋاب قايتۇردى بېرتۇچچو، — جانابلىرى بىلەن بىللە بارامدىم؟

— ياق، ھارۋىكەش، باتىستېن ۋە ئەلى بارسا بولدى.

گراف ئىشىك ئالدىغا چىقتى ۋە ئەتىگەن دانگلارنىڭ ھارۋىسىغا قوشۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ شۇنچە دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىغان ھېلىقى بىر جۈپ ئاتنىڭ ئۆز ھارۋىسىغا قوشۇقلۇق تۇرغانلىقىنى كۆردى.

گراف ئۆتۈپ كېتىۋاتقاچ ئاتلارغا نەزەر تاشلىدى.

— ھەقىقەتەن ياخشى ئاتلار ئىكەن، — دېدى ئۇ، — بۇنى سېتىۋېلىپ ياخشى قىپسىز. بىراق، سەل كېچىكىپرەك سېتىۋالدۇق - تە.

— جانابلىرى، — دېدى بېرتۇچچو، — بۇ ئاتلارنى قولغا كەلتۈرۈشتە بەك ئاۋارە بولدۇم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بەك قىممەتكە توختىدى.

گراف مۈرىلىرىنى قىسىپ قويدى.

— بۇنداق ئاۋارىچىلىقتىن ئاتلارنىڭ سۈپىتى تۆۋەنلەپ قالدىمۇ؟

— جانابلىرى رازى بولغان بولسىلا بولدى، — دېدى بېرتۇچچو، — نەگە بارماقچى بولدىلىكىن؟

— ئانتىبن كوچىسىغا، بارون دانگلارنىڭ يېنىغا.

— ھە، راست، بېرتۇچچو، — دەپ يەنە قوشۇپ قويدى گراف، — ماڭا دېڭىز بويىدىن بىر بۆلەك يەر لازىم بولۇپ قالدى. نورماندىيىدە بولسىمۇ ياكى گاۋر بىلەن بۇلون ئارىلىقىدىكى بىر يەر بولسىمۇ بولىدۇ. قايسى جاينى تاللىسىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ ئىختىيارىڭىز. سىز سېتىۋالىدىغان ئۇ يەردە مېنىڭ كېمەم توختىيالىغۇدەك بىر كىچىك شاخاپ، كۆرپەز ياكى قولتۇق بولۇشى كېرەك. مېنىڭ كېمەمنىڭ چۆكمىسى ئاران 15 فۇت. بۇ كېمە كۈن ۋە تۈننىڭ ھەرقانداق ۋاقتىدا دېڭىزغا چىقىشقا تەييار ھالەتتە تۇرۇشى كېرەك. مۇشۇنداق شەرتلەرگە ئۇيغۇن كېلىدىغان يەرنى سۈرۈشتۈرۈپ ئىزدەڭ. تاپقاندىن كېيىن ئۆزىڭىز بېرىپ كۆرۈپ بېقىڭ، يارىسا ئۆزىڭىزنىڭ نامىغا سېتىۋېلىڭ. كېمە فېكانغا قاراپ يولغا چىقتىمۇ دەيمەن؟

— بىز مارسېلدىن ئايرىلغان كېچىسى ئۇ كېمىنىڭ دېڭىزغا چىققانلىقىنى كۆرگەنىدىم.

— كىچىك كېمىچۇ؟

— كىچىك كېمىگە مارتىگدا كۈتۈپ تۇرۇش بۇيرۇقى بېرىلگەن.

— ياخشى! سىز ھەرئىككى كېمىنىڭ كاپىتانلىرى بىلەن ۋاقتى-ۋاقتىدا ئالاقىلىشىپ تۇرۇڭ، ئۇلار بىخەستەلىك قىلىپ قويمىسۇن.

— پاراخوتنى قانداق قىلىسىز؟

— شالوندىكىسىنىمۇ؟

— ھەئە.

— ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان بۇيرۇقمۇ ئىككى كېمىگە بېرىلگەن بۇيرۇققا ئوخشاش بولسۇن.

— خوپ.

— يەرنى سېتىۋالغاندىن كېيىن شىمالىي ۋە جەنۇبىي يوللاردا ھەر ئون لىيې كېلىدىغان يەرگە ئالماشتۇرىدىغان ئاتلارنى تەييار قىلىپ قويۇڭ.

— جانابلىرى، خاتىرجەم بولسىلا.

گراف بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، پەيتۇنغا ئىرغىپ چىقىپ ئولتۇردى. ئېسىل ئاتلار يۇلقۇنۇپ قوزغالدى-دە، بانكىرنىڭ ئۆيىگە كەلگەنىدىلا توختىدى.

دانگلار، تۆمۈريول كومىسسىيىسىنىڭ يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقاندا گراف مونتې-كرىستونىڭ كەلگەنلىكىدىن ۋاقىپلاندۇرۇلدى. بۇ چاغدا يىغىنمۇ ئاخىرلىشاي دەپ قالغانىدى.

گرافنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاش بىلەن دانگلار ئورنىدىن تۇردى.

— جانابلار، — دېدى ئۇ ئۆز خىزمەتداشلىرىغا مۇراجىئەت قىلىپ (بۇ خىزمەتداشلارنىڭ بەزىلىرى يۇقىرى ياكى تۆۋەن پالاتانىڭ نوپۇزلۇق ئەزالىرى ئىدى)، — مەن سىلەرنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغانلىقىم ئۈچۈن ئەپۇ قىلغايسىلەر، لېكىن ئويلاپ كۆرۈشلار مۇمكىن، رىمدىكى تومسوم ۋە فرېنچ شىركىتى گراف مونتې - كرىستو ئىسىملىك بىرەيلەننى چەكسىز قەرز ئېلىش گۇۋانامىسى بىلەن تەمىنلەپ ماڭا ئەۋەتىپتۇ. مۇشۇ چاققىچە مېنىڭ چۆپقەتلىرىمدىن بىرەرسىمۇ بۇنداق ئەخمىقانە ئىشقا تەۋەككۈل قىلمىغانىدى. شۇڭا، قەلبىمدە زور قىزىقىش قوزغالدى. مەن بۈگۈن ئەتىگەن بۇ يالغان گرافنىڭ ئۆيىگە بارغانىدىم. ئۆزۈڭلەر بىلىسىلەر، ئەگەر ئۇ راست گراف بولسا، ئۇنچىۋالا باي بولمىغان بولاتتى. ئۇ تېخى مېنى قوبۇل قىلىشنى خالىمىدى. بۇنى نېمىدەپ چۈشىنىسىلەر؟ ئەجەبا، پەقەت ئەڭ كاتتا مۆتىۋەرلەر ياكى گۈزەل ئاياللارلا كىشىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا بۇ جانابىي مونتې-كرىستودەك

ئىش قىلىشى مۇمكىن! ئۇنىڭ ئۆيى يېلىسەي دالاسىدا بولۇپ، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئىكەن. قارىماققا بۇ ئۆي ناھايىتى ئېسىلدەك كۆرۈنىدۇ. ۋەھالەنكى، چەكسىز قەرز، قەرز بەرگۈچى بانكىرنىڭ ناھايىتى يۇقىرى تەلەپلەرنى قويۇشىغا ئىمكان بېرىدۇ، — سۆزىنى داۋاملاشتۇردى دانگلار خۇپسەنلىك بىلەن ھىجىيىپ، — شۇڭا، بۇ جاناب بىلەن كۆرۈشۈشكە ئالدىراۋاتىمەن. ئۇلار مېنى ئۆز دامىغا چۈشۈرۈش كويىدا بولۇۋاتسا كېرەك. بىراق، ئۇلار مېنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىمنى تېخى بىلمەپتۇ. ئاخىرقى ھېسابتا كىمنىڭ تەنتەنە قىلىدىغانلىقىنى تېخى كېيىن كۆرىمىز.

جانابىي بارون بۇ سۆزلەرنى شۇنچە ھېسسىياتلىنىپ سۆزلىدىكى، ھەتتا ئۇنىڭ بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېڭىيىپ كەتتى. ئاندىن ئۇ ئۆز مېھمانلىرىدىن ئايرىلىپ، پۈتۈن ئانتېن كوچىسىغا مەشھۇر بولغان ئاق ھەمدە ئالتۇن رەڭدە بېزەلگەن مېھمانخانىسىغا چىقتى. ئۇ يېڭى كەلگەن كىشىنى بىراقلا ھەيرەتتە قالدۇرۇش ئۈچۈن ئەنە شۇ مېھمانخانىغا باشلاپ كىرىشنى بۇيرۇغانىدى.

گراف ئۆرە تۇرۇپ، ئالبانى ۋە فاتور رەسساملىرىنىڭ كوپىيىلىرىنى كۆرۈۋاتاتتى. بۇ رەسىم كوپىيىلىرى تورۇسنى زىننەتلەپ تۇرغان ئالتۇن رەڭلىك سۈپەتسىز نەقىشلەرگە زادىلا ماسلاشمىغانىدى. ھالبۇكى، بۇ كوپىيىلەرنى بانكىر رەسىملەرنىڭ ئەسلى نۇسخىلىرى قاتارىدا سېتىۋالغانىدى.

دانگلارنىڭ قەدەم شەپىسىنى ئاڭلاپ، گراف ئارقىغا بۇرۇلدى.

دانگلار بېشىنى يېنىككىنە لىڭشىتىپ قويدى-دە، قول ئىشارىسى بىلەن گرافنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. گراف ئالتۇن رەڭلىك ھەل بېرىلگەن ياغاچتىن ياسىلىپ، ئاق شايى بىلەن قاپلانغان كرېسلوغا ئولتۇردى.

— مەن جانابىي مونتې-كرىستو بىلەن سۆھبەتلىشىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولدۇمغۇ دەيمەن؟

— مەن ئىززەت مېدالىنىڭ ئىگىسى، ۋەكىللەر پالاتاسىنىڭ ئەزاسى، جانابىي بارون دانگلار بىلەن سۆھبەتلىشىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولدۇممۇ؟ — دېدى جاۋابەن گراف.

مونتې-كرىستو بارونىنىڭ نام-ئەمەل كارتوچكىسىغا بېزىلغان ھەممە ئۇنۋانلارنى تەكرارلاپ ئېيتقانىدى.

دانگلار ئۇنىڭ مەسخىرىسىنى چۈشىنىپ، لېۋىنى چىشلەپ قالدى.

— ئەپۇ قىلىڭ، — دېدى ئۇ، — مەن سىزنىڭ ئۇنۋانىڭىزنى قوشۇپ ئېيتماپتىمەن. ئۆزىڭىزگە مەلۇم، بىز دېموكراتىك ھۆكۈمەت قارىمىقىدا ياشاۋاتىمىز، مەن خەلق مەنپەئەتلىرىنىڭ ۋەكىلى.

— شۇنىڭ ئۈچۈن سىز ئۆزىڭىزنى بارون دەپ ئاتاش ئادىتىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىللە، باشقىلارنى گراف دەپ ئاتاش ئادىتىنى تاشلىۋېتىپسىز-دە، — دېدى مونتې-كرىستو.

— يوقسۇ، مەنمۇ بۇنداق گەپلەرگە خۇشتار ئەمەس، — دېدى دانگلار ئىرەن قىلمىغان ھالدا، — مېنىڭ بەزى تۆھپىلىرىمنى ئېتىبارغا ئېلىپ، ماڭا بارون ئۇنۋانىنى ۋە ھۆرمەت مېدالىنى بېرىشتى، لېكىن...

— لېكىن سىز بىر زامانلاردا مونمورانسى بىلەن لافايېتنىڭ قىلغىنىدەك بۇ ئۇنۋانلارنى رەت قىلدىڭىز، شۇنداقمۇ؟ بۇ، ئۆگىنىشكە ئەرزىيدىغان ئىش ئىكەن.

— ئۇنداق دېيىشكىمۇ بولمايدۇ، ئەلۋەتتە، — دېدى دانگلار ئوڭايسىزلىنىپ، — ئۆزىڭىز بىلىسىز، خىزمەتكارلار ...

— شۇنداق، خىزمەتكارلىرىڭىز سىزنى «جانابلىرى» دەپ ئاتىشىدۇ، مۇخبىرلارنىڭ ئاغزىدا سىز «مۆھتەرەم ئەپەندى»،

سايلىغۇچىلارنىڭ ئالدىدا سىز بىر پۇقرا. ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈمدە بۇنداق پەرقلىق ئاتىلىشلار ناھايىتى ئومۇملاشقان. مەن بۇنى تامامەن چۈشىنىمەن.

دانگلار لەۋلىرىنى ھىمىردى. ئۇ، بۇ مەسىلىدە مونتې - كرىستونىڭ ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ، گەپنى ئۆزىگە تونۇشراق ساھەگە يۆتكىدى.

— گراف، — دېدى ئۇ تەزىم بىلەن، — مەن تومسون ۋە فرېنچ بانكىسىنىڭ ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالدىم.

— ناھايىتى ياخشى بوپتۇ، بارون. مېنىڭ سىزنى، خىزمەتكارلىرىڭىز ئاتايدىغان ئۇنۋان بىلەن ئاتىشىمغا رۇخسەت قىلغايسىز. بۇ، يېڭى ئۇنۋانلار تەسىس قىلىنمىغانلىقتىن تېخىچە بارونلار مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان مەملىكەتلەردە ئۆزلەشتۈرۈلگەن يامان ئادەت. شۇنداق قىلىپ، تەكرارلاپ ئېيتىمەن، ناھايىتى ياخشى بوپتۇ. بۇ ھال مېنى ئۆز - ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇش زۆرۈرىيىتىدىن خالاس قىلىدۇ، يەنە كېلىپ ئۆزىنى - ئۆزى تونۇشتۇرۇش كىشىنى تولىمۇ ئوڭايسىزلاندۇرىدۇ. دېمەك، سىز ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋاپسىز - دە؟

— شۇنداق، — دېدى دانگلار، — لېكىن شۇنى ئىقرار قىلىشىم كېرەككى، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى تازا چۈشىنىپ كېتەلمىدىم.

— بۇ نېمىدېگىنىڭىز؟

— شۇڭا، بەزى مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئۆيىڭىزگە بارغانىدىم.

— قېنى، ئەمدى سوراڭ، قۇلىقىم سىزدە.

— ئۇقتۇرۇش مېنىڭ يېنىمدىغۇ دەيمەن، — دېدى دانگلار ۋە يانچۇقىنى ئاختۇردى، — ھە، مانا. بۇ ئۇقتۇرۇشتا ئېيتىلىشىچە، گراف مونتې - كرىستوغا مېنىڭ بانكامدىن چەكسىز قەرز ئېلىش ھوقۇقى بېرىلگەن.

— ھە، نېمە بوپتۇ، بارون؟ — بۇنىڭ چۈشەنمىگۈدەك نېمىسى بار؟

— ھېچ گەپ ئەمەس، بىراق «چەكسىز» دېگەن بۇ سۆز...

— بۇ سۆز توغرا يېزىلماپتىمۇ؟ بىلەمسىز، بۇنى ئىنگلىزلار يازغان ئەمەسمۇ...

— ياق، ياق. گراممانىكا جەھەتتىن ھەممىسى توغرا، ئەمما بوغالتىرلىق جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ ئۇنداق ئاسان گەپ ئەمەس.

— سىزنىڭ قارىشىڭىزچە، تومسون ۋە فرېنچ بانكىسى ئانچە ئىشەنچلىك ئەمەسمۇ، بارون؟ — دەپ سورىدى مونتې - كرىستو، ئىمكان قەدەر ئۆزىنى ساددا كۆرسىتىشكە تىرىشىپ، — ئاپلا. چاتاق بوپتۇ - دە، ئۇ بانكىدا مېنىڭ ئاز - تولا پۇلۇم بار ئىدى.

— ياق، ئۇ تامامەن ئىشەنچلىك، — دەپ جاۋاب قايتۇردى دانگلار مەسخىرە قىلغاندەك قىياپەتتە، — لېكىن مالىيە ئىشلىرىدا «چەكسىز» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى شۇنچىلىك ئېنىقسىزكى...

— ئۇنىڭ چېكى يوق دېمەكچىمۇسىز؟ — دېدى مونتې - كرىستو.

— شۇنى دېمەكچىدىم. ھەرقانداق ئېنىقسىزلىق گۇمان تۇغدۇرىدۇ. ۋەھالەنكى، بىر دانىشمەن، گۇمان بولسا ئۆزۈڭنى تۇختىتىۋال، دېگەنىكەن.

— بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدۇكى، — دېدى يەنە مونتې - كرىستو، — ئەگەر تومسون ۋە فرېنچ بانكىسى ئويلاشماي ئىش قىلسا، دانگلارنىڭ شىركىتى ئۇنىڭغا ئەگەشمەسلىكى كېرەك.

— بۇ نېمىدېگىنىڭىز؟

— بۇ ناھايىتى ئاددىي گەپ. تومسون ۋە فرېنچ ئەپەندىلەر سوممىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى بىلەن چەكلەنمەيدۇ، لېكىن جانابىي دانگلار ئۆزىگە چەك قويىدۇ. ئۇ، خۇددى ھېلى تېخى ئۆزى ئېيتىپ ئۆتكەندەك، دانىشمەن ئادەم.

— جانابىي گراف، — دېدى بانكىر مەغرۇرلۇق بىلەن، — تېخى ھېچكىم مېنىڭ كاسسامدىكى پۇلنىڭ ھېسابىنى سۈرۈشتۈرگەن ئەمەس.

— ئۇنداق بولسا، — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى مونتې - كرىستو سوغۇققانلىق بىلەن، — بىرىنچى بولۇپ مەن بۇنى سۈرۈشتە قىلىدىغان ئوخشايمەن.

— نېمە ئۈچۈن شۇنداق دەپ ئويلايسىز؟

— چۈنكى، سىزنىڭ مەندىن بۇنداق چۈشەندۈرۈشلەرنى تەلەپ قىلىشىڭىز ئىشەنچسىزلىككە بەكمۇ ئوخشايدۇ.

دانگلار قاپاقلىرىنى تۈردى. بۇ ئادەم مۇشۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى قېتىم ئۇنى قامچىلىماقتا ئىدى. يەنە كېلىپ، بۇ قېتىمقى قامچىلاش ئۇنىڭ ئۆز كەسپىي ساھەسىدە بولدى. دانگلارنىڭ مۇغەمبىرلەرچە تۈزۈتچانلىقى ياسالما بولۇپ، ئۆزىنىڭ قوپال تەبىئىتىگە پۈتۈنلەي قارىمۇ قارشى ئىدى. مونتې - كرىستو بولسا، ئۇنىڭ ئەكسىچە، بەكمۇ ئوچۇق - يورۇق ھالدا كۈلۈمسىرەپ ئولتۇراتتى ھەمدە لازىم تېپىلغاندا! ساددا قىياپەتكە كىرىۋالاتتى ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى سۆھبەتتە ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلاتتى.

— يىغىپ ئېيتقاندا، مېنى توغرا چۈشىنىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى دانگلار بىردەم جىم تۇرغاندىن كېيىن، — مەرھەمەت قىلىپ، مەندىن قانچىلىك پۇل ئالماقچىكەنلىكىڭىزنى ئېيتسىڭىز.

— بىراق، — دېدى مونتې - كرىستو بۇ مۇنازىرىدە بىر قەدەممۇ چېكىنمەسلىكنى قارار قىلىپ، — مېنىڭ چەكسىز قەرز سورىغانلىقىمدىكى سەۋەب شۇكى، ماڭا زادى قانچىلىك پۇل كېرەك بولىدىغانلىقىنى ئالدىنئالا ئېيتالمايمەن.

بانكىر ئەمدى تەنتەنە قىلىش پۇرسىتى كەلدى دەپ ئويلىدى بولغاي، تەكەببۇرلۇق بىلەن كۈلۈمسىرەپ كرېسلوغا يۆلەندى.

— يۈرەكلىك سۆزلەڭ، — دېدى ئۇ، — دانگلار شىركىتىدىكى مەبلەغ چەكلىك بولسىمۇ، سىزنىڭ ئەڭ يۇقىرى تەلەپلىرىڭىزنىمۇ قاندۇرالايدىغانلىقىغا قايىل بولىسىز. ھەتتا سىز مىليوننى سورىسىڭىزمۇ...

— ئەپۇ قىلىڭ، نېمە دېدىڭىز؟ — دېدى مونتې - كرىستو.

— مىليون دەۋاتىمەن، — تەكرارلىدى دانگلار ئەخمەقانە مەنمەنلىك بىلەن.

— مىليون دېگەن نېمىگە دال بولىدۇ؟ — دېدى گراف، — ۋاي، خۇدا! ئەگەر شۇ مىليون بىلەنلا ئىش پۈتىدىغان بولسا، بۇنداق ئەرزىمەس نەرسە ئۈچۈن قەرز ھەققىدە سۆز ئاچمىغان بولاتتىم. مىليون! مەن ھەرقانداق ۋاقىتتا ھەميېنىمغا ياكى زىننەت بۇيۇملىرى قۇتىسىغا بىرەر مىليوننى سېلىپ ئېلىپ يۈرىمەن.

مونتې - كرىستو نام - ئەمەل كارتوچكىلىرى سېلىنىدىغان بىر كىچىك خاتىرە دەپتەرنىڭ ئىچىدىن خەزىنە مەھكىمىسىنىڭ ھەر بىرى 500 مىڭ فرانكلىق ئىككى پارچە زايوم چېكىنى چىقاردى.

دانگلارغا ئوخشاش ئادەملەرنى چەندىپ قويۇش ئەمەس، بەلكى كاللىسىغا توقماق بىلەن ئۇرۇش كېرەك ئىدى. توقماقنىڭ ئۇرۇلۇشى ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتتى: بانكىر سەنتۈرۈلۈپ كەتتى ۋە بېشىنىڭ قېيىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ مونتې - كرىستوغا ئەلەڭ - سەلەڭ بولۇپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن تىكىلىپ قالدى، ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرى ياۋايىلارچە كېڭىيىپ كەتتى.

— ماڭا قاراڭ، — دېدى مونتې - كرىستو، — راستىڭىزنى ئېيتىڭ، سىز تومسون ۋە فرېنچ بانكىسىغا ئىشەنمەيدىكەنسىز. ھە، مەنمۇ شۇنداق بولۇشىنى ئويلىغانىدىم. شۇڭا، گەرچە ئۆزۈم بۇنداق ئىشلاردا ئانچە تەجرىبىلىك بولمىسامۇ، بەزىبىر

ئېھتىيات چارىلىرىنى كۆرۈپ قويغانىدىم. مانا، مەنە خۇددى سىزگە قارىتىپ يېزىلغان ئۇقتۇرۇشقا ئوخشايدىغان يەنە ئىككى ئۇقتۇرۇش بار. بۇلارنىڭ بىرى ۋېنادىكى ئارشتېيىن ۋە ئېسكولېس بانكىسىدىن بارون روتشىلدقا، يەنە بىرى لوندوندىكى بېرىنگ بانكىسىدىن جانابى لاففىتقا قارىتىپ يېزىلغان. سىز ھازىر ئېيتىدىغان گېپىڭىزنى ئېيتسىڭىزلا مەن سىزنى ئاۋارە قىلماستىن، مۇشۇ ئىككى بانكىدىن بىرىگە مۇراجىئەت قىلىمەن.

بۇ گەپلەر مەسىلىنى ھەل قىلدى، دانگلار تەن بەردى. ئۇ، گراف مەنسىتمەسلىك بىلەن سۇنۇپ بەرگەن ۋېنا ۋە لوندون ئۇقتۇرۇشلىرىنى تىترەك ئولاشقان ھالدا ئېچىپ كۆردى ۋە ئۇلارغا قويۇلغان ئىمزالارنىڭ چىنلىقىنى ئىنتايىن ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈپ كۆردى. بۇنداق قىلىش مونتې - كرىستوغا ھاقارەت بولۇپ تۇيۇلۇشى مۇمكىن ئىدى، لېكىن ئۇ بۇنى بانكىرنىڭ ھودۇقۇشىدىن بولغان دىپ چۈشەندى.

— دۇرۇس، بۇ ئۈچ ئىمزا نۇرغۇن مىليونلارغا توختايدۇ، — دېدى دانگلار ۋە گويا ئۆزىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان كىشىگە مەركەزلەشكەن ئالتۇنلارنىڭ قۇدرىتىگە ئېھتىرام بىلدۈرگەندەك ئورنىدىن تۇردى، — ئۈچ ئورۇننىڭ چەكلەنمىگەن قەرزى. ئەپۇ قىلىڭ، گراف، ئىككىلىنىشتىن قۇتۇلغان ھالەتتىمۇ، ئادەم يەنىلا تەئەججۈپ ئىچىدە قېلىشى مۇمكىن.

— يوقسۇ، سىزنىڭ بانكىڭىزنى ھېچنېمە تەئەججۈپكە سالالمايدۇ، — دېدى گراف تەكەللۇپ بىلەن، — دېمەك، ماڭا بىرئاز پۇل بېرەلەمسىز؟

— قانچىلىك لازىم بولسا ئېيتىڭ، گراف، خىزمىتىڭىزگە تەييارمەن.

— ماقۇل، — دېدى مونتې - كرىستو، — بىز بىرلىككە كەلگەن بولغاچقا ... بىز بىرلىككە كەلدۇقمۇ دەيمەن - ھە؟

دانگلار بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئەمدى ئىككىلەنمەمسىز؟ — سورىدى مونتې - كرىستو.

— يوقسۇ، گراف، — دەپ خىتاب قىلدى بانكىر. — ھەرگىز ئىككىلەنمەيمەن.

— شۇنداق، سىز پەقەت دەلىل - ئىسپاتلارنى كۆرۈپ باقماقچى بولغانىدىڭىز. شۇنداق قىلىپ، — دېدى يەنە گراف، — بىز بىرلىككە كەلدۇق، سىز ئەمدى ئىككىلەنمەيسىز. ئۇنداق بولسا، ئالدى بىلەن بىرىنچى يىلغا بىرەر تەخمىنىي سومما بەلگىلەپ قويايلى: ھازىرچە 6 مىليون دەپ تۇرايلى.

— 6 مىليون؟ ناھايىتى ياخشى! — دېدى دانگلار نەپسى بوغۇلغان ھالدا.

— ئەگەر يېتىشمەي قالسا، كېيىن يەنە سۆزلىشەرمىز، — دېدى مونتې - كرىستو پەرۋا قىلمىغان ئاھاڭدا گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ. — لېكىن مەن فرانسىيىدە بىر يىلدىن ئارتۇق تۇرماسلىقىم مۇمكىن. شۇڭا، بۇ سومما يېتىپ قالار دەپ ئويلايمەن... ھە، قېنى كېيىنچە كۆرەرمىز... بىرىنچى قېتىمقىسىغا، ئەتە 500 مىڭ فرانك ئەۋەتىپ بېرەرسىز، مەن چۈشكىچە ئۆيدە بولىمەن. ئەگەر ئۆيدە بولماي قالسام، غوجىدارىمغا ھۆججەت يېزىپ قالدۇرىمەن.

— پۇللار ئەتە ئەتىگەن سائەت ئوندا يەتكۈزۈپ بېرىلىدۇ، گراف، — دېدى دانگلار، — قاندىقىنى خالايسىز؟ ئالتۇنمۇ، قەغەز پۇلمۇ ياكى كۈمۈشمۇ؟

— يېرىمى ئالتۇن، يېرىمى قەغەز پۇل بولسا بولىدۇ.

شۇ گەپ بىلەن گراف ئورنىدىن تۇردى.

— گراف، ئالدىڭىزدا شۇنى ئىقرار قىلىمەنكى، — دېدى دانگلار، — مەن ياۋروپادىكى كاتتا مۈلۈكدارلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىمەن، دەپ ئويلاپ يۈرۈپتىكەنمەن. ۋەھالەنكى، سىز شۇنچە

زور مۈلۈكدار بولسىڭىزمۇ زادىلا خەۋىرىم يوق ئىكەن. سىزنىڭ مۈلكىڭىز يېقىندا ئېگىلەنگەنمۇ؟

— يوقسۇ، تەقسىر، — دەپ ئېتىراپ بىلدۈردى مونتې-كرىستو، — ئەكسىچە، بۇ ناھايىتى قەدىمكى مۈلۈك. بۇ ئەسلىدە ئائىلە خەزىنىسى بولۇپ، ئىشلىتىش مەنئى قىلىنغانىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ يىغىلىپ قالغان پىرسەنتلىرى بىلەن قوشقاندا پۈتۈن سەرمايە ئۈچ ھەسسە كۆپىيىپ قالدى. ۋەسىيەت قىلغۇچىنىڭ مەنئى قىلغان مۇددىتى تېخى بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدىلا توشتى. شۇڭا، مەن بۇ مۈلۈكنى يېقىندىلا قولۇمغا ئالغان. سىزنىڭ بۇ ھەقتە ھېچنېمىنى بىلمەسلىكىڭىز تەبىئىي. پات ئارىدا سىز مەن بىلەن يېقىنراق تونۇشۇپ قالىسىز.

گراف ئاخىرقى سۆزلەرنى ئېيتىۋاتقاندا ئۇنىڭ چىرايىدا، خۇددى ئۆز ۋاقتىدا فرانس ئەپىنەگە دەھشەتلىك تۈيۈلغاندەك سوغۇق كىزاخۇدىرىش ئىپادىلىنگەن.

— سىز ئۆزىڭىزنىڭ تەبىئىتىڭىز ۋە قىلماقچى بولغان ئىشلىرىڭىز بىلەن، — دېدى يەنە دانگلار، — پايتەختىمىزگە شۇنداق نۇرلۇق زىننەت بېرىسىزكى، بىزگە ئوخشاش بىچارە مىليونېرلار ئالدىڭىزدا كۆرۈنمەي قالىمىز. شۇنداقتىمۇ... سىز سەنئەتكە ھەۋەس قىلىدىغان ئوخشايسىز. بايا، مەن كىرگەندە سىز رەسىملەرنى كۆرۈۋاتقانىكەنسىز. شۇڭا، سىزگە رەسىملىرىمنى كۆرسىتىشىمگە ئىجازەت قىلغايسىز. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاتاقلىق رەسساملارنىڭ كونا رەسىملىرى، يەنە كېلىپ ھەممىسى ئەسلى نۇسخا. مەن يېڭى رەسىملەرنى ياقتۇرمايمەن.

— ئېيتقىنىڭىز تامامەن توغرا. ئۇنداق رەسىملەرنىڭ بىر چوڭ يېتەرسىزلىكى بار، ئۇ بولسىمۇ، ئۇلار تېخى كونىرىمىغان.

— مەن سىزگە يەنە تورۋالسېن، بارتولونى ۋە كانوۋىنىڭ

بىر نەچچە ھەيكەللىرىنى كۆرسىتەي. ئۇلار ھەممىسى چەت ئەل ھەيكەلتىراشلىرى. كۆردىڭىزمۇ، مەن فرانسۇز سەنئەتكارلىرىنى ياقتۇرمايمەن.

— سىز ئۇلارنى ياقتۇرماسلىقتا ھەقلىق، چۈنكى ئۇلار سىزنىڭ ۋەتەنداشلىرىڭىز.

— لېكىن بۇلارنى بىز ئۆزئارا يېقىنراق تونۇشۇۋالغاندىن كېيىن كۆرەيلى. بۈگۈن مەن سىزنى بارون خانىمغا تونۇشتۇرۇپ قوياي. مېنىڭ بۇنداق ئالدىراقسانلىقىمنى كەچۈرگەيسىز، گراف، لېكىن سىزدەك چۈيقەن ئائىلىمىزنىڭ ئەزاسىغا ئوخشاش بولۇپ قالدى.

مونتې-كرىستو مالىيەچىنىڭ كۆڭۈلگە ياقىدىغان بۇ تەكلىپىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ئىپادىلەپ تەزىم قىلدى.

دانگلار قوڭغۇراقنى جاراڭلاتتى. چىرايلىق كىيىنىۋالغان بىر مالاي كىردى.

— بارون خانىم ئۆيدىمۇ؟ — دەپ سورىدى دانگلار.

— شۇنداق، بارون جانابلىرى.

— ئۆزى يالغۇزمۇ؟

— يوقسۇ، بارون خانىمنىڭ مېھمىنى بار.

— گراف، ئەگەر سىزنى بارون خانىمغا دوستلارنىڭ ئالدىدا تونۇشتۇرسام بىھۆرمەتلىك بولۇپ قالماس؟ بۇنداق تونۇشۇشتىن ئۆزىڭىزنى پىنھان تۇتۇشنى ئويلىمايدىغانسىز؟

— يوقسۇ، بارون، — دېدى مونتې-كرىستو تەبەسسۇم بىلەن، — ئۇنداق قىلىشقا ھەددىم ئەمەس.

— ھە، بارون خانىمنىڭ يېنىدا كىم بار؟ دېبرى ئەپەندىمۇ؟ — سورىدى دانگلار ساددىلىق بىلەن. ۋاھالەنكى، مونتې-كرىستو ئۇنىڭ ئائىلىۋى تۇرمۇشىدىكى نازۇك سىرىنى بىلىدىغان بولغاچقا، ئۆز ئىچىدە كۈلۈپ قويدى.

— شۇنداق، بارون جانابلىرى.

دانگلار بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، مونتې - كرىستوغا قارىدى.

— ليۇسيېن دېبرې ئەپەندى بىزنىڭ كونا دوستىمىز، — دېدى ئۇ، — ئۇ ئىچكى ئىشلار ۋەزىرىنىڭ شەخسىي كاتىپى. ئەمدى، مېنىڭ خوتۇنۇمغا كەلسەك، ئۇ مەندەك بىر ئۆزىگە تەڭ تۇش بولمىغان كىشىگە تەگدى، چۈنكى ئۇ ئىنتايىن قەدىمكى بىر ئۇرۇقنىڭ ئەۋلادى، سېرۋىيېرنىڭ قىزى. ئۇ تۇنجى نىكاھىدا ماركىز نارگوندىن تۇل قالغان.

— بارون خانىم بىلەن تېخى تونۇشلۇقۇم يوق، ئەمما ليۇسيېن دېبرې ئەپەندى بىلەن بۇنىڭدىن بۇرۇن بىر قېتىم ئۇچراشقان.

— مۇنداق دەڭ! — دېدى دانگلار، — قەيەردە؟

— مورسېر ئەپەندىنىڭ ئۆيىدە.

— سىز ۋىكونتنى تونۇمسىز؟

— بىز ئۇنىڭ بىلەن رىمدىكى كارناۋالدا تونۇشقان.

— ھە، راست، — دېدى دانگلار، — مەن قانداقتۇر بىر خارابىلار ئىچىدە قاراقچىلار ۋە بۇلاڭچىلار بىلەن بولۇپ ئۆتكەن بىر غەلىتە ۋەقە توغرىسىدىكى گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلىغانىدىم. ئۇ قانداقتۇر بىر ئاجايىپ سەۋەب بىلەن ئۇ يەردىن قۇتۇلۇپ چىققانىكەن. ئۇ ئىتالىيىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بۇ ھەقتە مېنىڭ خوتۇنۇم بىلەن قىزىمغا سۆزلەپ بېرىپتىكەن.

— بارون خانىم كىرسۇن دەيدۇ، — دەپ خەۋەر يەتكۈزدى مالاي.

— مەن سىزگە يول كۆرسىتىپ مېڭىش ئۈچۈن ئالدىڭىزغا ئۆتەي، — دېدى دانگلار ئېگىلىپ تۇرۇپ.

— ئارقىڭىزدىن ماڭىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى مونتې - كرىستو.

ئون يەتتىنچى باب

ئاق تەڭگىلىك كۆلرەڭ بىر جۈپ ئات

بارون گرافنى باشلاپ، خىلمۇخىل قىممەت باھالىق بۇيۇملار بىلەن دىتسىزلارچە بېزىتىلگەن ئىچكىرىمۇئىچكىرى ئۆيلەردىن ئۆتۈپ، دانگلار خانىمنىڭ مېھمان كۈتۈش ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلدى. بۇ ئانچە چوڭ بولمىغان سەككىز بۇرجەكلىك ئۆي بولۇپ، تاملىرىغا ھالرەڭ شايى تارتىلغان، ئىشىك - دېرىزىلىرىگە ھىندىستان داكىسىدىن تىكىلگەن پەردىلەر ئېسىلغانىدى. بۇ يەردە كونا زاماننىڭ كىمخابلىرى بىلەن قاپلانغان كونىچە كرېسلولار تۇراتتى. ئىشىكنىڭ ئۈستى تەرىپىگە بۇش ئۇسلۇبىدىكى ئاشىق - مەشۇق پادىچىلارنىڭ رەسىمى سىزىلغانىدى. بوياق قېرىنداش بىلەن مېدالىئون نۇسخىسىدا سىزىلغان چىرايلىق نەقىشلىك ئىككى سۈرەت ئۆي ئىچىگە ئالاھىدە سىن بېرىپ، پۈتۈن ئىمارەتتىكى باشقا خانىلار ئىچىدە مۇشۇ بىر ئېغىز كىچىككىنە ئۆينى ئۆزىگە خاس كۆرۈنۈشكە ئىگە قىلاتتى. بۇ ئىمارەتنى لايىھىلىگەن كىشى ئىمپېرىيە بويىچە داڭلىق شەخس بولسىمۇ، لېكىن بۇ بىر ئېغىز ئۆينىڭ ئىچىنى بېزىتىش ئىشى ئۇنىڭ ۋە دانگلارنىڭ ئومۇمىي پىلان دائىرىسىگە كىرمىدى. بۇ ئۆينى زىننەتلەش ئىشىنى شەخسەن بارون خانىم بىلەن ليۇسيېن دېبرې ئىككىيلەن ئۆز ئۈستىگە ئالغانىدى. شۇڭا، دىرېكتورىيە① دەۋرىدە كونىلىقنىڭ مەستانىسى دەپ تونۇلغان دانگلار بۇ ياسداق ئۆيگە ئىنتايىن

---

① 1795 — 1799- يىللىرى بولۇپ ئۆتكەن فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى دەۋرىدىكى ھۆكۈمەتنىڭ نامى.

ئۆچمەنلىك بىلەن قارايتتى. ھالبۇكى، ئۇ بۇ ئۆيدە بىرەر مېھماننى باشلاپ كىرگەندىلا ئاندىن قوبۇل قىلىناتتى. شۇڭا، ھەق گەپنى قىلغاندا، دانگلار باشقىلارنى تونۇشتۇرمايتتى، ئەكسىچە، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە قىزغىن ياكى سوغۇق قارشى ئېلىنىشى بارون خانىمنىڭ مېھماننىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنى قانچىلىك دەرىجىدە ياقتۇرغان ياكى ياقتۇرمىغانلىقىغا باغلىق بولاتتى.

دانگلار خانىمنىڭ يېشى 36 گە كىرىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ گۈزەللىكى يەنىلا تىلغا ئېلىنىشقا ئەرزىگۈدەك ئىدى. ئۇ نەپىس ئىشلەنگەن ماركېترى رويالنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى، ليۇسيېن دېبرې بولسا، ئىش ئۈستىلىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئالبومنى ۋاراقلىماقتا ئىدى.

گراف كېلىشتىن بۇرۇن ليۇسيېن بارون خانىمغا ئۇنىڭ گېپىنى قىلىپ بەرگەنىدى. مونتې - كرىستو ئالبېرنىڭ ئۆيىدىكى زىياپەتتە مېھمانلارغا قانچىلىك كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى كىتابخانلار ئۇنتۇپ قالمىغان بولسا كېرەك. گەرچە دېبرې ھېچقانداق نەرسىگە تەئەججۈپلەنمەيدىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ شۇ قېتىمقى تەسىراتى تېخى كۆتۈرۈلۈپ كەتمىگەن ۋە بارون خانىمغا سۆزلەپ بەرگەن گەپلىرىدە ئەكس ئەتكەنىدى. شۇنداق قىلىپ، مورسېرنىڭ ئېيتىپ بەرگەنلىرى ۋە ليۇسيېندىن ئاڭلىغان يېڭى تەپسىلاتلار بىلەن دانگلار خانىمنىڭ قىزىقىشى ئۇلغىيىپ، چېكىگە يەتكەنىدى. رويال ۋە ئالبوم ئۇلارنىڭ تەقەززالىقىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئىشلەتكەن ئاقسۆڭەكلەرچە ئۇستاتلىقىدىنلا ئىبارەت ئىدى. ئەنە شۇ سەۋەبلەردىن بارون خانىم جانابىي دانگلارنى ئۆزىنىڭ ئادىتىگە مۇخالىپ ھالدا تەبەسسۇم بىلەن قارشى ئالدى. گرافنىڭ تەزىمىگە جاۋابەن تەكەللۇپ قىلغان ھالدا چىرايلىق ھەرىكەت بىلەن تىزىنى ئېگىپ تۇرۇپ تەزىم بەجا كەلتۈردى.

ليۇسيېن ئۆز نۆۋىتىدە گرافنى تېخى يېقىندىلا تونۇشقان ئادەملەرگە خاس ھالدا قارشى ئالدى ۋە دانگلارغا دوستانە رەۋىشتە سالام بەردى.

— بارون خانىم، — دېدى دانگلار، — رىمدىكى كەسپداشلىرىم زور ئېلتىپات بىلەن مېنىڭ ئالدىمغا ئەۋەتكەن گراف مونتې - كرىستونى سىزگە تونۇشتۇرۇپ قويۇشۇمغا ئىجازەت قىلغايسىز. مەن پەقەت شۇنىلا قوشۇپ قويىمەنكى، بىزنىڭ بارلىق گۈزەل خانىملىرىمىز ئۇنىڭغا مەھلىيا بولغۇسى، چۈنكى ئۇ پارىژدا بىر يىل تۇرۇپ 6 مىليون خەجلىمەكچى. بۇ بىزگە بىر قاتار تانسا، زىياپەت ۋە مېھماندارچىلىقلاردىن دېرەك بېرىدۇ. بىزنىڭ ئۆيىمىزدە بىرەر ئاددىي مېھماندارچىلىق بولۇپ قالغاندا گرافنى ئۇنۇتمايمىز. شۇنداقلا گرافمۇ بىزنى ئۇنتۇپ قالماس دەپ ئويلايمەن.

بۇ تونۇشتۇرۇش سۆزلىرىدىن تېتىقسىز خۇشامەتچىلىك چىقىپ تۇراتتى. ھالبۇكى، بىر يىل ئىچىدە بىر كىنەزنىڭ دەسمايىسىنى سەرپ قىلىش مەقسىتى بىلەن پارىژغا كېلىدىغان ئادەمنى ئۇچرىتىش ئاسان ئەمەس - تە. شۇڭا، دانگلار خانىم ئەجەبلىنىش نەزەرى بىلەن گرافقا قاراپ قويدى.

— سىز پارىژغا قاچان كەلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— تۈنۈگۈن ئەتىگەن كەلدىم، بارون خانىم.

— مەن ئاڭلىغاندەك ئادىتىڭىز بويىچە دۇنيانىڭ ئۇ قېتىدىن كەلدىڭىزمۇ؟

— بۇ قېتىم پەقەت كادىكستىنلا كەلدىم.

— ئەپسۇسكى، تازىمۇ قاملاشمىغان پەسىلدە كەپسىز. ياز پەسلىدە پارىژ بەك يېقىمسىز بولىدۇ: ھازىر يا تانسا، يا كەچكى ئولتۇرۇش، يا بايرام دېگەنلەرنىڭ ھېچقايسىسى يوق. ئىتاليە ئوپېرا ئۆمىكى لوندونغا كەتتى، فرانسىيە ئوپېرا ئۆمىكى

ئۆزى بىلگەن يەرلەردە كۆچۈپ يۈرىدۇ، لېكىن بۇ يەرگە كەلمەيدۇ. فرانسىيە تىنىياتىرى بولسا، ئۆزىڭىزگە مەلۇم، ئەمەلدىن قالدى دېسىمۇ بولىدۇ. بىزنىڭ كۆڭۈل ئېچىشىمىزغا پەقەت مارس مەيدانى ۋە ساتورىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ھەشەمەتسىز ئات بەيگىلىرىلا قالدى. سىز ئاتلىرىڭىزنى بەيگىگە سالامسىز، گراف؟

— مەن ئەگەر فرانسۇزلارنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى ھەققىدە بىلىشكە تېگىشلىك ئىشلارنى ئۆگىتىپ قويىدىغان بىرەر كىشىنى ئۇچرىتىش بەختىگە ئېرىشەلىسەم، پارىژدا ئادەتكە ئايلانغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىمەن، — دېدى مونتې-كرىستو.

— سىز ئاتلارنى ياخشى كۆرەمسىز؟

— مەن ھاياتىمنىڭ بىر قىسمىنى شەرقتە ئۆتكۈزگەن، بارون خانىم. شەرقلىقلەر بۇ دۇنيادىكى پەقەت ئىككىلا نەرسىنى قەدىرلەيدۇ: ياخشى ئاتلارنى ۋە گۈزەل ئاياللارنى.

— ئەدەب يۈزىسىدىن بولسىمۇ، ئالدى بىلەن ئاياللارنى تىلغا ئالسىڭىز بولماسمىدى.

— مانا كۆردىڭىزمۇ، بارون خانىم. فرانسىيە ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ئۆگىتىدىغان ئۇستازغا ئېرىشىش ئارزۇيۇمنى ئېيتقانلىقىم نەقەدەر توغرا بولغان.

بۇ چاغدا خىزمەتكار ئايال كىرىپ كەلدى-دە، دانگلار خانىمنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلىدى.

دانگلار خانىم تاتىرىپ كەتتى.

— مۇمكىن ئەمەس! — دېدى ئۇ.

— راست گەپنى ئېيتىۋاتىمەن، خانىم، — دەپ تەكىتلىدى خىزمەتكار ئايال.

دانگلار خانىم ئېرىغا قارىدى.

— بۇ راست گەپمۇ؟

— نېمە گەپ؟ — سورىدى دانگلار خاتىرجەمسىزلىنىپ.

— خىزمەتكار ئايالنىڭ ئېيتقىنى...

— ئۇ سىزگە نېمىدېدى؟

— مېنىڭ ھارۋىكىشىم ئات-ھارۋىنى قوشۇش ئۈچۈن چىقسا، ئاتخانىدا مېنىڭ ئاتلىرىم يوق ئىكەن. بۇ زادى نېمە ئىش؟

— خانىم، — دېدى دانگلار، — گېپىمنى ئاڭلاڭ.

— ماقۇل، گېپىڭىزنى ئاڭلاي، تەقسىر. ماڭا نېمىدەيدىغانلىقىڭىزنى ئاڭلاپ باقاي. بۇ جانابلار بىزنى ئەيىبلىسىمۇ مەيلى، مەن ئۇلارغا ھەممىنى بىر باشتىن سۆزلەپ بېرىمەن. جانابلار، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى بارون خانىم، — بارون دانگلارنىڭ ئاتخانىسىدا ئون ئات بار. بۇ ئونىنىڭ ئىچىدە ئىككىسى مېنىڭ. بۇ، پارىژ بويىچە ئەڭ ياخشى، ئاجايىپ ئىككى ئات. سىز بىلىسىزغۇ، دېبرې، ئاق تەڭگىلىك كۈلرەڭ ئاتلارچۇ. ۋىلغور خانىم ئەتە بۇلون ئورمانلىقىغا بېرىپ ئويناپ كېلىش ئۈچۈن مېنىڭ ئات-ھارۋامنى سورىغانىدى، مەن ئۇنىڭغا ۋەدە قىلغانىدىم. مانا ئەمدى ئاشۇ بىر جۈپ ئېتىم يوقاپ كېتىپتۇ! جانابىي دانگلار ئۇ ئاتلارنى سېتىۋېتىپ بىر نەچچە مىڭ فرانك پايدا تاپقان بولسا كېرەك. يا ئاللا، بۇ ھايانكەش دېگەنلەر نېمىدېگەن پەسكەش!

— خانىم، — دېدى دانگلار، — بۇ بەك شاش ئاتلار ئىدى، تۆت ياشلىق ئاتلار ئەمەسمۇ. شۇڭا، مەن سىزدىن بەك ئەنسىرەپ يۈرەتتىم.

— ئۆزىڭىز ناھايىتى ئوبدان بىلىسىز، — دېدى بارون خانىم، — بىر ئايدىن بۇيان پارىژ بويىچە ئەڭ ئۇستا ھارۋىكەش مېنىڭ خىزمىتىمنى قىلىپ كېلىۋاتىدىغۇ. ئەگەر ئۇنىمۇ ئاتلارغا قوشۇپ سېتىۋەتمىگەنلا بولسىڭىز.

— قەدىرلىكىم، مەن سىزگە شۇنىڭغا ئوخشاش، ھەتتا

ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق بىر جۈپ ئات تېپىپ بېرەي، لېكىن ئۇ ئاتلاردەك مېنى ئەنسىرەتمەيدىغان تىنچ، ياۋاش ئاتلارنى تېپىش كېرەك.

بارون خانىم چوڭقۇر مەنسىتمەسلىك بىلەن يەلكىلىرىنى قىسىپ قويدى.

دانگلار بۇنى ئەر-خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان قىلىق قاتارىدا چۈشەنگەن قىياپەتكە كىرىۋالدى-دە، مونتې-كرىستوغا مۇراجىئەت قىلدى.

— گراف، مەن سىز بىلەن بۇرۇنراق تونۇشمىغانلىقىمدىن ئەپسۇسلىنىۋاتىمەن، — دېدى ئۇ، — سىز تېخى ئەمدىلا ئورۇنلىشىۋاتىسىزغۇ دەيمەن؟

— ئەلۋەتتە، — دېدى گراف.

— ئۇ ئاتلارنى سىزگە سېتىپ بەرگەن بولسام بوپتىكەن. بىلەمسىز، ئۇلارنى بىكارنىڭ ئورنىدىلا بېرىۋەتتىم، لېكىن بايا ئېيتقىنىمدەك، مەن ئۇ ئاتلاردىن قۇتۇلغىنىمغا خۇش. بۇنداق ئاتلارنى پەقەت ياش كىشىلەرلا ئىشلەتسە بولىدۇ.

— رەھمەت سىزگە، — دېدى گراف، — مەن بۈگۈن خېلى ياخشى بىر جۈپ ئاتنى سېتىۋالدىم، باھاسىمۇ ئانچە قىممەتكە توختىمىدى. ھە، دېبىرې ئەپەندى، قاراپ بېقىڭا، سىز ئاتقا ھەۋەس قىلىسىزغۇ دەيمەن؟

دېبىرې دېرىزە تەرەپكە ماڭغاندا، دانگلار خوتۇنىنىڭ يېنىغا كەلدى.

— ماڭا قاراڭ، — دېدى ئۇ خوتۇنىغا پىچىرلاپ، — بۇ ئىككى ئات ئادەمنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغان باھاغا توختىدى. بۇ پۇلنى شامالغا چاچىدىغان ئەخمەقنىڭ كىملىكىنى بىلمەيمەن، ئىش قىلىپ، ئۇ بۈگۈن ئۆزىنىڭ غوجىدارىنى ماڭا ئەۋەتىپتۇ. مەن بۇ بىر جۈپ ئاتنى بېرىپ 16 مىڭ فرانك پايدا

ئالدىم. خاپا بولماڭ، مەن بۇ پۇلدىن سىزگە 4000نى، ئېۋگېنىگە 2000نى بېرىمەن.

دانگلار خانىم نەپرەتلىك كۆزلىرى بىلەن ئېرىگە ئالىيىپ قويدى.

— يا ئاللا! — دەپ خىتاب قىلدى دېبىرې.

— نېمە بولدى؟ — سورىدى بارون خانىم.

— ياق، مەن خاتالاشمىدىم، بۇ سىزنىڭ بىر جۈپ ئېتىڭىز. سىزنىڭ ئاتلىرىڭىز گرافنىڭ پەيتونىغا قوشۇلۇپ قاپتىغۇ.

— مېنىڭ ئاق تەڭگىلىك ئاتلىرىمما؟ — دەپ خىتاب قىلدى دانگلار خانىم ۋە دېرىزىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى.

— راستىلا مېنىڭ ئاتلىرىم، — دېدى ئۇ.

دانگلار ھاڭ-تاڭ بولۇپ قالدى.

— ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس! — دېدى مونتې-كرىستو ئۆزىنى ھەيران بولغان قىلىپ كۆرسىتىپ.

— ئەجەبا! — بانكىر دۇدۇقلىدى.

بارون خانىم دېبىرېگە قىسقىلا بىر نېمىدەپ پىچىرلىغانىدى، ئۇ مونتې-كرىستونىڭ يېنىغا كەلدى.

— بارون خانىم بۇ ئاتلار ئۈچۈن ئۇنىڭ ئېرىگە قانچە پۇل بەرگەنلىكىڭىزنى سوراۋاتىدۇ.

— مەنمۇ ئېنىق بىلمەيمەن، — دېدى گراف، — مېنىڭ غوجىدارىم بۇ ئاتلارنى مېنى خۇش قىلىش ئۈچۈن تېپىپ كەلگەن... باھاسى 30 مىڭ فرانك ئۆپچۆرىسىدە بولىدىغۇ دەيمەن.

دېبىرې بۇ جاۋابنى يەتكۈزۈپ قويۇش ئۈچۈن بارون خانىمنىڭ يېنىغا كەتتى.

دانگلار شۇنچىلىك تاتىرىپ كەتكەن ۋە روھىي چۈشكەنىدىكى، گراف ئۇنىڭغا ئىچىنى ئاغرىتقان بولۇۋالدى.

— مانا كۆردىڭىزمۇ، — دېدى ئۇ دانگلارغا، — ئاياللار زادى

ياخشىلىقنى بىلمەيدۇ. سىزنىڭ ئېھتىياتچانلىقىڭىز بارون خانىمنى بىر ئازمۇ تەسىرلەندۈرمىدى. ئۇلارنى ياخشىلىقنى بىلمەيدۇ دېيىش كۇپايە قىلمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئەقلى كەم. بۇنىڭغا نېمە ئامال! ئۇلار خەتەرلىك ئىشلارغا ھەۋەس قىلىدۇ. مېنىڭچە بولغاندا، ھۆرمەتلىك بارون، ئەڭ ياخشىسى، كارىڭىز بولمىسۇن، نېمە قىلىمەن دېسە قىلىۋەرسۇن. شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ جېنىنى سېلىپ بەرسەمۇ ئۆزىنىڭ شورى.

دانگلار جاۋاب قايتۇرمىدى. ئۇ بىردەمدىن كېيىن ئۆزىنىڭ شەپقەتسىزلەرچە سوراقتا تارتىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى: بارون خانىمنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلدى ۋە بەئەينى بوران چىقارغۇچى يۇپىتېرنىڭ ماڭلىيىغا ئوخشاش قار- بوراندىن بىشارەت بەردى. دېمەك بۇ قار- بوراننىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى سېزىپ، «ئىشىم بار ئىدى» دەپلا چىقىپ كەتتى. مونتې- كرىستو ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكىدەك بولۇۋاتقان ئىشلارغا توسقۇنلۇق قىلماسلىق ئۈچۈن بۇ يەردە تۇرۇۋەرمەسلىكنى لايىق تاپتى. ھەمدە دانگلار خانىمغا تەزىم قىلدى- دە، باروننى خوتۇنىنىڭ غەزىپىگە قالدۇرۇپ چىقىپ كەتتى.

«خوپ بولدى! — دەپ ئويلىدى مونتې- كرىستو قايتىپ كېتىۋېتىپ، — مەقسىتىمدىكىدەك ئىش بولدى. ئەمدى بۇ ئائىلىنىڭ تىنچلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئەرنىڭمۇ، ئايالىنىڭمۇ قەلبىنى بىراقلا ئۆز قولۇمغا ئېلىۋېلىشقا قۇربىم يېتىدۇ. نېمە دېگەن زور ئۇتۇق! بىراق، — دېدى ئۇ يەنە ئۆز ئىچىدە، مەن تېخى ئېژېنى دانگلار خېنىم بىلەن تونۇشمىدىم. ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىم. ھېچقىسى يوق، — دەپ ئويلىدى ئۇ يەنە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، — بىز ھازىر پارىژدا، ۋاقىت بار ... بۇ ئىشمۇ بىزدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ!»

گراف شۇ خىياللار بىلەن پەيتۇنىغا ئولتۇردى- دە، ئۆيىگە قايتتى.

ئارىدىن ئىككى سائەت ئۆتۈپ، دانگلار خانىم گراف مونتې- كرىستونىڭ بىر پارچە تەسىرلىك خېتىنى تاپشۇرۇۋالدى. گراف ئۆز خېتىدە پارىژ تۇرمۇشىنى بىر چىرايلىق ئايالنى خاپا قىلىشتىن باشلاشنى خالىمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، بارون خانىمدىن ئۆز ئاتلىرىنى قايتۇرۇپ ئېلىشىنى ئۆتۈنگەنىدى.

ئاتلار يەنە شۇ بارون خانىم كۈندۈزى كۆرگەن جابدۇقلار بىلەن قايتۇرۇپ بېرىلدى. ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، گرافنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئاتلارنىڭ قۇلاق يوپۇقلىرىنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن ئالماس ئورنىتىلغانىدى.

دانگلارغىمۇ خەت كەلدى. گراف ئۇنىڭغا يازغان خېتىدە بارون خانىمنىڭ مىليونېرلارغا خاس نازۇكلىقىغا يول قويۇشىنى ۋە ئۆزىنىڭ بۇ ئاتلارنى شەرق ئەللىرىگە خاس ئۇسۇل بىلەن قايتۇرغانلىقىنى ئەيىبكە بۇيرۇماسلىقىنى ئۆتۈنگەنىدى.

كەچ كىرگەندە مونتې- كرىستو ئەلىنى باشلاپ ئوتېلگە كەتتى.

ئەتىسى كۈندۈزى سائەت ئۈچلەردە قوڭغۇراق ئارقىلىق چاقىرتىلغان ئەلى گرافنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى.

— ئەلى، — دېدى ئۇنىڭغا گراف، — سەن ماڭا سالما تاشلاشقا ئۇستا ئىكەنلىكىڭنى بىرنەچچە قېتىم ئېيتقانىدىڭغۇ.

ئەلى بېشىنى لىڭشىتتى ۋە مەغرۇرلۇق بىلەن قەددىنى رۇسلىدى.

— ناھايىتى ياخشى! سالما ئېتىپ بۇقىنىمۇ توختىتالامسەن؟

ئەلى يەنە بېشىنى لىڭشىتتى.

— يولۋاسنىچۇ؟

ئەلى بېشىنى لىڭشىتتى.

— شىرنىچۇ؟

ئەلى سالما تاشلىغاندەك بىر ھەرىكەت قىلدى- دە، ھايۋاننىڭ بوغۇلغان ئاۋازىدا ھۆركىرىشىنى دورىدى.

— شۇنداق، — دېدى مونتې - كرىستو، — سېنىڭ بۇرۇن شىر ئوۋلىغانلىقىڭنى بىلىمەن.

ئەلى مەغرۇرلۇق بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئەمىسە، ئۈركۈپ كەتكەن ئاتلارنى توختىتالامسەن؟

ئەلى كۈلۈپ قويدى.

— ئۇنداق بولسا، گېپىمنى ئاڭلا، — دېدى مونتې - كرىستو، — بىردەمدىن كېيىن ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدىن ئۈركۈپ كەتكەن ئىككى ئاتلىق ھارۋا ئۆتىدۇ. بۇ تۈنۈگۈن بىزنىڭكىدە بولغان ھېلىقى ئاق تەڭگىلىك بىر جۈپ كۈلرەڭ ئات. ئۆزۈڭ دەسسىلىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ئۇ ھارۋىنى مېنىڭ دەرۋازام ئالدىدا توختىتىۋېلىشىڭ كېرەك.

ئەلى كوچىغا چىقتى ۋە دەرۋازا ئالدىدىكى يولنىڭ ئۇ چېتىدىن بۇ چېتىگىچە بىر سىزىق تارتىپ قويدى، ئاندىن ئۆيگە قايتىپ كىرىپ، ئۇنى كۆزىتىپ تۇرغان گرافقا سىزىقنى كۆرسەتتى.

گراف ئۇنىڭ مۈرىسىگە ئاستاغىنا ئۇرۇپ قويدى. ئۇ ئادەتتە ئەلىگە مىننەتدارلىقىنى شۇ ئۇسۇل بىلەن بىلدۈرەتتى.

شۇندىن كېيىن قارا قۇل يەنە ئۆيدىن چىقىپ، دوقمۇشتىكى بىر تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردى - دە، غاڭزىسىنى تارتىشقا باشلىدى. مونتې - كرىستو خاتىرجەم ھالدا ئۆز ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى.

ھالبۇكى، سائەت بەشكە يېقىنلاشقاندا ھارۋىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرغان گرافنىڭ ئۆزىنى تۇتۇشىدا تاقەتسىزلىك ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئۇ، دېرىزىلىرى كوچىغا قارايدىغان خانا ئىچىدە ئۇياق - بۇياققا ماڭاتتى، تۇرۇپ - تۇرۇپلا توختاپ بىر نېمىگە قۇلاق سالاتتى ۋە دېرىزىنىڭ يېنىغا كېلىپ سىرتقا قارايتتى. دېرىزىدىن ئەلى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ گويا تاماكا چېكىشتەك مۇھىم ئىشقا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ كەتكەندەك ھەدەپ غاڭزىسىنى تارتىپ ئولتۇراتتى.

ئۇشتۇمتۇت يىراقتىن چاقلارنىڭ تاراقلىغان ساداسى ئاڭلاندى. بۇ سادا چاقماق تېزلىكىدە يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. ئاندىن بىر ھارۋا كۆرۈندى. ھارۋىكەش تەلۋىلەرچە چېپىپ كېتىۋاتقان ئاتلارنى توختىتىۋېلىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىپ - تىرمىشىپ ھەرىكەت قىلماقتا ئىدى.

پەيتون ئىچىدە بىر ياش ئايال بىلەن يەتتە ياشلار چامىسىدىكى بىر ئوغۇل بالا ئولتۇراتتى. ئۇلار بىر - بىرىگە يېپىشىۋالغان ۋە ھەددىدىن تاشقىرى قورقۇپ كەتكەنلىكتىن ۋارقىراشقىمۇ ھالى قالمىغانىدى.

پەيتون گۈلدۈرلەپ، تاراقلاپ كېلىۋاتاتتى. شۇ تاپتا پەيتوننىڭ چاقى بىرەر تاشقا ئۇرۇلسا ياكى بىرەر دەرەخكە تېگىپلا كەتسە ئۇنىڭ پاچاق - پاچاق بولۇپ كېتىدىغانلىقى روشەن ئىدى. پەيتون يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېتىۋاتاتتى. يول بويىدىكى ئۇنى كۆرگەن كىشىلەر ۋەھىمە ئىچىدە چۇقان كۆتۈرۈشتى.

بۇ چاغدا ئەلى غاڭزىسىنى بىر چەتكە قويدى - دە، يانچۇقىدىن سالمىنى چىقىرىپ ئاتتى. سالما سول ياندىكى ئاتنىڭ ئالدى پۇتلىرىغا ئۈچ قات بولۇپ يۆگەشتى. ئات ئەلىنى بىر نەچچە قەدەمغىچە سۆرەپ باردى. ئاندىن پۇتلىرى سالما بىلەن بوغۇلۇپ يىقىلدى. ھارۋا شوتىسى سۇنۇپ كېتىپ، يەنە بىر ئاتمۇ ماڭالماي قالدى. ھارۋىكەش بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، يەرگە سەكرەپ چۈشتى. لېكىن ئەلى ئۇنىڭدىن بالدۇرراق كېلىپ، ئۆزىنىڭ تۆمۈردەك بارماقلىرى بىلەن ئىككىنچى ئاتنىڭ بۇرۇن تۆشۈكلىرىنى چىڭ سىقىپ تۇتۇۋالدى. ئات ئاغرىققا پايلىماي كىشنەپ كەتتى ۋە دىر - دىر تىترەپ، سول ياندىكى ئاتنىڭ يېنىغا يىقىلدى.

بۇ ئىشلار ئېتىلغان ئوقنىڭ نىشانغا تەگكۈدەك ۋاقىت ئىچىدە بولۇپ ئۆتتى.

ۋەھالەنكى، شۇنچىلىك قىسقا ۋاقىتنىڭ ئىچىدە يول بويىدىكى ئۆيدىن بىر ئەر كىشى بىرنەچچە خىزمەتكارلارنى ئەگەشتۈرۈپ يۈگۈرۈپ چىقىشقا ئۈلگۈردى. ھارۋىكەش پەيتۇننىڭ ئىشىكىنى ئېچىشى بىلەنلا ھېلىقى كىشى پەيتۇن ئىچىدىن ياش ئايالنى كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇ ئايال بىر قولى بىلەن ئورۇندۇق ياستۇقىنى سىقىمىۋالغان، يەنە بىر قولى بىلەن ھوشىدىن كەتكەن ئوغلىنى كۆكسىگە چىڭ بېسىۋالغانىدى. مونتې - كرىستو ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنى ئۆزىنىڭ مېھمانخانىسىغا ئېلىپ كىرىپ، سافاغا ياتقۇزۇپ قويدى.

— قورقماڭ، خانىم، سىز خەتەردىن قۇتۇلۇپ بولدىڭىز، — دېدى ئۇ.

ئايال ئەس - ھوشىنى يىغىۋالدى ۋە ھەرقانداق سۆزلەردىنمۇ روشەن ھالدا يالۋۇرۇشنى ئىپادىلەپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئوغلىنى كۆرسەتتى.

دەرۋەقە، بالا تېخىچە ھوشىغا كەلمىگەنىدى.

— چۈشەندىم، خانىم، — دېدى گراف بالىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈۋېتىپ، — خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇنىڭغا زىيان - زەخمەت يەتمەپتۇ. بۇ پەقەت قورقۇپ كەتكەنلىكتىنلا بولغان.

— خۇدا ھەققى، — دەپ خىتاب قىلدى ئايال، — سىز تەسەللىي بېرىش ئۈچۈنلا شۇنداق دەپ قويۇۋاتامسىز؟ قاراڭا، ئۇنىڭ تاتىرىپ كەتكىنىنى! ئوغلۇم! ئېدۇئار! گەپ قىلساڭچۇ! چاققانراق دوختۇر چاقىرتىڭلار. ئوغلۇمنى قۇتقۇزۇپ قالسىڭىز نېمىدېسىڭىزمۇ ھەممىنى بېرىمەن!

مونتې - كرىستو ئۇنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن قول ئىشارىسى قىلدى. ئاندىن بىر كىچىك ساندۇقنى ئاچتى ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىن بوگېمىيە ئەينىكىدىن ياسىلىپ، ئۈستىگە ئالتۇندىن نەقىش ئورنىتىلغان بىر كىچىك بوتۇلكىنى چىقاردى - دە،

ئۇنىڭ ئىچىدىكى قانغا ئوخشاش قىپقىزىل سۇيۇقلۇقتىن بالىنىڭ ئاغزىغا تېمىتتى.

تېخىچە تامدەك تاتىرىپ ياتقان بالا دەرھال كۆزىنى ئاچتى. بۇنى كۆرگەن ئانا خۇشاللىقىدىن ئەقلىنى يوقىتىپ قويۇشقا تاس قالدى.

— مەن نەگە كېلىپ قالدىم؟ — دەپ خىتاب قىلدى ئۇ، — شۇنچىلىك دەھشەتلىك ئىشتىن كېيىن بۇنداق بىر بەختكە ئېرىشكەنلىكىم ئۈچۈن كىمگە تەشەككۈر ئېيتىشىم كېرەك؟

— سىز، سىزنى بەختسىزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلىۋاتقان ئادەمنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتىسىز، — دەپ جاۋاب بەردى مونتې - كرىستو.

— ۋاي، مېنىڭ بۇ ھەۋەسىم قۇرۇپ كەتسۇن! — دېدى ئايال، پارىژدىكى ھەممە خەق داڭلار خانىمىنىڭ ئاتلىرىنى ماختاپ يۈرگەچكە، مەنمۇ ئەقىلسىزلىك قىلىپ، شۇ ئاتلار بىلەن سەيلە قىلىپ كۆرمەكچى بوپتىمەن.

— نېمە؟ — دېدى گراف ئۆزىنى ھەيران بولغانغا سېلىپ، — بۇ بارون خانىمىنىڭ ئاتلىرىما؟

— شۇنداق، تەقسىر. سىز ئۇنى تونۇمسىز؟

— داڭلار خانىمىنى دەمسىز؟ مەن ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولغانىدىم. مانا ئەمدى سىزنىڭ بۇ ئاتلار كەلتۈرۈپ چىقارغان خەتەردىن قۇتۇلۇپ قالغانلىقىڭىزغا تېخىمۇ خۇشال بولۇۋاتىمەن. چۈنكى بىرەر يامان ئەھۋال يۈز بەرگەن بولسا، مېنى ئەيىبلىشىڭىز مۇمكىن ئىدى. بۇ ئاتلارنى مەن تۈنۈگۈن باروندىن سېتىۋالغانىدىم، لېكىن بارون خانىم بۇنىڭغا بەك خاپا بولغانلىقتىن، ئۇ ئاتلارنى شۇ كۈنىلا يەنە قايتۇرۇپ بېرىۋەتكەنىدىم.

— ھە، سىز گراف مونتې - كرىستو ئىكەنسىز - دە؟

ئېرمەنىدا سىز توغرۇلۇق ماڭا ناھايىتى كۆپ سۆزلەپ بەرگەنىدى.

— شۇنداق، خانىم، — جاۋاب بەردى گراف.

— مېنىڭ ئىسمىم ئېلويىزا ۋىلفور.

گراف خۇددى ئۆزىگە پۈتۈنلەي ناتونۇش ئادەمنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغاندەك قىياپەت بىلەن تەزىم قىلىپ قويدى.

— ۋىلفور ئەپەندى سىزدىن قانچىلىك مىننەتدار بولۇپ كېتەر-ھە! — سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئېلويىزا، — سىز ئىككى ئادەمنىڭ ھاياتىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدىڭىز ئەمەسمۇ. سىز ئۇنىڭ ئايالى بىلەن ئوغلىغا ئىككىنچى قېتىم ھايات بەردىڭىز. سىزنىڭ ھېلىقى قەيسەر مالىيىڭىز بولمىغان بولسا، بىز ئىككىمىز تۈگەشكەن بولاتتۇق.

— خانىم، سىز يولۇققان خەتەرنى ئويلىسام قورققۇم كېلىۋاتىدۇ.

— بۇ پىداكار كىشىنى مۇناسىپ ھالدا تەقدىرلىشىمگە رۇخسەت قىلارسىز؟

— ياق، ئۇنداق قىلماڭ، — دېدى مونتې-كرىستو. — ئەلىنى ماختاپ ياكى ئۇنىڭغا سوۋغا تەقدىم قىلىپ، ئۇنى يولدىن چىقىرىپ قويماڭ. مەن ئۇنى بۇنداق ئىشلارغا ئادەتلەندۈرۈشنى خالىمايمەن. ئەلى مېنىڭ قۇلۇم. ئۇنىڭ سىزنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغانلىقى ماڭا خىزمەت قىلغانلىق. ماڭا خىزمەت قىلىش بولسا، ئۇنىڭ بۇرچى.

— لېكىن ئۇ جېنىنى تەۋەككۈلگە قويدىغۇ! — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى ۋىلفور خانىم گرافنىڭ بۇنداق قاتتىق تەلەپپۇزىدىن دېمى ئىچىگە چۈشۈپ.

— ئۇنىڭ جېنىنى مەن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان، — دېدى مونتې-كرىستو، — شۇڭا، ئۇنىڭ جېنى ماڭا مەنسۇپ.

ۋىلفور خانىم ئۈن چىقمىدى. بەلكىم ئۇ، بۇ كىشىنىڭ نېمە ئۈچۈن بىر قاراشتىلا باشقىلاردا شۇنچە كۈچلۈك تەسىر قالدۇرىدىغانلىقى ئۈستىدە ئويلىنىپ قالغان بولسا كېرەك.

بۇ قىسقىغىنا سۈكۈت ئىچىدە گراف بالىغا زەن قويۇپ قارىۋالدى. ئانىسى ئۇنى كەينىدىن-كەينى سۆيمەكتە ئىدى. بۇ بالا جۇغى كىچىك ۋە ئاۋاق بولۇپ، تېرىسى خۇددى سېرىق چاچلىق بالىلارنىڭكىدەك ئاپئاق ئىدى. ھالبۇكى، ئۇنىڭ دوقا ماڭلىيىنى يېپىپ تۇرغان چاچلىرى بۇدۇر قىلىشقا مۇمكىن بولمىغۇدەك دەرىجىدە قويۇق ۋە قاپقارا بولۇپ، ئۇنىڭ يۈزىنى ئىككى يېنىدىن ئوراپ كېلىپ، مۈرىسىگىچە چۈشۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆز قاراشلىرى شوخ بولۇپ، بۇ كۆزلەردىن قېنىغا سىڭمەي تۇرغان ئەركىنلىك ۋە بالىلارچە ئاچچىقى يامانلىق چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئاغزى يوغان، لەۋلىرى نېپىز بولۇپ، بۇ لەۋلەرگە تېخى ئەمدىلا يېڭىكىنە قان يۈگۈرۈشكە باشلىغانىدى. بۇ سەككىز ياشلىق بالىنىڭ چىرايىدىن قارىغاندا، ئۇنى كەم دېگەندىمۇ 12 ياشقا كىرگەن دەپ ئويلاشقا بولاتتى. ئۇ ھوشىغا كېلىپ، ئېسىنى يىغىۋالغاندىن كېيىن ئانىسىنىڭ قۇچىقىدىن يۇلقۇنۇپ چىقتى-دە، يۈگۈرۈپ بېرىپ، بايا گراف دورا ئالغان ھېلىقى ساندۇقنى ئاچتى. ئاندىن خىيالىغا كىرىپ قالغان ئىشنى ھېچكىمدىن سوراپ ئولتۇرماستىنلا قىلىۋېرىدىغان بالىلاردەك، بوتۇلكىلارنىڭ ئاغزىلىرىنى ئېچىشقا باشلىدى.

— بۇلارغا تېگىشمىگىن، كىچىك دوستۇم، — ئالدىراپ سۆزلىدى گراف، — بۇ سۇيۇقلۇقلارنىڭ بەزىلىرىنى ئىچىش ئەمەس، ھەتتا پۇراپ قويۇشمۇ خەتەرلىك.

ۋىلفور خانىم تاتىرىپ كەتتى-دە، ئوغلىنى قولىدىن تارتىپ ئۆزىنىڭ يېنىغا ئاپىرىۋالدى ھەمدە كۆڭلى ئارامىغا چۈشكەندىن كېيىن مەنىلىك كۆزلىرى بىلەن ساندۇققا ئىتتىكلا

بىر قاراپ قويدى. ئۇنىڭ بۇ قارىشى گرافنىڭ كۆزلىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى.

بۇ چاغدا ئەلى كىرىپ كەلدى.

ۋىلفور خانىم ئۇنىڭغا سۆيۈنگەن هالدا قارىدى ۋە ئوغلىنى تېخىمۇ چىڭراق قۇچاقلىدى.

— ئېدۇئار، — دېدى ئۇ، — بۇ ياخشى خىزمەتكارغا قارىغىنا. ئۇ بەك باتۇر ئىكەن. ئۇ جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ تۇرۇپ بىزنىڭ ئۈركۈپ كەتكەن ئاتلىرىمىز بىلەن پاچاقلىنىپ كېتىشكە ئاز قالغان پەيتۇنىمىزنى توختىتىۋالدى. ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتقىن. ئۇ بولمىغان بولسا، بىز ئىككىمىز ساق قالماسلىقىمىز مۇمكىن ئىدى.

بالا ئاغزىنى پۈرۈشتۈرۈپ، يىرگىنىش بىلەن تەتۈر قارىۋالدى.

— نېمىدېگەن سەت، بىر نېمە بۇ! — دېدى ئۇ.

گراف خۇددى بۇ بالائۇنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان ئىش قىلغاندەك، ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قويدى. ۋىلفور خانىم ئوغلىغا كايىپ قويدى، لېكىن ئۇ شۇنداق يۇمشاق كايىدىكى، بۇنىڭ هېچقانداق تەسىرى بولمايدىغانلىقى ئېنىق ئىدى.

— كۆردۈڭمۇ، — دېدى گراف ئەلىگە ئەرەبچە سۆزلەپ، — سەن ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغانلىقىڭ ئۈچۈن بۇ خانىم ئوغلىنى ساڭا رەھمەت ئېيتىشقا ئۈندىگەنىدى. بۇ بالا سېنى بەك سەت ئىكەن دەيدۇ.

ئەلى چىرايىنى ئۆزگەرتمەستىن، زېرەك كۆزلىرى بىلەن بالىغا قاراپ قويدى. لېكىن مونتې - كرىستو ئۇنىڭ بۇرۇن تۆشۈكلىرىنىڭ كېڭىيىپ كەتكەنلىكىدىن بۇ ئەرەبنىڭ دىلىغا ئازار يەتكەنلىكىنى سەزدى.

— گراف، — دېدى ۋىلفور خانىم قايتىش ئۈچۈن ئورنىدىن

تۇرۇپ، — سىز هەمىشە مۇشۇ ئۆيدە تۇرامسىز؟

— يوقسۇ، خانىم، — دېدى گراف، — بۇ يەرگە ئارىلاپ-ئارىلاپ كېلىپ قويىمەن. مەن هازىر يېلىسەي كوچىسىدىكى ئوتتۇزىنچى ئۆيدە تۇرۇۋاتىمەن. هە، قايتماقچى بولۇۋاتقىنىڭىزغا قارىغاندا ئوڭشىلىپ قالغان ئوخشايسىز. ئاتلىرىڭىزنى مېنىڭ پەيتۇنۇمغا قوشۇشنى ئېيتىپ قويغانىدىم. ئەلى دېگەن بۇ سەت ئادەم، — دېدى ئۇ بالىغا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ، — سىلەرنى ئۆيىڭلارغا يەتكۈزۈپ قويىدۇ. سىلەرنىڭ هارۋىكەشىڭلار بۇ يەردە قېلىپ، پەيتۇننىڭ بۇزۇلغان جايلىرىنى ئوڭشىۋالسۇن. ئۇ ئىشنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن پەيتۇنغا مېنىڭ ئاتلىرىمدىن ئىككىنى قوشۇپ ئۇدۇل دانگلار خانىمنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرىدۇ.

— لېكىن مەن بۇ ئاتلار قوشۇلغان پەيتۇنغا ئولتۇرۇشقا هەرگىزمۇ جۈرئەت قىلالمايمەن، — دېدى ۋىلفور خانىم.

— قورقماڭ، — دېدى مونتې - كرىستو ئۇنىڭغا، — بۇ ئاتلار ئەلىنىڭ قولىغا چۈشكەندە خۇددى قوزىچاقلاردەك ياۋاش بولۇپ قالىدۇ.

بۇ ئارىدا ئەلى ئاتلارنىڭ يېنىغا كەلدى. ئاتلارنى تەسلىكتە ئورنىدىن تۇرغۇزۇشتى. ئەلى، ئاغزىلىرى كۆپۈكلىنىپ، تېنى تەرگە چۆمگەن ئاتلارنىڭ تۇمشۇق ۋە قاپاقلىرىنى پۇراقلىق سىركىگە چىلانغان چېپتا بىلەن سۈرتۈپ چىقتى. ئاتلار ئۈنلۈك پۇرقۇشقا باشلىدى ۋە بىر نەچچە سېكۇنتقىچە غال - غال تىترەپ تۇردى.

ئاندىن، زەخمىلەنگەن پەيتۇننى كۆرۈپ توختىغان ۋە بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ تاماشا كۆرۈش ئۈچۈن ئۆي ئالدىغا يىغىلىپ توپلىنىپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا ئەلى بۇ ئاتلارنى گرافنىڭ پەيتۇنىغا قوشتى ۋە تىزگىنىنى قولىغا ئېلىپ، پەيتۇننىڭ هارۋىكەش ئورۇندۇقىغا چىقىپ ئولتۇردى. بۇ ئاتلارنىڭ بايا قۇيۇندەك ئۇچۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن كىشىلەر هەيرەت ئىچىدە قېلىشتى، چۈنكى ئەلى بۇ ئاتلارنى ئورنىدىن قوزغىتىش

ئۈچۈن قامچا بىلەن ھەدەپ ساۋاشقا باشلىدى. كالۋالىنىشىپ، ماغدۇرسىزلىنىپ ھېچ ھالى قالمىغان بۇ داغلىق كۆلرەڭ ئاتلار پۇتلىرىنى ئاران سۆرەپ بولار — بولماس يورغىلاپ ماڭدى. ۋېلفور خانىم ئۆزىنىڭ سېنت ئونورېدىكى ئۆيىگە ئىككى سائەتچە ۋاقىت ئۆتكەندە ئاران يېتىپ بارالىدى.

ئۇ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، ئائىلە ئىچىدىكى دەسلەپكى ئەنسىزچىلىكلەر بېسىقتاندىن كېيىن دانگلار خانىمغا تۆۋەندىكى خەتنى يازدى:

«قەدىرلىك ئېرمىنا!»

بايا ئوغلۇم بىلەن ئىككىمىزنى ھېلىقى گراف مونتې — كرىستو گويا مۆجىزە كۆرسىتىپ ئۆلۈمدىن قۇتقۇلدۇرۇپ قالدى. تۈنۈگۈن ئاخشام سىز بىلەن ئىككىمىز ئۇ توغرۇلۇق شۇنچە ئۇزاق سۆزلەشكەندۇق، لېكىن ئۇنى بۈگۈن ئۇچرىتىپ قېلىشىمنى زادى ئويلىمىغان ئىكەنمەن. سىز تۈنۈگۈن ئۇ توغرۇلۇق شۇنچە زوقلىنىپ سۆزلىگەندە مەن سىزنى بولۇشىچە شاڭخو قىلىپ كۈلگەنىدىم. بىراق بۈگۈن شۇنداق پىكىرگە كەلدىمكى، سىزنىڭ زوقلىنىشىڭىز ئۇ كىشىگە باھا بېرىشكە تېخى بەكمۇ كەملىك قىلىدىكەن. رانېلاگ كوچىسىغا كەلگەندە بىزنىڭ ئاتلىرىمىز ئاپقىچىپ كەتتى. پەيتون بىرەر دەرەخ ياكى تاشقا سوقۇلۇپ كەتسىلا بىزنىڭ ھالاك بولۇشىمىز تۇرغان گەپ ئىدى. ئۇشتۇمتۇت قانداقتۇر بىر ئەرەبمۇ ياكى نېگىرمۇ، نۇبىمۇ ئىش قىلىپ بىر قارا تەنلىك ئادەم، گرافنىڭ مالىيى ئۆز جېنىنى تەۋەككۈلگە قويۇپ، چېپىپ كېتىۋاتقان ئاتلارنى توختىتىۋالدى. قارىغاندا، ئۇ، بۇ ئىشنى گرافنىڭ بۇيرۇقى بويىچە قىلغاندەك كۆرۈنىدۇ. دەرۋەقە، ئۇنىڭ ساق قالغانلىقىغا ھەيرانمەن.

شۇ ئارىدا گراف ئۆلگۈرۈپ كېلىپ، بىزنى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كىردى ۋە مېنىڭ ئېدۇئارىمنى ھوشىغا كەلتۈردى. بىزنى گرافنىڭ پەيتونىدا ئۆيىمىزگە ئەكېلىپ قويۇشتى. سىزنىڭ پەيتونىڭىزنى ئەتىلىككە ئاپىرىپ بېرىشىدۇ. سىزنىڭ ئاتلىرىڭىز بۇ بەختسىز ھادىسىدىن كېيىن بەك ماغدۇرسىزلىنىپ، روھسىزلىنىپ كەتتى. ئۇلار گوياكى ئۆزلىرىنى بىر ئادەمنىڭ تىزگىنلىۋالغانلىقىدىن رازى بولمىغاندەكلا كۆرۈنىدۇ. گرافنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار ئىككى كۈنگىچە ئارپا بىلەن بېقىلىپ، ئاتخانىدىن چىقىرىلمىسا، تۈنۈگۈنكىدەك جۇشقۇنلۇق، يەنى قورقۇنچلۇق ھالىتى ئەسلىگە كېلىدىكەن.

خەير — خوش! بۇ قېتىمقى ساياھىتىم ئۈچۈن سىزگە تەشەككۈر ئىزھار قىلالمايمەن. شۇنداقتىمۇ، ئاتلىرىڭىزنىڭ مۇنداق كەپسىزلىكىدىن سىزگە خاپا بولمايمەن، چۈنكى ئاتلىرىڭىزنىڭ ئەنە شۇنداق كەپسىزلىكى تۈپەيلىدىن مەن گراف مونتې — كرىستو بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. ھالبۇكى، بۇ دۆلەتمەن چەتئەللىك، ئۇنىڭ مىليونلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندىمۇ، ماڭا بىر ئاجايىپ، قىزىقارلىق تېپىشماقتەك تۇيۇلىدۇ. مەن بۇ تېپىشماقنى تېپىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچۈمنى سەرپ قىلىمەن، ھەتتا سىزنىڭ ئاتلىرىڭىز بىلەن بۇلون ئورمانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئايلىنىپ كېلىشكىمۇ رازىمەن.

ئېدۇئار بۇ ھادىسە جەريانىدا كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك باتۇرلۇق كۆرسەتتى. توغرا، ئۇ ھوشىدىن كەتتى، لېكىن ئۇنىڭدىن ئىلگىرى بىر قېتىممۇ ۋارقىراپ سالمىدى. كۆزىدىن بىر تامچىمۇ ياش تۆكۈلمىدى. سىز بەلكىم مېنى يەنە ئانىلىق مېھرىگە بېرىلىپ كەتتى دېيىشىڭىز مۇمكىن، ئەمما ئوغلۇمنىڭ كىچىككىنە، ئاجىز تېنىدە پولاتتەك ئىرادە يوشۇرۇنغان.

ۋالېنتىنا سىزنىڭ سۆيۈملۈك ئېرىڭىزگە يالقۇنلۇق سالام يوللايدۇ، مەن سىزنى چىن يۈرىكىمدىن سۆيىمەن.

ئېلويىزا ۋىلغور.

ئۆيىڭىزدە بۇ گراف مونتىپ-كرىستو بىلەن كۆرۈشۈشكە بىر شارائىت يارىتىپ بەرسىڭىز. ئۇنى يەنە بىر قېتىم كۆرگۈم بار. مەن ۋىلفور ئەپەندىنى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىشكە ماقۇل كەلتۈردۈم، ئەمدى ئۇمۇ بىزنىڭ ئۆيىمىزگە كېلەر دېگەن ئۈمىدىم بار».

شۇكۈنى ئاخشىمى ئوتېلدە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقە ھەققىدىكى گەپ-سۆزلەر ھەممە جايغا تارقالدى. ئالبېر بۇ ھەقتە ئانىسىغا سۆزلەپ بەردى. شاتو-رېنو ژوكېي كۇلۇبتا، دېبرېي مىنىستىرلار مېھمانخانىسىدا بۇ ھەقتە سۆزلەشتى. ھەتتا بوشانمۇ گرافقا دىققەت-ئېتىبارىنى بېرىپ، گېزىتىنىڭ ۋەقەلەر بۆلۈمىسىگە 20 قۇر خەۋەر يازدى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ ئالىيجاناب چەتئەللىك يۇقىرى تەبىقە ئاياللىرىنىڭ نەزىرىدە بىر قەھرىمانغا ئايلاندى. نۇرغۇن ئاياللار ۋىلفور خانىمغا ئۆزلىرىنىڭ كارتوچكىلىرىنى قالدۇرۇشتى ۋە بۇ ئادەتتىن تاشقىرى ۋەقەنى ئۇنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلاش ئۈچۈن پۇرسەت بولسىلا يەنە كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىشتى.

ۋىلفور ئەپەندى بولسا، ئېلويىزانىڭ يازغىنىدەك، قارا كالتە چاپىنىنى، ئاق پەلېيىنى كىيدى ۋە مالايلىرىنىمۇ ئەڭ ياخشى كىيىملەر بىلەن ياساندۇرۇپ، ئۆزىنىڭ بايراملىق پەيتونىغا ئولتۇردى-دە، شۇ ئاخشىملا يېلىسەي كوچىسىدىكى 30-ئۆيگە باردى.

ئون سەككىزىنچى باب

پەلسەپە

ئەگەر گراف مونتىپ-كرىستو پارىژ جامائەتچىلىكىگە كۆپرەك ئارىلاشقان بولسا، ۋىلفور ئەپەندىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئالاھىدە باھالىغان بولاتتى. كونا پادىشاھ بولسۇن ياكى يېڭى پادىشاھ بولسۇن، باش ۋەزىر مەيلى ئەقىدىپەرەست، لىبېرال ياكى مۇتەئەسسىپ بولسۇن، ئىش قىلىپ، ھەرقانداق شارائىتتا ۋىلفور ئەپەندى ساراي ئىچىدە ئىناۋەتكە ئىگە بولاتتى، ھەممە كىشى ئۇنى ئىختىساسلىق ئادەم دەپ ھېسابلايتتى. كىشىلەر ئادەتتە ھېچقانداق ئەھۋال ئاستىدىمۇ سىياسىي جەھەتتىن مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچرىمايدىغان ئادەملەرگە شۇنداق باھا بېرىدۇ. كۆپ كىشىلەر ئۇنىڭغا ئۆچ بولسىمۇ، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر ئۇنى قەتئىي ھىمايە قىلاتتى، لېكىن ھېچقانداق ئادەم ئۇنى ياخشى كۆرمەيتتى. سوت مەھكىمىسىدە ۋىلفور يۇقىرى دەرىجىلىك مەرتىۋىنى ئىگىلىگەن بولۇپ، بۇ مەنسەپتە خۇددى ئارلە ياكى مولېگە ① ئوخشاش مەزمۇت ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئائىلىسى، ياش ئايالى ۋە دەسلەپكى نىكاھىدىن بولغان 18 ياشلىق قىزى بولغانلىقتىن خېلى كۆڭۈللۈك بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئەنئەنىۋى ئادەتلەر ۋە دىنىي ئەقىدىلەر ھۆكۈم سۈرىدىغان قاتتىق ئىنتىزاملىق پارىژ ئائىلىلىرىدىن بىرى ئىدى. ۋىلفور ئەپەندىنىڭ شەخسىي ۋە ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ كۆز بىلەن كۆرۈشكە بولىدىغان ئالاھىدىلىكى—

---

① XVII ئەسىردىكى پارىژ پارلامېنتىنىڭ رەئىسلىرى.

سوغۇق تۇزۇتچانلىق، ھۆكۈمەت پرىنسىپلىرىغا ساداقەتلىك، نەزەرىيە ۋە نەزەرىيىچىلەرگە پىسەنت قىلماسلىق، ھەرقانداق پەلسەپۋى پىكىرلەرگە ئۆچمەنلىك بىلەن قاراشتىن ئىبارەت ئىدى. ۋىلفور سوت خادىمى بولۇش بىلەنلا قالماي، شۇنداقلا دىپلومات ئىدى. ئۇنىڭ سابىق سارايغا بولغان مۇناسىۋەتتىگە قاراپ، ھازىرقى سارايمۇ ئۇنى ئەتىۋارلايتتى، چۈنكى ئۇ ھەممىشە سابىق سارايىنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىپ سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ بىلىدىغىنى شۇنچە كۆپ ئىدىكى، ساراي ئەھلى ئۇنى ئەتىۋارلاش بىلەنلا قالماستىن، ھەتتا بەزى چاغلاردا ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورايتتى. ئېھتىمال، ۋىلفوردىن قۇتۇلۇش ئىمكانىيىتى بولسا ھەممە ئىشلار بۇنىڭ ئەكسىچە بولار ئىدى. ھالبۇكى، ئۇ خۇددى ئۆز ھۆكۈمدارىغا بويسۇنمايدىغان فېئودال بەگكە ئوخشاش يىمىرىلمەس قەلئە ئىچىگە كىرىپ بېكىنىۋالغانىدى. بۇ قەلئە ئۇنىڭ خانلىق مۇپەتتىشلىك ئورنىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئورۇندىن پايدىلىنىشقا ئۇ بەكمۇ ئۇستا ئىدى. ئۇ پەقەت پارلامېنت ۋەكىلىنىڭ سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن ئەھۋال ئاستىدىلا بۇ ئورۇننى بوشىتىپ بېرىشى مۇمكىن ئىدى. شۇنداق بولغاندا ئۇ ئۆزىنىڭ بىتەرەپلىكىنى ئۆزگەرتىپ، ئۆكتىچىلەر تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەن بولاتتى.

ئادەتتە ۋىلفورنىڭ مېھمانغا بېرىشىمۇ، مېھمان چاقىرىشىمۇ كەم كۆرۈلىدىغان ئىش ئىدى. بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا ۋەكالىتەن خوتۇنى بېجىرەتتى. كىشىلەر بۇنىڭغا كۆنۈپ قالغان بولۇپ، بۇنى سوتچىنىڭ ئىشى كۆپ، ۋەزىپىسى ئېغىر بولغانلىقتىن دەپ چۈشىنەتتى. ئەمەلىيەتتە بولسا، بۇ ئۇنىڭ مەقسەتلىك ھالدا ئۆزىنى چوڭ تۇتقانلىقى ۋە ئاقسۆڭەكلىكىنى ئالاھىدە نامايان قىلغانلىقى بولۇپ، «ئۆزۈڭنى ھۆرمەت قىلدۇرغانلىقىڭنى ئىپادىلىسەڭ، باشقىلارمۇ سېنى ھۆرمەت قىلىدىغان بولىدۇ» دېگەن قائىدىگە ئەمەل قىلغانلىق ئىدى. بۇ قائىدە بىز ياشاۋاتقان دۇنيادا گرېكلارنىڭ

«ئۆزۈڭنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىڭنى بىل» دېگىنىگە قارىغاندا خېلى پايدىلىق. گرېكلارنىڭ بۇ ھېكمەتلىك سۆزى ھازىر ئانچە قىيىنغا توختىمايدىغان ۋە پايدىسى كۆپ بولغان «باشقىلارنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىش» تىن ئىبارەت ھۆنەرگە ئالماشتۇرۇلدى. ۋىلفور ئۆز دوستلىرىغا قۇدرەتلىك ھىمايىچى، ئۆزى ئۆچ كۆرىدىغان كىشىلەرگە مەخپىي، ئەمما ئۆلگىچە قېرىشىدىغان رەقىب ئىدى. خالىس كىشىلەرگە قارىتا ئۇ تىرىك ئادەم بولۇشتىن كۆرە، قانۇننىڭ ھەيكىلى ئىدى. قىياپىتى تەكەببۇرانە، چىرايى ھېسسىياتسىز، كۆزلىرى بەزىدە جانسىز، خۇنۇك ۋە بەزىدە تەپ تارتماستىن نەشتەردەك قادىلىپ سىنچىلاپ قارايدىغان بۇ ئادەمنىڭ مەرتىۋە ئاساسى ئارقا - ئارقىدىن كەلگەن تۆت قېتىملىق ئىنقىلابتا ئورنىتىلغان ۋە ئاندىن مۇستەھكەملەنگەنىدى. ۋىلفورنىڭ فرانسىيە بويىچە ھېچنېمىگە ھەۋەس قىلمايدىغان ۋە كىشىلەرگە يېقىنلاشمايدىغان ئادەم دەپ داڭقى چىققانىدى. ئۇ ھەر يىلى بىر قېتىم تانسا كېچىلىكى ئۇيۇشتۇراتتى، لېكىن تانسا سورۇنىدا ئۆزى پەقەت چارەك سائەتلا كۆرۈنۈپ قالاتتى. يەنى ئۇنىڭ تانسىغا قاتنىشىش ۋاقتى پادىشاھنىڭ ساراي بەزمىلىرىگە قاتنىشىش ۋاقتىدىن 45 مىنۇت كەم بولاتتى. ئۇ ھېچقانداق ۋاقىتتا تىياتىر، كونسېرتلارغا قىسقىسى، ھېچقانداق جامائەت سورۇنلىرىغا بارمايتتى. ئۇ گايىگايىدا بىرەر قول قارتا ئويناپ قوياتتى ۋە بۇنداق چاغلاردا ئۆزىگە مۇناسىپ چۆپقەت تاللاشقا دىققەت قىلاتتى. ئۇنىڭ قارتا ئويناشقا تاللىغان ئادەملىرى بىرەر ئەلچى، باش روھانىي، كىنەز، بىرەر زوڭتۇڭ ياكى بىرەر تۇل قالغان گېرتسوگ خانىمدىن ئىبارەت بولاتتى.

گراف مونتې - كرىستونىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا پەيتۇنىسىنى توختاتقان كىشى ئەنە شۇنداق بىر شەخس ئىدى.

گراف يوغان شىره ئۈستىگە ئېڭىشىپ، خەرىتىدىكى پېتېربۇرگدىن جۇڭگوغا بارىدىغان يوللارنى كۆرۈۋاتقاندا غوجىدار كىرىپ، ۋىلفور ئەپەندىنىڭ كەلگەنلىك خەۋىرىنى يەتكۈزدى.

خانلىق مۇپەتتىش خۇددى سوت زالىغا كىرگەندەك سالاپەتلىك بىلەن تەكشى قەدەم تاشلاپ كىرىپ كەلدى. بۇ، بىر چاغلاردا مارسېلدا مۇپەتتىشنىڭ ياردەمچىسى بولغان كىشىنىڭ نەق ئۆزى ياكى توغرىراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ داۋامى ئىدى. ھەرقانداق ۋاقىتتا ئىزچىللىق بىلەن داۋاملىشىدىغان تەبىئەت بۇ كىشىنى ئۆزگەرتىش جەريانىدىمۇ ئۆزىنىڭ ئىزچىللىقىنى ئۆزگەرتمىگەنىدى. ئۇ ئەسلىدىكى ئورۇقلۇقتىن ئاۋاقلىققا، ئەسلىدىكى ئاقلىقتىن سېرىقلىققا ئۆزگەرگەنىدى. ئۇنىڭ چوڭقۇر كۆزلىرى تېخىمۇ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن بولۇپ، ئالتۇن گىرۋەكلىك كۆزەينەكنىڭ ئوي قاپاقلىرىغا قوشۇلۇپ، خۇددى يۈزىنىڭ بىر قىسمىدەك كۆرۈنەتتى. ئاق گالستۇكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇستىبېشىدىكى كىيىم-كېچەكنىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي قاپقارا بولۇپ، ئۇنىڭ ئىزمىسىدىكى خۇددى موي قەلەم بىلەن سىزىپ قويۇلغان قان دېغىدەك ئاران كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان قىزىل رەڭلىك مېدال لېنتىسىلا بۇ ماتەملىك رەڭنى بۇزۇپ تۇراتتى.

مونتې-كرىستو ئۆزىنى ھەر قانچە تۇتۇۋالغان بولسىمۇ، مۇپەتتىشنىڭ تەزىمىغا جاۋاب قايتۇرۇۋېتىپ، يوشۇرۇپ بولمايدىغان قىزىقىش بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ قويدى. ۋىلفور بولسا، ئۆز ئادىتى بويىچە ھېچقانداق ئادەمگە ئىشەنمەيدىغان ۋە ئىنسانلار تۇرمۇشىدىكى كارامەتلەرگە قارىغۇلارچە زوقلانمايدىغان بولغاچقا، بۇ ئالىيجاناب چەت ئەللىككە (كىشىلەر مونتې-كرىستونى شۇنداق دەپ ئاتىشىۋالغانىدى).

خۇددى بىر يېڭى پائالىيەت سەھنىسىگە چىقىۋالغان تەۋەككۈلچىنى ياكى بىر قېچىپ كەتكەن جىنايەتچىنى كۆرگەندەك قىلىپ قارىدىكى، ھەرگىزمۇ پاپانىڭ تەختىگە چىققان كىنەزنى ياكى «مىڭ بىر كېچە» دىكى سۇلتاننى كۆرگەندەك قارىمىدى.

— مۆھتەرەم ئەپەندى،— دېدى ۋىلفور، مۇپەتتىشلەر ناتىقلىق قىلىپ ئۇتتۇق سۆزلىگەندە ئىشلىتىدىغان ۋە ئادەتتىكى سۆھبەتلەردىمۇ ئۆزگەرتمەيدىغان ياكى ئۆزگەرتىشنى خالىمايدىغان تەلەپپۇز بىلەن،— تۈنۈگۈن سىز مېنىڭ ئايالىم بىلەن ئوغلۇمغا پەۋقۇلئاددە زور ياردەم كۆرسىتىپسىز. شۇڭا، سىزگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش مەجبۇرىيىتىم بار. مانا ھازىر ئاشۇ مەجبۇرىيىتىمنى ئادا قىلىپ، سىزگە رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن كەلدىم.

بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا ۋىلفورنىڭ سوغۇق كۆزلىرىدىن ھەر دائىمقىدەك تەكەببۇرلۇق چىقىپ تۇراتتى. ئۇ بويۇن ۋە مۈرىلىرىنى مىدىر-سىدىر قىلماستىن، قېتىپ قالغاندەك تۇرۇپ، ئۆزى ئادەتلىنىپ كەتكەن باش مۇپەتتىشلىك ئاھاڭى بىلەن سۆزلىدى. ئۇ مۇشۇنداق سۆزلىگەندە بىر قىسىم خۇشامەتگويلار ئۇنى قانۇننىڭ تىرىك ھەيكىلى دەپ تەرىپلىشەتتى.

— مۆھتەرەم ئەپەندى،— دېدى گرافمۇ خۇددى شۇنداقلا توڭ تېگىپ،— بىر ئانىغا ئۇنىڭ بالىسىنى قۇتۇلدۇرۇپ بېرەلىگەنلىكىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلىمەن، چۈنكى ھەرقانداق ھېس-تۇيغۇلار ئىچىدە ئانا مۇھەببىتى ئەڭ مۇقەددەس دېگەن گەپ بار. ماڭا نېسىپ بولغان بۇ بەخت سىزنى ئۆزىڭىز ئېيتقان مەجبۇرىيەتتىن خالاس قىلىدۇ. بۇ مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشىڭىز مېنىڭ يۈز-خاتىرەمنى قىلغانلىق بولاتتى. مەنغۇ ئۆزۈمنىڭ يۈز-خاتىرەمنى ھەممىدىن بەكرەك قەدىرلەيمەن. لېكىن، بىلىشىمچە، ۋىلفور ئەپەندى يۈز-خاتىرىسىنى

قىلىدىغانلار ئانچە كۆپ ئەمەس. ھالبۇكى، مەن ئۆز شەلىمنى ھەرقانچە ئۈستۈن قويسام مۇ، مېنىڭ نەزەرىمدە ئۇ يەنىلا تەلىمدىكى ئۆز ئىشىمدىن رازى بولۇش تۇيغۇسىغا يېتەلمەيدۇ.

ۋىلفور بۇ كۈتۈلمىگەن گەپ - سۆزلەردىن ھەيرەت ئىچىدە قالدى ھەمدە خۇددى ساۋۇت ئۈستىدىن ئۇرۇلغان زەربىنى سەزگەن ئەسكەردەك سەسكىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ كالپۇكلىرىدا مەنسىتمەسلىك بىلەن كۈلۈمسىرىگەندەك بىر خىل ئالامەت پەيدا بولۇپ، گراف مونتې - كرىستونى ھەرگىزمۇ ئالاھىدە ئىززىتىنى قىلىشقا تېگىشلىك كىشى دەپ قارىمايدىغانلىقى ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ، ئۈزۈلۈپ قالغان سۆھبەتنى قايتىدىن باشلاش ئۈچۈن باشقا تېما ئىزدەپ، ئۆي ئىچىگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى ھەمدە ئۆزى كىرىپ كەلگەن چاغدا مونتې - كرىستو مەشغۇل بولۇپ ئولتۇرغان ھېلىقى خەرىتىگە كۆزى چۈشتى.

— سىز جۇغراپىيىگە ھەۋەس قىلامسىز؟— دەپ سورىدى ئۇ،— بولۇپمۇ سىزگە قارىتا ئېيتقاندا، بۇنىڭ زۆرۈرىيىتى چوڭ. ئاڭلىشىمچە، سىز مۇشۇ خەرىتىگە قانچە دۆلەت چۈشۈرۈلگەن بولسا، ھەممىسىنى كۆرۈپ چىققان ئىكەنسىز.

— شۇنداق،— دېدى گراف،— سىز ھەر كۈنى ئايرىم كىشىلەرنى تەكشۈرۈش بىلەن شۇغۇللىنىسىز، مەن بولسام، پۈتۈن ئىنسانىيەتنى تەتقىق قىلىشقا تىرىشىمەن. مېنىڭچە، قىسمەنلىكتىن پۈتۈنلۈككە ئۆتۈشكە قارىغاندا، پۈتۈنلۈكتىن قىسمەنلىككە ئۆتۈش ئاسانراق بولىدۇ. ئالگېبرالىق ئاكسىيومىدا مەلۇم ساندىن نامەلۇم ساننى چىقىرىش تەلەپ قىلىنىدۇكى، ھەرگىز نامەلۇم ساندىن مەلۇم ساننى چىقىرىش تەلەپ قىلىنمايدۇ... ھە، قېنى. ئولتۇرۇڭ.

مونتې - كرىستو قول ئىشارىسى قىلىپ، بىر كرېسلونى كۆرسەتتى. خانلىق مۇپەتتىش بۇ كرېسلونى ئۆز قولى بىلەن شىرەنىڭ يېنىغا سۈرۈپ كېلىپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. گراف

بولسا، ئۆزىنىڭ يېنىدا تۇرغان كرېسلوغا ئۆزىنى تاشلىدى. ئۇ ۋىلفور كىرگەن چاغدا بۇ كرېسلوغا بىر پۇتى بىلەن تىزلىنىپ تۇرغانىدى. شۇنداق قىلىپ. گراف مېھمانغا يانچە بولۇپ، دېرىزىگە ئارقىسىنى قىلىپ ۋە ھېلىقى خەرىتىگە جەينەكلىرىنى قويۇپ ئولتۇردى. سۆھبەت، شارائىتنى ھېسابقا ئالماي، سۆھبەتداشلارنىڭ روھىي قىياپىتىدىن ئېيتقاندا، مورسېر ۋە دانگلارلارنىڭ ئۆيلىرىدىكىگە ئوخشاش تۇس ئېلىشقا باشلىدى.

ۋىلفور خۇددى خەتەرلىك رەقىبكە دۇچ كەلگەن تەنھەرىكەتچى ئۆز كۈچىگە دەڭ سېلىۋاتقاندەك، بىرپەسكىچە جىم تۇرغاندىن كېيىن يەنە سۆز باشلىدى:

— ھە، سىز پەيلاسوپلۇق قىلىۋاتىسىز. راستىنى ئېيتقاندا، ئەگەر مېنىڭمۇ سىزگە ئوخشاش قىلىدىغان ئىشىم بولمىسا، بۇنىڭدىن كۆڭۈللۈكرەك بىرەر ئىش بىلەن شۇغۇللانغان بولاتتىم.

— ئېيتقىنىڭىز توغرا،— دېدى مونتې - كرىستو،— ئادەمنىڭ قىياپىتىنى قۇياش نۇرى ئاستىدا كۆزەتسىڭىز، بۇ قىياپەت خېلىلا يېقىمسىز كۆرۈنىدۇ. ھە، سىز مېنى قىلىدىغان ئىشى يوق ئادەم دېدىڭىزما؟ ئەمىسە، سىزنىڭ قىلىدىغان ئىشىڭىز بارمۇ؟ باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، سىز ئۆزىڭىزنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭىزنى ئىش دەپ ھېسابلامسىز؟

بۇ غەلىتە رەقىبنىڭ بۇنداق كەسكىن گەپ ياندۇرۇشىدىن ۋىلفورنىڭ ئەجەبلىنىشى ھەسسىلەپ ئاشتى. مۇپەتتىش ئۇزۇندىن بۇيان بۇنداق يۈرەكلىك ئېيتىلغان قارشى پىكىرنى ئاڭلاپ باقمىغانىدى ياكى توغرىراق ئېيتقاندا، بۇنداق پىكىرنى ئۇنىڭ بىرىنچى قېتىم ئاڭلىشى ئىدى. خانلىق مۇپەتتىش جاۋاب قايتۇرۇشنى لايىق تاپتى.

— سىز چەت ئەللىك،— دېدى ئۇ،— بايا ئۆزىڭىز ھاياتىڭىزنىڭ بىر قىسمىنى شەرق ئەللىرىدە ئۆتكۈزگەنلىكىڭىزنى

ئېيتقانىدىڭىز. شۇنىڭ ئۈچۈن سىز بىزنىڭ مەملىكىتىمىزدىكى ئادىل سوتنىڭ قانچىلىك ئېھتىياتچانلىق بىلەن تەرتىپلىك ھالدا ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى بىلمەيسىز، چۈنكى مەدەنىيەتسىز ئەللەردە ئىنسانلارنىڭ سوتلاش ئىشلىرى ناھايىتى قارامىلىق بىلەن ئىشلىنىدۇ.

— يوقسۇ، يوقسۇ. مەن بۇنىڭ ھەممىسىنى بىلىمەن، چۈنكى مەن ھەرقايسى ئەللەرنىڭ سوت ئىشلىرىنى ھەممىدىن بەكرەك قىزىقىپ تەكشۈرگەن. مەن يەنە ھەر بىر مىللەتنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنلىرى بىلەن تەبىئىي جازانى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلغان. شۇنداق دەپ ئېيتالايمەنكى، ئىپتىدائىي خەلقلەرنىڭ قانۇنى، يەنى قىساس قانۇنى خۇدانىڭ ئىرادىسىگە ھەممىدىن بەكرەك ئۇيغۇن كېلىدۇ.

— ئەگەر شۇ قانۇن يولغا قويۇلىدىغان بولسا،— دېدى خانلىق مۇپەتتىش،— بىزنىڭ جازا قانۇنلىرىمىز بەكمۇ ئاددىيلىشىپ كەتكەن بولاتتى. شۇنداق بولغاندا، سىز ئېيتقاندەك، بىزنىڭ سوتچىلىرىمىزنىڭ قىلىدىغان ئىشى قالمايدۇ.

— شۇنداق بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن،— دېدى مونتې - كرىستو،— ئۆزىڭىز بىلىسىزغۇ، ئىنسانلارنىڭ كەشپىياتلىرى مۇرەككەپلىكتىن ئاددىيلىققا ئۆتىدۇ. ئاددىي نەرسە ھامان مۇكەممەل بولىدۇ.

— ھالبۇكى،— دېدى مۇپەتتىش،— ھازىرچە بىزنىڭ قانۇنلىرىمىز مەۋجۇت. بۇ قانۇنلارنىڭ زىددىيەتلىك ماددىلىرى گاللارنىڭ رەسمىي - قائىدىلىرىدىن، رىم قانۇنىدىن، فرانكلارنىڭ ئەنئەنىلىرىدىن ئېلىپ تۈزۈلگەن. شۇنىڭغا ئىقرار بولۇشىڭىز لازىمكى، بۇ قانۇنلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆگىنىپ چىقىش ئانچە ئاسان ئەمەس. بۇ بىلىمنى ئىگىلەش ئۈچۈن ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمگەك تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ بىلىمنى ئىگىلىگەندىن كېيىن،

يۇنى ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۈچۈن زور ئەقلىي قابىلىيەت بولۇشى كېرەك.

— مېنىڭ قارىشىممۇ شۇنداق. لېكىن، سىز پەقەت فرانسىيە قانۇنىنىلا بىلىدىكەنسىز. مەن بولسام، ھەممە ئەللەرنىڭ قانۇنلىرىنى بىلىمەن. ئەنگلىيە، تۈركىيە، ياپونىيە، ھىندىستان قانۇنلىرىنى مەن خۇددى فرانسىيە قانۇنلىرىغا ئوخشاشلا پۇختا ئۆگىنىپ چىقتىم. شۇڭا، مېنىڭ بايىقى گېپىم ئورۇنلۇق بولغان. مېنىڭ قىلغان ئىشلىرىمغا نىسبەتەن (ئۆزىڭىز بىلىسىز، دۇنيادا ھەممە نەرسە نىسپىي بولىدۇ) سىزنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭىز بەك ئاز. مېنىڭ ئۆگەنگەنلىرىمگە سېلىشتۇرغاندا، سىز تېخى يەنە كۆپ ئۆگىنىشىڭىز بولىدۇ.

— بىراق، سىز بۇلارنى نېمە ئۈچۈن ئۆگەندىڭىز؟— ھەيران بولۇپ سورىدى ۋىلفور.

مونتې - كرىستو كۈلۈپ قويدى.

— بىلەمسىز،— دېدى ئۇ،— سىزنىڭ ئالاھىدە ئادەم دېگەن شۆھرىتىڭىز بولسىمۇ، مەسىلىگە جەمئىيەتنىڭ نۇقتىئىنەزەرى بويىچە ماددىغا ئاساسلانغان ئادەتتىكى كۆز قاراش بىلەن قارايدىكەنسىز. بۇنداق نۇقتىئىنەزەر ئىنساندىن باشلىنىپ، ئىنسان بىلەن ئاياغلىشىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، سىز مەسىلىگە ئىنسان ئەقلىنىڭ دائىرىسىدىكى ئەڭ چەكلىك ۋە تار نۇقتىئىنەزەر بىلەن قارايدىكەنسىز.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟— دېدى ۋىلفور تېخىمۇ بەكرەك ئەجەبلىنىپ،— مەن... گەپلىرىڭىزنى ئانچە چۈشىنەلمەيۋاتىمەن.

— دېمەكچى بولغىنىم، خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىغا قارىتىلغان كۆز بىلەن سىز پەقەت ماشىنىنىڭ مېخانىزمىنىلا كۆرەلەيسىزكى، بۇ ماشىنىنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان كامالەتلىك ئۇستىنى كۆرەلمەيسىز. سىز پەقەت ئۆزىڭىزنىڭ ئەتراپىڭىزدىكى

مىنىستىرلار ياكى پادىشاھ تەرىپىدىن مەنسەپكە قويۇلغان ئەمەلدارلارنىلا كۆرىسىز. ھالبۇكى، ئەمەلدار، مىنىستىر ۋە پادىشاھلاردىنمۇ ئۈستۈن تۇرىدىغان بەندىلەر بار. ئۇلارنى تەڭرى مەنسەپ تۇتۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ياراتقان. ئەنە شۇنداق بەندىلەر سىزنىڭ يىراقنى كۆرەلمەيدىغان كۆزلىرىڭىزدىن چەتتە قېلىۋاتىدۇ. بىچارە ئىنسانلارنىڭ خۇسۇسىيىتى ئەنە شۇنداق، چۈنكى ئۇلارنىڭ بەدەن ئورگانلىرى كامالەتكە يەتمىگەن ۋە ئاجىز. توۋىي① ئۆزىنىڭ ئەمالىقىنى ساقايتىش ئۈچۈن كەلگەن پەرىشتىنى ئادەتتىكى بىر ياش بالا دەپ ئويلىغان. ھەرقايسى ئەل خەلقلىرى ئۆزلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن كەلگەن ئاتىللانى② خۇددى باشقا ئىستىلاچىلارغا ئوخشاشلا بىر ئىستىلاچى دەپ ھېسابلىغان. ئاخىرى، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئۆزلىرىنى تەڭرى ئەۋەتكەنلىكىنى ئاشكارىلاشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلارنىڭ بىرى: «مەن تەڭرىنىڭ پەرىشتىسى» دېدى، يەنە بىرى: «مەن تەڭرىنىڭ بازغىنى» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنىڭ ئىلاھىي ماھىيىتى ئايدىڭلاشتى.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى ۋىلفور تەئەججۈپ ئىچىدە ئۇنى بىر خۇراپىي ئادەم ياكى سەۋدايى بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ، — سىز ئۆزىڭىزنى ھېلىقى ئېيتقىنىڭىزدەك ئاشۇنداق ئالاھىدە شەخسلەرنىڭ بىرى دەپ ئويلامسىز؟

— شۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ — سوغۇق تەلەپپۇزدا سورىدى مونتې - كرىستو.

— ئەپۇ قىلىڭ، — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى گاڭگىراپ قالغان ۋىلفور، — مەن سىزنىڭ ئالدىڭىزغا كەلگەندە بىلىم ۋە ئەقلىي ئادەتتىكى بىلىملەردىن ۋە ئىنسانلارنىڭ ئادەتتىكى ئەقىل - ئىدىرىكىدىن شۇنچە ئۈستۈن تۇرىدىغان بىر كىشى بىلەن تونۇشىدىغانلىقىمنى ئويلىمىغانىكەنمەن. بىزگە ئوخشاش مەدەنىيەت ئىچىدە يولدىن چىققان بەختسىز كىشىلەرنىڭ ئادىتى بويىچە بولغاندا، سىزدەك زور مۇلۇكدارلارنىڭ — ھەر ھالدا كىشىلەر شۇنداق دېيىشىدۇ. كۆردىڭىزمۇ، مەن سىزدىن ھېچنېمىنى سورىمىدىم، پەقەت باشقىلارنىڭ گېپىنى تەكرارلاۋاتىمەن — سىزدەك تەلەيلىك كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلەر، پەلسەپىۋى خام خىياللار ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىشى ھاجەتسىز. بۇنداق ئىشلارنى تەقدىرى ئوڭدىن كەلمەي، بۇ دۇنيانىڭ بەخت - سائادەتلىرىگە ئېرىشەلمىگەن كىشىلەر قىلىشىدۇ.

— ئېيتىڭچۇ، — دېدى گىراف، — ئەجەبا، سىز مۇشۇنداق يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە بولۇپ تۇرۇقلۇق، ئالاھىدە ئادەملەرنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىدىڭىزمۇ ياكى كۆرۈپ باقمىدىڭىزمۇ؟ ئىشەنچلىك ۋە ئۆتكۈر كۆزلىرىڭىزگە چېلىققان كىشىلەرنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى بىلىۋېلىشقا زادىلا ئۇرۇنۇپ باقمىدىڭىزمۇ؟ سوتچى بولغان ئادەم قانۇننى ياخشى ئىجرا قىلىش بىلەنلا قالماي، قانۇننىڭ مۇرەككەپ ماددىلىرىغا ئەڭ توغرا تەبىر بېرەلەيدىغان بولۇشى بىلەنلا قالماي، بەلكى يەنە ئىنسان قەلبىگە ئىچكىرىلەپ كىرەلەيدىغان پولات بۇرغا بولۇشى، ئىنسان قەلبىدىن ئىبارەت ئالتۇننىڭ تەركىبىدىكى مىس ياكى قەلەينىڭ نىسبىتىنى ئېنىقلايدىغان سىناق تېشى بولۇشى كېرەك ئەمەسمۇ؟

— دەرۋەقە، سىز مېنى تەمتىرىتىپ قويدىڭىز، — دېدى ۋىلفور، — مەن سىزگە ئوخشاش گەپ قىلىدىغان ئادەمنى زادى كۆرۈپ باقمىغانىكەنمەن.

— بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، سىز تېخى ئادەتتىكى تۇرمۇش شارائىتىنىڭ دائىرىسىدىن چىقىپ باقمىدىڭىز. سىز، تەڭرى كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان ئالاھىدە كىشىلەرنى ئورۇنلاشتۇرغان يۈكسەك پەللىگە چىقىشقا ھېچقاچان جۈرئەت قىلىپ باقمىدىڭىز.

---

① ئىنجىلدە زىكرى قىلىنغان بىر بەندىنىڭ ئىسمى.

② قەدىمكى ھون پادىشاھى.

— سىز راستىنلا ئاشۇنداق يۈكسەك پەللە مەۋجۇت، بىزنىڭ ئارىمىزدا كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان ئالاھىدە ئادەملەر بار دەپ ئويلامسىز؟

— شۇنداق بولمايچۇ! سىز ھاۋادىن ئايرىلسىڭىز مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايسىز، لېكىن ئۆزىڭىز نەپەسلىنىۋاتقان شۇ ھاۋانى كۆرەلەمسىز؟

— ئەمىسە، سىز ئېيتقان شۇ خىلدىكى كىشىلەرنى بىز كۆرەلمەمدۇق؟

— ياق، تەگرى ئۇلارنى ماددىغا ئايلاندۇرغاندا سىز ئۇلارنى كۆرىسىز: ئۇلار بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالىسىز، كۆرۈشىسىز، ئۇلار بىلەن سۆھبەتلىشىسىز، ئۇلار سىزگە جاۋاب قايتۇرىدۇ.

— ئىقرار قىلىمەنكى،— دېدى ۋىلفور كۈلۈپ تۇرۇپ،— ئاشۇنداق ئادەملەردىن بىرەرى ئۇچرىشىپ قالغاندا ماڭا ئاگاھ بېرىلسە بەك ياخشى بولاتتى.

— سىزنىڭ ئۈمىدىڭىز ئەمەلگە ئاشتى. سىزگە ئاگاھ بېرىلدى. مانا مەن سىزنى يەنە بىر قېتىم ئاگاھلاندۇرۇۋاتىمەن.

— ئۇنداق بولسا، سىز ئاشۇنداق...

— توغرا، مەن ئاشۇنداق ئالاھىدە ئادەملەرنىڭ بىرى بولىمەن. مېنىڭچە، ھازىرغا قەدەر دۇنيادا ھېچقانداق ئادەم ماڭا ئوخشاش بولالمىغان. پادىشاھلارنىڭ دۆلەتلىرى تاغ - دەريالار ئارقىلىق ياكى يات ئۆرپ - ئادەتلەر ۋە ياكى تىل جەھەتتىكى ئوخشاشماسلىقلار ئارقىلىق چەكلىنىپ تۇرىدۇ. مېنىڭ خانلىقىم بولسا، گوياكى جاھاندەك چەكسىز، چۈنكى مەن ئىتاليانمۇ ئەمەس، فرانسۇز، ھىندى، ئامېرىكىلىق ياكى ئىسپانىيىلىكمۇ ئەمەس، مەن دۇنياۋى ئادەم. ھېچقانداق مەملىكەت ماڭا ۋەتەن بولالمايدۇ، قەيەردە ئۆلىدىغانلىقىمنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ. مەن ھەرقانداق ئۆرپ - ئادەتنى قوبۇل قىلىمەن، ھەرقانداق تىلدا

سۆزلىيەلەيمەن. سىز مېنى فرانسۇز دەپ ئويلىشىڭىز مۇمكىن، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ چۈنكى مەن فرانسۇز تىلىدا خۇددى سىزگە ئوخشاشلا ئەركىن ۋە راۋان سۆزلىيەلەيمەن. ھالبۇكى، مېنىڭ ئەرەب قۇلۇم ئەلى مېنى ئەرەب دەپ ئويلايدۇ؛ غوجدارىم بېرتۇچچو مېنى رىملىق دەپ يۈرىدۇ؛ قىز قۇلۇم گايدە مېنى گرېك دەپ ھېسابلايدۇ. مەن ھېچقانداق دۆلەتكە تەۋە ئەمەس، ھېچقانداق ھۆكۈمەتتىن پاناھ تىلىمەيمەن، ھېچقانداق ئادەمنى ئۆزۈمگە قېرىنداش دەپ ھېسابلىمايمەن. شۇڭا، كۈچلۈكلەرنى بەنت قىلىپ تۇرىدىغان ئىككىلىنىشلەر ۋە ئاجىزلارنى توسۇپ تۇرىدىغان توسالغۇلارنىڭ ھېچقايسىسى مېنى توسۇپ قالالمايدۇ ۋە بەنت قىلالمايدۇ. مېنىڭ پەقەت ئىككىلا دۈشمىنىم بار. ئۇ بولسىمۇ، ۋاقىت ۋە ئارىلىق، بۇ دۈشمەنلەرنى مەن غالىب دەپ ئېتىراپ قىلمايمەن، چۈنكى مەن ئۆز شىجائىتىم ئارقىلىق ئۇلارنى بويسۇندۇرىمەن. ئۈچىنچى ۋە ئەڭ دەھشەتلىك دۈشمىنىم ئۆلۈمدىن ئىبارەت. مەن ئۆزۈم كۆزلىگەن نىشانغا يەتكۈچە پەقەت ئۆلۈملا مېنى يېرىم يولدا توختىتىپ قويالىشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقىسىنىڭ ھەممىسىنى ھېسابقا ئېلىپ قويدۇم. كىشىلەر پەلەكنىڭ گەردىشى دەپ ئاتايدىغان نامراتلىشىش، ئەھۋالنىڭ ئۆزگىرىشى، تاسادىپىي ئەھۋاللار ۋە شۇ قاتارلىقلارنىمۇ مۆلچەرلەپ قويدۇم. بۇنداق ئەھۋاللارنىڭ بەزىلىرى ماڭا تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن، لېكىن بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى مېنى يىقىتالمايدۇ. تاكى ئۆلگۈچە ھازىرقى ھالىتىم بويىچە تۇرۇۋېرىمەن. ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈن مەن مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلالايمەن. سىز بۇنداق گەپلەرنى ھەتتا پادىشاھلارنىڭ ئاغزىدىنمۇ ئاڭلىيالمايسىز، چۈنكى پادىشاھلار سىزگە موھتاج، باشقا كىشىلەر بولسا، سىزدىن قورقىدۇ. بىزنىڭ بۇ غەلىتە تۈزۈلگەن جەمئىيىتىمىزدە «بەلكىم كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەنمۇ خانلىق مۇپەتتىشنىڭ ئالدىغا بېرىپ قالارمەن» دېگەننى كىم ئويلىمايدۇ دەيسىز.

— بۇنداق ئويلاش سىزگە مۇناسىۋەتسىزمۇ؟ سىز ھازىر فرانسىيەدە تۇرۇۋاتىسىزغۇ. دېمەك، تەبىئىي ھالدا سىزمۇ فرانسىيە قانۇنلىرىغا بويسۇنىسىز - دە.

— بۇنى بىلىمەن، — دېدى مونتې - كرىستو، — ئەمما، مەن قانداقلا بولمىسۇن بىر مەملىكەتكە سەپەر قىلىش ئالدىدا ئىشنى شۇنىڭدىن باشلايمەنكى، ماڭا بىرەر پايدىسى ياكى زىيىنى تېگىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈم بىلىدىغان يوللار ئارقىلىق تەكشۈرۈپ چىقىشقا تىرىشىمەن. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ سىرىنى خۇددى شۇ كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىدەكلا، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىنمۇ ياخشىراق بىلىۋالىمەن. شۇنىڭ بىلەن، ماڭا تاقابىل تۇرماقچى بولغان ھەرقانداق خانلىق مۇپەتتىشمۇ ماڭا قارىغاندا بەكرەك قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ.

— ئۇنداقتا، — دېدى ۋىلفور بىرئاز ئىككىلەنگەن ھالدا ئېتىراز بىلدۈرۈپ، — ئىنسان تەبىئىتى ئاجىز بولغانلىقتىن، ھەرقانداق ئادەم ئۆز ئۆمرىدە... خاتالىق ئۆتكۈزىدۇ دېمەكچى بولامسىز؟

— خاتالىق... ياكى جىنايەت، — دەپ جاۋاب بەردى مونتې - كرىستو پەرۋا قىلمىغان ھالدا.

— بايا ئېيتقىنىڭىزدەك، سىز ئۆزىڭىزگە قېرىنداش دەپ ئېتىراپ قىلمايدىغان ئىنسانلار ئىچىدە يالغۇز سىزلا كامالەتلىك ئادەممۇ؟ — سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ۋىلفور بىرئاز ئۆزگىرىپ قالغان ئاۋازى بىلەن.

— كامالەتلىك دېگىلى بولماس، — دېدى گراف، — دېمەكچى بولغىنىم، مەن ئىچىمدىكىنى ھېچكىم بىلەلمەيدىغان ئادەم. ھە، كۆڭلىڭىزگە ياقمىغان بولسا، بۇ گەپنى توختىتىپ قويايلى. سىزنىڭ سوتىڭىزنىڭ تەھدىتى مېنىڭ زېرەكلىكىمنىڭ تەھدىتىگە يېتەلمەيدۇ.

— ياق، ياق، — ۋىلفور، گراف ئۇنى بۇ تېمىدا سۆزلەشنى خالىمايدىكەن دەپ قالمىسۇن دەپ تېتىكلەشكەن ھالدا گەپ قىلدى. — بۇ نېمىدېگىنىڭىز! سىز پاساھەتلىك ۋە ئىلھامبەخش سۆزلىرىڭىز بىلەن مېنى ئادەتتىكى سەۋىيىدىن يۇقىرى ئورۇنغا ئېلىپ چىقتىڭىز. بىز سۆھبەتلىشىش ئەمەس، مۇھاكىمە يۈرگۈزۈۋاتىمىز. ئۆزىڭىزگە مەلۇم، سوربون كافېدراسىدىكى دىنشۇناسلار ياكى مۇنازىرىلىشىۋاتقان پەيلاسوپلار بەزىدە بىر - بىرىگە رەھىمسىز ھەقىقەتلەرنى ئېيتىشىدۇ. ئەمدى، بىزمۇ جەمئىيەتتىكى دىنىي نەزەرىيە ياكى دىنىي پەلسەپە بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمىز دەپ قارايلى. شۇنداق بولغاندا، مەن سىزگە مۇنداق بىر ئاچچىق ھەقىقەتنى ئېيتىمەن: «بۇرادەر، مەغرۇرلۇقتىن بېشىڭىز ئايلىنىپ كېتىپتۇ. سىز باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرىسىز، لېكىن سىزدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان خۇدايىم بار».

— خۇدا ھەممىمىزدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، — مونتې - كرىستو شۇنداق چوڭقۇر مەنىلىك ئاھاڭدا سۆزلىدىكى، ۋىلفور ئىختىيارسىز تۇرۇپ شۈركۈنۈپ كەتتى. — مېنىڭ مەغرۇرلۇقۇم ئۆزلىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ۋە لېكىن ئۇلارنى ئاياغ - ئاستى قىلمىغان كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىش كويىدىلا يۈرىدىغان ئادەملەرگە، ئاشۇ زەھەرلىك يىلانلارغا قارىتىلغان.

— ئۇنداق بولسا، سىزگە قايىلمەن، گراف، — دېدى ۋىلفور. بۇ غەلىتە سۆھبەت داۋامىدا ئۇ ئۆز سۆھبەتدىشىنى تۇنجى قېتىم «گراف» ئۇنۋانى بىلەن ئاتىدى، — شۇنداق، ئەگەر سىز ھەقىقەتەن قۇدرەتلىك، ئالاھىدە ئادەم، ئەۋلىيا ياكى ئىچىدىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان ئادەم بولسىڭىز (ئەمەلىيەتتە بۇنىڭ ھەممىسى بىر گەپ)، ئۇ چاغدا سىزنىڭ مەغرۇرلۇقىڭىز چۈشىنىشلىك، چۈنكى بۇ ھەممىگە قادىرلىقنىڭ ئالامىتى. شۇنداقتىمۇ، كۆڭلىڭىزگە پۈككەن بىرەر مۇددىئايىڭىز باردۇر؟

— ھەئە، بولغان.

— قانداق مۇددىئا؟

— ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆمرىدە بىر بولۇپ قالىدىغاندەك، مېنىمۇ بىر قېتىم شەيتان دۇنيادىكى ئەڭ ئېگىز تاغنىڭ چوققىسىغا ئېلىپ قاچقانىدى. شۇ يەردە تۇرۇپ ئۇ ماڭا پۈتۈن دۇنيانى كۆرسەتتى ۋە خۇددى بىر زامانلاردا ئەيساغا ئېيتقانىدەك: «ئېيتقىنا، ئەي ئادەم بالىسى، سەن ماڭا سىغىنىدىغان بولۇش ئۈچۈن مەندىن نېمە تەلەپ قىلىسەن؟» دەپ سورىدى. مەن ئۇزاققىچە ئويلىنىپ قالدىم، چۈنكى ئۇزۇندىن بۇيان بىر دەھشەتلىك ئارزۇ قەلبىمنى ئۆرتەپ تۇراتتى. ئاخىرى مەن ئۇنىڭغا مۇنداق دېدىم: «گېپىمگە قۇلاق سالغىن، ئاللاھ توغرىسىدىكى گەپ - سۆزلەرنى كۆپ ئاڭلىدىم، لېكىن ئۇنىڭ ئۆزىنى ياكى شۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىر نەرسىنى زادى كۆرۈپ باقمىدىم. شۇڭا، ئاللاھ دېگەن يوق ئوخشايدۇ دەپ ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم. مەن ئاللاھ بولۇشنى خالايمەن، چۈنكى دۇنيادا ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ گۈزەل، ئەڭ ساۋابلىق ئىش شاپائەت قىلىش ۋە جازالاشتىن ئىبارەت دەپ ھېسابلايمەن». شەيتان بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويدى. «خاتالىشىۋاتىسەن، — دېدى ئۇ، — ئاللاھ مەۋجۇت، لېكىن سەن ئۇنى كۆرەلمەيسەن، چۈنكى ئاللانىڭ ئوغلىنى خۇددى ئۇنىڭ ئاتىسىغا ئوخشاشلا كۆرگىلى بولمايدۇ. سەن ئۇنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيسەن، چۈنكى ئۇ كۆرۈنمەس ئەزالىرىنى ئىشقا سېلىپ، غايىبانە يوللاردا ماڭىدۇ، مەن سېنى پەقەت ئاللاھنىڭ قوراللىرىدىن بىرىگە ئايلاندۇرالايمەن».بىز شۇنىڭغا پۈتۈشتۇق. بەلكىم مەن ئۆز روھىمنى قۇربان قىلغاندۇرمەن. لېكىن، مەيلى ئەمەسمۇ، — سۆزىنى داۋاملاشتۇردى مونتې - كرىستو، — ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن يەنە بىر قېتىم سۆزلەشكەن بولسام، يەنىلا شۇ گېپىمدە تۇرغان بولاتتىم.

ۋىلفور مونتې - كرىستوغا چەكسىز تەئەججۈپ ئىچىدە قاراپ ئولتۇراتتى.

— گراف، — سورىدى ئۇ، — سىزنىڭ تۇغقانلىرىڭىز بارمۇ؟

— يوق، بۇ دۇنيادا تەنھا ئادەممەن.

— شۇنىسى چاتاق ئىكەن - دە!

— نېمە ئۈچۈن؟ — سورىدى مونتې - كرىستو.

— تۇغقانلىرىڭىز بولسا، مەغرۇرلۇقىڭىزنى سۇندۇرىدىغان بىرەر ھادىسىنى كۆرۈشىڭىز مۇمكىن ئىدى. سىز، پەقەت ئۆلۈمدىنلا قورقىمەن، دېگەنىدىڭىزغۇ دەيمەن؟

— ئۆلۈمدىن قورقىمەن دېمىدىم، مېنى پەقەت ئۆلۈملا توسۇپ قالالايدۇ، دېدىم.

— قېرىلىقچۇ؟

— مېنىڭ قىلماقچى بولغان ئىشىم قېرىشتىن بۇرۇن تاماملىنىپ بولىدۇ.

— ئەقىلدىن ئېزىپ قېلىشچۇ؟

— مەن بۇرۇن ساراڭلىقنىڭ بوسۇغىسىغا بېرىپ قايتقان. «ئۆتكەن ئىش قايتا سورۇشتە قىلىنمايدۇ» دېگەن قائىدىنى ئۆزىڭىز بىلىسىز. بۇ جىنايى ئىشلارغا دائىر قائىدە. شۇڭا، بۇنىڭ مەنىسىنى سىز ئوبدان چۈشىنىسىز.

— قورقۇنچلۇق بولىدىغىنى يالغۇز ئۆلۈم، قېرىلىق ياكى ساراڭلىقلا ئەمەس، — دېدى ۋىلفور، — مەسىلەن، پالەچلىكنى ئالايلى، بۇ گوياكى چاقماق زەربىسىگە ئوخشايدۇ. بۇ زەربە سىزنى يىقىتىدۇ، لېكىن يوقىتىۋەتمەيدۇ. شۇنداقتىمۇ، بۇ زەربىدىن كېيىن ھەممە ئىش تامام بولىدۇ. تۇرقىڭىزدىن قارىغاندا بۇ يەنىلا سىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە سىز ئۆزىڭىز ئەمەس بولۇپ قالىسىز، سىز گويا ئارىيېلدەك پەرىشتە بولۇشقا ئاز قالغان ئادەم، ئەمدى

لىكتە ھايۋان بولۇشقا ئاز قالغان كالىبانغا ئوخشاش بىر ھەرىكەتسىز ماددىغا ئايلىنىپ قالىسىز. ئىنسانلار تىلىدا بۇ ئاددىيلا قىلىپ، «پالەچ» دەپ ئاتىلىدۇ. گراف، ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنى چۈشىنەلەيدىغان ۋە سىزنىڭ كۆز قاراشلىرىڭىزنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئىستىكىدە يۈرگەن بىر رەقىب بىلەن ئۇچرىشىشنى خالىسىڭىز، بۈگۈنكى سۆھبىتىمىزنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، ۋاقتىڭىز يەتكەندە بىزنىڭ ئۆيگە بارغايسىز. مەن سىزگە ئۆز ئاتام نوئارتىيې ۋىلفورنى كۆرسىتىمەن. ئۇ بىرىنچى قېتىملىق ئىنقىلاب دەۋرىدە ئەڭ قەتئىي نىيەتلىك ياكوبىنلاردىن بىرى بولغان. ئۇ، گويا ئەڭ زور شىجائەت بىلەن ئەڭ ساغلام بەدەننىڭ بىرىكمىسى ئىدى. ئۇ كىشى گەرچە سىزگە ئوخشاش دۇنيادىكى ھەممە دۆلەتلەرنى كۆرۈپ چىقمىغان بولسىمۇ، دۇنيادىكى ئەڭ قۇدرەتلىك خانلىقلاردىن بىرىنى ئاغدۇرۇشقا قاتناشقان. سىز ئۆزىڭىزنى خۇدانىڭ، شەيتاننىڭ ئەلچىلىرىدىن بىرى دەپ ھېسابلايدىكەنسىز. ئۇمۇ خۇددى سىزگە ئوخشاش ئۆزىنى ئالىي ئىلاھنىڭ، تەقدىرنىڭ ئەلچىسى دەپ ھېسابلايتتى. ئاقىۋەتتە، مېڭە قان تومۇرلىرىدىن بىرىنىڭ ئۈزۈلۈشى بىلەن بىر كۈن، بىر سائەت ئەمەس، بىر سېكۇنت ئىچىدىلا ھەممە ئىش تامام بولدى. سابىق ياكوبىن، سابىق سېناتور، سابىق كاربونارىي نوئارتىيې جادا، زەمبىرەك، خەنجەر دېگەنلەرگە پىسەنت قىلمايتتى؛ نوئارتىيې ئىنقىلابلار بىلەن ئوينىشاتتى. نوئارتىيې فرانسىيىنى بىر چوڭ شاھمات تاختىسى دەپ قارايتتى، ئۇ پەقەت شاھنى مات قىلىش ئۈچۈنلا پىشكا، توپ، ئات ۋە گەردىلەرنى قۇربان قىلىۋېتىشكە تەييار ئىدى. ئەنە شۇنداق ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان نوئارتىيې ئىككىنچى كۈنىگە كەلگەندە «بەختسىز نوئارتىيې» بولۇپ قالدى. ھازىر ئۇ مىدىر - سىدىر قىلالمايدىغان بىر بوۋاي. ئۇ ئەمدى ئائىلىمىزنىڭ ئەڭ ئاجىز ئەزاسى بولغان ئۆزىنىڭ قىز نەۋرىسى

ۋالېنتىنانىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتۈپ قالدى، بۇ قېتىپ قالغان تىلسىز مۇردا ئازابلىنىشنىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئۆز تېنىنىڭ پۈتۈنلەي يىمىرىلىپ بولۇشىنى كۈتۈپ ياشىماقتا.

— ئەپسۇسكى، — دېدى مونتې - كرىستو، — ئۇنى كۆرسەممۇ مېنىڭ كۆزلىرىم ۋە ئەقلىم ئۈچۈن ھېچقانداق يېڭىلىق بولمايدۇ. مېنىڭ دوختۇرلۇقتىن ئاز - تولا خەۋىرىم بار. مەنمۇ خۇددى كەسىپداشلىرىمغا ئوخشاش تىرىك ماددا ياكى ئۆلۈك ماددىنىڭ جېنىنى ئىزدەپ تېپىشقا بىرنەچچە قېتىم ئۇرۇنۇپ كۆرگەنىدىم. گەرچە شۇنداق جاننىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى يۈرىكىم سېزىپ تۇرسىمۇ، ئۇ جان خۇددى شەيتانغا ئوخشاشلا، كۆزلىرىمگە كۆرۈنمىدى. سوكرات، سېنېك، مۇقەددەس ئاۋغۇستىن ۋە گاللدىن كېيىن يۈزلىگەن ئاپتورلار شېئىرىي ۋە نەسرىي ئەسەرلىرىدە سىزنىڭ گېپىڭىزدىكىدەك سېلىشتۇرمىلارنى تەمسىل قىلغان. لېكىن، مەن ئاتىڭىزنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىرى ئوغۇل بولغۇچى كىشىنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىۋېتىدىغانلىقىنى چۈشىنىمەن. سىز مېنىڭ ئىززىتىمنى قىلىپ ئۆيىڭىزگە تەكلىپ قىلغان ئىكەنسىز، مەن ئاشۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالنى كۆرۈپ مۇلايىم بولۇشنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئۆيىڭىزگە بارىمەن. ئاتىڭىزنىڭ ئەھۋالى ئائىلىڭىزنى ئېغىر ھەسرەتكە سالغانلىقى تۇرغان گەپ.

— ئەگەر تەڭرىم سېخىيلىق بىلەن مەرھەمەت كۆرسىتىپ بۇ يوقىتىشنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ بەرمىگەن بولسا، چوقۇم سىز دېگەندەك بولاتتى. ئاستا - ئاستا گۆرگە چۈشۈپ كېتىۋاتقان بوۋاينىڭ ئەكسىچە، ئىككى پەرزەنتىم ھاياتلىق بوسۇغىسىغا قەدەم قويدى. بۇلارنىڭ بىرى بۇرۇنقى ئايالىم رېنې سېن - مېران خانىمدىن بولغان قىزىم ۋالېنتىنا، يەنە بىرى سىز ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان ئوغلۇم ئېدۇئار.

— سىز بۇنداق تولدۇرۇشتىن قانداق خۇلاسىگە كەلدىڭىز؟ — سورىدى مونتې - كرىستو.

— خۇلاسە شۇكى، — دېدى ۋىلفور، — مېنىڭ ئاتام ئۆز ھېسسىياتىغا بېرىلىپ كېتىپ، خاتالىق ئۆتكۈزگەن. ئۇنىڭ خاتالىقى ئىنسانلار سوتىغا كۆرۈنمەي ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، خۇدانىڭ سوتىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىغان. شۇڭا، خۇدا بىرلا ئادەمنى جازالاش ئۈچۈن يالغۇز ئۇنىڭ ئۆزىگىلا زەربە بەردى.

مونتې - كرىستو يەنىلا كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرغان بولسىمۇ، يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن شۇنداق بىر غەزەپلىك تىنىق چىقتىكى، ۋىلفور ئۇنى ئاڭلىيالىغان بولسا، ئارقا - ئالدىغا قارىماي قېچىپ چىقىپ كەتكەن بولاتتى.

— خەير - خوش، ئەپەندىم، — دېدى خانلىق مۇپەتتىش ئورنىدىن تۇرۇپ، — سىزگە نىسبەتەن چوڭقۇر ھۆرمەت تۇيغۇسى بىلەن قايتىدىغان بولدۇم. بىز كېيىنچە يېقىنراق تونۇشقاندىن كېيىن مېنىڭ بۇنداق ھۆرمەتلىشىمدىن مەمنۇن بولۇشىڭىز مۇمكىن، چۈنكى مەن ھەرھالدا كارغا كەلمەيدىغان ئادەم ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىز ۋىلفور خانىم بىلەن ئۆمۈرلۈك دوست بولۇپ قالدىڭىز.

گراف تەزىم قىلدى ۋە ۋىلفورنى مۇشۇ ئىشخانا ئۆيىنىڭ ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ قويدى. خانلىق مۇپەتتىش ئىككى مالىيىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ پەيتونىنىڭ ئالدىغا كەلدى. مالايلار ۋىلفورنىڭ ئىشارىتى بويىچە يۈگۈرۈپ بېرىپ پەيتوننىڭ ئىشىكىنى ئاچتى.

خانلىق مۇپەتتىش يۈرۈپ كەتكەندىن كېيىن مونتې - كرىستو تەسلىكتە بىر تىنىۋالدى - دە، كۈلۈمسىرىدى.

— ياق، — دېدى ئۇ، — ياق، زەھەرنىڭ شۇنچىلىك

بولغىنى يېتەر. يۈرىكىم زەھەرگە تولۇپ كەتتى. ئەمدى زەھەرلى قايتۇرۇشنىڭ ئامالىنى قىلىش كېرەك.

ئۇ قوڭغۇراقنى بىر ئۇردى.

— مەن خېنىمنىڭ ھۇجرىسىدا بولىمەن، — دېدى ئۇ كىرىپ كەلگەن ئەلىگە، — يېرىم سائەتتىن كېيىن پەيتون كەلتۈرۈلسۇن.

ئون توققۇزىنچى باب

گايدە

گراف مونتې - كرىستونىڭ مېلې كوچىسىدا تۇرۇشلۇق يېڭى ياكى توغرىراق ئېيتقاندا، كونا تونۇشلىرىنىڭ كىملەر ئىكەنلىكى كىتابخانىنىڭ يادىدا بولۇشى كېرەك. بۇلار — ماكسىمىلىئان، ژيۇلى ۋە ئېممانۇئېل ئىدى.

بۇ يېقىملىق ئۇچرىشىشنى، بۇ بىرنەچچە مىنۇتلۇق بەختنى، ئۇ ئۆز ئىختىيارىي بىلەن ئۆزىنى مەھكۇم قىلغان دوزاخنى يورۇتالايدىغان ئاشۇ جەننەت نۇرىنى كۆرۈشكە بولغان ئىشتىياق ۋىلفور كېتىشى بىلەنلا مونتې - كرىستونىڭ يۈزىنى ئاجايىپ بىر شادلىق تۇسىگە كىرگۈزدى. قوڭغۇراق ساداسىنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈپ كىرگەن ئەلى بۇنداق ئادەتتىن تاشقىرى شادلانغان چىرايىنى كۆرۈپ، گويا ئۆز خوجايىنىنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرگەن كۆڭۈللۈك خىياللارنى قاچۇرۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن دېمىنى ئىچىگە يۇتقان ھالدا پۇتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

چۈش ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. گراف گايدەنى يوقلاپ

چىقىش ئۈچۈن ئۆزىگە بىر سائەتلىك ۋاقىت ئاجراتقانىدى. بۇ مەجرۇھلانغان يۈرەككە شادلىق تۇيغۇسى بىراقلا ئورۇنلىشىپ كېتەلمەيتتى. خۇددى باشقا كىشىلەرنىڭ كۈچلۈك تەسىر قىلىدىغان ئىشلارغا تەييارلىق كۆرۈۋېلىشى لازىم بولغىنىدەك، بۇ يۈرەكنىڭمۇ لەززەتلىك ھېس - تۇيغۇلارنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن بىرئاز تەييارلىنىۋېلىشى كېرەك ئىدى.

بىز بۇرۇن سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ياش گرېك قىزىغا ئاجرىتىلغان ئۆيلەر گرافنىڭ ئۆيلىرىدىن پۈتۈنلەي ئايرىم ئىدى. بۇ ئۆيلەر شەرق ئۇسلۇبىدا جاھازلانغان بولۇپ، تاختاي ئۈستىگە تۈركىيىنىڭ قېلىن گىلەملىرى سېلىنغان، تاملارغا تاۋار - دۇردۇنلار تارتىلغانىدى، ھەر بىر ئېغىز ئۆيدە تام ياقىلىتىپ تىزىلغان كەڭ سافالار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىدە كىچىك ياستۇقلار قالايمىقان چېچىلىپ ياتاتتى.

گايدەنىڭ ئۈچ نەپەر فرانسۇز ۋە بىر نەپەر گرېك دېدەكى بار ئىدى. فرانسۇز دېدەكلەر بىرىنچى ئېغىز ئۆيدە ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلار كىچىككىنە ئالتۇن قوڭغۇراقنىڭ جىرىڭلىشى بىلەن تەڭلا يۈگۈرۈپ چىقىشىپ، خىزمەتكە ھازىر بولۇشاتتى. فرانسۇز تىلىدا خېلى ياخشى سۆزلىيەلەيدىغان گرېك دېدەك ئۇلارغا قىز خوجايىنىنىڭ بۇيرۇقىنى يەتكۈزەتتى. مونتې - كرىستو ئۇلارغا گايدەنى خانىشتەك كۆرۈپ ھۆرمەتلەشنى تاپىلىغانىدى.

ياش قىز ئىچكىرىكى ئۆيدە ئىدى. بۇ چەمبەر شەكىللىك ئۆي بولۇپ، كۈندۈزدىكى يورۇقلۇق تورۇستىكى ھال رەڭ ئەينەكتىن ئۆتۈپ چۈشەتتى. ھاۋا رەڭلىك شايىدىن تىكىلىپ، كۈمۈش رەڭدە كەشتىلەنگەن ياستۇقلار پول ئۈستىگە قويۇلغان بولۇپ، قىز شۇ ياستۇقلارنىڭ ئۈستىدە، دۈمبىسى بىلەن سافاغا يۆلىنىپ يانپاشلاپ ياتاتتى. ئۇ ئوڭ قولىنى چىرايلىقىنا ئېگىپ بېشىنىڭ كەينىگە ئالغانىدى ھەممىدە سول قولى بىلەن مارجان ھاشتەكلىك ئەۋرىشىم چىلىمنى ئارىلاپ - ئارىلاپ ئاغزىغا ئېلىپ كېلەتتى. تاماكا ئىسى قىزنىڭ يۇمشاققىنا سۈمۈرۈشى بىلەن چىلىمدىكى خۇش پۇراق سۇدىن ئۆتۈپ چىقاتتى.

ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى تۇرقى شەرق ئاياللىرىغا قارىتا تامامەن تەبىئىي ھالەتتە بولۇپ، مۇبادا ئۇنىڭ ئورنىدا فرانسۇز قىز بولغان بولسا، بۇنداق ھالەت ياسالما نازلىق خۇلقتەك كۆرۈنگەن بولاتتى.

ئۇ ئېپىر① ئاياللىرىغا خاس كىيىملەرنى كىيگەنىدى: ئاق شايىدىن تىكىلىپ، ھال رەڭ گۈللەر كەشتىلەنگەن بوغما شالۋۇرى ھوشۇقلىرىغىچە چۈشۈپ تۇراتتى. كىچىك باللىرىنىڭكىدەك ئوماققىنا پۇتلىرى ئالتۇن ۋە مەرۋايىت بىلەن زەر بېسىلغان ئەگمە تۇمشۇقلۇق كىچىككىنە كەشلىرىنى لىككىلدىتىپ ئوينىتىپ تۇرمىغان بولسا، بۇ پۇتلارنى مەرمەردىن ياسالغان دەپ ئويلاپ قېلىش مۇمكىن ئىدى. ئاق ۋە زەڭگەر يوللۇق كۆڭلىكىنىڭ يەڭلىرى قوللارنىڭ ھەرىكىتىنى ئازادىلەشتۈرگۈدەك كەڭ ئىدى، ئىزمىلىرى كۈمۈشتىن، تۈگمىلىرى ئۈنچىدىن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىدىن كىيىلگەن پېنجىكى ئۈچ دانە گۆھەر تۈگمە بىلەن ئېتىلگەن. ئۇنىڭ ئۈچ بۇلۇڭ شەكلىدە ئويۇلغان ياقىسى بويىنىنى ۋە كۆكسىنىڭ يۇقىرى قىسمىنى يالىڭاچلاپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بېلى ئۇزۇن يىپەك پۆپۈكلۈك رەڭدار بەلباغ بىلەن ئورالغانىدى. بۇ، پارىژنىڭ ياسانچۇق ئاياللىرى ئارمان قىلىپ يۈرىدىغان بەلباغلاردىن ئىدى. ئۇنىڭ بېشىدىكى ئالتۇن بىلەن مەرۋايىتتىن گۈل چىقىرىپ تىكىلگەن دوپپىسى سەل بىر يانغا قىيسايتىپ كىيىلگەن ۋە قاپقارا چاچلىرىغا ئاجايىپ چىرايلىق قىپقىزىل ئەتىرگۈل قىستۇرۇلغانىدى.

---

① ئېپىر — قەدىمكى گرېتسىيىدىكى بىر جاينىڭ نامى.

ئۇنىڭ چىرايى بولسا ھەقىقىي گىرېك گۈزەللىكىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆزىگە تولۇق مەركەزلەشتۈرگەن بولۇپ، قاپقارا مەخمەلدەك كۆزلىرى يوغان، بۇرنى تۈز، لەۋلىرى ياقۇتتەك ۋە چىشلىرى ئۈنچىدەك ئىدى. كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان بۇ چىرايىنى گۈللەپ ـ ياشناپ تۇرغان ياشلىق باھارى تېخىمۇ نۇرلاندۇرۇپ تۇراتتى: گايدەنىڭ يېشى 19 ياكى 20 دىن ئارتۇق ئەمەس ئىدى.

مونتې ـ كرىستو گىرېك دېدەكنى چاقىرتىپ، گايدەدىن كىرىشكە رۇخسەت ئېلىپ چىقىشنى بۇيرۇدى.

گايدە جاۋابىنىڭ ئورنىدا گىرېك دېدەككە ئىشارەت قىلىپ، ئىشىك پەردىسىنى ئېچىۋېتىشنى بۇيرۇدى. تۆت بۇرجەكلىك ئىشىكتىن گوياكى كۆركەم رەسىمدەك ياتقان ياش قىزنىڭ گەۋدىسى كۆرۈندى. مونتې ـ كرىستو ھۇجرىغا كىردى. گايدە چىلىمنى تۇتقان پېتى جەينىكىگە تايىنىپ كۆتۈرۈلدى ۋە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ بوش قولىنى مونتې ـ كرىستوغا ئۇزاتتى.

— نېمە ئۈچۈن، — دېدى ئۇ سپارتا ۋە ئافىنا ئاياللىرىغا خاس جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن، — مېنىڭ يېنىمغا كىرىشكە رۇخسەت سورايسەن؟ يا سەن ئەمدى مېنىڭ خوجايىنىم ئەمەسمۇ؟ يا مەن ئەمدى سېنىڭ قۇلۇڭ ئەمەسمۇ؟

مونتې ـ كرىستومۇ كۈلۈمسىرىدى.

— گايدە، — دېدى ئۇ، — سىز بىلىسىزغۇ...

— نېمە ئۈچۈن مېنى ھەر دائىمقىدەك سەنلىمەيسەن؟ — ياش گىرېك قىز ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى، — يا مەن بىرەر گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويدۇممۇ؟ ئەگەر گۇناھىم بولسا، مېنى سىزلىمەستىن، ئەكسىچە جازالىشىڭ كېرەك.

— گايدە، — دېدى يەنە گراف، — سەن بىلىسەنغۇ، بىز ھازىر فرانسىيىدە تۇرۇۋاتىمىز. دېمەك، سەن ئەركىن.

— قايسى جەھەتتە ئەركىن؟

— مېنى تاشلاپ كېتىشكە ئەركىنلىكىڭ بار.

— سېنى تاشلاپ كېتىش! نېمە ئۈچۈن سېنى تاشلاپ كېتىدىكەنمەن؟

— كىم بىلسۇن بىز بۇندىن كېيىن كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىمىز...

— مەن ھېچكىم بىلەن كۆرۈشۈشنى خالىمايمەن.

— ئەگەر ساڭا ئۇچرىغان ياش يىگىتلەرنىڭ بىرى كۆڭلۈڭگە يېقىپ قالسا، سېنىڭ رايىڭغا بېقىپ...

— مەن سەندىن چىرايلىق ئادەمنى ئۇچراتمىدىم، ئاتام بىلەن سەندىن باشقا ئادەمنى ياخشى كۆرمىدىم.

— ھەي، بىچارە قىزىم، — دېدى مونتې ـ كرىستو، — سەن تېخى ئاتاڭ بىلەن مەندىن باشقا ھېچكىم بىلەن سۆزلىشىپ باقمىدىڭغۇ.

— ھە، نېمە بوپتۇ! مەن باشقا ھېچكىم بىلەن سۆزلىشىشنى خالىمايمەن. ئاتام مېنى «بەختىم» دەپ ئاتايتتى، سەن مېنى «ياخشى كۆرىمەن» دەيسەن، ھەر ئىككىڭلار مېنى «قىزىم» دەيسىلەر.

— ئاتاڭ سېنىڭ يادىڭدا بارمۇ، گايدە؟

قىز كۈلۈپ قويدى.

— ئۇ مەيەردە ۋە مەيەردە، — دېدى ئۇ قولى بىلەن كۆزىنى ۋە يۈرىكىنى كۆرسىتىپ.

— مەن قەيەردە؟ — كۈلۈپ سورىدى مونتې ـ كرىستو.

— سەن ھەممە يېرىمدە، — دەپ جاۋاب قايتۇردى قىز.

مونتې ـ كرىستو سۆيۈش ئۈچۈن قىزنىڭ قولىنى قولىغا ئالدى، لېكىن ساددا قىز قولىنى تارتىۋېلىپ، ئۇنىڭغا مەڭزىنى تۇتۇپ بەردى.

— گايدە، — دېدى گراف، — بىلىشىڭ كېرەككى، سەن ئەركىن،

سەن خېنىم، سەن خانىش. سەن بۇرۇنقىدەكلا ئۆز كېيىمىڭ بىلەن يۈرسەڭمۇ مەيلى، ئۇنى ئالماشتۇرۇۋەتسەڭمۇ مەيلى. خالىساڭ ئۆيدە بول، خالىساڭ سىرتقا چىق. ساڭا ئاتاپ قويۇلغان مەخسۇس هارۋا بار. ئەلى بىلەن مىرتو هەمىشە ساڭا هەمراھ بولىدۇ ۋە سېنىڭ خىزمىتىڭنى قىلىدۇ، لېكىن سەندىن بىر ئىشنى ئۆتۈنۈپ سورايمەن...

— قۇلىقىم سەندە.

— ئۆزۈڭنىڭ كېلىپ چىقىشىڭنى مەخپىي تۇتقىن، ئۆتمۈشۈڭ توغرۇلۇق بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلما، هەرقانداق ئەهۋال ئاستىدىمۇ شەۋكەتلىك ئاتاڭ بىلەن بەختسىز ئاناڭنىڭ ئىسمىنى ئاغزىڭدىن چىقارما.

— مەن ساڭا هېچكىم بىلەن كۆرۈشۈشنى خالىمايمەن دېدىمىغۇ، غوجام.

— ماڭا قارا، گايدە، پارىژدا بۇنداق شەرق ئەللىرىدىكدەك ئۆينىڭ ئىچىگە سولىنىۋېلىشقا بولمايدۇ. سەن رىم، فلورېنسىيە، مىلان ۋە مادرىد ئادەتلىرىنى ئۆگەنگىنىڭدەك، ئەمدى شىمالدىكى ئەللەرنىڭ ئادەتلىرىنىمۇ ئۆگەن. سەن مۇشۇ يەردە بولساڭمۇ ياكى شەرققە قايتىپ كەتسەڭمۇ بۇنىڭ ساڭا پايدىسى بولىدۇ.

ياش قىز ئۆزىنىڭ نەملىشىپ كەتكەن يوغان كۆزلىرىنى كۆتۈرۈپ گرافقا قارىدى.

— ئىككىمىز بىللە شەرققە قايتىپ كەتسەك دېمەكچى بولامسەن، غوجام؟ — سورىدى ئۇ.

— شۇنداق، قىزىم، — دېدى مونتې - كرىستو، — ئۆزۈڭ بىلىسەنغۇ، مەن سېنى هەرگىز تاشلىمايمەن. دەرەخ ئۆز گۈلىنى تاشلىۋەتمەيدۇ، بەلكى گۈل ئۆزى دەرەخنى تاشلاپ كېتىدۇ.

— مەن هەرگىزمۇ سېنى تاشلاپ كەتمەيمەن، غوجام، —

دېدى گايدە، — مەن سەندىن ئايرىلىپ ياشىيالمايمەن.

— بىچارە قىزا! ئون يىلدىن كېيىن مەن بىر بوۋاي بولۇپ قالىمەن. سەن بولساڭ، ئون يىلدىن كېيىنمۇ يەنىلا ياش بولىسەن.

— مېنىڭ ئاتامنىڭ ئۇزۇن ئاق ساقىلى بار ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ مەن ئۇنى ياخشى كۆرەتتىمغۇ. ئاتام 60 ياشقا كىرگەنىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ مەن كۆرگەن هەرقانداق ياش يىگىتتىنمۇ چىرايلىق كۆرۈنەتتى.

— ئەمىسە مۇشۇ يۇرتقا كۆنەلەيمەن دەپ ئويلامسەن؟

— سېنى كۆرۈپ تۇرۇشقا بولامدۇ؟

— هەر كۈنى كۆرىسەن.

— ئەمىسە يەنە سورىغۇدەك نېمە گەپ بار غوجام؟

— سېنى زېرىكىپ قالامدىكىن دەيمەن.

— ئۇنداق ئەمەس، غوجام. سەهەرلەردە مەن سېنىڭ كېلىدىغانلىقىڭنى ئويلايمەن، كەچقۇرۇنلىرى سېنىڭ كېلىپ كەتكەنلىكىڭنى ئويلايمەن. يالغۇز چاغلىرىمنى ئەسلەش بىلەن ئۆتكۈزىمەن. چەكسىز مەنزىرىلەرنى، كەڭ ئۇپۇقلارنى، پىند ۋە ئولىمپ شەهەرلىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرىمەن. مېنىڭ قەلبىم هەسرەت، مۇهەببەت ۋە مىننەتدارلىق بىلەن تولغان. بۇ ئۈچ خىل تۇيغۇ بولغاندا، ئادەم هەرگىز زېرىكمەيدۇ.

— سەن ئېپىرنىڭ مۇناسىپ قىزىسەن، گايدە. سېنىڭ مۇنداق يېقىملىق، شائىرانە تۇرقۇڭنى كۆرگەندە، سېنى، سېنىڭ ۋەتىنىڭدە تۆرەلگەن ئىلاهلەردىن تۇغۇلغان دەپ ئويلاش مۇمكىن. خاتىرجەم بولغىن، قىزىم، ياشلىقىڭنىڭ بىهۇدە ئۆتۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن قولۇمدىن كېلىدىغان هەممىنى قىلىمەن، چۈنكى سەن مېنى ئۆز ئاتاڭدەك ياخشى كۆرگەن بولساڭ، مەنمۇ سېنى ئۆز بالامدەك ياخشى كۆرىمەن.

— ئۇنداق ئەمەس، غوجام، ئاتامنى ياخشى كۆرگەنلىكىم سېنى ياخشى كۆرگەنلىكىمگە ئوخشىمايدۇ. ساڭا بولغان مۇھەببىتىم ئۇنداق مۇھەببەت ئەمەس. ئاتام ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، مەن ياشاۋاتىمەن، لېكىن سەن ئۆلسەڭ مەنمۇ ئۆلىمەن.

گراف چوڭقۇر سۆيۈنگەن ھالدا قىزغا قولىنى ئۇزاتتى. قىز ھەر دائىمقىدەك، بۇ قولنى ئۆزىنىڭ لەۋلىرىگە ياقتى.

گراف موررېل ئائىلىسى بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەنە شۇ تەرىقىدە تەييارلىنىۋالغاندىن كېيىن خوشلاشتى ۋە چىقىپ كېتىۋېتىپ، پىندارنىڭ مۇنۇ مىسرالىرىنى پىچىرلاپ يادلىدى:

— «ياشلىق بىر گۈلدۇر، مۇھەببەت ئۇنىڭ مېۋىسى... بۇ مېۋىنى يېتىلدۇرگەن باغۋەن بەخت — سائادەتلىكتۇر!»

پەيتۇن ئۇنى كۈتۈپ تۇرغانىدى. ئۇ پەيتۇنغا ئولتۇردى ۋە ئاتلار يۇلقۇنۇپ قوزغالغىنىچە چېپىپ كەتتى.

يىگىرمىنچى باب

موررېل ئائىلىسى

گراف بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن مېلي كوچىسىدىكى 7 - نومۇرلۇق ئۆيگە يېتىپ كەلدى. بۇ، ئاپئاق ئاقارتىلغان كۆركەم ئۆي ئىدى. ئۆينىڭ ئالدىدىكى قورۇنى چاققانغىنا قىلىپ ياسالغان بىرنەچچە گۈلزارلىق زىننەتلەپ تۇراتتى.

گراف ئۆزىگە دەرۋازىنى ئېچىپ بەرگەن دەرۋازىۋەننىڭ قېرى كوكلېس ئىكەنلىكىنى تونۇدى. ھالبۇكى، كىتابخانلارنىڭ يادىدا بولۇشى كېرەك، كوكلېسنىڭ بىر كۆزى ئەما ئىدى. شۇنداقلا، ئۆتۈپ كەتكەن توققۇز يىل جەريانىدا ئۇنىڭ ساق كۆزىنىڭمۇ كۆرۈش قۇۋۋىتى بەك ئاجىزلاپ كەتكەنىدى. شۇڭا، ئۇ گرافنى تونۇيالمىدى.

پەيتۇن ئۆينىڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىش ئۈچۈن بىر كىچىك فونتاننى ئەگىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. بۇ فونتان چۆرىسى تاشلار بىلەن قاشالىنىپ قوپۇرۇلغان كۆلچەك ئىچىدىن ئېتىلىپ چىقاتتى. كۆلچەك ئىچىدە بولسا، نۇرغۇنلىغان قىزىل ۋە سېرىق بېلىقلار ئويناقلاپ يۈرەتتى. قوشنىلار بۇ فونتانغا ھەۋەسلىنىپ، بۇ قورۇ - جاينى «كىچىك ۋېرسال» دەپ ئاتىشىۋالغانىدى.

ئۆينىڭ ئۆزى، ئاشخانا ۋە ئامبار قىلىنغان ئاستىنقى قەۋەتتىن باشقا يەنە ئىككى قەۋەت ۋە بالخانىدىن تەركىب تاپقانىدى. قورۇدا بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر چوڭ دۇكان، باغ ۋە باغ ئىچىگە سېلىنغان ئىككى يازلىق ئۆي بار ئىدى. ئېمانۇيېل قورۇ - جاينىڭ بۇ خىل تۈزۈلۈشىدىن ئاز - تولا پايدا چىقىرىشقا بولىدىغانلىقىنى دەرھال ھېس قىلدى. ئۇ، ئۆينى ۋە باغنىڭ يېرىمىنى ئۆزىگە قالدۇرۇپ، بۇنى ئايرىۋالدى، يەنى ئۆزىگە قاراشلىق جاي بىلەن دۇكاننىڭ ئوتتۇرىسىغا تام سوقتى ھەمدە دۇكان بىلەن يازلىق ئۆيلەرنى ۋە باغنىڭ شۇنىڭغا تەۋە قىسمىنى ئىجارىگە بەردى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ چىقىمى ئازايدى. شۇنداقلا سېن - ژېرمېن ئەتراپىدىكى ئەڭ ھەشەمەتلىك ئائىلىلەردىنمۇ قېلىشمىغۇدەك دەرىجىدە ئۆزى خان، ئۆزى بەگ بولۇپ ئورۇنلىشىۋالدى. ئاشخانا ئۆينىڭ جاھازلىرى پۈتۈنلەي دۇب ياغىچىدىن ياسالغان، مېھمانخانىنىڭ جاھازلىرى بولسا، قىزىل ياغاچتىن ياسىلىپ، كۆك مەخمەل بىلەن قاپلانغانىدى. ياتاق ئۆيدىكى جاھازلار لىمون ياغىچىدىن ياسالغان ۋە يېشىل تاۋار بىلەن قاپلانغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ھېچقانداق ئىش بېجىرمەيدىغان ئېمانۇيېلنىڭ ئىشخانىسى ۋە ھېچقانداق ساز چالمايدىغان ژيۇلنىڭ مۇزىكا ئۆيى بار ئىدى.

ئۈچىنچى قەۋەتنىڭ ھەممىسى ماكسىمىلىئاننىڭ ئىگىدارچىلىقىدا ئىدى. بۇ ئۆيلەرنىڭ جاھازلىنىشىمۇ ئۇنىڭ سىڭلىسىنىڭ ئۆيلىرىگە ئوخشاش ئىدى. پەرقى شۇكى، ماكسىمىلىئان ئاشخانا ئۆيىنى بىليارت ئويناش ئۆيىگە ئايلاندۇرۇۋالغان بولۇپ، بۇ يەرگە ئۆزىنىڭ ئاغىنىلىرىنى باشلاپ كېلەتتى. گرافنىڭ پەيتونى دەرۋازا ئالدىدا توختىغان چاغدا ئۇ باغ ئىشىكىنىڭ يېنىدا تاماكا چېكىپ تۇرۇپ، ئۆز ئېتىنىڭ تازىلىنىش ئىشىنى كۆزىتىۋاتاتتى.

سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، كوكلېس دەرۋازىنى ئاچتى. باتىستېن پەيتۇندىن سەكرەپ چۈشۈپ، گراف مونتې - كرىستونىڭ ئېربو ئەپەندى، ئېربو خانىم ۋە ماكسىمىلىئان موررېل ئەپەندىنى زىيارەت قىلىشقا ئىجازەت سورىدى.

— گراف مونتې - كرىستو؟ — دەپ خىتاب قىلدى موررېل ۋە تاماكىسىنى تاشلىۋېتىپ، مېھماننىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ باردى، — ئۇنى ئەلۋەتتە قارشى ئالىمىز! ھە، جانابىي گراف تەشەككۈر سىزگە. بىزنىڭ ئۆيگە كېلىشكە بەرگەن ۋەدىڭىزنى ئۇنتۇماپسىز.

ياش ئوفىتسېر گرافنىڭ قولىنى شۇنداق قىستىكى، گراف بۇ قارشى ئېلىشنىڭ سەمىمىيلىكىدىن شەكلەنمىدى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈپ، خۇشاللىق بىلەن قارشى ئېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

— يۈرۈڭ، يۈرۈڭ، — دېدى ماكسىمىلىئان، — سىزنى مەن ئۆزۈم تونۇشتۇرىمەن. سىزگە ئوخشاش ئادەمنى خىزمەتكار تونۇشتۇرسا بولمايدۇ. سىڭلىم باغدا، ئۇ ئېچىلىپ بولغان ئەتىرگۈللەرنى كېسىۋاتىدۇ. كۈيئوغلىمىز ئۇنىڭدىن ئالتە قەدەم نېرىدا ئۆزىنىڭ «خەۋەرلەر» ۋە «مۇنازىرىلەر» گېزىتلىرىنى ئوقۇپ ئولتۇرىدۇ. سىز ئالدىنئالا ھۆكۈم قىلسىڭىز خاتا بولمايدۇكى، خۇددى پەن-تېخنىكا مەكتەپلىرىدە ئۆگىتىدىغان قائىدىگە ئوخشاش، ئېربو

خانىم تۇرغان يەردىن ئېممانۇئېل تۇرغان يەرگىچە بولغان ئارىلىق ھېچقانداق ۋاقىتتا تۆت مېتىردىن ئاشمايدۇ.

يېپەك بۆك كىيىۋېلىپ، سېرىق ئەتىرگۈللەرنىڭ قۇرۇپ قالغانلىرىنى بېرىلىپ ئۈزۈۋاتقان چوكان قەدەم تاۋۇشلىرىنى ئاڭلاپ بېشىنى كۆتۈردى. بۇ چوكان بىزگە تونۇش بولغان كىچىككىنە ژيۇلى بولۇپ، ئەمدى ھازىر خۇددى ئۆز ۋاقتىدا تومسون ۋەفرېنچ بانكىسىنىڭ ۋەكىلى ئالدىنئالا ئېيتقاندەك، ئېممانۇئېل ئېربونىڭ خانىمى بولۇپ قالغانىدى. ئۇ، يات ئادەمنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. ماكسىمىلىئان كۈلدى.

— قورقماڭ، سىڭلىم، — دېدى ئۇ، — گرافنىڭ پارىژغا كەلگىنىگە گەرچە بىرنەچچە كۈنلا بولغان بولسىمۇ، دەسمايىسىنىڭ پىرسەنتلىرى ھېسابىغا ياشايدىغان چوكاننىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئەگەر بىلمىگەن بولسا، مانا ئەمدى سېنىڭ تۇرقۇڭغا قاراپ بىلىۋالىدۇ.

— ئاھ، ئەپەندىم، — دېدى ژيۇلى، — بۇ ئاكامنىڭ نېمە قىلغىنى، سىزنى مۇشۇنداقمۇ باشلاپ كېلەمدۇ. ئاكام ئۆزىنىڭ بىچارە سىڭلىسىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنىڭ قانداق ھالەتتە ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ... پېنېلون! پېنېلون!

بېنگالىيە ئەتىرگۈللىرىنىڭ تېگىدىكى تۇپراقنى بوشىتىۋاتقان بوۋاي گۈرجەكنى يەرگە سانجىپ قويۇپ شەپكىسىنى قولىغا ئالدى ۋە چايناۋاتقان تاماكا كۆكىنى يوشۇرۇشقا تىرىشىپ ئۇنى ئاغزىنىڭ ئىچىگىرەك تىقىۋالدى. ئۇنىڭ چاچلىرى تېخىچىلا قويۇق بولۇپ، ئۇ يەر - بۇ يېرىگە ئاق سانجىغانىدى. قارىداپ كەتكەن يۈزى ۋە دادىل قارايدىغان ئۆتكۈر كۆزلىرى ئۇنىڭ ئېكۋاتور ئاپتىپىدا كۆيۈپ، بوران - چاپقۇنلاردا چېنىققان پېشقەدەم دېڭىزچى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى.

— مېنى چاقىرىدىڭىزمۇ، ژيۇلى خېنىم؟ — دەپ سورىدى ئۇ، — ئىشىڭىز بارمىدى؟

پېنېلون مەرھۇم خوجايىنىنىڭ قىزىنى كونا ئادىتى بويىچە ژيۇلى خېنىم دەپ ئاتايتتى. ئۇنى ئېربو خانىم دەپ ئاتاشقا زادىلا كۆنەلمىگەنىدى.

— پېنېلون، — دېدى ژيۇلى، — ئېممانۇيېل ئەپەندىگە ئېيتىپ قويۇڭ، ئەزىز مېھمان كەلدى، ماكسىمىلىئان گرافنى ھازىر مېھمانخانىمىزغا باشلاپ بارىدۇ.

ئاندىن مونتې - كرىستوغا قاراپ:

— بىردەملىككە يېنىڭىزدىن كېتىشكە رۇخسەت قىلىشىڭىزنى سورايمەن، — دېدى - دە، گرافنىڭ جاۋابىنىمۇ كۈتمەستىن، گۈلزارلىقنى ئالدىراپ ئايلىنىپ ئۆتۈپ، يان يول بىلەن يۈگۈرۈپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

— قەدىرلىك موررېل ئەپەندى، — دېدى مونتې - كرىستو، — ئائىلىڭىزنىڭ خاتىرجەملىكىگە دەخلى يەتكۈزۈپ قويغانلىقىمدىن ئەپسۇسلىنىۋاتىمەن.

— قارىڭا، قارىڭا، — دېدى ماكسىمىلىئان كۈلۈپ تۇرۇپ، مانا، ئۇنىڭ ئېرىمۇ چاپىنىنى ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن يۈگۈرۈپ كەتتى. مېلى كوچىسىدىكىلەر سىزنى بىلىدۇ ئەمەسمۇ، ئۇلار سىزنى كۆرۈشكە خۇشتار ئەمەسمۇ!

— بۇ بىر بەختلىك ئائىلىدەك كۆرۈنىدۇ، — دېدى گراف گويا ئۆز خىياللىرىغا جاۋاب بېرىۋاتقاندەك.

— شۇنداق، گراف. ئۇلارنىڭ بەختلىك ئائىلە بولۇشىغا ھەممە نەرسىسى يېتەرلىك. ئۇلار ياش، روھلۇق ۋە بىر - بىرىنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلار گەرچە چوڭ بايلىق ئىچىدە ئۆسكەن بولسىمۇ، ھازىر ئۆزلىرىنىڭ 25 مىڭ فرانكلىق يىللىق دارامىتى بىلەن ئۆزلىرىنى روتشىلدەك باي دەپ ھېسابلايدۇ.

— ھالبۇكى، 25 مىڭ فرانك بولسا، دارامىتى كۆپ ئەمەس ئىكەن، — دېدى مونتې - كرىستو. بۇنى ئېيتقاندا

ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنداق مۇلايىملىق بىلەن چىقتىكى، ماكسىمىلىئاننىڭ يۈرىكىگە گوياكى كۆيۈمچان ئاتىنىڭ ئاۋازىدەك تەسىر قىلدى، — لېكىن، بۇ بىر جۈپ ياشنىڭ دارامىتى شۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ قالماس، ئۇلارمۇ مىليونېر بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. كۈيئوغلىڭىز ئادۋوكاتمۇ ياكى دوختۇرمۇ؟...

— ئۇ سودىگەر ئىدى، گراف. شۇڭا، مەرھۇم ئاتامنىڭ ئىشىنى داۋاملاشتۇرغان. موررېل ئەپەندى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن 500 مىڭ فرانك قىممىتىدىكى كاپىتال قالغانىدى. بۇنىڭ يېرىمىنى مەن ئالدىم، يېرىمىنى سىڭلىم ئالدى. چۈنكى بىز مۇشۇ ئىككىلا پەرزەنت ئىدۇق. سىڭلىمنىڭ ئېرى ئۇنىڭ بىلەن نىكاھلانغاندا ئالىيجاناب پەزىلىتى، يۈكسەك ئەقلى ۋە پاك ۋىجدانىدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق ئىدى. ئۇ ئۆز خوتۇنىنىڭ دەسمايىسىگە باراۋەر بولغۇدەك پۇل تېپىشقا بەل باغلىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇمۇ 250 مىڭ فرانك تاپقۇچە ئىشلىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالتە يىل كەتتى. ئۇلارنىڭ شۇنچە ئەمگەكچانلىقى، ئىناقلىقىنى كۆرگەن ئادەم تەسىرلەنمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، گراف. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شۇنداق قابىللىقى بىلەن چوڭ بايلىققا ئىگە بولالىشى تۇرغان گەپ ئىدى، ئەمما ئاتامنىڭ شىركىتىدىكى بۇرۇنقى ھالەتنى ئۆزگەرتىشكە ئۇلارنىڭ كۆڭلى ئۇنىمىدى. شۇڭا، ھازىرقى يېڭىچە ئىش قىلىدىغان كىشىلەر ئىككى - ئۈچ يىلدىلا پۈتتۈرىدىغان ئىشقا ئۇلار ئالتە يىل ۋاقىت سەرپ قىلدى. ئۇلارنىڭ شۇ چاغدىكى غەيرىتىگە پۈتۈن مارسېل ھازىرغا قەدەر ئاپىرىن ئوقۇماقتا. ئاخىرى، بىر كۈنى ژيۇلى ھېسابات ئىشلىرىنى تاماملاپ تۇرۇشىغا، ئېممانۇيېل ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.

«ژيۇلى، — دېدى ئۇ، — ھازىر كوكلېس ئەڭ ئاخىرقى بىر نەچچە يۈز فرانكنى ماڭا ئۆتكۈزۈپ بەردى. بۇ، بىز ئۆزىمىز-

گە چەك قىلىپ بەلگىلىگەن 250 مىڭ فرانكنى تولۇقلايدۇ. ئەمدى، مۇشۇنچىلىك ئازغىنا كىرىم بىلەن چەكلەنسەك قانائەت قىلامسەن؟ شىركىتىمىز يىلىغا 1 مىليونلۇق ئوبوروت قىلىپ، 40 مىڭ فرانك كىرىم قىلىدۇ. ئەگەر بىز ماقۇل كۆرسەك، بىر سائەتتىن كېيىن شىركىتىمىزنىڭ نامىنى 300 مىڭ فرانكقا سېتىۋېتەلەيمىز. دېلونې ئەپەندىدىن خەت كەلدى. ئۇ، بىزنىڭ شىركىتىمىزنى ئۆزىنىڭ شىركىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن بىزگە ئەنە شۇنچىلىك سوما بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. قانداق قىلساق بولىدۇ؟ سەن بىر نېمە دېگىن».

«دوستۇم، — دېدى سىڭلىم، — موررېل شىركىتىنى پەقەت موررېلنىڭ پەرزەنتلىرىلا باشقۇرۇشى كېرەك. ئاتىمىزنىڭ نامىنى پەلەكنىڭ گەردىشىدىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئاشۇ 300 مىڭ فرانكتىن ۋاز كەچسەك بولمامدۇ؟».

«مەنمۇ شۇنداق دەپ ئويلايمەن، — دېدى ئېممانۇئېل، — لېكىن سېنىڭ پىكرىڭنى ئېلىپ باقماقچىدىم».

«مېنىڭ پىكرىم مۇنداق: بىز ئۆزىمىز كۆزلىگەننىڭ ھەممىسىگە ئىگە بولدۇق. ئېلىش - بېرىش ئىشلىرىمىز قالمىدى. ئەمدى ھېساباتنى بوغۇپ، كاسسىنى تاقىيالايمىز. شۇڭا، ئەمدى تىجارىتىمىزنى توختىتايلى».

ئۇلار دەرھال شۇ بويىچە ئىش قىلدى. بۇ، سائەت ئۈچ مەزگىلى ئىدى. ئارىدىن چارەك سائەت ئۆتكەندە بىر خېرىدار كېلىپ، ئارىيەتكە ئىككى كېمە سورىدى. بۇنىڭدىن 15 مىڭ فرانك ساپ پايدا ئالغىلى بولاتتى.

«ئەپەندى، — دېدى ئېممانۇئېل ئۇنىڭغا، — كېمە ئارىيەتكە ئالماقچى بولسىڭىز، شېرىكىمىز دېلونې ئەپەندىگە مۇراجىئەت قىلسىڭىز. بىز بۇ ئىشنى توختاتتۇق».

«قاچان توختاتقانىدىڭلار؟» — سورىدى ھەيران بولغان خېرىدار.

«چارەك سائەتنىڭ ئالدىدا».

ئەنە شۇ سەۋەبتىن، — سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ماكسىمىلىئان كۈلۈپ تۇرۇپ، — سىڭلىم بىلەن ئۇنىڭ ئېرىنىڭ يىللىق دارامىتى ئاران 25 مىڭ فرانك بولۇپ قالغان.

ماكسىمىلىئان سۆزلىگەنسېرى گرافنىڭ كۆڭلى شۇنچە خۇش بولماقتا ئىدى. ئۇ ئەمدىلا سۆزىنى تۈگىتىپ تۇرۇشىغا چاپان ۋە شلەپىسىنى كىيىپ چىققان ئېممانۇئېل كىرىپ كەلدى. ئۇ، بۇ مېھماننىڭ كەلگىنىگە ناھايىتى خۇرسەن بولغان قىياپەتتە تەزىم قىلدى. ئاندىن، گرافنى باشلاپ، گۈلزارلىقنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئۇنى ئۆيگە ئېلىپ كىردى.

مېھمانخانا ئۆيدە يوغان ياپونىيە ۋازىسىغا چېلىنغان گۈللەر خۇشپۇراق چېچىپ تۇراتتى. مۇناسىپ ھالدا كىيىنىپ، چېچىنى چىرايلىق تارىۋالغان ژۇلى بوسۇغىدا تۇرۇپ گرافنى قارشى ئالدى (ئۇ، ئۇن مىنۇتنىڭ ئىچىدىلا مۇشۇنداق ياسىنىۋېلىشقا ئۈلگۈرگەنىدى). قەپەزگە سېلىنغان قۇشلار شوخ سايرىشىپ تۇراتتى. دېرىزىلەرنىڭ چەتلىرىگە ئېسىلغان كۆك مەخمەل پەردىلەرنىڭ ئارقىسىدىن تال شاخلىرى ۋە ئاكاتسىيە گۈللىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان بۇ ئۆيدە قۇشلارنىڭ سايراشلىرىدىن تارتىپ، ساھىبخانلارنىڭ تەبەسسۇملىرىگىچە ھەممە نەرسە تىنچلىق - ئىناقلىقتىن بىشارەت بېرىپ تۇراتتى.

گراف ئۆيگە كىرىشى بىلەنلا بۇ كىشىلەرنىڭ بەختى ئۇنىڭ ئۆزىگىمۇ تەسىر كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ دەسلەپكى سالاملىشىشلار بىلەن ئۈزۈلۈپ قالغان سۆھبەتنى داۋاملاشتۇرۇشنى ئۇنتۇپ، ئۈنچىقماستىن خىيالغا كەتتى. كېيىن ئۇ ھەممەيلەننىڭ ئوڭايسىزلانغان ھالدا جىم بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، شېرىن خىياللىرىنى تەسلىكتە قوغلىدى.

— خېنىم، — دېدى ئۇ ئاخىرى، — ھاياجانغا بېرىلىپ

كەتكەنلىگىمنى ئەپۇ قىلغايسىز. مېنىڭ بۇنداق ھالىتىم سىزگە غەلىتە تۇيۇلۇشى مۇمكىن. سىز خاتىرجەملىك ۋە بەختكە ئادەتلەنگەن. لېكىن، مەن خاتىرجەم چىرايلارنى كۆرۈشكە ئادەتلەنمىگەنلىكىم ئۈچۈن سىزدىن ۋە رەپىقىڭىزدىن كۆزۈمنى ئۈزەلمەيۋاتىمەن.

— بىز ھەقىقەتەن ئىنتايىن بەختلىك، — دېدى ژيۇلى، — لېكىن بىز بۇرۇن بەكمۇ كۆپ جاپا تارتقان. ئۆز بەختىنى بۇنداق مۇشەققەت بىلەن قولغا كەلتۈرىدىغانلار كەم ئۇچرايدۇ.

گرافنىڭ چىرايىدا قىزىقىش ئالامىتى ئەكس ئەتتى.

— شاتو - رېنو سىزگە ئېيتقانىدەك، بۇ بىر ئۇزۇن ئائىلە تارىخى، — دېدى ماكسىمىلىئان، — سىز، گراف، زور پاجىئەلەرنى ۋە دەبدەبىلىك خۇشاللىقلارنى كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن. شۇڭا، بۇنداق ئائىلە ۋەقەلىرى سىزنى ئانچە قىزىقتۇرالمايدۇ. لېكىن، ژيۇلىنىڭ ئېيتقىنى توغرا. بىز خېلى كۆپ جاپا تارتتۇق، گەرچە بۇ جاپالار تار ئائىلە دائىرىسىدە چەكلەنگەن بولسىمۇ...

— خۇدايىم سىلەرگە شاپائەت قىلىپ، بۇ جاپالارنى كۆتۈرۈۋەتكەندۇر؟ — سورىدى مونتې - كرىستو.

— شۇنداق، گراف، — دېدى ژيۇلى، — بىز بۇنىڭغا ئىقرار بولۇشىمىز كېرەك، چۈنكى بىزگە خۇدانىڭ نەزەرى چۈشكەندەك ئىش بولدى. خۇدا بىزگە بىر پەرىشتىنى ئەۋەتتى.

گرافنىڭ يۈزى ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتتى. ئۇ، ھاياجانلىنىشىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن يۆتىلىپ قويۇپ، ئاغزىنى قول ياغلىقى بىلەن توسۇۋالدى.

— قۇترىغان دېڭىزدا قېلىپ، تۆت پارچە تاختايغا ئېسىلىپ باقمىغان كىشى تىنچ ھاۋانىڭ قەدرىنى بىلمىگەندەك، شاھى تون ئىچىدە دۇنياغا كېلىپ، موھتاجلىقنى كۆرۈپ باقمىغان كىشىمۇ تۇرمۇش بەختىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ، — دېدى ئېممانۇئېل.

مونتې - كرىستو ھېچنېمە دېمىدى، چۈنكى گەپ قىلسا ئاۋازى تىترەپ كېتىپ، ۋۇجۇدىنى چۇلغىۋالغان ھاياجانلىنىشى چېنىپ قالىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئاستا قەدەم تاشلاپ، خانا ئىچىدە ئۇياق - بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى.

— بىزنىڭ بۇ ئۆي بىساتىمىزغا قاراپ كۈلگىڭىز كېلىۋاتقاندۇر، گراف، — دېدى ماكسىمىلىئان مونتې - كرىستونىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ ئولتۇرۇپ.

— ياق، ياق، — دېدى مونتې - كرىستو. ئۇ بەكلا تاتىرىپ كەتكەن بولۇپ، بىر قولى بىلەن گۈپۈلدەپ سوقۇۋاتقان يۈرىكىنى بېسىۋالدى، يەنە بىر قولى بىلەن بىر ئەينەك قالپاقنى كۆرسەتتى. بۇ ئەينەك قالپاق قارا مەخمەل ياستۇقچىنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان بىر تاۋار ھەميانىنى يېپىپ تۇراتتى، — مەن بۇ ھەميانغا قاراۋاتىمەن. بۇ ھەميانىنىڭ بىر يېنىدا قانداقتۇر بىر قەغەز، يەنە بىر يېنىدا بىر ئېسىل ئالماس تۇرىدىغۇ.

ماكسىمىلىئاننىڭ يۈزى جىددىيلەشتى.

— بۇ، ئائىلىمىزدىكى ئەڭ قىممەتلىك بۇيۇم، گراف، — دېدى ئۇ.

— راست، بۇ خېلى ياخشى ئالماس ئىكەن، — دېدى مونتې كرىستو.

— ياق، بۇ ئالماسنىڭ باھاسىغۇ 100 مىڭ فرانكقا توختايدىكەن، لېكىن ئاكامنىڭ دېگىنى بۇنىڭ باھاسى ئەمەس. ئۇنىڭ دېمەكچى بولغىنى، بۇ ھەمياندىكى نەرسىلەر بايا بىز ئېيتقان پەرىشتىنىڭ تەۋەررۇكى.

— سۆزىڭىزنى چۈشەنمىدىم، خېنىم. شۇنداق بولسىمۇ، بۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشىڭىزنى سوراشقا پېتىنالمايمەن، — دېدى مونتې - كرىستو تەزىم قىلىپ تۇرۇپ، — بىئەدەبلىك قىلىپ قويغان بولسام ئەپۇ قىلىڭ.

— بىئەدەبلىك دېگىنىڭىز نېمىسى، گراف! ئەكسىچە، بىز بۇنى خۇشاللىق بىلەن سۆزلەپ بېرىمىز. ئەگەر بىز بۇ ھەمىيانغا مۇناسىۋەتلىك ياخشى ئىشتىن سىر ساقلىماقچى بولساق، ئۇنى بۇنداق كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان يەرگە قويمىغان بولاتتۇق. ياق، بىز بۇ ھەقتە پۈتۈن دۇنياغا جاكا قىلىش ئىمكانىيىتى بولسىدى دەپ ئارزۇ قىلىمىز. شۇنداق بولغاندا، بەلكىم شۇ نامەلۇم شەپقەتچىمىزنىڭ ئىز - دېرىكىنى تاپقىلى بولاتىكىن تاڭ.

— شۇنداق دەڭ! — دەپ قويدى مونتې - كرىستو بوش ئاۋاز بىلەن.

— گراف، — دېدى ماكسىمىلىيان ۋە ئەينەك قالپاقنى كۆتۈرۈپ، تاۋار ھەمىيانغا ئېھتىرام بىلەن لەۋلىرىنى تەككۈزدى، — بۇ ھەمىيان شۇنداق بىر كىشىنىڭ قولىدىن چىققانكى، ئۇ كىشى ئاتامنى ئۆلۈمدىن، بىزنى نامراتلىقتىن، ئائىلىمىزنىڭ نامىنى نومۇستىن ساقلاپ قالغان. بىز، دەرد - ھەسرەت ۋە خانىۋەيرانلىققا مەھكۇم قىلىنغان بەختسىز پەرزەنتلەر ئاشۇ كىشىنىڭ ھىممىتىگە ئېرىشكەنلىكىمىز ئۈچۈن بۈگۈنكى كۈندە ھەممە كىشىلەرنىڭ بىزنىڭ بەختىمىزگە ھەيران بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز. بۇ خەت، — ماكسىمىلىيان ھەمىيان ئىچىدىكى خەتنى چىقىرىپ گرافقا بەردى، — بۇ خەت ئەنە شۇ كىشىنىڭ خېتى بولۇپ، دەل ئاتام ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش قارارىغا كەلگەن كۈنى يېزىلغان. بۇ ئالماسنى ئاشۇ ناتونۇش شەپقەتچى سىڭلىمنىڭ تويلۇقىغا ئاتاپ ئەۋەتىپتۇ.

مونتې - كرىستو خەتنى ئېچىپ، سۆز بىلەن تەرىپلىگۈسىز بەخت تۇيغۇسى ئىچىدە ئۇنى ئوقۇپ چىقتى. بۇ كىتابخانىلىرىمىزغا تونۇشلۇق خەت بولۇپ، ژيۇلىگە قارىتىپ يېزىلغان ۋە «سىندباد - ساياھەتچى» دەپ ئىمزا قويۇلغانىدى.

— ناتونۇش كىشى دېدىڭىزما؟ دېمەك سىلەرگە بۇنداق ياردەم كۆرسەتكەن كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەلمەپسىلەر - دە؟

— شۇنداق، بىز ئۇ كىشىنىڭ قولىنى قىسىشتەك بەختكە مۇيەسسەر بولالمىدۇق، — دېدى ماكسىمىلىيان، — خۇداغا ئاشۇنداق بىر ئىلتىپات كۆرسىتىشنى ھەر قانچە ئىلتىجا قىلغان بولساقمۇ، نەتىجىسى بولمىدى. لېكىن بۇ ئىشلار گوياكى كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان، قۇدرەتلىك خىزىرنىڭ قولى بىلەن قىلىنغاندەك، شۇنداق سىرلىق رەۋىشتە بولۇپ ئۆتتىكى. بىزنىڭ زادى نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ھازىرغىچە ئۇقالمايۋاتىمىز.

— لېكىن، مەن تېخى ئۈمىدىمنى يوقاتمىدىم، — دېدى ژيۇلى، — ئۇنىڭ قولى تەككەن مۇشۇ ھەمىياننى دائىم سۆيۈپ تۇرۇۋاتقىنىمغا ئوخشاش، ئاخىرى بىر كۈنى شۇ كىشىنىڭ ئۆز قولىنىمۇ سۆيەلەيدىغانلىقىمغا ئىشىنىمەن. تۆت يىل ئىلگىرى پېنېلون ترىيېستكە بارغانىدى. پېنېلون دېگەن كىشى بايىقى گۈرجەك تۇتۇپ تۇرغان پېشقەدەم دېڭىزچى شۇ، گراف. ئۇ بۇرۇن بوتسمان بولغانىدى، ھازىر باغۋەنلىك قىلىۋاتىدۇ. ئۇ ترىيېستنىڭ دېڭىز بويىدا كېمىگە چۈشۈپ مېڭىش ئالدىدا تۇرغان بىر ئىنگلىزنى كۆرگەن ۋە ئۇنىڭ 1829 - يىلى بەشىنچى ئىيون كۈنى ئاتامنىڭ يېنىغا كەلگەن ۋە بەشىنچى سېنتەبىر كۈنى بىزگە مۇشۇ خەتنى ئەۋەتكەن كىشى ئىكەنلىكىنى تونۇۋالغان. پېنېلوننىڭ ئېيتىشىچە، بۇ نەق شۇ كىشىنىڭ ئۆزى ئىدى، لېكىن ئۇ بۇ كىشى بىلەن سۆزلىشىشكە پېتىنالماپتۇ.

— ئىنگلىز! — دەپ قويدى مونتې - كرىستو. ئۇ، ژيۇلىنىڭ ئۆزىگە قارىتىلغان كۆزلىرىدىن خاتىرجەمسىزلىنىشكە باشلىدى، — ئىنگلىز دەمسىز؟

— ھەئە، — دېدى ماكسىمىلىيان، — ئىنگلىز. ئۇ

رىمدىكى تومسون ۋە فرېنچ بانكىسىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ كەلگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن سىز موۋسىرنىڭ ئۆيىدە ئۆزىڭىزنىڭ تومسون ۋە فرېنچ بانكىسىدىن كەلگەنلىكىڭىزنى ئېيتقاندا مەن چۆچۈپ كەتكەنىدىم. سىزگە ئېيتقىنىمىزدەك، بۇ ئىش 1829 - يىلى بولۇپ ئۆتكەنىدى. گراف، ئېيتىڭا، شۇ ئىنگلىزنى تونۇمسىز؟

— سىز تومسون ۋە فرېنچ بانكىسى ئۆزىنىڭ بۇنداق ياردەم كۆرسەتكەنلىكىنى ئىزچىل تۇردە رەت قىلىپ كېلىۋاتىدۇ، دېگەنىدىڭىزغۇ؟

— شۇنداق.

— ئەمىسە، بۇ ئىنگلىز ئاتىڭىزنىڭ بىرەر ياخشىلىقىنى كۆرگەن بولسا، سىلەرگە ئاشۇنداق ياردەم قىلغانمۇ - يا؟

— ھەر نېمىدەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ، ھەتتا بىر كارامەت يۈز بەردى دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

— ئۇنىڭ ئىسمى نېمە ئىدى؟ — سورىدى مونتې - كرىستو.

— ئۇ ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئېيتمىغان، — دېدى ژىۋۇلى گرافقا يەنىمۇ دىققەت بىلەن قاراپ، — ئۇ پەقەت خېتىنىڭ ئاخىرىغا «سىندباد - ساياھەتچى» دەپلا ئىمزا قويغان.

— لېكىن، بۇ ئىسىم ئەمەس، تەخەللۇس بولسا كېرەك.

گراف ژىۋۇلىنىڭ ئۆزىگە بارغانسېرى تىكىلىپ قاراۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئاۋازىنى دىققەت قىلىپ تىڭشاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يەنە سۆزلىدى:

— ئېيتىڭلارچۇ، ئۇنىڭ بوي تۇرقى ماڭا ئوخشاشراق ئىدىغۇ دەيمەن، بەلكىم مېنىڭدىن سەل - پەل ئېگىزرەك ۋە ئورۇقراق بولغىدى. ئۇ، ياقىسى ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ، گالستۇك باغلىغان ۋە تولۇق تۈگمىلەنگەن تار چاپان كىيىپ، قولىدا دائىم قېرىنداش تۇتۇپ يۈرىدىغان كىشىمىدى؟

— ئۇنى تونۇيدىكەنسىز - دە؟ — دەپ ۋارقىراپ تاشلىدى ژىۋۇلى ۋە خۇشاللىقتىن كۆزلىرى چاقناپ كەتتى.

— ياق، — دېدى مونتې - كرىستو، — مەن پەقەت پەرىزىمنى ئېيتىۋاتىمەن. مەن ئۇيىلمور دېگەن بىر كىشىنى تونۇيتتىم. ئۇ بۇنداق ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىشقا بەك سېخى ئىدى.

— ئۇ بۇنداق ئىشلارنى ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ئاشكارىلىماستىن قىلامتى؟

— ئۇ بىر غەلىتە ئادەم ئىدى، مىننەتدارلىققا ئىشەنمەيتتى.

— ۋاي خۇدايىمەي، — دەپ خىتاب قىلدى ژىۋۇلى سۆز بىلەن ئىپادىلەشكە مۇمكىن بولمايدىغان قىياپەتتە قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، — ئەمىسە ئۇ بىچارە نېمىگە ئىشىنەتتى؟

— ھەر ھالدا مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىمدا ئۇ ئاشۇنداق ئىدى، — دېدى مونتې - كرىستو، — چىن يۈرەكتىن ئۇرغۇپ چىققان بۇ خىتابتىن چەكسىز ھاياجانلانغان ھالدا، — بەلكىم بۇ چاققىچە ئۇ مىننەتدارلىقنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ قالغاندۇر.

— سىز ئۇ كىشىنى تونۇيدىكەنسىز - دە، گراف ؟ — دەپ سورىدى ئېممانۇيېل.

— ئەگەر ئۇنى تونۇسىڭىز، — دەپ خىتاب قىلدى ژىۋۇلى، — بىزنى ئۇنىڭ ئالدىغا باشلاپ بارالامسىز، ئۇنى بىزگە كۆرسىتىپ قويالامسىز، ئۇنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟ ماكسىمىلىئان، ئېممانۇيېل، ئەگەر بىز ئۇنى تاپالىساق، ئۇ ئىنسان قەلبىنىڭ مىننەتدارلىقىغا چوقۇم ئىشىنىدۇ.

مونتې - كرىستو كۆزلىرىگە ياش ئەگىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، يەنە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى.

— خۇدا ھەققى، گراف، — دېدى ماكسىمىلىئان، — ئۇ كىشىنىڭ ئۇچرىنى بىلسىڭىز، بىزگە ئېيتىپ بېرىڭ!

— ئەپسۇسكى، — دېدى مونتې ـ كرىستو، ھاياجانلىنىشىنى يوشۇرۇشقا تىرىشىپ، — مۇبادا سىلەرنىڭ شەپقەتچىڭلار ھەققەتەن ئۇيىلمور ئەپەندى بولسا، ئۇنى بۇندىن كېيىن كۆرەلمەسلىكىڭلار مۇمكىن. مەن ئۈچ يىل ئىلگىرى ئۇنىڭ بىلەن پالېرمودا خوشلاشقانىدىم. شۇ چاغدا ئۇ ئەڭ يىراق مەملىكەتلەرگە جابدۇنغانىدى. شۇڭا، ئۇ ئەمدى زادى قايتىپ كەلمەسلىكى مۇمكىن دەپ ئويلايمەن.

— بۇ نېمىدېگەن رەھىمسىز گەپلەر! — دېدى ژيۇلى پۈتۈنلەي ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا ۋە ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ياش تولدى.

— مېنىڭ ھازىر كۆرۈۋاتقانلىرىمنى ئۇيىلمور ئەپەندىمۇ كۆرگەن بولسا، — دېدى مونتې ـ كرىستو چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ ۋە ژيۇلىنىڭ مەڭزىلىرىنى بويلاپ ئېقىپ چۈشۈۋاتقان مەرۋايىتتەك كۆز ياشلىرىغا قاراپ، — ئۇنىڭ ھاياتقا بولغان مۇھەببىتى قايتىدىن ئويغانغان بولاتتى، چۈنكى سىزنىڭ كۆزلىرىڭىزدىن ئېقىۋاتقان ياشلار ئۇنى ئىنسانىيەت بىلەن ئەپلەشتۈرۈپ قوياتتى.

ئۇ ژيۇلىگە قولىنى سوزدى. ژيۇلى گرافنىڭ كۆز قاراشلىرى ۋە ئاۋازىدىن سېھىرلەنگەندەك ئۇنىڭغا ئۆز قولىنى بەردى.

— شۇنداقتىمۇ، — دېدى ژيۇلى ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدىنى قولدىن بەرمەسلىككە تىرىشىپ، — بۇ ئۇيىلمور ئەپەندىنىڭ يۇرتى، ئائىلىسى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، تونۇش ـ بىلىشلىرى باردۇر؟ ئۇنى ئىزدەپ تېپىش ئۈچۈن...

— ئىزدىمەڭلار، — دېدى گراف، — مېنىڭ دەپ قويغان گەپلىرىمدىن خام خىيالغا بېرىلىپ كەتمەڭلار. ئۇيىلمورنىڭ سىلەر تاپماقچى بولۇۋاتقان ئادەم بولۇشى ناتايىن. بىز ئۇنىڭ بىلەن دوست ئىدۇق. مەن ئۇنىڭ ھەممە سىرلىرىنى بىلەتتىم. ئۇ ماڭا بۇ ئىشنىمۇ سۆزلەپ بەرگەن بولاتتى.

— ئۇ سىزگە ھېچنېمە دېمىگەنمىدى؟ — سورىدى ژيۇلى.

— ھېچنېمە دېمىگەن.

— سىزنىڭ پەرەز قىلىشىڭىزغا يىپ ئۇچى بولالىغۇدەك بىرەر گەپنىمۇ ئېيتمىغانمىدى؟

— زادى ئېيتمىغان.

— ئەمىسە سىز ھە دېگەندىلا ئۇنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالدىڭىزغۇ.

— ھە... ئادەمنىڭ كاللىسىغا ھەر خىل خىياللار كېلىشى مۇمكىن ـ دە.

— سىڭلىم، — دېدى ماكسىمىلىئان گرافنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ، — مېھمىنىمىزنىڭ ئېيتقىنى توغرا. ئويلاپ باققىنا، ئاتام بىزگە بىر نەچچە قېتىم «بىزگە بۇ بەختنى بەرگەن كىشى ئىنگلىز ئەمەس» دېگەنىدىغۇ.

مونتې ـ كرىستو چۆچۈپ كەتتى.

— ئاتىڭىز سىلەرگە نېمە دېگەنىدى، موررېل ئەپەندى؟ — ئالدىراپ سورىدى ئۇ.

— ئاتام بۇ ئىشنى بىر كارامەت دەپ ھېسابلايتتى. ئاتام ئۇ شەپقەتچىمىزنى گۆردىن چىقىپ كەلدى دەپ ئىشىنەتتى. ئۇنىڭ بۇنداق ئىشىنىشى شۇنچىلىك تەسىرلىك ئىدىكى، مەن گەرچە ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمىسەممۇ، ئۇنىڭ مىننەتدارلىققا تولغان يۈرىكىدىكى بۇ ئىشەنچىسىنى يوققا چىقىرىشنى خالىمايتتىم. ئۇ پات ـ پاتلا ئۆزىنىڭ ۋاپات بولۇپ كەتكەن دوستىنىڭ ئىسمىنى پىچىرلاپ، خىيالغا بېرىلىپ كېتەتتى! ئۇ ئۆلۈم بوسۇغىسىغا بېرىپ قالغاندا، باقى ئالەمنىڭ نۇرلىرى ئۇنىڭ خىياللىرىنى

روشەنلەشتۈردى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ پەرەزلىرى قەتئىي ئىشەنچكە ئايلاندى. ئۇنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدا ئېيتقان ئاداققى سۆزلىرى: «ماكسىمىلىئان، بۇ ئېدمون دانتېس!» دېگەندىن ئىبارەت بولدى.

گرافنىڭ بارغانسېرى تاتىرىپ كېتىۋاتقان چىرايى بۇ گەپلەر ئېيتىلغاندىن كېيىن ئادەمنىڭ قورققۇسى كەلگۈدەك دەرىجىدە ئاقىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىدىكى قان يۈرىكىگە قويۇلغاندەك بولۇپ، ئۈن چىقىرالماي قالدى. ئۇ، خۇددى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ئېسىگە كەلتۈرگەندەك قىلىپ، سائىتكە قارىدى ۋە شلەپىسىنى قولىغا ئالدى - دە، قانداقتۇر ئوڭايسىزلانغان هالدا ئۇشتۇمتۇتلا ئېربو خېنىم بىلەن خوشلاشتى ۋە ئېممانۇيېل بىلەن ماكسىمىلىئاننىڭ قوللىرىنى قىستى.

— خېنىم، — دېدى ئۇ، — ئارىلاپ سىلەرنى يوقلاپ تۇرۇشۇمغا ئىجازەت قىلغايسىز. سىلەرنىڭ ئائىلەڭلەردە كۆڭلۈم يايراپ كېتىدىكەن. مېنى قارشى ئالغانلىقىڭلار ئۈچۈن رەھمەت. مەن ئۇزۇن يىللاردىن بېرى بۈگۈن تۇنجى قېتىم ۋاقىتنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى سەزمەي قالدىم.

شۇ گەپلەرنى قىلىپلا ئۇ ئالدىراپ چىقىپ كەتتى.

— بۇ گراف مونتې - كرىستو دېگەن بىر غەلىتە ئادەم ئىكەن، — دېدى ئېممانۇيېل.

— شۇنداق، — دېدى ماكسىمىلىئان، — لېكىن، مېنىڭ هېس قىلىشىمچە، ئۇنىڭ يۈرىكى ئالتۇندەك پاك. يەنە بىر تەرەپتىن قارىغاندا، ئۇ بىزنى ياقتۇرۇپ قالغاندەك قىلىدۇ.

— ئۇنىڭ ئاۋازى يۈرىكىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغىچە بېرىپ يەتتى، — دېدى ژۇلى، — مەن هەتتا بۇ ئاۋازنى بۇرۇنمۇ ئاڭلىغاندەك قىلىمەن.

يىگىرمە بىرىنچى باب

پىرام ۋە فىسبا①

سېنت - ئونورې كوچىسىنىڭ ئۇچىدىن ئىككى قىسمىنى بېسىپ ئۆتسىڭىز، بۇ بايلار مەھەللىسىنىڭ هەشەمەتلىك بىنالىرى ئارىسىدىمۇ ئالاهىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان بىر كۆركەم ئىمارەتنىڭ ئارقىسىدىكى چوڭ باغنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ باغدىكى كاشتان دەرەخلىرى يوغان، بەئەينى قەلئە سېپىلىدەك تاملارنىڭ ئۈستىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ تۇراتتى. هەر باهاردا بۇ دەرەخلەرنىڭ ئاق ۋە سۇس قىزىل گۈللىرى تۆت قىرلىق تۈۋرۈكلەرنىڭ ئۈستىگە ئورنىتىلغان ئىككى تاش ۋازىغا تۆكۈلۈپ تۇراتتى. بۇ تۈۋرۈكلەر بولسا، ليۇدوۋىك XIII نىڭ زامانىسىدىكى تۆمۈر رېشاتكىلار بىلەن تۇتاشتۇرۇلغانىدى.

بۇ ۋازىلاردا ئۆستۈرۈلگەن ئاجايىپ چىرايلىق گېران گۈللىرى ئۆزىنىڭ قىپقىزىل گۈل - چېچەكلىرى ۋە چېكىم - چېكىم

---

① پىرام ۋە فىسبا — قەدىمكى بابىلدا ئۆتكەن بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇقلەر، بىر قېتىم فىسبا ئورماندىكى ئۇچراشماقچى بولۇشقان يەرگە ئالدىن كېلىدۇ. ئۇشتۇمتۇت يېقىنلا يەردىن بىر شىر ئېتىلىپ چىقىپ بىر كالىغا هۇجۇم قىلىدۇ. بۇنى كۆرگەن قىز — فىسبا قورقۇپ كېتىپ چاپىنىنى تاشلاپ قاچىدۇ. بۇ چاپان كالا قېنى بىلەن بويىلىدۇ. پىرام كەلگەندە، فىسبا يوق، ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ قانغا بويالغان هالدا تۇرغانلىقىنى كۆرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ فىسبانى شىر يەپ كېتىپتۇ دەپ ئويلاپ، خەنجىرىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ. كېيىن فىسبا قايتىپ كېلىپ، پىرامنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلىقىنى كۆرىدۇ - دە، ئۇمۇ مۇهەببەت يولىدا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ.

داغلىق يوپۇرماقلىرىنى شامالدا جىلۋىلەندۇرۇپ تۇرسىمۇ، ئۇزۇندىن بۇيان بۇ كۆركەم كىرىش ئىشىكىدىن ھېچكىم پايدىلانمايتتى. بۇ ئىمارەتنىڭ ئىگىلىرى ئەتراپىغا دەرەخ تىكىلگەن بىنانى ۋە بىر ئىشىكى كوچىغا، يەنە بىر ئىشىكى رىشاتكا بىلەن پاسىل قىلىنغان باغقا چىقىدىغان قورۇنىلا ئىشلىتىپ كەلمەكتە ئىدى. باغنىڭ ئارقا تەرىپىدە مۇشۇ ئىمارەتكە قاراشلىق بولغان بىر ئوبدان سەيۋەنزىلىك بار ئىدى. لېكىن، بىر ھايانكەش شەيتان پەيدا بولۇپ، بۇ سەيۋەنزىلىكنىڭ يېنىدىن ئۆتىدىغان ۋە سېنت-ئونورې كوچىسى دەپ ئاتالغان پارىژنىڭ چوڭ قان تومۇرى بىلەن رىقابەتلىشەلەيدىغان بىر كوچا سېلىشنى پىلانلىدى. بۇ كوچا تېخى ياسالماي تۇرۇپلا بۇ يەرگە كوچا نامى يېزىلغان تۆمۈر تاختا ئورنىتىلغان بولۇپ، يول ياساش ئىشى ئەمدى باشلىناي دەپ تۇرغاندا سەيۋەنزىلىك سېتىۋېتىلگەنىدى.

ۋەھالەنكى، ئىش ھايانكەشلىككە بېرىپ تاقالغاندا ئادەم ئۆز مۇددىئاسى بىلەنلا چەكلىنىپ قالىدۇ، پۇل ھەممىنى ھەل قىلىدۇ. شۇڭا، ئىسمى قويۇلۇپ بولغان بۇ كوچا بۆشۈكىدىلا تۇنجۇقتۇرۇۋېتىلدى. سەيۋەنزىلىكنى سېتىۋالغۇچى پۇلنى نەق تۆلىدى، لېكىن ئۆزى كۆزلىگەن باھادا قولدىن-قولغا ئۆتكۈزەلمىدى. شۇڭا، ئۇ چىقىم قىلغان پۇللىرىنىڭ پايدىسىنى چىقىرالىغۇدەك باھانى كۈتۈپ، بۇ بىر پارچە يەرنى سەيچىلەرگە يىللىغا 500 فىرانكلىق توختام بىلەن ئىجارىگە بەردى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ چىقىم قىلىنغان پۇللىرىغا ئاران يېرىم پىرسەنتلا پايدا ئالىدىغان بولدى. بۇ، ھازىرقى زامانغا سېلىشتۇرغاندا بەك ئاز، چۈنكى ھازىر بىرمۇنچە كىشىلەر 50 پىرسەنت پايدا ئېلىپمۇ يەنە بۇنى نامراتلارچە كىرىم دەپ ھېسابلايدۇ.

باغنىڭ بىر چاغلاردا سەيۋەنزىلىككە چىقىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ئىشىكى ئېتىۋېتىلگەن بولۇپ، گىرەلىرى داتلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، پاسكىنا سەيچىلەر ئۆزلىرىنىڭ پۇقراچە كۆزلىرى بىلەن قاراپ، ئاقسۆڭەكلەر بېغىنى بۇلغىمىسۇن دەپ، بۇ ئىشىك يەردىن ئالتە فۇت ئېگىزلىككىچە تاختاي بىلەن مىخلىۋېتىلگەنىدى. توغرا، تاختايلار بىر-بىرىگە ئانچە ھىملەنمىگەن بولۇپ، يوچۇقلىرىدىن ماراشقا بولاتتى، لېكىن بۇ ئۆي، ھۆرمەتلىك ئۆي ئۇنداق ماراشلاردىن قورقۇپ قالمايتتى.

ئۇ سەيۋەنزىلىكتە كاللەكبەسەي، سەۋزە، تۇرۇپ، پۇرچاق ۋە قوغۇنلارنىڭ ئورنىغا ئېگىز بوي تارتقان بېدە ئۆستۈرۈلگەنىدى. پەقەت شۇ بېدىلا بۇ چۆلدىرەپ قالغان يەرگە كىمدۇر بىرىنىڭ ئىگىدارچىلىق قىلىۋاتقانلىقىدىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى. پىلاندىكى كوچا بىلەن بۇ قاشالانغان بىر پارچە يەرنى كىچىككىنە بىر ئىشىك تۇتاشتۇرۇپ تۇراتتى. بۇ بىر پارچە يەرنىڭ تۈۋىرىقى بەك ناچار بولغاچقا، ئىجارىكەشلەر يېقىندا ئۇنى پۈتۈنلەي تاشلاپ كېتىشكەنىدى. شۇڭا، بۇ يەر بىر ھەپتىدىن بۇيان بۇرۇنقى يېرىم پىرسەنت تۇرماق ھېچقانداق پايدا كەلتۈرمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى.

سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئىمارەت جايلاشقان تەرەپتىكى كاشتان دەرەخلىرى تام ئۈستىدىن كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. چېچەكلەپ، پورەكلەپ تۇرغان باشقا دەرەخلەرمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆزلىرىنىڭ ھاۋاغا تەشنا بولغان شاخلىرىنى چىقىرىپ تۇرۇشىدۇ. بىر چەتتە، يەنى بۆك-باراقسانلىق ئىچىدىن كۈن نۇرى ئاران ئۆتىدىغان يەردە كەڭ تاش بەندىك ۋە بىرنەچچە ئورۇندۇق تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، بۇ جاينى سۆھبەتلىشىش ئورنى ياكى ئىمارەتتە ياشىغۇچىلاردىن بىرەرسىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان يېرى دەپ ئويلاشقا بولاتتى. بۇ يەردىن 100 قەدەمچە نېرىدىكى ئىمارەت بوستانلىق ئىچىدىن ئاران كۆرۈنۈپ تۇراتتى. يېغىپ ئېيتقاندا، بۇ خىلۋەت جاينىڭ تاللىنىشىدىكى

سەۋەبنى شۇنداق چۈشەندۈرۈشكىمۇ بولىدۇكى، بۇ كۈن نۇرى چۈشمەيدىغان يەر بولۇپ، ھەتتا ئەڭ ئىسسىق ياز كۈنلىرىدىمۇ سالقىن بولاتتى ۋە ئەتراپتا قۇشلار سايرىشىپ تۇراتتى. شۇنداقلا، بۇ جاي ئۆيگىمۇ، كوچىغىمۇ يىراق ئىدى، يەنى بۇ يەردە تۇرمۇش ئىشلىرىنىڭ تەشۋىش ۋە ۋاڭ - چۇڭلىرىدىن خالىي بولغىلى بولاتتى.

بۇ يىلقى باھار پارىژ ئاھالىسىگە ئېلىپ كەلگەن ئەڭ ئىسسىق كۈنلەردىن بىرىنىڭ كەچكە تاقاپ قالغان ۋاقتىدا ھېلىقى تاش بەندىگىدە بىر كىتاب، كۈنلۈك، سېۋەت ۋە كەشتىسى باشلاپ قويۇلغان چىت قولياغلىق ياتاتتى. تاش بەندىگىدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردىكى تاختايلار بىلەن مىخلىۋېتىلگەن ئىشىكنىڭ يېنىدا بىر قىز تۇراتتى. ئۇ تاختايلارنىڭ يوچۇقلىرىغا ئېگىشىپ، ھېلىقى سەيۋەنزىلىككە قاراۋاتاتتى.

شۇ ئارىدا سەيۋەنزىلىكنىڭ ئىشىكى ئاستا ئېچىلىپ، بىر ئېگىز بويلۇق بىجىرىم يىگىت كىرىپ كەلدى. ئۇ، قوپال رەختتىن تىكىلگەن كۆڭلەك ۋە مەخمەل بۆك كىيىۋالغان بولۇپ، بۇ ئاددىي كىيىملەر ئۇنىڭ پارقىراپ تۇرغان قاپقارا چاچ، ساقال، بۇرۇتلىرىغا ئانچە ماسلاشمىغانىدى. ئۇ، ئارقىدىن پايلاپ تۇرغان ئادەمنىڭ بار - يوقلۇقىنى تەكشۈرۈپ، ئۇياق - بۇياققا ئىتتەك قارىۋالغاندىن كېيىن ئىشىكنى ياپتى ۋە تېز - تېز چامداپ، باغنىڭ ئىشىكى تەرەپكە ماڭدى.

قىز ئۆزى كۈتكەن ئادەمنىڭ بۇنداق كىيىم كىيىپ كېلىدىغانلىقىنى ئويلىمىغان چېغى، چۆچۈپ كېتىپ كەينىگە داجىدى. لېكىن سىرتتىن كەلگەن كىشى ئاشىقلارچە تەلمۈرگەن كۆزلىرى بىلەن ئاق كۆڭلەك ۋە ئۇزۇن ھاۋارەڭ بەلباغنى تاختاي يوچۇقلىرىدىن غىل - پال كۆرۈپ قالدى. ئۇ يۈگۈرۈپ ئىشىكنىڭ يېنىغا كەلدى - دە، ئاغزىنى يوچۇققا يېقىن ئېلىپ كەلدى.

— قورقماڭ، ۋالېنتىنا، بۇ مەن، — دېدى ئۇ.

قىز يېقىن كەلدى.

— بۈگۈن نېمە ئانداق كېچىكىپ كەلدىڭىز؟ — دېدى ئۇ، — ھازىر چۈش ۋاقتى بولاي دەپ قالدى. ئۆزىڭىز بىلىسىزغۇ، ئۆگەي ئانام ھەربىر قەدىمىمنى كۆزىتىپ تۇرىدۇ، دېدەك قىز دائىم ئارقامدىن ماراپ يۈرىدۇ، ئىنىم ھەمىشە كەينىمدىن قالمايدۇ. ئۇلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن مۇشۇ يەردە قول ئىشى قىلىمەن دەپ نۇرغۇن ھىيلە ئىشلىتىشىم ۋە بەك ئېھتىياتچان بولۇشۇم كېرەك. نېمە ئۈچۈن كېچىكىپ قالغانلىقىڭىزنى ئېيتىش بىلەن بىللە، يەنە نېمە ئۈچۈن بۇنداق كىيىم كىيىۋالغانلىقىڭىزنىمۇ ئېيتىڭ. بۇ كىيىملىرىڭىزنى كۆرۈپ سىزنى تونۇماي قاپتىمەن.

— سۆيۈملۈك ۋالېنتىنا، — دېدى يىگىت، — مەن سىزنى ئۆزۈمدىن قول يەتكۈسىز ئۈستۈنلۈكتە دەپ ھېسابلايمەن. شۇڭا، سىزگە مۇھەببەت ھەققىدە سۆز ئېچىشقا پېتىنالمايمەن. شۇنداق بولسىمۇ، سىزنى كۆرگەندە ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالمايمەن، سىزنى چىن يۈرىكىمدىن ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ئېيتماي تۇرالمايمەن. سىزنى كۆرمىگەن چاغلىرىمدا شۇ سۆزلىرىمنى ئەسلىسەم كۆڭلۈم ئارام تاپقاندەك بولىدۇ. ئەمدى، مېنى ئەيىبلىگەنلىكىڭىز ئۈچۈن رەھمەت. بۇ ئەيىبلىشىڭىز ماڭا شۇنداق يېقىملىق تۇيۇلدى. بۇنداق ئەيىبلەش گەرچە مېنى كۈتكەنلىكىڭىزدىن دېرەك بەرمىسىمۇ (مەن ئۇنداق دەپ ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمايمەن)، ھەر ھالدا مېنى ئويلىغانلىقىڭىزنى چۈشەندۈرىدۇ. نېمە ئۈچۈن كېچىكىپ قالغانلىقىمنى ۋە نېمە ئۈچۈن بۇنداق كىيىنىۋالغانلىقىمنى بىلگىڭىز كېلەمدۇ؟ مەن بۇنى ھازىر سۆزلەپ بېرىمەن. بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مېنى ئەپۇ قىلىشىڭىز مۇمكىن. مەن ئۆزۈمگە بىر كەسىپ تاللىۋالدىم.

— گەسپ! بۇ نېمە دېگىنىڭىز، ماكسىمىلىئان؟ ئۆزىمىزنىڭ جانىجان ئىشىمىز ئۈستىدىن چاقچاق قىلغۇدەك بىز شۇنچە بەختلىكمۇ؟

— ئۆز جېنىمىزدىن ئارتۇق كۆرىدىغان ئىشقا چاقچاق قىلىشتىن خۇدايىم ساقلىسۇن، — دېدى يىگىت، — لېكىن، مەن ئارقىلىقلاردا مۆكۈنۈپ، تاملاردىن ئارتىلىپ يۈرۈشتىن ھاردىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاتىڭىزنىڭ مېنى ئوغرى ئوخشايدۇ دەپ سوتقا تاپشۇرۇپ بېرىشىدىن قورقتۇم. شۇنداق بولۇپ قالسا، بۇ ئىش پۈتۈن فرانسىيە ئارمىيىسىنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرىدۇ! يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، قامال قىلىنغان بىرەر ئىستىھكام ياكى مۇداپىئە قىلىشقا تېگىشلىك بىرەر قورغان مەۋجۇت بولمىغان بۇنداق يەردە مەندەك بىر ئاتلىق ئارمىيە كاپىتانىنىڭ چۆگىلەپ يۈرۈشى باشقىلارنىڭمۇ گۇمانىنى قوزغاپ قويۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن كۆكتات تېرىيدىغان ئادەم بولۇۋېلىپ، مۇشۇنداق كىيىملەرنى كىيىۋالدىم.

— نېمە دېگەن قاملاشمىغان گەپ بۇ!

— ئەكسىچە، مەن پۈتۈن ئۆمرۈمدە قىلغان ئىشلىرىم ئىچىدە بۇنى ئەڭ ئاقىلانە ئىش بولدى دەپ ھېسابلايمەن، چۈنكى مۇشۇنداق قىلغاندىلا بىز بىمالال كۆرۈشەلەيمىز.

— قېنى، چۈشەندۈرۈپ سۆزلەپ بېقىڭا.

— مەرھەمەت! مەن بۇ سەيۋەنزىلىكنىڭ ئىگىسى بىلەن كۆرۈشتۈم. ئىجارىگە بېرىلگەن ۋاقتى توشۇپ قالغانىكەن، شۇڭا، بۇ سەيۋەنزىلىكنى مەن ئىجارىگە ئېلىۋالدىم. بۇ يېرلەر ئەمدى مېنىڭ بولدى. ئەمدى ئوت - چۆپلەرنىڭ ئارىسىغا بىر كەپە ياساپ، سىزدىن بىرنەچچە قەدەم نېرىدىلا كۈن ئۆتكۈزىمەن. ئەمدى بەختىمگە يەتتىم. خۇشاللىقىمنى بېسىۋالالمايمەن! ۋالېنتىنا، مۇشۇنداق بەختىمۇ پۇلغا سېتىۋالغىلى بولىدىكەن - ھە.

ئەقلىغە سىغمايدىغان ئىش، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ بۇ بەخت ۋە خۇشاللىق ئۈچۈن ئون يىللىق ئۆمرۈمنى بېرىۋېتىشكە رازى بولاتتىم. لېكىن، بۇنىڭ ھەممىسى ماڭا قانچىگە توختىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ بۇنىڭ بىر يىللىق ئىجارىسى ئۈچكە بۆلۈپ تۆلەش شەرتى بىلەن 500 فرانكقا توختىدى! مانا ئەمدى مەن ھېچنېمىدىن ئەنسىرىمەيمەن. بۇ مېنىڭ يېرىم، ئەمدى تامغا شوتا قويۇپ سىزنىڭ بېغىڭىزغا قارىيالايمەن. ئەگەر سىز ئىش كىيىمى ۋە ئەسكى بۆك كىيىۋالغان مەندەك بىر كەمبەغەل ئىشلەمچىنىڭ ئاغزىدىن مۇھەببەت سۆزىنى ئاڭلاپ خاپا بولمىسىڭىزلا، ئەمدى مەن جىبەكچىلەرنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن غەم قىلماي سىز بىلەن مۇھەببەت ھەققىدە سۆزلىشەلەيمەن.

ۋالېنتىنا خۇشاللىق ئىچىدە تەئەججۇپلىنىپ، «ئاھ» دەپ ۋارقىرىۋەتتى. ئاندىن، گوياكى ئۇنىڭ قەلبىنى يورۇتقان قۇياش نۇرىنى كۈندەشلىك بۇلۇتى توسىۋالغاندەك بولۇپ، ئۇ غەمكىن ھالدا مۇنداق دېدى:

— بۇنداق قىلساق بىز بەك ئەركىن بولۇپ كېتىمىز، ماكسىمىلىئان. ئەمدى بىزنىڭ بۇ بەختىمىز ئادەتتىكى بىر ھەۋەسكە ئايلىنىپ قالامدىكىن دەپ قورقىمەن. ئەگەر بىز بۇ ئەركىنلىكتىن قالايمىقان پايدىلانساق ئۆزىمىزنى نابۇت قىلىمىز.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز! مەن سىز بىلەن تونۇشقاندىن تارتىپ، ئۆزۈمنىڭ ئارزۇيۇم ۋە ھاياتىمنى سىزنىڭ ئارزۇيىڭىز ۋە ھاياتىڭىزغا بويسۇندۇرغانلىقىمنى ھەر كۈنى ئېيتىۋاتىمەنغۇ. سىزنى ماڭا ئىشەندۈرگەن نەرسە نېمە؟ مېنىڭ ۋىجدانىم. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ سىز ماڭا قانداقتۇر بىر نامەلۇم خەۋپنى سەزگەندەك بولۇپ، خاتىرجەمسىزلىنىۋاتقانلىقىڭىزنى ئېيتقانىدىڭىز. مەن سىزگە ئۆز ياردىمىمنى ۋە ساداقىتىمنى تەقدىم قىلىدىغانلىقىمنى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن سىزنىڭ خىزمىتىڭىزدە بولۇش بەختىدىن باشقا

ھېچنېمە تەلەپ قىلمايدىغانلىقىمنى ئېيتقانىدىم. سىز ئۈچۈن جېنىمنى قۇربان قىلىشنى بەخت دەپ ھېسابلايدىغانلار ئىچىدىن مېنى تاللىۋالغانلىقىڭىزغا پۇشايمان قىلغۇدەك بىرەر غەيرىي سۆز قىلىپ قويدۇممۇ، بىرەر سەۋەنلىك ئۆتكۈزدۈممۇ؟ ئاتىڭىزنىڭ سىزنى ئەپىنە ئەپەندىگە چاي ئىچكۈزۈپ قويغانلىقىنى، ئەمدى بۇ نىكاھتىن قۇتۇلۇشقا بولمايدىغانلىقىنى، چۈنكى ۋىلفور ئەپەندى سۆزىدىن يانمايدىغانلىقىنى ماڭا سۆزلەپ بەرگەنىدىڭىز. شۇنىڭ بىلەن، مەن ئۆزۈمنى ئاشكارىلىمىدىم، سىز بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئىرادىمىزدىن ئەمەس، بەلكى تەقدىردىن، خۇدادىن ئۈمىد كۈتتۈم... لېكىن سىز مېنى ياخشى كۆرىسىز، ۋالېنتىنا، ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىيدۇ. بۇنى سىز ئۆز ئاغزىڭىز بىلەن ئېيتقانىدىڭىز. ئاشۇ بىباھا سۆزلىرىڭىز ئۈچۈن رەھمەت سىزگە. شۇ گەپلىرىڭىزنى ئاندا - ساندا بولسىمۇ، تەكرار سۆزلەپ تۇرۇشىڭىزنى ئۆتۈنۈپ سورايمەن. سىزنىڭ سۆزلىرىڭىز ماڭا مەدەت بېرىدۇ ۋە مەن شۇنىڭدىن باشقا ھېچنېمىنى ئويلىمايدىغان بولالايمەن.

— شۇ سۆزلىرىم سىزنى مۇشۇنداق يۈرەكلىك قىلىۋەتتى، ماكسىمىلىئان. شۇنىڭ بىلەن، مېنىڭ ھاياتىم ھەم بەختلىك ھەم بەختسىز بولۇپ قالدى. مەن پات - پات ئۆزۈمگە شۇنداق بىر سوئالنى قويىمەن، مەن ئۈچۈن ياخشىسى قايسى؟ ئۆگەي ئانامنىڭ رەھىمسىزلىكى ۋە ئۇنىڭ ئۆز ئوغلىغا بولغان قارىغۇلارچە مېھرى - مۇھەببىتىدىن كېلىۋاتقان قايغۇ - ھەسرەتلەر ئىچىدە ياشىغىنىم تۈزۈكمۇ ياكى خەۋپ - خەتەرگە تولغان بەخت ئىچىدە سىز بىلەن مۇشۇنداق كۆرۈشۈپ يۈرۈۋەرگىنىم تۈزۈكمۇ؟

— خەۋپ - خەتەر! — دەپ خىتاب قىلدى ماكسىمىلىئان! — بۇنداق قاتتىق ۋە ئادالەتسىز سۆزنى قانداق ئاغزىڭىزغا ئالدىڭىز! مەن سىزنىڭ ئەڭ سادىق قۇلىڭىز ئەمەسمۇ؟ ۋالېنتىنا، ئارىلاپ - ئارىلاپ مەن بىلەن سۆزلىشىپ تۇرۇشقا ماقۇل بولدىڭىز، بىراق سىز بىلەن بىر يەردە بولۇشۇمغا زادى ئۇنىمىدىڭىز. مەنمۇ بۇنىڭغا كۆندۈم. ئاخىرى، مەن مۇشۇ سەيۋەنزىلىككە كېلىپ، سىز بىلەن سۆزلىشىشكە، سىزنى كۆرمىسەممۇ، سىزگە يېقىن يەردە تۇرۇشقا ئامال تاپتىم. قېنى، ئېيتىڭا، شۇندىن بۇيان مۇشۇ رېشاتكىنىڭ ئارقىسىدىن كۆڭلىڭىزنىڭ بىر بۇرجىكىنى بولسىمۇ تۇتۇپ بېقىشقا رۇخسەت سورىدىممۇ؟ بىر قېتىم بولسىمۇ مۇشۇ قاشادىن ئارتىلىپ ئۆتۈشكە ھەرىكەت قىلدىممۇ؟ بۇنداق بىر كىچىك توسۇقتىن ئارتىلىپ ئۆتۈش ياش ۋە كۈچلۈك ئادەم ئۈچۈن ئويۇننىڭ ئورنىدىكى ئىشقۇ. سىزنىڭ بۇنداق چەكلىشىڭىزدىن رەنجىدىممۇ؟ سىزگە باشقىچە تەلەپلەرنى قويۇپ ياققان يېرىم بارمۇ؟ مەن خۇددى ئۆتكەن زامانلاردىكى رىتسارلارغا ئوخشاش ئۆز سۆزۈمگە قەتئىي ئەمەل قىلدىمغۇ. شۇنى بولسىمۇ ئىقرار قىلىڭا. بولمىسا مەن، سىزنى راستچىل ئەمەسكەن دەپ قالىمەن.

— بۇ راست، — دېدى ۋالېنتىنا ۋە بىر بارمىقىنىڭ ئۇچىنى يوچۇقتىن تىققانىدى، ماكسىمىلىئان ئۇنىڭغا لەۋلىرىنى ياقتى، — بۇ راست. سىز سادىق دوست. لېكىن، يىغىپ ئېيتقاندا، سىز ئۆز مەنپەئەتىڭىزنى كۆزلەپ شۇنداق قىلدىڭىز - دە، ماكسىمىلىئان. ئۆزىڭىز بىلىسىزغۇ، قۇل بىرەر تەلەپ قويسا، ھەممىدىن بىراقلا مەھرۇم بولىدۇ ئەمەسمۇ. سىز ماڭا قېرىنداشلارچە دوست بولىدىغانلىقىڭىزنى ۋەدە قىلغانىدىڭىز. مېنىڭ باشقا دوستلىرىم يوق. ئاتام مېنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ، ئۆگەي ئانام مېنى ئۆگەيلەيدۇ. ماڭا بىردىنبىر ھەمراھ بولىدىغان كىشى ھەرىكەتسىز، تىلسىز، ئاجىز بوۋامدىنلا ئىبارەت. ئۇ مېنىڭ قولۇمنى تۇتۇش ئۈچۈن ئۆز قولىنى مىدىرلىتالمايدۇ، مەن بىلەن پەقەت كۆزلىرى ئارقىلىقلا سۆزلىشىدۇ. بەلكىم ئۇنىڭ يۈرىكىدە ماڭا قارىتا ئاز - تولا مېھرى بولۇشى مۇمكىن. ھە، تەقدىر مېنى ئاچچىق ئازابقا سالدى، كۈچلۈكلەر-

نىڭ ھەممىسىنى ماڭا دۈشمەن قىلىپ، يالغۇز بىر مۈردىنىلا ماڭا دوست قىلدى! راست، ماكسىمىلىئان، مەن بەك بەختسىز. سىزنىڭ مېنى ياخشى كۆرۈش بىلەن بىللە ئۆزىڭىزنى ئەمەس، مېنى ئويلىغانلىقىڭىز بەك ياخشى بولدى!

— ۋالېنتىنا، — دېدى ماكسىمىلىئان چوڭقۇر ھاياجانلانغان ھالدا، — مەن دۇنيادا يالغۇز سىزنىلا ياخشى كۆرىمەن دەپ ئېيتالمايمەن. مەن سىڭلىمنى ۋە ئۇنىڭ ئېرىنىمۇ ياخشى كۆرىمەن. لېكىن بۇ بىر تىنچ، خاتىرجەم مۇھەببەت بولۇپ، مېنىڭ سىزگە بولغان ھېسسىياتىمغا زادى ئوخشىمايدۇ. مەن سىزنى ئويلىغاندا قېنىم قىزىپ، دېمىم سىقىلىپ كېتىدۇ، يۈرىكىم قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك سېلىپ كېتىدۇ. مېنىڭ پۈتۈن كۈچ - قۇۋۋىتىم، ئىشتىياقىم، بارلىقىم سىزگە بولغان مۇھەببىتىمگە سىڭدۈرۈلگەن. قاچانكى، سىزگە لازىم بولسا، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى سىزنىڭ بەختىڭىز ئۈچۈن تەقدىم قىلىمەن. فرانس ئەپەندىنى يەنە بىر يىلغىچە كەلمەيدۇ دېيىشىدۇ. بۇ بىر يىل ئىچىدە نۇرغۇن ياخشى پۇرسەتلەر كېلىشى، ئىشلىرىمىز ئوڭغا تارتىپ قېلىشى مۇمكىن. ئۈمىدۋار بولايلى. ئۈمىد ھەممىدىن ئەۋزەل، ھەممىدىن شېرىن. سىز مېنى شەخسىيەتچى دەيسىز، ۋالېنتىنا، ئۆزىڭىزچۇ؟ سىز مەن ئۈچۈن مەسۇم ۋېنېرانىڭ گۈزەل ۋە سوغۇق ھەيكىلى بولۇپ كېلىۋاتىسىز. مېنىڭ ساداقەتلىكىم، ئىتائەتمەنلىكىم، قانائەتچانلىقىم ئۈچۈن ماڭا نېمە قىلىپ بەردىڭىز؟ ھېچنېمە. ماڭا نېمىڭىزنى بېغىشلىدىڭىز؟ بېغىشلىغىنىڭىز بەك ئاز. سىز ماڭا ئۆزىڭىزنىڭ يىگىتىڭىز ئەپىنە ئەپەندىنىڭ گېپىنى قىلىسىز، قاچانلا بولمىسۇن ئۇنىڭ، ئىلكىگە ئۆتىدىغانلىقىڭىزنى ئويلىغاندا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىسىز. ماڭا قاراڭا، ۋالېنتىنا، قەلبىڭىزدە بۇنىڭدىن باشقا گەپ يوقمۇ؟ مەن سىزگە پۈتۈن ھاياتىمنى، جېنىمنى بېرىشكە تەييار، مېنىڭ يۈرىكىم پەقەت

سىز ئۈچۈنلا سوقۇۋاتىدۇ، مېنىڭ بارلىقىم سىزگە مەنسۇپ، سىزدىن ئايرىلسام ياشىيالمايمەن. لېكىن سىز باشقا ئادەمنىڭ ئىلكىدە بولىدىغانلىقىڭىزنى ئويلاشتىن قورقمايدىكەنسىز! بەس، سىزنىڭ ئورنىڭىزدا مەن بولسام، بىر كىم مېنى مانا مۇشۇنداق ياخشى كۆرىدىغان بولسا، مۇشۇ رېشاتكىلاردىن قولۇمنى 100 قېتىم سۇنۇپ تۇرۇپ، بەختسىز ماكسىمىلىئاننىڭ قولىنى قىسقان بولاتتىم ۋە ئۇنىڭغا: «مەن سىزنىڭ، ماكسىمىلىئان. ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا پەقەت سىزنىڭلا» دېگەن بولاتتىم.

ۋالېنتىنا جاۋاب قايتۇرمىدى، لېكىن ماكسىمىلىئان ئۇنىڭ ئېغىر تىنىۋاتقانلىقىنى ۋە يىغلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى - دە، دەرھال ئەس - ھوشىنى يىغىۋالدى.

— ۋالېنتىنا، ۋالېنتىنا! — دەپ خىتاب قىلدى ئۇ، — سىزنى خاپا قىلىپ قويغان بولسام، گېپىمنى ياندۇرۇۋالاي!

— ياق، — دېدى قىز، — ئېيتقانلىرىڭىز توغرا. لېكىن سىز مېنىڭ قانچىلىك بەختسىز ۋە يالغۇز ئىكەنلىكىمنى بىلمىسىزغۇ. بۇ ئۆي ماڭا يات ئۆيگە ئوخشاش، چۈنكى ئاتاممۇ يات ئادەمگە ئوخشايدۇ. ئون يىلدىن بېرى ھەر كۈنى، ھەر سائەتتە، ھەر مىنۇتتا بۇ زالىملارنىڭ تۆمۈردەك قاتتىق ھۆكۈمرانلىقى مېنىڭ ئىرادەمنى بېسىپ كېلىۋاتىدۇ. مېنىڭ دەرد - ئەلەملىرىمنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. بۇ ھەقتە مەن پەقەت سىزگىلا سۆزلەپ بەردىم. قارىماققا، ھەممىسى مېنى ياخشى كۆرىدىغاندەك، ماڭا كۆيۈنىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ. ئەمەلىيەتتە ھەممىسى ماڭا دۈشمەن. كىشىلەر: ۋىلفور ئەپەندى بەك جىددىي ۋە تەلەپچان ئادەم بولغاچقا قىزىغا ئانچە يۇمشاقلىق قىلمايدۇ، ئەمما ئۇ قىز ۋىلفور خانىمدەك ئىككىنچى ئانىغا ئېرىشىپ بەختىنى تاپتى، دېيىشىدىكەن. بۇ گەپلەر توغرا ئەمەس. ئاتامنىڭ مەن بىلەن كارى

يوق، ئۆگەي ئانام ماڭا ئۆچمەنلىك قىلىدۇ. ئەڭ يامان يېرى شۇكى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆچمەنلىكىنى ھەمىشە كۈلۈمسىرەش بىلەن نىقابلاپ تۇرىدۇ.

— ئۆچمەنلىك قىلىدۇ دەمسىز، ۋالېنتىنا؟ سىزنى ئۆچ كۆرۈش مۇمكىنمۇ؟

— دوستۇم، — دېدى ۋالېنتىنا، — ئۇنىڭ مېنى ئۆچ كۆرۈشتىكى سەۋەبىنى چۈشىنىش بەك ئاسان. ئۇ ئۆزىنىڭ ئوغلى، مېنىڭ ئىنىم ئېدۇئارنى بەك ياخشى كۆرىدۇ.

— ئۇنداق بولسا نېمە بولىدۇ؟

— بۇ گەپلەرگە پۇل مەسىلىلىرىنى ئارىلاشتۇرۇۋېلىش بىرئاز ئەپسىز تۇيۇلىدىكەن، لېكىن ئۆگەي ئانامنىڭ مېنى ئۆچ كۆرۈشى دەل مۇشۇ پۇل مەسىلىسىدىن بولغان. ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ھېچقانداق مال-مۈلكى يوق. مېنىڭ بولسا، ئاپامدىن قالغان زور مىراسىم بار. كېيىنكى كۈنلەردە سېن-مېران ئەپەندى بىلەن سېن-مېران خانىمنىڭ مىراسىغىمۇ ئىگە بولسام بۇ بايلىقىم ئىككى ھەسسە ئاشىدۇ. مېنىڭچە، ئۆگەي ئانام شۇ سەۋەبتىن ماڭا ھەسەت قىلىۋاتىدۇ. ۋاي خۇدايىم، ئەگەر مەن ئۆز بايلىقىمنىڭ يېرىمىنى ئۇنىڭغا بېرىۋېتىپ، ئۆز ئاتامنىڭ ئۆيىدە ئۆگەيلىك ھېس قىلمايدىغانلا بولسام، ھېچ ئىككىلەنمەستىن شۇنداق قىلغان بولاتتىم.

— بىچارە ۋالېنتىنام!

— مەن خۇددى زەنجىر بىلەن باغلاپ قويۇلغاندەك، بەك ئاجىزلىق ھېس قىلىۋاتىمەن. بۇ زەنجىر مېنى بوغۇۋاتىدۇ، لېكىن ئۇنى چۈرۈپ تاشلاشقا قۇربىم يەتمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاتامنىڭ گېپىگە كىرمىسەم، ئۇنىڭدىن ياخشىلىق كۆرمەيمەن. ئۇ مېنىڭ ئۈستۈمدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. ئۇ سىزگىمۇ، ھەتتا پادىشاھقىمۇ ھۆكۈمرانلىقنى ئىشلىتەلەيدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ئۆتمۈشى-

دە ھېچقانداق داغ يوق، ھازىرقى خىزمەت ئورنى ئىنتايىن مۇستەھكەم. شۇڭا، ئۇ قۇدرەتلىك. ماكسىمىلىئان، چىن سۆزۈمنى ئېيتسام، مەن كۈرەش قىلالمايمەن، چۈنكى ئۆزۈم بىلەن بىرگە سىزنىمۇ ھالاكەتكە تۇتۇپ بېرىشتىن قورقىمەن.

— ۋالېنتىنا، — دېدى ماكسىمىلىئان، — نېمە ئۈچۈن بۇنچىلىك ئۈمىدسىزلىنىسىز؟ نېمە ئۈچۈن كەلگۈسىنى بۇنچىلىك قاراڭغۇ قىلىپ كۆرسىتىسىز؟

— دوستۇم، ئۆتكەن ئىشلارغا قاراپ شۇنداق دەۋاتىمەن.

— ئەمىسە مېنىڭ گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ. مەن گەرچە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ يۇقىرى قاتلاملىرىغا ۋەكىللىك قىلالمىساممۇ، كۆپ جەھەتلەردىن ئېيتقاندا، سىز ياشاۋاتقان جەمئىيەتكە تەۋە بولالايمەن. بىر فرانسىيە ئىچىدە ئىككى فرانسىيە مەۋجۇت بولغان زامانلار ئۆتۈپ كەتتى. مونارخىيە دەۋرىدىكى ئاقسۆڭەكلەر بىلەن ئىمپېرىيە ئاقسۆڭەكلىرى ھازىر قوشۇلۇپ كەتتى. زۇلپىقار ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن توپ-زەمبىرەك ئاقسۆڭەكلىرى ئۇرۇق-تۇغقان بولۇپ قالدى... مەن بۇلارنىڭ كېيىنكىسىگە مەنسۇپ. ئارمىيىدە مېنىڭ ئىستىقبالىم پارلاق. مېنىڭ بايلىقىم ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، ئۇنىڭغا ئۆزۈم مۇستەقىل ھالدا ئىگىدارچىلىق قىلىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىزنىڭ يۇرتتا كىشىلەر مېنىڭ ئاتامنى ئۆز زامانىسىدىكى ئەڭ ئالىيجاناب توپ مال سودىگىرى دەپ بىلىدۇ ۋە ئۇنى ھۆرمەت بىلەن ئەسلەيدۇ. ۋالېنتىنا، مەن «بىزنىڭ يۇرت» دەۋاتىمەن، چۈنكى سىزنىمۇ مارسېللىق دېيىشكە بولىدۇ.

— ماكسىمىلىئان، ماڭا مارسېلنىڭ گېپىنى قىلماڭ. بۇ سۆزنى ئاڭلىساملا ئاپام يادىمغا كېلىدۇ. ئۇ ھەممىمىزنى ھەسرەتتە قالدۇرۇپ كەتتى. مېنىڭ ئۇ پەرىشتە ئاپام بۇ دۇنيادا ئۆز قىزىنى ئۇزاقتىچە باقالمىغان بولسىمۇ، ئىشىنىمەنكى، ئۇ باقى ئالەمدە تۇرۇپ ئۆز قىزىغا قاراۋاتىدۇ ۋە ئۇنى قوغداۋاتىدۇ!

ئاھ، ماكسىمىلىئان، بىچارە ئاپام ھايات بولغان بولسا، ھېچنېمىدىن قورقمايتتىم. مەن ئۇنىڭغا سىزنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ئېيتاتتىم، ئۇ بىزگە پاناھ بولاتتى.

— ئۇ ھايات بولسا، مەن سىز بىلەن تونۇشمىغان بولاتتىم، — دېدى ماكسىمىلىئان، — چۈنكى سىز ئېيتقاندەك، ئۇ چاغدا سىز بەختلىك بولاتتىڭىز. ھالبۇكى، بەختلىك ۋالېنتىنا مېنى ياراتمىغان بولاتتى.

— دوستۇم، — دەپ خىتاب قىلدى ۋالېنتىنا، — ئەمدى سىز ماڭا ئادالەتسىزلىك قىلىۋاتىسىز ... لېكىن، ئېيتىڭا ...

— ھە، نېمە گەپ؟ — سورىدى ماكسىمىلىئان قىزنىڭ ئىككىلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ.

— ئېيتىڭا، — دېدى يەنە قىز، — بۇرۇن، مارسېلدىكى چاغلاردا سىزنىڭ ئاتىڭىز بىلەن مېنىڭ ئاتامنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرەر ئۇقۇشماسلىق بولۇپ ئۆتكەنمۇ؟

— ياق، بۇنداق گەپنى ئاڭلىمىغان، — دېدى ماكسىمىلىئان، — مەن پەقەت شۇنىلا بىلىمەنكى، سىزنىڭ ئاتىڭىز بۇربونلارنىڭ مۇخلىسى ئىدى، مېنىڭ ئاتام ئىمپېراتورغا سادىق ئىدى. بىلىشىمچە، ئۇلارنىڭ بىردىنبىر پىكىر ئىختىلاپى شۇنىڭدا بولسا كېرەك. بۇنى سوراپ نېمە قىلىسىز؟

— ھازىر سۆزلەپ بېرىمەن، — دېدى قىز، — بۇنى بىلىۋېلىشىڭىز كېرەك. بۇ ئىش سىزنىڭ شەرەپلىك لېگىئونغا ئۆستۈرۈلگەنلىكىڭىز گېزىتتە ئېلان قىلىنغان كۈنى بولغان. بىز ھەممىمىز بوۋام نۇئارتىيېنىڭ يېنىدا ئىدۇق. يەنە دانگلارمۇ بار ئىدى. تونۇيسىزغۇ دەيمەن، ئۇ بانكىر. ئۈچ كۈن ئىلگىرى ئۇنىڭ ئاتلىرى مېنىڭ ئۆگەي ئانام بىلەن ئىنىمنى ئۆلتۈرۈپ قويۇشقا تاس قالغان. مەن بوۋامغا گېزىت ئوقۇپ بېرىۋاتاتتىم. باشقىلار دانگلارنىڭ قىزىنىڭ توي ئىشى توغرۇلۇق سۆزلىشىۋاتاتتى. مەن

گېزىتنى ئوقۇپ، سىزگە مۇناسىۋەتلىك يەرگە كەلگەندە ... مەن بۇنى بىلەتتىم، چۈنكى شۇ كۈنى ئەتىگەندىلا سىز ماڭا بۇ خۇش خەۋەرنى يەتكۈزگەنىدىڭىز. ھە، ئوقۇپ شۇ يەرگە كەلگەندە، مەن ئۆزۈمنى ناھايىتى بەختلىك ھېس قىلدىم ۋە بەك ھاياجانلىنىپ كەتتىم، چۈنكى ئەمدى سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى ئوقۇشۇم كېرەك ئىدى. ئەگەر باشقىلارنىڭ گۇمانلىنىپ قېلىشىدىن قورقمىسام، شۇ چاغدا ئىسمىڭىزنى ئوقۇماي ئۆتكۈزۈۋەتكەن بولاتتىم. ئاخىرى، مەن پۈتۈن غەيرىتىمنى يىغىپ ئۇنى ئوقۇدۇم.

— سۆيۈملۈكۈم ۋالېنتىنا!

— سىزنىڭ ئىسمىڭىز چىقىشى بىلەن تەڭلا ئاتام بۇرۇلۇپ مەن تەرەپكە قارىدى. مەن سىزنىڭ ئىسمىڭىز خۇددى چاقماق چېقىلغاندەك ھەممەيلەننى ھەيرەتتە قالدۇرىدۇ دەپ ئىشىنەتتىم (كۆرىدىڭىزمۇ، مېنىڭ ھاماقەتلىكىمنى!). شۇڭا، ئاتام بىلەن دانگلار ئەپەندى چۆچۈپ كەتكەندەك تۇيۇلدى (بۇ، ئەلۋەتتە، مېنىڭ پەرىزىم).

«موررېل، — دېدى ئاتام، — توختاڭ، توختاڭ! (ئۇنىڭ قاپىقى تۈرۈلدى). بۇ ھېلىقى مارسېلدىكى ئەشەددىي پوناپارتچى بولغان موررېللارنىڭ بىرى ئەمەسمىدۇ؟ ئۇلار 1815 - يىلى بىزگە نۇرغۇن ئاۋارىگەرچىلىك تېپىپ بەرگەنىدىغۇ».

«شۇنداق، — دېدى دانگلار، — بۇ، ئاشۇ سودىگەرنىڭ ئوغلى بولسا كېرەك».

— مۇنداق دەڭ! — دەپ قويدى ماكسىمىلىئان، — ئاتىڭىز نېمە دېدى؟

— ئادەمنىڭ قورقۇسى كەلگۈدەك گەپلەرنى قىلدى. ئېيتىشقا تىلىم بارمايدۇ.

— شۇنداق بولسىمۇ ئېيتىڭ، — دېدى ماكسىمىلىئان كۈلۈمسىرەپ.

«ئۇلارنىڭ ئىمپېراتورى، — دېدى ئاتام قاشلىرىنى ھىممىرىپ، — بۇ تەلۋىلەرنى جايىدا ئىشلىتىشنى بىلگەن. ئۇ بۇلارنى «زەمبىرەك يېمى» دەپ ئاتىغان. بۇ بەك مۇۋاپىق قويۇلغان نام. ھازىر يېڭى ھۆكۈمەتنىڭمۇ مۇشۇ قۇتقۇزغۇچ پرىنسىپنى قوللىنىۋاتقانلىقىدىن خۇشالمەن. ئەگەر ھۆكۈمەت مۇشۇ پرىنسىپ ئۈچۈنلا ئالجىرنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان بولسا، مەن بۇنى ئالقىشلايمەن، گەرچە ئالجىرىيە بىزگە بەك قىممەتكە توختاۋاتقان بولسىمۇ».

— بۇ ھەقىقەتەن يامان سىياسەت، — دېدى ماكسىمىلىئان، — لېكىن ۋىلفور ئەپەندىنىڭ سۆزلىرىدىن خىجىل بولماڭ. بۇ جەھەتتە مېنىڭ ئاتاممۇ ئۇنىڭدىن قېلىشمايتتى. ئۇ ھەمىشە مۇنداق دەيتتى: «شۇنى چۈشىنەلمەيمەنكى، ھەر دائىم شۇنچە زېرەكلىك بىلەن ئىش قىلىدىغان ئىمپېراتور نېمە ئۈچۈن سوتچى ۋە ئادۋوكاتلاردىن بىر پولك تەشكىل قىلىپ، ئۇلارنى ھەر قېتىملىق جەڭدە ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىپ تۇرمايدىغاندۇ؟» كۆردىڭىزمۇ، قەدىرلىك دوستۇم، ھەر ئىككى تەرەپ گەپ-سۆزلىرىنىڭ مەنىدارلىقى ۋە رەھىمدىللىقى جەھەتتە بىر-بىرىدىن قېلىشمايدۇ. ھە، خانىلىق مۇپەتتىشنىڭ ئاشۇ سۆزلىرىگە جاۋابەن دانگلار نېمە دېدى؟

— ئۇ ئادەتتىكىدەك سۆرۈن كۈلۈمسىرەپ قويدى. بۇ ماڭا بىرخىل زەھەرلىك كۈلۈمسىرەشتەك تۇيۇلدى. بىردەمدىن كېيىن ئۇلار چىقىپ كەتتى. شۇ چاغدىلا مەن بوۋامنىڭ بەك خاتىرجەمسىزلىنىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. شۇنى ئېيتىشىم كېرەككى، ماكسىمىلىئان، بىچارە پالەچ بوۋامنىڭ خاتىرجەمسىزلىنىشىنى يالغۇز مەنلا بايقىيالايمەن. بولۇپ ئۆتكەن گەپلەر ئۇنىڭغا ئېغىر كەلگەن بولسا كېرەك دەپ چۈشەندىم. بىچارە بوۋامغا ھېچكىم

ئېتىبار قىلمايدۇ. ئۇلار ئۇنىڭ ئىمپېراتورنى ئەيىبلەشتى، ئەمما بوۋام ئىمپېراتورغا چىن يۈرىكىدىن سادىق بولسا كېرەك.

— ھەقىقەتەن، ئىمپېرىيە دەۋرىدە ئۇنىڭ ئىسمى مەشھۇر ئىدى، — دېدى ماكسىمىلىئان، — ئۇ سېناتور ئىدى. سىز بىلىسىز، ۋالېنتىنا، بەلكىم بىلمەسلىكىڭىزمۇ مۇمكىن، ئۇ ئىمپېرىيىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش دەۋرىدىكى بوناپارتچىلارنىڭ ھەممە ھەرىكەتلىرىگە دېگۈدەك قاتناشقان.

— ھەئە، باشقىلارنىڭ بۇ ھەقتە پىچىرلاپ سۆزلەشكىنىنى ئاڭلىغانىدىم. بۇ ئىشقا بەك ھەيران بولىمەن. بوۋام بوناپارتچى، ئاتام پادىشاھنى قوغدىغۇچى. بۇ ھەيران بولغۇدەك ئىش ئەمەسمۇ-ھە؟ سۆزۈمگە قايتاي، مەن بوۋامغا قارىدىم. ئۇ كۆزلىرى بىلەن گېزىتنى كۆرسەتتى.

«نېمە بولدىڭىز. بوۋا؟ — دەپ سورىدىم مەن، — خۇشال بولغاندەك قىلىسىزغۇ؟»

ئۇ كۆزلىرى بىلەن «ھەئە» دېگەننى ئىپادىلىدى.

«ئاتامنىڭ سۆزلىرىگە خۇشال بولدىڭىزمۇ؟»— سورىدىم مەن.

ئۇ «ياق» دېگەننى ئىپادىلىدى.

«دانگلار ئەپەندىنىڭ سۆزلىرىگىمۇ؟»

ئۇ يەنە «ياق» دېگەننى ئىپادىلىدى.

«ئەمىسە، موررېل ئەپەندىنىڭ (ماكسىمىلىئان دېيىشكە پېتىنالمىدىم) شەرەپلىك لېگىئونغا ئۆستۈرۈلگەنلىكىدىن خۇش بولدىڭىزمۇ؟»

ئۇ «ھەئە» دېگەننى ئىپادىلىدى.

— ئويلاپ بېقىڭا، ماكسىمىلىئان، ئۇ سىزنىڭ شەرەپلىك لېگىئون بولغانلىقىڭىزغا خۇش بوپتۇ، لېكىن ئۇ سىزنى تونۇمايدىغۇ. بۇ ئۇنىڭ ئەقلىدىن ئېزىپ قېلىۋاتقانلىقىنىڭ ئىپادىسىمىكىن تاڭ. باشقىلار ئۇنى بەزىدە كىچىك بالىغا ئوخشاش بولۇپ

قالدۇ دېيىشىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئاشۇ «ھەئە» دېگىنى مېنى بەكمۇ خۇش قىلدى.

— قىزىق ئىش، — دېدى ماكسىمىلىئان خىيال سۈرۈپ، — دېمەك، ئاتىڭىز مېنى ئۆچ كۆرىدىكەن، لېكىن بوۋىڭىز ئەكسىچە... سىياسىي جەھەتتىكى مۇھەببەت ۋە نەپرەت قىزىق بولىدىكەن - دە!

— جىم بولۇڭ! — ۋالېنتىنا ئۈشتۈمتۇت خىتاب قىلدى، — مۆكۈنىڭ، قېچىڭ، ئادەم كېلىۋاتىدۇ!

ماكسىمىلىئان گۈرجەكنى ئېلىپ، بېدىلەرنىڭ تېگىنى شىددەت بىلەن ئاغدۇرۇشقا باشلىدى.

— خېنىم! خېنىم! — دەرەخلەر ئارىسىدىن كىمدۇر بىرى ۋارقىرىدى، — ۋىلفور خانىم سىزنى چاقىرىۋاتىدۇ، مېھمان كەلدى.

— مېھمان؟ — دېدى ۋالېنتىنا ھودۇقۇپ، — ئۇ كىم ئىكەن؟

— كاتتا مېھمان! بىر مۆتىۋەر، گراف مونتې - كرىستو دېيىشىدۇ.

— مانا، مانا، ھازىر بارىمەن! — دەپ ئۈنلۈك ۋارقىرىدى ۋالېنتىنا.

ۋالېنتىنانىڭ «ھازىر بارىمەن» دېگىنى ئىشىكنىڭ ئۇ تەرىپىدە تۇرغان كىشى ئۈچۈن ھەر قېتىمقى ئۇچرىشىشتا خوشلىشىش سۆزى بولۇپ ھېسابلىناتتى. ئۇ تەرەپتىكى كىشى مېھماننىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى.

«ئەجەبا! — دەپ ئويلىدى ماكسىمىلىئان گۈرجەككە تايىنىپ تۇرۇپ، — گراف مونتې - كرىستو ۋىلفورنى قانداق تونۇيدىغاندۇ؟»

يىگىرمە ئىككىنچى باب

زەھەرشۇناسلىق

بۇ ھەقىقەتەن گراف مونتې - كرىستو ئىدى. ئۇ خانلىق مۇپەتتىش بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ۋىلفور خانىمنىڭ ئالدىغا كەلگەنىدى. ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ، ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى پاتپاراق بولۇپ كېتىشتى.

مېھماننىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلىشقاندا، ۋىلفور خانىم مېھمانخانا ئۆيدە ئىدى. ئۇ ئوغلىنىڭ گرافقا يەنە بىر قېتىم مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشى ئۈچۈن دەرھال ئۇنى چاقىرىپ كىرىشكە ئادەم چىقاردى. ئېدۇئار ئىككى كۈندىن بېرى بۇ مەشھۇر زاتنىڭ گېپىنى تولا ئاڭلىغان بولغاچقا، ئانىسىنىڭ گېپىگە كىرگەنلىكى ئۈچۈن ياكى گرافقا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇنى كۆرۈشكە قىزىقىپ، شۇ ھامان يۈگۈرۈپ يېتىپ كەلدى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ دائىم خەقنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋېتىپ، قاملاشمىغان بىر گەپلەرنى قىلىپ كېتەتتى. ھەر قېتىم شۇنداق بولغاندا ئانىسى خىتاب قىلىپ: «ۋاي نېمە دېگەن گەپ ئاڭلىمايدىغان بالا بۇ! مەن ئۇنىڭغا زادىلا خاپا بولالمايمەن، ئۇ بەك ئەقىللىق!» دەيتتى.

گراف ئادەتتىكىدەك كۆرۈشۈپ سالاملاشقاندىن كېيىن ۋىلفور ئەپەندىنى سورىدى.

— ئېرىم بۈگۈن ئەدلىيە ۋەزىرىنىڭ ئۆيىدە غىزالىنىدۇ، — دېدى ياش ئايال، — ئۇ سىزنىڭ ئالدىڭىزدىلا كەتكەنىدى. ئەمدى سىز بىلەن كۆرۈشۈش بەختىنى قولدىن بېرىپ قويغانلىقى ئۈچۈن قاتتىق پۇشايمان قىلىدىغان بولدى - دە.

گراف مېھمانخانىغا كىرگەندە ئۇ يەردە ئىككى مېھمان بار ئىدى. ئۇلار گرافتىن كۆزىنى ئۈزمەي قارىشىپ قالدى ھەمدە ئەدەب يۈزىسىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا قىزىققانلىقىدىن بىرنەچچە مىنۇتقىچە ئولتۇرۇپ، ئاندىن چىقىپ كېتىشتى.

— ھە، ۋالېنتىنا ئاچاڭ نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ — ۋىلفور خانىم ئېدۇئاردىن سورىدى، — ئۇنى چاقىرتىڭلار، ئۇنى گرافقا تونۇشتۇرۇپ قوياي.

— سىزنىڭ قىزىڭىز بارمۇ، خانىم؟ — سورىدى گراف، — ئەمىسە، ئۇ تېخى بىر كىچىك قىزچاق بولسا كېرەك.

— ئۇ ۋىلفور ئەپەندىنىڭ بىرىنچى نىكاھىدىن بولغان قىزى، بويىغا يەتكەن چىرايلىق قىز.

— لېكىن دائىم قاپىقىنى تۈرۈپلا يۈرىدۇ، — دەپ سۆزگە ئارىلاشتى كىچىك ئېدۇئار ھەمدە شىلەپىسىگە پۆپۈك ياساش ئۈچۈن ئالتۇن رەڭلىك قونداقتا ئولتۇرغان چىرايلىق شاتۇتىنى چىرقىرىتىپ، ئۇنىڭ قۇيرۇقىنى يۇڭدىلاشقا باشلىدى.

— جىم بول، ئېدۇئار! — دەپ قويۇش بىلەنلا چەكلەندى ۋىلفور خانىم.

ئاندىن، ئۇ يەنە قوشۇپ قويدى:

— بۇ كىچىك چاتاقچىنىڭ ئېيتقىنى ئەمەلىيەتتىن يىراق ئەمەس. ئۇ مېنىڭ سۆزلىرىمنى تەكرارلاۋاتىدۇ. مەن ئۇنىڭ ئالدىدا بىرنەچچە قېتىم بېشىم قاتقان ھالدا شۇ گەپنى ئېيتقانىدىم. بىز ۋىلفور خېنىمنىڭ كۆڭلىنى ئېچىشقا ھەرقانچە تىرىشساقمۇ، ئۇ دائىم غەمكىن، جىمغۇر بولۇپ يۈرىدۇ. بۇنداق ھالەت ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە نۇقسان يەتكۈزىدۇ. ئۇنىڭغا نېمە بولدىكىنا، تېخىچە كىرمەيۋاتىدىغۇ. ئېدۇئار، بېرىپ قاراپ باققىنا.

— ئۇنى باشقا يەردىن ئىزدەۋاتىدۇ، ئۇ ئۇ يەردە ئەمەس.

— ئۇنى قەيەردىن ئىزدەشتى؟

— نوئارتيې بوۋامنىڭ يېنىدىن.

— سېنىڭچە، ئۇ ئۇ يەردە ئەمەسمۇ؟

— ياق، ياق، ياق، ياق. ئۇ يەردە ئەمەس، — ئېدۇئار خۇددى ناخشا ئېيتقاندەك تۇۋلاپ كەتتى.

— ئەمىسە قەيەردە؟ بىلسەڭ ئېيتىپ بەر.

— ئۇ چوڭ كاشتان دەرەخلىرى بار يەردە، — دېدى بۇ قىلىقى يامان بالا ۋە ئانىسىنىڭ «ھاي» دېيىشىگە پەرۋا قىلماستىن، شاتۇتىغا تىرىك چىۋىنلەرنى يېگۈزگىلى تۇردى. شاتۇتمۇ بۇنداق يېمەكلىككە بەك ئامراقتەك كۆرۈنەتتى.

ۋىلفور خانىم ۋالېنتىنانىڭ بار جايىنى دېدەككە ئېيتىپ بېرىش ئۈچۈن قولىنى ئەمدىلا قوڭغۇراققا ئۇزاتقانىدى، ئۇشتۇمتۇت ۋالېنتىنا ئۆزى كىرىپ كەلدى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ بەك غەمكىن كۆرۈنەتتى. دىققەت قىلىپ قارىغاندا، ئۇنىڭ بايىلا يىغلىغانلىقىنى پەملەشكە بولاتتى.

ۋالېنتىنا ھەققىدىكى بايانىمىزدا ئالدىراپ ئۆتۈپ كېتىپ، كىتابخانلىرىمىزغا ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنى سۈرەتلەپ بېرەلمەي قالغانىدۇق. بۇ، 19 ياشقا كىرگەن ئېگىز بويلۇق، سۇمباتلىق قىز بولۇپ، چاچلىرى ئاچ قوڭۇر رەڭلىك، كۆزلىرى قېنىق كۆك ئىدى. مېڭىش - تۇرۇشلىرى ئۆز ئانىسىنى تارتقان بولۇپ، شۇنچە نازاكەتلىك ۋە سىلىق ئىدى. قوللىرى نازۇك ۋە ئاپئاق، بويىنى مەرۋايىتتەك سۈزۈك، مەڭزىلىرى سۇس قىزىل. شۇ تۇرقىدا ئۇ ئەينەكتەك تىنىق سۇغا قاراپ تۇرغان ئاققۇلارغا شائىرانە سېلىشتۇرۇلغان ئىنگلىز قىزلىرىغا ئوخشايتتى.

ئۇ كىردى ۋە ئۆگەي ئانىسىنىڭ يېنىدا شۇنچە كۆپ گېپى بولغان ئاشۇ چەت ئەللىكنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ھېچقانداق تارتىنماستىنلا ئۇنىڭغا تىك بېقىپ قاراپ، چىرايلىققىنا ھەرىكەت

بىلەن تەزىم قىلدى. گراف ئۇنىڭغا زەن قويۇپ قاراپ ئورنىدىن تۇردى.

— ۋىلفور خېنىم، مېنىڭ ئۆگەي قىزىم، — دېدى ۋىلفور خانىم سافاغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇۋېلىپ ۋە گرافقا قولى بىلەن ۋالېنتىنانى كۆرسەتتى.

— بۇ گراف مونتې - كرىستو، جۇڭگونىڭ پادىشاھى، جەنۇبىي ۋېيتنامنىڭ ھۆكۈمدارى، — دېدى كەپسىز شۇمەتەك ۋە يەر ئاستىدىن ئاچىسىغا قاراپ قويدى.

بۇ گەپكە كەلگەندە ۋىلفور خانىم تاتىرىپ كەتتى ۋە ئېدۇئار ئىسىملىك بۇ بالا - قازاغا تازىمۇ ئاچچىقى كەلدى. گراف بولسا، ئەكسىچە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ بالىغا مۇلايىملىق بىلەن قاراپ قويدى. بۇنى كۆرۈپ، ئانا بولغۇچى ئايالنىڭ يۈرىكى خۇشاللىقتىن سۆيۈنۈپ كەتتى.

— خانىم، — دېدى گراف سۆھبەتنى قايتىدىن باشلاپ ۋە ۋىلفور خانىم بىلەن ۋالېنتىناغا بىر - بىرلەپ قاراپ قويدى، — مەن سىز بىلەن ۋىلفور خېنىمنى بۇنىدىن بۇرۇنمۇ بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىمەنغۇ؟ مەن بايىلا شۇنى ئويلاۋاتاتتىم. بۇ خېنىم كىرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ چىرايى مېنىڭ ئۇنتۇلۇپ كېتەي دەپ قالغان ئەسلىمىلىرىمنى كۈن نۇرىدەك يورۇتۇۋەتتى.

— ئۇنداق ئەمەستۇر. ۋىلفور خېنىم كىشىلەرگە كۆپ ئارلاشمايدۇ. بىزمۇ ئادەتتە سىرتقا چىقمايمىز، — دېدى ياش ئايال.

— مېنىڭ ۋىلفور خېنىم، سىز ۋە بۇ ئاجايىپ شوخ بالا بىلەن ئۇچراشقان يېرىم كىشىلەر ئارىسىدا بولمىغان. مەنغۇ پارىژ جامائەتچىلىكى بىلەن پۈتۈنلەي تونۇشمايمەن، چۈنكى سىزگە ئېيتقىنىمدەك پارىژغا كەلگىنىمگە ئەمدىلا بىرنەچچە كۈن بولدى. توختاپ تۇرۇڭ، مەن بىر يادىمغا كەلتۈرۈۋالاي ... ھە ... — گراف دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرمەكچى بولغاندەك، قولى بىلەن ماڭلىيىنى تۇتتى، — ياق، بۇ بىر مەنزىرىلىك جايدا بولغان ... بۇ ... ھېچ بىلەلمىدىم ... نېمە ئۈچۈندۇر بىر دىنىي مۇراسىم ئۆتكۈزۈلگەن قۇياشلىق يورۇق كۈن يادىمغا كېلىۋاتىدۇ ... ۋىلفور خېنىم گۈلدەستە كۆتۈرۈۋالغانىدى، بۇ كىچىك بالا باغ ئىچىدە بىر چىرايلىق توزنى قوغلاپ يۈرەتتى، سىز بىر بېدىش ئاستىدا ئولتۇراتتىڭىز ... سىزمۇ ئويلاپ بېقىڭا، خانىم! بۇ ئېيتقانلىرىمدىن ھېچنېمىنى ئەسلىيەلمىدىڭىزمۇ؟

— ياق، ھېچنېمىنى ئەسلىيەلمىدىم، — دېدى ۋىلفور خېنىم، — گراف، ئەگەر مەن سىزنى بۇرۇن كۆرگەن بولسام، چىرايىڭىزنى ئۇنتۇپ قالمىغان بولاتتىم.

— گراف بىزنى ئىتالىيىدە كۆرگەندىمكىن؟ — دەپ قورۇنۇپقىنا سۆز قاتتى ۋالېنتىنا.

— ھە، ئىتالىيىدە ... ئېھتىمال، — دېدى مونتې - كرىستو، — سىز ئىتالىيىگە بارغانمۇ، خېنىم؟

— مەن ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا ۋىلفور خانىم بىلەن ئىتالىيىگە بارغان. دوختۇرلار مېنىڭ ئۆپكەمدە چاتاق بارمىكىن دەپ، نېئاپولدا بىر مەزگىل تۇرۇپ كېلىشىمنى بۇيرۇغانىدى. بىز ئۆتەر يولىمىزدا بولونيې، پېرۇدژيې ۋە رىمدىمۇ توختاپ ئۆتكەن.

— توغرا! — خىتاب قىلدى مونتې - كرىستو، خۇددى بۇ كىچىككىنە يىپ ئۇچىدىن ھەممە نەرسىنى يادىغا كەلتۈرگەندەك قىلىپ، — پېرۇدژىدا، ئۇلۇغ تەڭرى بايرىمىدا، پوچتا مېھمانخانىسىنىڭ بېغىدا. شۇ كۈنى بىز ھەممىمىز، يەنى سىز، ۋىلفور خېنىم، ئوغلىڭىز ۋە مەن شۇ باغقا كىرگەنىكەنمىز. مەن شۇ يەردە سىز بىلەن كۆرۈشۈش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولغانىدىم.

— گراف، پېرۇدژىمۇ، پوچتا مېھمانخانىسىمۇ ۋە سىز ئېيتقان مۇراسىمۇ ئېنىق يادىمدا تۇرىدۇ، — دېدى ۋىلفور خانىم، — لېكىن ھەرقانچە ئويلىسامۇ، ئۇنتۇغاقلىقىم ئۈچۈن ھەر قانچە خىجىل بولسامۇ، سىز بىلەن كۆرۈشۈش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولغانلىقىمنى زادىلا ئەسلىيەلمەيۋاتىمەن.

— ئەجەبلەنگۈدەك ئىشقۇ بۇ، مېنىڭغۇ يادىمدا يوق، — دېدى ۋالېنتىنا ئۆزىنىڭ چىرايلىق كۆزلىرى بىلەن مونتېكرىستوغا قاراپ.

— مېنىڭ يادىمدا بار، — دېدى ئېدۇئار.

— مەن ھازىر يادىڭىزغا سېلىپ قويىمەن، — دېدى يەنە گراف، — ئۇ كۈنى ھاۋا بەك ئىسسىق ئىدى. سىز ئۇ يەردە ئات - ھارۋا كۈتۈپ تۇرغانىدىڭىز، لېكىن بايرام كۈنى بولغانلىقتىن، ھارۋىنىڭ ئەۋەتىلىشى كېچىكىپ قالغانىدى. ۋالېنتىنا خېنىم باغقا كىرىپ كەتتى، ئوغلىڭىز توزنى قوغلاپ كېتىپ قالدى.

— مەن ئۇنى تۇتۇۋالدىم، ئاپا، يادىڭدا بارمۇ؟ — دېدى ئېدۇئار، — ئۇنىڭ قۇيرۇقىدىن ئۈچ تال پەيىنى يۇلۇۋالغانىدىمغۇ.

— سىز، خانىم، يەنە شۇ بېدىش ئاستىدا ئولتۇرۇپ قالدىڭىز. قىزىڭىز بىلەن ئوغلىڭىز قايتىپ كەلگۈچە تاش بەندىڭدە ئولتۇرۇپ، بىر كىشى بىلەن خېلى ئۇزاق پاراڭلاشقانلىقىڭىز يادىڭىزدا يوقمۇ؟

— ھە، راست، — دېدى ۋىلفور خانىم ۋە قىزىرىپ كەتتى، — ئەمدى ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ. ئۇ بىر ئۇزۇن يۇڭ توقۇلما يېپىنچا كىيىۋالغان ئادەم ئىدى ... ئۇ دوختۇر ئىدىغۇ دەيمەن.

— تامامەن توغرا. شۇ كىشى مەن ئىدىم. مەن شۇ مېھمانخانىدا ئىككى ھەپتە تۇرغانىدىم. شۇ جەرياندا مەن بىر خىزمەتكارىمنىڭ بەزگەك كېسىلىنى ۋە مېھمانخانا خوجايىنىنىڭ سېرىق كېسىلىنى ساقايتتىم. شۇڭا، كىشىلەر مېنى ئاتاقلىق دوختۇر دەپ ئاتىشىۋالغان. سىز بىلەن ئىككىمىز تۈرلۈك تېمىلاردا: پېرۇدژىنو① ۋە رافائېد② توغرۇلۇق، ئۆرپ - ئادەتلەر، كىيىم - كېچەكلەر ۋە توفاننىڭ داڭلىق زەھەرلىك دورىسى ھەققىدە سۆزلەشتۇق. سىز پېرۇدژىدا بۇ زەھەرلىك دورىنىڭ سىرىنى بىلىدىغان كىشى بار دەپ ئاڭلىغانلىقىڭىزنى ئېيتقانىدىڭىز.

— ھە، ھەئە، — ئالدىراپ جاۋاب بەردى ۋىلفور خانىم سەل خاتىرجەمسىزلەنگەن ھالدا، — ھەئە، يادىمغا كېلىۋاتىدۇ.

— ئۇ چاغدا ئېيتقان گەپلىرىڭىزنىڭ تولىسى يادىمدا قالماپتۇ، — گراف خاتىرجەملىك بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — شۇنداقتىمۇ، باشقىلارنىڭ مېنى دوختۇر دېگىنىگە ئالدىنىپ، مەندىن ۋىلفور خېنىمنىڭ سالامەتلىكى ھەققىدە مەسلىھەت سورىغانلىقىڭىز يادىمدا.

— سىز بىرنەچچە كىشىنى داۋالاپ ساقايتىپسىز. شۇڭا، سىزنى دوختۇر دېيىشكە بولىدۇ - دە، — دېدى ۋىلفور خانىم.

— مېنىڭ ئورنۇمدا موليېر ياكى بومارشې بولسا، سىزگە مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن بولاتتى: مەن دوختۇر ئەمەس، بىمارلارنى مەن ساقايتمىدىم، ئۇلار ئۆزلىرى ساقايدى. مەن سىزگە شۇنىلا ئېيتالايمەنكى، مەن خىمىيە ۋە تەبىئىي پەنلەرنى خېلى پۇختا ئۆگەنگەن، ئەمما مەن پەقەت بىر ھەۋەسكار، ئۆزىڭىز بىلىسىزغۇ ...

---

① پېرۇدژىنو — (1445 — 1513) ئىتالىيىلىك رەسسام.
② رافائېد — (1483 - 1520) ئىتالىيىلىك رەسسام.

بۇ چاغدا سائەت ئالتىگە جاڭ ئۇردى.

— سائەت ئالتە بولدى، — دېدى ۋىلفور خانىم. ئۇنىڭ بەكلا ھودۇقۇپ كېتىۋاتقانلىقى سېزىلىپ تۇراتتى، — ۋالېنتىنا، بوۋىڭىز تاماق يەمدىكىن، چىقىپ سوراپ باقامسىز؟

ۋالېنتىنا ئورنىدىن تۇردى ۋە گرافقا تەزىم قىلىپ، ئۈنچىقماي چىقىپ كەتتى.

— خانىم، مەن قاملاشمىغان گەپ قىلىپ قويغانلىقىم ئۈچۈن ۋالېنتىنانى چىقىرىۋەتتىڭىزمۇ؟ — سورىدى گراف ۋالېنتىنا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن.

— ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، گراف، — ئالدىراپ جاۋاب قايتۇردى ياش ئايال، — بىز ھەر كۈنى مۇشۇ ۋاقىتتا نۇئارتىيې ئەپەندىگە تاماق بېرىمىز. ئۇ ئۆزىنىڭ زەئىپلەشكەن جېنىنى ساقلاپ تۇرغۇدەك ئانچە-مۇنچىلا بىر نېمە يېيەلەيدۇ. ئېرىمنىڭ ئاتىسى قانچىلىك ئېچىنىشلىق ئەھۋالدا قالغانلىقىدىن خەۋىرىڭىز بولسا كېرەك؟

— ۋىلفور ئەپەندىدىن ئاڭلىغانىدىم. ئۇ پالەچ بولۇپ قالغانغۇ دەيمەن.

— ھەئە. بىچارە بوۋاي ھېچقانداق ھەرىكەت قىلالمايدۇ. بۇ تەندە تېخىچە ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقان جان خۇددى ئۆچۈپ قېلىۋاتقان جىن چىراغنىڭ ئاجىز پىلىلداپ تۇرغان ئوتىغا ئوخشايدۇ. ۋاي، مېنى ئەپۇ قىلىڭ، گراف، سىزگە ئائىلىمىزنىڭ بەختسىزلىكلىرىنى سۆزلەپ كېتىپتىمەن. گېپىڭىزنى بۆلۈۋېتىپ قالدىم. سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئۇستا خىمىك ئىكەنلىكىڭىزنى ئېيتقانىدىڭىز.

— مەن ئۇنداق دېمىدىم، — دېدى گراف كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئەكسىچە، مەن ئاساسەن شەرق ئەللىرىدە ياشاشقا

قارار قىلغانلىقىم ئۈچۈن پادىشاھ مىترىداتنى دوراپ خىمىيە ئىلمىنى ئۆگەنگەنىدىم.

— مىترىدات پونتىكۇس، — دېدى ھېلىقى كەپسىز بالا، بىر چىرايلىق ئالبومنىڭ ۋەرەقلىرىنى كېسىپ ئولتۇرۇپ، — ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەندە زەھەر قويۇلغان بىر چىنە خام قايماقنى ئىچىۋېتەتتى.

— ئېدۇئار، بېشىڭنى يەيدىغان! — دەپ ۋارقىرىدى ۋىلفور خانىم ۋە ئوغلىنىڭ قولىدىن يىرتىلغان ئالبومنى تارتىۋالدى، — قىلىقلىرىڭغا چىداپ تۇرغىلى بولمايدۇ، ھەدېسىلا گەپكە ئارىلىشىۋالىسەن. ماڭ، ئاچاڭنىڭ يېنىغا، نۇئارتىيې بوۋاڭنىڭ ئۆيىگە چىق.

— ئالبوم ... — دېدى ئېدۇئار.

— نېمە ئالبوم؟

— ئالبومنى بەر.

— نېمىشقا رەسىملىرىنى كېسىۋەتتىڭ؟

- كېسىشنى ياخشى كۆرىمەن.

— چىق بۇ يەردىن! ماڭ!

— ئالبومنى بەرمىسەڭ چىقمايمەن، — دېدى ئۇ بالا ۋە ھېچقانداق ئىشتا گېپىدىن يانمايدىغان ئادىتى بويىچە كىرىسلوغا ئولتۇرۇۋالدى.

— مە، مانا. ئەمدى چىق، — دېدى ۋىلفور خانىم ۋە ئالبومنى بېرىپ، ئۇنى ئىشىك ئالدىغىچە ئاپىرىپ قويدى.

گراف ۋىلفور خانىمنى كۆزىتىپ ئولتۇردى.

— قېنى، ئىشىكنى يېپىپ قويامدىكىن؟ — دېدى ئۇ ئۆز ئىچىدە.

ۋىلفور خانىم بالىنى چىقىرىۋېتىپ، ئىشىكنى ئوبدان يېپىپ

قويدى. گراف بۇنى كۆرمىگەنگە سېلىۋالدى. ياش ئايال ئەتىراپىغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن يەنە ئۆز ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— بىر سۆز قېتىشىمغا رۇخسەت قىلىڭ، — دېدى گراف يەنە بايىقىدەك بىمالال قىياپەتتە، — بۇ ئوماق بالىغا بەك قاتتىق مۇئامىلە قىلىدىكەنسىز.

— شۇنداق قىلمىسا بولمايدۇ، — دېدى ۋىلفور چوڭقۇر ئانىلىق مېھرى بىلەن.

— ئېدۇئار سىزگە كورنېلىي نېپوتنىڭ پادىشاھ مىترىدات ھەققىدىكى ئەسىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ سۆزلىگەنىدى، — دېدى گراف، — سىز ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۋەتتىڭىز. ئۇ بالىنىڭ شۇ سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ۋاقتىنى بىكارغا ئۆتكۈزمەيدىغانلىقىنى ۋە ئوغلىڭىزنىڭ ئۆز يېشىغا نىسبەتەن ناھايىتى پاراسەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

— ئېيتقىنىڭىز توغرا، — دېدى خۇشال بولغان ئانا، — ئۇ بەك قابىلىيەتلىك بالا، ئۆگىنىمەن دېگىنىنىڭ ھەممىسىنى ئۆگىنەلەيدۇ. پەقەت بىرلا كەمچىلىكى بار، ئۇ بەك ئۆز سۆزلۈك... ھە، ئۇنىڭ ئېيتقان گېپىگە يانايلى، گراف. سىز مىترىداتنىڭ ئېھتىيات يۈزىسىدىن قوللانغان ئاشۇ تەدبىرىگە ئىشىنەمسىز؟ ئۇنىڭ تەدبىرى ھەقىقەتەن ئۈنۈم بەرگەنمۇ؟

— مەن بۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەن. شۇڭا، ئۆزۈممۇ شۇ تەدبىرنى ئىشلىتىپ باققان. نېئاپول، پالېرمو ۋە سىمىرنادا بولغان ئۈچ قېتىملىق ۋەقەدە ئەگەر شۇ ئۇسۇلنى قوللانمىغان بولسام جېنىمدىن ئايرىلىپ قالغان بولاتتىم.

— شۇنىڭ پايدىسى بولدىمۇ؟

— ئەلۋەتتە.

— ھە، راست. پرۇدژېدا مۇشۇنداق بىر گەپ قىلغانلىقىڭىز يادىمدا.

— راستما؟ — دېدى گراف ئۇستىلىق بىلەن ئەجەبلەنگەن قىياپەتتە كىرىۋېلىپ، — ئۇنداق دېگەنلىكىم يادىمدا يوق.

— مەن سىزدىن شىماللىقلار بىلەن جەنۇبلۇقلارغا زەھەرنىڭ تەسىرى ئوخشاش بولامدۇ دەپ سورىغانىدىم، سىز ماڭا جاۋاب بېرىپ، سوغۇق ۋە ئېغىر مىجەزلىك شىماللىقلارغا قارىغاندا، قىزغىن ۋە شوخ تەبىئەتلىك جەنۇبلۇقلارغا زەھەر ئاسانراق تەسىر كۆرسىتىدۇ دېگەنىدىڭىز.

— ھەقىقەتەن شۇنداق بولىدۇ، — دېدى مونتې-كرىستو، — مەن رۇسلارنىڭ بەزى ئۆسۈملۈكلەرنى يېسە سالامەتلىكىگە ھېچقانداق زىيىنى بولمىغانلىقىنى كۆرگەنىدىم. ھالبۇكى، شۇ ئۆسۈملۈكلەرنى نېئاپوللۇقلار ياكى ئەرەبلەر يېسە چوقۇم ئۆلۈپ قالىدۇ.

— ئۇنداقتا، بىز شەرق ئەللىرىدىكى كىشىلەرگە قارىغاندا بۇ جەھەتتە ئاسانراق نەتىجىگە ئېرىشەلەيمىز، تۇمانلىق ۋە يامغۇرلۇق ھاۋادا ئۆسكەن كىشىلەر ئىسسىق بەلباغدىكى كىشىلەرگە قارىغاندا زەھەر يېيىشكە ئاسانراق كۆنەلەيدۇ، دېمەكچى بولامسىز؟

— شۇنداق. لېكىن بۇ ئۇسۇل ئادەمنىڭ ئورگانىزمى قايسى زەھەرگە كۆندۈرۈلگەن بولسا، شۇ زەھەردىنلا ساقلاپ قالالايدۇ.

— ھە، بۇنى چۈشەندىم. ئەمدى سىز ئۆزىڭىزنى قانداق كۆندۈرگەن بولاتتىڭىز؟ توغرىراق ئېيتقاندا، ئۆزىڭىزنى قانداق كۆندۈردىڭىز؟

— بۇ بەك ئاسان، ئەگەر سىز ئۆزىڭىزگە قانداق زەھەر بېرىلىدىغانلىقىنى ئالدىنئالا بىلسىڭىز... ئەگەر بۇ زەھەر... مەسىلەن برۇتسىن بولسا...

— برۇتسىن بىھى دەرىخىنىڭ قوۋزىقىدىن ياسىلىدىغۇ دەيمەن؟ — سورىدى ۋىلفور خانىم.

— توغرا، — دېدى مونتې - كرىستو، — قارىغاندا، سىزگە ئۆگىتىشنىڭ ھاجىتى يوقتەك قىلىدۇ. سىزنى قۇتلۇقلايمەن، بۇنداق ئىشلارنى بىلىدىغان ئاياللار كەم ئۇچرايدۇ.

— راستىمنى ئېيتسام، — دېدى ۋىلفور خانىم، — مەن سېھىر بىلىملىرىگە ھەۋەس قىلىمەن. بۇنداق بىلىملەر خۇددى شېئىرىيەتتەك ئادەمنىڭ ھېسسىياتىنى قوزغايدۇ، خۇددى ئالگېبرالىق تەڭلىمىلەردەك رەقەملەر ئارقىلىق يېشىلىدۇ. ھە، گېپىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇڭا. سۆزلىرىڭىز مېنى بەك قىزىقتۇرۇۋاتىدۇ.

— ماقۇل، — دېدى مونتې - كرىستو، سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — مىسال ئۈچۈن بىرۇتسىن زەھىرىنى ئالساق، سىز ئۇنىڭدىن بىرىنچى كۈنى بىر مىللىگرام، ئىككىنچى كۈنى ئىككى مىللىگرام ئىچتىڭىز دەپ پەرەز قىلايلى. شۇنداق بولغاندا، ئون كۈندىن كېيىن سىز بىر سېنتىگرام ئىچەلەيدىغان بولىسىز. شۇ تەرىقىدە ھەر كۈنى بىر مىللىگرامدىن كۆپەيتىپ، يەنە 20 كۈندىن كېيىن ئۈچ سېنتىگرامنىمۇ ئىچەلەيدىغان بولىسىز، بۇ خىل ئېھتىيات تەدبىرىنى قوللانمىغان كىشىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇنچىلىك زەھەرنى ئىچىش ئىنتايىن خەتەرلىك بولىدۇ، لېكىن سىز ئىچسىڭىز ھېچقانداق يامان ئەھۋالنى ھېس قىلمايسىز. ئاخىرى، بىر ئاي بولغاندا، بىر كىشى بىلەن گرافىندىكى سۇدىن بىر ئىستاكاندىن ئىچىشسىڭىز شۇ كىشىنى ئۆلتۈرۈپ قويىسىز. ئۆزىڭىز بولسا، مىجەزىڭىزنىڭ سەل - پەل ئۆزگىرىپ قالغانلىقىدىنلا بۇ سۇغا زەھەر ئارىلاشتۇرۇلغانلىقىنى ھېس قىلىسىز.

— زەھەرگە قارشى بۇنىڭدىن باشقا ئامالنىڭ بار - يوقلۇقىنى بىلەمسىز؟

— ياق، بىلمەيمەن.

— مىترىدات ھەققىدىكى بۇ ھېكايىنى بىرنەچچە قېتىم ئوقۇغانىدىم، — دېدى ۋىلفور خانىم خىيال سۈرگەن ھالدا، — لېكىن بۇنى بىر ئەپسانە دەپ ئويلىغانىكەنمەن.

— ئۇنداق ئەمەس، تارىخچىلارنىڭ نېمە دېيىشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ راست ئىش. قارىشىمچە، سىزنىڭ بۇ ھەقتە سۆز ئېچىشىڭىز تاسادىپىي بولمىسا كېرەك. ئىككى يىل بۇرۇنمۇ سىز مەندىن مۇشۇ گەپلەرنى سورىغانىدىڭىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مىترىدات ھەققىدىكى ھېكايىگە ئۇزاقتىن بۇيان قىزىقىپ كېلىۋاتقانلىقىڭىزنى ئېيتىۋاتىسىز.

— شۇنداق، گراف. مەن ياش ۋاقتىمدا بوتانىكا بىلەن مىنېرالوگىيىگە ھەممىدىن بەكرەك ھەۋەس قىلاتتىم. كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە، خۇددى ھەر خىل گۈللەر ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ مۇھەببەت ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنى ئىپادىلەشكە مۇمكىن بولغىنىدەك، ئۆسۈملۈك دورىلىرىنى ئىشلىتىش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق شەرق ئەللىرىنىڭ پۈتكۈل تارىخىنى ۋە شەرقتىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى چۈشىنىشكە بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالدىم. شۇندىلا مەن فلامېن①، فونتانا② ياكى كابانىستەك بىر ئەر كىشى بولۇپ تۇغۇلمىغىنىمغا پۇشايمان قىلدىم.

— شۇلا ئەمەس، خانىم، — دېدى مونتې - كرىستو، — شەرقتىكى كىشىلەر زەھەرنى مىترىداتقا ئوخشاش قالقان قىلىش بىلەنلا چەكلەنمەستىن، بەلكى ئۇنى خەنجەر قىلىپمۇ ئىشلىتەلەيدۇ. بىلىم ئۇلارنىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن مۇداپىئەلىنىش قورالى بولۇپلا قالماستىن، يەنە ھۇجۇم قىلىش قورالىمۇ بولالايدۇ. ئۇلار بۇ قورالنىڭ بىرى بىلەن جىسمانىي ئازابلاردىن مۇداپىئەلەنسە، يەنە بىرى بىلەن دۈشمەنلىرىگە قارشى كۆرەش قىلىدۇ. ئۇلار ئەپيۇن، بېللادوننا، بېھى قوۋزىقى، يىلان تېرىسى، سەرۋى ياغىچى قاتارلىقلارنىڭ ياردىمى بىلەن بىدار كىشىلەرنى مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكۈزۈۋېتەلەيدۇ. سى-

---

① فلامېن (1330 — 1418) فرانسىيىلىك مېتال ئاۋلاش مۇتەخەسسىسى.

② فونتانا (1730 — 1805) ئىتالىيىلىك فىزىئولوگ.

له رىبۇ يەردە «ساددا موماي» دەپ ئاتايدىغان مىسىرلىق، تۈركىيىلىك ياكى گىرېتسىيىلىك ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ خىمىيە ساھەسىدىكى بىلىملىرى بىلەن ھەرقانداق دوختۇرنى ھەيرەتتە قالدۇرالايدۇ. پسىخولوگىيە ساھەسىدىكى بىلىملىرى بىلەن ھەرقانداق روھانىينى قورقۇتالايدۇ.

— مۇنداق دەڭ! — دېدى ۋىلفور خانىم. ئۇنىڭ كۆزلىرى بۇ سۆھبەت جەريانىدا غەلىتە بىر خىل جانلىنىش بىلەن چاقناشقا باشلىغانىدى.

— شۇنداق، — سۆزىنى داۋاملاشتۇردى مونتې - كرىستو، — شەرقتىكى سىرلىق دراممىلارنىڭ ھەممىسى ئىشق - مۇھەببەت ئىچىملىكى بىلەن باشلىنىپ، ئۆلۈم يەتكۈزگۈچى ئۆسۈملۈك ياكى ئىچىملىك بىلەن ئاياغلىشىدۇ. ئالدىنقىسى كىشىلەرنى ئەرش ئەلاغا كۆتۈرىدۇ، كېيىنكىسى ئۇلارنى دوزاخقا تاشلايدۇ. ئىنسانىنىڭ جىسمانىي ۋە مەنىۋى ھەۋەس ۋە ئالاھىدىلىكلىرى قانچە كۆپ بولسا، ئۇلارنىڭ زەھەر ئىشلىتىش ئۇسۇللىرىمۇ شۇنچە خىلمۇخىل. ئۇ خىمىيىشۇناسلار كېسەللىك ۋە دورىلارنى مۇھەببەت ۋە قىساس بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە بەك ئۇستا.

— لېكىن، گراف، — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى ياش ئايال، — سىز ئۆمرىڭىزنىڭ بىر قىسمىنى شەرق جەمئىيىتىدە ئۆتكۈزگەنىكەنسىز. ئۇ جەمئىيەت خۇددى شۇ مەملىكەتلەرنىڭ چۆچەكلىرىگە ئوخشاش بەك فانتاستىكىلىق بولسا كېرەك؟ ئۇ يەرلەردە ئادەم ئۆلتۈرسە سورىقى بولمامدۇ؟ ئۇنداقتا، گاللان① تەسۋىرلىگەن باغدات ۋە بەسرەلەر ھەقىقەتەن مەۋجۇت ئىكەن-دە؟ دېمەك، فرانسىيەدە ھۆكۈمەت دەپ ئاتىلىدىغان نەرسىگە ۋەكىللىك قىلىپ، شۇ جەمئىيەتنى باشقۇرىدىغان ھارۇن رەشىت ۋە جافار دېگەن سۇلتان، ۋەزىرلەر ھەقىقەتەن مەۋجۇت ئىكەن-دە؟ ئۇلار زەھەرلىگۈچىگە كەچۈرمەسلىك قىلىش بىلەنلا قالماي، ئۇنى تېخى ئۇلۇغ قول ۋەزىر قىلىۋالىدىكەن. ئەگەر ئۇنىڭ جىنايىتى پەم بىلەن ۋە ئۇستىلىق بىلەن ئىشلەنگەن بولسا، سۇلتانلار شۇ جىنايەتنىڭ تارىخىنى ئالتۇن خەتلەر بىلەن يېزىپ چىقىشنى بۇيرۇيدىكەن ۋە ئىچى پۇشۇپ قالغان ۋاقىتلىرىدا شۇنى ئوقۇپ كۆڭلىنى خۇش قىلىدىكەن. شۇ گەپلەر راستمۇ؟

— ئۇنداق ئەمەس، خانىم. ئۇنداق ئاجايىپ - غارايىپ ئىشلار ھازىر شەرقتىمۇ يوق. ئۇ يەرلەردىمۇ باشقىچە ئاتىلىدىغان ۋە باشقىچە كىيىنىدىغان ساقچى، تەرگەۋچى، تەپتىش ۋە ئەمەلدارلار بار. ئۇلار جىنايەتچىلەرنى ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن دارغا ئاسىدۇ، كاللىسىنى كېسىدۇ ۋە قوزۇققا ئولتۇرغۇزىدۇ. لېكىن پاراسەتلىك مەككار جىنايەتچىلەر ئىنسانلار جازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلۇپ، ئۆزلىرىنىڭ نەيرەڭلىك غەرەزلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ. بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدە ئۆچمەنلىك ياكى ئاچكۆزلۈككە بېرىلىپ كەتكەن ئەخمەقلەر شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ رەقىبىنى يوقاتماقچى ياكى بىرەر قېرى تۇغقىنىنى ئۆلتۈرمەكچى بولسا، دورا دۇكىنىغا بارىدۇ-دە، چاشقانلار ئۇخلاتماي كەتتى دېگەننى باھانە قىلىپ، بەش - ئالتە گرام مەرگىمۇش سېتىۋالىدۇ. يەنە تېخى دورىپۇرۇشقا ئۆزىنى يالغان ئىسىم بىلەن تونۇشتۇرىدۇ. نەتىجىدە ئۇ راست ئىسمىنى ئېيتقاندىنمۇ ئاسانراق ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ. ئەگەر ئۇ بەك ئېھتىياتچان بولسا، بەش - ئالتە دۇكانغا كىرىپ چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنى ئىزدەپ تېپىش ئىمكانىيىتىمۇ بەش - ئالتە ھەسسە يېنىكلىشىدۇ. كېرەكلىك دورىنى تاپقاندىن كېيىن ئۇ رەقىبىگە ياكى قېرى تۇغقىنىغا شۇنداق كۆپ مىقداردىكى مەرگىمۇشنى ئىچكۈزۈۋېتىدۇكى، ئۇنى ئىچ

---

① گاللان — (1646 — 1715) — فرانسىيىلىك شەرقشۇناس، «مىڭ بىر كېچە» نى فرانسۇزچىغا تەرجىمە قىلغان.

دىغان بولسا، قەدىمكى پىل ياكى ماستودونمۇ① تىن تارتىماي ئۆلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ئۇشتۇمتۇتلا شۇنداق ۋايساشقا باشلايدۇكى، پۈتۈن مەھەللىدىكى كىشىلەر قوزغىلىپ كېتىدۇ. شۇندىن كېيىن، بىر توپ ساقچى ۋە ژاندارمىلار يۈگۈرۈپ كېلىپ، دوختۇرنى چاقىرتىشىدۇ. دوختۇر ئۆلگۈچىنىڭ قارنىنى يېرىپ، ئۇنىڭ ئاشقازان ۋە ئۈچەيلىرىدىن قوشۇق بىلەن مەرگىمۇشنى قىرىپ چىقىرىدۇ. ئەتىسى 100 لىگەن گېزىتلەر زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى بىلەن قاتىلنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ . بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەنى خەۋەر قىلىشىدۇ. شۇ كۈنى كەچتە دورىپىرۇش كېلىپ: «مەندىن مەرگىمۇش سېتىۋالغان كىشى مۇشۇ» دەپ پاش قىلىدۇ. ئۇلار بىرى تۇرماق، 20 خېرىدارنىمۇ تونۇۋالالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، بۇ ئەخمەق جىنايەتچىنى تۇتۇپ تۈرمىگە تاشلىشىدۇ، سوراق قىلىشىدۇ، يۈزلەشتۈرىدۇ، جىنايىتىنى ئېنىقلىشىدۇ، سوتلايدۇ ۋە ئاخىرى كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىشىدۇ. مۇبادا، ئۇ بەك مەرتىۋىلىك خانىم بولسا، مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىشىدۇ. سىلەرنىڭ شىماللىقلىرىڭلار خىمىيىنى ئەنە شۇنداق ئىشلىتىدۇ. شۇنداقتىمۇ، دىرىيۇنىڭ ② خېلى ئەقىللىق بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىش كېرەك.

— بۇ نېمىدېگىنىڭىز، گراف،— دېدى ۋىلفور خانىم كۈلۈپ تۇرۇپ،— ئادەملەر قولىدىن كېلىدىغىنىنى قىلمامدۇ. مېدىچى ياكى بورجىئانىڭ مەخپىي ئىشلىرىنى ھەممە ئادەملەر بىلىپ كېتەلمەيدۇ - دە.

— ئەمدى، — دېدى گراف مۈرىلىرىنى قىسىپ قويۇپ، — نېمە ئۈچۈن بۇنداق ئەخمىقانە ئىشلارنىڭ قىلىنىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرەيمۇ؟ مەن بۇ يەرلەردە قويۇلىدىغان سەھنە ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ، بۇ خىل ئەخمەقلىقلارنىڭ سەۋەبىنى شۇنداق دەپ چۈشەندىمكى، سىلەرنىڭ تىياتىرىڭلاردا كىشىلەر ھە دېسىلا شىشىدىكى سۇيۇقلۇقنىڭ ھەممىنى بىراقلا كۆتۈرۈۋېتىدۇ ياكى ئۈزۈككە ئورنىتىلغان زەھەرنى يۇتۇۋالىدۇ ۋە شۇ ئانىلا قىمىر قىلماي يېتىپ قالىدۇ. بەش مىنۇتتىن كېيىن پەردە يېپىلىدۇ ۋە تاماشىبىنلار ئۆيلىرىگە تارقىلىپ كېتىشىدۇ. قاتىللىقنىڭ ئاقىۋىتى كۆرسىتىلمەيدۇ. سىز ھەرگىزمۇ بېلىگە شارپا باغلىۋالغان ساقچى ئەمەلدارىنى، تۆت ئەسكەرنى باشلاپ كەلگەن ئوفىتسېرنى كۆرەلمەيسىز. شۇڭا، پاراسەتسىز كىشىلەر گويا تۇرمۇشتا ھەممە ئىش مۇشۇنداق بولىدىغاندەك ھېس قىلىشىدۇ. لېكىن، سىز فرانسىيىنىڭ سىرتىغا چىقىپ بېقىڭ، ئالېپپوغا، قاھىرەگە ياكى ھېچ بولمىغاندا نېئاپول ياكى رىمغا بېرىپ بېقىڭ. سىز كوچىدا كېتىۋاتقان قامەتلىك، ساغلام، قىزىل يۈزلۈك ئادەملەرنى ئۇچرىتىسىز. مۇبادا، شۇ ئاردا تاسادىپىي بىر جىنغا يولۇقۇپ قالسىڭىز، ئۇ جىن سىزگە: «بۇ جاناب ئۈچ ھەپتە ئىلگىرى زەھەرلەنگەن، يەنە بىر ئايدىن كېيىن ئۇ سوغۇق جەسەتكە ئايلىنىدۇ» دېيىشى مۇمكىن.

— ئەمىسە، — دېدى ۋىلفور خانىم، — ئۇلار مەشھۇر توفان ئىچىملىكىنىڭ سىرىنى بىلىۋاپتۇ - دە، مەن پېرۇدژىدا بۇ ئىچىملىك ئەمەلدىن قالدى دەپ ئاڭلىغانىدىم.

— دۇنيادا ئەمەلدىن قالىدىغان نەرسە بولامدۇ؟ ھۈنەر - سەنئەتلەر دۇنيانى ئايلىنىپ، كۆچۈپ يۈرىدۇ. نەرسىلەر پەقەت باشقىچە ئاتىلىشقا ئىگە بولىدۇ، خالاس. ئادەتتىكى كىشىلەر بۇنى چۈشىنەلمەيدۇ. ئەمما، نەتىجە ھامان بىرلا: ئوغا - زەھەرلەر ئادەمنىڭ ئۇ ياكى بۇ ئەزاسىنى زەخمىلەندۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر خىلى ئاشقازانغا، يەنە بىر خىلى مېڭىگە، ئۈچىنچى بىر خىلى

---

① ماستودون — قەدىمكى زامانلاردا ياشاپ، ھازىر نەسلى قۇرۇپ كەتكەن پىلسىمان ھايۋان.

② دىرىيۇ — زەھەرلىگۈچى قاتىل، 1777 - يىلى پارىژدا ئۆلتۈرۈلگەن.

ئۈچەيگە تەسىر قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، زەھەر يۆتەلنى قوزغايدۇ، يۆتەل ئۆپكە ياللۇغى ياكى تىببىي كىتابلاردا كۆرسىتىلگەن باشقا بىر كېسەلگە ئايلىنىدۇ ھەمدە بۇ كېسەل چوقۇم ئۆلۈم بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ئەگەر ئۇ كېسەل ئادەمنى ئۆلتۈرگۈدەك دەرىجىدە بولمىغان تەقدىردىمۇ، دوختۇرلارنىڭ دورىلىرى ئىچىلگەندىن كېيىن جەزمەن ئۆلىدۇ. بىزنىڭ گالۋاڭ دوختۇرلىرىمىزنىڭ تولىسى خىمىيىنى ۋاستىلىك ھالدا ئۆگەنگەن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ دورىلىرى كېسەلگە شىپا بولامدۇ ياكى ئۇنى تېخىمۇ يامانلاشتۇرۇۋېتەمدۇ، بۇ تەلەيگە باغلىق. ئادەمنىڭ ئۆلۈشى ئىلمىي قانۇنىيەتلەرگە تامامەن ئۇيغۇن بولۇپ كۆرۈنىدۇ. قانۇن ئورۇنلىرى بۇنى ئېنىقلاشقا ئامالسىز بولۇپ قالىدۇ. بۇنى مەن بىر دوستۇمدىن ئاڭلىغانىدىم. ئۇ دوستۇم ھۆرمەتلىك ئادېلمونتې ھەزرەتلىرى بولۇپ، ئۆزى تائورمىنلىق، سىجىلىيە بويىچە ئەڭ ئۇستا خىمىيىشۇناس. ئۇ بۇنداق ھادىسىلەرنى ناھايىتى پۇختا تەتقىق قىلغان.

— بۇنداق ئىشلار دەھشەتلىك بولسىمۇ، بەك قىزىقارلىق ئىكەن، — دېدى ياش ئايال. ئۇ، بۇ گەپلەرگە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ كېتىپ، قىمىر قىلماي ئولتۇراتتى، — مەن بۇنداق گەپ - سۆزلەرنى ئوتتۇرا ئەسىرلەردىن قالغان رىۋايەت دەپ ئويلاپ يۈرۈپتىكەنمەن.

— توغرا، بۇ چوقۇم شۇنداق، لېكىن ئۇنداق نەرسىلەر بىزنىڭ دەۋرىمىزدە تېخىمۇ مۇكەممەللەشتى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. تۈرلۈك رىغبەتلەندۈرۈشلەر، مېدال، ئوردېن، مونتىئون مۇكاپاتى قاتارلىقلارمۇ جەمئىيەتنى ئەڭ يۇقىرى كامالەتكە يەتكۈزۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ ئەمەسمۇ؟ ئىنسان قاچانكى تەڭرىگە ئوخشاش ئۆز خاھىشى بويىچە يارىتىش ۋە يوقىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولىدىكەن، ئۇ شۇندىلا كامالەتكە يېتەلەيدۇ. ئىنسان ھازىر يوقىتىشنى ئۆگىنىۋالدى، دېمەك، بۇ مۇساپىنىڭ يېرىمى بېسىپ ئۆتۈلدى.

— بۇ گەپچە، — دېدى ۋىلفور خانىم، گەپنى يەنە ئۆز مۇددىئاسى تەرەپكە بۇراپ، — بورجىئا، مېدىچى، رېنې، رۇدژېرى ۋە كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى بارون ترېنكانىڭ ئوغا - زەھەرلىرىنى سۇيىئىستېمال قىلىپ يېزىلغان ھازىرقى زاماندىكى دراما ۋە رومانلار...

— سەنئەت ئەسەرلىرىدىن ئىبارەت، — دېدى گراف جاۋاب بېرىپ، — ھەقىقىي ئالىم بولغان كىشى ئوپۇل - توپۇل كېلىپلا ئۆزىگە كېرەكلىك ئادەمگە تۇتۇش قىلىدۇ دەپ ئويلامسىز؟ ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ. ئىلىم ئايلانما يوللار بىلەن ئىش كۆرۈشنى، سېھىرگەرلىكنى، فانتازىيىنى ياخشى كۆرىدۇ، ئەگەر بۇنى مۇشۇنداق سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەشكە مۇمكىن بولسا. ئالايلى، مەن بايا گېپىنى قىلغان قەدىرلىك ئادېلمونتې ھەزرەتلىرى بۇ جەھەتتە قىزىقارلىق تەجرىبىلەرنى ئىشلىگەن.

— شۇنداقمۇ؟

— ھەئە. مەن سىزگە مۇنداق بىر مىسالنى سۆزلەپ بېرەي. ئۇنىڭ گۈل، ئوتياش ۋە مېۋە ئۆستۈرۈلىدىغان بىر چىرايلىق بېغى بار ئىدى. ئۇ شۇ ئوتياشلاردىن بىرىنى، مەسىلەن، بىر باش كاللەكبەسەينى تاللاپ ئالاتتى. ئۇ، شۇ كاللەكبەسەينى ئۈچ كۈنگىچە مەرگىمۇش ئېرىتمىسى بىلەن سۇغىراتتى. ئۈچىنچى كۈنىگە كەلگەندە كاللەكبەسەي زەھەرلىنىپ، سارغىيىدۇ. شۇ چاغدا ئۇ كاللەكبەسەينى يۇلۇپ ئالىدۇ. باشقا كىشىلەر كۆرسە، بۇنى بىر پىشىپ يېتىلگەن كاللەكبەسەي ئىكەن دەپ ئويلايدۇ ۋە ھېچقانداق گۇمان قىلمايدۇ. بۇنىڭ زەھەرلەنگەن كاللەكبەسەي ئىكەنلىكىنى پەقەت ئادېلمونتې ھەزرەتلىرىلا بىلىدۇ. ئۇ، بۇ بىر باش كاللەكبەسەينى ئۆيىگە ئېلىپ كېلىپ، توشقانغا بېرىدۇ. ئادېلمونتې ھەزرەتلىرى

ئوتياش، گۈل ۋە مېۋە ئۆستۈرگەندەك، يەنە بىرمۇنچە توشقان، مۈشۈك ۋە دېڭىز چوشقىلىرىنى باقاتتى. شۇنداق قىلىپ، ئادېلمونتې ھەزرەتلىرى توشقانغا بىر ياپراق كاللەكبەسەينى يېگۈزىدۇ. توشقان ئۆلىدۇ. قانداق تەرگەۋچى بۇ ئىشتىن گۇمانلىنىشى مۇمكىن؟ ماژېندى ياكى فلۇرانسنىڭ① توشقان، مۈشۈك ۋە دېڭىز چوشقىلىرىنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى بىرەر مۇپەتتىش دېلو قىلىپ تەكشۈرۈشى مۇمكىنمۇ؟ مۇمكىن ئەمەس. شۇنداق قىلىپ، توشقان قانۇن ئورۇنلىرىنىڭ ھېچقانداق گۇمانىنى قوزغىماي ئۆلىدۇ. ئاندىن ئادېلمونتې ھەزرەتلىرى ئۆزىنىڭ ئاشپىزىگە بۇ توشقاننىڭ ئىچ - قارنىنى چىقىرىپ قىغ دۆۋىسىگە تاشلاشنى بۇيرۇيدۇ. قىغنى كوچىلاپ يۈرگەن توخۇ بۇ ئۈچەيلەرنى چوقۇپ يەيدۇ - دە، ئاغرىپ قالىدۇ ۋە ئەتىسى ئۇمۇ ئۆلىدۇ. توخۇ جان تالىشىپ تىپىرلاپ ياتقاندا، كۆكتە پەرۋاز قىلىپ يۈرگەن سا ئۇنى كۆرۈپ قالىدۇ (ئادېلمونتې ھەزرەتلىرىنىڭ يۇرتىدا سا ناھايىتى كۆپ). سا ئۆلۈك توخۇغا ئېتىلىپ چۈشۈپ، ئۇنى ئېلىپ قاچىدۇ ۋە بىر قىيا تاشنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ كېلىپ يەيدۇ. ئۇ بىچارە سا توخۇنى يەپ بولغاندىن كېيىن بارغانسېرى ئاجىزلاشقا باشلايدۇ. ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ بۇلۇتلار ئارىسىدا ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ، ئۇشتۇمتۇت بېشى قېيىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ - دە، سىزنىڭ بېغىڭىزدىكى بېلىق بېقىش كۆلىگە چۈشۈپ كېتىدۇ. ئۆزىڭىزگە مەلۇمكى، شۇكا، ئوگور ۋە مۇرېن بېلىقلىرى بەك ئىشتىھالىق كېلىدۇ. ئۇلار سانى تەرەپ - تەرەپتىن تارتىپ يەيدۇ. ئەمدى شۇنى تەسەۋۋۇر قىلىڭكى، تۆتىنچى نۆۋەتتە زەھەرلەنگەن شۇكا، ئوگور ياكى مۇرېن پىشۇرۇلۇپ، سىزنىڭ روزىغارىڭىزغا كەلتۈرۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، سىزنىڭ مېھمىنىڭىز بەشىنچى نۆۋەتتە زەھەرلەنگەن بولىدۇ. سەككىز - توققۇز كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ مېھمان قورسىقى ئاغرىپ، يۈرىكى سېلىپ، ئاشتازىنى قاناپ ئۆلۈپ كېتىدۇ. دوختۇرلار جەسەتنى يېرىپ كۆرگەندىن كېيىن: «جىگەر ئىششىپ كەتكەنلىكتىن ياكى بەزگەكتىن ئۆلگەن» دېيىشىدۇ.

— لېكىن، — دېدى ۋىلفور خانىم، — سىز بىر - بىرىگە زەنجىرسىمان باغلىنىۋاتقان بۇ ئىشلار ئوتايلا ئۈزۈلۈپ كېتىشى مۇمكىنغۇ. سا دەل كېرەكلىك ۋاقىتتا ئۇچۇپ ئۆتمەسلىكى مۇمكىن ياكى ئۇ باغدىن 100 قەدەمچە نېرىغا چۈشۈشى مۇمكىن.

— ھە بەللى، سەنئەت دېگەن ئەنە شۇنداق بولىدۇ. شەرقتە ئۇلۇغ خىمىك بولۇش ئۈچۈن تاسادىپىي ھادىسىلەرنى تىزگىنلىيەلەيدىغان بولۇش كېرەك. شەرقتىكى كىشىلەر ئەنە شۇنداق قىلالايدۇ.

ۋىلفور خانىم خىيال سۈرۈپ قالدى.

— لېكىن، — دېدى ئۇ، — مەرگىمۇشنىڭ ئىزى يوقالمايدۇ. مەرگىمۇش ئادەمنىڭ بەدىنىگە قانداق ئۇسۇل بىلەن كىرگۈزۈلمىسۇن، ئىش قىلىپ ئادەمنى ئۆلتۈرگۈدەك ۋەزىندە بولسىلا، ئۇنى ئېنىقلاشقا بولىدۇ.

— توغرا، توغرا، — خىتاب قىلدى مونتې - كرىستو، — مەنمۇ ھۆرمەتلىك ئادېلمونتېغا شۇنداق دېگەنىدىم. ئۇ بىرئاز ئويلىنىۋېلىپ كۈلۈپ قويدى ۋە ماڭا سىجىللىيىنىڭ بىر تەمسىلى بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ: «ئوغلۇم، دۇنيا بىر كۈندە ئەمەس، يەتتە كۈندە يارىتىلغان. يەكشەنبە كۈنى كېلىڭ» دېدى. بۇ تەمسىل فرانسۇز تىلىدىمۇ بارغۇ دەيمەن.

يەكشەنبە كۈنى مەن يەنە ئۇنىڭ ئۆيىگە باردىم. قارىسام، ئۇ بىر باش كاللەكبەسەينى مەرگىمۇش بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىلىم - پەندە Stryhnos colubrina دەپ ئاتىلىدىغان سترىخنىنلىق تۇز ئېرىتمىسى بىلەن سۇغىرىۋېتىپتۇ. بۇ قېتىم كاللەك

---

① فرانسىيە بىئولوگلىرى.

پەسەيدە ھېچقانداق ئاغرىق ئالامىتى كۆرۈلمىدى، توشقانمۇ ئۆلىگدىن گۇمانلانمىدى. ھالبۇكى، بەش مىنۇتتىن كېيىن توشقان ئۆلدى. ئۇنى چوقۇلىغان توخۇمۇ ئەتىسى ئۆلدى. ئەمدى بىز سانىڭ ئۇرنىدا كېلىپ، توخۇنى ئېلىپ كەتتۇق ۋە ئۇنىڭ قارنىنى ياردۇق. بۇ قېتىم ھېچقانداق ئۆزگىچە ئالامەتلەر كۆرۈلمىدى، پەقەت ئادەتتىكى كېسەللىك ئالامەتلىرىلا بايقالدى. ئۇنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنىڭ بىرەرسىدىمۇ باشقىچە ئەھۋاللار سېزىلمىدى. پەقەت نېرۋا سىستېمىسى بۇزۇلغان ۋە مېڭىگە قان چۈشۈش ئىزلىرى ساقلىنىپ قالغان. بۇ توخۇ زەھەرلىنىشتىن ئەمەس، مېڭىگە قان چۈشۈشتىن ئۆلگەندەك كۆرۈنىدۇ. توخۇلاردا بۇنداق كېسەل كۆپ ئۇچرىمايدۇ، بۇنى مەن بىلىمەن، لېكىن ئادەملەردە بۇنداق ئەھۋال كۆپ كۆرۈلىدۇ.

ۋىلفور خانىم بارغانسېرى چوڭقۇر خىيالغا پاتماقتا ئىدى.

— ھېلىمۇ ياخشى، ئۇنداق دورىلارنى پەقەت خىمىكلارلا ياسىيالايدۇ، — دېدى ئۇ، — ئەكسىچە بولغاندا، ئىنسانىيەتنىڭ بۇ يېرىمى ئۇ يېرىمىنى زەھەرلەپ تۈگەتكەن بولاتتى.

— ئۇنداق دورىلارنى خىمىكلارمۇ، خىمىيىگە ھەۋەس قىلىدىغان كىشىلەرمۇ ياسايدۇ، — دەپ قويدى مونتې - كرىستو.

— يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، — دېدى ۋىلفور خانىم، ئۆز خىياللىرىنى تەسلىكتە قوغلاپ، — جىنايەت ھەرقانچە ئۇستىلىق بىلەن ئىشلەنسىمۇ، ئۇ بەرىبىر جىنايەت. جىنايەتچى ئىنسانلارنىڭ جازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلالىغان تەقدىردىمۇ، خۇدانىڭ كۆزىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. شەرق كىشىلىرىنىڭ ۋىجدانى بىزنىڭكىدەك نازۇك ئەمەس ئىكەن. شۇڭا، ئۇلار دوزاخقا كىرىشنى ئويلىمايدۇ. مەسىلە شۇنىڭدا.

— سىزگە ئوخشاش ئاق كۆڭۈل كىشىلەر تەبىئىي ھالدا مۇشۇنداق ئىككىلىنىشلەردە بولىدۇ، لېكىن قەتئىي قارارغا كەلگەندە ئۇنداق ئىككىلىنىشلەرنى چۆرۈپ تاشلىۋەتكىلى بولىدۇ.

سىز بىلىشىڭىز مۇمكىن، ژان - ژاك دۇسو مۇنداق دېگەنىدى: «5000 مىل يىراقلىقتا تۇرۇپ، بىر قول ئىشارىسى بىلەنلا ئامبالنى ئۆلتۈرگىلى بولىدۇ». مانا بۇ مەشھۇر سۆزدە ئىنسانلار تەپەككۇرىنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئىنسانىڭ ھاياتى ئەنە شۇنداق قىلمىشلار بىلەن تولۇپ تاشقان، ئۇنىڭ ئەقىل - ئىدرىكى ئەنە شۇنداق غەرەزلەرنى تۇغدۇرۇپ تۇرىدۇ. ئۆزىنىڭ يېقىن ئادىمىنىڭ يۈرىكىگە خاتىرجەملىك بىلەن پىچاق سالىدىغان ياكى ئۇنى بۇ دۇنيادىن يوقىتىش ئۈچۈن بايا ئېيتقىنىمدەك زور ۋەزىندىكى مەرگىمۇشنى ئىچكۈزىدىغان ئادەملەر بەك ئاز چىقىدۇ. ئۇنداق قىلىش ھەقىقەتەنمۇ ئەجەبلىنەرلىك ياكى ئەخمەقلىق بولىدۇ. ئۇنداق قىلىش ئۈچۈن قېنى قايناپ كەتكەن، ھەددىدىن تاشقىرى ئەسەبىيلەشكەن، خۇدىنى يوقاتقان بولۇش كېرەك. لېكىن، ئۇنداق گەپنى فىلولوگىيە پەنلىرىدە قوللىنىدىغان سىلىقراق مەنىداش سۆزلەر بىلەن ئالماشتۇرساق، سىز بىر ئادەمنى ئادەتتىكىدەكلا قاتاردىن چىقىرىپ تاشلىغان بولىسىز. ئەگەر سىز قەبىھلىك بىلەن قاتىللىق قىلىشنىڭ ئورنىغا سىزگە پۇتلىكاشاڭ بولغان ئادەمنى ئۆز يولىڭىزدىن سۈپۈرۈپ چىقىرىۋەتسىڭىز ۋە بۇ ئىشنى ھېچكىمگە ئۇقتۇرماي، زورلۇق ئىشلەتمەي، ئۇنى ئازابلىماي، قىيناي قىلسىڭىز، قۇربان بولغۇچى شېھىت ھېسابلانمايدۇ، سىزمۇ قانخور ۋەھشىي دەپ ئاتالمايسىز. قان ئاقمىسا، ۋارقىرايدىغان، تىپىرلايدىغان ئىشلار بولمىسا ۋە ئەڭ مۇھىمى بۇ ئىش گۇماننى قوزغايدىغان دەھشەتلىك ئۇشتۇمتۇت ئۆلۈم بىلەن ئاياغلاشمىسا، سىز ئىنسانلارنىڭ «جەمئىيەت ئامانلىقىنى بۇزما!» دېگەنىدىن ئىبارەت قانۇنىدىن قېچىپ قۇتۇلالايسىز. شەرقتىكى كىشىلەر كۆزلىگەن مەقسىتىنى ئەنە شۇ ئۇسۇل بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. ئۇلار مەسـ-

لىگە جىددىي قارايدىغان تەمكىن كىشىلەر بولغاچقا، مۇھىم ئىشلارغا كەلگەندە ۋاقىت بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدۇ.

— ۋىجدانچۇ؟ — ۋىلفور خانىم ھاياجانلانغان ھالدا دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ تۇرۇپ سورىدى.

— شۇنداق، — دېدى مونتې - كرىستو، — شۇنداق. بەختىمىزگە يارىشا ۋىجدان دېگەن نەرسە بار. ئۇنداق بولمىغاندا بىز ئىنتايىن بەختسىز بولغان بولاتتۇق. ھەرقانداق بىر چېكىدىن ئاشقان ھەرىكەتتىن كېيىن بىزنى ۋىجدانىمىز قۇتقۇزۇپ قالىدۇ. بىز ئۆز - ئۆزىمىزگە سودىيە بولغان ئەھۋالدا ۋىجدانىمىز مىڭلىغان دەلىللەر بىلەن بىزنى ئاقلايدۇ. بۇ دەلىللەر بىزنى خاتىرجەم ئۇخلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ، لېكىن ئۇلار جىنايى ئىشلار سوتىنىڭ جازاسىدىن بىزنىڭ ھاياتىمىزنى ساقلاپ قالالمىغان بولاتتى. ئېھتىمال، رىچارد III ئېدۇئارد VI نىڭ ئىككى ئوغلىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن ئۆز ۋىجدانىنىڭ ئاجايىپ تەسەللىسىگە ئېرىشكەن بولۇشى مۇمكىن. دېمىسىمۇ، ئۇ ئۆز - ئۆزىگە مۇنداق دېگەن بولسا كېرەك: «بۇ ئىككىسى قارا كۆڭۈل زالىم پادىشاھنىڭ ئوغۇللىرى. ئۇلار ئۆز ئاتىسىنىڭ يامانلىقلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈۋالغان. ئۇلارنىڭ بالىلارچە خۇلق - مىجەزىدىكى بۇنداق يامانلىقلارنى مەندىن باشقا ھېچكىم كۆرەلمىگەن. بۇ بالىلار مېنىڭ ئەنگلىيە خەلقىگە بەخت - سائادەت كەلتۈرۈشۈمگە توسقۇنلۇق قىلغان. ئۇلارنىڭ مەيلىگە قويۇپ بەرسە، خەلقنى بالايىئاپەتكە مەھكۇم قىلاتتى». شېكىسپىرنىڭ نېمىدېگەنلىكىدىن قەتئىينەزەر، ماكبېت خانىممۇ ئېرىنى ئەمەس، ئوغلىنى تەختكە چىقارماقچى بولغاندا ئۆز ۋىجدانىدىن تەسەللى تاپقان بولسا كېرەك. شۇنداق، ئانىلىق مېھرى شۇنداق زور ساخاۋەت، شۇنداق قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بولىدۇكى، نۇرغۇن ئىشلارنى ئاقلىيالايدۇ. ئەگەر ماكبېت

خانىمنىڭ ۋىجدانى بولمىسا، دۇنكان ئۆلگەندىن كېيىن ناھايىتىمۇ بەختسىز بولغان بولاتتى.

گرافنىڭ ئۆزىنى ساددىلىقتا سېلىمۇۋېلىپ، تەنە بىلەن ئېيتىۋاتقان بۇ قورقۇنچلۇق سۆزلىرى ۋە ئەدەب - قائىدىلەر دائىرىسىدىن چىقىپ كەتكەن غەلىتە پىكىرلىرىنى ۋىلفور خانىم تەشنالىق بىلەن تىڭشىماقتا ئىدى. بىر پەس جىملىقتىن كېيىن ئۇ مۇنداق دېدى:

— بىلەمسىز، گراف، سىزنىڭ گەپلىرىڭىز بەك قورقۇنچلۇق، سىز بۇ دۇنيانى بەك قاراڭغۇ قىلىپ تەسۋىرلىدىڭىز! سىز ئىنسانىيەتكە دورا قۇتىلىرى ۋە دورا ياساش سايمانلىرىنىڭ كەينىدە تۇرۇپ قارىغانلىقىڭىز ئۈچۈن كىشىلەرگە قارىتا ئاشۇنداق تونۇشقا كېلىپ قالغانغۇ دەيمەن؟ دېمىسىمۇ، سىز ئاتاقلىق خىمىك ئىكەنسىز. سىزنىڭ ئوغلۇمغا ئىچكۈزۈپ، ئۇنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالغان ھېلىقى ئابىھايات مەلھىمىڭىز ...

— ئۇ دورىغا ئانچە بەك ئىشىنىپ كەتمەڭ، خانىم، — دېدى مونتې - كرىستو، — ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالغان بالىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن شۇ دورىدىن بىر تامچە ئىچكۈزۈش كۇپايە قىلىدۇ، ئەمما ئۈچ تامچە ئىچكۈزۈلسە، ئۆپكىسىگە قان قۇيۇلۇپ، يۈرىكى سېلىپ كېتىدۇ. ئالتە تامچە ئىچكۈزۈلسە، دېمى سىقىلىپ، تېخىمۇ ئېغىر دەرىجىدە ھوشسىزلىنىدۇ. ئەگەر ئون تامچە ئىچكۈزۈلسە، ئۇ تىن تارتماي ئۆلىدۇ. ئوغلىڭىز شۇ دورا قاچىلانغان شىشىنى تۇتماقچى بولغاندا، ئۇنىڭغا يول قويمىغانلىقىم يادىڭىزدا بارمۇ؟

— ئۇ بەك كۈچلۈك زەھەر ئىكەن - دە؟

— يوقسۇ! نوقۇل ھالدىكى ئوغا - زەھەر دېگەنلەر ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس. تىبابەتچىلىكتە ئىنتايىن كۈچلۈك زەھەرلەر ئىشلىتىلىدۇ، ئەمما ئۆز جايىدا ئىشلىتىشنى بىلگەندە، ئۇلار پايدىلىق دورىلارغا ئايلىنىدۇ.

— ئەمىسە، ئۇ زادى نېمە؟

— بۇ، قەدىرلىك دوستۇم ئادېلمونتې ھەزرەتلىرى كەشىپ قىلغان دورا. ئۇ كېيىن ماڭا بۇ دورىنى ئىشلىتىشنى ئۆگىتىپ قويغانىدى.

— بۇ ھوشىدىن كېتىشنى داۋالاشقا بەك ياخشى دورا ئىكەن! — دېدى ۋىلفور خانىم.

— ئۆزىڭىز كۆرگىنىدەك، بەك ياخشى دورا، — دېدى گراف، — مەن بۇ دورىنى كۆپ ئىشلىتىمەن. لېكىن، ئىشلەتكەندە بەكلا ئېھتىيات قىلىمەن، — دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ - دە، — دېدى ۋىلفور خانىم ئۇنىڭغا ھەمنەپەس بولغان ئاھاڭدا، — ئۆزۈمنى ئېيتسام، نېرۋىلىرىم بەك ئاجىز، ھوشۇمدىن كېتىشكە ئارانلا تۇرىمەن. شۇڭا، ئادېلمونتېدەك بىر دوختۇرغا بەكمۇ ھاجەتمەن بولۇپ تۇرۇۋاتىمەن. ئۇ ماڭىمۇ بىر دورا ياساپ بەرگەن بولسا، ئەركىن نەپەس ئېلىپ، دېمىمنىڭ بوغۇلۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىمىگەن بولاتتىم. ئەپسۇسكى، فرانسىيىدە ئۇنداق دوختۇرنى تېپىش تەس. سىزنىڭ ئۇ ھەزرىتىڭىز مېنى دەپ پارىژغا سەپەر قىلىشى ناتايىن. شۇڭا، ھازىرچە پېلانىش ئەپەندىنىڭ دورىلىرىغا شۈكۈر قىلماقتىن باشقا ئامال يوق. مەن ئادەتتە ئۇنىڭ كۇملاچلىرىنى ۋە گوفماننىڭ سۇيۇق دورىلىرىنى ئىستېمال قىلىمەن. قاراڭا، مانا بۇ كۇملاچلارنى مەن ئالاھىدە بۇيرۇتۇپ ياساتقان. بۇلارنىڭ دورىلىق قۇۋۋىتى ئىككى ھەسسە ئاشۇرۇلغان.

مونتې - كرىستو ياش ئايالنىڭ قولىدىن تاشپاقا قېپىدىن ياسالغان قۇتىنى ئېلىپ، بۇنداق دورىلارنى كۆپ كۆرگەن ھەۋەسكارلارغا خاس قىياپەتتە كۆملاچلارنى پۇراپ كۆردى.

— ياخشى ئىكەن، — دېدى ئۇ، — لېكىن بۇلارنى

يۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ. بىراق، ئادەم ھوشسىزلىنىپ ياتقاندا بۇنى يۇتالمايدۇ. شۇڭا، مېنىڭ دورام تۈزۈكرەكمىكىن دەيمەن.

— ئەلۋەتتە، مەنمۇ شۇنداق دەيمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ دورىڭىزنىڭ قانداق تەسىر قىلىدىغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم ئەمەسمۇ. لېكىن، بۇ بىر مەخپىيەتلىك بولسا كېرەك. شۇڭا، سىزدىن ئۇ دورىنى سوراپ بىئەدەپلىك قىلمايمەن.

— ئەمما مەن ئەدەب يۈزىسىدىن سىزگە ئۇ دورىنى بېرىشنى خالايمەن، — دېدى مونتې - كرىستو ئورنىدىن تۇرۇپ.

— ئاھ، گراف!

— لېكىن ئېسىڭىزدە بولسۇن: ئۇنى ئاز ئىچسە دورا بولىدۇ، كۆپ ئىچىۋەتسە زەھەرگە ئايلىنىدۇ. بىر تامچىسى ھاياتنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ، بەش ياكى ئالتە تامچىسى بىراقلا ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنى بىر قەدەھ شارابقا ئارىلاشتۇرۇۋەتسە، شارابنىڭ تەمى ئۆزگەرمەيدۇ. شۇنچىلىك دېسەم بولار، خانىم، سىزگە ئەقىل كۆرسەتكەندەك بولۇپ قالماي يەنە.

سائەت ئالتە يېرىمغا جاڭ ئۇردى. خىزمەتكار كىرىپ، ۋىلفور خانىم بىلەن بىرگە غىزالانماقچى بولغان بىر خانىمنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى.

— گراف، ئەگەر مەن سىز بىلەن ئىككىنچى قېتىم ئەمەس، ئۈچىنچى ياكى تۆتىنچى قېتىم كۆرۈشكەن بولسام، — دېدى ۋىلفور خانىم، — ئەگەر مەن پەقەت سىزگە مىننەتدارلىق بىلدۈرگۈچى بولۇش بىلەنلا قالماي، يەنە سىزنىڭ دوستىڭىز بولۇش شەرىپىگىمۇ مۇيەسسەر بولغان بولسام، ھازىر سىزنى غىزاغا تۇتۇپ قالغان بولاتتىم، رەت قىلىشىڭىزغىمۇ يول قويمايتتىم.

— كۆپ رەھمەت، — دېدى مونتې - كرىستو، — بۈگۈن مېنىڭ ئادا قىلمىسام بولمايدىغان بىر مەجبۇرىيىتىم بار. مەن بىر تونۇش گرېتسىيىلىك كىنەز قىزىنى تىياتىرغا ئاپىرىشقا ۋەدە قىلغانىد

دىم. ئۇ تېخى ئوپېرانى كۆرۈپ باقمىغانىكەن. شۇڭا، ئوپېرا كۆرگىلى بېرىشتا مېنىڭ ھەمراھ بولۇشۇمنى ئۆتۈنگەنىدى.

— ئۇنداق بولسا، خەير — خوش، گراف. لېكىن مەن دېگەن ھېلىقى دورىنى ئۇنتۇپ قالماڭ.

— ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن، خانىم. بۇنى ئۇنتۇش ئۈچۈن سىز بىلەن بىرگە بولغان ۋاقىتلىرىمنى ئۇنتۇلسام بولىدۇ. ھالبۇكى، سىزنى ئۇنتۇش مۇمكىن ئەمەس.

— مونتې — كرىستو تەزىم قىلىپ، چىقىپ كەتتى.

ۋىلفور خانىم ئويلىنىپ قالدى.

— نېمىدېگەن غەلىتە ئادەم بۇ، — دېدى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە، — مېنىڭچە، ئادېلمونتې دېگىنى ئۇنىڭ ئۆزى شۇ.

مونتې — كرىستوغا كەلسەك، سۆھبەتنىڭ نەتىجىسى ئۇنىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ ئېشىپ چۈشتى. «ھە، — دەپ ئويلىدى ئۇ قايتىپ كېتىۋېتىپ، — بۇ سۆھبەت ئۈنۈملۈك تۇپراققا ئوخشىدى. ئەمدى ئۇنىڭغا تاشلانغان ئۇرۇق زايە كەتمەيدۇ».

ئەتىسى ئۇ ئۆز ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ، ھېلىقى دورىنى ئەۋەتىپ بەردى.

يىگىرمە ئۈچىنچى باب

روبېرت مۇشتۇمزور

ئوپېراغا بېرىش ھەققىدە ئېيتىلغان گەپ كىشىنى قايىل قىلاتتى، چۈنكى شۇ كۈنى كەچتە خانلىق مۇزىكا ئاكادېمىيىسىدە داغدۇغىلىق ئويۇن كۆرسىتىلمەكچىدى. ئۇزاقتىن بۇيان كېسەل تارتىپ ياتقان لېۋاسېر، بىر ترامنىڭ رولىغا چىقماقچى ئىدى. داڭدار كومپوزىتورنىڭ بۇ ئەسىرى ھەر دائىمقىسىدەك پارىژ جامائەتچىلىكىنىڭ ئەڭ يۇقىرى تەبىقىسىدىكى كىشىلەرنى جەلپ قىلغانىدى.

باي يىگىتلەرنىڭ كۆپىنچىسىگە ئوخشاش ئالبېرنىڭمۇ ئوركېستىرنىڭ يېنىدا قويۇلغان مەخسۇس كرېسلوسى بار ئىدى. ئۇنداق بولمىغاندىمۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ يېقىن تونۇشلىرى ئىگىلىگەن ئونلىغان لوژىلار ئىچىدىن بىر كىشىلىك ئورۇن تاپالايتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭ يۇقىرى قاتلام ئاقسۆڭەك ياشلىرى ئۈچۈن ئاجرىتىلغان لوژىغىمۇ كىرىش ھوقۇقى بار ئىدى.

ئۇنىڭ يېنىدىكىسى شاتو — رېنونىڭ كرېسلوسى ئىدى. بوشان مۇخبىر بولغانلىقى ئۈچۈن پۈتۈن زال ئىچىدە گوياكى خان ئىدى ۋە قەيەرنى كۆڭلى تارتسا شۇ يەردە ئولتۇراتتى.

لىيۇسىيېن دېبرې بۇ ئاخشىمى ئۆزىنىڭ ئىختىيارىغا قالغان مىنىستىرلىق لوژاسىنى گراف مورسېرغا ئۆتۈنۈپ بەردى، لېكىن مېرسېدېس ئۇنىمىغانلىقتىن، گراف مورسېر بۇ لوژانى دانگلارغا ئۆتكۈزۈپ بەردى ھەمدە بارون خانىم بىلەن قىزى ئىككىيلەن بۇ لوژانى قوبۇل قىلسا، بىر دەمدىن كېيىن بۇ ئىككى خانىمنى يوقلاپ مۇشۇ لوژاغا كىرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئىككى خانىم بۇ تەكلىپنى رەت قىلىدى، ئەلۋەتتە. ھېچقانداق ئادەم بىكارغا كەلگەن لوژاغا مىليونېرلاردەك ئامراق ئەمەس.

دانگلارنىڭ ئۆزىگە كەلسەك، ئۇ ئۆزىنىڭ سىياسىي مەۋقەسى ۋە ئۆكتىچىلەر پارتىيىسىنىڭ ۋەكىلى بولۇش سالاھىيىتى مىنىستىر لوژاسىدا ئولتۇرۇشقا ئىمكان بەرمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇڭا، بارون خانىم خەت يېزىپ لىيۇسىيېننى چاقىرتتى. دېمىسىمۇ، ئۇ قىزى ئېژېنى بىلەن ئوپېراغا يالغۇز بارسا بولمايدۇ - دە. ئەگەر بىر لوژادا ئىككى خېنىم ئولتۇرسا، باشقىلار ئۇلارنى ئەيىبلىشى مۇمكىن، ئەمما دانگلار خانقىز تىياتىرغا ئاپىسى ۋە ئۇنىڭ

ئاشىنسى بىلەن‌بىللە بارسا ھېچكىم باشقىچە كۆز قاراشتا بولمايدۇ. جەمئىيەتتىكى رەسىم - قائىدىلەر بويىچە ئىش قىلىش كېرەك.

سەھنە پەردىسى كۆتۈرۈلدى، لېكىن زال ئىچىدە تېخى ھېچكىم دېگۈدەك يوق ئىدى. بۇمۇ بىزنىڭ يۇقىرى تەبىقىمىزنىڭ ئادىتى. تىياتىرغا ئويۇن باشلانغاندىن كېيىن كىرىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن، ئۆز ۋاقتىغا ئۈلگۈرۈپ كەلگەنلەرمۇ ئويۇننىڭ بىرىنچى كۆرۈنۈشىنى كۆرەلمەيدۇ ۋە ئاڭلىيالمايدۇ. ئۇلار پەقەت كىرىپ كېلىۋاتقان تاماشىبىنلارغا قاراپ ۋە ئىشىكلەرنىڭ تاراقلىشى بىلەن كىشىلەرنىڭ پاراڭلىرىغا قۇلاق سېلىپ ئولتۇرۇشىدۇ.

— قاراڭا! — دېدى ئالبېر، تۆۋەنكى يان لوژالاردىن بىرىنىڭ ئىشىكى ئېچىلغانلىقىنى كۆرۈپ، — قاراڭا، گ. خانىم!

— گ. خانىم دېگەن كىم ئۇ؟ — سورىدى شاتو - رېنو.

— بۇ قانداق گەپ، بارون؟ سىز گراف خانىم گ. نىمۇ تونۇمامسىز؟

— ھە، راست، — دېدى شاتو - رېنو، — بۇ ھېلىقى ۋېنېتسىيىلىك گۈزەل بولسا كېرەك؟

— ھە، شۇ.

بۇ چاغدا گ. خانىم ئالبېرنى كۆرۈپ قالدى ۋە ئۇنىڭ تەزىمىگە تەبەسسۇم بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— ئۇنىڭ بىلەن تونۇشامسىز؟ — سورىدى شاتو - رېنو.

— ھەئە، — دېدى ئالبېر، — رىمدا فرانس تونۇشتۇرۇپ قويغانىدى.

— ئەمىسە، فرانس رىمدا سىزگە ياخشىلىق قىلغانىدەك، سىزمۇ پارىژدا ماڭا شۇنداق ياخشىلىق قىلالامسىز؟

— خۇشاللىق بىلەن.

— گەپ قىلمايلى! — تاماشىبىنلار ۋارقىراشتى.

يىگىتلەر تاماشىبىنلارنىڭ مۇزىكا ئاڭلاش ئىشتىياقى بىلەن

قىلچە ھېسابلاشماستىن، سۆھبىتىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى.

— ئۇ خانىم مارس مەيدانىدىكى ئات بەيگىسىگە بارغانىكەن، — دېدى شاتو - رېنو.

— بۈگۈنمۇ؟

— ھەئە.

— توغرا، بۈگۈن ئات بەيگىسى بولغان ئەمەسمىدى. سىز دو چىقتىڭىزمۇ؟

— ئازراق تىكتىم، 50 لۇيىدور.

— كىم ئۇتتى؟

— «نائۇتىلۇس». مەن شۇنىڭغا تىككەنىدىم.

— بەيگە ئۈچ مەيدان ئوينىلىدىغۇ.

— شۇنداق. ژوكېي كۇلۇبىنىڭ ئالتۇن لوڭقا مۇكاپىتىنى تالىشىش بەيگىسىمۇ بولدى. ئۇ بەيگىدە بىر غەلىتە ئەھۋال يۈز بەردى.

— قانداق ئەھۋال؟

— گەپ قىلمايلى! — تاماشىبىنلار يەنە ۋارقىراشتى.

— قانداق ئەھۋال؟ — تەكرار سورىدى ئالبېر.

— ئۇ بەيگىدە بىز زادى كۆرۈپ باقمىغان بىر ئاتنى مىنگەن ناتونۇش چەۋەنداز ئۇتۇپ چىقتى.

— قانداقچىسىگە بۇنداق بولۇپ چىقتى؟

— مۇنداق بولدى. دەسلەپتە ۋامپا دېگەن ئىسىم بىلەن خاتىرىلەنگەن ئاتقا ۋە ئىئوۋا دېگەن ئىسىم بىلەن خاتىرىلەنگەن چەۋەندازغا ھېچكىم دىققەت قىلمىغانىدى. كېيىن قارايدىغان بولساق، ئاجايىپ چىرايلىق بىر توروق ئاتنى مىنگەن كىچىككىنە چەۋەنداز چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ بەدەن ئېغىرلىقىنى باشقا چەۋەندازلار بىلەن تەڭلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ يانچۇقلىرىغا 20 فۇت قوغۇشۇننى سېلىپ قويۇشقا توغرا كەلدى. شۇنداق

بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئېتى ئۆزى بىلەن ياندىشىپ كېتىۋاتقان «ئارنېل» بىلەن «باربارو» نى ئۈچ ئات گەۋدىسى ئارىلىقىچە ئارقىدا قالدۇردى.

— ئۇ كىمنىڭ ئېتى ئىكەنلىكىنى ئۇقالمىدىڭلارمۇ؟

— ئۇقالمىدۇق.

— ئۇ ئاتنىڭ خاتىرىلەنگەن ئىسمى...

— ۋامپا.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى ئالبېر، — بۇ جەھەتتە مەن سىزدىن كۆپرەكنى بىلىدىكەنمەن. ئۇ كىمنىڭ ئېتى ئىكەنلىكىنى مەن بىلىمەن.

— گەپ قىلمىساڭلارچۇ! — تاماشىبىنلار ئىچىدىن ئۈچىنچى قېتىم ۋارقىراشتى.

بۇ قېتىمقى ۋارقىراش شۇنچىلىك غەزەپلىك ئاڭلاندىكى، يىگىتلەر ئاخىرى بۇ خىتابنىڭ ئۆزلىرىگە قارىتىلغانلىقىنى چۈشەندى. ئۇلار ئارقىغا بۇرۇلۇپ، بۇنداق قوپاللىق قىلغان كىشىنى كۆرۈش ئۈچۈن تاماشىبىنلار قاتارلىرىغا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى، لېكىن ئەمدى ھېچكىم ۋارقىرىمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار يەنە سەھنىگە قاراپ ئولتۇرۇشتى.

شۇ ئارىدا مىنىستىر لوۋاسىنىڭ ئىشىكى ئېچىلدى ۋە دانگلار خانىم، ئۇنىڭ قىزى ھەم ليۇسيېن دېبرې كىرىپ، ئۆز جايلىرىغا ئولتۇرۇشتى.

— ئەنە، سىزنىڭ تونۇشلىرىڭىز كەلدى، ئالبېر، — دېدى شاتو - رېنو، — ئوڭ تەرەپكە قاراپ نېمە قىلىسىز؟ ئۇلار سىزنى ئىزدىشىۋاتىدۇ.

ئالبېر بۇرۇلۇپ قارىدى ۋە ئۇنىڭ كۆزلىرى دانگلار خانىمنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ خانىم قولىدىكى يەلپۈگۈچنى پۇلاڭلىتىپ ئۇنىڭغا سالام يوللىدى. ئېژېنى خېنىم

بولسا، يولغا قاراپ كۆزلىرىنى ئوركېستىر يېنىدىكى كرېسلولارغا ئارانلا يۈگۈرتۈپ قويۇش بىلەن چەكلەندى.

— ماڭا قاراڭ، قەدىرلىكىم، — دېدى شاتو - رېنو، — نېمە ئۈچۈن دانگلار خېنىمنى ياقتۇرمايدىغانلىقىڭىزنى ھېچ چۈشىنەلمەيمەن. بىلىشىمچە، سىز يىگىت - قىزلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىغا ئانچە ئەھمىيەت بەرمەيسىز. دانگلارنىڭ مەرتىۋىسى سىلەرگە نىسبەتەن سەل تۆۋەنرەك بولسىمۇ، لېكىن بۇ قىز بەك چىرايلىققۇ.

— توغرا، بەك چىرايلىق، — دېدى ئالبېر. — لېكىن مەن چىرايىنىڭ مەنىسىدە يەنىمۇ يېقىملىقراق، يۇمشاقراق بىر نەرسىنىڭ بولۇشىنى، قىسقىسى، چىرايىنىڭ ئاياللارغا خاس بولۇشىنى ياخشى كۆرىمەن.

— ھەي، ھازىرقى ياشلار مانا مۇشۇنداق، — دېدى شاتو - رېنو. ئۇ 30 ياشقا كىرگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ، ئالبېرغا ئاتىلارچە مۇئامىلە قىلاتتى، — بۇ ياشلار ھېچنېمىدىن رازى بولمايدۇ. شۇمۇ گەپمۇ، قەدىرلىكىم. ئاتا - ئانىڭىز سىزگە بەئەينى ئوۋچى قىز دىئانانىڭ ئوبرازى بويىچە يارالغان بىر قىزنى ئېلىپ بەرمەكچى بولۇۋاتسىمۇ نارازى بولغىنىڭىز نېمىسى!

— گەپ شۇنىڭدا. مەن مىلوس ياكى كاپۇئان ۋېنېراسىغا ئوخشايدىغان قىزلارنى ياقتۇرىمەن. مەن تۈرلۈك ئىلاھلار بىلەن ھەپىلىشىدىغان دىئانادىن بىرئاز قورقىمەن. مەن ئاكتېئوننىڭ قىسمىتىگە مۇپتىلا بولۇشنى خالىمايمەن.

دەرۋەقە، بۇ قىزغا بىر قاراشتىلا ئالبېرنىڭ ئىقرار قىلغان تۇيغۇنى چۈشىنىشكە بولاتتى. دانگلار خېنىم چىرايلىق ئىدى، لېكىن ئالبېرنىڭ ئېيتقىنىدەك، ئۇنىڭ گۈزەللىكى قانداقتۇر سۇرلۇك ئىدى. ئۇنىڭ چاچلىرى قاپقارا بولۇپ، تەبىئىي بۇدۇر

ئىدى، لېكىن بۇ چىرايلىق بۇدۇر چاچلاردىن ئادەم قولىنىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇنمايدىغان بىر خىل قارشىلىق كۈچى سېزىلىپ تۇراتتى. خۇددى چاچلىرىغا ئوخشاشلا قاپقارا كۆزلىرىنىڭ ئۈستىدە قەلەمدەك قاشلىرى يادەك ئېگىلىپ تۇراتتى. بۇ قاشلارنىڭ بىردىنبىر يېتەرسىزلىكى شۇ ئىدىكى، تۇرۇپ - تۇرۇپلا بۇ قاشلار ھىمىرىلىپ، ئاياللارغا خاس بولمىغان توڭلۇقنى ئەكس ئەتتۈرەتتى. ئۇنىڭ بۇرنى گوياكى ھەيكەلتاراش يۇنونانىڭ ھەيكىلىنى ياسىغاندا يونۇپ چىقارغان بۇرۇنغا ئوخشايتتى. ئاغزى بىرئاز يوغانراق بولسىمۇ، لېكىن چىشلىرى سەدەپتەك بولۇپ، ئاپئاق يۈزىدە ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان لەۋلىرىنىڭ قىزىللىقىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈپ تۇراتتى. ئاغزىنىڭ بۇرجىكىدىكى خالى تەبىئەت ئاتا قىلغان يارىشىملىق خاللاردىن چوڭراق بولۇپ، ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئالبېرنى قورقۇتۇپ قويغان سۆرۈنلۈكنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ تۇراتتى.

ئېژېنىنىڭ فىگۇرىسىمۇ بىز تەسۋىرلەشكە ئۇرۇنغان چىرايىغا ماس ئىدى. ئۇ، شاتو - رېنونىڭ ئېيتقىنىدەك، ئۇۋچى قىز دىئاناغا ئوخشايتتى، ئەمما ئۇنىڭغا نىسبەتەن تېخىمۇ چۇس، تېخىمۇ كۈچلۈكتەك كۆرۈنەتتى. ئەگەر ئۇنىڭ ئۆگەنگەن بىلىملىرىدە بىرەر نۇقسان بار دېيىشكە مۇمكىن بولسا، بۇ نۇقسان شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇنىڭ ئۆگەنگەن نەرسىلىرى خۇددى ئۆزىنىڭ چىراي شەكلىگە ئوخشاشلا باشقا جىنسقا لايىقراق ئىدى. ئۇ بىرنەچچە خىل تىلدا سۆزلىشەلەيتتى، رەسىمنى ياخشى سىزاتتى، شېئىر يازاتتى، مۇزىكا ئىجاد قىلاتتى. مۇزىكىغا ئۇ زور ئىشتىياق باغلىغان بولۇپ، بىر كەمبەغەل قىز ساۋاقدىشى بىلەن بىرلىكتە مەشغۇلات ئېلىپ باراتتى. كىشىلەر ئۇ قىزنى ئاتاقلىق ناخشىچى بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ دەپ ئىشىنەتتى. مەلۇم بىر داڭلىق كومپوزىتور ئۇ قىز كەلگۈسىدە ئۆز ئاۋازى بىلەن باي

بولالايدۇ دەپ ئۈمىد قىلاتتى ھەمدە ئۇنىڭغا ئاتىلارچە غەمخورلۇق قىلىپ، ئۇنى تەربىيىلەيتتى. لۇيىزا ئارمىلىنىڭ (بۇ ناخشىچى قىزنىڭ ئىسمى شۇنداق ئىدى) كەلگۈسىدە سەھنىگە چىقىش ئېھتىمالى بولغانلىقتىن، دانگلار خېنىم ئاممىۋى سورۇنلارغا ئۇنىڭ بىلەن بىللە بارمايتتى، لېكىن ئۇنى ئۆز ئۆيىدە قوبۇل قىلاتتى. گەرچە لۇيىزا بانكىرنىڭ ئۆيىدە باراۋەرلىك ئاساسىدىكى دوستلۇقتىن بەھرىمەن بولالمىسىمۇ، ھەر ھالدا ئادەتتىكى ئوقۇتقۇچىدىن ئەتىۋارلىقراق ئىدى.

دانگلار خانىم لوژاغا كىرىپ بىرنەچچە سېكۇنت ئۆتكەندىن كېيىن سەھنە پەردىسى يېپىلدى. يېرىم سائەتلىك تەنەپپۇس جەريانىدا سىرتقا چىقىپ ئايلىنىپ كېلىشكە ياكى تونۇش - بىلىشلەرنىڭ لوژىلىرىغا كىرىپ يوقلاپ چىقىشقا بولاتتى. شۇڭا، ئوركېستىر يېنىدىكى كرېسلولار پۈتۈنلەي دېگۈدەك بوشاپ قالدى.

ئالبېر بىلەن شاتو - رېنو دەرھال ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. دانگلار خانىم ئالبېرنىڭ ئالدىراش ئورنىدىن تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، دەسلەپتە مېنىڭ يېنىمغا كېلىدىغان بولدى دەپ ئويلاپ قالدى ۋە قىزىغا ئېگىشىپ، ئۇنى بۇ ھەقتە ئاگاھلاندۇردى، ئەمما قىزى بېشىنى چايقاپ كۈلۈپ قويدى. دەل شۇ پەيتتە ئالبېر خۇددى ئېژېنىنىڭ ئىشەنمەسلىكىنى ئىسپاتلىغاندەك، يان تەرەپتىكى بىر لوژاغا كىردى. بۇ گراف خانىم گ. نىڭ لوژاسى ئىدى.

— ھە، كېلىڭ، ساياھەتچى ئەپەندى! — دېدى گراف خانىم، كونا تونۇشلارغا خاس قىزغىنلىق بىلەن ئۇنىڭغا قولىنى ئۇزىتىپ، — مېنى تونۇغانلىقىڭىزغا ۋە بولۇپمۇ ئەڭ ئالدى بىلەن مېنى يوقلاپ كىرگەنلىكىڭىزگە ناھايىتى خۇشال بولدۇم.

— سۆزۈمگە ئىشىنىڭ، گراف خانىم، — دېدى ئالبېر، — سىزنىڭ پارىژغا كەلگەنلىكىڭىزنى بىلگەن بولسام ياكى ئادرې-

سىڭىزنى ئۇقتان بولسام، بۇ گەمگىچە ساقلاپ تۇرمىغان بولاتتىم. ھە، ئەمدى ئىجازەت، بېرىڭ، سىزگە ئاغىنەم بارون شاتو - رېنونى تونۇشتۇرۇپ قوياي. ئۇ، فرانسىيىدە ساقلىنىپ قالغان ئاز ساندىكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ بىرى. ئۇ ھېلى تېخى ماڭا سىزنىڭ مارس مەيدانىدىكى بەيگىگە بارغانلىقىڭىزنى سۆزلەپ بەرگەنىدى.

شاتو - رېنو تەزىم قىلدى.

— سىز بەيگىگە بارغانمىدىڭىز؟ — گراف خانىم قىزىقىپ ئۇنىڭدىن سورىدى.

— شۇنداق، خانىم.

— ئەمىسە، ژوكېي كۇلۇب مۇكاپىتىنى ئۇتقان ئات كىمنىڭ ئىكەنلىكىنى ئۇقالىدىڭىزمۇ؟ — دەرھال سورىدى گراف خانىم.

— بىلمەيمەن، — دېدى شاتو - رېنو، — مەنمۇ بايا ئالبېردىن شۇنى سورىغانىدىم.

— بۇنى بىلىشكە بەك قىزىقامسىز، خانىم، — سورىدى ئالبېر.

— نېمىنى؟

— ئات ئىگىسىنىڭ ئىسمىنى.

— ئەلۋەتتە. ئويلاپ بېقىڭلار ... ھە، ئۇنى تونۇمسىز، ۋىكونت؟

— خانىم، بىر نېمىدېمەكچىمىدىڭىز؟ «ئويلاپ بېقىڭلار» دەيسىزغۇ.

— ھەئە. ھېلىقى ئاجايىپ تورۇق ئات ۋە ھال رەڭ كىيىم كىيگەن ئاشۇ كىچىككىنە چەۋەنداز بىر قاراشتىلا مېنىڭ مايىللىقىمنى قوزغىدى. مەن چىن دىلىمدىن ئۇلارنىڭ ئۇتۇپ چىقىشىغا تىلەكداشلىق قىلدىم. ئۇلارنىڭ باشقا ئاتلارنى ئۈچ ئات گەۋدىسى چىقىدىغان ئارىلىقتا ئارقىدا قالدۇرۇپ، بىرىنچى بولغانلىقىنى كۆرگەندە شۇنداق خۇشال بولۇپ كەتتىمكى، خۇددى ئەقلىمدىن ئېزىپ قالغاندەك چاۋاك چېلىپ كەتتىم. ئۆيۈمگە قايتىپ كېلىپ، ھال رەڭ كىيىم كىيگەن ئاشۇ كىچىك چەۋەندازنى پەلەمپەيدە ئۇچرىتىپ قالغاندا قانچىلىك ھەيران بولغانلىقىمنى كۆز ئالدىڭلارغا كەلتۈرۈڭلار! ئۇنى مەن بىلەن بىر بىنادا تۇرىدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قاپتىمەن، لېكىن مېھمان كۈتۈش ئۆيۈمنىڭ ئىشىكىنى ئېچىشىم بىلەنلا كۆزلىرىم بۈگۈن نامەلۇم ئات ۋە نامەلۇم چەۋەنداز ئۇتۇپ ئالغان ئالتۇن لوڭقىغا چۈشتى. لوڭقىنىڭ ئىچىگە «گراف خانىم گ. گە لورد رۇتۋېندىن» دەپ يېزىلغان باغاقچە سېلىپ قويۇلغانىدى.

— مانا، مېنىڭ دېگىنىمدەك بولۇپ چىقتى، — دېدى ئالبېر.

— قانداق؟ سىز نېمىدېگەنىدىڭىز؟

— شۇنى دېمەكچىمەنكى، بۇ ھېلىقى لورد رۇتۋېن.

— قايسى لورد رۇتۋېن؟

— بىز ئارجېنتىنا تىياتىرخانىسىدا كۆرگەن ھېلىقى ۋامپىرچۇ.

— راستىما؟ — دەپ خىتاب قىلدى گراف خانىم، — ئۇ ھازىر مۇشۇ يەردىما؟

— ئەلۋەتتە.

— ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتىڭىزمۇ؟ ئۇ سىلەرنىڭ ئۆيگە بارامدۇ؟ سىزمۇ ئۇنىڭكىگە بارامسىز؟

— ئۇ مېنىڭ يېقىن دوستۇم. ھەتتا جانابىي شاتو - رېنومۇ ئۇنىڭ بىلەن تونۇش.

— مۇكاپاتنى ئۇتقان شۇ كىشى دېيىشكە نېمە ئاساسىڭىز بار؟

— ئۇنىڭ ئېتى ۋامپا دېگەن ئىسىم بىلەن تىزىمغا ئالدۇرۇلغان.

— شۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟

— مېنى تۇتقۇن قىلىپ ئېلىپ كەتكەن مەشھۇر قاراقچىنىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟

— ھە، راست.

— مېنى ئۇنىڭ قولىدىن گراف قۇتۇلدۇرۇپ چىققان ئەمەسمۇ.

— شۇنداق، شۇنداق.

— شۇ قاراقچىنىڭ ئىسمى ۋامپا ئىدى. ئەمدى ئۇ ئات ئىگىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئۆزىڭىز چۈشەنگەنسىز؟

— ئەمىسە ئۇ لوڭقىنى نېمە ئۈچۈن ماڭا ئەۋەتىدۇ؟

— بىرىنچىدىن، مەن ئۇنىڭغا سىز توغرۇلۇق كۆپ سۆزلەپ بەرگەن. ئىككىنچىدىن، ئۇ سىزدەك بىر ۋەتەندىشىنى ئۇچرىتىپ قالغانلىقىدىن خۇشال بولغان بولۇشى مۇمكىن، شۇنداقلا، سىزنىڭ بەيگىدە ئۇنىڭغا ئالاھىدە قىزىققانلىقىڭىزدىن ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

— سىز بىلەن ئىككىمىز ئۇنىڭ كەينىدىن قىلىشقان ھېلىقى ئەخمىقانە گەپلىرىمىزنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەرمىگەنسىز؟

— راست گەپنى قىلغاندا، ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەرمىدىم دەپ ئېيتالمايمەن. ئۇنىڭ لورد رۇتۋېن دېگەن ئىسىم بىلەن لوڭقىنى سىزگە ئەۋەتكەنلىكى...

— بۇ نېمىدېگىنىڭىز! ئۇ ماڭا ئۆچ بولۇپ قالمامدۇ!

— ئۇنىڭ قىلغان ئىشىدىن ئۆچ بولۇپ قالغانلىقى كۆرۈنەمدۇ؟

— ياق، ئۇنداق ئەمەس.

— ھە، مانا، شۇ گەپ ئەمەسمۇ.

— دېمەك، ئۇ ھازىر پارىژدا ئىكەن-دە!

— ھەئە.

— ئۇنىڭ بۇ يەردىكى تەسىرى قانداق بولدى؟

— بىر ھەپتىگىچە ھەممە خەق ئۇنىڭ گېپىنى قىلىشتى. كېيىن ئەنگلىيە مەلىكىسىنىڭ تەختكە ئولتۇرغانلىقى ۋە مارس خېنىمىنىڭ گۆھەر تاشلىرىنىڭ ئوغرىلانغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرلەر يېتىپ كېلىپ، ھەممە خەق شۇ توغرۇلۇقلا سۆزلەيدىغان بولۇپ كەتتى، — دېدى ئالبېر.

— قەدىرلىكىم، — دېدى شاتو-رېنو، — گراف سىزنىڭ دوستىڭىز، شۇڭا ئۇنىڭ بەزى ئىشلىرىغا چاپان يېپىۋاتىسىز. ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمەڭ، گراف خانىم، ھازىر پارىژدا ھەممە ئادەم شۇ گراف مونتې-كرىستو توغرۇلۇقلا سۆزلەيدۇ. ئۇ ئەڭ ئالدى بىلەن دانگلار خانىمغا 30 مىڭ فرانكقا توختايدىغان بىر جۈپ ئاتنى سوۋغا قىلدى، ۋىلفور خانىمنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالدى، كېيىن چەۋەندازلار مۇكاپىتىنى ئۇتۇپتۇ. مورسېرنىڭ نېمىدېيىشىدىن قەتئىينەزەر، مەن شۇنداق دەيمەنكى، ھازىر ھەممە كىشىلەر ئۇنىڭ گېپىنى قىلىشىدۇ. ئەگەر ئۇ يەنە شۇنداق ئاجايىپ ئىشلارنى قىلىۋەرسە، يەنە بىر ئايغىچىمۇ ئۇنىڭ كەينىدىكى گەپ-چۆچەكلەر توختاپ قالمايدۇ. قارىغاندا، ئۇ دائىم ئاشۇنداق ئىشلارنى قىلىپ يۈرىدىغان ئوخشايدۇ.

— بەلكىم، — دېدى ئالبېر، — ھە، روسىيە ئەلچىسىنىڭ بۇرۇنقى لوژاسىنى كىم ئالغاندۇر؟

— قايسى لوژا ئۇ؟ — سورىدى گراف خانىم.

— بىرىنچى قاتاردىكى، تۈۋرۈكلەرنىڭ ئارىسىدىكى لوژا، ئۇنى باشقىدىن ياساپ قويغاندەك كۆرۈنىدىغۇ.

— ھەئە، — دېدى شاتو-رېنو، — بىرىنچى كۆرۈنۈشتە ئۇ يەردە بىر كىم بولغانمۇ؟

— قەيەردە؟

— ئاشۇ لوژادا.

— ياق، — دېدى گراف خانىم، — ئۇنىڭغا بىر كىمنىڭ

كىرگەنلىكىنى كۆرمىدىم. ھە، سىزنىڭ پىكرىڭىزچە، — سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئۇ يەنە باشتىكى سۆھبەتكە قايتىپ، — بەيگە مۇكاپاتىنى ئۇتقان كىشى گراف مونتې - كرىستو ئىكەن - دە؟

— چوقۇم شۇ.

— ماڭا لوڭقىنى ئەۋەتكەن كىشىمۇ شۇمۇ؟

— ئەلۋەتتە.

— لېكىن، مەن ئۇنىڭ بىلەن تونۇشمايمەنغۇ، — دېدى گراف خانىم، — لوڭقىنى ئۇنىڭ ئۆزىگە قايتۇرۇپ بەرسەم بولاتتى.

— ئۇنداق قىلسىڭىز، ئۇ سىزگە ساپ قاش تېشىدىن يونۇلغان ياكى ياقۇت بىلەن نەقىشلەپ ياسالغان باشقا بىر لوڭقىنى ئەۋەتىپ بېرىدۇ. ئۇ دائىم شۇنداق قىلىدۇ. بۇنىڭغا ماقۇل بولۇڭ.

شۇ ئارىدا قوڭغۇراق چېلىنىپ، ئىككىنچى كۆرۈنۈشنىڭ باشلانغانلىقى جاكالاندى. ئالبېر ئۆز ئورنىغا قايتىپ كېتىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى.

— بۇندىن كېيىن يەنە كۆرۈشۈپ تۇرارمىز؟ — سورىدى گراف خانىم.

— ئەگەر رۇخسەت قىلسىڭىز يەنە بىر قېتىملىق دەم ئېلىشتىمۇ يېنىڭىزغا كىرىمەن. پارىژدا سىزگە قانداق ياردەم قىلىشىمنى سورىۋالاي دەيمەن.

— جانابلار، — دېدى گراف خانىم، — ھەر شەنبە كۈنى كەچتە مەن دوستلىرىمنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن ئۆيدە بولىمەن. ئادرېسىم: رىۋولى كوچىسى، 22 - ئۆي. ئۆيۈمگە بېرىڭلار.

يىگىتلەر تەزىم قىلىپ، لوژادىن چىقىپ كېتىشتى. ئۇلار ئۆز ئورۇنلىرىغا بارغاندىن كېيىن تاماشىبىنلارنىڭ ھەممىسىنىڭ

ئۆرە قوپۇپ، زالدىكى بىر نۇقتىغا قارىشىپ قالغانلىقىنى بايقاشتى. ئۇلارمۇ شۇ تەرەپكە قارىدى ۋە ئۇلارنىڭ كۆزلىرى روسىيە ئەلچىسىنىڭ بۇرۇنقى لوژاسىغا چۈشتى. بۇ لوژاغا قارا كىيىم كىيگەن 35 — 40 ياشلاردىكى بىر جاناب بىلەن شەرقچە كىيىم كىيگەن بىر ياش قىز كىرىپ ئولتۇرغانىدى.

ئۇ قىز، كىشى ھەيران قالغۇدەك چىرايلىق ئىدى. ئۇچىسىدىكى كىيىمى شۇ قەدەر زىننەتلىك ئىدىكى، بايا ئېيتقىنىمىزدەك، ھەممە تاماشىبىنلار ئۇنىڭغا قاراپ قالغانىدى.

— ۋوي، بۇ مونتې - كرىستو بىلەن ھېلىقى ئالبان قىزىغۇ، — دېدى ئالبېر.

بۇ ھەقىقەتەن گراف بىلەن گايدە ئىدى. ئارىدىن بىرنەچچە مىنۇت ئۆتەر - ئۆتمەيلا گايدە تىياتىرخانا ئىچىدىكى ھەممە كىشىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. خانىملار لوژالىرىدىن باشلىرىنى چىقىرىشىپ، چىراغلارنىڭ يورۇقىدا شارقىراتىمىدەك نۇرلىنىپ تۇرغان ئالماسلارغا قارىشىپ قالدى. بارچە تاماشىبىنلار تەئەججۈپلەنگەن ۋە ھاياجانلانغان بولغاچقا، پۈتۈن ئىككىنچى كۆرۈنۈش غۇلغۇلا ئىچىدە ئۆتتى. تىياتىرخانىنىڭ تىنچلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمايتتى. بۇ قىز شۇنچە ياش، شۇنچە گۈزەل، شۇنچە مەپتۇن قىلارلىق بولۇپ، ھەرقانداق تاماشىدىنمۇ قىزىقارلىق ئىدى.

دانگلار خانىم ئالبېرغا ئىشارەت قىلدى. ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى ئىشارىتى ئالبېرنى ئىككىنچى كۆرۈنۈش تاماملانغاندا ئۆز لوژاسىغا كىرىشكە تەكلىپ قىلىۋاتقانلىقىنى ئېنىق ئىپادىلەپ تۇراتتى. ئالبېر ياخشى تەربىيىلەنگەن بولغاچقا، ئۆزىنى چاقىرغان كىشىلەرنى ساقلىتىپ قويمايتتى. شۇڭا، ئۇ سەھنە پەردىسى يېپىلىشى بىلەنلا بارون خانىمنىڭ لوژاسىغا كىردى. ئۇ ھەر ئىككى خانىمغا تەزىم قىلدى ۋە دېبرې بىلەن قول ئېلىشىپ

كۆرۈشتى. بارون خانىم ئۇنى ئوچۇق چىراي بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ قارشى ئالدى. ئېژېنى بولسا، ئادەتتىكىدەك چىرايىنى ئاچماي ئولتۇردى.

— قەدىرلىكىم، — دېدى دېبرې ئالبېرغا، — سىز ئۆز ئالدىڭىزدا سىزدىن تەقەززالىق بىلەن ياردەم كۈتۈۋاتقان كىشىنى كۆرۈپ تۇرۇپسىز. بارون خانىم گراف توغرۇلۇق ماڭا ئۈستى - ئۈستىلەپ سوئال قويۇۋاتىدۇ ۋە ئۇنىڭ كىملىكىنى، نەدىن كەلگەنلىكىنى، نەگە بارماقچى ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ كېلىشىمنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. ھەق گەپنى قىلغاندا، مەن كالئوسترو ئەمەس. شۇڭا، بۇ سوئاللارغا جاۋاب تېپىشقا كۆزۈم يەتمىگەنلىكتىن، «بۇ گەپنى مورسېردىن سوراڭ. ئۇ مونتې - كرىستونى بەش بارمىقىدەك بىلىدۇ» دېدىم. شۇنىڭ بىلەن، مانا سىزنى چاقىردۇق.

— بۇ غەلىتە گەپ، — دېدى بارون خانىم، — يېرىم مىليون فرانكلىق مەخپىي فوندنى ئىشلىتىۋاتقان ئادەم مۇشۇنچىلىك ئىشتىنمۇ خەۋەرسىز بولۇشى مۇمكىنمۇ!

— بارون خانىم، — دېدى ئۇنىڭغا جاۋابەن لىيۇسيېن، — ئەگەر مېنىڭ يېرىم مىليون فرانكىم بولغان بولسا، ئۇنى گراف مونتې - كرىستو ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى يىغىشقا سەرپ قىلماستىن، باشقا ئىشلارغا ئىشلەتكەن بولاتتىم. مېنىڭچە، ئۇ مونتې - كرىستونىڭ ئارتۇقچىلىقى پەقەت ھىندى بەگلىرىدىن ئىككى ھەسسە باي بولغانلىقىدىنلا ئىبارەت. شۇنداقتىمۇ، بۇ ئىشنى دوستۇم مورسېرغا ھاۋالە قىلىمەن. ئۇنىڭدىن سوراڭ. مەن بۇ ئىشقا ئارىلاشمايمەن.

— ھىندى بەگلىرى ماڭا 30 مىڭ فرانكقا توختايدىغان بىرجۈپ ئاتنى بېرىۋەتمىگەن بولاتتى. يەنە كېلىپ، ئاتلارنىڭ قۇلاقلىرىغا تۆت دانە بىرىليانت ئورنىتىلغان، ھەر بىرى 5000 فرانكقا توختايدۇ.

— ئۇ بىرىليانتلارغا بەك ھەۋەس قىلىدۇ، — دەپ كۈلۈپ كەتتى ئالبېر، — ماڭا ئۇ خۇددى پاتيومكىندەك يانچۇقلىرىغا بىرىليانت توشقۇزۇۋېلىپ، خۇددى كىچىك باللار تاش ئېتىپ ئوينىغاندەك، بىرىليانتلارنى چېچىپ يۈرىدىغاندەك تۇيۇلىدۇ.

— ئۇ بىر ئالماس كانىنى تېپىۋالغان بولسا كېرەك، — دېدى دانگلار خانىم، — بىلەمسىز، ئۇ بارونىڭ بانكىسىدىن چەكسىز قەرز ئېلىش كېلىشىمى تۈزدى.

— بىلمەيدىكەنمەن، — دېدى ئالبېر، — لېكىن بۇنىڭغا ھەيران بولمايمەن.

— ئۇ دانگلار ئەپەندىگە ئۆزىنىڭ پارىژدا بىر يىل تۇرىدىغانلىقىنى ۋە شۇ جەرياندا 6 مىليون فرانك خەجلەيدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

— ئۇنى خۇپىيانە ئىسىم بىلەن ساياھەت قىلىپ يۈرگەن پېرسىيە شاھى دەپ ئويلاشقا بولىدۇ.

— ئۇنىڭ يېنىدىكى چوكان نېمىدېگەن چىرايلىق، — دېدى ئېژېنى، — لىيۇسيېن ئەپەندى، ئۇنىڭغا دىققەت قىلدىڭىزمۇ؟

— سىز باشقا ئاياللارغا ئادىل باھا بېرىدىغان بىردىنبىر قىز ئىكەنسىز.

لىيۇسيېن كۆزىگە ئەينىكىنى قىستۇردى.

— چىرايلىق ئىكەن، — دېدى ئۇ.

— مورسېر ئەپەندى ئۇ چوكاننىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەمدىكىن؟

— بىز ھازىر گېپىنى قىلىشىۋاتقان ئۇ سىرلىق كىشىگە مۇناسىۋەتلىك ھەممە نەرسىنى تەخمىنەن بىلگىنىمدەك، ئۇ چوكاننىڭ كىم ئىكەنلىكىنىمۇ تەخمىنەن بىلىمەن، — دېدى ئالبېر ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ، — ئۇ بىر ئالبان قىزى.

— بۇ ئۇنىڭ كىيىمىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇنى دېمىسىڭىزمۇ ھەممە ئادەمگە ئايان.

— مۇشۇنداق نادان تونۇشتۇرغۇچى بولغانلىقىمدىن ئەپسۇسلىنىمەن، — دېدى ئالبېر، — لېكىن، مېنىڭ بىلىدىغىنىم شۇنچىلىك. يەنە ئۇنىڭ ساز چالالايدىغانلىقىنىمۇ بىلىمەن. مەن بىر قېتىم گرافنىڭ ئۆيىدە غىزالىنىۋاتقاندا لىيۇتنا① ئاۋازىنى ئاڭلىغانىدىم. لىيۇتنانى شۇ قىز چالمىسا، ئۇنىڭدىن باشقا چالىدىغان ئادەم يوق.

— دېمەك، ئۇ گراف ئۆيىدە مېھمان قوبۇل قىلىدىكەن-دە؟ — سورىدى دانگلار خانىم.

— مېھمانلارنى ئىنتايىن ھەشەم بىلەن كۈتىدۇ.

— ئەمىسە، ئۇنى زىياپەت ياكى تانسا كېچىلىكىگە چاقىرىشقا دانگلارنى ماقۇل كەلتۈرۈش كېرەك ئىكەن. شۇنداق قىلغاندا، ئۇمۇ بىزنى چاقىرىدۇ.

— ھە، چاقىرسا بارامسىز؟ — كۈلۈپ تۇرۇپ سورىدى دېبرې.

— نېمىشقا بارمايدىكەنمەن؟ ئېرىم بىلەن بارىمەن!

— ئۇ سىرلىق گراف بويتاق ئەمەسمۇ.

— بويتاق ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىزغۇ، — دېدى بارون خانىممۇ كۈلۈپ تۇرۇپ ۋە گۈزەل ئالبان قىزىنى كۆرسەتتى.

— ئۇ چوكان ئۇنىڭ قۇلى. يادىڭىزدا بارمۇ، مورسېر، ئۇ سىزنىڭ ئۆيىڭىزدىكى زىياپەتتە شۇنداق دېگەنىدىغۇ.

— شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ بەئەينى بىر مەلىكىگە ئوخشايدىكەن. شۇنداق ئەمەسمۇ، قەدىرلىك لىيۇسيېن؟ — دېدى بارون خانىم.

— «مىڭ بىر كېچە» دىكى مەلىكىنىڭ ئۆزى، — دەپ قوشۇپ قويدى ئالبېر.

— بۇ گەپكە قوشۇلىمەن، لېكىن ئۇنى مەلىكىگە ئوخشىتىپ تۇرغان نەرسە نېمە، قەدىرلىكىم؟ برىلىيانتلار. ئۇنىڭ ئۈستىبېشى برىلىيانتقا توشۇپ كەتكەن.

— برىلىيانتلار بەك كۆپ بولۇپ كېتىپتۇ، — دېدى ئېۋژېنى، — ئازراق بولغان بولسا ئۇ تېخىمۇ چىرايلىق كۆرۈنەتتى، چۈنكى، شۇنداق بولغاندا، ئۇنىڭ بويۇن ۋە بىلەكلىرى تېخىمۇ يالىڭاچلىنىپ كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ بويىنى بىلەن بىلەكلىرى بەك قاملاشقان ئىكەن.

— پاھ. بۇ رەسسامنى! — دېدى دانگلار خانىم، — قاراڭلار، ئۇنىڭ ئىلھامى كېلىپ كەتتى.

— مەن ھەرقانداق گۈزەللىكنى ياخشى كۆرىمەن، — دېدى ئېۋژېنى.

— ئەمىسە، گرافنى نېمە دەيسىز؟ — سورىدى دېبرې، — مېنىڭچە، ئۇمۇ خېلى كېلىشكەن كىشى ئىكەن.

— گراف؟ — دېدى ئېۋژېنى، خۇددى شۇ چاققىچە ئۇنىڭغا قاراپ قويۇش خىيالىغا كەلمىگەندەك ئاھاڭدا، — گراف ھەددىدىن تاشقىرى ئاق ئىكەن.

— ھە بەللى، — دېدى مورسېر، — بىزمۇ ئۇنىڭ ئاشۇنداق ئاقلىقىغا ھەيران بولۇۋاتىمىز. بىلەمسىز، گراف خانىم گ. ئۇنى ۋامپىر دېدى.

— گراف خانىم گ. قايتىپ كەلدىمۇ؟ — سورىدى بارون خانىم.

— ئۇ ئەنە ئاۋۇ ياندىكى لوژادا ئولتۇرمامدۇ، ئاپا، — دېدى ئېۋژېنى، — بىزنىڭ ئۇدۇلىمىزدا دېگۇدەك. ئاۋۇ ئالتۇن رەڭ چاچلىق ئايالنى كۆردىڭىزمۇ، گراف خانىم گ. شۇ.

— ھە، كۆردۈم، — دېدى دانگلار خانىم، — مورسېر، شۇ تاپتا نېمە قىلىشىڭىز كېرەكلىكىنى بىلەمسىز؟

— بۇيرۇغىنىڭىزنى قىلاي، بارون خانىم.

---

① لىيۇتنا — بىر خىل قەدىمكى چالغۇ ئەسۋابى.

— سىز گراف مونتې - كرىستو بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنى بىزنىڭ يېنىمىزغا باشلاپ كەلگەن بولسىڭىز بولاتتى.

— ئۇنداق قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ — سورىدى ئېرىنى.

— ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشمامدۇق. سەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە قىزىقمامسەن؟

— ئازراقمۇ قىزىقمايمەن.

— غەلىتە قىز - دە بۇ! — دەپ غودۇڭشۇپ قويىدى بارون خانىم.

— ئۇ چاقىرمىساقمۇ ئۆزى كېلىشى مۇمكىن، — دېدى ئالبېر، — ئۇ سىزنى كۆردى، بارون خانىم. قاراڭا، ئۇ سىزگە تەزىم قىلىۋاتىدۇ.

بارون خانىم ئاجايىپ ناز بىلەن تەبەسسۇم قىلىپ، گرافنىڭ تەزىمىگە تەزىم بىلەن جاۋاب قايتۇردى.

— ماقۇل، — دېدى ئالبېر، — مەن ئۆزۈمنى پىدا قىلاي. بۇ يەردىن چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىشنىڭ ئامالىنى قىلىپ كۆرەي.

— ئۇنىڭ لوژاسىغا كىرىڭ. ئەڭ ئاسىنى شۇ.

— بىراق، مېنى ھېچكىم تونۇشتۇرۇپ قويمىغان - دە.

— كىمگە؟

— ئاشۇ گۈزەل ئالبان قىزىغا.

— سىز ئۇنى قۇل قىز دېگەنىدىڭىزغۇ.

— شۇنداق، لېكىن سىز ئۇنى مەلىكە دېدىڭىزغۇ ... ھە، ماقۇل، مەن بېرىپ باقاي. بەلكىم ئۇ مېنى كۆرۈپ ئالدىمغا چىقار.

— شۇنداق قىلىشى مۇمكىن. مېڭىڭ.

— كەتتىم، ئەمىسە.

ئالبېر تەزىم قىلىپ، چىقىپ كەتتى. دەرۋەقە، ئۇ گرافنىڭ

لوژاسىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، لوژانىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، مونتې - كرىستو چىقتى. ئۇ، كارىدوردا تۇرغان ئەلگە ئەرەب تىلىدا بىرنەچچە ئېغىز سۆزنى ئېيتتى ۋە ئالبېرنى قولتۇقلىۋالدى. ئەلى ئىشىكنى ياپتى ۋە ئۆزى ئىشىك ئالدىدا تۇردى. بۇ قارا تەنلىك قۇلنىڭ ئەتراپىغا بىر دەمدىلا بىر توپ ئادەم ئولىشىۋالدى.

— راستىنى ئېيتقاندا، — دېدى مونتې - كرىستو، — سىلەرنىڭ پارىژىڭلار غەلىتە شەھەر ئىكەن، پارىژلىقلارمۇ غەلىتە كىشىلەر ئىكەن. ئۇلار نېگىرنى كۆرۈپ باقمايتىكەن دەپ ئويلاپ قېلىۋاتىمەن. قاراڭا، بىچارە ئەلىنىڭ يېنىدا توپلىشىپ تۇرۇشقىنىنى. ئەلى شۇ تاپتا نېمە ئىش بولغىنىنى بىلمەي، ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. شۇنى كېسىپ ئېيتالايمەنكى، ئەگەر بىرەر پارىژلىق تۇنىس، كونستانتىنوپول، باغدات ياكى قاھىرەگە بېرىپ قالسا، ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئادەم توپلىشىۋالمايدۇ.

— بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، شەرق ئەللىرىدىكى كىشىلەرنىڭ مېڭىسى سەگەك بولۇپ، پەقەت قاراشقا ئەرزىگۈدەك نەرسىگىلا قارايدۇ. لېكىن، ئەلىنىڭ بۇنداق شۆھرەت قازىنىشىدىكى سەۋەب، ئۇ سىزنىڭ قۇلىڭىز. سىز ھازىر پارىژدىكى ئەڭ داڭلىق ئادەم بولۇپ قالدىڭىز.

— شۇنداقمۇ؟ بۇنداق شۆھرەتكە سازاۋەر بولۇشۇمدىكى سەۋەب نېمىكىن؟

— سەۋەب ئۆزىڭىزدە. سىز 1000 لۇيىدورغا توختايدىغان بىر جۈپ ئاتنى خەققە سوۋغا قىلىپسىز؛ خانلىق مۇپەتتىشنىڭ خوتۇنىنى خەۋپتىن قۇتقۇلدۇرۇپ قاپسىز؛ سىز مايور بىلىبكىنىڭ نامى بىلەن نەسىللىك ئارغىماقنى ۋە بويى مايمۇنچىلىك كېلىدىغان بىر چەۋەندازنى بەيگىگە ساپسىز؛ ئاخىرى، ئالتۇن لوڭقىنى ئۈتۈۋېلىپ، ئۇنى بىر ئۇماق ئايالغا تەقدىم قىلىپسىز.

— بۇ ھېكايىلەرنى سىزگە كىم سۆزلەپ بەردى؟

— بىرىنچىسىنى داڭلار خانىم سۆزلەپ بەردى. ئۇ سىزنى ئۆز لوژاسىغا چاقىرىپ ئەكىرىشنى بەك ئارزۇ قىلىدۇ ياكى توغرىراق ئېيتقاندا، ئۆزىنىڭ سىز بىلەن بىللە ئولتۇرغانلىقىنى باشقا كىشىلەرنىڭ كۆرۈشىنى خالايدۇ؛ ھە، ئىككىنچىسىنى بوشاننىڭ گېزىتىدىن ئوقۇدۇم؛ ئۈچىنچىسىنى ئۆزۈم پەرەز قىلىپ بىلدىم. ئەگەر سىز ئۆز نامىڭىزنى ئاشكارىلاشنى خالىمىسىڭىز نېمە ئۈچۈن بەيگىگە سالغان ئېتىڭىزنى ۋامپا دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتىدىڭىز؟

— راست، مەن ئېھتىياتسىزلىق قىلىپتىمەن، — دېدى گراف. — ھە، ئېيتىڭا، گراف مورسېر بۈگۈنكى ئوپېراغا كەلمەمدۇ؟ قانچە قارىساممۇ، ئۇ ھېچيەردە كۆرۈنمەيدىغۇ.

— بۈگۈن كېلىمەن دېگەن.

— كەلسە قەيەردە بولىدۇ؟

— مېنىڭچە، بارون خانىمنىڭ لوژاسىدا بولارمىكىن.

— بارون خانىمنىڭ يېنىدىكى ئۇ چىرايلىق خېنىم ئۇنىڭ قىزىمۇ؟

— ھەئە.

— ئەمىسە سىزنى قۇتلۇقلايمەن.

ئالبېر كۈلۈپ قويدى.

— بۇ ھەقتە كېيىن ئايرىم سۆزلىشەيلى. ھە، بۇ مۇزىكىنى ياقتۇردىڭىزمۇ؟

— قايسى مۇزىكىنى؟

— ھازىر بىز ئاڭلاۋاتقان مۇزىكىنىچۇ.

— مەرھۇم دىئوگېن ئېيتقاندەك، بۇ مۇزىكا بىر ئىنسان تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنىپ، ئىككى پۇتلۇق، قاناتسىز قۇشلار تەرىپىدىن ئورۇنلىنىۋاتىدۇ. شۇنى نەزەردە تۇتقاندا، بۇ مۇزىكىنى ياخشى دېيىشكە بولىدۇ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز، گراف؟ سىزمۇ جەننەتتىكى يەتتە پەرىشتىنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىيالامسىز نېمە؟

— شۇنداق دېسىمۇ بولىدۇ، ۋىكونت. مەن بەندىنىڭ قۇلىقى ئاڭلاپ باقمىغان ئاجايىپ مۇزىكىنى ئاڭلىغۇم كەلسە ئۇخلايمەن.

— ئۇنداق بولسا، سىز تازا مۇۋاپىق جاينى تېپىپ كەپسىز، قەدىرلىك گراف. خاتىرجەم ئۇخلاۋېرىڭ. ئوپېرا دېگەن ئادەمنى ئۇخلىتىش ئۈچۈن ئىجاد قىلىنغان.

— يوقسۇ، راستىنى ئېيتقاندا، سىلەرنىڭ ئوركېستىرىڭلار بەك ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئىكەن. مەن ئېيتقان ئۇيقۇ بىلەن ئۇخلاش ئۈچۈن تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىك بولۇشى ۋە يەنە كىچىككىنە بىر نەرسە بولۇشى كېرەك.

— ھېلىقى داڭلىق مەجۇننى دېمەكچىمۇ سىز؟

— ھەئە. ۋىكونت، ئەگەر سىزمۇ ئاشۇنداق مۇزىكىنى ئاڭلاشنى خالىسىڭىز مېنىڭ ئۆيۈمگە بېرىپ، كەچكى تاماقتا مەن بىلەن بىللە بولۇڭ.

— مەن سىزنىڭ ئۆيىڭىزدە ناشتىغا داخىل بولغاندا، شۇ مۇزىكىنى ئاڭلىغانىدىم.

— رىمدىمۇ؟

— ھەئە.

— ھە، گايدەنىڭ لىيۇتنا چالغىنىنى ئاڭلاپسىز - دە، ئۇ بىچارە مۇساپىر قىز بەزىدە ماڭا ئۆز ۋەتىنىنىڭ ناخشىلىرىغا ساز چېلىپ بېرىپ كۆڭلىنى ئاچىدۇ.

ئالبېر بۇ ھەقتە ئارتۇق گەپ سورىمىدى، گرافمۇ گەپ قىلمىدى. شۇ ئەسنادا قوڭغۇراق چېلىندى.

— مېنى ئەپۇ قىلارسىز؟ — دېدى گراف ۋە ئۆزىنىڭ لوژاسىغا قاراپ مېڭىشقا تەمشەلدى.

— ھە، قايتامسىز؟

— ئېغىر كۆرمەي، گراف خانىم گ غا ئۇنىڭ ،ۋامپىردىن سالام ئېيتىپ قويارسىز.

— بارون خانىمغا نېمىدەيمەن؟

— ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويۇڭ، ئەگەر ئۇ رۇخسەت قىلسا، ئويۇن تاماملانغۇچە ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ ھۆرمەت بىلدۈرىمەن.

ئۈچىنچى پەردە باشلاندى. شۇ ئارىدا گراف مورسېر ئۆز ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ، دانگلار خانىمنىڭ لوژاسىغا كىردى. بۇ گراف ئاممىۋى سورۇنلاردا كۆپچىلىكنىڭ دىققىتىنى جەلىپ قىلىدىغان كىشىلەردىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا، شۇ لوژادىكىلەردىن باشقا ھېچكىم ئۇنىڭ پەيدا بولغانلىقىغا ئېتىبار قىلمىدى.

شۇنداقتىمۇ، مونتې - كرىستو ئۇنى كۆردى ۋە ئۇنىڭ لەۋلىرىدە يېنىككىنە تەبەسسۇم جىلۋىلەندى. گايدە بولسا، پەردە ئېچىلىشى بىلەنلا ئەتراپتىكى ھېچنېمىگە قارىمىدى. ئۇ، بارلىق ئاق كۆڭۈل كىشىلەرگە ئوخشاش، ئاڭلاشقا ۋە كۆرۈشكە بولىدىغان نەرسىگىلا قىزىقاتتى.

ئۈچىنچى پەردىمۇ ئادەتتىكىچە تاماملاندى. بالېت ئۇسسۇلچىلىرى نوبلې، ژۇلىئا ۋە لېرۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئادەتتىكى ئۇسسۇللىرىنى ئورۇنداپ بولدى؛ روبېت مارىئو شاھزادە گرىنادىنى دۇئېلغا چاقىردى؛ ئاخىرىدا، ھەيۋەتلىك پادىشاھ ئۆزىنىڭ مەخمەل تونىنى تاماشىبىنلارغا نامايان قىلىش ئۈچۈن قىزىنىڭ قولىدىن يېتىلەپ، سەھنە بويلاپ ئايلىنىپ چىقتى. شۇندىن كېيىن پەردە يېپىلدى ۋە تاماشىبىنلار دەم ئېلىش ئۆيلىرى ۋە كارىدورلارغا تارقىلىپ كەتتى.

گراف ئۆز لوژاسىدىن چىقتى ۋە بىرنەچچە سېكۇنتتىن كېيىن دانگلار خانىمنىڭ لوژاسىدا پەيدا بولدى. بارون خانىم خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى بېسىۋالالماي قالدى.

— ئاھ، گراف، سىزنى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن بەك خۇرسەنمەن! — دەپ خىتاب قىلدى ئۇ، — مەن سىزگە خەت ئارقىلىق ئىزھار قىلغان مىننەتدارلىقىمنى ئۆز ئاغزىم بىلەن يەنە بىر قېتىم تەكرارلاشنى ئويلاپ يۈرگەنىدىم.

— شۇنچىلىك ئىشنىمۇ تىلغا ئېلىپ يۈرەمسىز، بارون خانىم؟ مەن ئۇ ئىشنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتتىم.

— ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن مېنىڭ قەدىناس دوستۇم ۋىلفور خانىم شۇ ئاتلارنىڭ كاساپىتىدىن خەۋپ ئاستىدا قالغاندا سىز ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدىڭىز. بۇ ئىشنى ئۇنتۇشقا بولمايدۇ.

— بۇ ئىش ئۈچۈنمۇ ماڭا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشكە ئەرزىمەيدۇ، خانىم. ۋىلفور خانىمغا ياردەم كۆرسىتىش بەختىگە مۇيەسسەر بولغان كىشى مېنىڭ قۇلۇم ئەلى.

— مېنىڭ ئوغلۇمنى رىم قاراقچىلىرىنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىققان كىشىمۇ ئەلىمۇ؟ — دەپ سورىدى گراف مورسېر.

— يوقسۇ، گراف، — دېدى مونتې - كرىستو ۋە گېنېرالنىڭ ئۆزىگە ئۇزاتقان قولىنى قىسىپ قويدى، — يوقسۇ. سىزنىڭ بۇ مىننەتدارلىقىڭىزنى قوبۇل قىلىمەن. لېكىن سىز مىننەتدارلىقىڭىزنى بىلدۈرۈپ بولدىڭىزغۇ. بۇ ھەقتە يەنە گەپ قىلسىڭىز ئوڭايسىزلىنىپ قالىدىكەنمەن. بارون خانىم، مەرھەمەت قىلىپ، مېنى قىزىڭىزغا تونۇشتۇرۇپ قويسىڭىز.

— ئۇ سىزنى تونۇيدۇ، ئۇ سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى كۆپ ئاڭلىغان، چۈنكى بىرنەچچە كۈندىن بېرى بىز سىزنىڭ گېپىڭىزنىلا قىلىشىۋاتىمىز. ئېژېنى، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى بارون خانىم قىزىغا قاراپ، — بۇ گراف مونتې - كرىستو!

گراف تەزىم قىلدى. دانگلار خېنىم بېشىنى ئاران لىڭشىتىپ قويدى.

— گراف، سىزنىڭ لوژاڭىزدا ئاجايىپ چىرايلىق بىر قىز ئولتۇرىدۇغۇ، — دېدى ئۇ، — ئۇ سىزنىڭ قىزىڭىزمۇ؟

— ياق، خېنىم، — دېدى مونتې - كرىستو، ئۇنىڭ بۇنداق ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ، تۈزۈتسىز گەپ قىلىشىدىن ھەيران بولۇپ، — ئۇ بىر بەختسىز ئالبان قىزى. مەن ئۇنىڭ ھىمايىچىسى.

— ئۇنىڭ ئىسمى نېمە؟

— گايدە، — جاۋاب بەردى مونتې - كرىستو.

— ئالبان قىزى! — دېدى گراف مورسېر بوش ئاۋاز بىلەن.

— شۇنداق، گراف، — دېدى ئۇنىڭغا دانگلار خانىم، — سىز ئەلى تەبەلىنگە شەرەپ بىلەن خىزمەت قىلغانىدىڭىز. ئېيتىڭا، ئەلىنىڭ ئوردىسىدا سىز مۇشۇنداق ئاجايىپ كىيىم كىيىدىغان قىزلارنى كۆرگەنمىدىڭىز؟

— سىز يانىندا ۋەزىپە ئۆتىمىگەنمۇ، گراف؟ — سورىدى مونتې - كرىستو.

— مەن پاشا قوشۇنلىرىنىڭ نازارەتچى گېنېرالى ئىدىم، — دېدى مورسېر، — شۇنى يوشۇرمايمەنكى. مەن ئاشۇ مەشھۇر ئالبانىيە ھۆكۈمدارىنىڭ سېخىلىقى بىلەن بۈگۈنكىدەك مال - دۇنياغا ئىگە بولۇپ قالدىم.

— قاراڭا ئۇ قىزغا، قاراڭا، — دېدى دانگلار خانىم زوقلانغان ھالدا.

— قېنى، ئۇ قەيەردە؟ — دەپ غودۇڭشىدى مورسېر.

— ئەنە! — دېدى مونتې - كرىستو ۋە قولىنى گرافنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە لوژىنىڭ تۇسۇقىدىن ئېڭىشتى.

شۇ ئارىدا گرافنى ئىزلەپ ئۇياق - بۇياققا قاراپ ئولتۇرغان گايدە گرافنىڭ تاتىراڭغۇ يۈزىنىڭ مورسېرنىڭ يۈزىگە يېقىن تۇرغانلىقىنى، گرافنىڭ مورسېرنى مۈرىسىدىن قۇچاقلاپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. بۇ كۆرۈنۈش ياش قىزغا گوياكى مېدۇزانىڭ بېشىدەك تەسىر كۆرسەتتى. ئۇ، خۇددى ئۇلارغا كۆزلىرىنى نەشتەر قىلىپ سانجىماقچى بولغاندەك بىرئاز ئالدىغا ئېڭىشتى، ئاندىن بىراقلا ئۆزىنى كەينىگە تاشلىۋەتتى - دە، بوشقىنا ۋارقىراپ تاشلىدى. ئۇنىڭ بۇ ۋارقىرىشىنى ئەلى ئاڭلاپ، دەرھال ئىشىكنى ئاچتى.

— ۋۇي، قاراڭا، — دېدى ئېژېنى، — ئۇ ئاسراندى قىزىڭىز نېمە بولدى، گراف؟ كېسەل بولۇپ قالدىمۇ نېمە.

— راست، شۇنداق بولغاندەك قىلىدۇ، — دېدى گراف، — لېكىن، مالال بولماڭلار. گايدەنىڭ ئەسەبىيلىرى بەك نازۇك. شۇڭا، ئۇ ھەرقانداق پۇراقلارغا بەك سەزگۈر. ئۇ كۆڭلىگە ياقمايدىغان نەرسىلەرنىڭ ھىدىنى ئالسا ئاسانلا ئېسىنى يوقىتىپ قويىدۇ، ئەمما، — سۆزىنى داۋاملاشتۇردى گراف يانچۇقىدىن دورا شىشىسىنى چىقىرىپ، — ئۇنى ساقايتىدىغان ئامالىم بار.

ئۇ بارون خانىم بىلەن ئۇنىڭ قىزىغا تەزىم قىلدى ۋە مورسېر بىلەن دېبرېينىڭ قوللىرىنى قىستى - دە، دانگلار خانىمنىڭ لوژىسىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ ئۆز لوژىسىغا قايتىپ كىرگەندە گايدە تېخىچە ناھايىتى تاتىرىپ كەتكەن ھالدا ئولتۇراتتى. گراف كىرە - كىرمەيلا گايدە ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى. مونتې كرىستو گايدەنىڭ قوللىرىنىڭ نەملىشىپ، مۇزدەك سوۋۇپ كەتكەنلىكىنى سەزدى.

— سەن كىم بىلەن سۆزلەشتىڭ، خوجايىن؟ — دەپ سورىدى ئۇ قىز.

— گراف مورسېر بىلەن، — جاۋاب بەردى مونتې - كرىستو، — ئۇ سېنىڭ شەۋكەتلىك ئاتاڭنىڭ قول ئاستىدا خىزمەت قىلغانىكەنغۇ، ئۇنىڭ مال - دۇنياسىنىمۇ سېنىڭ ئاتاڭ بەرگەنىكەنغۇ.

بۇ كىتاب موسكۋا بەدىئىي ئەدەبىيات نەشرىياتىنىڭ 1955 - يىل رۇسچە
نەشرى ۋە بېيجىڭ ئەدەبىيات نەشرىياتىنىڭ 1978 - يىل 12 - ئاي 1 -
نەشرىگە ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据莫斯科文艺出版社1955年俄文版和北京人民文学出版社1978年12月第1版翻译出版。

— مۇناپىق! — دەپ خىتاب قىلدى گايدە، — ئاتامنى تۇركلەرگە سېتىۋەتكەن كىشى شۇ، ئۇ مال - دۇنياسىنىمۇ خائىنلىق قىلىپ تاپقان. سەن بۇنى بىلمەمسىڭ، قەدىرلىك خوجايىنىم؟

— مەن ئېپىردا مۇشۇنداق بىر گەپنى ئاڭلىغانىدىم، — دېدى مونتې - كرىستو، — لېكىن بۇ ۋەقەنىڭ تەپسىلاتلىرىنى بىلمەيدىكەنمەن. يۈرگىنە، قوزام، قايتىپ كېتەيلى. سەن ماڭا بۇ ئىشنى باشتىن - ئاياغ سۆزلەپ بەرگىن. بۇ بەك مۇھىم ئىش بولسا كېرەك.

— ھەئە، ھەئە، كېتەيلى. بۇ ئادەم بار يەردە يەنە بىردەم تۇرسام ئۆلۈپ قالىدىغاندەك قىلىمەن.

گايدە دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۈنچە - مارجاندىن زەر بېسىلغان ئاق كەشمىر رومىلىغا ئورىنىۋالدى - دە، دەل پەردە ئېچىلىۋاتقان مەزگىلدە لوژادىن ئالدىراپ چىقىپ كەتتى.

— قاراڭا، — دېدى گراف خانىم گ ئالبېرغا (ئالبېر يەنە ئۇنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلگەنىدى)، — بۇ ئادەمنىڭ ھېچقانداق ئىشى باشقا ئادەملەرنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ! ئۇ «روبېرت» نىڭ ئۈچىنچى پەردىسىنى بىر ئوبدان كۆرۈپ ئولتۇرۇپ، تۆتىنچى پەردىسى باشلانغان ۋاقىتتا چىقىپ كېتىۋاتىدۇ.

基度山伯爵（２）（维吾尔文）
大仲马著　帕尔哈提译
责任编辑：买买提热衣木

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放路306号）
新疆新华书店发行　新疆新华印刷二厂印刷
850×1168毫米　32开本　18.125印张
1986年12月第1版　1987年7月第1次印刷
印数：1—3，000

书号：M10098·1148　定价：1.60元

گراف مونتې — كرىستو (2)

ئالېكساندىر دىيۇما
تەرجىمە قىلغۇچى: پەرھات جېلان
مەسئۇل مۇھەررىرى: مەھەممەترەھىم كېرىمى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھەر ئازادلىق كوچا №306)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مم 1/32 باسما تاۋىقى: 18.125

1986 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى
1987 - يىل 7 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: M10098·1148
تىراژى: 1—3,000
باھاسى: 1.60 يۈەن